چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

ئەپلاتون | گىرېتسىيە |

# غايىۋى دۆلەت



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

ئەپلاتون [ گرېتسىيە ]



# غايىۋى دۆلەت

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر جالالىددىن



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



**图书在版编目(CIP)数据**

理想国：维吾尔文/(古希腊) 柏拉图著; 阿不都卡德尔·加拉里丁译．— 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社， 2013.5
（外国名家名著丛书）
ISBN 978-7-5466-1203-4

Ⅰ．①理 … Ⅱ．①柏… ②阿… Ⅲ．①古希腊罗马哲学 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．① B502.232

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 117483 号

نەشر قىلغۇچىلار: تاڭ خۇي
ئادىل مۇھەممەت
پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىل مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: يالقۇن روزى
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت ياسىغۇچى: ئايىنسا ئوبۇل

ئۆزتۇغ كىتابخانىسى
OZTUGH
图格书店 0991-2500927

چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى
**غايىۋى دۆلەت**
ئاپتورى: ئەپلاتون
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر جالالىددىن

*   *   *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 16.125
2013 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1203 - 4
باھاسى: 56.00 يۈەن

# تەرجىماندىن

ئەپلاتون (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 427 ~ 347 ـ يىللاردا ياشاپ ئۆتكەن) قەدىمكى گرېتسىيەنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى. ئۇنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردا «ئەپلاتون»، «پىلاتون» قاتارلىق ۋارديانتلاردا ئۇچرايدۇ. خەنزۇچە «柏拉图» دەپ يېزىلىدۇ، ئىنگلىزچە Plato دەپ يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ «غايىۋى دۆلەت» (خەنزۇچە «理想国»، ئىنگلىزچە «The Republic» دەپ ئېلىنىدۇ)، «بەزمىنامە»، «كېرىتو»، «پايدون»، «ئاقلاش» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئەپلاتون گەرچە قەدىمكى دەۋر پەيلاسوپى بولسىمۇ، ھازىرمۇ ئوقۇرمەنلىرى كۆپ. ئۇنىڭ دىيالوگلىرى، جۈملىدىن، «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسىرى دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئىزچىل نەشر قىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەر ھەر قايسى ئەللەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇنبەرلىرىدە پەلسەپە، ئەخلاق، سىياسىي، ئەدەبىيات ـ سەنئەت دەرسلىكى سۈپىتىدە تەلقىن قىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەپلاتوننىڭ نامى ئۇيغۇر كىلاسسىك مەنبەلىرىدە ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. مەشھۇر مۇتەپەككۇر فارابىمۇ ئەپلاتون ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ غايىۋى دۆلىتى ھەققىدە شەرھلەرنى يازغان. بىز دەۋاتقان «ئەپلاتون» دېگەن ئىسىممۇ ئەرەبچە قايىناقلاردىن ئۆزلەشكەن. ناۋادا بىز ئۇيغۇر تەسەۋۋۇپىنىڭ مەنبەلىرىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنساق، مەنۋىيىتىمىزنىڭ ئەپلاتوننىڭ تەسىرىدىن خالىي ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسىدە تەسەۋۋۇپ چوڭ بىر تېما، بۇ تېمىنىڭ ئىچىدە ئەپلاتون تاشلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان مۇھىم تارماق تېما. ئۇيغۇر پەلسەپە ئىدىيەسىدىكى سەل قارىغىلى بولمايدىغان بۇ يىرىك ئوبراز يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىمىزدا تامامەن سۇسلاشتى.

ئەپلاتوننى بىلىمگەندە غەرب ئىدېئولوگىيە تارىخىنى ۋەتەپەك-
كۇر تارىخىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى پى-
كىرلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى ئۇسلۇبىنى ھازىرمۇ ئۆر-
نەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئەپلاتوننىڭ دىيالوگ سەنئىتى، مۇئەييەن
بىر نۇقتىئىنەزەرنى چوڭ كۆلەمگە قويۇپ يورۇتۇشتىكى لوگىكى-
لىق ئىزچىللىقى، پىكىر قىلىش مېتودى ئۇيغۇر يازارمەنلىرى
ئۈچۈن ئېيتقاندا سەلتەنەتلىك دەرس بولالايدۇ. ئەپلاتون پىكىرلەر-
نى ھېكايەت، تەمسىل، دىداكتىكا شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئا-
دەتلەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا دانىشمەنلىرىگە كەسكىن ئوخشىمايدىغان
بىر ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىدۇ، ئۇ دەل ئىسپاتلاش، يەكۈنلەش
ۋە قارشىسىدىن چىقىپ ئىسپاتلاش. گىرېك پەلسەپىسىدىن تەسىر-
لەنگەن ئۇيغۇر پەلسەپىسى ئەپلاتوندىكى ئۇ تەرەپلەرنى ئاجىز بىر
رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئەپلاتون بىلەن ئارىس-
توتېل فارابى ھالقىسى ئارقىلىق ياۋروپادىكى ئەدەبىي گۈللىنىش
ھەرىكىتىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. فارابى ئەپلاتون پەل-
سەپىسىنىڭ غەربكە بولغان تەسىرىنىمۇ يايغان، ئەپلاتون ۋە ئارىس-
توتېللارنىڭ مەنتىقلىق پىكىر ئۇسلۇبى كېيىنكى غەرب مۇتەپەك-
كۇرلىرى تەرىپىدىن بەكرەك راۋاجلاندۇرۇلغان. ئەپلاتوننىڭ ئە-
سەرلىرى غەرب ئىدېئولوگىيە تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن تۈرلۈك
سىياسىي مەزھەپلەرگە يىپ ئۇچى بولغان. مەسىلەن، كوممۇنىزم،
فاشىسىزم، ماكىياۋېللىزم، پىلاتونىزم، سوتسىيال دارۋىنىزم دې-
گەنلەردەك. «غايىۋى دۆلەت» كە ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن ئالىملار
شەرھىي يېزىپ كەلدى، نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار تەنقىد ئېلىپ بار-
دى، بۇ ئۇزۇلمەي داۋاملىشىۋاتقان ئەنئەنىگە ئايلاندى. ئەپلاتوننىڭ كى-
شىلىك دۇنياسىغا بولغان چوڭقۇر تەسىرى ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن.
بۇ ھەقتە ئەنگلىيە پەيلاسوپى ۋايىتخېد (Alfred North Whitehead)
«پەلسەپە تارىخى ئەپلاتون ئەسەرلىرىگە بولغان شەرھىيدۇر» دېگەن
ئىدى. ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ ئېمېرسون (Emerson) «ئەپلاتون دېمەك
پەلسەپە دېمەكتۇر، پەلسەپە دېمەك ئەپلاتون دېمەكتۇر» دېگەن ئىدى.

ئەپلاتون ئەسەرلىرىنى زامانىمىز ئۇيغۇرچىسىغا تەرجىمە قىلىش كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئەمما، مەن بۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، بۇ مېنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا قابىلىيەتلىكىمدىن ئەمەس، شارائىتىمنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى، بۇ ئىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكىم ھەم جۇرئىتىمدىن بولدى. بىر قارىسام ئارىمىزدا قابىل ئادەملەر جىقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، تۈرلۈك ئىشلار ھامان ئاز بولىدۇ. ئاخىر مەن مەيدانغا چىقىپ قالدىم. بەلكىم، مېنىڭ بۇ ئەمگىكىم سورۇن مۇتەپەككۇرلىرى ۋە تور مافىيەلىرىنىڭ پارالىچ تېمىسى بولۇپ قالار، بۇمۇ بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەسىر. دۇر، خالاس.

بۇ كىتاب قىيىن، چۈشىنىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىلمىي دەسمايە كېتىدۇ. گەرچە تىرىكچىلىك قايغۇسىدا قالغان كىشىلىرىمىز بىلەن بۇ كىتابنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق بولسىمۇ، تەپەككۇرنىڭ ئىنچىكە، نازۇك، تەسىرچان قاتلاملىرى بىلەن كىرىشىپ، ئۆزىنى دۇنيا بىلەن باغلاپ كۆزىتىدىغان ئازغىنە ئىلىم ئادەملىرىمىزگە ئەرزىسە كېرەك، دەپ قارايمەن. ئۇلار بىزنىڭ تەپەككۇر قۇۋۋىتىمىزنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. «غايىۋى دۆلەت» دەل ئاشۇلار تەرىپىدىن قېتىرقىنىپ ئوقۇلىدىغان كىتابتۇر. بۇ كىتاب ئالىملىرىمىز ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىز ئارقىلىق ئەدەبىيات تارىخىمىز، ئىدىيە تارىخىمىز ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزغا تەتبىقلىنىدۇ، بارا ـ بارا ئۆز ـ ئۆزىمىز ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ دائىرىسىنى دۇنياۋى كەڭلىككە تۇتاشتۇرىدۇ. جۈملىدىن، «غايىۋى دۆلەت» نىڭ تەرجىمىسىمۇ كەلگۈسىدىكى مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، تېخىمۇ پىشقان، مۇكەممەل تەرجىمىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە شارائىت ھازىرلايدۇ.

مەن غايىۋى دۆلەتنىڭ تەرجىمىسىگە 2001 ـ يىلى كىرىشكەن ئىدىم. بۇنىڭ تەرجىمان بولۇش ئىدىيەسى بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى، مېنىڭ ئۆزۈم قىزىققان داڭلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە كەچۈر-

مىشى ئارقىلىق ھېس قىلىدىغان ئادىتىم بار، بۇرۇن قىسقا بىر پارچە شېئىر ياكى ئەقلىيە سۆزنىمۇ تەرجىمە قىلىپ بېقىشقا ئۇ-رۇنۇپ كۆرەتتىم. يەنە بىرى، مەن دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش بىر مىللەتنىڭ تىلىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يېتىلدۈرىدۇ، بۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايمەن. گەرچە تۈرلۈك ئىشلار تۈپەيلى تەرجىمە ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى ئا-خىرىغا يەتكۈزۈش نىيىتىمدىن ئەسلا ۋاز كەچمىدىم. تەرجىمە ئا-خىرى 2012 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قولۇمدىن چىقتى. مېنى مۇشۇ پەل-لىگە ئۇلاشتۇرغان قۇدرەت ۋە ھېكمەت ئىگىسىگە شۈكۈرلەر بولسۇن!

بۇ تەرجىمە زاماندىشلىرىمغا بولغان ئاددىي سوۋغام، پىكىر ئەھلىگە بولغان ھاۋالەم، تەپەككۇر خامىنىمىزغا تاشلانغان بىر تۇ-تام باشاق. كىتابتىكى ئىدىيەلەر مېنىڭ ئىدىيەمگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. كۆزدە تۇتقىنىم كىتابقا، تارىخقا، بىزگە تەسىر قىلغان ھەر خىل مەسىلەكلەرگە، ئىجتىمائىي مۇھىتىمىزغا، پىكىر قۇۋۋى-تىمىزگە تەنقىدىي سوئاللارنى قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ مەۋقەسىنى شەكىللەندۈرۈش. ۋاھالەنكى، بۇمۇ بىر مۇشكۈل جەريان. كىتابقا تەپسىلىي بىر تونۇشتۇرۇش يازغۇم بار ئىدى، ئەمما، يېتەرلىك ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان بۇ ئەمگەكنى ئاللا خالىسا كېيىنگە قالدۇ-رۇشقا توغرا كەلدى.

ئاخىردا مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغان ئائىلەمدىكىلەرگە، ماڭا ئىلھام بەرگەن دوستلارغا، تۈرتكە ئاتا قىلغان قەدىرلىك كىشىلى-رىمىزگە تەشەككۈر ئېيتىمەن.

2012 ـ يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئەپلاتون ۋە «غايىۋى دۆلەت»[①]

نايجېل ۋاربۇرتون (ئەنگلىيە)

### 1. ئۆڭكۈر

شۇنداق بىر ئۆڭكۈر بار، ئۇنىڭدا پۇت ـ قوللىرى بەند قىلىنغان مەھبۇسلار يىراقتىكى تامغا يۈزلىنىپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار ئۆمۈر بويى شۇنداق ئۆتكەن بولۇپ، بېشىنى قىمىرلىتالمايتتى، تامدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئوت يالقۇنى، ئوت بىلەن ئۇلارنىڭ كەينى تەرىپى ئوتتۇرىسىدا بىر يول بار ئىدى، ئادەملەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئوت شولىسى ئۇ ئۆتكۈنچىلەرنىڭ كۆلەڭگىسىنى تامغا چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى ھايۋانلارنىڭ مودېللىرىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، تامغا بۇ مودېللارنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ چۈشۈپ تۇرىدۇ. مەھبۇسلار پەقەت ئاشۇ كۆلەڭگىلەرنىلا كۆرەلەيدۇ ۋە بۇ كۆلەڭگىلەرنى رېئاللىقنىڭ نەق ئۆزى دەپ ئىشىنىدۇ، چۈنكى، ئۇلار كۆلەڭگىدىن باشقىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان، ئۇلار نەق ئادەملەرنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر مەھبۇس قويۇپ بېرىلدى ـ دە، كەينىدىكى يالقۇننىڭ ئۆزىنى كۆردى. باشتا كۆزلىرى تورلىشىپ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدى، كېيىن ئەتراپىدىكى مۇھىتنى تونۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆڭكۈردىن چىقىپ، قۇياش نۇرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە ئالا چەكمەن بولدى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا بۇرۇنقى تۇرمۇشىدىكى مەھرۇملۇقنى چۈشەندى: ئۇ كۆلەڭگىلەرنى كۆرۈشتىن قانائەتلىنىپ رېئال دۇنيانىڭ نەقەدەر نۇرانە ۋە رەڭدار

ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرى يارقىن ئاپتاپقا كۆندى ـ دە، بۇرۇنقى مەھكۇمىيەتداشلىرىنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتتى. ئۇ ئاخىرى، يورۇقتا كۆنۈپ، قۇياشقا تىكىلىپ قارىيالايدىغان بولدى.

ئۇ مەھبۇس ئۆڭكۈرگە قايتۇرۇپ كېلىندى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆڭكۈردىكى كۆلەڭگىلەرگە كۆنەلمىدى. ئۆڭكۈردىكى تەقدىرداشلىرى ئاسانلا كۆرەلىگەن كۆلەڭگىلەرنى ئۇ كۆرەلمەيتتى. ھەپىسداشلار ئۇ تالاغا چىقىپ كىرىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ، دەپ ئويلاشتى. مەھبۇس ھەقىقىي دۇنيانى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ مەھكۇمىيەتداشلىرى سايىدىن پۈتكەن دۇنيادىن رازى بولۇپ يۈرۈشەتتى، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىش مۇمكىن بولغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز چىقىپ كېتىشمەيتتى.

«ئۆڭكۈردىكى مەھبۇس» دېگەن بۇ ئوخشىتىش ئەپلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» ئەسىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئۇچرايدۇ. بۇ ئوخشىتىش ئەپلاتوننىڭ ئۇقۇم تەلىماتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ماھىيىتى كۆلەڭگىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ قارىشىچە بولغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئاشۇ مەھبۇسلارغا ئوخشاش ھادىسىلەر دۇنياسىدىلا قانائەتلىنىپ يۈرىدۇ. پەقەت پەيلاسوپلارلا ئۆڭكۈردىن چىقىپ، ھەقىقىي دۇنيانى تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزىدۇ، دېمەك، پەيلاسوپلارلا ھەقىقىي بىلىملەرگە ئېرىشەلەيدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر بىلىپ يەتكەنلىرى ئۆزگىرىۋاتقان، تاكامۇل بولمىغان نەرسىلەردۇر. پەيلاسوپلارنىڭ بىلىپ يەتكەنلىرى مۇقىم ھەم تاكامۇل نەرسىلەردۇر. دۇنيانى تونۇپ يېتىش ئۈچۈن سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنى تونۇپ يېتىش ئۈچۈن مۇئەييەن تەپەككۇر شەكلى لازىم بولىدۇ. ئىنسان دۇنيانىڭ مەنبەسىنى تەپەككۇر ئارقىلىق بايقايدۇ.

**2. ئەپلاتون ۋە سوقرات**

ئۇستازى سوقراتنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمى ئەپلاتوننىڭ پەلسەپە ئىدىيەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. سوقرات ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە ئادەم بولۇپ، بىر تۈركۈم باي ئافىنا ياشلىرىنى ئەتراپىغا يىغقان ئىدى. ئۇ ھېچنەرسە يېزىپ قالدۇرمىغان. بىراق، مەيدان ۋە دوقمۇشلاردا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى ئۇنىڭ تەسىرىنى يىراقلارغا يايغان. ئۇ مەندە سۆزلىگۈدەك تەلىمات يوق دەيتتى، بىراق ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە ئۆتكۈر سوئاللارنى قويۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ۋاپا، ئادالەت ياكى ئەخلاق جەھەتتىكى نادانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ قوياتتى. ئەپلاتون ياش ۋاقتىدىلا، سوقرات شەھەردىكى ياشلارنى زەھەرلىگەن، شەھەرنىڭ ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلمىغان دەپ قارىلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. سوقرات ئافىنانىڭ جازا ئادىتى بويىچە، ئوغا بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئەپلاتون سوقراتنى بىر سۆھبەتچى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق سوقراتنى تىرىلدۈردى، بىراق، ئەپلاتوننىڭ قەلىمىدىكى سوقرات پىكىر جەھەتتىن ئەسلىدىكى سوقراتقا ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئەپلاتوننىڭ ئەسەرلىرىدىكى دىيالوگلار بەئەينى ئەمەلىي سۆھبەت خاتىرىسىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئەپلاتون «غايىۋى دۆلەت» نى يازغاندا، سوقرات ئەپلاتون ئىدىيەسىنىڭ ۋاكالەتچىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

«غايىۋى دۆلەت» تە ئەپلاتوننىڭ ئىككى خىل يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ئەكس ئەتكەن ئىدى. كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە، سوقراتنىڭ دوستلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن پارىڭى بېرىلگەن، خۇددى سەھنە ئەسىرىنىڭ بىرىنچى پەردىسىدىكىدەك بىزگە ھېكايىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىنكاسلىرىنى تاپشۇرىدۇ. كىتابنىڭ كېيىنكى بۆلەكلىرىدە، دىيالوگ شەكلى ئىزچىللاشقان بولۇپ، بىز پەقەت ئەپلاتوننىڭلا ئاۋازىنى ھېس قىلىمىز. باشقىلار پەقەت ئىنكاسچىلار.

### 3. سىراسىماخوس بىلەن گىلاۋكون

«غايىۋى دۆلەت» نىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى سىراسىماخوس (Thrasymakhos) ۋە گىلاۋكون (Glaucon) ئوتتۇرىغا قويغان سو- ئاللار بويىچە قانات يايغان. سىراسىماخوسنىڭ قارىشىچە، ئادالەت بىر نىقاب بولۇپ، كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى پاناھىغا ئالىدۇ، ھوقۇق ھەممىنى توغرىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئادالەت كۈچلۈكلەر بېكىت- كەن مەنپەئەت پرىنسىپىغا بويسۇنىدۇ. خۇسۇسىي پائالىيەت نۇق- تىسىدىن قارىغاندا، ئادالەتسىزلىك ئۇچۇن تۆلەنگەن بەدەل تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ، بۇ خىل تىپتىكى ئادەملەر ئومۇمەن خۇشال ئۆتىدۇ.

گىلاۋكون تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ئۇنىڭچە، ئادىل ئىش قىل- غانلار پەقەت ئۆزلىرىنى نىقابلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. رىۋايەت- لەردىكى گوگىس (Gyges) تىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ئەگەر بىر ئا- دەم ئۆزىنى يوشۇرۇپ قالالايدىغان ئۈزۈككە ئېرىشسە، ئۇ ئۆزىنى ئادىل ئىش قىلىشقا ئۈندەيدىغان تۈرتكىدىن ئايرىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۈزۈك ئۇنىڭ جىنايىتىنى يوشۇرۇپ، جازادىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. گىلاۋكون مۇنداق بىر تەسەۋۋۇرنى قىلىدۇ: بىر ئادىل ئا- دەم باشقىلار تەرىپىدىن ئادالەتسىز دەپ قارالدى، ئۇ بىچارە نۇرغۇن جاپا تارتىپ، ئاخىر ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى، ھاياتىدىن تىلىغا ئال- غۇدەك ئىش قالمىدى. يەنە بىر مەككار ئادەم باركى، ھەمىشە ئۆزد- نى ئادىل قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. بىراق، پۇرسەت تاپقان ھامان رە- زىللىك قىلىدۇ. ئۇ شادىمان ياشاپ، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازا- ۋەر بولىدۇ. دېمەك، ئادىل ئادەم مۇناسىپ جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. سوقرات ئادىل ئادەملەرنى ئاقلىماقچى بولىدىكەن، ئۇ مەككارلارنىڭ ئىشىنىڭ رېئاللىقىنىڭ تولۇق تەرىپى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلىشى كېرەك بولىدۇ. سوقرات كىتابىنىڭ كېيىنكى قىسىملى- رىدا ئادىللىقنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى كۆرسى- تىشكە تىرىشتى ۋە ئۆرنەكلەرنى كۆرسەتتى. ئۇ دېدىكى، ئادالەت

ماھىيەت جەھەتتە ئەرزىيدىغان ئىش، ئاقىۋەت جەھەتتىن ياخشى ئىش.

## 4. شەخس ۋە دۆلەت

گەرچە «غايىۋى دۆلەت» دېگەن بۇ ئەسەر سىياسىي پەلسەپىگە دائىر ئەسەر، ئۇنىڭدا ئەپلاتون ئوتوپىيەلىك دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇش مەسىلىسى سۆزلەنگەن دېيىلسىمۇ، ئەمما بۇ سۆزلەر شەخسىي ئەخلاق مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىش ئۈستىگە قۇرۇلغان. «ئادالەت دېگەن نېمە، ئۇنى قوغلىشىشقا ئەرزىمدۇ؟» دېگەن مەسىلىگە ئەپلاتون بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەن. بۇ يەردە «ئادالەت» دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشى كىشىگە تەبىئىي بولمىغاندەك تەسىرات بېرىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، يۇنانچىدىكى «Dikaiosune» دېگەن سۆزنى «ئادالەت» دەپ ئالساق ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ، بۇ سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى «توغرا ئىش قىلماق» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەپلاتون «كىشىلىك دۇنياسىدىكى ئەڭ ياخشى تۇرمۇش شەكلى قانداق بولۇش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىگە ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن. ئەپلاتون دۆلەت مۇقەررەر رەۋىشتە شەخسكە ئالاقىدار بولىدۇ، دەپ ئىشەنگەچكە، ئۇ دۆلەتنىڭ تەشكىلىي فورمىسىغا ناھايىتى دىققەت قىلغان، ئۇنىڭچە، ئادالەتنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى دۆلەت دائىرىسىدە ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شەخسكە تەتبىقلاش توغرا بولاتتى. خۇددى يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشى يوغان خەتلەرنى ئاسان كۆرگەندەك، ئادالەت ئۇقۇمىنى دۆلەت تەشكىلىدىن ئىبارەت چوڭ دائىرىدە مۇزاكىرە قىلغاندا، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئاسان كۆرۈۋېلىش مۇمكىن بولىدۇ. ئاسان كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ.

## 5. ئىش تەقسىماتى

بىر ئادەم يالغۇز ئۆتەلمەيدۇ، ھەمكارلىشىش ۋە ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرى كۆپ. توپلام ھالىتىدە ھەركىم

ئۆزىگە يارىشا ئىشنى قىلسا ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. ھۈنەرۋەن ھۈنىرىنى قىلسا، دېھقان يېرىنى تېرىسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەمگەك قوراللىرىنى ياساشتا ھۈنەرۋەن دېھقاندىن پىششىق بولىدۇ. بۇ قائىدە بارلىق كەسىپىي ساھەلەرگە چۈشىنىدۇ. ماھارەت ئەمەلىيەت ئارقىلىق پىشىپ يېتىلىدۇ. دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئەمگەكنىڭ كەسىپلىشىشى بىلەن كىشىلەر تاجاۋۇزنى توسۇپ، دۆلەتنى قوغداش ئۈچۈن مۇنتىزىم ئارمىيەگە موھتاج بولدى. ئەپلاتوننىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، دۆلەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى خۇددى ئۆي باقىدىغان ئىتتەك كۈچلۈك ھەم باتۇر بولۇشى كېرەك. ئۇلاردا پەيلاسوپلارچە خاراكتېر بولۇشى كېرەك. «غايىۋى دۆلەت» نىڭ مۇھىم سەھىپىلىرى دەل قوغدىغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈشكە بېغىشلانغان.

### 6. ھۆكۈمرانلار، ياردەمچىلەر ۋە ئەمگەكچىلەر

ئەپلاتون قوغدىغۇچىلار تائىپىسىنى ئىككى تۈركۈمگە ئايرىيدۇ: بىرى، ھۆكۈمرانلار، يەنە بىرى، ياردەمچىلەر. ھۆكۈمرانلار سىياسىي ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، مۇھىم قارارلارنى چىقىرىدۇ، ياردەمچىلەر (ئەركانلار) بولسا، ھۆكۈمرانلارغا ياردەملىشىدۇ ۋە سىرتقى خەۋپنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۈچىنچى بىر تۈركۈمى باركى، ئۇلار ئەمگەكچىلەر بولۇپ، ئۇلار تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئەپلاتون ئەمگەكچىلەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ، ئۇ دىققىتىنى قوغدىغۇچىلارغا قارىتىدۇ.

ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنى مۇئەييەن ساھەگە ئاتىيالايدىغان كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار بۇ ساھەنى جەمئىيەتكە ئىنتايىن پايدىلىق، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھۆكۈمران بولۇپ تاللانغان. ئەپلاتون ھۆكۈمرانلىققا ماس كېلىدىغان كىشىلەرنى شاللاش ئۈچۈن بىر خىل سىناقنى تەۋسىيە قىلغان، بۇ سىناقتا خۇسۇسىي مەئىشەتكە بېرىلىپ كېتىدىغان ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئېزىتقۇلارغا بولغان ئىنكاسى چۈشىنىلگەن بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە،

بۇنداق تۈركۈمدىكى كىشىلەر ئاز بولىدۇ.

قوغدىغۇچىلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ باراۋەر مۇئامىلىگە ئۇچرىشى كېرەك، ئەپلاتون ئائىلىگە نىسبەتەن بىر قەدەر رادىكال بولغان رېتسېپنى تەۋسىيە قىلىدۇ: ئۇنىڭچە، دۆلەت قارمىقىدىكى يەسلىلەر ئائىلىنىڭ رولىنى ئېلىشى كېرەك. بۇ يەردە باللار كېلىپچىقىشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باراۋەر مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇنداق شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن باللار دۆلەتكە سادىق بولىدۇ، ئائىلە ئەزالىرىغىمۇ ساداقەتسىزلىك قىلمايدۇ.

ئەپلاتون ھەتتا، جىنسىي تۇرمۇشقىمۇ بەلگىلىمە چىقارغان. ئۇنىڭچە، يۇقىرالار چەك تارتىش ئارقىلىق جۈپتىنى تېپىپ، بايرام كۈنلىرىدە بىللە بولۇشى كېرەك. لايىق ئىزدىگۈچىلەرگە بۇ قائىدىنى قوبۇل قىلدۇرۇش كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ھۆكۈمرانلار مۇنەۋۋەر تۈركۈملەرنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشىنى ئويلاپ، چەكنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزلىرى بېكىتىپ بولغان بولىدۇ. ئەپلاتوننىڭ غايىۋى دۆلىتىدە سۈپەتلىك تۇغۇت ئۇقۇمىمۇ بار بولۇپ، ئۇنى قاۋۇل، باتۇر ئەۋلادلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يولغا قويۇش كېرەك ئىدى. باللار تۇغۇلغان ھامان ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، مەخسۇس خادىملارنىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. تۆۋەن قاتلاملىق قوغدىغۇچىلار ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەرقانداق «كەمتۈك» باللىرى تاشلىۋېتىلىدۇ.

### 7. ئاياللارنىڭ رولى

ئەپلاتون «غايىۋى دۆلەت» تە نۇرغۇن تەكلىپلەرنى بەرگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە تاللاپ تۇغۇش ۋە مەجبۇرىي بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كەبى رەھىمسىز ۋە ئاشقۇن تەكلىپلەر بولمىسا كېرەك. ئەپلاتون زامانداشلىرىدىن پەرقلىق ھالدا، ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشى، ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئورۇنشقا

قاتنىشىش، ئىپادىسى ئالاھىدە بولغان ئاياللار قوغدىغۇچى قىلىپ تاللىنىشى كېرەك، دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلغان. ئەمما، ئۇ يەنە تۇرلۇك ئىشلاردا ئەرلەر يەنىلا ئاياللاردىن ياخشىراق، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ تەۋسىيەلىرى ئەينى دەۋرنىڭ ئۆزىدىلا چەكتىن ئاشقان گەپ-لەر تەرىقىسىدە چۈشىنىلگەن. چۈنكى، ئەپلاتوننىڭ زامانىدا، ئوتتۇراھال تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئاياللىرى ئۆيلىرىگە بەند بولاتتى.

8. مېتاللار توغرىسىدىكى ئەپسانە

بىر دۆلەتنىڭ غالىبىيىتى پۇقرالارنىڭ دۆلەتكە بولغان سادا-قىتى ۋە بىر - بىرىگە بولغان ساداقىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بو-لىدۇ. ئەپلاتون ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ شەجەرىسى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرگە ئىشىنىشكە ئىلھاملاندۇر-غان. «چوڭقۇر مەنىلىك ئەپسانە» (بەزىدە «ئېسىل تولۇقلىما» دەپمۇ ئېلىنىدۇ) دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ھەربىر شەخس مۇئەييەن باشلانغۇچ يىلتىزىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئائىلە ئەسلىمە ۋە تەربىيەلەر ئەلۋەتتە يوق گەپتۇر. بارلىق پۇقرالار قېرىنداش بولۇپ، ئۇلارنى يەر ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى دېيىش كىشىلەرنى ۋەتەنگە ۋە بىر - بىرىگە ساداقەت-مەن قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

ئەپسانىدە يەنە مۇنداق مەزمۇنمۇ بار، ياراتقۇچى ئادەملەرنى ياراتقاندا، ئۇلارنىڭ خۇرۇچىغا مېتاللارنى قوشۇۋېتىدىكەن، يەنى ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئالتۇن، ئەركانلارغا كۈمۈش، ئەمگەكچى-لەرگە مىس ياكى تۆمۈرلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىكەن. تەڭرى ھۆ-كۈمرانلارنى بالىلارنىڭ مىجەزىدىكى مېتاللارنىڭ تەركىبىنى ئې-نىقلاپ كۆرۈشكە بۇيرۇيدىكەن، ئەگەر تەركىبىگە مىس ياكى تۆمۈر ئارىلىشىپ قالغان بالىلار ئالتۇن خاراكتېرلىك ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلۇپ قالغان بولسا، ئاتا - ئانىلار ئۇلارغا رەھىم قىلماي ئەمگەكچىلەر قاتارىغا قوشۇۋېتىشى كېرەك. ئەگەر بىر ئەمگەكچى-

نىڭ بالىسىدا ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ بارلىقى بايقالسا، ئۇنى ھۆ-كۈمرانلار ياكى ئەركانلاردىن قىلىپ تەربىيەلەش لازىم. بۇنداق ئەپسانە كىشىلەرنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى تەربىيەلەشتە پايدىلىق بو-لۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئورنىغا قانائەت قىلىدىغان ئاڭغا ئىگە قىلاتتى. ئەپسانىنىڭ روھى بويىچە ئېيتقاندا، سىنىپلىق قايسى سىنىپقا تەۋە بولۇشۇڭ تاشقى ئا-مىللار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

**9. ئادىل دۆلەت ۋە ئادىل شەخس**

ئاپلاتوننىڭ قەلىمىدىكى غايىۋى دۆلەت مۇكەممەل بولغاچقا، بۇنداق دۆلەت پاراسەت، جەسۇرلۇق، ئاڭلىقلىق ۋە ئادىللىق تەبىئىتىگە ئىگە بولاتتى. ئۇنىڭچە ھەرقانداق مۇكەممەل دۆلەتتە بۇ تۆت پەزىلەت بولۇشى كېرەك ئىدى. پاراسەت ھۆكۈمرانلارنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن دانا قارار چىقىرىشىغا پايدىلىق. جەسۇرلۇق بولسا ئەركانلار (ھۆكۈمراننىڭ ياردەمچىلىرى) غا قارىتىلغان بولۇپ، دۆلەتنى قوغداشتا زۆرۈر ئىدى. ئاڭلىقلىق ھەرقايسى تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىيەدىن كەلگەن بولۇپ، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ تىزگىنلىگۈسىز ھاۋايى - ھەۋەسلىرى ھۆكۈمراننىڭ سىياسىتى ئارقىلىق تەرتىپكە سېلىنىدۇ. ئادىللىق ھەربىر ئادەمنىڭ ئىش بېجىرگەن چاغدىكى ۋىجدانىغا قارىتىلغان. جەمئىيەتتە ئۇياق - بۇياققا يۆتكىلىپ يۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن يوشۇرۇن تەھدىت.

غايىۋى دۆلەت ئۈچ تەبىقىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گارمونىك مۇناسىۋەتتە يۇقىرىقى تۆت خىل پەزىلەت ئايان بولىدۇ. ئەپلاتون تەكىتلەيدۇكى، ھەربىر ئادەم ئۈچ تەبىقىنىڭ بىرىگە مەنسۇپ بولىدۇ، پاراسەت، جەسۇرلۇق، ئاڭلىقلىق ۋە ئادىللىق كەبى پەزىلەتلەر ئاشۇ ئۈچ تەبىقە ئوتتۇرىسىدىكى ماس ھەمكارلىق ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ.

**10. روھىيەتنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى**

«روھىيەت» دېگەن ئىبارە مەنىۋىلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئەپلاتون روھ ئۆلمەيدۇ، دەپ قارىسىمۇ، ئۇ تەسۋىرلىگەن روھىيەتنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئايرىلغان جان ئۇقۇمىغا ئوخشىمايدۇ، ھەتتا، جىسمانىيەتتىن تامامەن پەرقلىق بولغان ھىلقى روھلارغىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەپلاتوننىڭ ئىشتىياقى كۆپرەك مۇددىئا پسىخولوگىيەسىگە ياتىدۇ. روھىيەتنىڭ ئۇ بۆلگەن تەركىبىي قىسمى ئىدراك، مەنىۋىيەت ۋە ھەۋەستىن ئىبارەت.

ئىدراك (پاراسەت مەنىسىدە) غايىۋى دۆلەتتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ رولىغا ماس كېلىدۇ. ئىدراك خۇددى ھۆكۈمرانغا ئوخشاشلا ھەممە ئادەمگە بەخت كەلتۈرىدۇ، ئىدراك ھەرگىز ئۆزىنىڭ پايدىسىنى مەركەز قىلمايدۇ. ئۇ ئەڭ ياخشى ئاقىۋەتكە ئەڭ ئەپچىل چارە بىلەن ئېرىشىشنىڭ پىلانلاش لاياقىتىگە ئىگە، ئۇ ھەقىقەتنى سۆيىدۇ.

مەنىۋىيەت كىشىلىكىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئادەملەرنىڭ پائالىيىتىگە ھېسسىيات جەھەتتىكى تۈرتكىنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ غەزەپلىنىش، نەپرەتلىنىش ۋە ياخشى كۆرۈش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. ھېسسىيات مۇۋاپىق تەربىيەگە ئىگە قىلىنسا، باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىكنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ. مەنىۋىيەت ئەركانلارنىڭ رولى بىلەن ماس كېلىدۇ.

ھاۋايى ـ ھەۋەس، يەپ ـ ئىچىش، شەھۋەت قاتارلىقلار ئالاھىدە ئىشلارغا بولغان ئېھتىياج بولۇپ، ئىدراك بىلەن توقۇنۇشۇپ تۇرىدۇ. ئەپلاتونچە بولغاندا، ئادەم روھىيىتىنىڭ بۇ ئۈچ تەركىبىي قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى پاسىلىنى ساقلاپ ياشىشى كېرەك. ھەۋەس ئەمگەكچىلەر ئالىدىغان رولغا ماس كېلىدۇ.

پاراسەت، جەسۇرلۇق، ئاغىلىقلىق، ئادىللىق كەبى تۆت پەزىلەت دۆلەتتە ۋە شەخستە ئوخشاشلا نامايان بولۇپ كېلىشى كېرەك. ئاقىل ئادەم ئەقىلگە تايىنىپ قارار چىقىرىدۇ، جەسۇر ئادەم

خەۋپكە يولۇققاندا، مەنىۋىيەتتىن كۈچ ئالىدۇ. مەنىۋىيەت بىلەن ئىدراك بىر ـ بىرىگە باغلانغان بولىدۇ. ئاڭلىق ئادەم ئىدراكىمۇ پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلىپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنى باسىدۇ. ئادىل ئادەم ئىش قىلغاندا، روھىيەتنىڭ ھەممە بۆلەكلىرىنى ئىناق ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. قالغان بۆلەكلەر ئىدراككا بويسۇنۇپ، تېگىشلىك رولىنى ئۆتەيدۇ. دېمەك، شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئادىللىق بىر خىل پسىخىكىلىق گارمونىيەدۇر. ئادىللىق ماھىيەت جەھەتتە قىممەتنىڭ شەرتىدۇر، قائىدە ـ پرىنسىپ دەل مۇشۇنداق يەردىدۇر.

## 11. پەيلاسوپ ئىلىگ (پادىشاھ)

ئەپلاتون دۆلەتنىڭ ئادالىتىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ شەخسنىڭ مەسىلىسىنى يورۇتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆزى قۇرۇپ چىققان ئوتوپىيەلىك دۆلەتتىن ئىبارەت. ئۇ بىر خىل سىياسىي تۈزۈم قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ، دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە، ئۈمىدىنى پەيلاسوپلارغا باغلايدۇ. ئۇ ئۆزگىچە بىر تەمسىل ئارقىلىق بۇ ئاجايىپ تەۋسىيەنى ئاقلايدۇ. بىر كېمە بار بولۇپ، ئۇنىڭ كاپىتانىنىڭ كۆزى يىراقنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ قۇلىقى پاڭ، قول ئاستىدىكى ماتروسلارنى چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. ماتروسلار رولىنى كىم تۇتۇشى كېرەك، دېگەننى تالىشىدۇ، ئارىسىدىن ھېچكىم دېڭىز ئىشلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەيدۇ، ئۇلار دېڭىزچىلىقنى ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئۆگىتىدىغان نەرسىمىدى، دەپ ئويلايدۇ. گورۇھلار كېمە باشقۇرۇشنى تالىشىدۇ، غەلىبە قىلسا، پالوبىدا سەكرىشىپ ئويناپ، دېڭىزچىلىقنى ساياھەت دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. دېڭىزچىلىق ئۈچۈن ئېيتقاندا، يۇلتۇزلار ۋە ھاۋا رايىنى ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ دېڭىزچىلىرى يۇلتۇزلارغا قاراپ بىلجىرلايدىغان لاياقەتسىزلەردۇر.

ئەپلاتون دەۋرىدىكى مەۋجۇت دۆلەت بەئەينى لاياقەتسىز

ماتروسلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كېمىگە ئوخشايدۇ. كېمە لاياقەتلىك دېڭىزچىلارنىڭ قولىدىلا بىخەتەر بولىدۇ. پەيلاسوپ گەرچە بىر پەلسەپە ئەھلى بولسىمۇ، دۆلەت باشقۇرۇش جەھەتتىكى بىلىمگە ئىگىدۇر. ئەپلاتوننىڭ ئىدېئالى (كۆلەڭگە تەلىماتى) پەيلاسوپلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش لاياقىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**12. شەكىل نەزەرىيەسى**

ماقالىمىزنىڭ بېشىدىلا «ئۆڭكۈر» دېگەن تەمسىل ھەققىدە توختالغان ئىدۇق، ئەپلاتون بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ مۇھىتىنى سۈرەتلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭچە، نۇرغۇن كىشىلەر يۈزەكى تەسىرات بىلەنلا قانائەتلىنىپ ئۆتىدۇ، بۇ تەسىرات دەل ئوت شولىسىدا ئۆڭكۈر تېمىغا چۈشكەن كۆلەڭگىدۇر. پەيلاسوپلار ھەقىقەتنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن رېئال دۇنيادىن بىلىم ئىزدەپ، ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىغا چىقىدۇ ۋە شەكىلگە (ئۇقۇمغا) يۈزلىنىدۇ.[②]

شەكىل تەلىماتى «غايىۋى دۆلەت» تە چىقىدىغان سوقرات تەرىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بۇنى كىشىلەر ئەپلاتوننىڭ تۆھپىسى، دەپ قارايدۇ.

ئادەتتە، «ئەپلاتونچىلىق» («پىلاتونىزم») دېيىلگەندە، دەل مۇشۇ مەزمۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىز ئۇ دېگەن شەكىلنى چۈشىنىش ئۈچۈن، مۇنۇ مىسالغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك:

دۇنيادا ھەر خىل كارىۋات بار، ئۇلارنىڭ بەزىسى قوش كىشىلىك، بەزىسى يەك كىشىلىك، بەزىسى پۈتلۇق كارىۋات. بۇ كارىۋاتلار بىردەك ھالدا كاللىمىزدىكى كارىۋات بىلەن، يەنى ئۇقۇم سۈپىتىدىكى كارىۋات بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. بۇ ئىدېئال ھالەتتىكى، شەكلى كارىۋات بولۇپ، ھەقىقەتەن مەۋجۇت. تۇرمۇشتىكى كارىۋاتلار ئىدىيەدىكى مۇكەممەل كارىۋاتنىڭ مۇكەممەل بولمىغان نۇسخىلىرىدۇر. بۇ كارىۋاتلار تەسىراتقا كىرىدۇكى، ماھىيەتنىڭ ئۆزى ئەمەس. شۇڭلاشقا، بىر كارىۋات ئۇقۇمى ھەققىدىكى ھەقىقىي

بىلىمگە ئېرىشەلەيمىز، «ئەمەلىي كارىۋات» ھەققىدىكى ھەرقانداق ئۇچۇر پەقەت نۇقتىئىنەزەردىن ئىبارەتكى، بىلىم ئەمەس. بىز تۇ- رۇۋاتقان بۇ دۇنيا توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، پەقەت ئۇقۇم (ئىد- دېئال) دۇنياسىلا زاماندىن خالىي بولىدۇ ۋە تۇراقلىق بولىدۇ. پەيلاسوپلار ئەقىل - پاراسەتنى سۆيىدىغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇ- قۇم دۇنياسىغا بارىدىغان يولنى تاپالايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىدىيە ئار- قىلىق بىلىمگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. چۈشەنچى- لەر بىزنى تەسىراتتىن ئىبارەت كاتېگورىيەگە بەند قىلىدۇ.

ئەپلاتون گەرچە دۇنيادىكى شەيئىلەرگە ئۇيغۇن بولغان ئىدېئال (ئۇقۇم) نى ئېنىق تەسۋىرلەپ بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ «ياخ- شىلىق» ھەققىدىكى بىرەر ئىدېئال (مەنبە) بارلىقىغا قەتئىي ئىد- شىنەتتى. ياخشىلىق پەيلاسوپلارنىڭ بىلىم ئىزدەشتىكى ئاخىرقى مەقسىتى. ئەپلاتون ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى قۇياشنى مىسال قىلىش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرىدۇ. قۇياش ئادەملەرگە شەيئىلەرنى كۆر- سىتىدۇ ۋە شەيئىلەرنى يېتىلدۈرىدۇ. ياخشىلىق ئادەمنىڭ كۆڭۈل كۆزىنى كۆرىدىغان قىلىدۇ ۋە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە يېتىدىغان قىلىدۇ. ئەگەر ياخشىلىق ئىدېئالى (ئۇقۇمى) بىزنىڭ يولىمىزنى يورۇتۇپ تۇرمىغان بولسا، بىز تەسىرات بىلەن كۆزقاراش ئوتتۇرى- سىدىكى غۇۋالىق ئىچىدە تېنەپ يۈرگەن بولاتتۇق، بىز ياخشىلىق نۇرى ئىلكىدە تۇرمۇش ھەققىدە بىلىملەرنى جۇغلاشقا مۇۋەپپەق بولالايمىز.

### 13. ئادالەتسىزلىك مىساللىرى

ئەپلاتون بىزگە، ئادىل دۆلەت «ھەرقايسى تەبىقىلەر ئۆزلىرىنىڭ جايىنى تاپالىغان» دۆلەتتۇر، بىر ئادىل كىشىمۇ «ھەر خىل تۇردى- كىلەرنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرالىغان» كىشىدۇر، دەپ قەيت قىلغانىد- دى. ئۇ دۆلەت ۋە شەخستىكى ئادىل بولمىغان تۆت خىل دۆلەت تى- پى ۋە بۇلارغا لايىق كىشىلەر تىپىنى مۇھاكىمىگە ئالدى. بۇ تۆت

خىل ئادالەتسىز دۆلەت تىپى مۇنۇلار:

تېموكراتسىيەلىك (تېموكراتىك) ھاكىمىيەت،[3] ئولىگارخ ھاكىمىيەت[4] دېموكراتىك ھاكىمىيەت، ئىستىبدات (مۇستەبىت) ھاكىمىيەت. تېموكراتىك ھاكىمىيەت ھەربىي ئىشلاردىكى شەرەپ ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇلغان ھاكىمىيەت بولۇپ، سىپارتا (sparta) نى مىسال قىلىش مۇمكىن. ئولىگارخ ھاكىمىيەتتە پۇل ۋە بايلىق ئەخلاقنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ. دېموكراتىك ھاكىمىيەتتە ھەممە ئادەم دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان بولىدۇ. ئىستىبدات ھاكىمىيەتتە ھۆكۈمرانلارنىڭ ھوقۇقى مۇتلەق بولىدۇ.

ئەپلاتون يەنە دۆلەت بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدىكى ماس مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئۇ دېموكراتىك ھاكىمىيەت ھەققىدە توختالغاندا، بۇنداق ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلارنى تەربىيەلەشكە سەل قارايدۇ، دەپ ئەسكەرتكەن ئىدى. ئەپلاتونچە بولغاندا، ھۆكۈمرانلارنى تەربىيەلەش ئادالەتلىك دۆلەتتىكى تۈپ ئامىلدۇر. دېموكراتىك دۆلەتتە بولسا، ھۆكۈمرانلار خەلقنىڭ دوستى سۈپىتىدە تەربىيەلەنگەن. دېموكراتىك تۈزۈمگە ماس كېلىدىغان كىشىلەر خۇددى غايىۋى دۆلەت تەسۋىرىدىكىدەك خۇشاللىقتىن ئومۇميۈزلۈك بەھرىمەن بولىدۇ، بۇ خۇشاللىقنىڭ بەزىسى ياخشىلىق نىيىتىنى، بەزىسى يامانلىق نىيىتىنى مەنبە قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق ئەھۋالدا، دېموكراتىك تۈزۈمدىكى كىشىلەر ئەقىلنىڭ نامۇۋاپىق ھەۋەس ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە ھۆرۈنلۇق يامراپ، ئادالەتسىزلىك مۇقەررەرلىك تاپىدۇ.

### 14. سەنئەتكە قارشى

قوغدىغۇچىلار تەربىيەلەشكە كەلگەندە، ئەپلاتون شېئىرلارنى سىنزور قىلىش (تەكشۈرۈپ چىقىش) نى تەكىتلەيدۇ. ئىلاھلار ۋە قەھرىمانلارنى خاتا تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەر ئۆلارنى ئوقۇغان بالىلاردا ئادالەتسىزلىك مىجەزىنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ، بۇنداق نەر-

سىلەر چۈرۈپ تاشلىنىشى لازىم. «غايىۋى دۆلەت» نىڭ 10 ـ جىلدىدا، ئەپلاتون سەنئەت ۋە ئۇنىڭ غايىۋى جەمئىيەتتىكى ئورنى توغرىسىدا توختالغان. ئۇ «تەقلىد سەنئىتى» يەنى رېئال دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سەنئەت ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ، ئاخىرىدا بۇنداق سەنئەتنىڭ غايىۋى دۆلەتتە ئورنى بولماسلىقى كېرەك، دېگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ. بۇنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەبى بار ئىدى، بىرى، سەنئەت تەسىرات سۈپىتىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى مۇتلەق چىنلىقتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. يەنە بىرى، سەنئەت روھىمىزنىڭ ھېسسىيات بۆلىكىنى قوزغاپ، روھ تەڭپۇڭلۇقىمىزنى بۇزىدۇ، ۋاھالەنكى، روھىي مۇۋازىنەت ئادالەت ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم.

بىرىنچى سەۋەبنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەپلاتون رەسسامنىڭ كارىۋات سىزىشىنى مىسال قىلىدۇ. پەرۋەردىگار كارىۋات ھەققىدىكى ئۇقۇمنى ياراتقان، ياغاچچى ياسىغان كارىۋات ئۇقۇمدىكى كارىۋاتقا بولغان مۇجمەل تەقلىدتىن ئىبارەت. كارىۋاتنىڭ رەسىمى بولسا، ياغاچچىنىڭ كارىۋىتىنىڭ رەسسامدىكى نۇسخىسىدۇر. دېمەك، ئۇ نۇسخىنىڭ نۇسخىسىدۇر. بۇ خۇددى ئەينەكنى تۇتۇپ، ئەينەكتىكى غۇۋا ئوبرازنى كۆرگەندەك بىر ئىش. ئەينەكتىكى ئوبراز ئەمەلىيەتتىكى كارىۋاتنىڭ ئەكسى، روشەنكى، سەنئەتكارلار بىزنىڭ رېئال دۇنيا ھەققىدە بىلىمنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرىشنىڭ ئەكسىچە، بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينىدى، سەنئەتكارلار كارىۋاتنىڭ ماھىيىتىدىن خەۋەرسىز ھالدا، كارىۋات پەيدا قىلغان يۈزەكى تەسىراتلارنى كۆپىيەلەش بىلەن قانات تېپىشتى. ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە، شائىر بىلەن رەسساملارنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلىرى بار، شۇڭا، شېئىرىيەتكە ئىنكارىي پوزىتسىيە تۇتقان.

ئەپلاتوننىڭ تونۇشىچە، تەقلىدكە ماھىر سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرى قايمۇقتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. سەنئەت ئەقىلگە

ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇ روھىيەتنىڭ چاكىنا تەرەپلىرىگە رەزىل ھاياجان ئاتا قىلىپ، يامان تەسىرنى شەكىللەندۈرىدۇ، تەقلىدكار سەنئەت-كارلار يۈزەكى ئادەملەرنى تۇيۇق يولغا باشلاپ، ماھىيەتلىك بىلىم-لەردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، غايىۋى دۆلەتتە ئۇلارغا ئورۇن يوق.

**15. «غايىۋى دۆلەت» كە قارشى**

(1) دۆلەت بىلەن شەخسنى تەققاسلاش

«غايىۋى دۆلەت» تىكى ئىدىيە سىستېمىسى دۆلەت بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇنتىزىم بىر سېلىشتۇرمىغا تاياندۇرۇلغان. ئەگەر بۇنداق سېلىشتۇرۇش ئىشەنچلىك بولمىسا، ئادالەتلىك دۆلەت ھەققىدىكى خۇلاسىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان ئادىل شەخس ئۇقۇمىمۇ ئىشەنچلىك بولمايدۇ. ئەپلاتون دۆلەت ھەققىدىكى يەكۈننى ئەقىلگە ئۇيغۇن، دەپ ئويلايدۇ. ئەمما، بۇنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇنلۇق دەرىجىسى خېلىلا گۇمانلىق.

(2) پەقەت ھۆكۈمرانلارلا ئادىل بولالايدۇ

ئەپلاتوننىڭ دەلىللەشلىرىدە پەقەت ھۆكۈمرانلارلا ئادىل بولالايدۇ، دېيدىغان يەنە بىر خۇلاسە بار. روھىي گارمونىيەنى ئادا-لەتنىڭ ئېنىقلىمىسى قىلغاندا، غايىۋى دۆلەتتىكى ھەربىر تەبىقە تۆرتكە جەھەتتە ئۆزلىرىنى يوللۇق ھېسابلايدۇ، ناھايىتى ئېنىقكى، ئەپلاتون دۆلەتنى ئەقىلگە تايىنىپ ئىدارە قىلىدىغانلار ئادىل بولالايدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. ھۆكۈمرانلار مۇشۇنداق ئورۇنغا لايىق ئا-دەملەردىن ئىبارەت بولۇپ، پەقەت ئاشۇ ھۆكۈمرانلارلا ئادىل ئىش قىلىشقا قادىر بولالايدۇ. ئەپلاتون بۇنى ئۆز تەلىماتىنىڭ بىر كەم-تۈك تەرىپى دېيىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى قىلىش سىغمايدىغان ئەقلىي يەكۈن، دەپ ئىشىنىدىغاندەك قىلاتتى. بىراق، زامانىمىزدىكى كۆپ سانلىق ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن، ئۇ بىر خاتالىق بولۇپ، مۇستەھكەم سەرخىللار دۆلەت باشقۇرۇش مەسىلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

(3) «ئادالەت» ئۇقۇمىدىكى ئۆزىنى قاچۇرۇش

ئەپلاتون دەيدۇكى، ئادالەت روھىي جەھەتتىكى ساغلام ھالەت بولۇپ، بۇ ھالەتتە روھىيەتنىڭ ھەممە قىسىملىرى چىقىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇ يەردە ئۇ گويا ئادەتتىكى ئادالەتنى دېمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ گويا ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مەزكۇر ئىبارىگە تامامەن ئوبيېكتىپ مەۋقەدە ئېنىقلىما بەرگەندەك قىلاتتى. ئۇ بۇ ئۇقۇمنى ئەڭ بولمىغاندا، ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىۋاتاتتى. نېمىشقا ھەربىر ئادەم ئادالەتكە قارىتا مۇشۇنداق شەكىلدە پىكىر قىلىشى كېرەك بولىدۇ؟

ئەپلاتون بۇ تەنقىدىي سوئالغا نىسبەتەن، مەن ئادالەت ئۇقۇمىنى ئەڭ ئادەتتىكى مەنىدە ئىشلەتتىم دەپ ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىن. ئەپلاتوننىڭ ئادالەت ئۇقۇمى بويىچە بولغاندا، ئادەم ئوغرىلىق قىلمايدۇ، ئېھتىياجىدىن ئارتۇق نەرسىلەرنىمۇ ئالمايدۇ، ئۇنداق قىلىش ئادەمنىڭ ئەقلىنى چاكىنا ئارزۇلارغا قۇل قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ھۆكۈمدە مۇنداق بىر كاۋاك بار: بىز مەلۇم بىرسىنىڭ ھەرىكىتىنى ئادالەتنىڭ ئۈلگىسى قىلغان تەقدىردە، بۇ يەنىلا ئەپلاتوننىڭ ئۆلچىمىگە يەتمەي قالىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى گارمونىك بولمىغان پسىخىكىلىق جەرياندىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن بولىدۇ. ئۇلار ئادىل ئىش قىلىش ئارزۇسىغا ئىگە بولسىمۇ، ئەقىل جەھەتتە تۇشمىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

(4) كىتابتا ئالدامچىلىق بار

ھالقىلىق بىر قانچە يەرلەردە، ئەپلاتون دۆلەت ۋە قېرىنداشلارغا بولغان ساداقەتمەنلىك يۈزىسىدىن يالغانچىلىق قىلىنسا بولمايدىغان يېرى يوق، دەپ جاكارلايدۇ. مەسىلەن، ئۇ مىتاللار ھەققىدىكى ئەپسانىسىدە، «ئالىيجاناب يالغانچىلىق» دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، چەك تارتىپ جۇپ ئىزدەش تەشەببۇسىدىمۇ كاززاپلىق بار. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ، پىرىنسىپ جەھەتتىن،

بىر دۆلەت ھەرگىزمۇ يالغانچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلماسلىق كېرەك بولسىمۇ، ئەپلاتون بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى ئەڭ ئاخىرقى نەتىجە ۋە بۇ نەتىجىنى روياپقا چىقىرىشتىن پەيدا بولغان ئەخلاقىي مەسىلە ئەمەس ئىدى.

(5) ئۇقۇم تەلىماتى قايىل قىلارلىق ئەمەس

غايىۋى دۆلەت ھەققىدىكى دەلىللەردە، ئەپلاتونىنىڭ ئۇقۇم تەلىماتى مۇھىم ئاساس بولغان بۇگۈنكى پەيلاسوپلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ نەزەرىيەنىڭ ھېچقانداق قايىل قىلارلىق يېرى يوق. بەلكىم مۇنۇ قاراشنى قوبۇل قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولسا كېرەك: ئۇقۇم ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ بۇ دۇنيا گۈزەللىكىگە ئوخشاش كۆپەيمە نەرسىدۇر.

ئەگەر، بىز ئۇقۇم نەزەرىيەسىدىن ۋاز كەچسەك، ئەپلاتونىنىڭ كۆپلىگەن نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ مېتافىزىكىلىق ئاساسى يوقىغان بولىدۇ. مەسىلەن، پەيلاسوپلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى ئاساسىمۇ غۇلاپ كەتكەن بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، غايىۋى دۆلەتتىن سەنئەتنى سىقىپ چىقىرىشنىڭمۇ ئاساسى قالمىغان بولىدۇ.

(6) ھاكىممۇتلەق تۈزۈمنى يوللۇق دېگەن

«غايىۋى دۆلەت»نىڭ كەسكىن تەنقىدلەشكە تېگىشلىك بىر يېرى شۇكى، ئۇ ھاكىممۇتلەق تۈزۈم ئۈچۈن باھانە تېپىپ بەرگەن. كىتابتىكى ئەلا سۈپەتلىك تۇغۇت پىلانى، «ئالىيجاناب يالغانچىلىق»، تەشەببۇسى، ئائىلىنى قانۇنسىز دېيىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە سىنزورلۇق (تەكشۈرۈش) يۈرگۈزۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ شەخسىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە قول تىقىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان. ئەپلاتونىنىڭ دۆلىتىدە، شەخس دۆلەتنىڭ تەلىپىگە مۇتلەق بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى، ئەپلاتون شەخس دۆلەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق خۇسۇسىي ئەركىنلىكىنى قۇربان قىلىش لازىم، دەيتتى. ئارىمىزدىكى ئەركىنلىكسۆيەر كىشىلەرگە

نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەپلاتوننىڭ غايىۋى دۆلەتنىڭ ھېچقانداق جەلپ قىلارلىق يېرى يوق ئىدى.

**ئىزاھاتلار:**

① بۇ بۆلەك نايجىل ۋاربۇرتون (Nigel Warburton) نىڭ «پەلسەپىدىكى كىلاسسىكلار» (خەنزۇچە) دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى. كىتابنىڭ خەنزۇچە ئىسمى «‹理想国› 到 ‹正义论›» بولۇپ، شىنخۇا نەشرىياتى تەرىپىدىن 2012 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. مەزكۇر بۆلەك «غايىۋى دۆلەت» كە نىسبەتەن ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، كىرىش سۆز تەرىقىسىدە بېرىلدى. — تەرجىماندىن.

② بۇ يەردە دېيىلمۇاتقان شەكىل ئوخشىمىغان مەنبەلەردە «ئىدىيە»، «ئىدېئال»، «ئۇقۇم»، «مۇتلەق روھ» دېگەن مەنىلەردە ئۇچرايدۇ (ئاتالغۇ جەھەتتىكى ھەر خىللىق تەرجىمانلارنىڭ چۈشەنچىسىدىن كەلگەن).

③ تېموكراتىيەلىك (timocracy) ھاكىمىيەت — غەلىبە ۋە شەرەپ قوغلىشىدىغان سەركەردىلەر باشقۇرۇشىدىكى ھاكىمىيەت.

④ ئولىگارخ ھاكىمىيەت — باي سەرخىللارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ھاكىمىيەت.

## مۇندەرىجە

ئەپلاتون ۋە «غايىۋى دۆلەت» ............... نايجىل ۋاربۇرتون 1
بىرىنچى جىلد....................................1
ئىككىنچى جىلد.................................51
ئۈچىنچى جىلد..................................98
تۆتىنچى جىلد.................................157
بەشىنچى جىلد.................................206
ئالتىنچى جىلد.................................263
يەتتىنچى جىلد.................................311
سەككىزىنچى جىلد............................357
توققۇزىنچى جىلد..............................403
ئونىنچى جىلد.................................443

# بىرىنچى جىلد

[سوقرات: تۈنۈگۈن مەن ئارىستوننىڭ ئوغلى گىلاۋكون بىلەن پىرىئوس پورتىغا[1] بېرىپ، ئىلاھىيەگە[2] ئاتاپ ئۆتكۈزۈلگەن نەزىرگە قاتناشتىم ھەم بەيگە كۆردۈم. بۇ تۇنجى ئۆتكۈزۈلگەن بايرام ئىدى. مەن كىشىلەر بەيگىنى ياخشى ئۆتكۈزدى دېگەن تەسىراتقا كەلدىم، بىراق سىېرسىيئانلارغا قارىغاندا ئانچە ئەمەس ئىكەن. بىز نەزىر تۈگەپ ۋە بەيگىنىمۇ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن شەھەرگە قايتماقچى بولدۇق.

كىسپالوسنىڭ ئوغلى پولىماركوس بىزنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدى ـ دە، بىر چاكىرىنى ئەۋەتىپ بىزنى قېلىشقا ئۈندىدى. چاكار پېشىمدىن تارتىپ: «پولىماركوس ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرسۇن دېگەن» دېدى.

مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭدىن سورىدىم: «غوجايىنىڭ قەيەردە؟» «غوجايىن كەينىمدە، ھازىرلا كېلىدۇ، بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇشسىلا» دېدى چاكار. «بولىدۇ، بىز ساقلاپ تۇرايلى» دېدى گىلاۋكون.

ھايال ئۆتمەي پولىماركوس يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە گىلاۋكوننىڭ ئىنىسى ئادىمانتوس، نىسكىياسنىڭ ئوغلى نېكىراتوس ۋە باشقا بىرقانچە ئادەم بار ئىدى. ئۇلار ئويۇننى كۆرۈپ بولۇپ كەلگەنىدى.]

پولىماركوس: سوقرات، قارىغاندا شەھەرگە قايتماقچىدەك تۇرىسىلەر.

سوقرات: توغرا.

---

① پىرىئوس پورتى ــ ئافىنانىڭ غەربىي جەنۇبىدىن يەتتە كىلومېتىر يىراقتىكى مۇھىم پورت.

② ئىلاھىيە ــ ئوۋ ئىلاھى پىندىسنى كۆرسىتىدۇ.

پولىماركوس: قارىغىنە، بىز قانچە ئادەم؟

سوقرات: بىلدىم.

پولىماركوس: ناھايىتى ياخشى! بىر بولسا بۇ يەردە قال، بىر بولسا بىز بىلەن بىر مەيدان ئېلىش!

سوقرات: ئۈچىنچى خىل چارىمۇ بار. بىز سىلەرگە ئۆزرە قويۇ-ساق، سىلەر قايتىشىمىزغا رۇخسەت قىلساڭلار، بۇ تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟

پولىماركوس: سىلەرنىڭ بىزدەك گەپ ئاڭلىماسلارنى قايىل قىلىدىغان كارامىتىڭلار بارمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، يوق.

پولىماركوس: سىلەر نىيىتىڭلاردىن ۋاز كېچىڭلار، بىز ئال-دىراپ قايىل بولمايمىز.

ئادىمانتوس: سىلەر بۈگۈن كەچتە مەشئەل بەيگىسىنىڭ بارلى-قىنى راستتىنلا بىلمەمسىلەر؟

سوقرات: ئاتقا مىنىپمۇ؟ يېڭىلىق ئىكەن، ئاتلىق مەشئەل كۆ-تۈرۈپ، كۆچ ئۇلاشمۇ ياكى باشقا بىرخىل ئويۇنمۇ؟

پولىماركوس: دەل شۇ، يەنە تەبرىك مۇراسىمىمۇ بار، كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ! كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، كوچىغا چىقىپ ئايلىنى-مىز، ئويۇن كۆرىمىز، نۇرغۇن ياشلارنى كۆرىمىز، پاراڭلىشىمىز. كەتمەڭلار، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە.

گىلاۋكون: قالمىساق بولمىغۇدەك.

سوقرات: بولىدۇ. سەن بۇنداق دېگەندىكىن، قالساق قالايلى!

[شۇنىڭ بىلەن بىز پولىماركوسنىڭ ئائىلىسىگە باردۇق ۋە بىر تۇغقىنى لۇسىياس ۋە ئۇسىدمۇسلار بىلەن كۆرۈشتۇق. يەنە كالكى-دونلۇق سىراسماخوس، پايىنىيانلىق خارمانتىدىس، ئارستونومۇس-نىڭ ئوغلى كىلتوفون، پولىماركوسنىڭ دادىسى كېپالوسلارمۇ بار ئىدى. كېپالوسنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بوپتىكەن، ئۇ خېلىلا قېرى كۆرۈنەتتى. ئۇ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ،

بېشىغا گۈلچەمبەر كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ ئىبادەتخانىدىن بايىلا قايتىپ كەلگەندەك تۇراتتى.

ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئورۇندۇق قويۇلغانىدى، بىز كىپالوسنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇق. كىپالوس مېنى كۆرۈپلا سالاملاشتى.]

كىپالوس: سۆيۈملۈك سوقرات، سەن پىرسئوس پورتىغا پات — پات كېلىپ تۇرساڭ بولاتتى. تېۋىم بار بولۇپ، شەھەرگە كىرەلىگۇدەك بولسام سېنى ئىزدەپ باراتتىم. بىراق، سەن كۆپرەك كېلىپ تۇرمىساڭ بولمايدۇ. ساڭا ئېيتسام، جىسمانىي تەلەپلىرىمنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاقىلانە پاراڭلارنى كۆپرەك خالايدىغان بولۇپ قالدىم. سېنىڭ كۆپرەك كېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ يەرنى ئۆز ئۆيۈڭدەك كۆرۈپ، ياشلار بىلەن سىردىشىپ، ئۇلار بىلەن دوست بولغىن.

سوقرات: توغرا ئېيتتىڭ، كىپالوس مەنمۇ مويسىپىتلار بىلەن پاراڭلىشىشنى ياقتۇرىمەن. مەن سىلەرنى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۇزۇن سەپىرىنى بېسىپ ئۆتكەن يولۇچى سۈپىتىدە تونۇيمەن. بۇ يولنى بىزمۇ باسىمىز. سىلەردىن مەسلىھەت سورىغۇم بار: بۇ يول تۈزمۇ ياكى ئەگرى — توقايمۇ؟ كىپالوس، سەن شائىرلار ئېيتقان «قېرىلىق بوسۇغىسى»غا كېلىپ قالدىڭ، قېرىلىق بولامدىكەن، قانداق؟

كىپالوس: تەسىراتىمنى ساڭا دېگۈم بار، سۆيۈملۈك سوقرات، بىز بىر قانچە قۇرداشلار پات — پات ئۇچرىشىمىز. خۇددى بۇرۇنقىلار ئېيتقاندەك، قۇرداش قۇرداشنىڭ، سىرداش سىرداشنىڭ قاياشى. ئۇچراشساقلا دەردلىشىمىز. ياشلىقىمىزدىكى ئىشرەتلىرىمىزنى ئويلاپ گوياكى ئەنە شۇ گۆھىرىمىزدىن ئايرىلغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز، بۇرۇنقى تۇرمۇش مەنىلىكتەك، ھازىرقى تۇرمۇش ئەرزىمەستەك تۇيۇلىدۇ. بەزىلەر قېرىغاندا دوست — بۇرادەرلەرمۇ كىشىنى زاڭلىق قىلىدىكەن دەپ ھەسرەت چېكىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار قېرىلىقنى ئازابنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ، مېنىڭچە، مەسىلە ياشتا ئەمەس. ئەگەر ئۇ گەپ توغرا بولسا، مەن ۋە مېنىڭ قۇرامىمدى-

كىلەر تېخىمۇ ئازابلانساق بولاتتى. مەن نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ تەسىراتى ئۇنداق ئەمەس. شائىر سوفوكىلىسنى[1] ئالايلى، ئىككىمىز بىللە ئىدۇق، بىرى ئۇنىڭدىن شۇنداق سورىدى: «سوفوكىلىس، سېنىڭ مۇھەببەت ئىشلىرىڭ قانداق بولۇپ كەتتى، قېرى تۇرۇپمۇ ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلامسەن؟» سوفوكىلىس دېدى: «بولدى قويۇڭلار، قولۇمنى يۇيۇۋەتتىم! خۇداغا شۈكۈر، مەن ئەسەبىي غوجايىنىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغاندەك بولدۇم.» مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ گېپىنى يوللۇق كۆرگەن، ھازىر تېخىمۇ شۇنداق. ياشقا چوڭ ئادەمنىڭ ئارتۇق غەلۋىسى بولمايدىكەن، ھەۋەس ئازلايدىكەن، تارىمىزمۇ بوشاپ كېتىدىكەن، خۇددى سوفوكىلىس ئېيتقاندەك ۋەھشىي غوجايىندىن قۇتۇلغاندەك بولىدىكەن. سوقرات، يۇقىرىقى ئازابلار ۋە دوست ـ بۇرادەرلەردىن رەنجىشنىڭ بىرلا سەۋەبى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۇلارغا قېرىلىق ئەمەس، خاراكتېر سەۋەبچى بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولغىنىدا قېرىلىق ئۇلارغا ئازاب بولۇپ تۇيۇلمىغان بولاتتى. كۆڭۈل تار بولسا، ياش ئادەمگىمۇ ئازاب ئاز ئەمەس.

[سوقرات: كىپالوسقا قايىل بولدۇم. ئۇنى كۆپرەك سۆزلىتىش ئۈچۈن غىدىقلىدىم ۋە دېدىم:] سۆيۈملۈك كىپالوس، مېنىڭچە ئادەتتىكى ئادەملەر گېپىڭنى ئەرزىتىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار قېرىغاندىكى بەخت خاراكتېرگە ئەمەس، بەلكى بايلىققا مۇناسىۋەتلىك دېيىشى مۇمكىن. ئۇلار «پۇل بولسىلا تەسەللى تاپقىلى بولىدۇ» دېيىشىدۇ.

كىپالوس: دۇرۇس، ئۇلارنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەسلىكىدە ئۆزىگە خاس ئاساسى بار. بىراق، ئۇلار بەك ئاشۇرۇۋەتكەن. ئۇلارغا خۇددى سېمىستوكىلىس[2] سېرىسىئانلارغا جاۋاب بەرگەندەك جاۋاب بېردىمەن. سېرىسىئانلار سېمىستوكىلىسقا تۆھمەت قىلىپ، ئۇنىڭ نام

① سوفوكىلىس — يۇناننىڭ ئۈچ چوڭ تىراگېدىيە شائىرىنىڭ بىرى.

② سېمىستوكىلىس — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 514 ~ 449 ـ يىللاردا ياشىغان سىياسىيون.

چىقىرىشى ئۆزىدىكى ئۇماچقا باغلىق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئا-فىينالىق بولغانلىقىدا دېگەن. ساڭا ئايانكى، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەر-گەن: «ئەگەر مەن سېرىسىئان بولغان بولسام نام قازىنالمىغان بولاتتىم. ئەگەر سەن ئافىينالىق بولغان بولساڭمۇ نام قازىنالمىغان بولاتتىڭ. قېرىلىقتىن ئاھ ئۇرۇپ، نامراتلىقىدىن ۋايسايدىغان كىشىلەرگە قارىتا ئەنە شۇخىل يوسۇندا جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ. ياخشى ئادەملەر ئۇچۇنمۇ قېرىلىق ۋە نامراتلىق ئاسان ئەمەس، بىراق پۇلدار ئەسكى ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، قېرىلىق تولىمۇ ئارامسىز بولىدۇ.

سوقرات: كىپالوس، بىساتلىرىڭ شۇنچە كۆپ، سەن ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزۈڭ ئىشلەپ تاپقانمۇ ياكى مىراس ئالغانمۇ؟

كىپالوس: سوقرات، پۇل تېپىشتا، مەن بوۋام بىلەن دادام ئوت-تۇرىسىدا تۇرىمەن. بوۋام كىپالوسقا مىراس قالغان مۈلۈك هازىر-قى مېنىڭ مۈلكۈمدەكلا كۆپ ئىدى. كېيىن، ئۇ بۇنى نەچچە ھەس-سە كۆپەيتكەن ئىكەن. دادام لوسالوس ئۇنىڭ مۈلكىنى مېنىڭ ها-زىرقى مۈلكۈمگە سېلىشتۇرغاندا نەچچە ھەسسە ئازايتمۇەتكەن ئى-كەن. مېنىڭ قالدۇرغانلىرىم ئالغانلىرىمدىن ئازىيىپ كەتمىسىلا مەن رازى (بەلكىم، كۆپ بولۇشى مۇمكىن).

سوقرات: سەن بېخىللاردىن ئەمەستەك تۇرىسەن، شۇڭا، شۇنداق سورىدىم. ئۆزى پۇل تاپمىغانلار پۇلغا ھېرىس ئەمەس. پۇل تاپقانلار بىرنى ئىككى قىلسام دەيدۇ، خۇددى شائىرلار ئۆزىنىڭ شېئىرلى-رىنى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ياخشى كۆرگەندەك، پۇلدارلارمۇ ئۆزىنىڭ پۇللىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ پۇلنىڭ كېرەكلىك نەرسە ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقىدىن. پۇلغا ھېرىس كىشىلەر ئادەمنى بىزار قىلىدۇ، ئۇلار پۇلدىن باشقا نەرسىلەرنى چوڭ بىلمەيدۇ.

كىپالوس: دۇرۇس.

سوقرات: بىر نەرسىنى سوراي، سېنىڭچە بايلىقىڭنىڭ ئەۆزەللى-

ىكى قايسى؟

كىپالوس: ئەۋزەللىكىنى دەپ كەلسەم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قا-يىل بولۇشى ناتايىن. ئەمما، سوقرات، بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئۇزۇنغا بارماي ئۆلىدىغانلىقىنى ئويلىسا، كۆرۈلۈپ باقمىغان قورقۇنچقا ئەسىر بولىدۇ. دوزاخ ھەققىدىكى تۇرلۇك رىۋايەتلەر ۋە پانىي دۇن-يادا ئەسكى قىلمىشلارنى قىلغانلارنىڭ باقىي دۇنيادا جازالىنىشى ھەققىدىكى ھېكايەتلەر بۇرۇن ئانچە تەسىر قىلمىغان بولسا، ئەمدى-لىكتە كىشىنى سارىسىمىگە سالىدۇ — بەلكىم، ئۇ رىۋايەتلەر راستتۇر! قېرىپ ئاجىزلىغانسېرى ۋە گۆرگە يۇتى ساڭگىلىغانسې-رى ھېلىقىدەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ، ۋەھ-مە ۋە گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. سەن شۇ چاغدا، كىملەرگە قانداق يامانلىقلارنى قىلدىم، دەپ ئۆز - ئۆزۈڭدىن سورايدىغان بو-لۇپ قالىسەن، ئەگەر كىشى يامان ئىشلارنى كۆپ قىلغان بولسا، كېچىلىرى خۇددى باللاردەك قارا بېسىپ، قورقۇپ كېتىدۇ. كۆڭ-لى توق ئادەم پىندار① ئېيتقاندەك بولىدۇ:

قېرىلىقتا ھەمراھلار كۆڭۈلداش بولۇر،
مەڭگۈلۈك ئارزۇلار بېغىشلايدۇ نۇر.

ئۇ ناھايىتى ئوبدان سۆيەتلىگەن، بايلىقنىڭ ئەۋزەللىكى ئەنە شۇ يەردە. بىراق، ھەممە ئادەم ئۇنداق بولۇپ كەتمەيدۇ، ئوڭلۇق كىشى پۇلى بار ئەھۋالدا ئالدامچىلىق ۋە ياسالمىلىقتىن خالىي بو-لىدۇ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا، نەزىر ۋە قەرز تۆپەيلىدىن يەرگە قاراپ قالمايدۇ. دېمەك، ئوڭلۇق كىشى ئۇچۇن پۇلنىڭ ئەڭ زور ئەۋزەل-لىكى ھەر قانچە بولغاندىمۇ يۇقىرىقىدەك بولىدۇ.

سوقرات: دۇرۇس سۆزلىدىڭ، كىپالوس. ئادالەتتىن گەپ ئاچ-قاندا، ئۇ زادى نېمە؟ پەقەت راست سۆزلەش، قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇ-

① پىندار (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 522 ~ 442) — داڭلىق لىرىك شائىر.

رۇشىنىڭ ئۆزىلا ئادالەتمۇ؟ بۇنداق قىلىش بەزىدە ئادالەت ھېسابلانـ سا، بەزىدە ئادالەت بولمايدىغان ئەھۋالمۇ بولامدۇ؟ مىسالەن، سىزنىڭ بىر دوستۇڭ كاللىسى ساق ۋاقتىدا قورالىنى ساڭا بېرىپ تۇردى، كېيىن، ئۇ ساراڭ بولۇپ قالغاندا، قورالىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ھەرقانداق ئادەم قايتۇرۇپ بەرمەسلىك كېرەك دەپ قارايدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭ قورالىنى قايتۇرۇپ بەرسەڭ، بۇ ئادالەت بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئەھۋالنى ساراڭغا ئېيتمىشنىڭ ئۆزىمۇ ئادالەت ئەمەس.

كىپالوس: توغرا.

سوقرات: شۇنداق ئىكەن، راست سۆزلەش ۋە ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇش ئادالەتنىڭ تەبىرى ئەمەس.

پولىماركوس: (گەپ قىستۇرۇپ) ئەگەر بىز سىموندس[1]نىڭ گېپىگە ئىشەنسەك، يۇقىرىقىنىڭ ئۆزى ئادالەتنىڭ تەبىرى بولالايدۇ.

كىپالوس: خوپ! خوپ! سىلەر پاراڭلىشىڭلار، مەن ئىبادەتكە باراي.

سوقرات: ئۇنداقتا، پولىماركوس سىزنىڭ ئىز باسارىڭ بولدىمۇ؟

كىپالوس: ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە! (ئۇ كۈلگىنىچە ئىبادەتكە ماڭىدۇ)

سوقرات: بىز پارىڭىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى. ئىز باسار ئەپەنـ دى، سىموندسنىڭ ئادالەت ھەققىدىكى تەبىرى نېمىدى؟

پولىماركوس: ئۇ، «ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇش ئادالەت» دېگەن. بۇ توغرا.

سوقرات: توغرا، سىموندستەك ئاقىل كىشىگە شەك كەلتۈ- رۈشكە بولمايدۇ. بىراق، ئۇ زادى نېمە دېمەكچى، سەن چۈشەنگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئەمما مەن چۈشىنەلمىدىم. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى بىز بايا دېگەن كاللىسى ساز بولمىغان ئادەمگە ۋاكالىتەن

[1] سىموندس (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 556 ~ 467) — گىرېتسىيەنىڭ لىرىكچىسى.

باشقۇرۇپ تۇرۇشقا ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ دېگەن مەنىدە ئەمەس. گەرچە ئالغان نەرسە قەرز ھېسابلانسىمۇ. توغرىمۇ؟

پولىماركوس: توغرا.

سوقرات: ئىگىسىنىڭ كاللىسى جايىدا بولمىغان شارائىتتا، ئۇنىڭ نەرسىسىنى قايتۇرۇپ بەرمەسلىك لازىم، شۇنداقمۇ؟

پولىماركوس: ھەئە، بەرمەسلىك لازىم.

سوقرات: ئۇنداقتا، سىموندىس «ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇش ئادالەتتۇر» دېگىنىدە باشقا بىر ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقاندەك تۇرىدۇ.

پولىماركوس: شەك ـ شۈبھىسىز. ئۇنىڭچە، دوستلار ئارا سەمىمىي بولۇش كېرەك، يامانلىق قىلماسلىق لازىم.

سوقرات: چۈشەندىم. ئەگەر ئىككى تەرەپ دوست تۇرۇپ، پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش بەرىبىر پۇلنى قايتۇرغۇچى ۋە تاپشۇرۇپ ئالغۇچىغا نىسبەتەن ئوخشاشلا زىيانلىق بولسا، بۇ قايتۇرۇش ھېسابلانمايدۇ. سېنىڭچە، بۇ سىموندىسنىڭ دېگىنىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ ـ يوق؟

پولىماركوس: ئۇيغۇن كېلىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، دۈشمەنگىمۇ قەرز قايتۇرۇش كېرەكمۇ؟

پولىماركوس: ئەلۋەتتە، قايتۇرۇش كېرەك. بىراق، مېنىڭچە، دۈشمەنگە يامانلىق قايتۇرۇش جەھەتتە قەرزدار بولغاندىلا بۇ مەنتىققە ئۇيغۇن بولىدۇ.

سوقرات: سىموندىس باشقا شائىرلارغا ئوخشاش ئادالەتكە ئېنىق تەبىر بەرمىگەن. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە دېمەكچى بولغىنى شۇكى، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان جاۋابنى بېرىش ئادالەتتۇر. مانا بۇ ئۇ دەۋاتقان «قايتۇرۇش».

پولىماركوس: ئۇنداقتا، سەن قانداق قارايسەن؟

سوقرات: خۇدايا! ئەگەر بىز ئۇنىڭدىن «سىموندىس، تېببىي ئىلىمنىڭ قەرز قايتۇرۇشى قانداق بولىدۇ، ئۇ كىمگە نېمىلەرنى بې-

ـرىشى كېرەك؟» دەپ سورىساق، سىنىڭچە، ئۇ قانداق جاۋاب بېرەر؟
پولىماركوس: ئۇ ئەلۋەتتە، «تېببىي ئىلىم كىشىلەرگە دورا، يېمەك ۋە ئىچىملىك بېرىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.
سوقرات: ئاشپەزلىك كىمگە، نېمىلەرنى قايتۇرسا مۇۋاپىق بولىدۇ؟
پولىماركوس: ئاشپەزلىك تائاملارغا لەززەت ئاتا قىلىدۇ.
سوقرات: ئۇنداقتا، ئادالەت كىمگە نېمە قايتۇرسا مۇۋاپىق بولىدۇ؟
پولىماركوس: سوقرات، يۇقىرىقى گېپىمىز بويىچە بولغاندا، ئادالەتنىڭ مەنىسى «ياخشىلىقنى دوستلارغا، يامانلىقنى دۈشمەنگە قايتۇرۇشتۇر.»
سوقرات: بۇ ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنىمۇ؟
پولىماركوس: مېنىڭچە شۇنداق.
سوقرات: بىراۋ كېسەل بولۇپ قالسا، كىم ياخشىلىقنى دوستلارغا، يامانلىقنى دۈشمەنگە قايتۇرىدۇ؟
پولىماركوس: تېۋىپ.
سوقرات: دېڭىز سەپىرىدە بوران ـ چاپقۇنغا يولۇققاندىچۇ؟
پولىماركوس: رولچى.
سوقرات: ئۇنداقتا، ئادالەتلىك كىشى قانداق ھەرىكەت ۋە قانداق مەقسەتتە بولغاندا، دوستىغا پايدا، دۈشمەنگە زىيان يەتكۈزەلەيدۇ؟
پولىماركوس: ئۇرۇشتا دوست بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغاندا.
سوقرات: ناھايىتى ئوبدان! بىراق، پولىماركوس قېرىندىشىم، بىمارلار بولمىسا تېۋىپنىڭ كېرىكى يوق.
پولىماركوس: دۇرۇس.
سوقرات: دېڭىز سەپىرىگە چىقمىسا رولچىنىڭ كېرىكى يوق.
پولىماركوس: دۇرۇس.
سوقرات: ئۇرۇش بولمىغاندا، ئادالەتلىك كىشىنىڭمۇ كېرىكى

بولامدۇ؟

پولىماركوس: مېنىڭچە، ئۇنداق ئەمەس.

سوقرات: سېنىڭچە بولغاندا، ئادالەتنىڭ ئادەتتىكى مەزگىللەردە كېرىكى بار ئوخشىمامدۇ؟

پولىماركوس: دۇرۇس.

سوقرات: تېرىقچىلىق پايدىلىق ئىش، شۇنداقمۇ؟

پولىماركوس: دۇرۇس.

سوقرات: ئۇنىڭ مەقسىتى ھوسۇل ئېلىش.

پولىماركوس: دۇرۇس.

سوقرات: موزدۇزلۇقمۇ پايدىلىق ئىش.

پولىماركوس: دۇرۇس.

سوقرات: ئۇنىڭ مەقسىتى ئاياغ تىكىش — سەن شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىسەن.

پولىماركوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: خوپ! قېنى دەپ باققىن، ئادالەت قايسى خىل ئېھتىياج ۋە قانداق مەنپەئەتتە پايدىلىق بولىدۇ؟

پولىماركوس: كېلىشىم تۈزگەندە، سوقرات.

سوقرات: كېلىشىم دېگىنىڭ شېرىكچىلىكمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ؟

پولىماركوس: شېرىكچىلىك.

سوقرات: شاھمات ئويnىغاندا، سەن ئۈچۈن پايدىلىق شېرىك ئادالەتلىك كىشىمۇ ياكى شاھمات ماھىرىمۇ؟

پولىماركوس: شاھمات ماھىرى.

سوقرات: تامچىلىقتا ئادالەتلىك كىشىنىڭ شېرىكچىلىكى تامچىنىڭ شېرىكچىلىكىدىن ئەۋزەل بولامدۇ؟

پولىماركوس: ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئەمەس.

سوقرات: ساز چالغاندا، سازەندە ئادالەتلىك كىشىگە قارىغاندا ياخشى شېرىك بولالايدۇ، ئۇنداقتا، سەندىن سوراپ باقاي، ئادالەت-

لىك كىشى قايسى خىل مۇناسىۋەتتە سازەندىگە قارىغاندا ياخشى شېرىك بولىدۇ؟

پولىماركوس: مېنىڭچە، پۇل مۇناسىۋىتىدە.

سوقرات: پولىماركوس، پۇل خەجلەش بۇنىڭ سىرتىدا. ئات سودىسىدا بېدىك ياخشى شېرىك بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

پولىماركوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: كېمە سودىسىدا، كېمىساز بىلەن رولچى ياخشى شېرىك ئەمەسمۇ؟

پولىماركوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، پۇل شېرىكچىلىكىدە، ئادالەتلىك كىشى قانداق ئەھۋالدا ياخشى شېرىك بولغان بولىدۇ؟

پولىماركوس: پۇل ساقلايدىغان چاغدا.

سوقرات: پۇلنى ئىشلەتمەي ساقلايدىغان چاغدا دېمەكچىمۇ سەن؟

پولىماركوس: ھەئە.

سوقرات: بۇ پۇل لازىم بولمىغاندا ئادالەت لازىم بولىدۇ دېگەنلىك بولىدۇغۇ؟

پولىماركوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: شاخ چاتايدىغان قايچىنى ساقلاشقا توغرا كەلگەندە، ئادالەت ئاۋام ۋە شەخس ئۈچۈن ئورتاق پايدىلىق، بىراق، ئۇنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە، باغۋەننىڭ ھۈنىرى تېخىمۇ پايدىلىق.

پولىماركوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: سەن قالقان بىلەن سازنى ساقلاشقا توغرا كەلگەندە ئادالەت پايدىلىق، لېكىن، ئۇنى ئىشلەتكەندە، جەڭچى بىلەن سازەندىنىڭ ھۈنىرى تېخىمۇ پايدىلىق دېيىشىڭ مۇمكىن.

پولىماركوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئۇنداقتا، ھەر قانداق ئەھۋالدا يەنى نەرسىلەر پايدىلىق

بولغاندا، ئادالەت پايدىسىز، ئادالەت پايدىلىق بولغاندا، نەرسىلەر پايدىسىز بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

پولىماركوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: بۇرادەر! ئادالەت پايدىسىز نەرسىلەرگە نىسبەتەن پايدىلىق بولغان ئىكەن، ئۇمۇ چاغلىق بىر نېمە بولىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى باشقىچە يول بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى. مۇشتلاشقان چاغدا، مەيلى مۇشت ئاتسۇن ياكى قورال ئىشلەتسۇن ھۇجۇمغا ماھىر ئادەم قوغدىنىشقىمۇ ماھىر كېلىدۇ دېسەك بولامدۇ؟

پولىماركوس: ئەلۋەتتە بولىدۇ.

سوقرات: كېسەلدىن ساقلىنىشقا چېۋەر ئادەم، كېسەل پەيدا قىلىشقىمۇ چېۋەر بولامدۇ؟

پولىماركوس: مەن شۇنداق دەپ ئويلايمەن.

سوقرات: ئۆز ئورنىنى قوغداشقا ماھىر ئادەم دۈشمەننىڭ پىلانى توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھۇجۇم قىلىشقىمۇ ماھىر بولامدۇ؟

پولىماركوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ساقلاشقا ماھىر ئادەم ئوغرىلىققا ئۇستا بولامدۇ؟

پولىماركوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىر ئادالەتلىك كىشى پۇل ساقلاشقا ماھىر بولۇش بىلەن بىللە ئوغرىلاشقىمۇ ماھىر بولىدىكەن ـ دە؟

پولىماركوس: قائىدە بويىچە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئادالەتلىك كىشى ئاخىرقى ھېسابتا بىر ئوغرى بولۇپ چىقىدىكەن. سەن بۇ قائىدىنى ھومېردىن ئۆگەنگەندەك قىلىسەن. چۈنكى، ھومېر ئودېسسانىڭ چوڭ دادىسى ئاتولوكس[①] نىڭ خاراكتېرىدىن ئىنتايىن ھۇزۇرلىناتتى. ئاتولوكس ئوغرىلىق ۋە ئاسىيلىقتا، تۈزنى يەپ تۈزلۈقنى چېقىشتا مىسلىسىز ئىدى. سېنىڭ، ھومېر ۋە سىمونىدسنىڭ پىكرى بويىچە،

① ئاتولوكس ــ «ئودېسسا» دىكى قەھرىمانلارنىڭ بىرى.

ئادالەت گويا ئوغرىلىق تېپىدىكى نەرسىدەك تۇرىدۇ. بىراق، بۇ خىل ئوغرىلىق دوستلارغا ياخشىلىق، دۈشمەنلەرگە يامانلىق ئۈچۈن قىلىنغاندەك تۇرىدۇ. سەن شۇنداق دېمەكچىمۇ؟

پولىماركوس: ۋاي خۇدايىم، ئۇنداق ئەمەس. مەن گاڭگىراپ كەتتىم، بايا نېمە دېگەنلىكىمنىمۇ ئۇقمايمەن. قانداقلا بولمىسۇن، مەن دوستلارغا ياردەم، دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىشنى ئادالەت دەپ قارايمەن.

سوقرات: سەن دەۋاتقان دوست قارىماققا ياخشى ئادەملەرمۇ ياكى ئەمەلىيەتتە ياخشى ئادەملەرمۇ؟ سەن دەۋاتقان دۈشمەن قارىماققا دۈشمەنمۇ ياكى ھەقىقىي دۈشمەنمۇ؟

پولىماركوس: يەنە گەپ كېتەمتى؟ ئادەم ھامان ياخشىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەسكىلەرنى ئۆچ كۆرىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئادەتتىكى كىشىلەر خاتا ھالدا، يامانلارنى ياخشى، ياخشىلارنى يامان دەپ قالامدۇ؟

پولىماركوس: ئۇنداق ئىشلارنى بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ياخشىلارنى دۈشمەن، يامانلارنى دوست كۆرۈپ قالىدىغان ئىشلار بولامدۇ؟

پولىماركوس: ئۇنداق ئىشلار بولۇپ قالىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، يامانلارغا ياردەم، ياخشىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئادالەت بولۇپ قالامدۇ؟

پولىماركوس: شۇنداقتەك قىلىدۇ.

سوقرات: ئەمما، ياخشىلار ئادالەتلىك بولىدۇ ۋە ئادالەتسىز ئىشلارنى قىلمايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

پولىماركوس: شۇنداق.

سوقرات: سېنىڭچە بولغاندا، ئادالەتسىزلىك قىلمايدىغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئادالەت بولۇپ قالامدۇ؟

پولىماركوس: ياق، ياق، سوقرات، بۇ دېگىنىڭ توغرا ئەمەس.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئادالەتسىزلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ۋە

ئادالەتلىك كىشىلەرگە ياردەم قىلىش، ئادالەت بولامدۇ ـ يوق؟

پولىماركوس: بۇ گەپ بايىقى گەپتىن تۈزۈكتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: پولىماركوس، ياخشى ـ يامانني بىلمەيدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئەكسىچە دوستلارغا زىيان، دۈشمەنلەرگە پايدا كەلتۈرۈش ئادالەت بولۇپ سانىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بەزى دوستلىرى يامان، بەزى دۈشمەنلىرى ياخشى بولىدۇ. بىزنىڭ خۇلاسىمىز سىموندسنىڭ پىكرىگە زىت كېلىدۇ.

پولىماركوس: راست، خۇلاسە شۇنداق بولدى. بىز يېڭىباشتىن مۇزاكىرە قىلايلى. بەلكىم، «دوست» ۋە «دۈشمەن» گە ياخشى تەبىر بەرمىگەنلىكىمىزدىن شۇنداق بولغاندۇ.

سوقرات: پولىماركوس، تەبىرنىڭ خاتالىقى قەيەردە؟

پولىماركوس: سەۋەنلىك قارىماققا ئىشەنچلىكتەك تۇرغانلارنى دوست دەپ بىلىشتە.

سوقرات: يېڭىباشتىن مۇزاكىرە قىلىشنى ئەمدى قانداق باشلىساق بولار؟

پولىماركوس: بىز شۇنداق دېيىشىمىز كېرەككى، دوست قارىماققا ئىشەنچلىك بولۇپ قالماي، بەلكى، ھەقىقىي مەنىدە ئىشەنچلىك بولۇش كېرەك. قارىماققا ياخشى بولسىمۇ، ھەقىقەتتە ياخشى بولمىغان ئادەملەر كۆرۈنۈشتە دوست بولسىمۇ، چىن دوست ھېسابلانمايدۇ. دۈشمەن ھەققىدىمۇ شۇنداق دېيىش مۇمكىن.

سوقرات. بۇ قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ياخشى ئادەم دوست، يامان ئادەم دۈشمەندۇر.

پولىماركوس: دۇرۇس.

سوقرات: بىز باشتا دوستقا ياخشىلىق، دۈشمەنگە يامانلىق قىلىشنى ئادالەت دېگەن ئىدۇق. بىز ئەمدى ئۇنىڭغا يېڭى بىر مەزمۇننى قوشۇشىمىز لازىم. ئەگەر دوست راستتىنلا ياخشى ئادەم بولسا ياخشىلىق قىلىش، دۈشمەن راستتىنلا يامان ئادەم بولسا يامانلىق قىلىش ئادالەتتۇر. شۇنداقمۇ؟

پولىماركوس: ئەلۋەتتە مانا بۇ ياخشى تەبىر بولدى.

سوقرات: ئالدىرىما، بىر ئادالەتلىك كىشى باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەمدۇ؟

پولىماركوس: ئەلۋەتتە، ئۇ يامان دۈشمەنگە زىيان يەتكۈزۈشى كېرەك.

سوقرات: ئۇنداقتا يارىلانغان ئات ياخشىمۇ، يامانمۇ؟

پولىماركوس: يامان.

سوقرات: ئۇ ئاتنىڭ ئەخلاقىدا يامانمۇ ياكى ئىتنىڭ ئەخلاقىدا يامانمۇ؟

پولىماركوس: ئاتنىڭ ئەخلاقىدا يامان.

سوقرات: ئوخشاش قائىدە بويىچە بولغاندا، ئەگەر ئىت يارىلانسا، ئىت ئاتنىڭ ئەخلاقى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئىتنىڭ ئەخلاقى بويىچە يامان بولغان بولىدۇ. شۇنداقمۇ؟

پولىماركوس: ئۇنىڭغا گەپ كېتەمتى!

سوقرات: سوراپ باقاي، مۇنداق دېسەك بولامدۇ؟ ئادەم زەخمەلەنسە، ئۇ ئادەم ئەخلاقى بويىچە يامان بولغان، يەنى ئادەم ئەخلاقى يامانلاشقان بولامدۇ؟

پولىماركوس: شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ.

سوقرات: ئادالەت بىرخىل ئادىمىي ئەخلاقمۇ؟

پولىماركوس: شەك ـ شۈبھىسىز.

سوقرات: دوستۇم، ئادەم زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىسا ئۇ تېخىمۇ ئادالەتسىز بولۇپ كېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

پولىماركوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: مۇزىكىنى ئالايلى، بىر مۇزىكانت مۇزىكا ئارقىلىق كىشىلەرنى مۇزىكا چۈشەنمەس قىلىپ قويالامدۇ؟

پولىماركوس: مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات: چەۋەنداز ئۆزىنىڭ ھۈنىرى بىلەن كىشىلەرنى ئاتقا مىنەلمەس قىلىپ قويامدۇ؟

پولېماركوس: مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات: ئۇنداقتا ئادالەتلىك كىشى ئۆزىنىڭ ئادالەتتى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئادالەتسىز قىلىپ قويامدۇ؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، ياخشىلار ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ئارقىلىق باشقىلارنى ئەسكى (ناچار) قىلىپ قويامدۇ؟

پولېماركوس: مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات: مېنىڭچە، سوغۇق ئىسسىقنىڭ فۇنكسىيەسى بولماستىن، بەلكى ئىسسىققا زىت شەيئىنىڭ فۇنكسىيەسى.

پولېماركوس: توغرا.

سوقرات: نەم قۇرۇقنىڭ فۇنكسىيەسى بولماستىن، بەلكى قۇرۇققا زىت شەيئىنىڭ فۇنكسىيەسى.

پولېماركوس: ئەلۋەتتە

سوقرات: زىيانكەشلىك ياخشىلارنىڭ فۇنكسىيەسى ئەمەس، بەلكى ياخشىلارغا زىت كىشىلەرنىڭ فۇنكسىيەسى.

پولېماركوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: ئادالەتلىك كىشى ياخشى كىشى ئەمەسمۇ؟

پولېماركوس: ئەلۋەتتە، ياخشى ئادەم.

سوقرات: پولېماركوس! دوستلارغا ياكى ھەرقانداق كىشىگە زىيان يەتكۈزۈش ئادالەتلىك كىشىنىڭ فۇنكسىيەسى ئەمەس، بەلكى ئادالەتلىك كىشىگە زىت كىشىلەرنىڭ فۇنكسىيەسى، يەنى ئادالەتسىزلەرنىڭ فۇنكسىيەسى.

پولېماركوس: سوقرات، ئاساسلىرىڭ تولۇق بولدى.

سوقرات: بەزىلەر ئادالەت قەرز قايتۇرۇش دېمەكتۇر، «قەرز قايتۇرۇش» بولسا دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، دوستىغا ياردەم بېرىشتۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا، ئۆزىمىزنىڭ پىكرى بويىچە، بىز ئۇنداق ئادەمنى ئاقىل ھېسابلىمايمىز. چۈنكى، بىز ئىسپاتلاپ بولدۇقكى، ئادەمگە زىيان كەلتۈرۈش قانداقلا بولمىسۇن ئادالەتسىزلىكتۇر.

پولېماركوس: قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئەگەر بەزىلەر بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنى سىموندس، بىئاس[1] ياكى پىتاكوس[2] ۋە باشقا دانىشلارنىڭ تەشەببۇسلىرىدىن ئىبارەت دەپ قارىسا، ئۇنداقتا، بىز ئىككىمىز ھۇجۇم دۇمبىقىنى چالىمىز.

پولىماركوس: مەن تەييار.

سوقرات: سەن «دوستقا ياردەم، دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئادالەتتۇر» دېگەن سۆزنىڭ كىمنىڭ تەشەببۇسى ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ مېنىڭ كىمنى پەرەز قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلەمسەن؟

پولىماركوس: ئۇ كىم؟

سوقرات: مەن ئۇنى پېرىئاندىروس ياكى پىردىكاس ياكى زېرزېس ياكى سىبەيلىك ئىسمىنيان ياكى پۇلدارلار ۋە باشقا ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى دەپ پەرەز قىلىمەن.

پولىماركوس: ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭ.

سوقرات: ناھايىتى ياخشى! ئۇنداقتا، ئادالەتكە بېرىلگەن تەبىر پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئۆزگىچە تەبىرنى كىم بېرىدۇ؟

[بىز سۆھبەتلىشىۋاتقاندا، سىراسماخوس بىر قانچە قېتىم لوقما سېلىپ، مۇنازىرە ئىچىگە كىرىشكە ئۇرۇنغان ئىدى، باشقىلار ئۇنى توستى، چۈنكى ئۇلار ئاخىرىنى بىلمەكچى بولاتتى. مەن يۇقىرىقى گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئازراق توختىغىنىمدا، ئۇ زادى سەۋر قىلالمىدى، ئۇ قەددىنى رۇسلىغان ھالدا، ئالدىغا چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئەلپازى بىزگە خىرىس قىلىۋاتقان يىرتقۇچقا ئوخشاپ كېتەتتى. پولىماركوس ئىككىمىز تەمتىرەپ قالدۇق. ئۇ ۋارقىراپ كەتتى.]

سىراسماخوس: سوقرات، سىلەر بىر ـ بىرىڭلارنى ئۇچۇرۇپ نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ ئەگەر سەن ئادالەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى

---

① بىئاس — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى يەتتە دانىشمەننىڭ بىرى.
② پىتاكوس — يەتتە دانىشمەننىڭ بىرى.

راستتىنلا بىلگەن بولساڭ، گەپ يورغىلىتىپ، سوئال ـ جاۋاب قىلىپ، ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ يۈرمىگەن بولاتتىڭ. سەن نېمىدېگەن قۇۋ! سەن سوئال سوراشنىڭ جاۋاب بېرىشتىن ئوڭاي ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، ئادالەت دېگەن نېمە، ئۆزۈڭ جاۋاب بېرىپ باق. سەن ئادالەت دېگەن بىرخىل مەسئۇلىيەت، بىرخىل ۋاستە ياكى مەنپەئەت ياكى ھەقلىق پايدا دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈۋەرمە. ئادالەت دېگەن زادى نېمە، ئوچۇق ئېيت، قۇرۇق گەپلىرىڭنى ئاڭلاشقا تاقىتىم قالمىدى.

[ئۇنىڭ گېپىدىن چۆچۈپ، كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ قاراپ قالدىم. ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە بارلىقىنى دەسلەپتىلا كۆرمىگەن بولسام، راستتىنلا قورقۇپ كەتكەن بولاتتىم. ئۇ غەزەپلەنگەندە، مەن تىترەپ تۇرۇپ، ئاران جاۋاب بېرەلىدىم. «سۆيۈملۈك سىراسماخوس، بىزگە ئازراق يوچۇق بەرگىن. پولىماركوس بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزدە خاتالىق كۆرۈلگەن بولسا، بۇ ھەرگىزمۇ ئەتەي سادىر قىلىنغان ئەمەس. مەقسىتىمىز ئالتۇن ئىزدەش ئىكەن، ئۇنداقتا، بىر ـ بىرىمىزنى ئۇچۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئالتۇن ئىزدەشنى ئۇنتۇپ كەتمەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز ئىزدەۋاتقان ئادالەت ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك تۇرسا بىز ھاماقەتلەك قىلىپ، ئۇنى قولدىن بېرىپ قويامتۇق؟ دوستۇم، بىز راستتىنلا تىرىشىۋاتىمىز، ئەمما دەرمان كەم. سىلەردەك ئاقىل ئادەملەر بىزنى ئەيىبلەشنىڭ ئورنىغا ھېسداشلىق قىلىشىڭلار كېرەك ئىدى.» ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ، كۈلگىنىچە گەپ باشلىدى.]

سىراسماخوس: ھېراكلىس① گۇۋاھ! سەن مەشھۇر بولغان سوقراتچە قارشىسىدىن چىقىپ ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى قوللاندىڭ. مەن بۇنى كۆرگەن ھەم بۇ يەردىكىلەرگە دېگەن ــــ كىشىلەر سەندىن سوئال سورىسا، سەن جاۋاب بەرگەننىڭ ئورنىغا مەسخىرە ياكى

① ھېراكلىس ــــ گىرېكلارنىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانى.

باشقا چارىلەرنى ئىشقا سالىسەن، كىشىلەرنىڭ سوئالىغا ئۇدۇل جاۋاب بېرىشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرىسەن.

سوقرات: سىراساماخوس، سەن ئاقىل ئادەم. سەن بىلىسەنكى، بىراۋدىن «12 قانداق كېلىپ چىققان؟» دەپ سورىساڭ ھەمدە ئۇلارغا «6 × 2؛ 4 × 3؛ 2 × 6؛ 3 × 4 دېگەندەك قۇرۇق گەپ-لەرنى ئاڭلىغۇم يوق دېسەڭ، ئۇنداقتا، ھېچكىم جاۋاب بېرىشكە ئامال قىلالمايدۇ. لېكىن، ئۇ سەندىن «سىراساماخوس، سەن زادى نېمە دېمەكچى؟ سەن يول قويمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى دې-مەسلىكىم كېرەكمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى توغرا بولسا، ئۇنى تاشلاپ، ئەتەي خاتا جاۋاب ئىزدىشىم كېرەكمۇ؟ بۇ سېنىڭ قەستەن خاتالاشتۇرغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ مەقسىتىڭ زادى نېمە؟» دەپ سورىسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟

سىراساماخوس: ھە، بۇ ئىككى ئىش ئوخشىشامدۇ؟

سوقرات: ئوخشاشمايدۇ دېيىشكە ئاساسىمىز يوق. ئوخشاشمىدى دېگەندىمۇ، بىراۋ ئۇنىڭ ئىچىدىكى جاۋابىنىڭ بىرەرسىنى توغرا دېسە، بىز ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالالايمىزمۇ؟

سىراساماخوس: راستىنلا شۇنداق قىلامسەن؟ راستىنلا مەن چەكلىگەن جاۋابىنىڭ بىرەرسى بىلەن جاۋاب بېرەمسەن؟

سوقرات: شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك دەپ ئويلىسام، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك ھېچ يېرى يوق.

سىراساماخوس: دۇرۇس. ئادالەت توغرىسىدا ئۆزگىچە ھەم پاسا-ھەتلىك جاۋاب بەرسەم، ئۇنداقتا قايسى خىل جازانى لايىق كۆرىسەن؟

سوقرات: نادانلىقنىڭ جازاسىدىن تاشقىرى يەنە جازا بولارمۇ؟ ئاقىللاردىن ئۆگىنىش دەل مېنىڭ نادانلىقىمنىڭ جازاسىنى تار-تىشىمدۇر.

سىراساماخوس: سەن تولىمۇ ساددا. شۇڭا، كۆپ ئۆگىنىشىڭ كېرەك، بىراق جەرىمانە ئالماي قويمايمىز.

سوقرات: جەرىمانىنى پۇل بولسا ئالالايسەن.

گىلاۋكون: بۇنىڭدا مەسىلە يوق سىراسىماخوس، جەرىمانىدىن غەم قىلماي گېپىڭنى دەۋەرگىن، بىز سوقرات ئۈچۈن جەرىمانە بېرىشكە رازى.

سىراسىماخوس: قارا، سوقرات يەنە ھىيلە ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزى جاۋاب بەرمەيدۇ، باشقىلار سۆزلىسە ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ.

سوقرات: قەدىرلىك دوستۇم، مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەسىلىگە جاۋاب بەرگىلى بولامدۇ؟ بىرىنچىدىن، ئۇ بىلمەيدۇ ھەم بىلمەيدىغانلىقىغا ئۆزىمۇ ئىقرار. ئىككىنچىدىن، ئۇ بىر نەرسە دېمەكچى بولغاندا نوپۇز ئىگىسى ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ تورۇۋالدى. شۇ تاپتا، سەن سۆزلىسەڭ جايىدا بولىدۇ. چۈنكى، سەن بىلىمەن دېدىڭ ھەم جاۋابىم تەييار دېدىڭ. سەن ئۆزۈڭنى ئارتۇقچە تۇتۇۋالماي، گىلاۋكون ۋە ھەممىمىزگە تەلىمىڭنى ئايىمىغىن. مەن كۆپ مىننەتدار بولىمەن.

[گىلاۋكون ۋە باشقىلار سىراسىماخوسنىڭ جاۋاب بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئۇ ئەسلىدىلا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشقا تەييار ئىدى ھەم ئاقىلانە جاۋابىم بار دەپ ئويلاتتى. ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئۇ قەستەن مېنى سۆزلەتمەكچى بولدى ۋە ئاخىر ئۆزى سۆزلىدى.]

سىراسىماخوس: مانا بۇ سوقراتنىڭ ئاقىلانە تەرىپى، ئۇ ئۆگەتمەيدۇ، ھەممىشە باشقىلاردىن ئۆگىنىدۇ، ئاخىرىدا رەھمەتمۇ دەپ قويمايدۇ.

سوقرات: سىراسىماخوس، سەن مېنى ئۆگىنىدۇ دېدىڭ، بۇ راست. ئەمما، مېنى تەشەككۇر ئېيتمايدۇ، دېدىڭ، بۇ راست ئەمەس. تەشەككۇر ئىزھار قىلماقچى بولىمەن، ئەمما يېنىمدا بىر تىيىنمۇ بولمىغاچقا، تەشەككۇرۇم قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. مەن ياخشى جاۋاب بەرگەنلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى قەۋەت ياقتۇرىمەن. جاۋاب بەرگەندە بىلىپ قالىسەنكى، ياخشى جاۋاب بەرسەڭ ماختايمەن.

سىراسىماخوس: ئەمىسە، قۇلاق سال! ئادالەت باشقا نەرسە بول-

ماستىن، دەل كۆچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتىدۇر. ــ نېمىشقا چاۋاك چالماي تۇرىسەن؟ سەن ئەلۋەتتە، ئۇنداق قىلىشنى خالىمايسەن.

سوقرات: مەن سېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىڭنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئىپادە بىلدۈرەلەيمەن. ھازىرچە چۈشەنمىدىم. سىراسماخوس، سەن كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتى ئادالەتتۇر، دېدىڭ، بۇ زادى نېمە دېگىنىڭ؟ پۇلىداماس بىر تەنھەرىكەتچى بولغاچقا، بىزگە نىسبەتەن كۈچلۈك. كالا گۆشى يېيىش ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئۆزى ئادالەت؛ بىزدەك ئاجىزلارغىمۇ كالا گۆشى پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئادالەتسىزلىك. سەن مۇشۇنداق دېمەكچىمۇ؟

سىراسماخوس: سەن نېمىدېگەن رەزىل، سوقرات! سەن سۆزنى لېيىتىپ، مۇنازىرىگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتىسەن.

سوقرات: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. سۆيۈملۈك ئەپەندى، مەن پەقەت گېپىڭنى ئېنىق چۈشەنمەكچى.

سىراسماخوس: ھۆكۈمرانلارنىڭ بەزىسى مۇستەبىت، بەزىسى ئاددىي پۇقرادىن كېلىپ چىققان، يەنە بەزىسى ئاقسۆڭەكلەردىن كېلىپ چىققان. سەن بۇنى بىلمەيسەن؟

سوقرات: نېمىشقا بىلمەيمەن؟

سىراسماخوس: ھۆكۈمەت شەھەر دۆلىتىنىڭ ئىدارە قىلغۇچىسى، شۇنداقمۇ؟

سوقرات: ھەئە.

سىراسماخوس: كىم كۈچلۈك بولسا شۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ھەربىر ھۆكۈمران ئۆزىگە پايدىلىق قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىدۇ، پۇقرالار ھۆكۈمىتى دېموكراتىك قانۇننى تۈزۈپ چىقىدۇ، مۇستەبىت ھۆكۈمەت مۇستەبىت قانۇننى تۈزۈپ چىقىدۇ ۋەھاكازالار. ئۇلار تۈزۈپ چىققان قانۇنلىرى ئارقىلىق كۆپچىلىككە شۇنى ئۇچۇق جاكارلىدى: ھۆكۈمەتكە پايدىلىق بولغان نەرسە پۇقرا ئۈچۈن ئادالەت. كىم ئۇنىڭغا بويسۇنمايدىكەن ئۇ قانۇن ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ ھەم ئادالەتسىزلىك سادىر قىلغان بولىدۇ-

دۇ. شۇڭا، مەن ئېيتىمەنكى، ھەرقانداق دۆلەتتە، ئادالەت دېگىنى-
مىز ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ مەنپەئەتىدىن ئىبارەت. ھۆكۈ-
مەتتە ھوقۇق بولغان بولىدۇ، شۇڭا بىردىنبىر مۇۋاپىق يەكۈن
مۇنداق بولىدۇ: ھەرقانداق يەردە كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتى ئادالەت
بولىدۇ.

سوقرات: دېمەكچى بولغىنىڭنى چۈشەندىم. بىراق، توغرىمۇ —
خاتامۇ تەتقىق قىلىپ باقاي. سىراسماخوس، سەن بايا ئادالەت مەن-
پەئەتتۇر دېدىڭ. ئەمما، مېنىڭ شۇنداق دېيىشىمگە يول قويمىدىڭ.
سەن «مەنپەئەت» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا «كۈچلۈكلەر» دېگەن
شەرتنى قوشتۇڭ.

سىراسماخوس: بۇ ئانچە مۇھىم بولمىغان شەرت.

سوقرات: مۇھىم — مۇھىم ئەمەسلىكىگە ھازىرچە بىر نېمە دې-
يىش تەس. بىراق، سېنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ توغرا — خاتالىقى
ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز كېرەك. بىلىش كېرەككى، «ئادالەت مەنپە-
ئەتتۇر» دېگەن سۆزنى مەنمۇ ياقلايمەن. بىراق، سەن «كۈچلۈكلەر»
دېگەن شەرتنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، چۈشىنەلمەي قالدىم، ياخ-
شىراق ئويلىنىپ باقاي.

سىراسماخوس: تازا ئويلان!

سوقرات: سەن ھۆكۈمرانلارغا بويسۇنۇش ئادالەتتۇر، دېدىڭمۇ؟

سىراسماخوس: شۇنداق.

سوقرات: ھۆكۈمرانلار ھەمىشە توغرا قىلامدۇ ياكى خاتالىقمۇ
ئۆتكۈزەمدۇ؟

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە، خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئۇلار قانۇن تۈزگەندە بەزىلىرى يوللۇق، بە-
زىلىرى يولسىز بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۆزىگە پايدىلىق قانۇن توغرا، ئۆزىگە پايدىسىز قانۇن
خاتا بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: سەن ئېيتقان قائىدە بويىچە بولغاندا، كۈچلۈكلەرگە پايدىلىق قانۇنلارغا بويسۇنۇش ئادالەت بولغىنىدەك، كۈچلۈكلەرگە پايدىسىز قانۇنلارغا بويسۇنۇشمۇ ئادالەت بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟

سوقرات: مەن پەقەت دېگەنلىرىڭنى تەكرارلىدىم، خالاس. بىز يەنە تەپسىلىيرەك ئويلىنىپ كۆرەيلى. ھۆكۈمرانلار بەزىدە پۇقرالارغا ئەمر قىلغاندا، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپلىق قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، پۇقرالار ئۇلارنىڭ ئەمرلىرىنى ئاڭلىشى كېرەك، چۈنكى، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشى ئادالەت بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا بىز ئوخشاش قاراشتىمۇ دەيمەن؟

سىراسماخوس: ھەئە.

سوقرات: يەنە ئويلىنىپ باق. سېنىڭ دېگەنلىرىڭ بويىچە، ئادالەت بەزىدە ھۆكۈمرانلارغا، يەنى كۈچلۈكلەرگە پايدىسىز بولۇپ قالىدۇ. ھۆكۈمرانلارمۇ بەزىدە ئىستىخىيەلىك ھالدا ئۆزىگە زىيانلىق تەدبىرلەرنى چىقىرىپ قويىدۇ. سەن يەنە ھۆكۈمرانلار بەلگىلىگەن تەدبىرگە ھۆرمەت قىلىش ئادالەت دېگەن ئىدىڭ. ئەقىللىك سىراساخوس، ئۇنداقتا، بۇ سەن باشتا ئېيتقان ئادالەت ھەققىدىكى تەبىرىڭ بىلەن زىتمۇ قانداق؟ بۇ كۈچلۈكلەرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە كەلتۈرگەن زىيان بولمامدۇ؟

پولىماركوس: سوقرات، دېگەنلىرىڭ ناھايىتى روشەن بولدى.

كىلىستوفون: (سۆز قىستۇرۇپ) ئۇنداقتا سەن گۇۋاھچى بولۇپ بەرگىن.

پولىماركوس: گۇۋاھچىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھۆكۈمرانلار بەزىدە ئۆزىگە زىيانلىق تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، پۇقرالارنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىنى ئادالەت دەيدۇ، سىراسماخوس بۇنىڭغا ئىقرار.

كېلىستوفون: پولىماركوس! سىراسماخوس پەقەت ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشلا ئادالەت دېدى شۇ.

پولىماركوس: توغرا، كېلستوفون! ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتى ئادالەتتۇر، دېدى. بۇ ئىككى مەزمۇندىن كېيىن، يەنە ئۇ شۇنى ئېتىراپ قىلدىكى، كۈچلۈكلەر بەزىدە ئاجىزلار (ئۆزىنىڭ پۇقرالىرى) غا كۈچلۈكلەرنىڭ ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇ بويىچە بولغاندا ئادالەت كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتى، شۇنداقلا، كۈچلۈكلەرنىڭ زىيىنى.

كېلستوفون: ئاتالمىش كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتى بولسا، كۈچلۈكلەر ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قارىغان ئىش، يەنى ئاجىزلارغا تېڭىلغان ئىش. مانا سىراسماخوسنىڭ ئادالەتكە بەرگەن تەبىرى.

پولىماركوس: ئۇ بۇنداق دېمىدى.

سوقرات: ھېچقىسى يوق. ئەگەر سىراسماخوس ھازىر شۇنداق دېسە، بىز بۇنى ئۇنىڭ ئەسلىي دېمەكچى بولغىنى شۇنداق دەپ چۈشىنىۋېرىمىز. سىراسماخوس، سەن دەۋاتقان ئادالەت كۈچلۈكلەر نەزەرىدىكى مەنپەئەت ئەمەس، مەيلى سەن شۇنداق دېگىن ياكى دېمىگىن، بىز ئۇنى سېنىڭ پىكرىڭ تەرىقىسىدە چۈشەنسەك بولامدۇ؟

سىراسماخوس: ھەرگىز بولمايدۇ. سەن مېنى خاتالاشقان بىر ئادەمنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەندىكى ھالىتىنى كۈچلۈك دېدى دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟

سوقرات: مېنىڭچە، سەن شۇنداق دېدىڭ. چۈنكى، سېنىڭچە بولغاندا، ھۆكۈمران ھەممىشە توغرا قىلمايدۇ، بەزىدە خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. سەن شۇنداق دېدىڭغۇ؟

سىراسماخوس: سوقرات، سەن راستىنلا سەپسەتىۋاز ئىكەنسەن. دوختۇر كېسەلنى خاتا داۋالىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى دوختۇر دەمسەن؟ بوغالتىر خاتا ھېسابلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى بوغالتىر دەمسەن؟ ئۇنداق ئەمەس. بۇ بىر مۇجمەل گەپ، ئۇلاردا خاتالىق بولسىمۇ، بىز ئۇلارنى پالانى دوختۇر، پوكۇنى بوغالتىر، پالانى

يازغۇچى دەپ تونۇلايمىز. ئەسلىدە، ئۇلار ئىسمى جىسمىغا لايىق هالدا خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك. قاتتىق تەلەپ بويىچە ئېيتقاندا، (سەنمۇ بۇنى خالايسەن) سەنئەتكار ياكى هۈنەرۋەن بولامدۇ ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكى لازىم. بىلىش كېرەككى، بىلىم يېتەرلىك بولمىغاندا خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. خاتالىق قانچىلىك دەرىجىدە بولسا، ئۇ ئۆز نامى بىلەن شۇنچىلىك دەرىجىدە زىتلىشىدۇ. هۈنەرۋەن، پەيلاسوپ، هۆكۈمدار دېگەنلەرنىڭ هەممىسى شۇنداق. ھەقىقىي ھۆكۈمدار خاتالىق سادىر قىلمايدۇ، ئۇ ئۆزىگە ئەڭ پايدىلىق بولغان تۈزۈلۈك تەدبىرلەرنى، بەلگىلىمىلەرنى پۇقرالارغا چاقىرىق قىلىدۇ. شۇڭا، هازىرمۇ دەيمەنكى، ئادالەت كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتىدۇر.

سوقرات: ناهايىتى ياخشى. سىراسماخوس، سېنىڭچە، مەن نەيرەڭۋازغا ئوخشامدىم؟

سىراسماخوس: راستتىنلا ئوخشايسەن.

سوقرات: قارىغاندا، سېنى ئەتەي قىيناش ئۈچۈنلا سوئال سوراپتىمەن ـ دە؟

سىراسماخوس: مەن كۆڭلۈڭدىكىنى بىلگەن، سەن مەندىن پايدا ئالالمايسەن. ئالدايمەن ۋە قايىل قىلىمەن، دەپ ئاۋارە بولما.

سوقرات: توۋا، خۇدايىم، قانداقمۇ پېتىناي. ئۇقۇشماسلىق يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئېنىق دەپ بەرگىنكى، سەن ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ دېگىنىڭدە، سەن دەۋاتقان كۈچلۈكلەر ياكى هۆكۈمرانلار ئادەتتىكى مەنىدە ئېيتىلغانمۇ ياكى قەتئىي مەنىدە ئېيتىلغانمۇ؟

سىراسماخوس: قەتئىي مەنىدە ئېيتىلغان. بولىدۇ، نەيرەڭلىرىڭنى ئىشلىتىۋەر. هەرگىز بوش قويما. ئەپسۇسكى، سەن توگەشتىڭ.

سوقرات: سىراسماخوستەك كاتتا سوفىست[1] نىڭ ئالدىدا كۆ-

رەڭلەشكە نىمە ھەددىم، مەن سارالڭ ئەمەس.

سىراسماخوس: سەن بايا ھۆنەرۋەنلەرنىڭ ئىشلەتمەپ كۆردۇڭ. ئىراق، مەغلۇپ بولدۇڭ.

سوقرات: بولدى، ۋالاقلىما. قېنى دېگىنە، قەتئىي مەنىدە ئېيتقاندا دوختۇر پۇل تاپامدۇ ياكى كېسەل كۆرەمدۇ؟ سەمىگىدە بولسۇنكى، مەن ھەقىقىي دوختۇرنى دەۋاتىمەن.

سىراسماخوس: ھەقىقىي دوختۇر كېسەل كۆرىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا رولچىچۇ؟ ھەقىقىي رولچى ماتروسلارنىڭ رەھبىرىمۇ ياكى ئاددىي ماتروسمۇ؟

سىراسماخوس: رەھبىرى.

سوقرات: ئۇ دېڭىزدا يۈرسۇن ياكى يۈرمىسۇن، بەربىر ماتروس دەۋېرىمىز. بىزنىڭ ئۇنى رولچى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇ دېڭىز سەپىرىگە چىقمىسىمۇ، ماھارىتى بار ھەم رەھبەرلىك سالاھىيىتى بار.

سىراسماخوس: بۇنىسىغۇ راست.

سوقرات: ھەر بىر ھۈنەرنىڭ ئۆزىگە لايىق مەنپەئەتى بار، شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: ھەئە.

سوقرات: ھەرقانداق ھۈنەر تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە خاس مەنپەئەتنى ئىزدەيدۇ ۋە ئۇنى تەمىنلەيدۇ.

سىراسماخوس: توغرا.

سوقرات: ھۈنەردە مۇكەممەللىكتىن باشقا مەنپەئەتمۇ بولامدۇ؟

سىراسماخوس: سەن زادى نېمىنى سورىماقچى؟

سوقرات: سەن مەندىن تەننىڭ تەن بولۇشىلا كۇپايىمۇ ياكى ئۇ يەنە باشقا نەرسىگە موھتاجمۇ دەپ سورىساڭ، مەن، ئەلۋەتتە، باشقا نەرسىگە موھتاج دەپ جاۋاب بېرىمەن. تېببىي ئىلمىنىڭ پەيدا بو-

① سىراسماخوس ــــ سوفىستىك پەيلاسوپ.

لۇشمدىكى سەۋەب شۇكى، تەندە كەمچىللىك بولىدۇ، ئۇ ئۆزىگە تا-يىنىپ ياشىيالمايدۇ، تەننىڭ مەنپەئەتىنى قانائەتلەندۇرۇش ئۈچۈن تېبابەت ئىلىمى پەيدا بولغان. سەن شۇنداق دېيىشنى توغرا، دەپ قارامسەن؟

سىراسىماخوس: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: تېبابەتنىڭ ئۆزىدە كەمچىللىك بارمۇ؟ ھەرقانداق ھۇ-نەردە مەلۇم پەزىلەت ۋە فۇنكسىيە كەمچىل بولامدۇ؟ مەسىلەن، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى، قۇلاقنىڭ ئاڭلاش قۇۋۋىتى كەمچىل بولغاچقا، بۇ جەھەتتە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە توغرا كەلگەندەك. بۇنداق تولۇقلاش خاراكتېرىدىكى ھۈنەرنىڭ ئۆزىدىمۇ كەمچىللىك بار بولۇپ، باشقا ھۈنەر ئارقىلىق تولۇقلاشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. تولۇقلاش ھۈنىرى يەنە باشقا بىر ھۈنەرنىڭ تولۇقلىشىغا موھتاج بولىدۇ. بۇ جەريان ئاشۇ خىل يوسۇن بويىچە چەكسىز داۋام قىلام-دۇ؟ ھەربىر ھۈنەر ئۆز مەنپەئەتىنى ئىزدەمدۇ؟ ياكى ئۆزىنىڭ ۋە باشقا ھۈنەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى ئىزدەپ تولۇقلىشىغا موھتاج ئە-مەسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ھۈنەر تاكامۇل بولىدۇ. ھۈنەر ئۆز ئوبيېكتى-نى ئىزدەشتىن باشقا يەنە باشقا نەرسىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئىزدە-مەسلىكى كېرەك. قەتئىي مەنىدىكى ھۈنەر ئۆز ماھىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ ھەم پۈتۈنلەي توغرا بولىدۇ. سېنىڭچە شۇنداقمۇ؟ — بىز بۇنى سەن دەۋاتقان قەتئىي مەنىدە دەۋاتىمىز.

سىراسىماخوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، تېبابەتنىڭ ئىزدەيدىغىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئە-تى بولماستىن، بەلكى، ئادەم بەدىنىگە قارىتا مەنپەئەت.

سىراسىماخوس: توغرا.

سوقرات: چەۋەندازلىقنىڭ ئۆزىدىكى مەنپەئەتنى كۆزلىمەيدۇ، بەلكى، ئاتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدۇ. ھۈنەر باشقا نەرسە ئۈچۈن بولمىغان ئىكەن، ھەرقانداق ھۈنەر ئۇنىڭ ئۆزى ئۈ-چۈن ئەمەس، بەلكى، ئوبيېكتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

سىراسماخوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: لېكىن، سىراسماخوس، ھۈنەر ئۆز ئوبيېكتىنى چەك-لەيدۇ ھەم ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

[سىراسماخوس قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈردى، بىراق زورىغا قوشۇلغاندەك تۇراتتى.]

سوقرات: كۆچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتىنىلا دەپ، ئاجىزلارنىڭ مەن-پەئەتى بىلەن كارى بولمايدىغان پەن مەۋجۇت ئەمەس.

[سىراسماخوس رەددىيە بەرمەكچى بولدى، بىراق ئاخىر قو-شۇلدى.]

سوقرات: دوختۇر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىزدەمدۇ ياكى بىمار-نىڭ مەنپەئەتىنى ئىزدەمدۇ؟ — بىز ئالىبۇرۇن قوشۇلدۇقكى، ھەقىقىي دوختۇر پۇل تاپمايدۇ، بەلكى ئادەم بەدىنىگە مەسئۇل بو-لىدۇ. بۇ جەھەتتىكى پىكرىمىز بىردەكمۇ ـ قانداق؟

سىراسماخوس: بىردەك.

سوقرات: رولچى ئادەتتىكى ماتروس بولماستىن، بەلكى ماتـ-روسلارنىڭ باشقۇرغۇچىسى، شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: شۇنداق.

سوقرات: رولچى ۋە باشقۇرغۇچى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە ئەمەس، بەلكى قول ئاستىدىكى ماتروسلارنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

[سىراسماخوس تەستە قوشۇلدى.]

سوقرات: سىراسماخوس، ھەرقانداق ھۆكۈمەتتە، بىر ھۆكۈمدار ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەندە، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئويلاپ، پۇقرا-لىرىنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايدۇ، ئۇ بارلىق سۆز ـ ھەرىكىتىدە پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىشى لازىم.

[مۇزاكىرە بۇ يەرگە كەلگەندە، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى چۈ-شەندى. ئادالەتنىڭ كونا تەبىرى كۆمتۈرۈلدى، سىراسماخوس جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا سوئال سورىدى.]

سىراسماخوس: ئېيتقىنا، سوقرات، ئېمىكئاناڭ بارمۇ؟

سوقرات: غەلىتە ئىش! جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىگە جاۋاب بەرمەي، مۇناسىۋەتسىز بىر سوئالنى سورىدىڭغۇ؟

سىراسماخوس: چۈنكى، بۇرنۇڭ ئېقىپ قالسىمۇ ئۇنىڭ كارى بولماپتۇ، ھەتتا، ئۇ قوي بىلەن پادىچىنىڭ پەرقىنىمۇ بىلدۈرمەپتۇ.

سوقرات: نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى قىلىسەن؟

سىراسماخوس: سېنىڭ نەزىرىڭدە پادىچىنىڭ قوي ـ كالىلارنى سەمرىتىشى ئۆزى ياكى خوجايىنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى قوي ـ كالىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولىدىكەن. سېنىڭچە، ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمدارلىرى ھەقىقىي ھۆكۈمدار بولسا، ئۆز خەلقىنى پادا قاتارىدا كۆرمەيدۇ: سېنىڭچە، ئۇلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس. سېنىڭ ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك، ئادىل ۋە نائادىللارنى چۈشىنىشىڭگە تالاي مۇساپە بار ئىكەن. ئادالەت ۋە ئادالەتلىك كىشى كۈچلۈك ھۆكۈمدار ئىلكىدە بولۇپ، ھۆكۈمدارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سەن بۇنىمۇ چۈشەنمەيدىكەنسەن. ئادالەتسىزلىك دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاشۇ ياۋاش تەبىئەتلىك ياخشى ئادەملەرنى باشقۇرىدۇ. پۇقرالار ئەمەلدارلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلىدۇ، ئەمما ئۆزلىرى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئى ساددا سوقرات، قېنى، ئويلاپ باقمامسەن، ئادالەتلىك كىشى بىلەن ئادالەتسىز كىشىنى سېلىشتۇرساق، ئادالەتلىك كىشى زىيان تارتىپ كەلگەن. ئاۋۋال سودىگەرلىكنى مىسال قىلايلى! ئادالەتلىك كىشى بىلەن ئادالەتسىز كىشى ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىپ، پايدا ئۈلىشىدىغان چاغدا قارىساڭ، ئادالەتلىك كىشى كەم ئېرىشىدۇ. ئەمدى ھۆكۈمەت ئىشىنى ئالايلى. باج تۆلەيدىغان چاغدا، ئىككىسىنىڭ كىرىمى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئادالەتلىك كىشى باجنى كۆپ تاپشۇرسا، ئادالەتسىز كىشى ئاز تاپشۇرىدۇ. پۇل ئۈلىشىشكە توغرا كەلگەندە، ئادالەتلىك كىشى بىر تىيىننىمۇ ئېرىشەلمەي، ئادالەتسىز كىشى ھەممىنى سۈپۈرۈپ ئالىدۇ. ھۆكۈمەت

خىزمىتىدە ئادالەتلىك كىشى ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى قىلىشقىمۇ ئۇلگۈرەلمەيدۇ. ئۇ ئادالەتلىك بولغانلىقى-دىن، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشنى بىلمەي، دوست ـ بۇرادەرلى-رىنى رەنجىتىپ قويىدۇ، ئۇلارنى دەپ يامان قىلمىشلارنى خالىماي-دۇ. ئادالەتسىز كىشى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. مەن بۇ يەردە بايا ئېيتقاندەك، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشنى بىلىدىغان ئادەملەر-نى دەۋاتىمەن. ئەگەر سەن چۈشەنسەڭ، ئادالەتسىز بولۇش ئادالەت-لىك بولۇشقا قارىغاندا كۆپ پايدىلىق. سەن مۇشۇنداق ئادەم ئۈس-تىدە ئويلاپ باق. رادىكاللراق مىسال كەلتۈرسەڭ، تېخىمۇ چۈشى-نىسەن: ئەڭ ئادالەتسىز ئادەم ئەڭ خۇشال ئادەم، يامان ئىشنى راۋا كۆرمىگەن ئەڭ ئازابلىق ئادەم. چېكىدىن ئاشقان ئادالەتسىزلىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈشتىكى زوراۋانلىقتۇر. شۇنداقلا باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغۇرلاپ ياكى ئاددىي بولۇشى-دىن، ھۆكۈمەت ياكى شەخسنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تالان ـ تاراج قىلىشتۇر. ئاددىي كىشىلەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە، جازالى-نىپلا قالماي، يەنە نام ـ شەرىپىدىنمۇ ئايرىلىدۇ، ئۇ كىشىلەر تە-رىپىدىن يولدىن چىققان، قاراقچى، كاززاپ، ئالدامچى، ئوغرى دەپ ئەيىبلىنىدۇ. لېكىن، خەلقنىڭ بايلىقىنى تالان ـ تاراج قىلىپلا قالماي، يەنە خەلقنىڭ تېنى ۋە ئەركىنلىكىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋال-غانلار ئەيىبلىنىش تۇگۇل، ھەتتا تەلەيلىك دەپ ماختىلىدۇ. ئۇلار-نىڭ قول ئاستىدىكىلىرى شۇنداق دېيىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن خەۋەردار بولغان باشقىلارمۇ شۇنداق دەيدۇ. ئا-دەتتىكى ئادەملەر ئادالەتسىزلىك قىلىشتىن قورقۇپ ئەمەس، بەل-كى، ئادالەتسىزلىك قىلىشنىڭ زىيىنىدىن قورقۇپ ئادالەتسىزلىك قىلمايدۇ. سوقرات، چوڭراق ئادالەتسىزلىك ئادالەتكە قارىغاندا قۇدرەتلىك، كۆڭۈللۈك ۋە ھەيۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، باشتا دېگەن ئىدىمكى، ئادالەت كۈچلۈكلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئادالەت-سىزلىك بىر شەخس ئۈچۈن پايدىلىق ۋە مەنپەئەتلىك.

[سىراسماخوس خۇددى مۇنچا خىزمەتكارىدەك، گەپ ـ سۆز-لەرنى ئۇستىباشلىرىمىزغا چىپلەكلەپ قويۇپ، قولاقلىرىمىزنى توشقۇزۇۋەتتى. ئۇ سۆزلەپ بولۇپ، پېشىنى قېقىپ كەتمەكچى بو-لۇۋىدى، ئولتۇرغانلار يول قويماي، ئۆز تەشەببۇسىنى ئاقلاشنى تە-لەپ قىلىشتى. مەنمۇ ئۆتۈندۈم. ]

سوقرات: چېچەن سىراسماخوس، پىكىرلىرىڭنى بايان قىلىپ، ئىلتىپات كۆرسەتتىڭ. پىكرىڭ توغرىمۇ ـ خاتامۇ، تېخى ئىس-پاتلانمىدى ھەم رەت قىلىنمىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق كېتمەن دەۋاتىسەن. دېگەنلىرىڭنى كىچىك ئىش دەپ قارامسەن؟ ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ھايات يولىغا، يەنى قانداق ئادەم بولۇش ئەڭ يوللۇق دې-گەن مەسىلىگە چېتىلىدىغان تۇرسا.

سىراسماخوس: سەن مېنى بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەيدۇ، دەپ قارامسەن؟

سوقرات: سەن بىزگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغاندەك قىلىسەن. سەن ئۆزۈڭدە بار دەپ قارىغان ئەقىل ـ پاراسەت بىزدە بولمىغاچقا، ئا-دەم بولۇشتا نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمەيمىز. سەن بۇ ئىشقا كۆڭۈلشىمىدىڭ. بىزنى يېتەكلەپ قويغىن، بىزگە قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ جاۋابىنى ھامان قايتۇرىمىز. ساڭا ئېيتىپ قوياي، سەن مېنى تېخى قايىل قىلالمىدىڭ. ھېچقانداق چەكلىمە بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ئادالەتسىزلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلسا، ئۇ-نىڭ ئادالەتكە قارىغاندا پايدىلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن. دوس-تۇم، كىشىلەرنى يامان ئىشلارغا ئۈندەش، ئالدامچىلىق ۋە زوراۋاذ-لىققا دالالەت قىلىشلارنىڭ ئادالەتكە قارىغاندا پايدىلىق ئىكەنلى-كىگە زادىلا ئىشەنمەيمەن. يالغۇز مەنلا ئەمەس، ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنداق قارايدۇ. ئۇنداق قىلماي، بىزگە يول كۆرسەت-كىن، بىزگە ئادالەت ئادالەتسىزلىككە قارىغاندا پايدىلىق دېگەن ھۆكۈممىزنىڭ خاتا يېرىنى ئىسپاتلاپ بەرگىن.

سىراسماخوس: گەپلىرىمنىڭ بىر ئېغىزىمۇ قۇلىقىڭغا كىر-

مىسە، سېنى قانداقمۇ قايىل قىلاي. مەندە يەنە نېمە ئامال؟ قائىدى-لىرىمنى مېڭەڭگە قاچىلاپ قويسام بولاتتىمۇ.

سوقرات: ۋاي - ۋۇي، ياقەي. بىراق، دېگەن گېپىڭدىن يې-نىۋالما. ئەگەر يېنىۋالمىدىغان يېرىڭ بولسا، ئوچۇقىنى ئېيت، كۆ-زىمىزنى بوياپ يۈرمىگىن سىراسماخوس، مۇنازىرىمىزگە كېلەيلى، باشتا سەن ھەقىقىي دوختۇرغا تەبىر بەرگەن ئىدىڭ، بىراق، پادى-چىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا تەبىر بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق دېدىڭ. سې-نىڭچە بولغاندا، پادىلارنىڭ قارنىنى تويغۇزغان كىشى پادىچىدۇر. ئۇ پادىلار ھەققىدە باش قاتۇرمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇ خۇددى نەپسىگۇر-لەرگە ئوخشاش مەززىلىك گۆشنى ياكى ئېلىپساتارلاردەك پۇلنى ئويلىسىلا بولىدۇ. لېكىن، مېنىڭچە بولغاندا، پادىچىلىق پادىلارغا تولۇق مەنپەئەت يەتكۈزۈشتۇر. چۈنكى، ھۈنەرنىڭ مۇكەممەللىكى، ئۇ يەتكۈزگەن مەنپەئەتنىڭ مۇكەممەللىكىدە. بىز بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق بىر قائىدىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. يەنى ھەرقانداق ھۆكۈمدار يۈرگۈزۈۋاتقان چاغدا مەيلى ئومۇمنىڭ ياكى شەخسنىڭ ئىشى بولسۇن، ئومۇمەن، قول ئاستىدىكى كىشى-لەر ئۈچۈن باش قاتۇرۇشى كېرەك. سېنىڭچە، دۆلەتلىرىنى چىن رەۋىشتە باشقۇرۇشنى خالايدىغانلار شۇنداق قىلىشنى راۋا كۆرەمدۇ؟

سىراسماخوس: كۆرمەيدۇ، مەن بۇنى بىلىمەن.

سوقرات: سىراسماخوس، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئادەتتىكى كىشىلەر ئادەم باشقۇرۇشنى خالاپ كەتمەيدۇ، سەن بۇنىڭغا دىققەت قىلدىڭ-مۇ؟ ئۇلار ھەق تەلەپ قىلىدۇ، سەۋەبى: ئۇلار ۋەزىپە ئۆتەش ئۆزلى-رىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقۇرۇلغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ھۈنەر ئوخشاشمايدۇ، بۇ-نىڭ سەۋەبى ھەرخىل ھۈنەردىكى فۇنكسىيەنىڭ ئوخشاشمىغانلىقى-دىنمۇ؟ سەن بۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرگىن. ئەقىللىق دوستۇم، ئۆ-زۈڭگە خىلاپ گەپلەرنى قىلما، ئۇنداق قىلساڭ مۇنازىرىمىزنى داۋام قىلدۇرالمايمىز.

سىراسماخوس: شۇنداق، پەرق مۇشۇ يەردە.

سوقرات: ئۇلار بىزگە ئالاھىدە ۋە ھەرخىل مەنپەئەتنى ئېلىپ كەلدىمۇ، مەسىلەن، تېبابەت سالامەتلىك، دېڭىزچىلىق سەپەردىكى ئامانلىق ئېلىپ كەلگەندەك.

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: پۇل تېپىش ھۈنىرى بىزگە پۇل ئېلىپ كەلدىمۇ؟ چۈنكى، پۇل پۇل تېپىشنىڭ فۇنكسىيەسى. تېبابەت بىلەن دېڭىز-چىلىق ئوخشاش ھۈنەرمۇ؟ سېنىڭ تەكىتلىرىڭ بويىچە قەتئىي مە-نىدە ئېيتساق، بىر رولچى دېڭىز سەپىرى قىلىپ تۇرغاچقا تېنى ساغلام بولدى، ئۇنداقتا ئۇنىڭ دېڭىزچىلىقىنى تېبابەت دېسەك بولامدۇ؟

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە، بولمايدۇ.

سوقرات: بىراۋ پۇل تېپىش ھۈنىرىنى قىلىش جەريانىدا ساغلام بولسا، سېنىڭ بۇ ھۈنەرنى تېبابەت دېمەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە، دېمەيمەن.

سوقرات: ئەگەر بىر ئادەم تېۋىپلىق قىلىپ پۇل تاپسا، سەن ئۇنىڭ تېبابەت ھۈنىرىنى پۇل تېپىش ھۈنىرى دەمسەن؟

سىراسماخوس: ياق.

سوقرات: ئۇبدان. بىز ئاللىبۇرۇن بىرلىككە كېلىپ بولدۇق: ھەرخىل ھۈنەرنىڭ مەنپەئەتى ئالاھىدە بولىدۇ.

سىراسماخوس: دۇرۇس.

سوقرات: ئەگەر بىرخىل مەنپەئەتنى ھەممە ئادەم تەڭ بەھرى-مەن بولسا، ئۇلار ئۆزىدىكى ھۈنەرلەرنى ئايرىم - ئايرىم ئىشلەت-كەن بولماي، بىرخىل ھۈنەرنى تەڭ ئىشلەتكەن بولىدۇ.

سىراسماخوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەققە ئېرىشىشى ئۇلار ئۆزلىرىدىكى ھۈنەرنى ئىشلەتكەندىن سىرت يەنە پۇل تېپىش ھۈنىرىنى ئىشلەت-كەنلىكىدىن بولغان دېسەك بولىدۇ.

[سىراسىماخوس تەستە قوشۇلدى. ]

سوقرات: ھەققە ئېرىشىشتىن ئىبارەت بۇنداق مەنپەئەت كەسپى ھۈنەرنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن ئەمەس، قەتئىي رەۋىشتە ئېيتقاندا، تېبابەت ساغلاملىقنى، پۇلپەزلىك مەنپەئەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، باشقىلىرىمۇ شۇنداق ــ ھەربىر ھۈنەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ئوبيېكتلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ھۈنەرۋەن ھەققە ئېرىشەلمىسە، ئۇ ئۆز كەسپىدىن مەنپەئەتكە ئېرىشەلەمدۇ؟

سىراسىماخوس: ئېرىشەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ.

سوقرات: خىزمەت قىلىپمۇ ھەققە ئېرىشەلمىسە، ئۇ ھەقىقەتەن مەنپەئەتكە ئىرىشەلمىگەن بولامدۇ؟

سىراسىماخوس: ئېنىق شۇنداق.

سوقرات: سىراسىماخوس، ئىش ئايدىڭ بولدى. ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھۈنەر ياكى ھۆكۈمدارلىق مەۋجۇت ئەمەس. ھەرقانداق ئىش دەل شۇ ئىشنىڭ ئوبيېكتى ئۈچۈن يەنى ئوبيېكتىنىڭ (ئاجىزلارنىڭ) مەنپەئەتى ئۈچۈن بولىدۇ، ھەرگىزمۇ كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس. بايا مەن ئېيتتىم، ھېچكىم باشقىلارنى ئىدارە قىلىمەن دەپ ئاۋارىچىلىككە قېلىشنى خالىمايدۇ.

ھۆكۈمدار بولغان ئەھۋالدا، ئۇ ھەق تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇ ھۆكۈمدارلىق ھۈنىرى دائىرىسىدە، پۈتۈن قابىلىيەتنى ئىشقا سېلىپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمدارلىق ئوبيېكتى ئۈچۈن بولىدۇ. كىشىلەرنى خىزمەت قىلىشقا ئۈندۈتۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ھەق بېرىش كېرەك، بۇ ھەق شان ـ شەرەپ ياكى مەنپەئەتتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئەگەر خىزمەت قىلىشنى خالىمىسا جازالاش كېرەك.

گىلاۋكون: سوقرات، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ شان ـ شەرەپ بىلەن مەنپەئەتنىڭ بىرخىل ھەق ئىكەنلىكىنىغۇ چۈشەندىم، ئەمما، جازانى ھەق دېسەڭ، بۇنى چۈشەنمىدىم.

سوقرات: مانا شۇنداق ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشىنى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىدۇ. سەن بۇنى ئۇقامسەن؟ شان ـ شەرەپ بىلەن مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىش نومۇس ئىش دەپ قارىلىدۇ، ھەقىقەتەن شۇنداق. سەن بۇنى ئۇقامسەن؟

گىلاۋكون: بىلىمەن.

سوقرات: شۇڭلاشقا، ياخشى ئادەملەر شان ـ شەرەپ ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەلدار بولۇشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئۆز كەسپى ئۈچۈن پۇل ئېلىپ، خەقنىڭ نەزىرىدە چاكىنىلىشىپ قېلىشنى خالىمايدۇ، شۇنداقلا ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، ساختىلىق قىلىپ، ئوغرى ئاتىلىپ قېلىشنى خالىمايدۇ، شان ـ شەرەپ ئۇلارنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ، چۈنكى، ئۇلار تەمەخور ئەمەس. شۇڭا، ئۇلارنى جازا ئارقىلىق ئەمەلدارلىققا مەجبۇرلاش لازىم. مەجبۇرلانماي تۇرۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدار بولغانلارنى كىشىلەرنىڭ كۆزگە ئىلماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇ ھۆكۈم يۈرگۈزمىگەن ئەھۋالدا باشقا بىر ناچار ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشى ئۇنىڭغا قارىتا ئەڭ چوڭ جازادۇر. مېنىڭچە، ياخشى ئادەملەر بۇخىل جازادىن قورقۇپ، ئامالسىز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلار ۋەزىپىنى شان ـ شەرەپ ۋە باياشاتلىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش ياخشى ئادەملەر ياكى ئۆزىدىنمۇ ياخشى ئادەملەر بولمىغاچقا ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەگەر پۈتۈن ئەل ياخشى بولسا ئىدى، ھازىرقى كىشىلەر ئەمەلدار بولۇشنى تالىشىۋاتقاندەكلا، ئۇلار ئەمەلدار بولماسلىقنى تالاشقان بولاتتى. ئەنە شۇ چاغدىلا ھەقىقىي ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھۆكۈمدار بولىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. بىلىم ئىگىلىرى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك بەدىلىگە باشقىلارغا ھىممەت كۆرسىتىشنى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ھىممەت كۆرسىتىشىنى خالايدۇ. شۇڭا، مەن سىراسىماخوسنىڭ «ئادالەت كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتى» دېگەن سۆزىگە قوشۇلمايمەن. بۇ ھەقتە كېيىن يەنە پاراڭلىشىمىز. ئۇنىڭ

ئادالەتسىز ئادەملەر ئادالەتلىك ئادەملەرگە قارىغاندا ياخشى كۈن كۆرىدۇ دېگەن سۆزى ئېغىر مەسىلە. گىلاۋكون، سەن كىمنىڭ پىكرىنى يوللۇق دەپ قارايسەن؟

گىلاۋكون: ئادالەتلىك كىشى ئەھمىيەتلىك ياشايدۇ.

سوقرات: سەن بايا سىراسماخوسنىڭ ئادالەتسىزلىكنىڭ ياخشى تەرەپلىرى ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

گىلاۋكون: ئاڭلىدىم، بىراق، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن.

سوقرات: بىز ئۇنى باشقىچە بىر يول بىلەن قايىل قىلىپ، سەۋەنلىكىنى تونۇتساق قانداق؟

گىلاۋكون: شۇنداق قىلايلى.

سوقرات: ئۇ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، بىزمۇ ئۇنىڭ ئەندىزىسى بويىچە، تەشەببۇسىمىزنى ئۇدۇل ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادالەتنىڭ ياخشى تەرىپىنى بايان قىلساق، ئۇ جاۋاب بەرسە، بىز ئىنكار قىلساق، ئاندىن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ياخشى تەرەپلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ سېلىشتۇرما ئېلىپ بارساق، بۇنىڭغا ئادىل بىر ھۆكۈم قىلغۇچى كېرەك بولىدۇ. ئەمما، بايا مۇزاكىرە قىلغىنىمىزدەك ئۆزئارا قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانساق، ئۆزىمىز ھەم ئاقلىغۇچى ھەم گۇۋاھچى بولغان بولىمىز.

گىلاۋكون: تامامەن.

سوقرات: سەن قايسى خىل ئۇسۇلنى ياقتۇرىسەن؟

گىلاۋكون: ئىككىنچى خىل ئۇسۇلنى ياقتۇرىمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، سىراسماخوس، باشتىن جاۋاب بەرگىن. سەن چەكتىن ئاشقان ئادالەتسىزلىك چەكتىن ئاشقان ئادالەتكە قارىغاندا پايدىلىق دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟

سىراسماخوس: مەن دېگەن، ھەم سەۋەبىنىمۇ چۈشەندۈرگەن.

سوقرات: سېنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى قارىشىڭ زادى قانداق؟ بەلكىم، ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ بىرىنى ياخشى، بىرىنى يامان دېيىشىڭ مۇمكىن.

سىراسماخوس: بۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: ئادالەت ياخشى، ئادالەتسىزلىك يامانمۇ؟

سىراسماخوس: دوستۇم، سەن راستتىنلا ئاق كۆڭۈل ئىكەن-سەن. ئادالەت زىيانلىق، ئادالەتسىزلىك پايدىلىق دەيدىغان ماڭا ئوخشاش ئادەمنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق گەپ چىقارمۇ؟

سوقرات: ئۇنداقتا، نېمە دېمەكچى ئىدىڭ؟

سىراسماخوس: دەل ئۇنىڭ ئەكسىنى دېمەكچى.

سوقرات: سەن ئادالەتنى جىنايەتتۇر دېمەكچىمۇ؟

سىراسماخوس: ياق، مەن ئادالەت تۇغما سەممىيلىك ۋە تۇغما ساددىلىقتۇر دېمەكچى.

سوقرات: ئۇنداقتا، سېنىڭچە، ئادالەتسىزلىك رەھىمسىزلىكمۇ؟

سىراسماخوس: ياق، ئادالەتسىزلىك ئاقىلانە ھۆكۈمدۇر.

سوقرات: سىراسماخوس، سەن ئادالەتسىزلىكنى راستتىنلا ئاقىلانە ھەم پايدىلىق دەپ قارامسەن؟

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە. ھېچبولمىغاندا نۇرغۇن دۆلەت ۋە خەلقلەرنى بويسۇندۇرغان رادىكال ئادالەتسىزلەرنى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. سەن مېنى ئادەتتىكى يامانلىقلارنى ئادالەتسىزلىك ھېسابلايدۇ دەپ ئويلىشىڭ مۇمكىن، بىراق، ئادەتتىكى يامانلىق، يەنى توخۇ ئوغرىلاشتەك ئۇششاق ئوغرىلىقمۇ تۇتۇلۇپ قالمىسىلا پايدىلىقتۇر. گەرچە بۇنى دۆلەت بويسۇندۇرۇشتەك چوڭ ئوغرىلىق بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ.

سوقرات: مەقسىتىڭنى خاتا چۈشەنگىنىم يوق. بىراق سەن ئادالەتسىزلىكنى پەزىلەت ۋە ئەقىل جۈملىسىگە كىرگۈزدۇڭ، ئادالەتنى بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر نېمە دېدىڭ. مەن بۇنىڭغا ئەجەبلەنمەي تۇرالمايمەن.

سىراسماخوس: مەن ھەقىقەتەن ئاشۇنداق تۇرلىدىم.

سوقرات: دوستۇم، ئازراق ئىمكانىيەت قالدۇرماي ھەممىنى كەسكىن دەۋەتسەڭ باشقىلار سەن بىلەن قانداق سۆزلىشەلەيدۇ؟

سەن ئادالەتسىزلىك پايدىلىق دەپ ھۆكۈم قىلىش بىلەن بىللە، ئۇ-نى باشقىلار ئېيتقاندەك بىرخىل رەزىللىك ۋە ئەخلاقسىزلىق دەپ ئېتىراپ قىلغان بولساڭ، ئادەتتىكى قائىدە بويىچە پارىڭىمىزنى داۋام قىلدۇرالايتتۇق. ئەمما، سەن ئېنىق ھالدا ئادالەتسىزلىك گۈزەللىك ۋە كۈچ دەپ تەشەببۇس قىلىۋاتىسەن. بىز ئادالەت دەپ ئويلاپ كەلگەن پەزىلەتلەرنى سەن ئادالەتسىزلىك ئىچىگە كىرگۈ-زۈۋاتىسەن. سەن نەقەدەر قاپ يۈرەك، ھەتتا، سەن ئادالەتسىزلىكنى پەزىلەت ۋە پاراسەت تىپىغا كىرگۈزمەكچى بولدۇڭ.

سىراسماخوس: سەن نېمانچە سەزگۈر.

سوقرات: نېمە دېسەڭ مەيلى. چىن كۆڭلۈڭدىن ئېيتساڭلا، مەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچمايمەن، ھەم داۋاملىق سۆزلىشىمەن. سىراسماخوس، مېنىڭچە، سەن چاقچاق قىلمىغاندەك تۇرىسەن، ھەقىقىي ئىدىيەڭنى نامايان قىلىۋېتىپسەن.

سىراسماخوس: بۇ مېنىڭ ھەقىقىي ئىدىيەم بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئۇنىڭ سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ سەن بۇنى ئاغدۇرۇۋېتەلەمسەن؟

سوقرات: توغرا دېدىڭ. بىراق، سەن يەنە بىر سوئالىمغا جاۋاب بېرىشنى خالامسەن؟ سېنىڭچە، ئادالەتلىك بىر كىشى باشقا بىر ئادالەتلىك كىشىدىن غالىب كېلەلەمدۇ ـ يوق؟

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە، غالىب كېلەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولسا، سەممىمىي ياخشى ئەرباب بولالمايدۇ.

سوقرات: ئۇ بەزى ئادالەتلىك ئىشلاردىن غالىب كېلەلەمدۇ؟

سىراسماخوس: ياق.

سوقرات: ئۇ ئادالەتسىز كىشىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلەمدۇ ۋە بۇنداق قىلىشنى پەقەت ئادالەتنىڭ ئىشى دەپ قاراپ قالامدۇ؟

سىراسماخوس: مۇمكىن، ئۇ ئامالىنىڭ بارىچە شۇنداق قىلىدۇ، بىراق، ئۇ غەلىبە قازىنالمايدۇ.

سوقرات: غەلىبە قىلىش ـ قىلماسلىقنى سورىمىدىم. شۇنى سورىماقچىمەنكى، ئادالەتلىك بىر كىشى ئۆزىگە بىر ئادالەتلىك

كىشىدىن غالىب كېلىشنى ئويلىمايدۇ، ئەمما، ئۇ ئادالەتسىز كىشىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئويلايدۇ، شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئادالەتسىز كىشى قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ ئادالەتلىك كىشى ۋە ئادالەتلىك ئىش ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئويلامدۇ؟

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە، ئويلايدۇ. بىلىش كېرەككى، ئۇ ھەممىدىن غالىب كېلىشنى ئويلايدۇ.

سوقرات: ئۇ باشقا ئادالەتسىز كىشى ۋە ئادالەتسىزلىكتىن غالىب كېلىپ، ئەڭ كۆپ پايدىنىڭ ئىگىسى بولۇشنى ئويلامدۇ؟

سىراسماخوس: ئويلايدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا بىز مۇنداق دېسەك بولىدۇ: ئادالەتلىك كىشى ئۆزىگە ئوخشاشلاردىن غالىب كېلىشنى ئويلىمايدۇ، بەلكى، ئۆزىنىڭ قارشىسىدىن غالىب كېلىشنى ئويلايدۇ. ئادالەتسىزلىك ئۆزىگە ئوخشاشلار ۋە ئوخشاش ئەمەسلەردىن بىراقلا غالىب كېلىشنى ئويلايدۇ.

سىراسماخوس: قالتىس سۆزلىدىڭ.

سوقرات: شۇنىڭ بىلەن ئادالەتسىز ئادەم چېچەن ھەم ياخشى بولۇپ چىقتى. ئادالەتلىك ئادەم ھاماقەت ۋە ناچار بولۇپ چىقتى.

سىراسماخوس: يەنە قالتىس سۆزلىدىڭ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئادالەتسىز كىشى ياخشى ۋە چېچەنلەر تىپىدىن بولدى، ئادالەتلىك كىشى ئۇنداق تىپلاردىن بولالمىدى، شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە، شۇنداق. ماھىيىتى ئوخشاش ئادەملەر بىر تىپقا كىرىدۇ. ماھىيىتى ئوخشاشمايدىغان ئادەملەر بىرخىل تىپتا بولمايدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئوخشاش تىپتىكى ئادەملەرنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولامدۇ؟

سىراسماخوس: نېمىشقا ئوخشاشمايدىكەن؟

سوقرات: ناھايىتى ئوبدان! سىراسماخوس، سەن بەزى ئادەملەرنى «مۇزىكىلىق»، بەزى ئادەملەرنى «مۇزىكىسىز» دەپ ئېيتالامسەن؟

سىراسماخوس: ئېيتالايمەن.

سوقرات: ئۇلارنىڭ قايسىسى «زېرەك»، قايسىسى «زېرەك» ئەمەس؟

سىراسماخوس: «مۇزىكالىقى» ئەلۋەتتە «زېرەك»، «مۇزىكىسىز»ى ئەلۋەتتە، «زېرەك» ئەمەس.

سوقرات: سەن بىر ئادەمنىڭ زېرەكلىكىنى ياخشى تەرەپ، زېرەك ئەمەسلىكىنى يامان تەرەپ دېيەلەمسەن؟

سىراسماخوس: دېيەلەيمەن.

سوقرات: بۇ گەپلەرنى دوختۇرلارغا تەتبىقلاشمۇ مۇمكىنمۇ؟

سىراسماخوس: مۇمكىن.

سوقرات: سېنىڭچە، بىر مۇزىكانت چالغۇسىنى تەڭشىگەندە، ئۇ باشقا مۇزىكانتلاردىن غالىب كېلىش ئۈچۈن تارىنى مەقسەتلىك تەڭشەمدۇ؟

سىراسماخوس: ناتايىن.

سوقرات: ئۇ غەيرىي مۇزىكانتلاردىن مەقسەتلىك ھالدا ئېشىپ كېتىشنى نىيەت قىلامدۇ؟

سىراسماخوس: چوقۇم شۇنداق.

سوقرات: دوختۇر قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ بىمارلارغا ئوزۇقلۇق بېرىشنى بەلگىلەش جەھەتتە، باشقا دوختۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تېببىي ھۈنىرىدىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلامدۇ؟

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئەمەس.

سوقرات: ئۇ غەيرىي دوختۇرلاردىن ئېشىپ كېتىشنى خالامدۇ؟

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە، خالايدۇ.

سوقرات: بىز بىلىم بىلەن نادانلىق ھەققىدە يەكۈن خاراكتېر-

لىك سۆھبەتلىشەيلى. سىنىڭچە، بىلىملىك بىر ئادەم سۆز ـ ھەـ
رىكەت جەھەتتە باشقا بىلىملىك كىشىلەردىن ئېشىپ كېتىشنى
ئويلامدۇ؟ بىلىملىك ئادەملەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئوخشاش
ئەھۋال ئاستىدا بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتەمدۇ؟

سىراسماخوس: چوقۇم ئوخشايدۇ.

سوقرات: بىلىمسىز ئادەملەرچۇ؟ ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئاقىللار ۋە
ھاماقەتلەردىن بىراقلا ئېشىپ كېتىشنى ئويلامدۇ؟

سىراسماخوس: ئويلىشى مۇمكىن.

سوقرات: بىلىملىك ئادەم زېرەك بولامدۇ؟

سىراسماخوس: زېرەك.

سوقرات: زېرەك ئادەم ياخشى بولامدۇ؟

سىراسماخوس: ياخشى بولىدۇ.

سوقرات: زېرەك ھەم ياخشى ئادەم ئۆزىگە ئوخشاش تىپتىكى ـ
لەردىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلىمايدۇ، بىراق، ئۆزىگە قارشى تىپ ـ
تىكىلەردىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلايدۇ. شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: بەلكىم، شۇنداقتۇ.

سوقرات: لېكىن، دۆت ھەم ناچار ئادەم ئۆزىگە ئوخشايدىغان ۋە
ئوخشىمايدىغان تىپتىكىلەردىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلايدۇ،
شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: ئېنىق شۇنداق.

سوقرات: سىراسماخوس، ئادالەتسىز ئادەم ئۆزىگە ئوخشايدىغان
ۋە ئوخشىمايدىغان تىپتىكىلەردىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلايدۇ دې ـ
گەن ئەمەسمىدىڭ؟

سىراسماخوس: مەن شۇنداق دېگەن.

سوقرات: سەن يەنە ئاداتلىك ئادەم ئۆزىگە ئوخشاش تىپتىكىلەر ـ
دىن ئېشىپ كېتىشنى خالىمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان
(قارشى) تىپتىكىلەردىن ئېشىپ كېتىشنى خالايدۇ، دېگەن

ئەمەسمىدىڭ؟

سىراساخوس: دېگەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئادالەتلىك كىشى زېرەك ھەم ياخشى كىشىلەر بىلەن ئوخشاش تىپقا كىرىدۇ، ئادالەتسىز كىشى دۆت ھەم ناچار ئادەم بىلەن ئوخشاش تىپقا كىرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

سىراساخوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: بىر ــ بىرىگە ئوخشايدىغان ئىككى ئادەمنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئوخشايدىغانلىقىغا بىز قوشۇلغانغۇ؟

سىراساخوس: قوشۇلغان.

سوقرات: ئەمدى ئايدىڭ بولدى ـــ ئادالەتلىك ئادەم زېرەك ھەم ياخشى، ئادالەتسىز ئادەم دۆت ھەم ناچار.

[سىراساخوسنىڭ يۇقىرىقى پىكىرلەرنى ئېتىراپ قىلىشى بىز بايان قىلغاندىكىدەك ئۇنچە ئاسان بولمىدى، ئۇ جاھىللىق بىلەن ئۆزاق قارشى تۇردى. شۇ چاغدا تومۇز بولۇپ، ئۇ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ئىدى، مەن ئۇنىڭ بۇنداق قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان. بىز ئادالەتنىڭ ئەقىل ۋە ياخشىلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە، ئادالەتسىزلىكنىڭ نادانلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، پارىڭىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.]

سوقرات: بۇ نۇقتا ھەل بولدى. بىراق، بىز ئادالەتسىزلىك كۈچتىن ئىبارەت دېگەن ئىدۇق. ئېسىڭدىمۇ سىراساخوس؟

سىراساخوس: ئېسىمدە، بىراق، دېگەنلىرىڭگە قوشۇلالمايمەن. مېنىڭ ئۆزۈمگە لايىق قارىشىم بار. مەن ئۇنى ئېيتسام، سەن جۆيلۈگەنلىك دەپ تۇرىۋالىسەن. مەن ئىختىيارىي سۆزلەي ياكى سەن سورا مەن جاۋاب بېرەي. بىراق، سەن نېمىلا دېگىن، مەن «خوپ ـ خوپ!» دەپ بېشىمنى لىڭشىتىمەن ياكى چايقايمەن. خۇددى ھېكايىچىنىڭ مومايىنى بەزلىگىنىدەك.

سوقرات: قوشۇلمىساڭ ئۆزۈڭنى قىستىما.

سىراساخوس: سۆزلىگىنى قويمىدىڭ، ھەممىسى دېگىنىڭچە بولدى، يەنە ساڭا نېمە كېرەك؟

سوقرات: ھېچنېمە كېرەك ئەمەس. قەتئىي نىيەتكە كەلگەن بولساڭ، مەن سوراۋېرەي.

سىراساخوس: سوراۋەرگىن.

سوقرات: باشتىكى سوئالنى تەكرارلايلى، بۇ ئارقىلىق ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ پايدا - زىيىنى ھەققىدە قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەيلى. سەن باشتا ئادالەتسىزلىك ئادالەتكە قارىغاندا كۈچلۈك دېگەن ئىدىڭ، ئەمدى ئادالەتنىڭ ئەقىل ۋە ياخشىلىق ئىكەنلىكى، ئادالەتسىزلىكنىڭ نادانلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭدىن ھەممە ئادەم بىلەلەيدۇكى، ئادالەت ئادالەتسىزلىكتىن كۈچلۈك (قۇدرەتلىك)، بىراق، مەن مەسىلىنى ئېرەنسىزلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىمايمەن. مەن شۇنى سورىماقچى: دۇنيادا ئادالەتسىز دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ئادالەتسىز ۋاسىتىلەر بىلەن باشقىلارنىڭ دۆلىتىنى بېسىۋالىدۇ، ھەتتا، نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئېزىشى ئاستىغا ئالىدۇ، سەن بۇ پىكىرنى ئېتىراپ قىلامسەن؟

سىراساخوس: ئەلۋەتتە، ئېتىراپ قىلىمەن. بولۇپمۇ ئەڭ ياخشى بولغان يەنى ئەڭ ئادالەتسىز بولغان دۆلەت ئۇنداق ئىشلارغا ئاسانلا قادىر بولالايدۇ.

سوقرات: چۈشەندىم، بۇ سېنىڭ نەزەرىيەڭ. بىراق، مېنىڭ ئويلايدىغىنىم شۇكى، بۇ دۆلەت باشقا دۆلەتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ دۆلەتنى ئادالەتسىزلىككە تايىنىپ قوغدامدۇ ياكى ئادالەتكە تايىنىپ قوغدامدۇ؟

سىراساخوس: ئەگەر سەن بايا ئېيتقان «ئادالەت ئەقىلدۇر» دېگەن گېپىڭ توغرا بولسا، ئادالەت زۆرۈر بولىدۇ. ئەگەر مېنىڭ گېپىم توغرا بولسا ئادالەتسىزلىك زۆرۈر بولىدۇ.

سوقرات: سىراساخوس، مەن ناھايىتى خۇرسەن، سەن بېشىڭنى لىڭشىتىش ياكى چايقاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە ياخشى

جاۋاب قايتۇردۇڭ.

سىراسماخوس: بۇ سېنى خورسەن قىلىش ئۈچۈن.

سوقرات: كۆڭلۈڭگە رەھمەت، مۇنۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، يەنە بىر خورسەن قىلسۇەتكىن: بىر دۆلەت، بىر ئارمىيە ياكى بىر قاراقچىلار توپى ۋە ياكى ھەرقانداق بىر گورۇھ ئادالەتكە زىت ئىشلارنى قىلماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەت دېگەن نەرسە بولمىسا، سېنىڭچە، ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنالامدۇ؟

سىراسماخوس: چوقۇم نەتىجە قازىنالمايدۇ.

سوقرات: ئەگەر ئۇلار ئادالەتسىز ئۇسۇللارنى قوللانمىسا، نەتىجە ياخشى بولامدۇ؟

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە، ياخشى بولىدۇ.

سوقرات: سىراسماخوس، چۈنكى، ئادالەتسىزلىك ئۇلارنى پارچىلايدۇ، بىر - بىرىگە ئۆچ قىلىدۇ، ئۇرۇشتۇرىدۇ، ئەكسىچە، ئادالەت بولسا ئۇلارنى دوستقا ئايلاندۇرىدۇ، ماسلاشتۇرىدۇ. شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: شۇنداقمۇ دەپ تۇرايلى. سېنى قىيناشنى خالىمايمەن.

سوقرات: تەشەككۇر. قېنى دەپ باققىن، ئادالەتسىزلىك ھەممە يەردە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغان شارائىتتا، مەيلى ھۆرلەر ياكى مەھكۇملەر ئارىسىدا بولسۇن ئادالەتسىزلىك ئۇلارنى ئۆزئارا ئۆچلىشىدىغان، يوقىتىشىدىغان، زىتلىشىدىغان قىلىپ قويىدۇ، شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئەگەر ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئادالەتسىزلىك بولسا، ئۇلار ئۇرۇشىدۇ، بىر - بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، ئاخىر ئادالەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: شۇنداق.

سوقرات: ئاقىل دوستۇم: ئەگەر ئادالەتسىزلىك بىر ئادەمدە يۈز

بەرسە ئادالەتسىزلىكنىڭ ئىقتىدارى يوقامدۇ ياكى داۋاملىشامدۇ؟

سىراساخوس: داۋاملىشىدۇ، دەپ تۇرايلى

سوقرات: قارىغاندا ئادالەتسىزلىك مۇنداق بىر كۈچتەك تۇرىدۇ: دۆلەت، ئائىلە، ئارمىيە ياكى ھەرقانداق بىر گۇرۇھتا بولمىسۇن ئادالەتسىزلىك ئۇلارنى ئالدى بىلەن بىرلىككە كېلەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ئاندىن، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىدۇ، قارشى تەرەپكىمۇ دۈشمەن قىلىدۇ، ئادالەتلىك كىشىلەرگىمۇ دۈشمەن قىلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

سىراساخوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: مېنىڭچە، ئادالەتسىزلىك بىر ئادەمدە يۈز بەرگەندىمۇ، ئۇ بارلىق ھۈنىرىنى كۆرسىتىدۇ: ئالدى بىلەن، شۇ ئادەمنى ئۆز ـ ئۆزىگە زىتلاشتۇرىدۇ، توقۇنۇشتۇرىدۇ، بىر قارارغا كەلگۈزمەيدۇ، ھەرىكەت قىلدۇرمايدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەمنى ئۆز ـ ئۆزىگە ۋە ئادالەتلىك كىشىگە دۈشمەن قىلىدۇ. شۇنداقمۇ؟

سىراساخوس: شۇنداق.

سوقرات: دوستۇم، ئىلاھلار ئادالەتلىكمۇ؟

سىراساخوس: شۇنداق دەپ تۇرايلى.

سوقرات: سىراساخوس، ئۇنداقتا، ئادالەتسىزلەر ئىلاھلارنىڭ دۈشمىنى، ئادالەتلىكلەر ئىلاھلارنىڭ دوستى، شۇنداقمۇ؟

سىراساخوس: دەبدەبىلىك گەپلەر بولدى، ئاڭلاۋېرەي. ساڭا قارشى چىقىپ، كۆپچىلىكنىڭ كەيپىنى بۇزماي.

سوقرات: ياخشى ئىشلارنى ئاداققىچە قىل، بايىقىدەك جاۋاب بەرگىن! بىز ئادالەتلىك كىشىنىڭ ئاقىل، قابىلىيەتلىك ۋە ياخشى بولىدىغانلىقىنى، ئادالەتسىز كىشى بىلەن ھەمكارلاشقىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتۇق. بىز ئادالەتسىز كىشى مۇستەھكەم ۋە بىردەك پائالىيەت ئېلىپ بارالايدۇ دېگەن سۆزنى ئېيتىپ خاتا قىلغان ئىدۇق. چۈنكى، ئۇلار ئادالەتكە مۇتلەق ئاسىيلىق قىلسا، ئۆز ئىچىدىن ئىختىلاپ تۇغدۇرماي قالمايتتى. ئۇلار دۈشمەنگە زەربە

بەرسىمۇ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە زەربە بەرمەيدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئا ـ رىسىدىمۇ ئاز ـ تولا ئادالەت بولىدۇ، ئۇلار ئاشۇنچىلىك ئادالەت بىلەن ئاز ـ تولا نەتىجىگە ئېرىشىدۇ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئادالەتـ ـسىزلىك ئۇلارنىڭ رەزىللىك قىلىشىغا مۇئەييەن دەرىجىدە توسالغۇ بولىدۇ. چۈنكى، مۇتلەق ئادالەتسىز بولغان ھەقىقىي ناچار ئادەم ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. مانا بۇ مېنىڭ قارىشىم، سېـ ـنىڭ بايا دېگەنلىرىڭ بىلەن ئوخشىمايدۇ.

بىز يەنە بىر مەسىلىنى مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى، ئۇ بولسىمۇ، ئادالەتلىك كىشى ئادالەتسىز كىشىگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى ۋە كۆڭۈللۈك ياشىيالامدۇ، دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. بايىقى گەپـ ـلىرىمىزدىن جاۋاب ئېنىق. ئەمما، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، شۇڭا، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىشىمىز كېرەك، ئۇ ياشاشتىكى توغرا يولنى قانداق تاللاش مەسىلىسىدۇر.

سىراسىماخوس: قېنى، مەرھەمەت!

سوقرات: قېنى جاۋاب بەرگىن، ئاتتا ئاتچە فۇنكسىيە بولامدۇ؟

سىراسىماخوس: بولىدۇ.

سوقرات: ئاتالمىش ئاتنىڭ فۇنكسىيەسى ياكى ھەرقانداق شەيـ ـئىنىڭ فۇنكسىيەسى باشقىلار قىلالمايدىغان. باشقىلار ۋايىغا يەتـ ـكۈزەلمەيدىغان ئالاھىدە ئىقتىدار دېيىشكە بولامدۇ؟

سىراسىماخوس: چۈشەنمىدىم.

سوقرات: قۇلاق سال، كۆزۈڭنى ئىشلەتمەي كۆرەلەمسەن؟

سىراسىماخوس: ئەلۋەتتە، كۆرەلمەيمەن.

سوقرات: قۇلىقىڭنى ئىشلەتمەي ئاڭلىيالامسەن؟

سىراسىماخوس: ئاڭلىيالمايمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز كۆرۈش بىلەن ئاڭلاش كۆز بىلەن قۇلاقنىڭ فۇنكسىيەسى دېسەك بولامدۇ؟

سىراسىماخوس: ئەلۋەتتە، بولىدۇ.

سوقرات: بىز قەلەمتىراچ ياكى ئېكەك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلـ ـ

لەن ئۆزۈم تېلى ياسىساق بولامدۇ؟

سىراسماخوس: نېمىشقا بولمىسۇن؟

سوقرات: بىراق، مىنىگچە، مەخسۇس شاخ پۇتايدىغان قايچىنى ئىشلەتكەنگە يەتمەيدۇ.

سىراسماخوس: دۇرۇس.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئۈزۈم تېلىنى ياساش قايچىنىڭ فۇنكسىيەسى دېسەك بولامدۇ؟

سىراسماخوس: شۇنداق دېيىش كېرەك.

سوقرات: بايىقى سوئالىمنى ئەمدى تېخىمۇ چۈشەنگەنسەن: بىر شەيئىنىڭ فۇنكسىيەسى دەل شۇ شەيئىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىمۇ؟

سىراسماخوس: چۈشەندىم، بۇ قاراشقا قوشۇلىمەن.

سوقرات: ناھايىتى ياخشى. سەن ئۆزىگە خاس فۇنكسىيەسى بولغان شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس پەزىلىتى بولىدۇ، دەپ قارامسەن؟ بىز بايا تەمسىل قىلىپ، كۆزنىڭ ئۆزىگە خاس فۇنكسىيەسى بار دېدۇق، شۇنداقمۇ؟

سىراسماخوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، كۆزنىڭ ئۆزىگە خاس پەزىلىتى بولامدۇ؟

سىراسماخوس: بولىدۇ.

سوقرات: قۇلاقنىڭ ئۆزىگە خاس فۇنكسىيەسى بولامدۇ؟

سىراسماخوس: بولىدۇ.

سوقرات: قۇلاقنىڭ ئۆزىگە خاس پەزىلىتى بولامدۇ؟

سىراسماخوس: بولىدۇ.

سوقرات: بۇنى ھەرقانداق شەيئىگە تەتبىقلىغىلى بولامدۇ؟

سىراسماخوس: بولىدۇ.

سوقرات: ئەمدى سوراپ باقاي: ئەگەر كۆزدە كۆزگە خاس پەزىلەت بولماي، ئۆزىگە خاس كەمچىلىكلەر بولسا، كۆز ئۆزىنىڭ فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرالامدۇ؟

سىراسماخوس: ياق. سەن كۆرۈشنى ئەمەس، كۆرەلمەسلىكنى

دېمەكچىمۇ؟

سوقرات: بىز ھازىر كەلگۈسىدىكى پەزىلەتنى مۇزاكىرە قىلمايمىز. ھازىرقى مەسىلە مۇنداق: شەيئىلەرنىڭ ئۆز فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرالىشىدىكى سەۋەب دەل ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنىڭ بولغانلىقىدا، شەيئىلەرنىڭ ئۆز فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرالماسلىقىدىكى سەۋەب دەل ئۇلارنىڭ كەمچىلىكىدە.

سىراساماخوس: توغرا.

سوقرات: ئەگەر قۇلاق ئۆزىنىڭ پەزىلىتىنى يوقىتىپ قويسا ئۆزىنىڭ فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ شۇنداقمۇ؟

سىراساماخوس: شۇنداق.

سوقرات: بۇ گەپنى باشقا شەيئىلەرگە تەتبىقلىغىلى بولامدۇ؟

سىراساماخوس: بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا بىز مۇنۇ نۇقتىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى: ئىنسان روھىدا ئۆزىدىكىدىن تاشقىرى فۇنكسىيە بولامدۇ؟ مەسىلەن، باشقۇرۇش، قوماندانلىق، پىلان قاتارلىقلاردەك. بىز باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى روھتىن باشقا ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئالاھىدە فۇنكسىيەسى دېسەك بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

سىراساماخوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ھاياتلىقنى ئالايلى، ھاياتلىق روھنىڭ فۇنكسىيەسى دېسەك بولامدۇ؟

سىراساماخوس: بۇنىڭدىنمۇ توغرا گەپ بولمايدۇ.

سوقرات: روھتا پەزىلەت بارمۇ؟

سىراساماخوس: بار.

سوقرات: سىراساماخوس، ئەگەر روھ ئالاھىدە پەزىلەتنى يوقىتىپ قويسا فۇنكسىيەسىنى ياخشى جارى قىلدۇرالامدۇ؟

سىراساماخوس: جارى قىلدۇرالمايدۇ.

سوقرات: ياخشى روھ چوقۇم ياخشى باشقۇرىدۇ، ناچار روھ چوقۇم ناچار باشقۇرىدۇ. شۇنداقمۇ؟

سىراساخوس: شۇنداق بولۇشى كېرەك.

سوقرات: ئادالەت روھنىڭ پەزىلىتى، ئادالەتسىزلىك روھنىڭ كاساپىتى، بىزمۇ شۇ خىل قاراشقا كېلىپ بولمىدۇقمۇ؟

سىراساخوس: كېلىپ بولدۇق.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئادالەتلىك روھ، ئادالەتلىك كىشى ياخشى ياشايدۇ، ئادالەتسىز كىشى ناچار ياشايدۇ، شۇنداقمۇ؟

سىراساخوس: ئېيتقانلىرىڭ بويىچە شۇنداق.

سوقرات: ياخشى ياشىغان خۇشال ھەم بەختلىك بولىدۇ، ناچار ياشىغان ئادەم ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

سىراساخوس: شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، ئادالەتلىك كىشى خۇشال ئۆتىدۇ، ئادالەتسىز كىشى ئازاب بىلەن ئۆتىدۇ.

سىراساخوس: شۇنداق دەپ تۇرايلى.

سوقرات: لېكىن، ئازاب پايدىسىز، خۇشاللىق پايدىلىق بولىدۇ.

سىراساخوس: شۇنداق.

سوقرات: ئەقىللىك سىراساخوس! ئۇنداقتا، ئادالەتسىزلىك ئادالەتكە قارىغاندا پايدىلىق ئەمەس.

سىراساخوس: سوقرات، بۇنى بىندىس زىياپىتى دەپ بىلسەڭ بولىدۇ.

سوقرات: رەھمەت ساڭا، سىراساخوس، چۈنكى، سەن ئاچ-چىقلاپ مېنى قىينىمىدىڭ. بىراق، سەن ئېيتقان بۇ زىياپەتتىن ياخشى بەھرىمەن بولالمىدىم. — بۇنىڭغا ئۆزۈم ئەيىبلىك، سەن بىلەن مۇناسىۋەتسىزكى مەن ئالدىمدىكى قورۇمىنى تۈزۈك تېتىماي تۇرۇپلا، يېڭى قورۇمىغا ئالدىراپ كەتتىم. بىز ئەسلىدىكى تېمىدىن چەتنەپ كەتتۇق، ئادالەت توغرىسىدا بىرەر خۇلاسىگە كەلمەي تۇرۇپلا، ئادالەت رەزىللىك بىلەن دۆتلۈكمۇ ياكى ئەقىل بىلەن پەزىلەتمۇ دېگەن مەسىلە بىلەن بولۇپ كەتتۇق. ئارقىدىنلا «ئادا-

لەتسىزلىك ئادالەتكە پايدىلىق» دېگەن چىقتى. مەن ئۆزۈمنى تو-
ۋالماي، ئۇ مەسىلىگە كىرىشىپ كەتتىم. ئاخىر، ھېچقانداق نە-
تىجىگە ئېرىشەلمىدىم. چۈنكى، مەن ئادالەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى
بىلمىسەم ئۇنىڭ پەزىلەت بولۇش - بولماسلىقىنىمۇ بىلەلمەيمەن،
ھەمدە ئادالەتلىك كىشىنىڭ ئازابلىق ياكى كۆڭۈللۈك بولىدىغانلى-
قىنىمۇ بىلەلمەيمەن.

# ئىككىنچى جىلد

[سوقرات: شۇنچە سۆزلەپ، قىلىشقا تېگىشلىك سۆزلەرنى سۆزلەپ بولدۇم، دەپ ئويلىغانىدىم. بۇنىڭ بىر مۇقەددىمە بولۇپ قالغانلىقىنى كىممۇ بىلسۇن، گىلاۋكون ناھەقچىلىققە چىدىمايدىغان، زىيادە قىزىققان ئادەم ئىدى. ئۇ سىراسماخوسنىڭ ئاسان قايىل بولۇشىغا پەرۋا قىلماي، شۇنداق دېدى.]

گىلاۋكون: سوقرات، سەن ئادالەت بەربىر ئادالەتسىزلىكتىن ياخشى دېدىڭ، بۇنى بىزنى قايىل قىلىش ئۈچۈن دېدىڭمۇ ياكى ئەتەي دېدىڭمۇ؟

سوقرات: تاللىشىمغا رۇخسەت قىلساڭلار، مەن ئۇنى قايىل قىلىش ئۈچۈن دېگەن ئىدىم.

گىلاۋكون: شۇنداق ئويلىغان بولساڭمۇ، شۇنداق قىلغىنىڭ يوق. سەن قوشۇلامسەن: شۇنداق بىر ياخشىلىق باركى، بىز ئۇنىڭ ئۆزىنىلا خالاپ، ئاقىۋىتىنى خالىمايمىز. ئالايلى، خۇشاللىق بىلەن زىيانسىز تاماشانىڭ خۇشاللىقتىن باشقا ئاقىۋىتى (نەتىجىسى) يوق.

سوقرات: توغرا، شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

گىلاۋكون: يەنە بىرخىل ياخشىلىق بولۇپ، بىز ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەم نەتىجىسىنى ياخشى كۆرىمىز. مەسىلەن، چېچەنلىك، كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ياخشىلىقى، سالامەتلىك. بىزنىڭ بۇلارنى ياقتۇرۇشىمىز ئەنە شۇ ئىككى تەرەپنى كۆزدە تۇتۇپ بولىدۇ.

سوقرات: شۇنداق.

گىلاۋكون: ئۈچىنچى خىل ياخشىلىقمۇ بارمۇ؟ مەسىلەن، تەنھەرىكەت، كېسەل بولغاندا دوختۇر ئىزدەش. مۇشۇ سەۋەبتىن تېبا-

بەت كېلىپ چىققان، ئومۇمەن، پۇل تېپىش ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل تىپقا تەۋە. ئېيتىلماقتا بۇ ئىشلار ئازابلىق، ئەمما، پايدىلىق، بىزنىڭ ئۇلارنى ياقتۇرۇشىمىزدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، ئۇلاردىن كەلگەن ھەق ۋە باشقا ھەرخىل پايدا ـ مەنپەئەتتە.

سوقرات: ھە، راست، ئۈچىنچى ياخشىلىقمۇ بار، ئەمما، بولسا نېمە بوپتۇ؟

گىلاۋكون: سېنىڭچە، ئادالەت قانچىنچى خىلىغا كىرىدۇ؟

سوقرات: مېنىڭچە، ئادالەت ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ياخشى تىپى. بىر ئادەم خۇشاللىق ئىزدەيدىكەن ئادالەتنى سۆيۈشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ھەم نەتىجىسى ئۈچۈندۇر.

گىلاۋكون: ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇنداق ئويلىمايدۇ، ئۇلارچە ئادالەت ئازابلىق ئىش، ئۇلار ئادالەتنىڭ شەرىپى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەجىر قىلىدۇ. كىشىلەر ئادالەتنىڭ ئۆزىدىن قورقىدۇ ۋە ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

سوقرات: ئادەتتىكى كىشىلەر شۇنداق ئويلايدۇ. سىراسماخوس بۇلارنى كۆرۈپ يەتكەچكە، ئادالەتنى چۆكۈرۈپ، ئادالەتسىزلىكنى كۆتۈرىدۇ. ئەمما، مەن ئۆزۈمنىڭ ھاماقەتلىكىدىن نەپرەتلىنىمەن، ئۇنىڭدىن ئۆگىنەي دەپمۇ ئۆگىنەلمەيدىكەنمەن.

گىلاۋكون: يەنە ئىككى ئېغىز سۆزلەپ باقاي، قوشۇلامسەن ـ يوق. مېنىڭچە سىراسماخوسنى سەن گاڭگىرىتىۋەتتىڭ، ئۇ خۇددى سېھىرلەنگەن يىلاندەك ئاسانلا تىز پۈكتى. مەن سېنىڭ ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك ھەققىدىكى گەپلىرىڭگە قوشۇلالمايمەن. ئادالەت دېگەن نېمە، ئادالەتسىزلىك دېگەن نېمە①، ئۇ روھىيەتتە قانداق قۇۋۋەت پەيدا قىلىدۇ؟② مەن مۇشۇلارنى بىلىشكە قىزىقىمەن. مېنىڭچە، ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ ھەققى ۋە نەتىجىسى توغرىسىدى ـ

① بۇ يەردە ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك ھەققىدىكى تەبىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② تەسىرىنى دېمەكچى.

كى گەپلەرنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى. قوبۇل كۆرسەڭ، بىز مۇنداق قىلايلى. مەن سىراسىماخوسنىڭ دەلىلىنى تەكرارلاپ ئۆتۈشنى لايىق تاپىمەن. بىرىنچى، ئاۋۋال ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ چۈشەن-چىسىدىكى ئادالەتنىڭ ماھىيىتى ۋە مەنبەسىنى سۆزلەپ ئۆتەي. ئىككىنچى، ئاندىن ئادالەتنى ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغان كىشىلەرنىڭ ئۆزى خالاپ ئەمەس، ئامالسىز شۇنداق قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ ئادالەتنىڭ ياخشىلىقى تۈپەيلى بولمىغانلىقىنى سۆزلەيمەن. ئۈچىنچى، ئۇلارنىڭ ئادالەت ھەققىدىكى شۇ خىل قا-رىشىدا ئاز - تولا ئۇيغۇنلۇق بار، چۈنكى، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن ئادالەتسىز كىشىنىڭ كۈنى ئادالەتلىك كىشىنىڭ كۈنىدىن كۆپ ياخشى دېگەن مەنە چىقىپ تۇرىدۇ، مەن بۇلارنىمۇ سۆزلەيمەن. سوقرات، توغرا چۈشەنگىنىكى بۇلار مېنىڭ خۇسۇسىي پىكرىم ئە-مەس. سىراسىماخوس ۋە باشقىلار بولامدۇ، ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا ئاشۇ بىرلا گەپ، تولىمۇ قىينالدىم. ئەكسىچە، مەن كىشىلەرنىڭ ئادالەتنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، ئادالەتنىڭ ئادالەتسىزلىكتىن ياخ-شىلىقىنى ئىسپاتلاپ قايىل قىلغىنىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئاڭلاشنى ھەقىقەتەن خالايتتىم. ئۈمىدىم سەندە. مەن ئادالەتسىز تۇرمۇشنى مەدھىيەلەيمەن. سەنمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ئادالەتنى كۆتۈرۈپ، ئادالەتسىزلىكنى سۆكۈشكە مەجبۇر بولىسەن. شۇنداق قىلىشقا قوشۇلامسەن؟

سوقرات: مېنى بۇنىڭدىنمۇ خۇرسەن قىلالايدىغان نەرسە يوق، كىشىنىڭ سۆزلىگەنسېرى سۆزلىگۈسىنى كەلتۈرىدىغان، ئاڭلى-غانسېرى ئاڭلىغۇسىنى كەلتۈرىدىغان باشقا تېما بولامتىمۇ؟

گىلاۋكون: ناھايىتى ئوبدان. ئۇنداقتا مەن بايا دېگەن بىرىنچى مەسىلىنى يەنى ئادالەتنىڭ ماھىيىتى ۋە مەنبەسىنى سۆزلەپ ئۆ-تەي. كىشىلەر ئادالەتسىزلىك قىلىش پايدىلىق، ئادالەتسىزلىككە ئۇچراش زىيانلىق دېيىشىدۇ. ئادالەتسىزلىككە ئۇچراپ تارتقان زى-يان ئادالەتسىزلىك قىلىپ ئېرىشكەن پايدىغا قارىغاندا كۆپ بولى-

دۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە، ئادالەت ۋە ئادالەتسىز-لىكنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى تېتىيدۇ. ھەر ئىككى خىل تەم-نى تېتىغاندىن كېيىن، تاتلىق ئىزدەپ يۈرۈپ ئاچچىققا دۇچ كەل-گەن ئاشۇ خىل كىشىلەر كۆپچىلىكنىڭ مۇنداق بىر كېلىشىم تۈ-زۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىدۇ: ئادالەتسىزلىكنىڭ زىيىنى ۋە پايدىسىنى كۆرمەيلى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ قانۇن ۋە كېلىشىم دېگەن نەرسىلەر پەيدا بولغان. ئۇلار كېلىشىمگە بويسۇنۇشنى قانۇن ياكى ئادالەت، دەپ ئاتاشتى. مانا بۇ ئادالەتنىڭ ماھىيىتى ۋە مەنب-بەسى. ئادالەتنىڭ ماھىيىتى ئەڭ ياخشى بىلەن ئەڭ يامانىنى مۇ-رەسسەلەشتۈرۈش، ئەڭ ياخشى دېگەنلىك يامان ئىش قىلىپ جازالانماسلىق، ئەڭ يامان دېگەنلىك زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قى-ساس ئالالماسلىق. كىشىلەر ئادالەتنى ئەنە شۇ ئىككىسىنىڭ مۇ-رەسسەلىشىشى، دەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئادالەتنى ياقتۇرۇشىدىكى سە-ۋەب ئادالەتنىڭ ياخشىلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئادالەتسىزلىك قىلىش-قا قۇربىنىڭ يەتمىگەنلىكىدە. يامانلىق قىلىشقا كۆزى يېتىدىغان ئادەم ھەرگىزمۇ باشقىلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، زىيان يەتكۈز-مەسلىك ۋە زىيانغا ئۇچرىماسلىق ھەققىدە ۋەدە بېرىپ يۈرمەيدۇ — ئەگەر ئۇ ساراڭ بولۇپ قالغان بولسا باشقا گەپ. سوقرات، كىشى-لەر ئادالەتنىڭ ماھىيىتى ۋە مەنبەسىنى ئەنە شۇنداق چۈشەندۈر-دۇ. ئىككىنچى نۇقتىغا كېلەيلى. ئادالەتلىك ئىشلارنى قىلغۇچىلار دەل ئادالەتسىز ئىشلارنى قىلىش قولىدىن كەلمەيدىغانلاردۇر. بۇنى بۇنىڭدىنمۇ ئېنىق شەرھلەش مۇمكىن ئەمەس. بىز مۇنداق پەرەز قىلايلى: ئىككى ئادەم بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئادالەتلىك، يەنە بى-رى ئادالەتسىز. بىز ئۇلارغا خالىغان ئىشنى قىلىش ھوقۇقىنى بېرەيلى، ئاندىن ئۇلارنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتەيلى، ئۇلارنىڭ خاھىشى ئۇلارنى نەگە ئېلىپ بارار؟ نەق مەيداندىلا شۇنى بايقايمىز-كى، ئادالەتلىك كىشىمۇ ئادالەتسىز ئىشلاردىن باش تارتمايدۇ. ئا-دەم شەخسىيەتچى بولمىغان بولسا، يەر - زېمىنمۇ مەۋجۇت بولمى-

غان بولاتتى! ئادەم قانۇننىڭ بېسىمى بولغاندىلا، ئاندىن ئادالەت يولىغا ماڭىدۇ. مەن بۇ يەردىكى خاھىشنى لۇدىيەلىك گۇگىسنىڭ ئەجدادلىرىدىكى ھوقۇقنى كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتىمەن. ئۇ بىر چوپان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى لۇدىيە ھۆكۈمرانىنىڭ قولى ئاستىدا ئىكەن. بىر كۈنى بوران ـ چاپقۇنلۇق يامغۇردىن كېيىن، يەر تەۋرەپتۇ. ئۇ يادا بېقىۋاتقان يەردە، يەر يېرىلىپ، چوڭقۇر ھاڭ پەيدا بوپتۇ. ئۇ قورقۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاشۇ ھاڭغا چۈشۈپ بېقىپتۇ. ھېكايىدە سۆزلىنىشىچە، ئۇ ئۇيەردە نۇرغۇن غارايىباتلارنى كۆرۈپتۇ، ئەڭ ھەيران قالارلىقى ئىچى كاۋاك مىس ئات بوپتۇ، ئاتنىڭ بەدىنىدە كىچىك بىر كۆزنەك بار ئىكەن. كۆزنەكتىن قارىسا، بويى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بويىدىن چوڭ دېگۈدەك بىر ئادەم جەسىتى ياتقان بولۇپ، بارمىقىدىكى بىر تال ئۈزۈكتىن باشقا ھېچ نېمە يوق ئىكەن. ئۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىۋاپتۇ. چوپانلار ئادەتتە ھەر ئايدا بىر نۆۋەت يىغىلىش ئۆتكۈزىدىكەن ـ دە، پادىلارنىڭ ئەھۋالىنى پادىشاھقا يەتكۈزىدىكەن. ھېلىقى چوپان يىغىلىشقا ئالتۇن ئۈزۈكنى تاقاپ بېرىپتۇ. ئۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، بارمىقىدىكى ئۈزۈكنىڭ ياقۇت كۆزىنى ئالىقىنى تەرەپكە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇراپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدىغان بوپتۇ، باشقىلار ئۇنى كېتىپ قاپتۇ دېيىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران بوپتۇ، ئۇ يەنە ئىختىيارسىز ھالدا ئۈزۈكنىڭ كۆزىنى ئالىقىنىنىڭ دۈمبىسى تەرەپكە بۇرىغان ئىكەن باشقىلارغا كۆرۈنىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆزىدە يوشۇرۇنالايدىغان ئىقتىدارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى كۆپ قېتىم سىناپتۇ. دەرۋەقە، ئۇ ھەر قېتىم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپتۇ. ياقۇتنى ئالىقىنىنىڭ ئىچىگە بۇرىسا ئۇ كۆرۈنمەي قالىدىكەن، تېشىغا بۇرىسا كۆرۈنىدىكەن. ئۇ بىر خىيالنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ھەرنە ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ، ۋەزىر بوپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندىن كېيىن، خانىشنى يولدىن چىقىرىپتۇ ۋە خانىش بىلەن بىرلىشىپ، پادىشاھنى

ئۆلتۈرۈپ، تەختنى تارتىۋاپتۇ. ئەگەر ئاشۇنداق ئۆزۈكتىن ئىككى-سى بولۇپ، ئادالەتلىك كىشىگە بىرى، ئادالەتسىز كىشىگە يەنە بىرى بېرىلسە، ھېچكىمنىڭ ئادالەتتە چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەققىگە چاڭ سالماسلىقىغا ھۆددە قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى كىشى بازاردا ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي باشقىلارنىڭ نەر-سىسىنى ئوغرىلىيالايدىغان بولسا، خالىغان ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئاياللارغا چېقىلالىسا، خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ-چىلىق قىلالىسا، ئومۇمەن ئۇلار قادىر ئىلاھقا ئوخشاش ھەممە ئىشقا قادىر بولالىسا، ئۇنداقتا، ئۇ ئىككىسىنىڭ قىلمىشى پەرق-لەنمەيدۇ. روشەنكى، ھەرقانداق ئادەم ئادالەتلىك ئىشنى ئۆزى رازى بولۇپ ئەمەس، بەلكى ئامالسىزلىقتىن قىلىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالدا، يامانلىققا پۇرسەتلا بولىدىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قولىد-نى تارتمايدۇ. كۆپچىلىككە ئايانكى، ئادالەتسىزلىك ئارقىلىق ئې-رىشىلگەن مەنپەئەت ئادالەت ئارقىلىق ئېرىشىلگەن مەنپەئەتتىن كۆپ بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەر بۇ ھەقتە نۇرغۇن سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر بىراۋدا ھوقۇق بولۇپ، ئۇ باشقىلارنىڭ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالمىسا، ناچار ئىشلارنى قىلمىسا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇنى ماختىسىمۇ، لېكىن، كەينىدە بىرىنچى دەرىجىلىك ئەخمەق دېيىشىدۇ. كىشىلەر زىياندىن قورقۇپ، بىر - بىرىنى ئالدىشىدۇ. بۇ گېپىمىز مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن.

ئەگەر بىز ئەڭ ئادالەتلىك تۇرمۇش بىلەن ئەڭ ئادالەتسىز تۇر-مۇشنى سېلىشتۇرساقلا، ئۇلارغا توغرا باھا بېرەلەيمىز. قانداق قىلغاندا، ئېنىق سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ؟ بىز مۇنداق قىلايلى: ئادالەتسىز كىشىدىكى ئادالەتسىزلىكنى كېمەيتمەيلى، ئادالەتلىك كىشىدىكى ئادالەتنىمۇ كېمەيتمەيلى، ھەر ئىككىسىنى ئۆز ھالىغا قويايلى.

بىز ئادالەتسىز كىشىنى ئالاھىدە ھۈنەر ئىگىسى سۈپىتىدە تە-سەۋۋۇر قىلايلى، مەسىلەن، ئەڭ ياخشى رولچى ياكى دوختۇردەك،

ئۇ ئۆز ھۇنىرى دائىرىسىدە مۇمكىن بىلەن مۇمكىن ئەمەسنى ئاي-رىپ، شۇ بويىچە ئىش قىلالايدۇ. تاسادىپىي يۈز بەرگەن سەۋەنلى-كىنىڭ ئورنىنى تولۇقلىيالايدۇ. ئۇ يامانلىقنى چاندۇرماي ئېلىپ بارالايدۇ. ئەگەر ئۇ چاندۇرۇپ قويسا، بىز ئۇنى ناچار ئىكەن دەي-مىز. ئادالەتسىزلىكنىڭ يۇقىرى چېكى تىلىدا پەزىلەت، دىلىدا قاباھەتتۇر. شۇڭا، بىز مۇتلەق ئادالەتسىز كىشىگە مۇتلەق ئادالەت-سىزلىك سۈپىتىنى كېمەيتمەي بېرىشىمىز كېرەك. يەنە يامانلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغان كىشىگە ئەڭ ئادالەتلىك نامىنى بېرىشى-مىز كېرەك. ئەگەر ئۇ چاندۇرۇپ قويسا، سەۋەنلىكىنى تولدۇرۇش ئىقتىدارىنىمۇ بېرىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ يامانلىقى ئەيىب-لەنسە، كىشىلەرنى سۆزمەنلىك بىلەن قايىل قىلالايدىغان بولسۇن. ئەگەر قورال كۈچى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە ئۇنىڭدا باتۇرلۇق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت، بايلىق ۋە ھەمراھ تەييار دەيلى.

بىز ئادالەتسىز كىشىنىڭ يۇقىرىقىدەك ھالىتىگە سېلىشتۇرما قىلىپ، بىر ئادالەتلىك كىشىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەيلى: ئۇ ئاددىي ـ ساددا، تۈز بولۇپ، خۇددى شائىر ئېسكۇلۇس ئېيتقاندەك «كۆرۈ-نۈشتە ياخشى بولۇپ قالماي، ھەقىقەتتىمۇ ياخشى.» بىز «كۆرۈ-نۈشتە» دېگەن سۆزنى چىقىرىۋېتىپ تۇرايلى. چۈنكى، كۆپچىلىك ئۇنى ئادالەتلىك كىشى دېسە، ئۇ شەرەپ ۋە مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بىز ئۇنى ئادالەت ئۈچۈن ئادالەتلىك قىلىۋاتامدۇ ياكى نام ـ مەنپەئەت ئۈچۈن قىلىۋاتامدۇ دېگەن نۇقتىدا بىلەلمەي قالىمىز. شۇڭا، بىز ئۇنىڭ ئوبرازىدىكى تاشقى ئالامەتلەرنى ئېلىپ تاشلاپ، ئادالەتنىڭ ئۆزىنىلا ئېلىپ قېلىپ، بايىقى يالغان ياخشى ئادەم ۋە راست ياخشى ئادەم بىلەن قارىمۇقارشى قويايلى. ئۇنى يامان ئىش قىلدۇرماي تۇرۇپمۇ، يامانلىق نامىغا ئىگە قىلايلى. ئادالەت شۇنىڭدىلا سىنىلىدۇ. گەرچە، كىشىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك دېسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئادالىتىدە چىڭ تۇرغان بولسۇن. ئۇ ھەممى-نىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان ھالەتتىمۇ، ئادالەتتىن تايمىغان بول-

سۇن. شۇنىڭ بىلەن ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنى ئەڭ رادىكال (ئاشقۇن) پەللىگە يەتكۈزسەك، بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەلەيمىز.

سوقرات: خۇدا ئامان قىلسۇن، سۆيۈملۈك گىلاۋكون، سەن تۇ-جۇپىلەپ يۇرۇپ بىر جۇپ ئوبراز ياراتتىڭ، ئۇلار رىقابەتكە قويۇل-غان سەنئەت بۇيۇملىرىغا ئوخشاپ كەتتى.

گىلاۋكون: كۆپ تىرىشتىم. ئەگەر بۇ ھەر ئىككىسىنىڭ ماھى-يىتى بولالىسا، ئۇلار كەلگۈسىدىن يەكۈن چىقىرىش ئوڭاي بولى-دۇ. مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇراي. سوقرات، گېپىم قوپال چىقىپ قالسا، بۇنى ئادالەتنى چۆكۈرۈپ، ئادالەتسىزلىكنى كۆتۈرۈۋاتقان ئادەمنىڭ گېپى دەپ قارىغىن. بۇ ئادەم مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: ئادالەتلىك كىشى قىيناق، تاياق - توقماقلارغا ئۇچراپ، ئاخىر دارغا ئېسىلىدۇ. ئۇ ئۆلۈم گىردابىدا ھەقىقىي ئادالەتلىك بولماي، يالغان ئادالەتلىك بولۇش لازىملىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئىسكىلۇس-نىڭ مۇنۇ مىسرالىرى ئادالەتسىز كىشىلەرگە تازا باب كېلىدۇ. كىشىلەر ئادالەتسىز ئادەم شۆھرەتپەرەس بولماي، ئەمەلىي بولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ — ئۇ ساختىلىقنى خالىمايدۇ، ھەقىقىي قىياپىتى بىلەن تۇرىدۇ.

قارنى كەڭ - مۇرۇۋۋەتلىك ھەمدە چوڭقۇر
يېتىلگەن چارە - تەدبىر، ئاقىل پىكىر
ئەنە شۇ پايانى كەڭ دىلدىن چىقۇر.①

ئۇ ئادالەتلىك نامىنى ئالغاندىن كېيىن، ئەمەلدار بولىدۇ، دۆلەت باشقۇرىدۇ، ئاندىن ئېسىلزادە بىر ئائىلىنىڭ قىزى بىلەن توي قى-لىدۇ، پەرزەنتلىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن، يەنە باشقا ئېسىلزادى-

① پىرسئوس ئورتى — «يەتتە گېنېرالنىڭ تېبىسقا ھۇجۇم قىلىش» ناملىق تىراگېدىيەسىدىكى سۆز.

لەر ئائىلىسى بىلەن قوغدىلىشىدۇ. ئۇ ئۆزى مۇۋاپىق كۆرگەن ئادە-
مى بىلەن شېرىكلىشىپ، سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ھەم نەپكە ئېرىشىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭدا كىشىلەر ئادالەتسىز دەپ قالارمىكىن دەيدىغان خۇدۇكسىرەش يوق. كىشىلەر شەخسىي ياكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئائىت دەۋادا ھەممىشە ئادالەتسىزلەر يېڭىلىپ چىقىدۇ، دېيىشىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق نەيرەڭلەر بىلەن بېيىپ كېتىدۇ. ئۇ دوستىغا نەپ، دۈشمەنگە دەككە بېرەلەيدۇ. ئۇ تاۋاپ قىلغاندا، ھەمەشەتلىك ۋە مولچىلىقنى نامايان قىلالايدۇ. ئۇ خالىسا ئىلاھ ۋە ئادەملەرگە ئادالەتلىك كىشىگە قارىغاندا كۆپ ھىممەت كۆرسىتەلەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىلاھلارمۇ ئۇنىڭغا كۆپرەك چاپان ياپىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئىلاھلار ياكى ئادەملەر ئادالەتسىز كىشىگە ھەدىيە قىلغان تۇرمۇش ئادالەتلىك كىشىنىڭكىدىن كۆپ ئارتۇق، دېيىشىدۇ، ئى سوقرات!

[سوقرات: گىلاۋكون سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، ئۇنىڭ قېرىندىشى ئادىمانتۇس گەپ قىستۇردى.]

ئادىمانتۇس: سوقرات، سەن بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتى دەپ قارىمايدىغانسەن؟

سوقرات: يەنە نېمىلەرنى دېيىش كېرەك؟

ئادىمانتۇس: دېيىشكە تېگىشلىكى تېخى دېيەلمىدى.

سوقرات: چۈشەندىم. «قېرىنداشلارنىڭ بېغىشى بىر» دېگەن گەپ بار، ئۇ دېمەكچى بولغىنىنى سەن دە. ئۇ مېنى يېتەرلىك ھالدا ئامالسىز ھالغا چۈشۈردى، گەرچە مەن ئادالەتنى قوللىماقچى بولسامۇ.

ئادىمانتۇس: قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار. بىز كىشىلەرنىڭ ئادالەتنى كۆتۈرۈپ، ئادالەتسىزلىكنى چۈكۈرۈش نۇقتىئىنەزەرلىرىگە قاراپ چىقايلى. مېنىڭچە، شۇنداق قىلغاندىلا گىلاۋكوننىڭ مەقسىتىنى ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدۇ. دادا بالىسىغا تەربىيەلىگۈچىلەر ئادالەتلىك بول دېمەي قالمايدۇ،

دەپ تەنبىھ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ دەۋاتقىنى ئادالەتنىڭ ئۆزى بولماستىن، ئادالەتنىڭ شان ـ شەرىپىدۇر. چۈنكى، ياخشى نام بولغاندىلا ياخشى ئورۇنغا چىقالايدۇ، ئىسلىزادىلەر جەمەتى بىلەن تويلىشالايدۇ، بايا گىلاۋكون دېگەندەك ئادالەتسىز كىشى ئېرىشەلەيدىغان تۈرلۈك مەنپەئەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. شان ـ شەرەپ تۇغ-رىسىدا كىشىلەر نۇرغۇن گەپلەرنى دېگەن. مەسىلەن، ئۇلار نام ـ شەرەپنى ئىلاھلار بىلەن باغلاپ، ئىلاھلار تەقۋادار كىشىلەرگە نۇر-غۇن نەرسىلەرنى ئىنئام قىلىدۇ، دېيىشىدۇ. شائىر ھېسئود بىلەن ھومېرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئالايلى، ئالدىنقىسى ئىلاھ دۇپ دەرىخى-نى ئادالەتلىك كىشى ئۈچۈن مېۋە بەرگۈزىدۇ، دېگەن ئىدى:

شاخ ـ شاخلاردا مېۋىلەر، شاخلار ئارا بال ھەرە
ئاستىدا توپ پادىلار ئاق بولۇتنىڭ رەڭگىدە.①

ئۇ يەنە ئادالەتلىك كىشىنىڭ ئەنە شۇنداق نۇرغۇن مەئىشەتلىك تەرەپلىرىنى كۆيلىگەن. ئويلىمىغان يەردىن ھومېرمۇ ئوخشاش كۆيلىگەن:

ئادىل شاھلار ئىلاھلارغا سادىقتۇر،
ئادالەتتە مول ھوسۇلغا ئېرىشتى.
تۆپراق مۇنبەت، مېۋىلىك شاخ ئېگىلگەن،
بېلىق ئاۋۇن، پادىلار مول يېتىشتى.②

موسېئوس ۋە ئوغلى شېئىرلىرىدا ئىلاھلارنىڭ ئادالەتلىك كى-شىلەرگە قىلغان ھىممىتىنى تېخىمۇ پاساھەتلىك كۆيلىگەن. ئۇلارنىڭ قەلىمىدە ئىلاھلار ئادالەتلىك كىشىلەرنى ئۇ دۇنياغا ئې-

① ھېسئودود — «خىزمەت ۋە ئېكىن پەيتى» دىن.
② «ئودىسسا»دىن.

لىپ بېرىپ، زىيايەت بېرەتتى، ئۇلار ئۇزۇن دىۋانلاردا يانپاشلاپ ېتىپ، باشلىرىغا گۈلچەمبەر كىيگەن هالدا ئىچەتتى هەم كۈيلەيتتى، ئۇلار باقىي كۈنلەرنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزەتتى. پەزىلەتنىڭ جاۋابى گويا مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ ئۆتۈشتۇر. يەنە باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، تەڭرىنىڭ پەزىلەت ئىگىسىگە قىلغان ئىلتىپاتلىرى ئەۋلادلىرىغا قەدەر ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، تەقۋادارلار كۆپ پەرزەنتلىك بولاتتى. نەسەپلىرى ئۈزۈلۈپ قالمايتتى. ئۇلار ئىلاھلارغا بىهۆرمەتلىك قىلغان كىشىلەر ۋە ئادالەتسىز كىشىلەرنى باقىي دۇنيانىڭ خاكلىرىغا دەپنە قىلاتتى هەم سېۋەتتە سۇ توشۇتاتتى، يەنى ئۈنۈمسىز ئەمگەك بىلەن جازالايتتى؛ ئادالەتسىز كىشىلەرنى مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا لەنەتلەيتتى. ئومۇمەن، گىلاۋكون تەسۋىرلەپ ئۆتكەندەك، ئادالەتلىك كىشى ئادالەتسىز دەپ قارالغاندا دۇچ كېلىدىغان جازانىڭ هەممىسىگە مەهكۇم قىلىناتتى. ئادالەتسىز كىشى توغرىسىدا كىشىلەر پەقەت ئەنە شۇلارنى دېگەن. ئادالەتلىك كىشى ۋە ئادالەتسىز كىشى توغرىسىدىكى ماختاش ۋە سۆكۈشلەرنى شۇنچىلىك سۆزلەيلى.

ئويلىنىپ كۆرگىن، سوقرات، شائىرلار ۋە باشقىلارنىڭ ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك هەققىدە يەنە قانداق ئۆزگىچە قاراشلىرى بولغان. ئۇلار بىردەك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە ئادالەتلىك بولۇشنىڭ مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى قويۇۋېتىش ۋە ئادالەتسىز بولۇشنىڭ كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقى قەيت قىلىشتى. ئۇلار يەنە ئادالەتسىزلىكنى نومۇسسىزلىق دەپ ئەيىبلەش چاكىنا پىكىر، ئادالەتسىزلىك ئادالەتتىن پايدىلىق دېيىشتى. ئۇلار پۇلدار ناچارلارنىڭ تەلىيىنى ماختاشتى. ئالدى ـ ئارقىسىدا بولمىسۇن رازىمەنلىك بىلەن هۆرمەتلەشتى. ئۇلار كەمبەغەللەرنى ۋە ئاجىزلارنى كەمسىتىپ، بوزەك قىلىشتى، ئۇلار كەمبەغەللەرنىڭ بايلاردىن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىشتى. كىشىنى تېخىمۇ هەيران قالدۇرىدىغىنى، ئۇلارنىڭ ئىلاھلار ۋە پەزىلەت هەق-

قىدىكى قاراشلىرىدۇر. ئۇلارچە ئىلاھلار نۇرغۇن ياخشى ئادەملەرگە بەختسىزلىك ۋە ئازاب ــ ئوقۇبەتلەرنى بېرىپ، يامان كىشىلەرگە بەخت ــ سائادەتنى ھەدىيە قىلغان. ئىبادەتخانا ئۇچۇن تىلەيدىغانلار ۋە پېرىخونلار بايلارنىڭ بوسۇغىلىرىدا يۈرۈشۈپ، ئۇلارنى مۇنداق نەرسىگە ئىشەندۈرمەكچى بولىدۇ: ئۆزۈڭلار ياكى ئەجدادىڭلار گۇناھ قىلغان بولسا، نەزىر قىلىش ياكى پېرىخونلارغا ئوقۇتۇش ئارقىلىق مەغپىرەتكە ئېرىشەلەيسىلەر، گۇناھىڭلارنى ئىلاھلار خۇرسەن بولىدىغان مۇراسىملار ئارقىلىق يۇيۇپ، ئۇلاردىن ساقىت بولالايسىلەر. دۈشمىنىڭگە زەربە بەرمەكچى بولساڭ، ئاز ــ تولا ھەق بېرىپ دۇرۇت ئوقۇتساڭ، جىن ــ شەيتانلارمۇ خىزمىتىڭدە بولىدۇ ــ دە، ئادالەتلىك ياكى ئادالەتسىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە زەربە بېرىدۇ. ئۇلار بۇنى شېئىر ئارقىلىق ئىسپاتلىماقچى بولدى، بۇ شېئىرلاردا رەزىللىك قىلىشنىڭ ئوڭايلىقى ۋە رەزىل ئادەملەرنىڭ باي بولىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن:

نامى بارلار رەزىللىك قىلىپ يېتەر مەقسەتكە
يامانلىققا يول راۋان، قالار ياخشى كۆلپەتكە.①

يۇقىرىقى شېئىردا ياخشىلارنىڭ يولىنىڭ ئەگرى ــ توقايلىقىمۇ ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ھومېرنىڭ شېئىرلىرىنى كەلتۈرۈپ، ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئىلاھلارنى ئازدۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. چۈنكى، ھومېر مۇنداق دېگەن:

گۇناھ قىلساڭ، نەزىر قىل ئىلاھلارغا ئايەمدە
ئىلاھ كۆلەر مال سويۇپ، ئىسرىق سالغان ئادەمگە.②

① ھېسئودنىڭ «خىزمەت ۋە ئېكىن» ناملىق ئەسىرىدىن.
② «ئىلىيادا»دىن.

ئۇلار مۇسېئۇس بىلەن ئورپۇسنىڭ كىتابلىرىنى تارقاتتى. ئۇلارچە مۇسېئۇس بىلەن ئورپۇس ئاي ئىلاھى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلاھىنىڭ پۇشتى. ئۇلار كىتابتا بەلگىلەنگەن مۇراسىم ۋە دىنىي يوسۇن بويىچە دۆلەت ۋە شەخسكە گۇناھ سادىر قىلغانلار نەزىر ۋە مۇراسىم ئارقىلىق گۇناھىنى يۇيسا بولىدۇ دەپ ئىشەندۈرگەن، ھەتتا، ئۇ دۇنيادىكىلەرنىمۇ مۇراسىم ئارقىلىق مەغپىرەتكە نائىل قىلغىلى بولىدۇ، نەزىر ۋە تاۋاپقا سەل قارىغاندا ئازابتىن ساقىت بولغىلى بولمايدۇ، دېگەن.

سۆيۈملۈك دوستۇم سوقرات، ئۇلار ئېيتقان ئىلاھ بىلەن ئىنسان ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ياخشى ـ يامان ھەققىدىكى تەلىماتلار ئاڭلىغۇچىلارغا بولۇپمۇ ئاق ـ قارىسىنى ئايرىيالايدىغان زېرەك ياشلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن؟ ئۇلار بۇ تەلىماتلاردىن قايسى يولدا ماڭغاندا، قانداق قىلغاندا مەنىلىك ئۆتكىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىگە جاۋاب تاپالامدۇ؟ بۇ ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى پىنداروسنىڭ سوئالى ئارقىلىق ئۆزىدىن سوئال سورايدۇ: «خاتىرجەم، قوۋناق ھاياتقا ئادالەت ئارقىلىق ئېرىشىشىم كېرەكمۇ ياكى سۈيىقەست ئارقىلىق ئېرىشىشىم كېرەكمۇ؟» ئادالەتلىك كىشى بولۇش ئۈچۈن ئاشۇ خىل نامىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە، ئۇنداق بولمىسا ئۆزىگە زۇلۇم تاپىدۇ. ئەكسىچە، ئادالەتلىك قىلماي تۇرۇپمۇ ئادالەت نامىغا ھامىي بولۇۋېلىش تولىمۇ بەختلىك ئىش! ئاقىللار ماڭا ئېيتقانكى، قارىماققا «ئوخشاش بولۇش»، ھەقىقىي «شۇنداق بولغاندىن» كۆپ ئەۋزەل بولۇپ، مانا بۇ بەختنىڭ ئاچقۇچى. مەن ساختىلىقنى نېمە ئۈچۈن قوغلاشمايمەن.

مەن ئەڭ ياخشىسى ھەشەمەتلىك دەرۋازىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئارخىلوكوسنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ھىيلىگەر تۈلكىنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلاي. بەزىلەر ناچار ئىشنى چاندۇرماي قىلىش تەس دېيىشىدۇ. ئاھ، بۇ جاھاندا قايسىبىر ئۇلۇغ ئىش ئاسانغا توختىغان! بەربىر، بەختكە ئېرىشىشنىڭ ئاشۇ بىرلا يولى بار. چۈنكى،

بارلىق دەلىللەر ئاشۇ يولنى تەستىقلىدى. بىز مەخپىيەتلىكىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن گۇرۇھ توپلايمىز، ناتىقلار سۆزمەنلىكنى ئۆگىتىدۇ، سوت ۋە كېڭەشلەردە سۆزلەيمىز، گاھ يالۋۇرىمىز، گاھ مەجبۇرلايمىز. شۇنداق قىلىپ، ئېچىلغان يەرلىرىمىزنى يېپىپ پايدا ئالىمىزكى، جازالانمايمىز، بەزىلەر ئىلاھلارنى ئالدىغىلى ھەم مەجبۇرلىغىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ. نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئەگەر ئىلاھ بولمىسا ياكى ئىلاھ بولغاندىمۇ كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلمىسە، قىلىنغان يامان ئىشلارنى ئىلاھلار سېزىپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئەگەر ئىلاھ مەۋجۇت بولۇپ بىزگە كۆڭۈل بۆلىدىكەندە، بۇلار ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ قىسسە ۋە شائىرلاردىن بىلىۋالغان نەرسىلىرىمىزدۇر. بۇلاردىن يەنە شۇ نەرسىلەر مەلۇمكى، نەزىر، ئىبادەت ۋە قۇربانلىق قىلىشلار ئارقىلىق ئىلاھلارنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. شائىرلارنىڭ گېپىگە ئىشەنسەكمۇ بولىدۇ، ئىشەنمىسەكمۇ بولىدۇ. ئىشەنگەن تەقدىردە يامان ئىشلارنى خالىغانچە قىلىپ، ھارامدىن كەلگەن ماللىرىمىزنى ئىلاھلارغا سوۋغا قىلساق بولىۋېرىدۇ. ئەگەر بىز ئادىل بولساق ئىلاھلار بىزنى جازالىمايدۇ، ئەلۋەتتە، ئەمما، بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئادالەتسىزلىكتىن كېلىدىغان مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بىز ئادالەتسىزلىك قىلساق، مەنپەئەتدار بولىمىز ـ دە، ئىلاھلاردىن ئەپۇ سوراپ، جازادىن قۇتۇلۇپ قالىمىز. بەزىلەر، ھازىرغۇ شۇنداق بولار، بىراق، ئۇ دۇنياغا بارغاندا قىلغان يامانلىقلىرىڭ ئۆزۈڭگە ۋە ئەۋلادلىرىڭغا يانىدۇ، دېيىشىدۇ. بىر قىسىم چېچەن كىشىلەر شۇنداق دېيىشىدۇكى، ھېچقىسى يوق، بىزنىڭ ئۆتۈملىك مۇراسىملىرىمىز ۋە گۇناھىمىزدىن ئۆتىدىغان ئىلاھلىرىمىز بار، نامى پۇر كەتكەن دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىشقان. بىزدە يەنە ئىلاھلارنىڭ پۇشتى بولمىش شائىرلار ۋە ۋاكالەتچىلەر بار، ئۇلار ھەقىقەت ئۇچۇرلىرىنى بىزگە يەتكۈزگەن.

ئۇنداقتا، بىز ئۇچرىغان ئادالەتسىزلىكنى تاشلاتقۇزۇپ، ئادا-

لەتنى تاللاشقا مەجبۇر قىلىدىغان يەنە قانداق سەۋەب بار ئىكەن؟ بىز ئادالەتنى تاشقى بېزەك قىلىپ، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىياپەتكە كىرىۋالىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاھ ۋە ئادەملەرگە پايپېتەك بولۇپ، نەپكە ئېرىشىمىز. بۇنداق گەپكە ئادەتتىكى يۇقىرىلار بىلەن بەگ ـ تۆرىلەر ئوخشاش ئەقىدە قىلمۇۋېرىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەن بويىچە بولغاندا، پاراسەتلىك، باي، قۇدرەتلىك، مەنسەپلىك كىشىلەرنى ئادالەتنى ياقلاشقا قانداقمۇ كۆندۈرگىلى بولسۇن، سوقرات؟ ئۇلار ئادالەتنى ماختايدىغان ھەر قانداق سۆزنى مەسخىرە قىلىشىدۇ. بىراۋ يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرسە، ئادالەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە، ئۇنداقتا، ئۇ ئادالەتسىز كىشىلەرنى كەچۈرسە بولىدۇ دەپ قارايدۇ، ئۇ ئۇلاردىن غەزەپلەنمەيدۇ. ئۇ بىلىدۇكى، ئادىللىقنى چىن دىلىدىن خالايدىغان ھېچكىم يوق. پەقەت يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان، ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان تۆز ئادەملەرلا ياخشىلىقنى راۋا كۆرىدۇ. قېرىلار، ئاجىزلار ۋە باشقا كەمتۈكلەر يامانلىققا قارشى تۇرىدۇ — چۈنكى، ئۇلارنىڭ يامانلىق قىلغۇدەك ھالى يوق. بۇنىسى ئېنىق. بۇنداق ئادەملەر ھوقۇققا ئېرىشكەن ھامان ئەسكىلىكنى باشلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى دوستلارغا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىم. بىز ساڭا دەيمىزكى: «سوقرات، بۇنى دەپ كەلسەك غەلىتە، سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئادالەتنىڭ كۈيچىسى دەۋالىسىلەر، ئەمما، تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلغان قەھرىمانلاردىن ھازىرقى ئاددىي كىشىلەرگىچە ھېچكىم ئادالەتنى ھەقىقىي يوسۇندا ياقلاپ، ئادالەتسىزلىكنى ھەقىقىي يوسۇندا ئەيىبلەپ باقمىدى. شۇنداق قىلغان ئەھۋالدىمۇ پايدا ـ مەنپەئەت ۋە شان ـ شەرەپنى كۆزدە تۇتۇپ قىلغان بولىدۇ. ئادالەت زادى قانداق نېمە؟ ئۇنىڭ قۇدرىتى نەدە؟ ئۇلار كىشىلەرنىڭ روھىدا پىنھان مەۋجۇت بولۇپ، قانداق روللارنى ئوينايدۇ؟ شېئىرلاردا ياكى خۇسۇسىي پاراڭلاردا ئۇ ئوبدان تەسۋىرلىنىپ باقمىدى، ئادالەتسىزلىكنى رەزىل، ئادالەتنى پەزىلەت دەپ ھېچكىم

كۆرسەتكىنى يوق. بۇنداق گەپلەر بىزگە باشتىلا سىڭدۈرۈلگەن
بولسا، بىز بىر ـ بىرىمىزدىن ھەزەر قىلىشىپ يۈرمىگەن بولات-
تۇق، ھەربىر كىشى ئۆزىگە ئەڭ ياخشى قوغدىغۇچى بولغان بولات-
تى. چۈنكى، ھەر كىم يامانلىقتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىدە يۈز بې-
رىشىدىن ئېھتىيات قىلغان بولاتتى. سوقرات! سىراسماخوس ۋە
باشقىلار ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك ھەققىدە شەكسىزكى ئەنە
شۇنداق دېيىشىدۇ، ھەتتا، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ! ئۇنداق دې-
يىش، مېنىڭچە، ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى
ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. شەخسەن مەن ئىقراركى، رەددىيە-
لىرىڭنى ئىشىتمەك ئۈچۈن مەسىلىلەرنى ئىمكانقەدەر روشەن بايان
قىلىشقا تىرىشتىم. سەن ئادالەت ئادالەتسىزلىكتىن ئۈستۈن تۇ-
رىدۇ دەپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، ئادالەتنىڭ ئادالەت ئىگى-
لىرىگە نېمە پايدىسى بار، ئادالەتسىزلىكنىڭ ئادالەتسىزلىك ئىگى-
سىگە نېمە زىيىنى بار، مانا بۇلارنى ئېنىق سۆزلە. خۇددى گىلاۋ-
كون ئوتتۇرىغا قويغاندەك، ئۇ ئىككىسىنىڭ قۇرۇق نامىنى نەزەر-
دىن ساقىت قىل. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ساختا نامىنى يوقاتمىساڭ،
بىز سېنى ئادالەتنىڭ نىقابىنى ياقىلىدى دەپ قارايمىز. ئەيىبلىگى-
نىڭمۇ ئادالەتسىزلىكنىڭ ئۆزى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سىرتقى
پەردىسى بولۇپ قالىدۇ. سەن پەقەت كىشىلەرنى ئادالەتسىزلىكنى
سېزىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان بولۇپ قالىسەن. بىزمۇ سېنى
سىراسماخوس بىلەن بىردەك پىكىر قىلدى، دەپ ئويلاپ قالىمىز.
ئادالەت باشقىلارنىڭ ياخشى تەرىپى، غالىبلارنىڭ مەنپەئەتى، ئادا-
لەتسىزلىك بولسا ئۆزىگە پايدا، ئاجىزلارغا ئاپەت. سېنىڭچە، ئادالەت
كامىل ياخشىلىقلارنىڭ بىرى ھەم دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسە.
ئاشۇ ئاتالمىش ئەڭ ياخشى نەرسە نەتىجىسىنىڭ ياخشىلىقىنىلا
كۆرسىتىپ قالماستىن، مۇھىمى ئۆزىنىڭمۇ ياخشى بولۇشىنى
كۆرسىتىدۇ. ئالايلى، كۆرۈش، ئاڭلاش، ئەقلىي كۈچ، ساغلاملىق ۋە
باشقا پەزىلەتلەر ئۆزىنىڭ ساختا نامىغا ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي

ماھىيىتىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولىدۇ. مېنىڭچە، سەن ياقلايدىغان ئادالەت ئۇنىڭ ئىگىسىگە پايدىلىق بولغان بولۇشى، ئۆز ئىگىسىگە زىيانلىق بولغىنى ئادالەتسىزلىك بولۇپ سانىلىشى لازىم. باشقىلار ھەقىقىي نەپ، ساختا نامىلارنى ياقلاۋەرسۇن. باشقىلاردىن ئاڭلىسام ئاڭلايكى، لېكىن، سېنىڭ ئاغزىڭدىن بۇخىل ئادالەتنى ماختايدىغان ۋە ئادالەتسىزلىكنى سۆكىدىغان، شان ـ شەرەپ ۋە پايدا مەنپەئەتنى ماختايدىغان ياكى سۆكىدىغان ئىبارىلەرنى ئاڭلىغۇم يوق. ئەمما، سەن مەجبۇر قىلساڭ، بۇنىسى باشقا گەپ. سەن ئۆمۈر بويى مۇشۇ كويدا يۈرگەن ئادەم. سەندىن ئۆتۈنىمەنكى، سەن مۇنازىرەڭدە ئادالەتنىڭ ئادالەتسىزلىكتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماي، يەنە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا زادى قانداق نېمە ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بەرگىن. ئادالەت ئادالەت ئىگىسىگە نېمىلەرنى بەردى، ئادالەتسىزلىكمۇ ئۆز ئىگىسىگە نېمە زىيانلارنى كەلتۈردى ۋە قانداق بىرىنى بىرى ھەق، بىرىنى ناھەق قىلىپ چىقتى. ( تەڭرى ۋە ئىنسانلارنىڭ بۇلارنى ھېس قىلىش ـ قىلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر) سەن بۇلارنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىن.

سوقرات: [مەن گىلاۋكون بىلەن ئادىمانتوسلارنىڭ تالانتىغا قايىل ئىدىم. بۇگۈنكى خۇرسەنلىكىم ھەقىقەتەن ئۆزگىچە. مەن سۆزلىدىم.] بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار ھەقىقەتەن نامى ياخشى ئاتىنىڭ پۇشتى ئىكەن، گىلاۋكونىنىڭ بىر دوستى شېئىر يېزىپ، سىلەرنىڭ مېگارا ئۇرۇشىدىكى تۆھپەڭلارنى مەدھىيەلىگەن ئىدى، باشتىكى ئىككى مىسرا ناھايىتى قاملاشقان ئىدى:

ئېسىللەردىن ئېسىل نەسىللەر[①]
ئېسىللىكنى يەنە ھەسسىلەر.

سىلەر ئادالەتسىزلىكنىڭ ئادالەتتىن ياخشى بولىدىغانلىقىغا

① «ئارستون» دېگەن سۆز «ئەڭ ياخشى» دېگەن مەنىدە.

ئىشەنمىسەڭلارمۇ، ئادالەتسىزلىكنى قايىل قىلغۇدەك ئاقلاپ چىقـ-
تىڭلار. بۇنىڭدا ئىلاھنىڭ ياردىمى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ئۆ-
زۈڭلارمۇ ئېيتقانلىرىڭلارغا ئىشەنمەيسىلەر، مەن سىلەرنىڭ پەزد-
لىتىڭلاردىن ئەنە شۇنداق ھۆكۈمنى چىقىرالايمەن. مۇنازىرەڭلارنى
ئاڭلاش بىلەنلا چەكلەنگەن بولسام، ئىشەنمىگەن بولاتتىم. مەن
سىلەرگە ئىشەنگەنسېرى سىلەرگە قانداق ياردەم قىلىشىمنى بىد-
لەلمەيۋاتىمەن. راستىنى دېگەندە، مەندە ئۇنداق ئىقتىدار يوق، مې-
نىڭچە، مەن سىراسىماخوسقا ئادالەتنىڭ ئادالەتسىزلىكتىن ئۈستۈن
تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بولدۇم، سىلەر قوبۇل قىلغىلى ئۇنى-
مايۋاتىسىلەر. مەن سىلەرگە قارىتا ياردەمنى رەت قىلىشنى
راستىنلا بىلەلمەيۋاتىمەن. ئادالەت تۆھمەتكە ئۇچرىغاندا، مېنىڭ
نەپەس ئالغۇدەك ھالىم بار تۇرۇپمۇ بىر چەتتە سۈكۈت قىلىپ تۇ-
رۇشۇم جىنايەت ھەم نومۇستۇر. قارىغاندا، مەزمۇت تۇرۇپ ئادالەت-
نى قوغدىسام بولىدىغۇدەك.

[گىلاۋكون ۋە باشقىلار مېنىڭ بەل قويۇۋېتمەسلىكىمنى، ھەر
ئاماللار بىلەن بۇ مۇنازىرىنى تەرك ئەتمەسلىكىمنى تەلەپ قىلدى.
ئۇلار يەنە ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە پايدا ـ زىيد-
ىنىنى توپ يىلتىزىدىن قېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. ئاخىرى، ئويد-
لىغانلىرىمنى ئېيتتىم:] نۆۋەتتىكى ئىزدىنىشلىرىمىز پەۋقۇلئاد-
دە. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكۈر نەزەر كېرەك. ئەمما، بىز يېتەرلىك دە-
رىجىدە چېچەن ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى مۇنازىرىنى مۇنداق يۈرگۈ-
زەيلى، ئەگەر بىزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىمىز ياخشى بولماي، كىشد-
لەر يىراقتىكى كىچىك خەتلەرنى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان
پەيتتە، بىراۋنىڭ ئاشۇ خەتلەرنى چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىپ قويغاند-
لىقىنى بايقاپ قالساق، مانا بۇ خۇدانىڭ بەرگىنى، بىز شۇ ھامان
چوڭ خەتنى ئاۋۋال ئوقۇپ، ئاندىن كىچىك خەتنى ئوقۇساق بولىـ-
دۇ. بۇلار بەرىبىر ئوخشاشمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: توغرا، ئەمما، بۇنىڭ ئادالەت توغرىسىدىكى مۇنا-

زىرە بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟
سوقرات: مەن سىلەرگە ئېيتسام، شەخسلەرنىڭمۇ ۋە شەھەر دۆ-لىتىنىڭمۇ ئادالىتى بولىدۇ.
ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.
سوقرات: ئوبدان! شەھەر دۆلىتى شەخستىن چوڭمۇ؟
ئادىمانتوس: چوڭ.
سوقرات: ئۇنداقتا چوڭ نەرسىدە چوڭراق ئادالەتنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرغىلى بولىدۇ. مۇۋاپىق كۆرسەڭ، ئاۋۋال بىز شەھەر دۆلىتىدىكى ئادالەت ھەققىدە توختىلايلى، ئاندىن شەخسكە ئۆتەيلى. بۇ چوڭدىن كىچىكنى كۆرۈش دەپ ئاتىلىدۇ.
ئادىمانتوس: ياخشى گەپ بولدى.
سوقرات: ئەگەر بىر شەھەر دۆلىتىنىڭ يېتىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالىساق ئۇ يەردىكى ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ يېتىلىشىنىمۇ كۆرۈپ يېتەلەيمىز، شۇنداقمۇ؟
ئادىمانتوس: بەلكىم، شۇنداقتۇ.
سوقرات: ئەگەر شۇنداق قىلالىساق، ئىزدىگەن نەرسىمىزگە ئا-سانلا ئېرىشىشىمىزگە ئۇمىد تۇغۇلىدۇ.
ئادىمانتوس: توغرا، ئۇمىد زور.
سوقرات: ئۇنداقتا، باشلامدۇق؟ مېنىڭچە، بۇ كىچىك ئىش ئە-مەس، ئوبدان ئويلىنىپ كۆرگىن.
ئادىمانتوس: ئويلاندۇق. ئىككىلەنمەي باشلايلى.
سوقرات: ياخشى. مېنىڭچە، شەھەر دۆلىتى قۇرۇشتىكى سەۋەب شۇكى، ھاجەتلىرىمىزنى پەقەت ئۆزىمىزگە تايىنىپلا راۋا قىلالماي-مىز، بىز نۇرغۇن نەرسىلەرگە موھتاج بولىمىز. سىلەر شەھەر دۆلە-تى قۇرۇشنىڭ باشقا سەۋەبلىرىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ يېتەلەمسىلەر؟
ئادىمانتوس: ياق.
سوقرات: شۇڭا، بىز ئېھتىياجىمىزنىڭ ھەرخىللىقىغا قاراپ، ھەرخىل كىشىلەرنى ياردەمگە چاقىرىمىز. بىز كۆپ نەرسىلەرگە

موھتاج بولغانلىقىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەرنى جەم قىلىپ، ھەمكارلاشتۇرىمىز، مۇشۇنداق ئاممىۋى تۇرالغۇ شەھەر دۆلىتى دېيىلىدۇ، شۇنداق دېيىش توغرىمۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، توغرا.

سوقرات: بىر ئادەم بىر قىسىم نەرسىلىرىنى باشقىلارغا بەرسە ھەم باشقىلاردىن بىر قىسىم نەرسىلەرنى ئالسا، بۇنى ھەركىم ئۆزى ئۈچۈن مۇئەييەن ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، باشتىن پەرەز قىلايلى، شەھەر دۆلىتى قۇرماقچى بولغان كىشىگە نېمىلەر لازىم بولىدۇ.

ئادىمانتوس: بولىدۇ.

سوقرات: ئەڭ مۇھىمى ئاشلىق، ئاشلىق بولغاندا ياشىغىلى بولىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ.

سوقرات: ئاندىن تۇرالغۇ، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەر بولۇشى لازىم.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئەمدىكى مەسىلە شۇكى، شەھەر دۆلىتى قانداق قىلغاندا، ئۇ نەرسىلەرنى تەل قىلالايدۇ؟ ئۇ يەردە دېھقان، تامچى، بوزچى بولۇشى كېرەكمۇ ـ يوق؟ يەنە موزدۇز ۋە باشقا ھاجەتلىك ئادەملەر بولۇشى كېرەكمۇ ـ يوق؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، بولۇشى كېرەك.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئەڭ كىچىك شەھەر دۆلىتىدىمۇ كەم دېگەندە 4 ~ 5 ئادەم بولۇشى كېرەك.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئاندىنچۇ؟ ھەربىر پۇقرا ئاۋامغا ئۆز خىزمىتى دائىرىسىدە تۆھپە يارىتىشى — دېھقان تۆت ـ بەش ئادەم ئۈچۈن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى، يەنى ئۇ تۆت ـ بەش ھەسسە كۈچ ۋە ۋاقىت

سەرپ قىلىپ، باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى كېرەكمۇ يا-كى باشقىلار بىلەن كارى بولماي ئۆزى ئۈچۈنلا ئاشلىق ئىشلەپچى-قىرىپ، قالغان ۋاقتىنى ئۆي سېلىش، كىيىم تىكىش، ئاياغ تى-كىش قاتارلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، باشقىلار بىلەن ئالماشتۇ-رۇش ئېلىپ بارماي، ئۆز ئېھتىياجى بىلەن چەكلىنىشى كېرەكمۇ؟

ئادىمانتوس: بىرىنچى خىلى ياخشىدەك تۇرىدۇ، سوقرات.

سوقرات: تەڭرى گۇۋاھكى، بۇ قىلچىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئە-مەس. سەن سۆزلىگەندە، مەن ھەربىرىمىزنىڭ تۇغۇلغاندا ئوخشاش ئەمەسلىكىمىزنى ئويلاپ قالدىم. ھەربىر كىشىنىڭ مىجەزى ئايرىم بولغاچقا، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم خىزمەتلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. سېنىڭچە، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىر ئادەم بىر قانچە ھۈنەرنى قىلسا ياخشى-مۇ ياكى بىرلا ھۈنەرنى قىلسا ياخشىمۇ؟

ئادىمانتوس: بىر ئادەم بىر ھۈنەرنى قىلسا ياخشى.

سوقرات: ئىككىنچىدىن، مېنىڭچە، بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق-كى، بىر ئادەم نېمە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ مۇۋاپىق پەيت ۋە پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا، ئۇنىڭ ئەجرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

ئادىمانتوس: توغرا، بۇنىسى شەكسىز.

سوقرات: مېنىڭچە، خىزمەت ئىشچىنىڭ ۋاقتى يەتكەندە قىلى-نىدىغان نەرسە بولماستىن، بەلكى، ئىشچى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم دەپ پىداكارلىق بىلەن ئىشلىنىدىغان نەرسە. ئۇنى قولىنىڭ ئۈچىدا قىلىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق بولۇشى كېرەك.

سوقرات: ئەگەر بىر ئادەم پەيتىنى كەلتۈرۈپ خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان ئىشنى قىلسا، باشقا ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ مەلۇم بىر كەسىپنى مەخسۇس قىلسا، ھەم كۆپ ھەم ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

ئادىمانتوس: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئادىمانتوس، بىزگە تېخىمۇ كۆپ يۇقىرا كېرەك بولىدۇ، بىز بايا دېگەن نەرسىلەرنى تەل قىلىشقا، يۇقىرىدا دېيىلگەن تۆت ـ بەش ئادەمدىنمۇ كۆپ ئادەم كېتىدۇ. دېھقان بوقۇسا ئىشلەپچىقىرالمايدۇ (ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشى بوقۇسا كېرەك بولسا)، ئۇ يەنە مېتىن(جوتو) ۋە باشقا دېھقانچىلىق قوراللىرىنى ياسىيالمايدۇ. بىناكارلىق ئىشچىلىرىمۇ باشقا ئادەملەرگە موھتاج بولىدۇ. بۆزچى، موزدۇزلارمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمايدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، ياغاچچى، تۆمۈرچى دېگەنلەرگە ئوخشىغان بارلىق ھۈنەرۋەنلەر شەھەر دۆلىتىنىڭ يۇقىراسى بولغان بولىدۇ ـ دە، شەھەر دۆلىتى كېڭىيىدۇ.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئەمما، بۇنى يەنىلا چوڭ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، بىز يەنە قوي، كالا ۋە باشقا ھايۋانلارنى باقىدىغان ئادەملەرنى قوشۇشىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا دېھقاندا بوقۇسا، بىناكارلىق ئىشچىلىرى بىلەن دېھقاندا نەرسە ـ كېرەكلەرنى توشۇيدىغان ھايۋان كۆچى، بۆزچى بىلەن موزدۇزدا يۇڭ ۋە كۆن بار بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق بولغاندا، بۇ شەھەر دۆلىتىنى كىچىك دېگىلى بولمايدۇ!

سوقرات: يەنە شەھەر دۆلىتىنى ئىمپورت ماللىرىغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان يەرگە قۇرۇش ئەمەلىيەتتە مۇمكىن ئەمەس.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، شەھەر دۆلىتىدە سىرتقا چىقىپ، مال ئىمپورت قىلىدىغان ئادەملەرمۇ بولۇشى كېرەك.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: يەنە بىر نۇقتا باركى، ئەگەر بىز ئەۋەتكەن ئادەم سىرتتىكىلەرگە لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقمىسا، ئۇلار ئا-

خىمىر قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، شەھەر دۆلىتى پۇقرالىرى ئۆزلىرى ئۇچۇن يېتەرلىك نەرسە ئىشلەپلا قالماستىن يەنە مىقدار ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۆزلىرىنى نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىگەن يات ئەل كىشىلىرىگىمۇ نەرسە ئىشلىشى لازىم.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇشى كېرەك.

سوقرات: شۇڭلاشقا، بىزنىڭ شەھەر دۆلىتىمىز تېخىمۇ كۆپ دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: مېنىڭچە يەنە ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئىشلىرىغا ياردەمچىلىك رولىنى ئوينايدىغان سودىگەرلەر كېرەك بولىدۇ. شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، بىز سودىگەرلەرگە موھتاج.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: بۇ ئىشلار چەت ئەل بىلەن ئالاقىدار بولغان ئىكەن، بىزدە چەت ئەل سودىسىنى بىلىدىغان كىشىلەر بولۇشى لازىم.

ئادىمانتوس: يەنە نۇرغۇن ئادەملەر كېرەك.

سوقرات: شەھەر دۆلىتىنىڭ ئىچىدە ھەر ساھە كىشىلىرى ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەرنى قانداق ئالماشتۇرىمىز؟ بىلىش لازىمكى، مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش دەل شەھەر دۆلىتى بەرپا قىلىشىمىزنىڭ مەقسىتى.

ئادىمانتوس: ئالماشتۇرۇش سېتىش ۋە سېتىۋېلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

سوقرات: شۇنىڭ بىلەن بىزدە بازار، ئالماشتۇرۇشقا ۋاستە بولىدىغان پۇل پەيدا بولىدۇ.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئەگەر بىر دېھقان ياكى بىر ھۈنەرۋەن ئۆز مەھسۇلاتىنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ، خېرىدار تېخى يېتىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇ بازاردا بىكارچى قېلىپ خىزمىتىگە دەخلى يېتەمدۇ؟

ئادىمانتوس: ياق. بازاردا بۇخىل ئەھۋالنى كۆرۈپ، مەخسۇس شۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەر چىقىدۇ. ياخشى ئىدارە قىلىنغان شەھەر دۆلىتىدە، بۇنداق ئىشلارنى تېنى ئاجىزراق كەلگەن كىشىلەر ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇلار بازاردا كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ ـ دە، ساتقۇچىلارنىڭ ماللىرىنى سېتىۋېلىپ، يەنە باشقىلارغا سېتىپ بېرىدۇ.

سوقرات: شەھەر دۆلىتىدە ئەنە شۇنداق ئېھتىياجلار بىر تۈركۈم غوجايىنلارنى شەكىللەندۈردى. بازاردا يۈرۈپ ئېلىپ ـ ساتارلىق قىلىدىغان بۇنداق كىشىلەرنى بىز غوجايىن ياكى ھۆپىگەر دەپ ئاتايمىز. شەھەر دۆلەتلىرى ئارىسىدا سودا ـ سېتىق قىلىدىغانلارنى سودىگەر دەپ ئاتايمىز، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: بىز ئۇچۇن مۇلازىمەت قىلىدىغان شۇنداق بىر تۈركۈم ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار جىسمانىي ئەمگەككە لايىق يېتەرلىك كۈچكە ئىگە، ئەمما، ئۇلاردا بىزگە شېرىك بولغۇدەك ئەقلىي كۈچ يوق. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى مەلۇم باھادا ساتىدۇ، بىز باھانى ئىش ھەققى دەپ ئاتايمىز. ئېنىقكى، ئۇلار ئىش ھەققىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدۇ. سىنىڭچە قانداق؟

ئادىمانتوس: پىكرىڭگە قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئىش ھەققىگە تايىنىپ ياشايدىغانلار شەھەر دۆلىتىمىزنىڭ بىر تەركىبى.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئادىمانتوس، ئۇنداقتا، بىزنىڭ شەھەر دۆلىتىمىز پۈتكەن بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: بەلكىم.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنى شەھەر دۆلىتى-نىڭ قەيېرىدىن ئىزدەش كېرەك؟ بىز دېگەن يۇقىرىقى ئادەم تۈر-كۈملىرىنىڭ ئىچىدىن قايسىلىرى شەھەر دۆلىتىمىزگە ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنى پەيدا قىلغان بولىدۇ؟

ئادىمانتوس: ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن، سوقرات! بەلكىم ھەر كىمنىڭ مەلۇم ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن كېلىپ چىققاندۇ.

سوقرات: ئېيتقانلىرىڭ توغرىدۇ. بىز مەسىلىدىن ئۆزىمىزنى تارتماي ئويلىنىشىمىز لازىم. بىز ئالدى بىلەن يۇقىرىقىدەك تەر-تىپتىن كېيىن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلىنىپ كۆرەيلى. ئۇلار تاماق ئەتمىسە، ھاراق ئېچىتمىسا، كى-يىم ۋە ئاياغ تىكمىسە بولىدۇ؟ ئۇلار يەنىلا ئۆي سېلىشى كې-رەك. ئومۇمەن، ئۇلار يازدىكى ئەمگەكلەردە يالاڭ ئاياغ يۈرگەن بولسا، قىشتا قېلىن كىيىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئارپا، بۇغدايلار-دىن ھەرخىل تائام، پېچىنە ـ پىرەنىك ۋە قۇيماقلارنى پىشۇرۇپ، بورا ۋە پاكىز ياپراقلارنىڭ ئۈستىگە قويۇشىدۇ. ئۇلار زەرنەپ دە-رىخى ۋە مېرتا ئۆسۈملۈكىنىڭ ياپراقلىرى سېلىنغان كارىۋاتلى-رىدا يېتىشىپ، بالىچاقىلىرى بىلەن خۇشال ـ خۇرام يەپ ـ ئى-چىشىدۇ؛ باشلىرىغا گۈلچەمبەر كىيىشىپ، ئىلاھلارنى كۈيلىشىدۇ. ئائىلىلەر ئىناق ۋە قوۋناق بولىدۇ نامراتلىق ۋە ئۇرۇش ـ ما-جىرالاردىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ئائىلە نوپۇسىنى كۆپەيتمۇالمايدۇ.

[بۇ چاغدا گىلاۋكون گەپ قىستۇردى.]

گىلاۋكون: باشقا نەرسە لازىم ئەمەسمۇ؟ بۇ زىياپەتتە دورا ـ دەرمەكلەر يوقتەك تۇرىدىغۇ؟

سوقرات: توغرا، بۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇلاردا دورا ـ دەر-مەكلەر بار، ئەلۋەتتە، تۇز، زەيتۇن مېۋىسى، ئېرىمچىك، يەنە سەھرالاردا دائىم يېيىلىدىغان پىياز قاتارلىق كۆكتاتلارمۇ بار. بىز ئۇلارغا تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ـــ ئەنجۈر، نوقۇت، كۆك پۇرچاقلار-نى بېرىمىز. ئۇلار يەنە قىزىل مېرتا مېۋىسى (myrtle berry)، دۇپ

ياغىچى قاتارلىقلارنى ئوتقا قاقلاپ يېيىشىدۇ، مۇۋاپىق ھالدا ئىـ-
چىپمۇ قويۇشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆمرىنى سالامەت ھەم
خۇشال ـ خۇرام ئاماملاپ، ئۆز ئەجىلىدە قايتىش قىلىدۇ. بۇ يو-
سۇننى ئەۋلادلىرىغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇشىدۇ.

گىلاۋكون: ئەگەر سەن چوشقىلارنىڭ شەھەر دۆلىتىنى قۇر-
ساڭ، يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە نېمىلەرنى بەرگەن بولاتتىڭ؟

سوقرات: گىلاۋكون، ساڭا يەنە نېمە كېرەك؟

گىلاۋكون: يەنە تۇرمۇشنى راھەتلىك قىلىدىغان بەزى نەرسىلەر كېرەك. مېنىڭچە، يەنە چارچاپ قالماسلىق ئۈچۈن يانپاشلاپ ئارام ئالىدىغان دىۋان، تاماق ئۈستىلى، قاچا ـ قۇچا، تاتلىق ـ تۈرۈملار كېرەك. مانا مۇشۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىكىدەك.

سوقرات: چۈشەندىم. قارىغاندا، بىزنىڭ تونۇشلىدىغىنىمىز شەھەر دۆلىتىنىڭ پەيدا بولۇشىلا ئەمەس، بەلكى، يەنە گۈللەنگەن شەھەر دۆلىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىمدۇر. بۇ يامان ئەمەس پىكىر ئىكەن. بىز شەھەر دۆلىتىنى كۆزەتكەندە، بىر ئەلدە ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ قانداق كېلىپ چىقىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ يېتەلەيمىز. مېنىڭچە، ھەقىقىي دۆلەت بىز يۇقىرىدا تەسۋىرلىگەندەك بولىدۇ. بىز بۇنى ساغلام دۆلەت دەپ ئاتىساق بولىدۇ. ئەگەر سەن كېسەل بىر شەھەر دۆلىتىنى تەتقىق قىلىشنى ئويلىساڭ، بۇنىڭ بولمايدىغان نەرى بار. نۇرغۇن ئادەملەر بايىقى تىزىملىك ياكى تۇر-مۇش شەكلىدىن ئانچە رازى ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۇخلايدىغان دىۋان، شىرە قاتارلىق ئۆي جاھازلىرى، دورا ـ دەرمەك، خۇش پۇراق ما-تېرىياللار، ئەتىر، ناخشىچى قىزلار، تاتلىق ـ تۈرۈملار، پېچىنە ـ پىرەنىكلەر ئەلۋەتتە لازىم. باشتا دېيىلگەن ئۆي، كىيىم ـ كې-چەك، ئاياغ قاتارلىق زۆرۈر نەرسىلەرنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلماي-دۇ. يەنە رەسىم سىزىش ۋە كەشتە تىكىشكە ۋاقىت چىقىرىشىمىز-غا توغرا كېلىدۇ، يەنە ئالتۇن، پىل چىشى دېگەنلەردەك زىننەت بۇ-يۇملىرىنى ئاختۇرۇشىمىز كېرەك، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا بىز شەھەر دۆلىتىنى كېڭەيتىشكە موھتاج-مۇ - قانداق؟ چۈنكى، ھېلىقى ساغلام شەھەر دۆلىتىنىڭ بولۇشىلا يېتەرلىك ئەمەس، بىز ئۇنى كېڭەيتىشىمىز يەنى ئوۋچى، ئوبراز ۋە رەڭلەرگە تەقلىد قىلىدىغان سەنئەتكارلار، سازەندىلەر، شائىرلار، دېكلاماتسىيەچى (ھاپىز)لەر، رول ئالىدىغان ئارتىسلار، خورچىلار، ئۇسسۇلچىلار، باشقۇرغۇچىلار، ھەرخىل ئۆي جاھازلىرى ۋە بۇيۇملارنى ياسىغۇچىلار، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ زىبۇ - زىننەتلىرىنى ياسىغۇچىلارنى قوشۇشىمىز كېرەك. بىزگە يەنە نۇرغۇن چاكارلار كېرەك. ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى، ئېمىكئانا، بالا باققۇچى، ساتىراش، ئاشپەزلەرمۇ كېرەك بولىدىغاندۇ؟ بىز يەنە چوشقا باققۇچى چاكارلارغا ئېھتىياجلىق. بىز دەسلەپتە ئېيتقان شەھەر دۆلىتىدە بۇنداق ئادەملەر يوقتەك تۇرىدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ بولۇشى ئارتۇقچەدەك ئىدى. بىراق، ھازىر توختىلىۋاتقان شەھەر دۆلىتىدە بۇنداق زۆرۈرىيەت بار بولدى. بىز يەنە نۇرغۇن گۆشكە موھتاج بولىمىز. توغرىمۇ؟

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: بۇخىل تۇرمۇش شەكلىمىزدە تېۋىپلارغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك موھتاج بولىمىزمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالساق، ئۇ بۇرۇن بارلىق پۇقرالارغا يېتەتتى، ئەمدىلىكتە يەتمەيدىغان ھالغا كەلدى. بۇ گەپ سېنىڭچە توغرىمۇ؟

سوقرات: ئەگەر بىز يېتەرلىك تېرىلغۇ يەر ۋە يايلاقتا ئېرىشمەكچى بولساق، قوشنا ئەلنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر قوشنا ئەلمۇ ئۆزىدىكى نەرسىلەرگە قانائەت قىلماي، چەكسىز بايلىقنى ئىزدىسە، مۇقەررەر ھالدا بىزنىڭ زېمىنىمىزغا ھۇجۇم قىلىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق بولىدۇ، سوقرات.

سوقرات: گىلاۋكون! بىز ئەمدى ئۇرۇش تېمىسىغا كېلىپ قالدۇق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق، بۇنداق چاغدا ئۇرۇش زۆرۈر بولىدۇ.

سوقرات: ئۇرۇشنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ئېيتماي تۇرايلى، شۇ تاپتا بىز ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىققان بولدۇق. ئۇرۇش شەھەر دۆلىتىنى ھەر جەھەتتىن ئاپەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز تېخىمۇ چوڭ بىر شەھەر دۆلىتىگە موھتاج بولىمىز، بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى چوڭلۇقتا بولماستىن، بەلكى، ياۋغا تاقابىل تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مۈلكىنى قوغداپ قالالىغۇدەك ئارمىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور شەھەر دۆلىتىدۇر.

گىلاۋكون: نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ باشقىلىرى ئادەملەرمۇ ئۆزدىمىزگە يېتىشمەمدۇ؟

سوقرات: يېتىشمەيدۇ. ئېسىڭىزدىمۇ، بىز باشتا شەھەر دۆلىتى ھەققىدە توختالغاندا، بىر ئادەمنىڭ كۆپكە ماھىر بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدۇق.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئارمىيەنىڭ ئۇرۇش قىلىشى بىرخىل ماھارەت ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، ماھارەت ـ دە!

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز موزدۇزلۇققا ئېتىبار بېرىپ، ئۇرۇش ماھارىتىگە سەل قارىشىمىز كېرەكمۇ؟

گىلاۋكون: ياق، ھەرگىز بولمايدۇ!

سوقرات: ئاياغنىڭ ياخشى تىكىلىشى ئۈچۈن موزدۇزنى دېھقانچىلىق، تامچىلىق ۋە بۆزچىلىككە سالمايمىز، ئوخشاشلا، باشقىلارنىمۇ قابىلىيىتىگە ئاساسەن ئىشقا قويىمىز، كەمچىلىكىنى قايرىپ قويۇپ، ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىمىز، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى بىر

كەسپكە مەركەزلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ياخشى تەرەپلىرىنى تاۋلاپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيمىز. ئۇنداقتا، ھەربىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرمىسەكمۇ بولامدۇ؟ ياكى ھەربىي ئىشلار ئوڭاي بولۇپ، دېھقان، موزدۇز ۋە باشقا ساھە ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدىن ئۇرۇش قىلىش كېلەمدۇ؟ شاھمات ئويناش گەرچە بىر ئويۇن بولسىمۇ، كىچىكىدىن تارتىپ مەشىق قىلمىغاندا، ئۇنى ياخشى ئوينىغىلى بولمايدۇ. زور كۆلەملىك ئۇرۇش ۋە باشقا تىپتىكى ئۇرۇشلاردا قالقان ياكى باشقا قوراللارنى بىر كۈن ئىشقا سېلىپلا ماھىر جەڭچى بولغىلى بولامدۇ؟ بىلىش كېرەككى، بىر ۋاق قورال ئىشلىتىشنى بىلمىسە ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنى ئەستايىدىل مەشىق قىلمىسا، قولغا ئېلىش بىلەنلا ئۇنى ماھارەتلىك قىلىپ قويىدىغان قورال ھېچقاچان بولغان ئەمەس.

گىلاۋكون: بۇ گەپ توغرا، ئەگەر ئۇنداق بولسا قوراللىنىڭ ئۆزى ئەڭگۈشتەر بولۇپ قالامدۇ؟

سوقرات: قوغدىغۇچىلارنىڭ خىزمىتى مۇھىم بولغان ئىكەن، ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت، بىلىم ۋە مەشىققە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

گىلاۋكون: مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

سوقرات: يەنە شۇ كەسپكە لايىق تالانت بولۇشى كېرەكمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، كېرەك.

سوقرات: دېمەك، دۆلىتىمىزنى تالاشقا يۇقىرىقى تەرەپلەردە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تاللاش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز.

گىلاۋكون: شۇنداق، بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز.

سوقرات: خۇدايا، بۇ يوك يەڭگىل ئەمەس ئىكەن، بىز بۇ ئىشلارنى پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن قىلىشىمىز كېرەككى، ھەرگىز ئۆزىمىزنى چەتكە ئالماسلىقىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: سېنىڭچە، ياخشى ئاپشاركا بىلەن ياخشى قوغدىغۇچى-

نىڭ ئىقتىدارىدا پەرق بولامدۇ[1]؟

گىلاۋكون: سەن نېمە دېمەكچى؟

سوقرات: دېمەكچىمەنكى، ھەر ئىككىسى سەزگۈر بولۇپ، دۈشمەننى تېز تۇتۇشى، ئېلىشقاندا رەھىمسىز بولۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: توغرا، ئۇلاردا ئاشۇنداق خىسلەتلەر بولۇشى زۆرۈر.

سوقرات: غەلىبە قىلىش ئۈچۈن باتۇر بولۇش لازىم.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئات، ئىت ياكى باشقا ھايۋانلار تېتىك بولمىسا، باتۇر بولالامدۇ؟ سەن جەڭگىۋار روھنىڭ تەڭداشسىز بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغانمۇ؟ جەڭگىۋار روھ بولسىلا ھېچنېمىدىن قورقماي، دۈشمەنگە زەربە بەرگىلى بولامدۇ؟

گىلاۋكون: توغرا، مەن دىققەت قىلغان.

سوقرات: دېمەك، قوغدىغۇچىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن قانداق ساپاغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكى ئايدىڭ بولدى.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: روھ جەھەتتىن جۇشقۇن بولۇش كېرەكلىكمۇ ئايدىڭ بولدى.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: گىلاۋكون! ئۇلاردا ئاشۇنداق روھ بولغان ئەھۋالدا، ئۆز-ئارا ماجىرالىشىپ قېلىش ياكى خەلق بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن قانداق قىلغاندا ساقلانغىلى بولىدۇ؟

گىلاۋكون: خۇدايا! بۇ ئاسان گەپ ئەمەس.

سوقرات: ئۇلار يەنە ئۆز ئىچىگە ئىللىق، دۈشمەنگە ۋەھشىي بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار دۈشمەن تەرىپىدىن يوقىتىلمىسىمۇ، ئۆز - ئۆزىنى يوقىتىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

---

① گىرېكچىدە «ئاپشاركا» دېگەن گەپ بىلەن «قورۇقچى» دېگەن گەپ ئاھاڭداش كېلىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ھەم مۇلايىم ھەم قەيسەر كىشىلەرنى نەدىن تاپىمىز، بۇ ئىككى خىل پەزىلەت بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: راستىنلا زىت.

سوقرات: ئەگەر ئىككى پەزىلەتنىڭ بىرى كەم بولۇپ قالسا، ئادەم ياخشى قوغدىغۇچى بولالمايدۇ. ئىككى نەرسىگە بىرلا ۋاقىتتا ئىگە بولۇش قىيىن، شۇڭا، ياخشى بىر قوغدىغۇچىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

گىلاۋكون: مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ.

سوقرات: مەن گاڭگىراپ قالدىم. بىراق، بىز بايا ئېيتقانلىرىمىزنى يېڭىباشتىن ئويلاپ باقساق، بۇ گاڭگىراشلارنى ئۆزىمىزنىڭ تېپىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى، بىز ئۆزىمىز تىكلىگەن تەتۈر تېپىنى ئۇنتۇپ كەتتۇق.

گىلاۋكون: قايسىنى دەيسەن؟

سوقرات: شۇنىڭغا دىققەت قىلماپتۇقكى، بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى ئالاھىدىلىككە بىرلا ۋاقىتتا ئېرىشكىلى بولمايدۇ دېگەن گەپ توغرىدەكمۇ تۇرىدۇ.

گىلاۋكون: توغرا؟ قانداقسىگە؟

سوقرات: ئۇنى ھايۋانلاردىن كۆرگىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ قوغدىغۇچى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان ھېلىقى ھايۋاندىن كۆرگىلى بولىدۇ. سەن ياخشى بېقىلغان ئىتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانسەن؟ ئۇ ئۆزىگە تونۇش ئادەملەرگە مۇلايىم، ناتونۇش ئادەملەرگە رەھىمسىز بولىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق، بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار.

سوقرات: ئۇنداقتا، يۇقىرىقى ئىش مۇمكىن بولدى. بىزنىڭ ئاشۇنداق قوغدىغۇچىنى ئىزدىشىمىز شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتىگە خىلاپ ئەمەس.

گىلاۋكون: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: بىر قورۇقچىدا جەڭگىۋارلىق بولۇشتىن باشقا يەنە

ئۇنىڭدا ئەقىل ـ پاراسەتكە نىسبەتەن قىزغىن تەلپۈنۈشمۇ بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇ ياخشى قوغدىغۇچى بولالايدۇ. سەنمۇ شۇنداق قارامسەن؟

گىلاۋكون: نېمە ئۈچۈن؟ دېمەكچى بولغىنىڭنى چۈشەنمىدىم.

سوقرات: بۇنى ئىتتىمۇ كۆرەلەيسەن. هايۋانلارنىڭ بۇنداق بولۇشى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ.

گىلاۋكون: «بۇنداق» دېگىنىڭ نېمىسى؟

سوقرات: ئىت يوچۇن ئادەملەرنى كۆرگەن ھامان قاۋايدۇ — گەرچە يوچۇن ئادەم ئىتقا چېقىلمىسىمۇ. ئىت تونۇش ئادەملەرنى كۆرگەندە قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ قارشى ئالىدۇ — گەرچە بۇ ئادەم ئىتقا ياخشىلىق قىلمىغان بولسىمۇ. سەن بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلمامسەن؟

گىلاۋكون: مەن بۇ ئىشقا دىققەت قىلمىغان ئىكەنمەن. ئەمما، ئىت ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: بۇ ئىتنىڭ تەبىئىتىدىكى نازۇك تەرەپ بولۇپ، ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىپادىسى.

گىلاۋكون: نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيسەن؟

سوقرات: ئاساسىم مۇنداق: ئىت دوست ـ دۈشمەننى تونۇش ۋە ناتونۇشلۇققا ئاساسەن ئايرىيدۇ. تونۇغىنى دوست، تونۇمىغىنى دۈشمەن. بىر ھايۋان دوست ـ دۈشمەننى تونۇيدىغان ياكى تونۇمايدىغانلىقىغا ئاساسەن پەرقلەندۈرىدۇ. سەن ئۇنى ئۆگىنىشكە ئىنتىلمەيدۇ دەپ قانداقمۇ ئېيتالايسەن؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، ئۇنداق دېيەلمەيمەن؟

سوقرات: ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرۈش بىلەن ئەقىل ـ پاراسەتنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئوخشاش بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلامسەن؟

گىلاۋكون: ئېتىراپ قىلىمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز بۇ گېپىمىزنى ئىنسانلارغىمۇ ئىشەنچ

بىلەن تەتبىقلىساق بولىدۇ: ئۆز ئادىمىگە مۇلايىم بولغۇچىنىڭ تە-بىئىتى ئۆگىنىش ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنى ياخشى كۆرۈشكە مايىل. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: بىز شۇنداق پەرەز قىلىپ تۇرايلى.

سوقرات: ئۇنداقتا، ھەقىقىي ياخشى قوغدىغۇچىنىڭ تەبىئىتىدە ئەقىل ـ پاراسەتنى ياخشى كۆرۈش جەسۇرلۇق، چەبدەسلىك، كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق بولىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

سوقرات: ئۇنداقتا، قوغدىغۇچىنىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ ئاساسى شۇنداق بولسا كېرەك (تەربىيە ئاساسىنى دېمەكچى). بىراق، مۇھا-پىزەتچىلىرىمىز مەشىق ۋە تەلىم ـ تەربىيەنى قانداق ئېلىشى كې-رەك؟ بۇنى مۇھاكىمە قىلىش بىزنىڭ ئومۇمىي مۇھاكىمە نىشانى-مىزنى يورۇتۇپ بېرىشكە ياردەم قىلالامدۇ؟ يەنى شەھەر دۆلىتىدە ئادالەتسىزلىك قانداق كېلىپ چىقىدۇ، دېگەن مەسىلە-نى چۈشىنىشىمىزگە قانداق پايدىسى تېگىدۇ؟ مۇھاكىمە ئىخچام ۋە تولۇق بولمىسا، كىشىلەر زېرىكىپ قالىدۇ.

ئادىمانتوس (گىلاۋكوننىڭ قېرىندىشى): توغرا، مەن بۇ مۇھا-كىمىنىڭ مەقسەتكە قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سوقرات: ئەمما، ئادىمانتوس، بىز بۇ مۇھاكىمىدىن چەتلىمەي-لى، سەل ئۇزىراپ كەتسە تاقەت قىلايلى.

ئادىمانتوس: توغرا، ھەرگىز چەتلىمەيلى.

سوقرات: ئەمدى بىز قوغدىغۇچىلارنى تەربىيەلەش مەسىلىسىگە كېلەيلى. بىز ھېكايە سۆزلىگەندىكىدەك سالماقلىق بىلەن سۆزلەيلى.

ئادىمانتوس: شۇنداق قىلايلى.

سوقرات: ئۇنداقتا، بۇ قانداق تەربىيە؟ قارىغاندا بىز باشتا باي-قىغان تەربىيەدىنمۇ ياخشىسىنى ئىزدەپ تېپىش تەستەك تۇرىدۇ. بۇخىل تەربىيە گىمناستىكا (ھەرىكەت) ئارقىلىق بەدەننى، مۇزىكا[1]

ئارقىلىق روھنى تاۋلاشتىن ئىبارەت.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: تەربىيەنى باشلاشتا، مۇزىكىنى ئاۋۋال، گىمناستىكىنى كېيىن ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەكمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ھېكايىنى مۇزىكا بىلەن بىرلەشتۈرىمىز، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ھېكايە راست ھەم يالغان بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: تەربىيە جەريانىدا ھەر ئىككىسىنى ئىشقا سالىمىز، ئاۋۋال يالغىنىنى ئىشقا سالىمىز، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: دېمەكچى بولغىنىڭنى چۈشەنمىدىم.

سوقرات: چۈشەنمىدىڭمۇ؟ بىز بالىلارغا ئالدى بىلەن ھېكايە ئېيتىپ بېرىمىز — ھېكايە ئومۇمىيۈزلۈك قارىغاندا، يالغان بولىسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ئىچىدە چىنلىقمۇ بار. گىمناستىكىدىن ئاۋۋال، بىز بالىلارنى ھېكايە ئارقىلىق تەربىيەلەيمىز.

ئادىمانتوس: بۇنىسى راست.

سوقرات: مانا بۇ مېنىڭ گىمناستىكا ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال مۇزىكا ئۆگىنىش دېگىنىمنىڭ مەنىسى.

ئادىمانتوس: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: ساڭا مەلۇمكى، ھەممە ئىشنىڭ بېشى مۇھىم. بولۇپمۇ جانلىقلارنىڭ. ئۇلار كىچىك ۋە يۇمران ۋاقتىدا ھەرقانداق تەربىيەنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ، سەن ئۇنى قانداق شەكىلگە كەلتۈرمەن دېسەڭ شۇنداق قىلالايسەن.

ئادىمانتوس: تامامەن توغرا.

① داستان ئاڭلاش قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ مەدەنىي تورمۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، بۇ يەردىكى «مۇزىكا» ئەدەبىياتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ھازىرقى «مەدەنىيەت» دېگەن مەنىدە.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز بالىلارنىڭ مۇناسىۋەتسىز ئادەملەردىن مۇناسىۋەتسىز ھېكايىلەرنى ئاڭلىشىغا ۋە قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلىشىغا يول قويساق بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: زادى بولمايدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز ھېكايىچىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ ياخشى ھېكايىلىرىنى تاللاپ، ناچارلىرىنى شاللاپ تاشلىشىمىز كېرەك. بىز ئانىلارنى تاللانغان ھېكايىلەرنى بالىلارغا سۆزلەپ بېرىپ، جىسمانىي تەربىيە[①]دىنمۇ نازۇك روھىي تەربىيەنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز لازىم. ئۇلار ھازىر ئېيتىۋاتقان كۆپ-لىگەن ھېكايىلەرنى شاللىۋېتىشىمىز لازىم.

ئادىمانتوس: قايسى ھېكايىلەرنى دېمەكچى؟

سوقرات: ھېكايىلەردىمۇ چوڭدىن كىچىكنى كۆرۈش ئەھۋال-لىرى مەۋجۇت. چۈنكى، مېنىڭچە، ھېكايە چوڭ ـ كىچىك بولۇشى-دىن قەتئىينەزەر، تىپ ۋە تەسىر جەھەتتە ئوخشاش بولىدۇ. سې-نىڭچە شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق، بىراق، مەن چوڭ ھېكايە دېگىنىڭنى بى-لەلمىدىم.

سوقرات: مەن ھېسىئود ۋە ھومېردەك شائىرلارنىڭ ھېكايىلى-رىنى دېمەكچى. روشەنكى، بىز ئۇلار توقۇپ چىققان يالغان ھېكا-يىلەرنى ھازىرغا قەدەر ئېيتىپ، ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز.

ئادىمانتوس: سەن قايسى خىل ھېكايىلەرنى دەۋاتىسەن؟ ئۇلار-دىن قانداق ئىللەتلەرنى بايقىدىڭ؟

سوقرات: قاتتىق ئەيىبلەشكە تېگىشلىك بولغىنى، رەزىل، يال-غان ھېكايىلەردۇر.

ئادىمانتوس: بۇ قايسىلار؟

سوقرات: بىر كىشىنىڭ ئىلاھ ۋە قەھرىمانلارنىڭ ھەقىقىي ما-

① ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇۋۇلاپ پەرۋىش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ھېيتىنى تىل ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرەلمەسلىكى، رەسسامنىڭ ئۆز ئوبيېكتىنى سىزالمىغانلىقى بىلەن باراۋەر.

ئادىمانتوس: بۇنى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك، لېكىن، مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قانداق مىسال كەلتۈرگەن تۈزۈك؟

سوقرات: ئۇلۇغ ئىلاھلارنىڭ خۇنۇك تەسۋىرلىنىشى ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىكتۇر. مەسىلەن، ھېسئودنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئورانوسنىڭ ھەرىكىتى ۋە كىرونوسنىڭ ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشى[1]، كىرونوسنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى. ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ كىرونوسقا بولغان ھەرىكىتى. بۇ ئەھۋاللار راست ئىش بولغاندىمۇ، بۇلارنى ساپ، غۇبارسىز باللارغا خالىغانچە ئېيتىپ بەرمەسلىك كېرەك، ئۇلارنى ئېيتماي قويغان تۈزۈك. ئېيتىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، ئاز ساندىكىلەرگە ئېيتىپ بېرىش كېرەك. ئۇلارنى ئاڭلىغاندا، ئاۋام قەسەم بېرىپ، قۇربانلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاڭلاش لازىم. قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال چوشقىدەك نەرسىلەر بولماستىن، ئەتىۋارلىق نەرسىلەر بولۇشى كېرەك. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئۇ خىل ھېكايىلەرنى ئاڭلايدىغان كىشىلەرنى ئىمكانقەدەر ئازايتىشتىن ئىبارەت.

ئادىمانتوس: ۋاي ـ ۋۇي، بۇنداق ھېكايىلەرنى راستتىنلا ئېيتقىلى بولمايدۇ.

سوقرات: ئادىمانتوس! شەھەر دۆلىتىمىزدە بۇنداق ھېكايىلەرنى كۆپ سۆزلىمەسلىك كېرەك، ھېكايە ئاڭلىغان ياشلار تاپتىن چىقىشنى، ھەتتا، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ئاتىنى ئېغىر جازالاشنى يوللۇق ھېسابلايدىغان بولۇپ قالماسلىق، ئۇنداق قىلىشنى ئىلاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلغانلىق دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ قالماسلىق لازىم.

ئادىمانتوس: تەڭرىم! مېنىڭچە، ئۇنداق ئىشلارنى سۆزلىمەسلىك لازىم.

---

① «ئىلاھلار شەجەرىسى» نى دېمەكچى.

سوقرات: ياشلارغا ئىلاھلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى ـ جېدەللەرنى ئاڭلاتماسلىق كېرەك (چۈنكى، بۇ راست ئەمەس). ئەگەر قوغدىغۇچىلىرىمىزنى بىر ـ بىرىگە خىرىس ۋە سۇيىقەست قىلىشتىن نومۇس قىلىدىغان قىلىپ تەربىيەلىمەكچى بولساق، يۇقىرىقىدەك قىلمىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىلاھلار ۋە بۈيۈك ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى جېدەللەرنى، ئىلاھلار ۋە قەھرىمانلارنىڭ بۇرادەرلىرىگە قىلغان ئۆچمەنلىكلىرىنى ھېكايە ۋە توقۇلمىنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئايلاندۇرۇۋالماسلىق كېرەك. بىز ياشلىرىمىزنى شەھەر دۆلىتىدىكى پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ماجىرالارنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىگە، يۈز بەرگەندىمۇ ئۇنىڭ جىنايەت بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشىمىز كېرەك. بوۋاي ـ مومايلارمۇ پەرزەنتلىرىگە باشتىن ـ ئاخىر شۇنداق سۆزلىشى كېرەك، شائىرلارنىمۇ شۇ بويىچە يېزىشقا مەجبۇرلىشىمىز كېرەك. ھېرانىڭ ئۆز ئوغلى تەرىپىدىن باغلاپ قويۇلۇشى، خىخەستوسنىڭ ئانىسىنىڭ تاياق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قۇتقۇزماقچى بولغاندا، دادىسى تەرىپىدىن زېمىنگە تاشلىنىشى①، ھومېرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئىلاھلارنىڭ ئۇرۇشلىرى قاتارلىقلار مەسەل قىلىپ سۆزلەنگەن ياكى سۆزلەنمىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەھەر دۆلىتىمىزگە ئۇلارنى يولۇقتۇرماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، ياشلار نېمىنىڭ تەمسىل، نېمىنىڭ تەمسىل ئەمەسلىكىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. تۇنجى تەسىرات مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر ۋە مەزمۇت بولىدۇ، شۇڭا، دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، پەزىلەت ئىگىسى قىلىش ئۈچۈن بالىلارنى گۈزەل ھېكايىلەردىن بەھرىمەن قىلىش لازىم.

ئادىمانتوس: شۇنداق، ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپ بولدى. ئەگەر كىشىلەر ئۇ ھېكايىلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

① «ئىلىيادا» دىكى ۋەقە.

سوقرات: سۆيۈملۈك ئادىمانتوس! بىز بۇ يەردە شائىر سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى، شەھەر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى سۈپىتىدە سۆز-لىشىۋاتىمىز. قۇرغۇچىلار شائىرلارغا قانداق يازغۇزۇشنى بىلىشى، ئۇلارنىڭ پىرىنسىپقا خىلاپ يېزىشقا يول قويماسلىقى كېرەك. لې-كىن، ئۆزى قول سېلىپ ھېچنېمە يازماسلىقى لازىم.

ئادىمانتوس: ناھايىتى توغرا. لېكىن ئىلاھلارنى توغرا تەسۋىر-لەشنىڭ يولى ۋە ئۆلچىمى قانداق بولۇشى كېرەك؟

سوقرات: ئاساسەن مۇنداق بولۇشى كېرەك: ئىلاھلارنى ئىلاھلارنىڭ ماھىيىتى بويىچە تەسۋىرلەش كېرەك. ئېپوس، لىرد-كا، تىراگېدىيە بولامدۇ، ھەممىسىدە شۇنداق قىلىش كېرەك.

ئادىمانتوس: توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك.

سوقرات: ئىلاھنىڭ رېئال ياخشىلىق ئىكەنلىكى ناتايىنمۇ؟ ھېكايىلەر ئۇلارنى ياخشىلىق سۈپىتىدە مەڭگۈ تەسۋىرلىمەسلىكى كېرەكمۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇشى كېرەك.

سوقرات: ياخشى نەرسە زىيانسىز بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: مەن زىيانسىز دەپ قارايمەن.

سوقرات: زىيانسىز نەرسىلەرمۇ يامانلىق يەتكۈزەمدۇ؟

ئادىمانتوس: ۋاي، ياق!

سوقرات: يامانلىق كەلتۈرمەيدىغان نەرسە رەزىل بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

سوقرات: رەزىل ئەمەس نەرسە رەزىللىكنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالامدۇ؟

ئادىمانتوس: قانداقمۇ ئۇنداق بولسۇن؟

سوقرات: ياخشى، ياخشى نەرسە پايدىلىقمۇ؟

ئادىمانتوس: پايدىلىق.

سوقرات: شۇڭا، ئۇ ياخشى ئىشنىڭ سەۋەبى بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: دېمەك، ياخشىلىق بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئاملى بولـ ماستىن، پەقەت ياخشى شەيئىلەرنىڭلا ئامىلىدۇر، ئۇ ھەرگىز يامان شەيئىلەرنىڭ ئاملى ئەمەس.

ئادىمانتوس: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: دېمەك، ئىلاھ ياخشى، خۇددى كىشىلەر ئېتىقاندەك ئۇمۇ ھەممە نەرسىنىڭ ئاملى ئەمەس. ئىنسانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئىلاھ كۆپ ساندىكى نەرسىلەرنىڭ ئاملى بولماستىن، ئاز ساندىكى نەرسىلەرنىڭ ئاملى. كىشىلىك دۇنياسىدا ياخشى نەرسىلەر يامان نەرسىلەرگە قارىغاندا، ناھايىتى ئاز. ياخشى نەرسىلەرنىڭ ئاملى پەقەتلا ئىلاھدۇر. يامان نەرسىلەرنىڭ ئاملىنى ئىلاھتىن ئەمەس، باشقا نەرسىلەردىن ئىزدىشىمىز كېرەك.

ئادىمانتوس: ئېيتقانلىرىڭ مېنىڭچە قالتىس توغرا بولدى.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز ھومېر ۋە باشقا شائىرلارنىڭ ئىلاھ ھەققىدىكى خاتا گەپلىرىنى قوبۇل قىلالمايمىز. ھومېرنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىغا قاراپ باقايلى[①]:

زېۇسنىڭ زالىدا ئىككى مىس چەينەك،
بار ئۇندا ياخشىلىق ھەم يامان قىسمەت.
بېرىدۇ ئادەمگە ئايرىماي پەقەت.
ئارىلاش شۇ قىسمەت بېرىلسە كىمگە،
يۇزلىنەر ئۇنىڭغا بەخت ھەمدە دەرد.
قىلسا گەر پەقەتلا يامانلىق ئاتا،
ئاچ قورساق ھەم سەرسان يۇرەر شۇ ئەبەد.

بىز يەنە زېۇسنىڭ تەقدىرنى كونترول قىلىشى ھەققىدىكى پىكىرگىمۇ ئىشەنمەسلىكىمىز لازىم:

① «ئىلىيادا» دا.

زىۋۇستىن تۇمەنىنىڭ ئۆزگىرەر قىسمەت.

ئەگەر كىشىلەر پاندوروسنىڭ ۋەدىگە[1] خىلاپلىق قىلىپ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى بۇزۇشى ئافىنا بىلەن زىۋۇسنىڭ كۈش-كۈرتۈشىدىن بولغان دېسە، بۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ئەگەر كىشىلەر ئىلاھلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا ۋە ئىختىلاپلارنى زىۋۇس بىلەن سىمىسنىڭ[2] ئويۇنى دېسە، بۇنىڭغىمۇ قوشۇلمايمىز. ئەس-خىلىسنىڭ مۇنۇ گېپىنىمۇ ياشلارغا ئاڭلاتماسلىق كېرەك:

ئەگەر ئىلاھ بۇزاي دېسە دۇنيانى،
ئىنسانلارغا ئەۋەتىدۇ بالانى.

ئەگەر شائىرلار نىئوبىنىڭ ھەسرەتلىرىنى — ئەسخىلىس ۋە-زىنىلىك مىسرالىرى بىلەن تەسۋىرلىگەن — ياكى پىلوپىدىسنىڭ ھېكايىلىرىنى، تىرويا ئۇرۇشلىرىنى ۋە باشقا رىۋايەتلەرنى تەسۋىر-لىگەندە، ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئىشلارنى ئىلاھلارنىڭ ئىرادىسى قىلىپ كۆرسىتىشىنى چەكلىشىمىز كېرەك. تەسۋىرلەشكە توغرا كەلگەن-دىمۇ، سەۋەبلەرنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك، خۇددى ھازىر بىز تىرىشىپ ئىزدىنىۋاتقاندەك — ئۇلار ئىلاھە ئادا-لەتلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئۇلارنى جازا ئارقىلىق نەپكە ئېرىش-تۈردى دەپ چۈشەندۈرۈشى لازىم. بىز شائىرلارنىڭ گۇناھكارلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئازابلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئىلاھ شۇنداق قىلغان دې-يىشكە يول قويماسلىقىمىز كېرەك. بىراق، بىز شائىرلارنىڭ مۇنداق دېيىشىگە يول قويۇشىمىز كېرەك: يامانلارنىڭ گۇناھى بولغاچقا كۈنى تەس. ئىلاھلار ئۇلارنى ياخشى ئادەم بولسۇن دەپ

---

① «ئىلىيادا» دا.
② گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى قانۇن ئىلاھەسى.

جازالايدۇ. بەزىلەر ئىلاھ گەرچە ياخشى بولسىمۇ، يامانلىق پەيدا قىلىدۇ دېسە، بىز بۇ سەپسەتىگە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر شەھەر دۆلىتىنى ياخشى ئىدارە قىلىمىز دېسەك، قېرى ـ ياش پۇقرالارغا بۇنداق ھېكايىلەرنى (قاپىيەلىك ياكى قاپىيەسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئاڭلاتماسلىقىمىز لازىم. بۇنداق گەپلەرنى تارقىتىش ئىلاھلارغا ھاقارەت، بىزگە زىيانلىق، نەزەرىيە جەھەتتىنمۇ زىددىيەتلىك.

ئادىمانتوس: مەنمۇ سەن تەرەپ بولۇپ ئاشۇلارنى قانۇن قىلىپ بېكىتىشكە ئاۋاز قوشىمەن. مەن ئۇنى ياقتۇرىمەن.

سوقرات: ناھايىتى ياخشى بۇ بىزنىڭ ئىلاھ توغرىسىدىكى قانۇن ۋە ئۆلچەملىرىمىزنىڭ بىرى. ھېكايە ۋە شېئىرلار مۇنداق ئۆلچەملەردە يېزىلىشى كېرەك: ئىلاھ ھەممە ئىشنىڭ ئامىلى بولماستىن، پەقەت ياخشىلىقنىڭ ئامىلى.

ئادىمانتوس: تازا جايىدا ئېيتىلدى.

سوقرات: ئىككىنچىدىن، سەن ئىلاھنى سېھىرگەر دەپ قارامسەن؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئوخشىمىغان ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان شەكىلدە پەيدا بولامدۇ؟ ئۇ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ ۋە ياساپ، ئادەملەرنى ئەخمەق قىلامدۇ؟ ياكى ئىلاھ باشتىن ـ ئاخىر بىردەك بولۇپ، ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ تۇرۇۋېرەمدۇ؟

ئادىمانتوس: دەرھال جاۋاب بېرەلمەيمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئۇبدان ئويلان. ھەرقانداق شەيئىي ئەسلىي ھالىتىدىن ئايرىلسا (ئۆزى ياكى باشقىلار تەرىپىدىن) ئۇ ئۆزگەرتىلگەن بولمامدۇ؟

ئادىمانتوس: بۇنىسى مۇقەررەر.

سوقرات: شەيئى ئەڭ ياخشى ھالەتتە تۇرغاندا، باشقا شەيئىنىڭ ئۆزگەرتىشى ياكى تەسىر بېرىشى ئەڭ تەس بولىدۇ. ئالايلى، ئەڭ ساغلام، ئەڭ كۈچلۈك ھالەتتە تۇرغاندا، بەدەن يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ھارغىنلىقنىڭ تەسىرىگە، ئۈسۈملۈك ئاپتاپ، شامال، يامغۇر قاتار-

لىقلارنىڭ تەسىرىگە يولۇقسىمۇ، ئۇلار ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنداقمۇ؟
ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، شۇنداق.
سوقرات: روھمۇ شۇنداقمۇ؟ ئەڭ جەسۇر، ئەڭ پاراسەتلىك روھ-نىڭ تاشقى تەسىرگە ئۇچرىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئەڭ تەس.
ئادىمانتوس: شۇنداق.
سوقرات: شۇنداق ئىكەن، ياساپ چىقىرىلغان نەرسىلەرمۇ يۇ-قىرىقىدەك بولىدۇ — ئۆي جاھازلىرى، ئۆي، كىيىم - كېچەك. پۇختا ۋە ياخشى ئىشلەنگەن بولسا ۋاقىت ۋە باشقا ئامىللارنىڭ تە-سىرىگە ئاسانلىقچە ئۇچرىمايدۇ.
ئادىمانتوس: ئېنىق شۇنداق.
سوقرات: ئۇنداقتا، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق — ھەرقانداق شەيئى ئەڭ ياخشى ھالەتتە تۇرغاندا (مەيلى تەبىئىي ھا-لەتتە ئەڭ ياخشى بولسۇن، مەيلى سۈنئىي ھالەتتە ئەڭ ياخشى بول-سۇن، مەيلى ھەر ئىككى ھالەتتە ئەڭ ياخشى بولسۇن) باشقا شەيئى-لەرنىڭ ئۆزگەرتىشىگە ئۇچرىشى ئاسان ئەمەس.
ئادىمانتوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.
سوقرات: ئىلاھ ۋە ئىلاھقا مەنسۇپ شەيئى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەڭ ياخشى ھالەتتە بولىدۇ.
ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.
سوقرات: شۇڭا، ئىلاھ كۆپ خىل قىياپەتلىك بولمايدۇ.
ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.
سوقرات: لېكىن، ئىلاھ ئۆزگىرەمدۇ، يەنى ئىلاھ ئۆزىنى ئۆزى ئۆزگەرتەمدۇ؟
ئادىمانتوس: ئەگەر ئۇ ئۆزگەرتىلسە، مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆز - ئۆ-زىنى ئۆزگەرتكىنى.
سوقرات: ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنى ھەم گۈزەل ھەم ياخشى قىلىپ ئۆزگەرتەمدۇ ياكى ھەم رەزىل ھەم يامان قىلىپ ئۆزگەرتەمدۇ؟

ئادىمانتوس: ئۆزگەرسە، چوقۇم يامان تەرىپىگە ئۆزگىرىدۇ، مۇ-قەررەركى بىز ئىلاھنى گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق جەھەتتە نۇقسانى بار دېيەلمەيمىز.

سوقرات: توغرا ئېيتتىڭ. ئاشۇنداق تاكامۇل تۇرۇقلۇق، قايسى ئىلاھ، قايسى ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنى يامان قىلىپ ئۆزگەرتىشنى خالامدۇ، ئادىمانتوس؟

ئادىمانتوس: مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات: ئەگەر بىر ئىلاھ ئۆزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، بۇمۇ مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ. ئىلاھ ۋە ئادەم تاكامۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ يەككە مۇقىم شەكلىدە ئەبەدىي تۇرىدۇ.

ئادىمانتوس: مانا بۇ مۇقەررەر خۇلاسە.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئەقىللىك دوستۇم، بىز شائىرلارنىڭ مۇنداق دېيىشىگە يول قويماسلىقىمىز لازىم:

ياقا يۇرتقا كەلدى ئىلاھ نىقابلىنىپ
كەزدى شەھەر ھەم خىيالىي شەكىل ئېلىپ[1].

بىز يەنە ھېچكىمنىڭ پىروتوس ۋە سەتىس ھەققىدىكى يالغان - ياۋىداقلارنى قىلىشىغا يول قويماسلىقىمىز، شۇنىڭدەك ھەر قانداق تىراگېدىيە ۋە شېئىرلاردا، ھېرانى راھىبە تۇسىدە ياساندۇرۇپ، ئارگېۋدىكى ئىناخوس دەرياسىنىڭ ھاياتلىق ئاتا قىلىنغان بالىلىرى ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلدۇرۇشقىمۇ يول قويماسلىقىمىز لازىم. بىز يالغانچىلىققا موھتاج ئەمەس، ئانىلارمۇ بۇنداق يالغانچىلىقلارغا ئالدىنىپ، بالىلارغا بىمەنە ھېكايىلەرنى ئېيتىپ، ئىلاھلار كېچىلەردە ئارىلاپ يۈرۈپ ياقا يۇرتلۇق مېھمانلار سىياقىغا كىرىۋا-لىدۇ، دېيىشمىسۇن. ئۇلارنىڭ ئىلاھلارغا بىھۆرمەتلىك قىلىشىغا، بالىلىرىنى قورقۇتۇپ، توخۇ يۈرەك قىلىپ قويۇشىغا ھەرگىز يول

① «ئودېيسا» دىن.

قويماسلىقىمىز كېرەك.
ئادىمانتوس: ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك.
سوقرات: ئىلاھلار ئۆزگەرمەس بولغان ئىكەن، ئۇ بىزگە خىيا-لىي سىيما ئاتا قىلىپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ شەكىلدە تۇرىدىغانلى-قىنى بىلدۈرەمدۇ؟
ئادىمانتوس: شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.
سوقرات: نېمە؟ ئىلاھلار يالغانچىلىق قىلىپ، بىزنى كولدۇر-لىتىشنى خالامدۇ؟
ئادىمانتوس: بىلمەيمەن.
سوقرات: سەن چۈشەنمەمسەن، ھەقىقىي يالغانچىلىق (مۇ-شۇنداق ئېيتىش دۇرۇس بولغىنىدا①) ئىلاھلار ۋە ئادەملەر يىرگى-نىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟
ئادىمانتوس: زادى نېمە دېمەكچىسەن؟
سوقرات: دېمەكچىمەنكى، يالغانچىلىق مەيلى كىم بولسۇن ئۆ-زىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىدە (مۇھىم پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى-دە) ئەڭ قوبۇل قىلىنمايدىغان نەرسە، ھەركىم ئۇنىڭ مەۋجۇت بو-لۇشىدىن قورقىدۇ.
ئادىمانتوس: يەنە چۈشەنمىدىم.
سوقرات: سەن يەنە قانداق مەنە باردۇ دەپ ئويلىغاچقا، گېپىمنى چۈشىنەلمىدىڭ. ئەمەلىيەتتە، مەن شۇنى دېمەكچىكى، ئالدىنىش، ئەينىنى بىلمەسلىك، روھىدا ساختا قىياپەتلەرنى ساقلاش ـــ مانا بۇلار ھېچكىم خالىمايدىغان ۋە ھەممە ئادەم نەپرەتلىنىدىغان ئىشلاردۇر.
ئادىمانتوس: راست شۇنداق.
سوقرات: ئالدانغۇچى ئۆزىنىڭ روھىدىكى نادانلىقنى ھەقىقىي يالغانچىلىق (يۇقىرىدا دېيىلگەندەك) دەپ قارىسا پۈتۈنلەي توغرا

① ھەق بىلەن ناھەقنىڭ زىتلىقىنى دېمەكچى.

بولىدۇ. چۈنكى، ئېغىزدىكى يالغانچىلىق روھىي ھالەتنىڭ ئىپادى-سى بولۇپ، پەقەتلا كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان، ئۇ پەقەتلا شەكىل بو-لۇپ، ھەقىقىي يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىقنىڭ ئۆزى ئەمەس. توغرىمۇ؟

ئادىمانتوس: ئىنتايىن توغرا.

سوقرات: ئۇنداقتا، ھەقىقىي يالغانچىلىقتىن ئادەم ۋە ئىلاھ ئوخشاشلا نەپرەتلىنىدۇ.

ئادىمانتوس: مەنمۇ شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: بىراق، تىل جەھەتتىكى يالغانچىلىق قانداق بولىدۇ؟ ئۇ كىمگە، قانداق شارائىتتا ئىشقا سېلىنىپ، كىشىلەرنىڭ نەپرى-تىنى قوزغىمايدىغان بولىدۇ؟ ئۇنى دۈشمەنگە ئىشلەتكىلى بولما-دۇ؟ بىز دوست دەپ قارىغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ساراڭ بولۇپ قالسا ياكى ماجىرا چىقارسا، يامان ئىشلارنى قىلسا، يالغانچىلىق ئۇلارغا نىسبەتەن شىپالىق دورىغا ئايلىنىپ، يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئالامدۇ؟ باياقى مۇھاكىمىمىزدە ئوتتۇرىغا چىققان ھېكايىدىن ئا-يانكى، بىز بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى بىلمىگەچكە، يالغاننى قوشۇپ، ساختا رىۋايەتلەرنى توقۇش ئارقىلىق يامان ئا-دەملەرنى تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىمىز.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىش كېرەك.

سوقرات: ئۇنداقتا، يالغانچىلىق قانداق شارائىتتا ئىلاھقا پايدى-لىق بولىدۇ؟ ئىلاھلارمۇ قەدىمكى ئىشلارنى بىلمىگەچكە، يالغاننى راستنىڭ ئورنىغا قويىدىغان ئىشلارمۇ مۇمكىن بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: بىمەنە تەسەۋۋۇر بولدى.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئىلاھلارنىڭ ئىچىدە يالغان سۆزلەيدىغان شائىرلار يوقمۇ؟

ئادىمانتوس: مېنىڭچە، يوق.

سوقرات: ئىلاھ دۈشمەندىن قورققاچقا، يالغان سۆزلەمدۇ؟

ئادىمانتوس: ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ.

سوقرات: دوستلىرى ئەسەبىيلىشىپ قالايمىقانچىلىق چىقار-غانلىقتىن يالغان سۆزلەمدۇ؟

ئادىمانتوس: ياق، ئىلاھنىڭ ئۇنداق دوستلىرى بولمايدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئىلاھتا يالغان سۆزلەيدىغان باھانە مەۋجۇت ئەمەس.

ئادىمانتوس: مەۋجۇت ئەمەس.

سوقرات: يېتەرلىك ئاساس باركى، روھ بىلەن ئىلاھلىقتا ساختىلىق يوق.

ئادىمانتوس: بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ.

سوقرات: دېمەك، ئىلاھ سۆز ـ ھەرىكەتتە بىردەك، چىن بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئۇ ئادەملەرنى كۆندۈزى بېشارەت بېرىش، كېچىسى چۈش كۆرۈش ئارقىلىق ئالدىمايدۇ.

ئادىمانتوس: گېپىڭىزنى ئاڭلاپ، مەنمۇ شۇنداق پىكىرگە كەلدىم.

سوقرات: ئۇنداقتا، سەن مۇنۇ ئىككىنچى ئۆلچەمگە قوشۇلامسەن؟ ھېكايە ۋە شېئىرلاردا ئىلاھلار ھەققىدە توختالغاندا، ئۇلارنى سېھىرگەر سۈپىتىدە تەسۋىرلىمەسلىك كېرەك، ئۇلارنى سۆز ـ ھەرىكەتتە كىشىلەرنى ئالداپ، تۇيۇق يولغا باشلايدۇ دېمەسلىك لازىم.

ئادىمانتوس: قوشۇلىمەن.

سوقرات: ھومېرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى نۇرغۇن تەرەپلەر ماختاشقا ئەرزىسىمۇ، ئەمما، مۇشۇ تەرەپنى ماختىمايمىز، ئۇ بولسىمۇ، زېۋسنىڭ ئاگامنوننىڭ چۈشىگە كىرىشى[1]، ئەسخىلىسنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنىمۇ ماختىمايمىز. سەتىسنىڭ[2] كۆپچىلىككە دېيىشىچە، ئۇ ياتلىق بولغاندا، ئاپوللو مۇنداق ناخشا ئېيتقانىكەن:

ئۆزۈڭ ئۆمۈر، بەخت ـ تەلەي يار بولۇر،
ئەۋلادلىرى روناق تېپىپ، باي بولۇر.
ئەمەل قىلسا ھۆكۈمىگە تەقدىرنىڭ

مۇساپىسى راۋان ھەم ئوڭاي بولۇر.
نۇسرىتىنى ئاۋام ـ خەلق ئالدىدا
جاكار قىلىپ، بەشىرىسى پارلىنۇر.

ئۇ كۆپچىلىككە مۇنداق دەيدۇ:

ئاپوللونىڭ بېشارىتى تەھقىقتۇر —
دىبان ئاتا قاپتىمەنغۇ ئالدىنىپ،
كىم ئويلىسۇن، قاتىلىكەن بالامنىڭ،
ئىلاھ شۇكەن، كىممۇ يۇرمەس خارلىنىپ.

ھەرقانداق شائىر مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن ئىلاھلارغا ھاقارەت قىلسا رەنجىيمىز، ئۇلارنىڭ ئۆمەك قۇرۇپ ناخشا توۋلىشىغا يول قويمايمىز، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاشۇنداق شېئىرلار ئار-قىلىق ئەۋلاد تەربىيەلىشىگە رۇخسەت قىلمايمىز، ئەگەر كەلگۈسى-دىكى شەھەر دۆلىتىمىزنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنى كىشىلىك خاراك-تېر يار بەرگەن دائىرىدە ئىلاھلارنى ھۆرمەتلەيدىغان بولسۇن دې-سەك يۇقىرىقىدەك قىلىشىمىز كېرەك.

ئادىمانتوس: چوقۇم شۇنداق قىلىش كېرەك. مەن سېنىڭ يۇقىرى-قى ئىككى ئۆلچىمىڭگە قوشۇلىمەن، ئۇنى قانۇن قىلىشنىمۇ خالايمەن.

① «ئىلىيادا» دىن.
② ئەسخىلىنىڭ مىسرالىرى.

# ئۈچىنچى جىلد

سوقرات: ئىلاھ توغرىسىدىكى قاراشلار يۇقىرىقىدەك. قوغدىغۇچىلىرىمىزنى ئىلاھلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئاتا ـ ئانىسىغا سادىق، دوستانىلىككە ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىش ئۈچۈن، بەزى ھېكايىلەرنى ئۇلارنىڭ كىچىك چاغلىرىدىلا ئېيتىپ بېرىش كېرەك، بەزى ھېكايىلەرنى ھەرگىز ئېيتىپ بەرمەسلىك كېرەك.

ئادىمانتوس: مەنمۇ شۇنداق قارايمەن ۋە بۇنى توغرا دەپ ئويلايمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئىككىنچىسى نېمە؟ ئەگەر مۇھاپىزەتچىلىرىمىزنى باتۇر قىلىمىز دېسەك بۇ ھالدا توختاپ قالساق بولمايدۇ. بىز ئۇلارنى توغرا ئۇسۇل بىلەن تەربىيەلەپ، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ سېنىڭچە، ئۆلۈمدىن قورققان ئادەم باتۇر بولالامدۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، بولالمايدۇ.

سوقرات: بىراۋ دوزاخنىڭ راستىنلا مەۋجۇت ھەم قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە، ئۇ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلالايدىغان كىشى بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: بولالمايدۇ.

سوقرات: قارىغاندا بىز يازىدىغانلارغا بولغان نارازەتنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ دوزاخنى مەدھىيەلىشىنى، قالايمىقان جۆيلۈپ ئۇنى يوققا چىقىرىۋەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلساق بولغۇدەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يازغانلىرى يالغان بولۇش بىلەنلا قالماستىن، كەلگۈسىدىكى جەڭچىلەر ئۈچۈنمۇ زىيانلىق.

ئادىمانتوس: چوقۇم نارازەت قىلىش كېرەك.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئېپوسلاردىكى مۇنداق مەزمۇنلارنى قىسقار-تىۋېتىشىمىز لازىم:

بولغىنىمدىن ئۇ دۇنيادا شاياتۇنلار سەردارى،
بولغىنىڭ خوپ ئورتا ھاللىق غوجايىنىنىڭ چاكىرى[1].

ئاندىن:

ئەنسىرەيتتى بەندىلەر ھەم ئىلاھلارنىڭ ئالدىدا
ئۇ دۇنيانىڭ ھالىتىنى قىپ قويۇشتىن ئاشكارا.
كۆرۈپ قالسا زۇلمەتى ھەم ئازابىنى ئىلاھمۇ
ۋەھىمىگە ئەسىر بولۇپ، تىترەپ كېتەر ھامانە[2].

ئاندىن:

ئۇ دۇنيادا روھلار ئەگىپ يۈرسىمۇگەر سەرسانە
قورسىقىدا بىلىمى يوق، نە چارە[3].

ئاندىن:

بار پەقەتلا بىلىم ئۇندا، قالغانلىرى سايىدەك
لەيلەپ يۈرەر ھەر تەرەپكە پايپېتەك[4].

---

① «ئودىسسا» دىن.
② «ئىلىيادا» دىن.
③ «ئىلىيادا» دىن.
④ قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، دۇنيادىكى ئىشلارنى بىلمەيدىكەن. پەقەت قۇربانلىقنىڭ روھى تەگكەندىن كېيىن، تىرىكلەرنى تونۇيالايدىكەن.

ئاندىن:

چىقىپ تەندىن جان، خادىسنىڭ ئوردىسىغا جۆنىدى،
ياشلىقىنى پايخان قىلغان تەقدىرىگە يىغلىدى[1].

ئاندىن:

روھلار ئۇچتى، ئاۋازى پۈتتى،
ئىس ـ تۈتەككە ئايلاندى، يىتتى[2].

ئاندىن:

ۋەھىمىلىك ئۆڭكۈردە شەپەرەڭ توپ ـ توپ،
غۇلاپ بىرى، قالغىنى كەتتى ھەم ئۇچۇپ:
جىنلار مىغ ـ مىغ ئۇچار ھەريان ئۆزىنى ئۇرۇپ[3].

بىز بۇ مىسرالارنى قىسقارتىۋەتسەك، ھومېر رەنجىمەسلىكى كېرەك. بىز بۇلارنىڭ كىشىلەر ياقتۇرىدىغان مىسرالار ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايمىز. لېكىن، بىز ياخشى شېئىرلارغا كىشىلەرنىڭ مەھلىيا بولۇشىدىن خاتىرجەم بولالمايمىز. بالىلار ۋە چوڭلار ئەركىنلىككە ئىنتىلىپ، قۇللۇقتىن ھەزەر ئەيلىشى، گېزى كەلگەندە ئۆلۈمدىنمۇ قورقماسلىقى كېرەك.

ئادىمانتوس: تامامەن قوشۇلىمەن.

سوقرات: بىز يەنە لۇغەتلەردىن بەتبەشىرە ئىبارىلەرنى چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك، مەسىلەن، «پاجىئەلىك كوكۇتۇس دەرياسى»،

---

① «ئىلىيادا»
② «ئىلىيادا»
③ «ئودېسسا»

«يىرگىنىچلىك ستوكس دەرياسى»، شۇنداقلا «جەھەننەم»، «دوزاخ»، «ئۆلۈك»، «جەسەت» دېگەنلەردەك. بۇ ئىبارىلەرنى ئاڭلىسا كىشىنىڭ تۈكى تىكىلىپ كېتىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلمىگەن جايى باردۇر. ئەمما، بىزنىڭ ھازىر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىمىز قوغدىغۇ-چىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى بولۇپ، ھېلىقىدەك ۋەھىمىلەرنىڭ قوغ-دىغۇچىلارنىڭ روھىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇپ، قەيسەر بولالماس-لىقىدىن ئەنسىرەيمىز.

ئادىمانتوس: بۇنداق ئەنسىرىشىمىز يوللۇق.

سوقرات: ئۇنداقتا، بۇ سۆزلەرنى قىسقارتىۋېتىشىمىز كېرەكمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ھېكايە ۋە شېئىرلاردا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئىبارى-لەرنى قوللىنىشىمىز كېرەكمۇ؟

ئادىمانتوس: بۇنىسى مۇقەررەر.

سوقرات: قەھرىمانلارنىڭ ھۆركىرەپ يىغلاشلىرىنى قىسقارتى-ۋېتىش ھاجەتمۇ؟

ئادىمانتوس: يۇقىرىقىلاردەكلا زۆرۈر.

سوقرات: ئىنچىكە ئويلىنىپ كۆرەيلى، ئۇلارنى قىسقارتىش زادى توغرىمۇ؟ بىزنىڭ پىرىنسىپىمىز شۇكى، بىر ياخشى ئادەم ئۆلۈمنى دوستىغا (يەنە بىر ياخشى ئادەمگە) نىسبەتەن قورقۇنچلۇق بولىدۇ، دەپ ئويلىماسلىقى لازىم.

ئادىمانتوس: بىزنىڭ پىرىنسىپىمىز شۇنداق.

سوقرات: شۇنداق بولغاندا، ئۇ، دوستىنىڭ ئۆلۈمىنى قورقۇنچ-لۇق بىلىپ ھەسرەتلەنمىگەن بولاتتى.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: بىز بۇنداق ئادەملەرنى ئەڭ قانائەتچان بولىدۇ دەپ قارىساق بولىۋېرىدۇ، ئاز تەلەپ قىلىش ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى.

ئادىمانتوس: دۇرۇس.

سوقرات: شۇڭا، پەرزەنتى، قېرىندىشى، پۇلى ياكى باشقا نەر-سىلەردىن ئايرىلىش ئۇلار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئەمەس.

ئادىمانتوس: شۇنداق، قورقۇنچلۇق ئەمەس.

سوقرات: ئۇلار ھەسرەتلەنمەيدۇ. ھەر قانداق بەختسىزلىككە بىمالال مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز مەشھۇر قەلەم ئىگىلىرىنىڭ مەرسىيەلىرىنى قىسقارتىپ تاشلاپ، كۆز يېشى قىلىدىغان ئۇنداق ئىشلارنى ئاياللارغا (مۇنەۋۋەر ئاياللارغا ئەمەس)، چاكىنا ئەرلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىشىمىز كېرەك. بىز تەربىيەلەۋاتقان قوغدىغۇچىلار ئۇنداق كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇلارنى دورىمايدىغان بولۇشى كېرەك.

ئادىمانتوس: شۇنداق بولۇشى كېرەك.

سوقرات: ھومېر ۋە باشقا شائىرلار ئىلاھىيەنىڭ ئوغلى ئاكىلىسنى مۇنداق تەسۋىرلىمەسلىكى كېرەك:

گاھى ئوڭدا، گاھى يانتۇ بولۇپ كارىۋاتتا
ياتتى، لېكىن، تۇرۇپ كەتتى زېرىككىنىدىن[①]
ساھىللارنى ئايلاندى بولۇپ پەرىشان[②].

يەنە «ئۇ قارا تۇپراقنى ئوچۇملاپ ئېلىپ، باشلىرىغا چاچاتتى[③]» دەپ تەسۋىرلىمەسلىكى، ھۆركىرەپ يىغلىدى، دەپ بايان قىلماسلىق لازىم، ھومېر ئەنە شۇنداق تەسۋىرلىگەن. پىرسىياموس ئىلاھلىرىنىڭ تۇغقانلىرى قىغلارنىڭ ئارىسىدا ئۆمىلەپ،

چاقىراتتى ئۆتكەنلەرنىڭ نامىنى
يالۋۇراتتى ئۇلارغا[④].

---

① «ئىلىيادا»
② «ئىلىيادا»
③ «ئىلىيادا»
④ «ئىلىيادا»

شائىرلار ئىلاھلارنى ھۆكۈرەپ يىغلىغان قىلىپ يازماسلىقى لازىم:

يۈرەكلىرىم زەرداپ بولدى، مېنىڭ باتۇرۇم
پاتتى ياشاپ بۇ دۇنيانىڭ كۆلپەتلىرىگە[1].

ئىلاھلارنى ئۇنداق يازماسلىق كېرەك، ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھمۇ خۇد-دى بەندىلەردەك ئاھ ئۇرۇپ يىغلىماسلىقى كېرەك.

ئاھ، دوستۇم قوغلىنار قەلئە قېشىدا
يەنە: ئۆلغايدى ھەسرىتىم كۆرگەندە ئۇنى[2].

ۋادەرىخ! سۆيۈملۈك سارپىدىنمۇ
مىنوئىتوسنىڭ ئوغلى —
پاتروكلوسنىڭ قولىدا ئۆلدى[3].

دوستۇم ئادىمانتوس! ياشلىرىمىز ئىلاھلار ھەققىدىكى بۇنداق ھېكايىلەردىن نومۇس ھېس قىلمىغان يەردە، ئۇنداق كۈنلەر ئۆزىگە (بەندىگە) كەلگەندە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاھ ئۇرۇشى تېخىمۇ تەبىئىي.

ئادىمانتوس: ناھايىتى توغرا دېدىڭ.

سوقرات: ئۇلار ئۇنداق قىلماسلىق كېرەك. بايىقى ئىسپاتلاش-لىرىمىز بۇ نۇقتىنى دەلىللىدى. بىز بۇ خۇلاسىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك، باشقىلار بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىسپاتلارنى كۆرسەتسە، بۇ باشقا گەپ.

ئادىمانتوس: ئۇلار ھەقىقەتەن شۇنداق قىلماسلىقى لازىم.

---

① ② ③ بۇ مىسرالارنىڭ ھەممىسى «ئىلىيادا» دىن ئېلىنغان.

سوقرات: ئۇلار ھەمىشە قاقاقلاپ كۈلۈپلا يۈرمىسۇن. ئادەتتە، بىراۋ زىيادە كۈلۈپ كەتسە ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى كونترول قىلالماي قالىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇ پىكىرگە قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئەگەر بىراۋ قىممىتى بار بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلىشىنى تەسۋىرلىسە، بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكىمىز لازىم. ئىلاھلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق.

ئادىمانتوس: تېخىمۇ شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، ھومېرنىڭ ئىلاھ ھەققىدىكى مۇنۇ گەپلىرىنى ھەرگىز قوبۇل قىلماسلىقىمىز كېرەك:

خىخەستوس كۆتۈرۈپ مەي ئىدىشىنى
زىياپەت زالىدا چاپاتتى ھەريان
خۇشاللىق ئىلاھى كۆرۈپ بۇ ئىشنى
قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلىدى شۇئان[1].

سىنىڭ گېپىڭ بويىچە ئېيتقاندا، بىز ئۇنى «قوبۇل قىلماسلىقىمىز كېرەك.»

ئادىمانتوس: ئەگەر مۇشۇنداق دېيىشتىن خۇرسەن بولساڭ، مەن شۇنداق دېگەن بولاي. ئىشقىلىپ، بىز ئۇنى قوبۇل قىلمايمىز.

سوقرات: بىز چىنلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇشىمىز كېرەك. بايا ئېيتقانلىرىمىز توغرا بولسا يەنى ساختىلىق ئىلاھلار ئۈچۈن ھاجەتسىز بولۇپ، بەندىلەرگە شىپا بولسا، روشەنكى، بىز بۇ دورىنى دوختۇرغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمىز لازىم. ئادەتتىكى كىشىلەر يېقىن كەلمەسلىكى كېرەك.

ئادىمانتوس: بۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: ھۆكۈمدارلار دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ساختىلىقتىن

① «ئىلىيادا» دىن ئېلىنغان.

پايدىلىنىپ، دۈشمەنگە، ھەتتا پۇقراغا تاقابىل تۇرسا بولىدۇ. باش-قىلار ساختىلىقنى ئۆزىگە قورال قىلماسلىقى لازىم. ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ ھۆكۈمدارغا ساختىلىق قىلىشى بىمارنىڭ دوختۇرغا يال-غان گەپ قىلىشىغا، تەنھەرىكەتچىنىڭ تىرېنېرغا ھەقىقىي ئەھۋا-لىنى ئېيتماسلىقىغا، دېڭىزچىنىڭ كاپىتانغا كېمە ۋە دېڭىزچىلار-نىڭ ئەھۋالىنى ئېيتماسلىقىغا ئوخشاش ئىش بولۇپ، بۇنى چوڭ جىنايەت دەپ قارىساق بولىدۇ.

ئادىمانتوس: قالتىس توغرا بولدى.

سوقرات: ھۆكۈمدار كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ـــ مۇنەج-جىم، دوختۇر، ياغاچچى[1] ۋە ھەر قانداق كاسىپ بولۇشىدىن قەت-ئىينەزەر ئۆزىگە يالغان گەپ قىلغانلارنى جازالىشى كېرەك. چۈن-كى، دېڭىزچىنىڭ يالغانچىلىقى كېمىنى ۋەيران قىلغانغا ئوخ-شاشلا، ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقى شەھەر دۆلىتىنى ۋەيران قىلىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنىڭ جۈملۇشلىرى رېئاللىققا ئايلانسا، بۇ ئاخىرى شەھەر دۆلىتىنى ۋەيران قىلىدۇ.

سوقرات: ياشلىرىمىز ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاققا موھتاجمۇ ـ يوق؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، موھتاج.

سوقرات: ھۆكۈمدارغا بويسۇنۇش ئادەتتىكى ئادەملەر ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنىڭ مۇھىم تەرىپى. ئەيش ـ ئىشرەت ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ھۆكۈمدار ئۈچۈن مۇھىمدۇر.

ئادىمانتوس: مەن قوشۇلىمەن.

سوقرات: ھومېرنىڭ ئەسىرىدىكى دېئومېدىسنىڭ مۇنۇ سۆزى جايىدا ئېيتىلغان:

كەل، دوستۇم، ئولتۇرۇپ، قۇلاق سال ماڭا[2].

① ② «ئىلىيادا» دىن ئېلىنغان.

ئاندىن:

ئاكايالىق ئەمەلداردىن قورقىدۇ
مەنزىل تامان جىمجىت ئالغا باسىدۇ[1].

ئەنە شۇنىڭدەك كۆپلىگەن ياخشى گەپلەر بار.

ئادىمانتوس: ئوبدان گەپ بولدى.

سوقرات: مۇنۇ مىسرا قانداق بولغان؟

توخۇ يۈرەك، ئىت ئۆچەي مەيخور[2].

كېيىنكى مىسرالار سىزنىڭچە، ياخشىمۇ؟ باشقا شېئىر ۋە نەسر-لەردىكى چاكىنا ۋە ئەدەپسىزلىككە ياتىدىغان تەسۋىرلەر ياخشى چىققانمۇ؟

ئادىمانتوس: ياخشى چىقمىغان.

سوقرات: بۇلار ياشلارنىڭ ئاڭلىشىغا نالايىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىغا زىيانلىق. بىرخىل ئويۇن سۈپىتىدە قارى-غاندا، ھەر ھالدا بولىدۇ. سىزنىڭچە قانداق؟

ئادىمانتوس: پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن.

سوقرات: ھومېر يەنە پاراسەتلىك بىر قەھرىماننىڭ تىلىدىن مۇنداق دېگەن، كىشىلىك ھاياتتا مەدھىيەگە سازاۋەر بەخت شۇكى

چاكارلار مەي ـ شارابنى پەۋەس قىلسا،
داستىخاندا غىزا ـ تائام مول بولسا[3].

بۇ سۆزلەر ياشلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىغا ياردەم بېرەلەرمۇ؟ يەنە مۇنداق گەپلەرمۇ بار:

---

① «ئىلىيادا» دىن.
② «ئودىسسا» دىن.
③ «ئىلىيادا» دىن.

## ئاچلىقتىن ئۆلمەكلىك مۇسلىمسىز كۆلپەت![1]

يەنە زېۋس ھەققىدە مۇنداق گەپلەرمۇ بار: ئۆزگە ئىلاھلار ئۇيۇقۇغا كەتكەن. ئۇنىڭ (زېۋس) ھەۋەسى قوتراپ ياتالماي قالدى، ئۇ چىرايلىق ياسىنىۋالغان ھېرانى كۆردى، ئىككىسىنىڭ ئىشقى سازى تەڭشەلدى ـ دە، تاقەتسىز ھالدا دالدىلا بىر ـ بىرىگە سىڭىشتى. زېۋس تېخى ئايالىغا، بۇ قېتىملىق ۋىسالىنىڭ «ئاتا ـ ئانىسىدىن خۇپىيانە تاپقان ۋىسال»[2] دېيىمۇ ياخشى بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق پىلانلىرىنى ئۇنتۇيدۇ[3]. يەنە خىخەستوسنىڭ ئۇرۇش ئىلاھى ئارىس بىلەن مۇھەببەت ئىلاھى ئافرودىتىنىڭ ئىشقىيانە ئىشلىرى تۇپەيلىدىن ئۇلارنى زەنجىربەند قىلغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەرمۇ بار[4]. بۇلارنىڭ ياشلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىغا پايدىسى تېگەمدۇ؟

ئادىمانتوس: مېنىڭچە، ھېچقانداق پايدىسى يوق.

سوقرات: مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھاقارەتلەنگەن چاغدىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار ياشلارغا پايدىلىق. مەسىلەن: ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى:

«نېمە بولدى ساڭا، يۈرىكىم،
بۇنىڭدىنمۇ يامان ئىشلارغا چىدىغان ئىدىڭغۇ.»[5]

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: بىز يەنە ياشلارنىڭ پارىخور، نەپسانىيەتچى بولۇپ كېتىشىگە يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

ئادىمانتوس: ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك.

① ② ③ «ئىلىيادا» دىن.
④ ⑤ «ئودېيسا» دىن.

سوقرات: ئۇلارغا مۇنداق مىسرالارنىمۇ ئىيتماسلىق كېرەك:

پۇلغا قايىل ئىلاھمۇ، پۇلغا قايىلدۇر شاھمۇ[1].

بىز ئاكىللىسنىڭ ئۇستازى فىنكىسنىمۇ ماختىماسلىقىمىز كېرەك. ئۇ ئاكىللىسقا ئاركايالىقلارنىڭ پۇلىنى ئال، ئاندىن ئۇلارنى قوغدا، دەپ ئۆگەتكەن[2]. بىز يەنە مۇنداق تەسۋىرلەرنىمۇ رەت قىلىشىمىز لازىم: ئاكىللىس شۇ قەدەر ئاچ كۆزكى، ئۇ ئاگامىنونىنىڭ سوۋغاتلىرى ۋە پۇل ـ پىچەكلىرىنى ئېلىپ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرىنى قايتۇرۇپ بېرەتتى. بولمىسا، قايتۇرۇپ بەرمەيتتى[3].

ئادىمانتوس: ئۇنداق ئىشلارنى كۆككە كۆتۈرۈش توغرا ئەمەس.

سوقرات: لېكىن، ھومېرغا نىسبەتەن، بۇ ئىشلارنى ئاكىللىس قىلغان دېيىشنى خالىمايمەن، باشقىلار شۇنداق دېگەندىمۇ مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. بولمىسا، بۇ بىھۆرمەتلىك بولۇپ قالىدۇ. ئاكىللىسنىڭ ئاپوللوغا ئېيتقان مۇنۇ سۆزىگىمۇ ئىشەنمەيمەن:

ئەي، چەرگەن، ئەي، رەزىللىك ئىلاھى، ھەممەتىسىز.
سەن ماڭا! پالتام يوق، بار بولسا، بېرەتتىم جازالاڭ[4].

ئۇنىڭ دەريا ئىلاھىغا بىھۆرمەتلىك قىلىپ، ئۇرۇشماقچى بولغانلىقى[5] ۋە ئۇنىڭ يەنە بىر دەريا ئىلاھىغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان چېچىنى مەرھۇم دوستى پاتروكلوسقا[6] بەرگەنلىكى ھەققىدىكى بەمەنە بايانلارغا ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك. ئۇنىڭ خېكتورنىڭ جەسىتىنى سۆرەپ پاتروكلوسنىڭ قەبرىسى تامان ماڭغانلىقى، ئە-

---

① «ئىلىيادا» دىن.
② ③ «ئودېسسا» دىن.
④ ھىسئودنىڭ مىسراسى.
⑤ ⑥ «ئىلىيادا» دىن.

سىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى دوستىمىزنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرىدىغان ئوتۇنلارغا قوشۇۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلارغىمۇ ئىشەنمەسلىكىمىز لازىم.

بىز ياشلارنىڭ ئاكىلامىسنىڭ — ئىلاھىيە ۋە پىلېس (ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتا نام چىقارغان بولۇپ، زېۋسنىڭ نەۋرىسى) نىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنى پاراسەتلىك ھېيرون بېقىپ چوڭ قىلغان — مۇجمەل خاراكتېر ئىگىسى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ پەسكەش، ئاچ كۆز ئىكەنلىكى، ئىلاھى ۋە ئادەملەرنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كېتىشىگە يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

ئادىمانتوس: توغرا ئېيتتىڭ.

سوقرات: ناھايىتى ياخشى، بىز بۇنداق جۆيلۈشلەرگە ئىشەنمەيلى، دېمىز ئىلاھى پوسدوننىڭ ئوغلى تىسوس باش ئىلاھى زېۋسنىڭ ئوغلى پىرسىسوسلارنىڭ ئايالىلارنى بۇلاشتەك ۋەھشىيانە ئىش — ئىزلىرىنى سۆزلەشكە يول قويمايلى. كىشىلەرنىڭ ئىلاھ ۋە قەھرىمانلارنىڭ پەرزەندلىرىگە تۆھمەت قىلىپ، ئۇلارنى تاپتىن چىققان قىلىپ تەسۋىرلىشىگە يول قويمايلى. بىز شائىرلارنى ئۇنداق ئىشلارنى ئىلاھلارنىڭ باللىرى ياكى ئەۋلادلىرى قىلغان دېيىشتەك بايان ئىستىلىنى ئىنكار قىلىشقا مەجبۇر قىلايلى. قانداقلا بولمىسۇن ئىلاھلارنىڭ باللىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئۇنداق ئىشلارنى قىلغان قىلىپ تەسۋىرلەنمەسلىكى كېرەك. بىز ياشلارنى ئىلاھلاردىنمۇ رەزىللىك تۇغۇلىدۇ، قەھرىمان ئادەتتىكى كىشىلەردىن ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويماسلىقىمىز لازىم.

چۈنكى، بىز باشتا ئۇنداق گەپنىڭ بىھۆرمەتلىك بولىدىغانلىقى ۋە ساختىلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئىشىنىمەنكى، ئىلاھلار بايا دېيىلگەندەكلا ھەرگىزمۇ رەزىللىكنىڭ مەنبەئى ئەمەس.

ئادىمانتوس: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

سوقرات: ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ بىمەنە گەپلەر ئاڭلىغۇچىغا نىس-

بەتەن زىيانكى، ھەرگىز پايدىلىق ئەمەس. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم ئىلاھلارنىڭ بالىلىرى يامان ئىشلارنى قىلغان ۋە قىلمىۋاتىدۇ دەپ ئىشەنسە ئۆزىنىڭ يامان قىلمىشلىرىنىڭ كەچۈرگۈسىز ئالاھىدە تە-رىپى يوق دەپ قاراپ قالىدۇ.

ئىلاھلارنىڭ تۇغقىنى، زۇس ئەۋلادى
ئىبادەتخانا ئىدا تېغىدەك يۇكسەلگەن.
ئىلاھلارنىڭ پۇشتى تاپتى روناق①.

بىز بۇنداق ھېكايىلەرنىڭ تارقىلىشىنى چەكلىشىمىز كېرەك. بولمىسا، ياشلارنىڭ قەلبىدە جىنايى ئوي - پىكىرلەر شەكىللىنىپ قالىدۇ.

ئادىمانتوس: چوقۇم چەكلىشىمىز كېرەك.

سوقرات: نېمىنى دېيىش، نېمىنى دېمەسلىك مەسىلىسىدە قانداق چەكلىمىلەرنى چىقىرىشىمىز كېرەك؟ بىز ئىلاھ، روھ، قەھرىمان ۋە ئۇ دۇنيا توغرىسىدىكى مىزانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولدۇق.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: نۆۋەتتە، ئادەم توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرگە چەك-لىمە قويۇش مەسىلىسىگە كەلدۇق.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: دوستلار، بىز ھازىرچە بۇ ھەقتە بىرەر چەكلىمە ئوت-تۇرىغا قويالمىغۇدەكمىز.

ئادىمانتوس: نېمىشقا؟

سوقرات: چۈنكى، شائىرلار ۋە ھېكايىچىلەرنىڭ، ئەڭ مۇھىم نۇقتىدا يەنى ئادەم ھەققىدىكى سۆزلىرىدە خاتالىق بار. ئۇلار نۇر-

① ئەسخىلىنىڭ مىسراسى.

غۇن مىساللار ئارقىلىق ئادالەتسىز كىشىنىڭ خۇشال ياشايدىغانلىقىنى، ئادالەتلىك كىشىنىڭ ئازاب بىلەن ياشايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتى. تېخى يەنە بايقىلىپ قالمىسىلا، ئادالەتسىزلىك پايدىسى بولىدۇ، ئادالەت ئۆزگىگە زىيانلىق، ئۆزگىگە پايدىلىق دېيىشتى. بىز ئۇلارغا بۇنداق سۆزلەرنى دېگۈزمەسلىكىمىز كېرەك، ئۇلار بۇنىڭ ئەكسىنى دېيىشى لازىم. سەن بۇ گېپىمگە قوشۇلامسەن؟

ئادىمانتوس: قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئەگەر ئېيتقانلىرىمغا قوشۇلساڭ، بىز ئىزدەۋاتقان پىرىنسىپقا قوشۇلدۇق دېسەمۇ بولىدۇ.

ئادىمانتوس: توغرا.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئالدى بىلەن بىز ئادالەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئادالەتنىڭ ئادالەتلىك كىشىگە نىسبەتەن قانداق ئەۋزەللىكى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشىمىز لازىم. كىشىلەر ئادالەتلىك كىشىنى نېمە دەپ قارىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنى ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن، ئادەم توغرىسىدا بىرلىككە كېلەلەيمىز ھەم نېمىنى سۆزلەش، نېمىنى سۆزلىمەسلىك توغرىسىدىمۇ، بىرلىككە كېلەلەيمىز.

ئادىمانتوس: ئىنتايىن توغرا.

سوقرات: ھېكايە مەزمۇنى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ئەمدى بىز ھېكايىنىڭ شەكلى ۋە ئۇسلۇبى توغرىسىدىكى مەسىلىگە كېلەيلى، شۇ چاغدىلا بىز مەزمۇنى بىلەن شەكلىنى — نېمىنى سۆزلەش ۋە قانداق سۆزلەش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ چىققان بولىمىز.

ئادىمانتوس: دېمەكچى بولغىنىڭنى ئاڭقىرالمىدىم.

سوقرات: ھە، مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوييمەن. مۇنداق قارىساڭ، دېمەكچى بولغىنىمنى ئاسان چۈشىنىسەن: ھېكايە سۆزلىگۈچى (بايانچى) ياكى شائىرنىڭ ئېيتقانلىرى ئۆتمۈش، بۈگۈن ۋە كەلگۈسىدىن تاشقىرى ئىشلار ئەمەس.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئۇلار ھېكايە سۆزلىگەندە ئاددىي بايانىي ئىشلىتەمدۇ ياكى تەقلىد قىلامدۇ ۋە ياكى ھەر ئىككىسىنى تەڭ ئىشقا سالامدۇ؟

ئادىمانتوس: بۇ جەھەتتە، ئېنىقراق چۈشەنچىگە كېلىشنى خالايمەن.

سوقرات: ۋاي ـ ۋۇي، مەن نەقەدەر كۈلكىلىك ۋە ناقابىل ئوقۇتقۇچى ـ ھە! خۇددى گەپ قىلالمايدىغان كىشىلەر ھەممىنى بىراقلا چۈشەندۈرەلمىگەندەك، مەنمۇ پەيدىنپەي سۆزلىسەم بولغۇدەك. «ئىلىيادا»نىڭ باش قىسمىدىكى بىر قانچە مىسرادا خىرسېسنىڭ ئاگامېنوندىن قىزىنى قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنلىكى، ئەمما، ئاگامېنوننىڭ غەزەپلەنگەنلىكى سۆزلەنگەن. خىرسېس قىزىغا ئېرىشەلمەي، گىرېكلارنى قارغىغان، سېنىڭ بۇ مىسرالاردىن خەۋىرىڭ باردۇ؟

ئادىمانتوس: خەۋىرىم بار.

سوقرات: ئۇنداقتا، تۆۋەندىكى مىسرالاردىن چوقۇم خەۋىرىڭ بار بولىدۇ:

ئاكايالىقلارغا قىلدى ئىلتىماس
ئىككى ئاتامانغا يالۋۇردى.
بۇ بىر جۈپ قېرىنداشلار
ئاترېوسنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى[1].

بۇ يەردە شائىر ئۆزى سۆزلىگەن بولۇپ، بىزگە باشقىلار سۆزلەۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرمەيدۇ. ئاخىرىدىكى بىر مىسرادا گويا شائىر خىرسېسنىڭ ئۆزىگە ئايلانغان بولۇپ، سۆزلەۋاتقىنى ھومېر بولماستىن، ھېلىقى قېرى ئابىد (ئىبادەت قىلغۇچى) بولىدۇ. تىرويا

---

① «ئىلىيادا» دىن.

② تەقلىدىي بايانىي دېمەكچى.

ھەققىدىكى ھېكايىنىڭ باشقا قىسىملىرىدا، ئىستاكادا يۈز بەرگەن ئىشلاردا ۋە پوتكول «ئودىيسا» قىسسەسىدە شائىر گويا ئاشۇ خىل ئۇسۇلدا بايان قىلىدۇ[1].

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: چۈشەندۈرۈش ۋە چۈشەندۈرۈش بىلەن چۈشەندۈرۈش ئارىسىدىكى بايانلارنىڭ ھەممىسى بەرىبىر باياندۇر شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: لېكىن، ئۇ چۈشەندۈرگەن چاغدا تامامەن باشقا بىر ئادەمگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا ھېكايىدىكى پېرسو-نازلارغا پۈتۈنلەي سىڭىپ كەتكەن ئىدى، دېسەك بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: بولىدۇ.

سوقرات: ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازى ۋە كۆلكىسىنى باشقا بىراۋغا ئوخشاتقان ئىكەن، ئۇ رولىنى ئېلىۋاتقان شۇ كىشىگە تەقلىد قىلىغان بولامدۇ ـ يوق؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، تەقلىد قىلغان بولىدۇ.

سوقرات: بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ ۋە باشقا شائىرلار تەقلىد ئارقىلىق بايان قىلىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئەمما، شائىر ھەمىشە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنى يو-شۇرمىسا، ئۇ تەقلىددىن ۋاز كەچكەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەسىرى ساپ بايانغا ئايلانغان بولىدۇ. مەن سېنى «چۈشەنمىدىم» دېگەن يەرگە كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ ئىشنى قانداق بىجىرسە بولىدى-غانلىقىنى ئېيتىپ بېرەي. مەسىلەن، ھومېر: كاھىن كەلدى، ئۇ تۆلەم پۇلىنى ئەكېلىپ، قىزىنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولۇپ، گىر-رېتسىيەلىكلەردىن بولۇپمۇ، ئىككى ئاتاماندىن ئۆتۈندى — مۇ-شۇنداق سۆزلىسە، يەنى شائىر تەلەپپۇزى بويىچە ئەمەس، بەلكى، ئۆزىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە سۆزلىسە نوقۇل بايان بولىدۇكى ھەر-گىزمۇ تەقلىد بولمايدۇ. بايان ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ: (قاپىيە

ئىشلەتمەيمەن، چۈنكى مەن شائىر ئەمەس):

كاھىن كەلدى، ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىپ، گىرېتسىيەلىكلەر-نىڭ تىرويا شەھىرىنى ئېلىپ بولۇپ، ئامان - ئېسەن قايتىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇشۇنداق سۆزلىدى، گىرېتسىيەلىكلەر ئىلاھلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇل-دى. پەقەت ئاگامېنونلا غەزەپلىنىپ، كاھىننىڭ كېتىشىنى، قايتا كەلمەسلىكىنى بۇيرۇدى. بولمىسا كاھىننىڭ ھاسىسى بىلەن تاجى ئۇنىڭغا پايدىسىز، دېدى. ئاگامېنون كاھىننىڭ قىزى بىلەن ئارگو شەھىرىدە بىر ئۆمۈر بىللە ياشايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ كاھىن-نىڭ سالامەت كېتىمەن دېسە دەرھال قايتىشىنى، ئاچچىقىنى كەل-تۈرمەسلىكىنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن قېرى كاھىن قورقۇپ، جىمجىت كېتىپ قالدى. قېرى كاھىن گازارمىدىن يىراقلاپ كەت-كەندىن كېيىن، ئاپوللونىڭ ناملىرىنى چاقىرىپ، ئىلاھلارغا قىل-غان مۇئامىلىسىنى، نەزىرىسىنى، ئىبادەتخانا سالغانلىقلىرىنى يا-دىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا جاۋابەن گىرېتسىيەلىكلەرگە جازا بېرىشىنى ئۆتۈندى. دوستۇم، مۇشۇنداق بولغاندا تەقلىد ئىشلىتىلمىگەن بو-لىدۇ، مانا بۇ نوقۇل بايانىدۇر.

ئادىمانتوس: چۈشەندىم.

سوقرات: سەن ئەمدى يۇقىرىقىنىڭ ئەكسى بولغان ژانىرنى تە-سەۋۋۇر قىل. دىيالوگلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان شائىر بايانىنى چىقىرىۋېتىپ، دىيالوگلارنىڭ ئۆزىنىلا قالدۇر.

ئادىمانتوس: بۇنى چۈشىنىمەن، بۇ دەل تىراگېدىيە ئىشلىتى-لىدىغان ژانىر.

سوقرات: دېمەكچى بولغانلىرىمنى پۈتۈنلەي توغرا قىياس قىل-دىڭ. بۇرۇن قىلالمىغانلىرىمنى ئەمدى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەي-مەن. شېئىر ۋە ھېكايىلەردە ئوخشاشلا ئىككى ژانىر بولىدۇ: بىرى تامامەن تەقلىد ئارقىلىق بولىدۇ، بۇلار بايا سەن ئېيتقان تىراگې-دىيە ۋە درامىلاردۇر. يەنە بىرى، شائىرلار ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى

ئىپادىلەيدىغىنى. شاراب ئىلاھىنى مەدھىيەلەيدىغان ژانىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇنداق لىرىكىلىق ژانىرلار ئىدى. ئۇچىنچى بىرى، يۇقىرىقى ئىككى ژانىرنىڭ ئارىلاش ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئېپوس ۋە باشقا شېئىرىي شەكىللەردە ئۇچرايدۇ، ئەگەر گېپىمنى چۈشەنگەن بولساڭ ئەنە شۇنداق.

ئادىمانتوس: دۇرۇس، دېمەكچى بولغىنىڭنى چۈشەندىم.

سوقرات: ئۇنداقتا، بۇرۇن ئېيتقانلىرىمىزنى يادىڭغا ئالغىن. بىز نېمىنى سۆزلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قانداق سۆزلەش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمىز دېگەن ئىدۇق.

ئادىمانتوس: شۇنداق، ئېسىمدە.

سوقرات: دېمەكچى بولغىنىم مۇنداق: بېكىتىۋېلىشىمىز لازىمكى، شائىر تەقلىد ئارقىلىق بايان قىلامدۇ ياكى مەلۇم قىسىمنى تەقلىد ئارقىلىق، يەنە مەلۇم قىسمىنى تەقلىدسىز بايان قىلامدۇ؟ ئاتالمىش مەلۇم قىسىمنى تەقلىد قىلىش دېگىنىمىز زادى قايسى قىسمى؟ ياكى تەقلىدنى زادى قوللانغىلى قويمامدۇق؟

ئادىمانتوس: مەن سېنىڭ سوئالىڭنى تىراگېدىيە بىلەن كومېدىيەنى شەھەر دۆلىتىگە ئەكىرىش كېرەكمۇ ـ ئەمەسمۇ دەپ قىدىياس قىلسام بولامدۇ؟

سوقرات: بەلكىم بولار. بەلكى، ئۇنىڭ مەنىسى بۇنىڭدىن چوڭراق بولۇشىمۇ مۇمكىن. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئومۇمەن، مۇنازىرە بىزنى قەيەرگە باشلاپ بارسا، شۇ يەرگە بېرىشىمىز كېرەك.

ئادىمانتوس: ناھايىتى توغرا دېدىڭ.

سوقرات: ئادىمانتوس، بۇ نۇقتىدا، بىز بىزنىڭ قوغدىغۇچىلىرىمىزنىڭ تەقلىدچى بولۇشى كېرەكمۇ ـ ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇرۇنقى گەپلىرىمىزدىن خۇلاسە قىلساق، بىر ئادەم پەقەت بىرلا كەسىپكە قادىر، نۇرغۇن كەسىپكە قادىر ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر ئۇ ھەممىنى قىلالىسا، ھەممىنى

ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالمايدۇ، نەتىجىدە، ئۇ بىرىنىمۇ ياخشى قىلال-مىغان بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شەك - شۈبھىسىز شۇنداق.

سوقرات: ئوخشاش بىر قائىدىنى تەقلىد مەسىلىسىگە تەتبىقـ-لىغىلى بولامدۇ؟ بىر ئادەم نۇرغۇن نەرسىگە تەقلىد قىلسا بىرلا نەرسىگە تەقلىد قىلغاندىن ياخشى قىلالامدۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، ئۇنداق قىلالمايدۇ.

سوقرات: ئۇ قىممەتكە سازاۋەر بىر ئىشنى قىلالىغان شۇ ۋاقىتتا، بىر تەقلىدچى سۈپىتىدە نۇرغۇن نەرسىلەرگە تەقلىد قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداق ئىكەن، بىر تەقلىدچى قانداقلا بولمىسۇن ئىككى خىل تەقلىدنى بىرلا ۋاقىتتا قىلالمايدۇ، ھەتتا، ئۇ ئىككى خىل تەقلىد بىر - بىرىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، مەسىلەن، تىراگېدىيە بىلەن كومېدىيەدەك. سەن بايا بۇلارنى ئىككى خىل تەقلىد دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟

ئادىمانتوس: مەن شۇنداق دېگەن. سەن ناھايىتى توغرا ئېيتـ-تىڭ. بىر ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئىشنى قىلالمايدۇ.

سوقرات: بىر ئادەم ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، ياخشى دېكلاماتسى-يەچى (ھاپىز) ۋە ياخشى ئارتىس بولالمايدۇ.

ئادىمانتوس: دۇرۇس.

سوقرات: كومېدىيە ئارتىسى بىلەن تىراگېدىيە ئوخشمايدۇ. لې-كىن، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تەقلىدچى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئادىمانتوس، كىشىلىكنى قۇيۇپ چىقىرىلغان نۇرغۇن كىچىك تەڭگىلەرگە ئوخشاتساق، ئۇ بۇ نۇرغۇن تەڭگىلەرنىڭ ئو-خشۇلۇق تەقلىدى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلار-نىڭ ئەينەن ئۆزى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاتالمىش تەقلىدلەر پەقەتلا شەيئىنىڭ كۆپىيەسىدۇر، خالاس.

ئادىمانتوس: ئىنتايىن توغرا.

سوقرات: ئەگەر بىز ئەڭ باشتىكى پىرىنسىپىمىزدا چىڭ تۇر-
ساق، قوغدىغۇچىلار باشقا ئىشلارنى قويۇپ، شەھەر دۆلىتى قۇ-
رۇشتەك بۈيۈك ئەركىنلىك ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىشى، زېھ-
نىنى شۇ ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈشى لازىم. ئۇلار باشقا ئىشلارغا ئا-
رىلاشماسلىقى ۋە تەقلىد قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر تەقلىد قى-
لىشقا توغرا كەلسە، كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ كەسپى بىلەن
توغرا مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان كىشىلەر — باتۇر، ئۆزىنى تۇ-
تۇۋالغان، تەقۋادار، ئەركىن كىشىلەرگە تەقلىد قىلىشى لازىم.
ئەركىن كىشىلەرنىڭ ئۆلچىمىگە چۈشمەيدىغان ئىشلارغا قاتناش-
ماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلماسلىقى كېرەك. رەزىل ئىشلارغا
بولسا، ئەلۋەتتە تەقلىد قىلماسلىقى كېرەك. رەزىل ئىشلارغا تەق-
لىد قىلسا، يالغىنى راستقا ئايلىنىپ، ھەقىقىي رەزىللىك كېلىپ
چىقىدۇ. بىر ئۆمۈر تەقلىد قىلىش ئادەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ،
ئادەت بىر كىشىنىڭ ئىككىنچى تەبىئىتىگە ئايلىنىپ، ھەربىر
سۆز - ھەرىكەتكە، ئىدىيەگە تەسىر قىلىدۇ، سەن بۇنىڭغا دىققەت
قىلغانمۇ؟

ئادىمانتوس: بۇنىڭدا گەپ يوق.

سوقرات: بىز كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلەيدىغان ۋە ياخشى ئادەم
بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادىمىمىزگە نىسبەتەن ئاياللارغا تەق-
لىد قىلىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك — ئەركىشى چوڭ يا-
كى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاياللارغا تەقلىد قىلماسلىقى
كېرەك — بۇ شۇنداق ئاياللاركى ئۇلار ئېرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ،
ئىلاھلارنى ھۆرمەت قىلمايدۇ، ئۆزىنى بىلمەيدۇ. بەختسىزلىككە
ئۇچرىسا، بەرداشلىق بېرەلمەي، كۈنبويى يىغلايدۇ. بىمتاپ ياتقان،
مۇھەببەتلىشىۋاتقان، تۇغۇتتىكى ئاياللارغا تەقلىد قىلىشتىن تې-
خىمۇ گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك.

سوقرات: ئۇلار يەنە قۇللارغا (ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەت-

ئىمىنەزەر) تەقلىد قىلماسلىقى، ئۇلار قىلغان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك.

ئادىمانتوس: ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك.

سوقرات: ئەسكى، پەسكەش ئادەملەرگە تەقلىد قىلماسلىقى، بايا ئېيتقان ياخشى ئىشلارنىڭ تەتۈرى بولغان ئىشلارنى — ئۇرۇشۇش، زاڭلىق قىلىش، سەت گەپلەرنى قىلىش (مەست ياكى ساق چاغدا) قاتارلىق ئىشلارنى قىلماسلىق لازىم. بۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلمىشى ئىبرەت ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ، ئۇلار ئۆزىگە ھەم ئۆزگىگە يۈز كېلەلمەيدۇ. مېنىڭچە، ئۇلار سۆز ـ ھەرىكەتتە ساراڭلارنىڭ ئەسكى ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈۋالماسلىقى كېرەك. ئۇلار ساراڭلارنى ۋە ئەسكى ئەر ـ ئاياللارنى چۈشەنگەن بولۇشى، ئەمما، ئۇلارغا تەقلىد قىلماسلىقى كېرەك.

ئادىمانتوس: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: ئۇلار تۆمۈرچىلەرگە، باشقا ھۈنەرۋەنلەرگە، ئۇرۇش كېمىلىرىدىكى پالاقچىلارغا، پالاقچىلارنىڭ قوماندانلىرىغا ۋە شۇنىڭدەك كىشىلەرگە تەقلىد قىلسا بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: قانداقمۇ بولسۇن؟ ئۇلار بۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلىسمۇ بولمايدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئاتنىڭ كىشنەشلىرى، كالىنىڭ مۆرەشلىرى، دەريانىڭ ئۆركەشلىرى، دېڭىزنىڭ شاۋقۇنلىرى ۋە گۈلدۈرماما كەبى ئىشلارغا تەقلىد قىلسا بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: بولمايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭلار ساراڭ بولۇشىنى ئەمەس، ھەتتا، باشقىلارنى دوراپ ساراڭ بولۇشىنى چەكلىدۇق.

سوقرات: چۈشىنىشىمچە، سەن مۇنداق دېمەكچى: بىرخىل بايان شەكلى باركى، ئۇ ھەقىقىي ياخشى ئادەملەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىرخىل بايان شەكلىمۇ باركى، ئۇ خاراكتېر ۋە تەربىيە جەھەتتە ناچار ئادەملەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇ ئىككى خىل بايان شەكلى (ژانىر) قايسىلار؟

سوقرات: مېنىڭچە، سىپايە ھەم ھەققانىيەتچى بىر كىشى بايان جەريانىدا باشقا بىر ھەققانىيەتچى كىشىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە دۇچ كەلسە، ئۇ بۇ خىل رولنى ئېلىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى ئوخشىتىپ تەقلىد قىلىدۇ، گويا شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدەكلا قاملاشتۇرىدۇ ھەم بۇنىڭدىن خىجىللىق ھېس قىلمايدۇ. ئۇ بۇ كىشىنىڭ قەتئىي ۋە ئاقىلانە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە تەقلىد قىلىشنى ئالاھىدە ياقتۇرىدۇ. ئەگەر بۇ كىشى بەختىگە قارشى كېسەل بولسا ياكى تەنتەك ۋە قوپال بولسا، مەست بولسا، ئاپەتكە ئۇچرىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ بۇنداق كىشىنىڭ رولىنى ئېلىشنى خالىمايدۇ، تەقلىد قىلغان ھالەتتىمۇ بۇ مەجبۇرىي بولىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ماس كەلمىگەن رولنى ئېلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۆزىدىن تۆۋەن بۇنداق روللارنى ئېلىشنى خالىمايدۇ، ئۇ بۇنداق ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ھەتتا، قارشى تەرەپنىڭ ئۆيلىمىغان يەردىن بىرەر ئارتۇقچىلىقى سېزىلسىمۇ، تۇزۇك ئىبرەت قىلمايلا تەقلىد قىلىپ قويىدۇ ـ دە، بۇنىڭدىنمۇ خىجىللىق ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل كىشىلەرگە تەقلىد قىلىشتا تەجرىبىسى يوق، ناچار ئادەم، ناچار ئىشلارنى ئۇلگە قىلغانلىقىدىن ئۆز ـ ئۆزىدىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇ رول ئېلىش ئۇ-چۇنلا شۇنداق قىلسىمۇ، كۆڭلىدە ئۇنداق رېئاللىقتىن نەپرەتلىنىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنداق ئېھتىماللىق ناھايىتى چوڭ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئۇ بىز ھومېردىن كەلتۈرگەن بايان ئۇسۇلىنى يەنى گاھى بايان، گاھى تەقلىدنى ئىشلىتىشى مۇمكىن، لې-كىن بايان تەقلىدىدىن كۆپ. سەن بۇنىڭغا قوشۇلامسەن؟

ئادىمانتوس: قوشۇلىمەن، ھېكايە سۆزلىگۈچى ئاشۇلارنى ئۈلگە قىلىشى كېرەك.

سوقرات: يەنە شۇنداق ھېكايىچىلەرمۇ باركى، ھەممىنى سۆزلە-ۋېرىدۇ. ناچار بولغانسېرى ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي ئۇچرىغانلى-كى رولىنى ئېلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسە تەقلىدكە

ئەرزىيدۇ. شۇڭا، ئۇ ئامالىنىڭ بارىچە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ھەممىنى دوراۋېرىدۇ. مەسىلەن، بىز بايا ئېيتقاندەك گۈلدۈرماما، شامال، مۆلدۈر، غالتەك، زۇۋۇك، نەي، پۇشتەك، ھەرخىل سازلارنىڭ ئاۋازىنى دورايدۇ. ئۇلار تېخى ئىتتەك قاۋايدۇ، قويدەك مەرەيدۇ، قۇشلاردەك سايرايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئاۋاز ۋە قىياپەتلەرنى دوراش بولۇپ، بايان ئىنتايىن ئاز.

ئادىمانتوس: بۇنداق يازغۇچىلار مۇقەررەر شۇنداق قىلىدۇ.

سوقرات: مانا بۇ مەن ئېيتقان ئىككى خىل ئۇسلۇب (شەكىل).

ئادىمانتوس: دۇرۇس.

سوقرات: بۇ ئىككى خىل ئۇسلۇبنىڭ بىرىدە ئۆزگىرىش ئاز بولىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئاھاڭ ۋە رىتىمنى بەلگىلەپ بەرگەن ئىكەنمىز، نەتىجىدە، توغرا نىيەتلىك ھەرقانداق ھېكايىچى ئوخشاش ئاھاڭ، ئوخشاش رىتىمدە بايان قىلغان بولۇپ چىقامدۇ؟ چۈنكى، ئۆزگىرىش ئاز، رىتىم ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: يەنە بىرخىل ئۇسلۇب ھەرخىل ئاھاڭ ۋە رىتىمغا موھتاج. ئەگەر بىز ھەرخىل ئاۋاز ۋە قىياپەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان مۇۋاپىق تېكىستلەرنى قوشساق، بۇخىل ئۇسلۇب ھەرخىل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: بۇ سۆز تامامەن توغرا.

سوقرات: ھەرقانداق شائىر ۋە ھېكايىچى ژانىر (ئۇسلۇب) تاللىغاندا، يۇقىرىقى ئىككىسىنىڭ بىرىنى ياكى ھەر ئىككىسىنى تاللايدۇ. شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ شەھەر دۆلىتىمىز بۇ ژانىر (ئۇسلۇب) لارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىشى كېرەكمۇ ياكى بىرەرسىنى قوبۇل قىلىشى كېرەكمۇ؟ ۋەياكى ئارىلاش ژانىرنى قوبۇل قىلىشى كېرەكمۇ؟

ئادىمانتوس: ئەگەر بىلەت تاشلاپ تاللاشقا توغرا كەلسە، مەن ياخشى ئىشلارغا تەقلىد قىلغۇچىلارنىڭ ئۇسلۇبىنى تاللايمەن.

سوقرات: بىراق، سۆيۈملۈك ئادىمانتوس، ئارىلاشما ژانىر (ئۇسلۇب) نى كۆپچىلىك ياخشى كۆرىدۇ. بالىلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇئەللىملىرى ۋە باشقا ئاددىي كىشىلەر سەن تاللىغاننىڭ ئەكسىنى تاللايدۇ ئەمەسمۇ.

ئادىمانتوس: كۆپچىلىك دەرۋەقە ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

سوقرات: سەن بۇنى شەھەر دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈمىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دېيىشىڭ مۇمكىن. چۈنكى، بىزنىڭ كىشىلىرىمىز كۆپكە ئەمەس، پەقەت بىرگىلا قادىر.

ئادىمانتوس: مۇۋاپىق ئەمەس.

سوقرات: شەھەر دۆلىتىمىزنىڭ مۇنداق بولۇشىنى بەلگىلىگەن سەۋەبلەر تۆۋەندىكىدەك: موزدۇز پەقەت موزدۇزلۇقنىلا قىلىدۇ، ئۇ موزدۇزلۇقتىن تاشقىرى ھالدا رولچى بولۇپ يۈرمەيدۇ. دېھقان پەقەت دېھقانچىلىقنىلا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن تاشقىرى ھالدا سوتچى بولۇپ يۈرمەيدۇ. ئەسكەر پەقەت ئەسكەرلىكنى قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن تاشقىرى ھالدا سودىگەرلىك قىلمايدۇ، ۋەھاكازالار. شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاز ـ تولا زېرەكلىكىگە تايىنىپ، ھەممە نەرسىنى دوراپ كەملەشتۈرگەن ھالدا شەھەر دۆلىتىمىزگە كىرىپ، شېئىر ئوقۇپ، ماھارەت كۆرسىتىشى ۋە بۇ ئارقىلىق ھۆرمەت تېپىپ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مۇقەددەسلىشىشى مۇمكىن. بىز ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە مۇنداق دېيىشىمىز مۇمكىن، بىز بۇنداق ئادەمنى شەھەر دۆلىتىگە كىرگۈزمەيمىز، قانۇن ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ، بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئورۇن يوق. بىز ئۇنىڭ بېشىغا كۈنجۈت مېيى سۈركەپ، قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن لېنتىنى بېشىغا ئوراپ، باشقا ئەللەرگە ئۇزىتىپ قويىمىز. ئۆزىمىزگە كەلسەك، ئۆز پايدا ـ مەنپەئەتىمىزنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، يىرىك

ۋە ھەققانىيەتچى شائىرلار ياكى ھېكايىچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەندىزىسى بويىچە قانۇن يول قويغان دائىرىدىكى ئىشلارنى سۆزلەتكۈزۈپ، جەڭچىلىرىمىزنى تەربىيەلەيمىز.

ئادىمانتوس: شۇنداق قىلغۇدەك ھوقۇقىمىز بولسا، ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.

سوقرات: بىز ئەمدى تىل ۋە ھېكايىنىڭ سەنئەتتى توغرىسىدىكى گېپىمىزنى تۈگەتكەن بولدۇق، چۈنكى، بىز نېمىنى سۆزلەش ۋە قانداق سۆزلەش مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولدۇق.

ئادىمانتوس: مەنمۇ شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز شېئىرىيەت ۋە مېلودىيە شەكلىگە كەلدۇقمۇ ـ يوق؟

ئادىمانتوس: شۇنىڭغا كەلدۇق.

سوقرات: ئېيتقانلىرىمىز باشتىن ـ ئاخىر بىردەك بولماقچى ئىكەن، كىشىلەر بىزنىڭ مەسىلىگە نىسبەتەن قانداق تەلەپپىمىزنىڭ بارلىقىنى شۇ ھامان بايقايدۇ.

گىلاۋكون: (كۈلۈپ تۇرۇپ) سوقرات، مەن سىنىڭ «كىشىلەر» دەپ كۆزدە تۇتقانلىرىڭنىڭ ئىچىگە كىرمەيمەن. گەرچە مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار بولسىمۇ، جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۇنى ئىزھار قىلغۇدەك ھەپسىلەم يوق.

سوقرات: پەرىزىمچە، سەن مۇنداق دېمەكچى: شېئىردا ئۈچ تەركىبىي قىسىم بار، ئۇلار ـــ سۆز، ئاھاڭ (مۇزىكا) ۋە رىتىمدىن ئىبارەت.

گىلاۋكون: شۇنداق، بۇ نۇقتىنى مەن بىلىمەن.

سوقرات: سۆزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەن ناخشا قىلىپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەر بىلەن ھېكايە قىلىپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق دەپ ئويلايمەن، بۇلار بىز دەپ ئۆتكەن مەزمۇن بىلەن شەكىلگە ماس كېلىشى لازىم.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: يەنە ئاھاڭ بىلەن رىتىممۇ تېكىستىكە ماس كېلىشى كېرەك.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: بىز توختىلىپ ئۆتكەنكى، ناخشا تېكىستىدە پىغانلىق ۋە ھەسرەتلىك جۈملىلەر بولماسلىقى لازىم.

گىلاۋكون: بولماسلىقى لازىم.

سوقرات: ئۇنداقتا، مەرسىيەچە ئاھاڭ دېگەن نېمە؟ ماڭا دەپ بەرگىن، چۈنكى، سەن مۇزىكىنى چۈشىنىسەن.

گىلاۋكون: ئارىلاشما لىدىيە مېلودىيەسى ۋە يۇقىرى ئاۋازلىق لىدىيە مېلودىيەسىگە ئوخشىغان مېلودىيە (ئاھاڭ) لەر مەرسىيەچى ئاھاڭغا كىرىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز بۇلاردىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك، چۈنكى، ئالغا بېسىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاياللارغىمۇ زىيانلىق، ئەرلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاراق ئىچىش قوغدىغۇچىلار (مۇھا-پىزەتچىلەر)غا لايىق ئەمەس. چۈشىنىشلىك بىلەن ھورۇنلۇقمۇ لايىق ئەمەس.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئۇنداقتا، قايسى خىل مېلودىيەلەر يۇمشاق، شەھۋانىي مۇزىكىلار جۈملىسىگە كىرىدۇ؟

گىلاۋكون: ئىيونىيە مېلودىيەسى ۋە بىر قىسىم لىدىيە مېلو-دىيەسى شەھۋانىي مۇزىكىلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

سوقرات: ئوبدان بولدى، دوستۇم، بۇخىل شەھۋانىي مۇزىكىلار-نىڭ جەڭچىلەرگە قانداق پايدىسى بار؟

گىلاۋكون: ھېچقانداق پايدىسى يوق. قارىغاندا، ساڭا ئەمدى دو-رىيان مېلودىيەسى بىلەن پىرىگىيان مېلودىيەسى قالغاندەك تۇرىدۇ.

سوقرات: مەن بۇ مۇزىكىلارنى چۈشەنمەيمەن. ئەمما، مەن با-

تۇرلارغا تەقلىد قىلىنغان مۇزىكىلارنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. بۇ مۇزىكىلار ئۇلارنىڭ تەمكىنلىك بىلەن جەڭ قىلىشىغا، تىز پۈكمەسلىكىگە، بوران ـ چاپقۇنلارنى يېڭىشىگە، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشىگە، خېيىم ـ خەتەرلەردىن بۆسۈپ چىقىشىغا، ئۆلۈمدىن قورقماسلىقىغا تەقلىد قىلغان بولۇشى كېرەك. مەن يەنە تىنچ مەزگىللەردىكى خىزمەتچى كىشىلەرگە تەقلىد قىلىنغان مۇزىكىلارنىڭ بولۇشىنىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. ئۇلار ئۆزى خالىغان ھالدا ساۋاب ئىشلارنى قىلىشقا ، كىبىرلەنمەسلىككە، كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان بولۇشقا، ئادالەتنى ياقلاشقا دالالەت قىلىدۇ (ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى ئىلاھ بولسا ئىبادەت قىلىپ ئۆتۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئادەم تۇرغان بولسا دەۋەت قىلىدۇ ۋە تەربىيە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزىمۇ باشقىلارنىڭ شۇنداق قىلىشىنى قوبۇل تاپىدۇ). بىزدە مۇشۇنداق ئىككى خىل مۇزىكا بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ بىرى جەڭگىۋار يەنە بىرى نەپىس بولۇپ، كىشىلەرنىڭ غەلىبىسى ۋە مەغلۇبىيتى، تەمكىنلىكى ۋە باتۇرلۇقىدىكى ساداسىغا تەقلىد قىلغان بولىدۇ.

ئادىمانتوس: سەن دەۋاتقان ئىككى خىل مۇزىكا دەل مەن بايا ئېيتقان دورىيان مېلودىيەسى بىلەن پىرىگىيان مېلودىيەسىنى كۆرسىتىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، مۇزىكا ئورۇنلىغان ۋاقتىمىزدا، بىزگە كۆپ تارلىق چالغۇنىڭ ھاجىتى يوق، بارلىق مېلودىيەنى چىقىرالايدىغان چالغۇنىڭ كېرىكى يوق.

ئادىمانتوس: ئېيتقانلىرىڭ توغرا.

سوقرات: بىز لىرا ۋە تىراگونغا ئوخشاش كۆپ تارلىق چالغۇلارنى ياسايدىغان كىشىلەرنى باقماسلىقىمىز كېرەك.

ئادىمانتوس: باقماسلىقىمىز كېرەك.

سوقرات: ئۇنداقتا، نەي ياسىغۇچىلار بىلەن نەي چالغۇچىلار شەھەر دۆلىتىمىزگە كىرسە بولامدۇ؟ دېمەكچىمىزكى، نەي ئا-

ھاكىمىيەتدار چالغۇ بولۇپ، باشقا ئاھاڭدار چالغۇلار نېمىگە تەقلىد قىلىنـ-
غان، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداقلىقى ئېنىق.

سوقرات: شەھەر دۆلىتىمىزدە چېلىنىدىغان سازلاردىن يەتتە تارلىق چالغۇ بىلەن لىرالا قالدى. سەھرادىكى پادىچىلار بىرخىل قىسقا نەينى چالىدۇ.

گىلاۋكون: مۇھاكىمىمىزنىڭ خۇلاسىسى شۇنداق بولدى.

سوقرات: بىز ئاپوللونىڭ چالغۇلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مارسىـ-
ياس[1]نىڭ چالغۇلىرىنى تەرك ئېتىمىز. دوستۇم، بۇنداق تاللاش بىزنىڭ كەشپىياتىمىز ئەمەس.

گىلاۋكون: دۇرۇس، بۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ كەشپىياتىمىز ئەمەس.

سوقرات: ئوھوي، بىز بۇ شەھەر دۆلىتىنى ئۆزىمىزمۇ سەزمىـ-
گەن ھالدا پاكلاپ چىقتۇق، بىز بايىلا بۇ شەھەر دۆلىتى ھەشەمەتـ-
خور دېگەن ئىدۇق.

گىلاۋكون: ئېيتقانلىرىمىز ئاقىلانە بولدى.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز پاكلاش خىزمىتىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى!

ئەمدى رىتىمنى مۇزاكىرە قىلايلى، بىز مۇرەككەپ رىتىم، ھەرخىل، ھەر رەڭدىكى ۋەزنلەرنى قوغلاشماسلىقىمىز لازىم. بىز نېمىنىڭ تەرتىپلىك، جەڭگىۋار تۇرمۇش رىتىمى ئىكەنلىكى ھەقـ-
قىدە ئويلىشايلى. بىز تۇرمۇش ئىبارىلىرىنى (تېكىستنى) تۇراق ۋە ئاھاڭغا ماسلاشتۇرماستىن، بەلكى، تۇراق بىلەن ئاھاڭنى تۇرـ-
مۇش ئىبارىلىرىگە ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بىراق، بۇ رىتىمـ-
نىڭ قانداق رىتىم ئىكەنلىكىنى بىزگە سەن ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك، خۇددى يۇقىرىقىدەك ئاھاڭنى دەپ بەرگەندەك.

گىلاۋكون: بۇنىڭغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن. تۇراق ئۈچ خىل شەكىلدە تۈزۈلىدۇ، خۇددى گامىنىڭ تۈزۈلۈشى تۆت خىل شەكىلـ-

[1] ئاپوللو ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ لىرا چالىدۇ. مارسىياس ھەـ-
ۋەسنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇزۇن نەي چالىدۇ.

دە بولغاندەك، مەن بۇلار ھەققىدە بىر نەرسە دەپ بېرەلەيمەن. ئەمما، قايسى خىل تۇراقنىڭ قايسى خىل تۇرمۇشقا تەقلىد قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

سوقرات: قايسى خىل رىتىمنىڭ پەسكەشلىك، ياۋۇزلۇق، ئەسەبىيلىك ۋە باشقا رەزىللىكلەرگە ماس كېلىدىغانلىقىنى، يەنە قايسى خىل رىتىمنىڭ بۇلارنىڭ ئەكسىچە بولغان مەزمۇنلارغا ماس كېلىدىغانلىقىنى دامونىدىن[1] سورايلى. دامونىنىڭ بەزى تۇتۇق گەپلىرى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇ مۇرەككەپ رىتىمدىكى مارش، ئارىلاشما تەركىبلىك ئاھاڭ، قەھرىمانا رىتىملەر ئۈستىدە توختالغان ئىدى، ئۇ مەن ئاڭقىرالمايدىغان تەرتىپلەر بىلەن تىزىلغان، يۇقىرى – تۆۋەن ئاھاڭلىرى باراۋەر بولغان، گاھ يۇقىرى، گاھ تۆۋەن، ئۇزۇن – قىسقا رىتىملىرى بىردەك بولمىغان ھالدىكى مۇزىكىلار ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ بىرىنى ئىيامبىك (短长格 iambic) يەنە بىرىنى تىروخايىك (短长格–trochaic) دەپ ئاتىغان. يەنە ئۇزۇن بوغۇم، قىسقا بوغۇم، دېگەن گەپلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ گەپلىرىدىن مەن شۇنداق ھېس قىلغانكى، ئۇنىڭ تۇراق ھەققىدىكى ماختاش – چۆكۈرۈشلىرى رىتىمنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ماختاش – چۆكۈرۈشلىرىدىن كەم ئەمەس ئىدى. بەلكىم، ئەمەلىي ئەھۋال مەن ھېس قىلغاندەك ئەمەستۇ، زادى قانداقلىقى ماڭىمۇ دېگەندەك ئايدىڭ ئەمەس. مەن بايا بۇلارنى دامونىدىن سوراش كېرەكلىكىنى ئېيتقان. ئەمما، بۇلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئانچە ئاسان ئەمەس. سېنىڭچە، قانداق؟

گىلاۋكون: شۇنداق، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: بىراق، بىر نۇقتىنى سەنمۇ جەزم قىلالايسەن، ئۇ بولسىمۇ، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ ياخشى رىتىم ۋە ناچار رىتىم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقى.

---

[1] مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 – ئەسىردىكى مۇزىكانت.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياخشى رىتىم ياخشى ئىبارە (تېكىست) بىلەن بىللە بولىدۇ، خۇددى ئۇ ياخشى تېكىستنىڭ سىياسىدەك، ناچار رىتىم ناچار تېكىست بىلەن بىللە بولىدۇ. ئاھاڭمۇ شۇنداق، چۈنكى، بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتتۇقكى، تېكىست رىتىم بىلەن ئاھاڭغا ئەگەشكەن بولماستىن بەلكى، رىتىم بىلەن ئاھاڭ تېكىستكە ئەگەشكەن بولۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: مۇقەررەر شۇنداق. بۇ ئىككىسى تېكىستكە ئەگەشكەن بولۇشى كېرەك.

سوقرات: سېنىڭچە، تېكىست بىلەن تېكىست ئۇسلۇبى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار روھنىڭ مەنىۋى ھالىتى بىلەن بىردەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: قالغان ھەممە نەرسە تېكىستكە ئەگىشەمدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، ياخشى تېكىست، ياخشى ئاھاڭ، ياخشى ئۇسلۇب، ياخشى رىتىملارنىڭ ھەممىسى ياخشى مەنىۋى ھالەتتىن كەلگەن بولىدۇ. مەنىۋى ھالەت دېگىنىمىز ئەقىلسىز ياۋاش – يۇمشاق ئادەملەرنىڭ مەنىۋى ھالىتىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى، ئۇ ئەقىل – پاراسەتلىك، پەزىلەتلىك ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي ياخشى مەنىۋى ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

گىلاۋكون: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، ياشلار ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ھەقىقىي رەۋىشتە قىلىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرنى ھەر ۋاقىت قوغلىشىشى كېرەكمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇلار شۇنداق قىلىشى كېرەك.

سوقرات: رەسىممۇ ئاشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدەك ھۇنەر – سەنئەتلەر مەسىلەن، توقۇمىچىلىق، كەشتىچىلىك، بىناكارلىق، ئۆي جاھازلىرى ياساش، ھايۋانلارنىڭ

تەق ـ تۇرقى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەبىئىي ھالىتى قاتارلىقلاردا يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر بار. چۈنكى، بۇ نەرسىلەردە نەپىسلىك بىلەن خۇنۇكلۇك بار. ناچار ئۇسلۇب، ناچار رىتىم، ناچار ئاھاڭلارمۇ ناچار ئىستىل ۋە تېكىستلەرگە ئوخشايدۇ. ئەكسىچە، گۈزەل ئىپادىلەش بىلەن ئاقىلانىلىك، گۈزەل پەزىلەتلەر بولسا بىر ـ بىرىگە يېقىن.

گىلاۋكون: تامامەن توغرا.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئەمدىكى مەسىلە شائىرلارغا باغلىق بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن؟ بىز ئۇلارنى تەپتىش قىلىپ، شېئىرلىرىدا پەزىلەتلىك ئوبرازلارنى يارىتىشقا مەجبۇر قىلامدۇ ـ يوق؟ پەزىلەتلىك ئوبرازى يارىتىلمىغان شېئىرلارنى لازىم قىلماسلىقىمىز كېرەكقۇ؟ بىز باشقا سەنئەتكارلارنىمۇ تەپتىش قىلىپ، رەسىم، ئويمىكەشلىك، بىناكارلىق ياكى باشقا بەدىئىي ئەسەرلەردە رەزىللىك، بۇزۇقچىلىق، پەسكەشلىك، مەينەتلىككە ئوخشاش ناچارلىقلارنى تەسۋىرلىشىنى توسۇشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟ قايسى سەنئەتكار بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزگە بويسۇنمايدىكەن، ئۇنىڭغا ئارىمىزدىن ئورۇن بەرمەسلىكىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن بىزنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىمىز رەزىل ئوبرازلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، «يامانغا يولۇقساڭ يالىسى، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقۇپتۇ» دېگەندەك ئىش بولىدۇ ـ دە، ئۇلار خاتا يولغا مېڭىپ كېتىدۇ. شۇڭا، گۈزەل ئەخلاقتا يول ئاچىدىغان بۈيۈك سەنئەتكارلار بولۇشى كېرەك، ياشلار بۇ يولدىن مېڭىپ، ساغلاملىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. بىز ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەسەرلىرىنى دائىم دېگۈدەك ياشلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنى باھار يامغۇرىدەك سىڭدۈرۈپ، بىلىندۈرمەي تەربىيەلەپ، كىچىكىدىن تارتىپلا گۈزەللىك ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بىرگەۋدە قىلىۋېتىشىمىز لازىم.

گىلاۋكون: ئۇلارغا نىسبەتەن مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئەڭ ياخشى تەربىيە.

سوقرات: سۆيۈملۈك گىلاۋكون، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بالىلىق
مەزگىلىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەربىيەسى ناھايىتى مۇھىم.
بىراۋ بالىلىق مەزگىلىدىن باشلاپلا ياخشى تەربىيەگە ئېرىشسە،
رىتىم ۋە گارمونىيە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە يىلتىز
تارتىدۇ ـ دە، ئۇ ئەدەپ ـ قائىدىلىك چوڭ بولىدۇ، ئەگەر ناچار
تەربىيەگە ئېرىشسە ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە مۇۋاپىق تەربىيە كۆرگەن بالا سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە تەبى-
ئىي نەرسىلەرنىڭ كەمتۈك تەرەپلىرىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقى-
يالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەزىللىككە ئۆچ بولۇپ، گۈزەللىكتىن
سۆيۈنىدۇ، ئىلھام ئالىدۇ، شۇنداقلا گۈزەللىكتىن روھىي ئوزۇق
ئېلىپ، روھىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ. ئۇ سەۋەبىلىك تۇپەيلى ئىشنىڭ
تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ كېتەلمىسىمۇ، رەزىل نەرسىلەرگە دۇچ
كەلگەندە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا سەسكىنىدۇ. ئۇ چوڭ بولۇپ،
ئەقىل تاپقاندىن كېيىنمۇ ياخشىلىقلارغا كونا دوستىغا ئىنتىل-
گەندەك ئىنتىلىدۇ، بۇ ھال ناھايىتى تەبىئىي بولىدۇ.

گىلاۋكون: مېنىڭچىمۇ، بۇ بالىلىقتىن تارتىپ مۇزىكا ۋە ئەدە-
بىيات ـ سەنئەت تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ سەۋەبى
بولالايدۇ.

سوقرات: بۇ خۇددى خەت تونۇشقا ئوخشايدۇ، بىز بارلىق ھەرپ-
لەرنى تونۇپ بولغاندىن كېيىن (ھەرپلەرنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز
بولىدۇ) خاتىرجەم ھالدا ئۆزىمىزنى ساۋاتلىق ھېسابلايمىز. بۇ خەت
چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، بىز ئۇلارنى تەشكىل قىلىدىغان ئا-
مىللارغا ھەرگىزمۇ سەل قارىيالمايمىز، بۇ خەتلەرنى قانداقلا يەردە
بولمىسۇن دەرھال تونۇيمىز. ئۇنداق بولمىسا، ساۋاتلىق بولغان
ھېسابلانمايمىز.

گىلاۋكون: توغرا ئېيتتىڭ.

سوقرات: ئوخشاشلا ئەگەر ھەرپلەرنىڭ كۆلەڭگىسى سۇغا ياكى
ئەينەككە چۈشكەن بولسۇن، خەت تونۇمايدىغان بىر كىشى بۇنى تو-

نۇيالمايدۇ. چۈنكى، يۇقىرىقى ئىككىسىنى تونۇش ئوخشاش ئىقتىدار، ئوخشاش ئۆگىنىشكە مەنسۇپ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئوخشاش قائىدە بويىچە، بىز ۋە بىز تەربىيەلىگەن قوغدىغۇچىلار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى، باتۇرلۇقنى، كەڭ قورساقلىقنى، ئالىيجانابلىق قاتارلىق بارلىق پەزىلەتلەرنى ۋە بۇلارنىڭ تەتۈرى بولغان رەزىللىكلەرنىڭ ماھىيەت – شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرەلىسە، شۇنداقلا ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق شەكىللەرنى بىلەلىسەك؛ مەيلى قەيەردە بولمىسۇن، بىز ئۇلارنىڭ ئەسلىي بىلەن ئەكسىنى پەرق ئېتەلىسەك، چوڭ – كىچىك شەيئىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ئۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمىسەك، ئەسلىنى تونۇش بىلەن ئەكسىنى تونۇشنى ئوخشاش ئىقتىدار ۋە ئوخشاش ئۆگىنىشكە مەنسۇپ دەپ ئىشىنەلىسەك بولاتتى. ئۇنداق قىلالمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىمىزنى ۋە قوغدىغۇچىلىرىمىزنى مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات – سەنئەت تەربىيەسىگە ئىگە بولغان ئادەم دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: شۇنداق بىر كىشى باركى، ئۇنىڭ روھىدا مەنىۋى گۈزەللىك بار، ئۇنىڭ قىياپىتىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا گۈزەل، بۇنداق گۈزەللىك ئىگىسى ئەستايىدىل بىر زوقمەنىنىڭ نەزىرىدە گۈزەل مەنزىرە بولالامدۇ – يوق؟

گىلاۋكون: بۇ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىدۇر.

سوقرات: ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەڭ گۈزەل نەرسە ئەڭ سۆيۈملۈك بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: مۇزىكا تەربىيەسىنى ھەقىقىي قوبۇل قىلغان ئادەم، ئۆزىگە ئوخشاش سۈپەتتىكى ئادەملەرنى كۆرسە شۇ ھامان چىقىشىپ كېتىدۇ. تېنى بىلەن دىلى ماس كەلمىگەن ئادەملەرنى كۆرسە

ئۆزىنى چەتكە تارتقۇسى كېلىدۇ.

گىلاۋكون: بۇ روھى كەمتۈك ئادەملەردىن بىزار بولىدۇ، ئەمما، ۋۇجۇدى كەمتۈك ئادەملەرنى ياخشى كۆرۈۋېرىدۇ.

سوقرات: گېپىڭنى ئاڭلاپ، سېنىڭ ئەنە شۇنداق ياخشى دوستۇڭنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلدىم، مەن مۇشۇنداق پەرق ئېتىشنى قۇۋۋەتلەيمەن. ماڭا ئېيتىپ بەرگىن، ئۆزىنى قويۇۋېتىش بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش تەڭ مەۋجۇت بولالامدۇ؟

گىلاۋكون: قانداقمۇ تەڭ مەۋجۇت بولالىسۇن؟ زىيادە خۇشاللىق بىلەن زىيادە ئازاب كىشىنى نورمال قېلىپتىن چىقىرىۋېتىدۇ.

سوقرات: ئۆزىنى قويۇۋېتىش باشقا پەزىلەتلەر بىلەن سىغىشالامدۇ؟

گىلاۋكون: ياق.

سوقرات: ئۆزىنى قويۇۋېتىش زوراۋانلىق ۋە بەتقىلىقلىق بىلەن سىغىشالامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، سىغىشالايدۇ.

سوقرات: شەھۋانىيلىقتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بارمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەسەبىي خۇشاللىق يوق.

سوقرات: توغرا مۇھەببەت بولسا گۈزەل، رەتلىك شەيئىلەرگە بولغان ئۆزىنى تۇتۇۋالغان گارمونىك مۇھەببەت ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: تامامەن قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، توغرا مۇھەببەت ئەسەبىي ۋە ئۆزىنى قويۇۋەتكەن ھەرقانداق نەرسىنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرامدۇ؟

گىلاۋكون: ياق.

سوقرات: ئۇنداقتا، توغرا مۇھەببەت بىلەن شاللاقلىق ئوتتۇرىسىدا چەك ـ چېگرا بار ئىكەندە. ھەقىقىي ئاشىق ۋە مەشۇق شاللاق كىشىلەرگە ھەرگىز يېقىن يولىمايدۇ.

گىلاۋكون: دۇرۇس، سوقرات، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چەك ـ چېگرا بار.

سوقرات: ناھايىتى ئوبدان، قۇرماقچى بولغان شەھەر دۆلىتىمىزدە مۇنداق بىر قانۇننى ئورنىتىشىمىز كېرەك: بىر ئاشىق ئۆزىنىڭ مەشۇقىغا يېقىنلاشسا بولىدۇ، ئۇنى سۆيسە، سىلىسا بولىدۇ، خۇددى دادىسى بالىسىغا شۇنداق قىلغاندەك. ئاشىق ئۆزىنىڭ مەشۇقىدىن توغرا نىيەتتە تەلەپ كۈتىدۇ. ئاشىق ئۆزىنىڭ مەشۇقى بىلەن بولغان ھەرقانداق شەكىلدىكى ئالاقىدە تاپتىن چىققان ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىقى كېرەك، بولمىسا ئۇنىڭ پەسكەش قىلىقى، مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەربىيەسىنى قوبۇل قىلماسلىقى ئەيىبلىنىشى لازىم.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئۇنداقتا، سەن مۇزىكا تەربىيەسى ھەققىدىكى مۇزاكىرە ئاياغلاشتى، دېسەم قوشۇلامسەن؟ مېنىڭچە، مۇشۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇش تازا مۇۋاپىق. مۇزىكا تەربىيەسىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى گۈزەللىككە بولغان مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

گىلاۋكون: قوشۇلىمەن.

سوقرات: مۇزىكا تەربىيەسىدىن كېيىن، ياشلار تەربىيە مەشقىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: تەنتەربىيە جەھەتتە، بىزنىڭ ياشلىرىمىز بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا قاتتىق چېنىقىپ، بۇنى ئۆمۈر بويى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. سەن قانداق قارايسەن؟ مېنىڭچە، ياخشى بەدەندە ياخشى روھ، ياخشى پەزىلەت بولۇشى ناتايىن. لېكىن، ياخشى روھ بىلەن ياخشى پەزىلەت تەڭرى بەرگەن ۋۇجۇدنى تېخىمۇ ياخشى قىلىدۇ، سېنىڭچە، بۇ توغرىمۇ؟

گىلاۋكون: ئويلىغانلىرىم سېنىڭكىگە ئوخشاش.

سوقرات: بىز روھنى تاۋلاپ، تەننى ئاسراش ئىشلىرىنى روھقا تاپشۇرساق، ئارتۇق ئىشنى قىلىپ يۈرمەي، روھنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىپ بەرسەك قانداق دەيسەن؟

گىلاۋكون: بولىدۇ.

سوقرات: بىز قوغدىغۇچىلار هاراق ـ شارابتىن نېرى تۇرۇش كېرەك دېگەن ئىدۇق. ئۇلار كەيپتىن يىراق تۇرمىسا بولمايدۇ، شارابخور ئادەمنىڭ كاللىسى مۇجمەل بولىدۇ.

گىلاۋكون: بىر قوغدىغۇچى يەنە بىر قوغدىغۇچىغا موهتاج بولسا بىمەنىلىك بولىدۇ.

سوقرات: ئەمدى يېمەكلىك مەسىلىسىگە كېلەيلى، بىزنىڭ قوغدىغۇچىلىرىمىز ئەڭ شىددەتلىك جەڭلەرگە كىرىشى مۇمكىن، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: قوغدىغۇچىلىرىمىزنىڭ هازىرقى ئەهۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆتۈنۈش ئادىتى بىز تاپشۇرىدىغان ۋەزىپىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟

گىلاۋكون: هەرهالدا يوقتىن ياخشى.

سوقرات: ئۇلارنىڭ ئۇيقۇغا ئامراق بولۇشى سالامەتلىككە زىيانلىق. سەن دىققەت قىلدىڭمىكىن، ئۇلار ئۇخلاپلا ئۆتىدۇ، ئوزۇقلىنىشتا بەلگىلىمىدىن چەتنەپ، كېسەل تېپىۋالىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق ئەهۋاللار بار.

سوقرات: دېمەك، ئۇرۇشقا بارىدىغان ئەسكەر ناهايىتى چېنىققان بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئاپشاركىلاردەك هەمىشە سەزگۈر يۇرۇشى كېرەك. ئۇلار ئۇرۇش مەزگىلىدە هەرقانداق نەرسىلەرنى يېيەلەيدىغان، هەرقانداق سۇلارنى ئىچەلەيدىغان بولۇشى، قىزىق ئاپتاپ ۋە قاتتىق بوران ـ چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلىشى كېرەك.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: شۇنداق ئىكەن، ئەڭ ياخشى تەنتەربىيە بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەربىيەسى بىلەن ناهايىتى يېقىن تۇرىدۇ، دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: نېمە دېمەكچىسەن؟

سوقرات: ئۇرۇش ئۇچۇن قىلىنغان مەشىق ئاددىي ھەم جانلىق تەنتەربىيەدۇر.

گىلاۋكون: ئۇ قانداق مەشىق؟

سوقرات: ئۇ خىل مەشىقنىڭ چارىلىرى ھومېر داستانلىرىدىن مەلۇم بولىدۇ. ھومېرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلار ئۇرۇش مەزگىلىدە زادىلا بېلىق گۆشى يېمەيدۇ. ئۇلار خېلىسپونتوس (Hellespontos) دېڭىز ساھىلىدا[1] تۇرغاندىمۇ شۇنداق، ئۇلار گۆشلەرنى سۇدا پىشۇرۇپ يېمەي، كاۋاپ قىلىپلا يەيدۇ، ئۇلارغا ئوت بولسىلا كۇپايە. قازان - قومۇچىلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئۇرۇش ۋاقتىدا ناھايىتى ئەپسىز.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ھومېر تاتلىق - تۈرۈملارنىمۇ تىلغا ئالمىغان. بۇ چېنىققان بىر جەڭچى چۈشىنەلەيدىغان بىر ئىش — بەدەننى تاۋلاش ئۈچۈن ئۇنداق نەرسىلەرنى يېمەسلىك كېرەك.

گىلاۋكون: ئۇلار بۇ زاكوننى چۈشىنىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن خالىي بولۇپ، توغرا قىلىشقان.

سوقرات: دوستۇم، سەن ئۇ پىكىرنى توغرا تاپقان ئىكەنسەن، سىراكۇسانىڭ زىياپەتلىرىنى ۋە سىتسىلىيەنىڭ قورۇملىرىنى ئەسكەرلىرىڭگە راۋا كۆرمەيسەن.

گىلاۋكون: راۋا كۆرمەيمەن.

سوقرات: ساقلىقىڭنى ئاسرىماقچى بولساڭ، بىر يىگىتنىڭ كورىنتس قىزىدىن ئەرمەك ئىزدىشىگىمۇ قوشۇلمايسەن.

گىلاۋكون: مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات: داڭلىق ئافېنا تاتلىق - تۈرۈملىرىنىمۇ راۋا كۆرمەيسەن.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بۇنداق ئارىلاش يېمەكلەر ھەرخىل ئاھاڭ ۋە مۇقامدىن

[1] قارا دېڭىزدىن ئوتتۇرا يەر (ئاق دېڭىز) دېڭىزىغا ئۆتىدىغان بوغاز بولۇپ، داردانىل بوغۇزى دەپ ئاتىلىدۇ.

تەركىب تاپقان داستانغا ئوخشايدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: مۇرەككەپ مۇزىكا باشباشتاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئارىلاش يېمەكلىك كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇزىكىدىكى ساددىلىق كىشىنىڭ ئىچىنى تۈزەيدۇ، ئاددىي تەنتەربىيە ئادەمنىڭ بەدىنىنى تۈزەيدۇ.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: روھىيەتتە باشباشتاقلىق، بەدەندە خەستىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەن يەرنى قازىخانا بىلەن دورىخانا قاپلاپ كېتىدۇ ــ دە، قازىلار ۋە تېۋىپلار كۆرەڭلەپ كېتىدۇ، ئەركىن ئادەملەر ئۇلارغا ئېگىلمىسە بولمايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ.

گىلاۋكون: راست شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: بۇ ئەتىۋار تېۋىپلار ۋە قازىلارغا ئادەتتىكى پۇقرالار ۋە ھۈنەرۋەنلەرلا موھتاج بولۇپ قالماي، ھۆرلۈك تەربىيەسى ئالغان كىشىلەرمۇ موھتاج بولىدۇ. بىر شەھەر دۆلىتىنىڭ مائارىپىنىڭ نەقەدەر ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بۇنىڭدىن ئارتۇق پاكىت بولامدۇ؟ ئۇ قازىلار ۋە تېۋىپلار ياقا يۇرتتىن كەلگەن (چۈنكى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بۇنداق ئىختىساس ئىگىلىرى كەم). سەن بۇنى مائارىپتىكى چىرىكلىكنىڭ چەكتىن ئاشقانلىقى دەپ قارىمامسەن؟

گىلاۋكون: ئۇنىڭدىن ئارتۇق ناچار مىسال بولماس.

سوقرات: يەنە بىر خىل ئەھۋال باركى، ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەردۇر: ئادەملەر ئۆمۈر بويى مەھكىمىلەردە دەۋاگەر ۋە ئەيىبلەنگۈچى ھالىتىگە مەھكۇم بولۇپ، تۇرمۇشىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە قۇۋلۇق قىلىشىپ، ھەق ــ ناھەقنى ئاستىن ــ ئۈستۈن قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇشىدۇ. ئۇلار ھەرخىل دەلىللەش، باھانە تېپىش، ھىيلە ئىزدەش، سۇيىقەست پىلانلاش، يولسىزلىقنى يوللۇقQA ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن چېپىپ يۇ-

روشىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى بىمەنە ماجىرالار ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇلار ھاياتىنى مۇشۇلاردىن خالىي ھالدا ئۆتكۈزۈشنىڭ نەقەدەر گۈزەل بولىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدۇ.

گىلاۋكون: دەرۋەقە، بۇ ھال ئاۋۋالقىدىن بەكىرەك چىركىن ئىكەن.

سوقرات: يارىلانغان ياكى پەسىل خاراكتېرلىك ئاغرىقلارغا گىرىپتار بولغاندىغۇ شۇنداق بولسۇن، ئەمما، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ تېۋىپلارنىڭ كەينىدىن يۈرۈش ئېغىر ئەمەسمۇ؟ لاغايلاپ يۈرۈپ، يەپ يېتىپ ياشاش ئۇلارنىڭ بەدىنىنى سازلىققا ئوخشاش نەم قىلىپ قويىدۇ، بۇ ھال ئاسكىلوپىيۇس (Asklopios)[①] نىڭ ئەۋلادلىرىنى ھەرخىل ئاتالغۇلارنى ياساشقا مەجبۇر قىلىدۇ، بۇ تېخىمۇ نومۇس ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: غەلىتە تېببىي ئاتالغۇلار ھەقىقەتەن كۆپ.

سوقرات: ئەسلىدە ئاسكىلوپىيۇسنىڭ دەۋرىدە ئۇنداق نەرسىلەر يوق ئىدى، مەن بۇنى تىرويا ھەققىدىكى ھېكايىگە ئاساسەن پەرەز قىلدىم. ئۇرىپيۇس (Eurypios) تىروويادا يارىلانغاندا، بىر ئايال ئۇنىڭغا ئارپا ئۇنى بىلەن ئېرىمچىك ئارىلاشتۇرۇلغان پىراموس شارابىنى ئىچكۈزگەن، بۇ بىر ئىسسىقلىق دورىسى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ھېچكىم ئۇنى خاتا ئىشلىتىلگەن دورا دېمىگەن ئىدى ھەم ھېچكىم كۈتكۈچى پاتروكلوس (Patroklos) نى ئەيىبلىمىگەنىدى.

گىلاۋكون: ئادەمگە ئۇنداق دورىنى بېرىش غەلىتىلىك.

سوقرات: ئەگەر بىز ئىشلىتىۋاتقان ھازىرقى دورىلارنى خىرودىكوس (Herodikos) تىن بۇرۇنقى تېۋىپلارنىڭ ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ھەيران قالمىغان بولاتتىڭ. خىرودىكوس بىر تىرېنېر بولۇپ، كېسەل بولۇپ قالغاندا، تەنتەربىيە بىلەن تېبابەتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۆزىنى داۋالىدى، نەتىجىدە، ئۇ ئۆزىنى قىيناپلا قال-

① ئاسكىلوپىيۇس — تىرويا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ھەربىي دوختۇر. ئاسكىلوپىيۇس ئەۋلادلىرى دېگەن سۆز تېۋىپلار دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

ماستىن، كېيىنكىلەرنىمۇ قىيىندى.

گىلاۋكون: قانداقسىگە ئۆزىنى قىيىندى؟

سوقرات: ئۇ داۋاسى يوق بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئۆزىنى ئىنچىكە پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈن مۇددەت ياشىيالىغان. ئۇ ئۆزىنى داۋالاشتىن باشقا ئىشنى قىلمىغان. ئەتىگەندىن كەچكىچە كۆتۈنۈش ئادىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ تاشلىماي، دەپ ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. ئۇ ئۆز ھۈنىرىگە تايىنىپ، ئازاب ئىچىدە تېپىرلاپ قېرىغىچە ياشاشنىڭ ئۆلگىسىنى ياراتتى.

گىلاۋكون: بۇ ئۇنىڭ تېبابىتىگە نىسبەتەن كاتتا مۇكاپات ئەمەسمۇ!

سوقرات: ئۇ شۇنداق ئۇتۇقۇقا لايىق، خېرودىكوس خەۋەرسىزكى، ئاسكىلوپىيۇسنىڭ بۇنداق تېبابەتنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرماسلىقى ئۇنىڭ بۇ رېتسېپلارنى بىلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى، ئۇ تەرتىپلىك بىر شەھەر دۆلىتىدە ھەر كىم ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىشى كېرەك، دەپ قارىغانلىقىدىن بولغان. ياخشى باشقۇرۇلغان ئەلدە ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىشى بولىدۇ، شۇنداق ئىكەن، ئادەملەرنىڭ ئۆمۈر بويى باقتۇرغۇدەك ۋاقتى يوق بولىدۇ. ئاسكىلوپىيۇس بۇنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. بىز ئىشچىلاردىن ئۆمۈر بويى داۋالىنىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلارنى كۆرمەيمىز، لېكىن، پۇلدار دۆلەتمەنلەرنىڭ شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئەجەبلەنمەيمىز.

گىلاۋكون: نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟

سوقرات: بىر ياغاچچى كېسەل بولسا، تېۋىپتىن ئۇ كېسەلنى دورا ئارقىلىق يوق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر تېۋىپ ئۇنى ئۆزۈن مۇددەت داۋالىنىشقا تەكلىپ قىلسا، ياغاچچى ئۇنداق ئۆزۈن داۋالانغۇدەك ۋاقتىم يوق، كەچكىچە ئاۋايلاپ ياشاشنىڭ نېمە مەزىسى بولسۇن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ ــ دە، تېۋىپ بىلەن خوشلىشىپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ. بەلكىم، ئۇ شىپا تېپىپ، ئۆز خىز-

مىتىنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن ياكى كېسەللىكى ئېغىرلاپ، ئۆمۈر-لۈك ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، بۇ ياغاچچى ئۈچۈن توغرىدۇر.

سوقرات: ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى بار بولۇپ، بۇ ئىشى-نى قىلمىسا ياشاش ئەھمىيەتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: لېكىن، بىز بىر پۇلدار ئادەمنىڭ بەلگىلەنگەن خىز-مىتى بار، ئۇنى قىلمىسا ياشىيالمايدۇ دەپ قارىمايمىز.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: سەن پوكىلىدىس (Phokylides) نىڭ «قورساق تويۇ-غاندىن كېيىن، ئەخلاقتىن گەپ ئاچقۇلۇق» دېگەن گېپىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

گىلاۋكون: مېنىڭچە، قورساق تويۇشتىنمۇ ئەخلاقلىق بولۇش مۇھىم.

سوقرات: خوپ، بىز ئۇ ھەقتە تالىشىپ ئولتۇرماي، مۇنۇ مە-سىلىنى ئايدىڭلاشتۇرايلى: پۇلدارلارغا ئەخلاق كېرەكمۇ - يوق؟ ئەخلاق بولمىغان يەردە ياشاشنىڭ مەنىسى بولامدۇ - يوق؟ ئەتىگەن-دىن كەچكىچە سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ يۈرۈش پوكىلىدېسنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سېلىشىغا كاشىلا قىلامدۇ - يوق؟ سالامەتلىكى-دىن ئەنسىرەپ يۈرۈش مۇقەررەر ھالدا بىر ياغاچچىغا نىسبەتەن كاشىلا بولىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق. بەدەن چېنىقتۇرۇشتىن باشقا يەنە سالامەتلىك غېمىگە چۈشۈپ قېلىش ئادەمنىڭ ئۆزىنى يۇك-سەلدۈرۈشىگە نىسبەتەن توسالغۇ بولىدۇ.

سوقرات: بۇ ھال ئائىلە ئىشلىرى، ھەربىي ئىشلار، ھۆكۈمەت خىزمىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن توسالغۇدۇر. ئەڭ يامىنى ئۇ ئۆگىنىش، ئويلاش ۋە تەپەككۇرنى مۈشكۈل ھالغا چۈ-

شۈرۈپ قويىدۇ. كەچكىچە بېشىم ئاغرىدى، كۆزۈم تورلاشتى، نېرۋام تالدى دەپ يۈرۈپ، مەسىلىنى پەلسەپە تەتقىقاتىدىن كۆرىدۇ. نەتىجىدە، ئاغرىقتىن خۇدۇكلىنىپ، ئازابلىنىپ ياشايدۇ. مانا بۇلار ئۆگىنىش، پىكىر قىلىش دېگەندەك ئەخلاقىي ئەمەلىيەتلەرگە ۋە چېنىقىشلارغا دەخلى قىلىدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز ئاسكىلوپىيۇسنى بۇ قائىدىنى ئاللىبۇرۇن چۈشىنىپ بولغان دېسەك بولامدۇ؟ ئۇ تەن ساپاسى ياخشى، تۇرمۇش ئادىتى ساغلام، ئەمما، قىسمەن يەرلىرى ئاغرىپ قالغان كىشىلەرگە داۋالىنىش يولىنى ئۆگەتتى، دورا ياكى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق داۋالىدى. ئاندىن نورمال تۇرمۇشقا قايتىپ، پۇقرالىق مەجبۇرىيەتنى ئۆتەشكە دالالەت قىلدى. ئۇ پۈتۈن جىسمى كېسەل بىلەن چىرمىلىپ كەتكەن ئادەملەرنى ئۇزۇقلۇق ۋە ئاستا خاراكتېرلىك داۋالاش بىلەن داۋالاپ يۈرمىدى، ئۇلارنىڭ ئازابلىق ھالدا ياشاپ، كېسەلچان ئەۋلادلارنى قالدۇرۇشىنى راۋا كۆرمىدى. تەن ساپاسى ئۆلچەمگە يەتمىگەن ئادەملەرنى داۋالاشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارىدى. چۈنكى، ئۇنداق ئادەملەر ئۆزىگە ھەم دۆلەتكە پايدىسىز ئىدى.

گىلاۋكون: سېنىڭ دېگەنلىرىڭ بويىچە بولغاندا، ئاسكىلوپىيۇس سىياسىي كاللىسى بار ئادەم ئىكەن.

سوقرات: ھەقىقەتەن شۇنداق. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ دادىسىدەك بولۇپ، تىرويا ئۇرۇشىدا ياخشى ئەمچى ۋە ياخشى جەڭچى بولغان، ئۇلار يارىدارلارنى يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللار بىلەن داۋالىغان. بەلكىم، بۇلار ئېسىڭدە باردۇ؟ مېنىلائۇس (Menelaos) پانداروس (Pandaros) نىڭ ئوقىدىن يارىلانغاندا، ئۇلار زەھەرلەنگەن قاننى چىقىرىۋېتىپ، دورىلاپ قويۇشىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئوزۇقلۇق بەلگىلەپ بەرمىدى. ئورسپىلوستەك تەن ساپاسى ياخشى، ئاددىي ـ ساددا ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ يارىسىغا دورا سۈرتۈپ قويۇپلا بولدى قىلغان،

گېزى كەلسە ئازراق شاراب ئىچكۈزۈپ قويغان. ئەمما، تۇغما زەئىپ ئادەملەرگە نىسبەتەن يەنى، بۇنداق مەنپەئەتسىز ئادەملەرگە نىسبەتەن داۋالىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى يوق، دەپ قارىغان. بۇنداق ئادەملەر مىداس (Midas)[①] تىنىمۇ باي بولۇپ كەتكەندىمۇ، داۋالىماي قويغان. بۇلار ئېسىڭىزدىمۇ؟

گىلاۋكون: گېپىڭىزدىن قارىغاندا، ئاسكىلوپىيۇسنىڭ ئوغۇللىرى ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن.

سوقرات: ھەقىقەتەن قالتىس. ئەمما، تىراگېدىيە شائىرلىرى ۋە شائىر پىنداروسنىڭ ئېيتقانلىرى بىزنىڭ پىرىنسىپىمىزغا زىت كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەسۋىرلىشىچە، ئاسكىلوپىيۇس ئاپوللونىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ پارە ئېلىپ سەكراتتىكى بىر باينى داۋالىغىلى ماڭغاندا، چاقماق سوقۇپ ئۆلگەن ئىكەن. باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكەن پىرىنسىپىمىزغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنمەيمىز. بىزنىڭچە، ئۇ ئىلاھنىڭ ئوغلى بولغان ئىكەن، ئاچ كۆز بولماسلىقى كېرەك؛ ئۇ ئاچ كۆز بولغان ئىكەن، ئىلاھنىڭ ئوغلى بولماسلىقى كېرەك.

گىلاۋكون: بۇ گەپلىرىڭىز خېلى توغرا بولۇۋاتىدۇ. بىراق، سوقرات، بىر سوئالىمغا جاۋاب بەرسەڭ قانداق؟ دۆلىتىمىزدە ياخشى تېۋىپ زۆرۈرمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ ئەڭ كۆپ كېسەلنى (تەبىئىي ساغلام ۋە ساغلام بولمىغان) داۋالىغان تېۋىپ ئەڭ ياخشى تېۋىپ دېسەك بولامدۇ؟ ھەرخىل ئادەملەرنىڭ دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلغان قازىنى ئەڭ ياخشى قازى دېسەك بولامدۇ؟

سوقرات: شەكسىزكى، بىزگە ياخشى تېۋىپ ۋە ياخشى قازىلار ئەلۋەتتە كېرەك. ئەمما، مېنىڭ «ياخشى» دېگىنىمنىڭ مەنىسى نېمە؟

گىلاۋكون: بىلمەيدىكەنمەن، قېنى، سەن دەپ باققىن.

---

① مىداس ـــ گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇ ئىلاھلاردىن نەرسىلەرنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش سېھرىنى ئاتا قىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

سوقرات: بولىدۇ، مەن تىرىشاي، مېنىڭچە، بىر ـ بىرىگە ئوخ ـ شىمايدىغان ئىككى نەرسىنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويدۇق.

گىلاۋكون: قانداق دەيسەن؟

سوقرات: ئەگەر تېۋىپ تېۋىپلىقنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆ ـ گەنسە، ھەرخىل بىمارلار بىلەن ئۇچراشقان بولسا، كېسەللىك ھەققىدە بىۋاسىتە كەچۈرمىشكە ئىگە بولغان بولسا (ئۇنىڭمۇ سالا ـ مەتلىكى ئانچە ياخشى بولمىغان بولسا) بۇنداق تېۋىپ ھەقىقەتەن ئىقتىدارلىق تېۋىپ بولىدۇ. چۈنكى، ياخشى تېۋىپ (ھېكىم) بەدەن ـ نى بەدەن ئارقىلىق داۋالىمايدۇ. ئۇنداق بولۇشى ئۇچۇن ئۇنىڭ كېسەللىك تارتمىغان ساغلام بەدىنى بولغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار بەدەننى روھ ئارقىلىق داۋالىماقچى بولىدىكەن، بۇزۇق روھ ئىگىسى سۈپىتىدە داۋالىيالىشى مۇمكىن ئەمەس.

گىلاۋكون: ئېيتقانلىرىڭ دۇرۇس.

سوقرات: قازىغا كەلسەك، ئۇ يۈرىكى ئارقىلىق يۈرەكنى داۋالى ـ غۇچىدۇر. قەلب ئەڭ باشتىلا يامان روھ بىلەن ئارىلىشىپ قالماس ـ لىقى كېرەك، ئۇ جىنايەت ۋە ئەسكىلىك ھەققىدە بىرىنچى قول تەجرىبىگە ئېرىشىش ئارقىلىق ھۆكۈم چىقارسا بولمايدۇ، بۇ خۇد ـ دى تېۋىپنىڭ ئۆزى كېسەل بولۇش ئارقىلىق كېسەل داۋالىمىغ ـ نىدەك بىر ئىش. قازىنىڭ قەلبى گۈزەل، ئادالەتلىك، تۈزۈك بو ـ لۇشى كېرەك، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ قەلبى كىچىكىدىن تارتىپ يا ـ مان ئىشلارغا يولۇقمىغان بولۇشى كېرەك. ئەمما، بۇنداق بولغاندا، ياخشى ئادەملەر ياشلىقىدا بىرقەدەر سەمىمىي بولغاچقا، ئاسان ئال ـ دىنىپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە يامان ئادەملەر ھەققىدىكى ئەندىزە يوق.

گىلاۋكون: راست، ياخشىلاردا شۇنداق كەچۈرمىش بولىدۇ.

سوقرات: شۇڭلاشقا، ياخشى قازى ياش ئەمەس، ياشانغان كىشى ـ دىن ئىبارەت بولىدۇ. ياشانغانلار ئۆگىنىپ، يېشىنىڭ ئۇلغىيىشى بىلەن ئادالەتسىزلىكنىڭ قانداقلىقىنى چۈشەنگەن كىشىلەردۇر.

ئۇلار ئادالەتسىزلىك (ئەگرىلىك) نى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى نەرسە سۈ- پىتىدە تونۇماستىن، بەلكى، باشقىلارنىڭ روھىدىكى نەرسە سۈپى- تىدە ئۇزاق كۆزىتىشلەر ئارقىلىق تونۇپ يەتكەن بولىدۇ. ئادالەت- سىزلىكنىڭ رەزىللىكى ئۆزىنىڭ خوسۇسىي كەچۈرمىشلىرى ئار- قىلىق ئەمەس، بەلكى، بىلىش يولى بىلەن بايقالغان بولىدۇ.

گىلاۋكون: بۇنداق قازى ئالىيجاناب قازى دەپ تونۇلىدۇ.

سوقرات: ئۇ ئېنىقلا ياخشى قازىدۇر. سەن سورىغان مەسىلىنىڭ ھالقىسى «ياخشى» — دېگەن مۇشۇ سۆزدە. چۈنكى ياخشى قەلب ئىگىلىرى «ياخشى» بولىدۇ. گۇمانخورلار ۋە مەككارلار، ناچار ئىشلارنى تولا قىلىپ كەتكەن ئادەملەر ۋە ئۆزىنى ئىش بىلىدۇ دەپ قارايدىغانلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش شۇ تىپتىكى ئادەملەر بىلەن رو- بىرو بولغاندا، ئۆزلىرىنىڭ قەلبىدىكى ئەندىزە بويىچە ئىشلاردا چېچەن بولۇپ چىقىدۇ. بىراق، ئۇلار ياخشى ئادەملەرگە ياكى تەج- رىبىلىك ئادەملەرگە يولۇققاندا، ئىشلاردا چولتا بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھاجەتسىز يوق يەرلەردە گۇمان قىلىدۇ. كۆڭلىدە ياخ- شىلىق ئەندىزىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ياخشىلارنى كۆرسە تونۇ- مايدۇ. ئۇلار يولۇقتۇرغان ئەسكى ئادەملەر ياخشى ئادەملەردىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، مەيلى ئۆزلىرى ياكى باشقىلار ئۇلارغا ھاماقەت ئەمەس، بەلكى زېرەكتەك ئويلايدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ياخشى، قابىل قازى ھەرگىزمۇ كېيىنكى تىپتىكى ئادەملەردىن بولماستىن، ئالدىنقى تىپتىكى ئادەملەردىن ئىبارەت بولىدۇ. رەزىللىك ھەرگىزمۇ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى پەرقلەن- دۈرمەيدۇ. تۇغما پەزىلەتمۇ ياخشى بىلەن يامانىنىڭ پەرقىنى تەلىم — تەربىيە ئارقىسىدا چۈشىنىدىغان بولىدۇ. شۇڭا، پەقەت ياخشى تە- بىئەتلىك ئادەملەرلا ياخشى قازى بولالايدۇ.

گىلاۋكون: قارىشىڭغا قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، شەھەر دۆلىتىمىزدە تېبابەت ۋە ئەدلىيە

ئىشلىرىغا دائىر قانۇنلارنى تۈزۈش كېرەك بولامدۇ؟ بۇ ئىككى قا-نۇن تەبىئىتى ساغلام يۇقىرالارنىڭ جىسمى ۋە روھىنى قوغدايدىغان پاسىبان بولۇشى كېرەك. تېنى ساغلام بولمىغان ئادەملەرنى شەھەر دۆلىتى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويۇشى كېرەك. قەلبى رەزىللىك بىلەن توشۇپ، قۇتقۇزغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئادەملەرنى شەھەر دۆلىتى-مىز ھالاكەتكە يوللىشى كېرەك.

گىلاۋكون: بۇنداق قىلىشنىڭ بىر تەرەپ قىلىنغۇچى ۋە دۆلەت ئۈچۈن ياخشى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

سوقرات: ياشلار بىز ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئاددىي ـ ساددا مۇزىكا ئارقىلىق تەربىيەلىنىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئادىتىنى يېتىلدۇ-رۇشكەندىن كېيىن، ئۆزىنى ـ ئۆزى تەپتىش قىلالايدىغان بولىدۇ، ئەرزىيەتكە ئورۇن قالمايدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ياشلار جاپالىق چېنىقىش جەريانىنى باشتىن كەچۈر-سە، ئىمكانقەدەر داۋالىنىشقا ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولىدۇ.

گىلاۋكون: مەنمۇ شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: جاپالىق چېنىقىشنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى بەدەننى تاۋلاش بولماستىن، بەلكى، روھنىڭ ھېسسىيات بۆلىكىنى تاۋلاش-تۇر. بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئادىتىگە ئوخ-شىمايدۇ. ئادەتتىكى تەنھەرىكەتچىلەر بەلگىلەنگەن يېمەكلەرنى يەپ، مۇسكۇللىرىنى كۈچەيتىشنىڭ كويىدىلا يۈرىدۇ.

گىلاۋكون: توغرا ئېيتتىڭ.

سوقرات: مائارىپنى مۇزىكا ۋە تەنتەربىيە ئاساسىغا قۇرۇش كېرەك دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغان قانۇنچىلارنىڭ مەقسىتى مۇزىكا ئارقىلىق قەلبنى، تەنتەربىيە ئارقىلىق بەدەننى تەربىيە-لەشتىن ئىبارەت. گىلاۋكون، شۇنداق دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: تامامەن بولىدۇ.

سوقرات: ئۇلار مۇزىكا ۋە تەنتەربىيەنى ئۆگىنىشتىكى ئاساسلىق مەقسەت روھنى تەربىيەلەش دەپ بەلگىلىدى.

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟

سوقرات: بىر ئۆمۈر تەنتەربىيەگە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇزىكا تەربىيەسىگە سەل قاراشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ئەكسىچە، مۇزىكا تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، تەنتەربىيەگە سەل قاراشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ سەن بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ باقتىڭمۇ؟

گىلاۋكون: دېمەكچى بولغىنىڭ نېمىكىن؟

سوقرات: ئاۋۋالقىسى ياۋايىلىق ۋە ياۋۇزلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كېيىنكىسى ئاجىزلىق ۋە مۇلايىملىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا گەپ بولدى. دىققەت قىلسام نوقۇل تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللانغانلار قوپاللىشىپ كېتىدىكەن. نوقۇل مۇزىكا بىلەن شۇغۇللانغانلار يۇمشاقلىشىپ كېتىدىكەن.

سوقرات: ئىنسان تەبىئىتىدىكى ھېسسىياتتىن ياۋايىلىق كېلىپ چىقىدۇ، ئەگەر ئۇ تەربىيەلەنسە باتۇرلۇق كېلىپ چىقىدۇ. چەكتىن ئاشقان نوقۇل چېنىقىشتىن رەھىمسىزلىك ۋە قوپاللىق كېلىپ چىقىدۇ.

گىلاۋكون: مەنمۇ شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: مۇلايىملىق ئىنسان خاراكتېرىدىكى ئەقىلسۆيەرلىكنىڭ ئىپادىسىمۇ قانداق؟ مۇلايىملىق زىيادە بولۇپ كەتسە، ئاجىزلىققا ئايلىنىپ كېتەمدۇ ـ يوق؟ ئەگەر مۇلايىملىق مۇۋاپىق تەربىيە بىلەن بىرلەشسە، تەرتىپ ۋە گۈزەللىككە ئايلىنامدۇ ـ يوق؟

گىلاۋكون: بۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: بىزنىڭ قوغدىغۇچىلىرىمىز ھەر ئىككى پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بۇ ئىككى پەزىلەت بىر ـ بىرىگە ماس كېلىشى كېرەكمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇشى كېرەك.

سوقرات: ئۇ ئىككى پەزىلەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلالىغان ئادەم مۇلايىم ھەم قەيسەر بولالايدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: قورقۇنچاقلىق بىلەن قوپاللىقنى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا بىرلەشتۈرگەن ئادەممۇ بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بارلىقى ئېنىق.

سوقرات: ياخشى. ئەتراپىمىزدىن ھەرخىل سادالار كېلىپ تۇرسا، تاتلىق، يۇمشاق، قايغۇلۇق ئاۋازلار قۇلىقىمىزدىن كىرىپ، تۆمۈردەك قاتتىق بولۇپ كەتكەن يۈرىكىمىزگە قۇيۇلۇپ تۇرسا، باغرىمىز ئاستا ـ ئاستا ئېرىغدىلىپ، ئىشلەتكىلى بولىدىغان بىر ئەسۋابقا ئايلىنىش مۇمكىن. بۇ ھال داۋاملىشىۋېرىپ، چەك قويۇلماي، يۈرەك قاچىمىز ئېرىپ، يىمىرىلىپ كېتىشى مۇمكىن. نەتىجىدە، قەيسەرلىكىمىز غايىب بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ـ دە، زەئىپانە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىشىمىز مۇمكىن.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: نۇقۇل مۇزىكا تەربىيەسى بىلەن چەكلەنگەن ئادەم تەبىئىتىدىن جەسۇر بولمىسا، چۈشكۈنلىشىلىپ كېتىش ئاقىۋىتى تېزلا يۈز بېرىدۇ. تەبىئىتى جەسۇر ئادەم مۇزىكىنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى غىدىقلىشىغا ئۇچرىسا كەيپىياتى مۇقىم بولماي، ئاسان ئاچچىقلاپ، ئاسان تېچلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئادەم ئۇرۇشقاق، غەزەپناك، ئاسان خۇش بولۇپ، ئاسان خاپا بولىدىغان تۇراقسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئەگەر بىر ئادەم بارلىق زېھنى بىلەن بەدىنىنى چېنىقتۇرسا، ئىشتىھالىرى ئېچىلىپ، يېگەنلىرى سىڭىپ تۇرسا،

ئەمما، ئۇ پەلسەپە، سەنئەت دېگەنلەردىن بەھرىمەن بولمىسا، دەسلەپتە ئۇ قاۋۇللىشىپ، ئىشەنچى ئېشىپ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا قەيسەرلىشىپ كېتىدۇ، سېنىڭچە شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئەگەر ئۇ جىسمانىي چېنىقىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا، باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمىسە، سەنئەت ئىلاھى بىلەن ئۇچراشمىسا، ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ تەتقىقاتنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقمىغان، دىيالېكتىكىدىن خەۋىرى يوق ئادەملەرنىڭ قەلب چوڭقۇرلىقىدىكى پاراسەت نۇرى غۇۋالىشىپ كېتەمدۇ ـ يوق؟ قەلبى ئىلھام ياكى پەرۋىشكە ئېرىشەلمىگەن، تۇيغۇ ئىقتىدارى تاۋلانمىغان ئادەملەر دىتى يوق ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: نەتىجىدە، ئۇنداق ئادەم نەزەرىيەگە قىزىقمايدىغان، سەنئەت دىتى يوق ئاملەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، باشقىلارنى قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلماي، زورلۇق ۋە قوپاللىق قىلىدۇ. ئۇلار قوپاللىق ۋە نادانلىق ئىچىدە تەرتىپسىز، ئەدەپسىز تۇرمۇشنى ياشايدۇ.

گىلاۋكون: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: يۇقىرىقى ئىككى خىل ئادەملەرگە نىسبەتەن مۇزىكا ۋە تەنتەربىيەدىن ئىبارەت ئىككى خىل ھۈنەر ـ سەنئەت بار بولۇپ، ئۇلار ئادەمنىڭ ئەقىل ۋە ھېسسىياتتىن ئىبارەت ئىككى بۆلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئىككىسى نۇقۇل ۋە روھ بىلەن تەننى تاۋلاپلا قالماي، مۇھىمى پەيلاسوپلۇق (ئەقىلسۆيەرلىك) ۋە تۇيغۇدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى كېڭەيتىپ، ئۇلارنى گارمونىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق بولسا كېرەك.

سوقرات: مۇزىكا بىلەن تەنتەربىيەنى ئۆزىنىڭ روھىدا ئەڭ ماس

هالەتتە ئۇچراشتۇرالىغان ئادەمنى بىز تاكامۇللۇققا يەتكەن مۇزىكانت سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلساق بولىدۇ. بۇ مۇزىكا ئورۇنلاشنىلا بىلىدىغان ئادەملەرنى مۇزىكانت دېگەندىن كۆپ ئەۋزەل.

گىلاۋكون: دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق، سوقرات.

سوقرات: ئەمىسە، گىلاۋكون، مۇشۇنداق بىر ئادەمنى شەھەر دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىنى نازارەت قىلىدىغان ئادەم قىلىپ بېكىتسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، بولىدۇ.

سوقرات: يۇقىرىلارنى تەربىيەلەش ۋە يېتىلدۈرۈشنىڭ نىزاملىرى ئەنە شۇ. ئۇسسۇل، ئوۋ، مۇسابىقىلەر ۋە بەيگىلەرنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. تەپسىلاتلار نىزامغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. نىزام بېكىتىلگەن ئىكەن، تەپسىلاتلار ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئۇ قىيىن ئەمەس.

سوقرات: ئەمدى بىز نېمىلەرنى بېكىتىشىمىز كېرەك؟ يۇقىرىلاردىن كىملەر ھۆكۈمران بولۇشقا، كىملەر بويسۇنغۇچى بولۇشقا لايىق دېگەن مەسىلىلەرنىغۇ دەيمەن؟

گىلاۋكون: دەرۋەقە شۇنداق.

سوقرات: ھۆكۈمران بولغۇچىنىڭ يېشى چوڭراق بولۇشى، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ يېشى كىچىكرەك بولۇشى كېرەك، دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە بولىدۇ.

سوقرات: ھۆكۈمران يۇقىرىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئادەملەردىن بولۇشى كېرەك. بۇمۇ ئېنىققۇ دەيمەن؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئەڭ ياخشى دېھقان يەر تېرىشقا ماھىر بولۇش كېرەك، شۇنداققۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئادەم ھەمىشە ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

گىلاۋكون: بۇنىسى مۇقەررەر.

سوقرات: ئادەم ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىردەك بولغان، ئۆزىنىڭ بەخت ـ ئىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: بىز ئۆزىمىزنىڭ كۆزىتىشى ئارقىلىق قوغدىغۇچىلارنىڭ ئىچىدىن دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاداققىچە خىزمەت قىلىشنى خالايدىغان، دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن زىيانلىق ھەرقانداق ئىشنى قىلمايدىغان ئادەملەرنى تاللاپ چىقىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: بۇنداق ئادەم بىزنىڭ تاللىشىمىزغا ئەڭ مۇۋاپىق.

سوقرات: ئۇلار دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداش ئەقىدىسىنى ئىزچىل ساقلىيالامدۇ ـ يوق، ئۇلارنى بۇ ئەقىدىسىدىن ياندۇرىدىغان سېھىر ياكى زورلۇق كۈچى بارمۇ ـ يوق، دېگەنلەرنى ھەمىشە كۆزىتىپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

گىلاۋكون: بۇ يەردىكى «يېنىش» دېگىنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

سوقرات: ساڭا دېسەم، بىرەر ئەقىدىنىڭ روھىيەتتىن چەتنىشى ئۆزى خالاپ ياكى خالىماي بولىدۇ. ياخشى ئىنساننىڭ ئەقىدىسىدە بىرەر سەۋەنلىكنىڭ كۆرۈلۈشى ئىستەر ـ ئىستىمەسلىك ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ توغرا ئەقىدىدىن ۋاز كېچىشى مەجبۇرىي بولىدۇ.

گىلاۋكون: خالاپ بولۇنغان تەرەپنىغۇ چۈشەندىم، بىراق، خالىماي يۈز بەرگەن ئىشنى چۈشىنەلمەي قالدىم.

سوقرات: بولىدۇ، ئىنسانلار ياخشى نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايدۇ، ئەمما، يامان نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشنى خالايدۇ، سەن بۇ قارىشىمغا قوشۇلامسەن؟ ھەقىقەت بايىدىكى ئالدىنىش

يامان ئىش، ھەقىقەتنىڭ ئۆزىگە ئېرىشىش ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولسا ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پىكىرگە ئېرىشىشنىڭ ئۆزى ھەقىقەتكە ئېرىشىش ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: دېگەنلىرىڭىز ناھايىتى توغرا. مەنمۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ توغرا پىكىرلىرىنىڭ تارتىۋېلىنىشىنى خالىمايدۇ دەپ قارايمەن.

سوقرات: خالىماي تۇرۇپ ۋاز كېچىش كىشىلەر تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان، يەنى ئالدانغان ياكى مەجبۇرلانغان ئەھۋالدىلا يۈز بېرىدۇ.

گىلاۋكون: تەھلىلىڭىزگە ئۇچرىغان ئۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرالمىدىم.

سوقرات: مەن خۇددى تىراگېدىيە قەھرىمانلىرىدەك ئېنىق سۆزلىمىگەن بولسام كېرەك. مەن بۇ يەردە دەۋاتقان ئالدىنىش كىشىلەرنىڭ مۇنازىرىدە قايىل بولۇپ ياكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا پىكىرلىرىدىن ۋاز كېچىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟

گىلاۋكون: چۈشەندىم.

سوقرات: مەجبۇرلىنىش دېگىنىم كىشىلەرنىڭ ئازاب ۋە كۈلپەتلەر تۈپەيلى ئەسلىدىكى پىكىرلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

گىلاۋكون: بۇنىمۇ چۈشەندىم، ئېيتقانلىرىڭىز توغرا ئىكەن.

سوقرات: بەلكىم، سەن ئالدانغان ئادەملەر ھەققىدىكى قارىشىمغىمۇ قوشۇلىسەن. ئۇلار دەل ئەيش ـ ئىشرەتنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ياكى قورقۇنچاقلىقتا ئەل بولۇش ئارقىسىدا پىكرىنى ئۆزگەرتكەن ئادەملەردۇر.

گىلاۋكون: ئالداش خاراكتېرىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئېزىتقۇلۇق تۈسى بولىدۇ.

سوقرات: گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز

ئۆزىنىڭ پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز نەزىرىدىكى دۆلەت مەنپە-
ئەتى ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي خىزمەت قىلىدىغان قوغدىغۇچىلار-
دۇر. بىز ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ كۆزىتىشىمىز، ئۇلارغا خىز-
مەت بېرىپ، ئۇلارنى خىزمەت ئىچىدە كۆزىتىشىمىز كېرەك.
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ پىرىنسىپىنى ئۇنتۇپ ئالدىنىپ
كېتىشى مۇمكىن. بىز ئۆزىنىڭ پىرىنسىپىنى ئۇنتۇپ كەتمىگەن،
ئاسانلىقچە ئالدىنىپ كەتمىگەن قوغدىغۇچىلارنى تاللاپ، قالغانلى-
رىنى شاللىشىمىز لازىم. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: پىكرىڭگە قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئاندىن ئۇلارنىڭ جاپاغا، ئازابقا بەرداشلىق بېرىش
روھىنى ۋە ياخشىلارغا ئىنتىلىش روھىنى سىنىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: بىز يەنە ئۇلارنىڭ ئالداشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان
ياكى بېرەلمەيدىغانلىقىنى كۆزىتىشىمىز كېرەك. كىشىلەرنى
تايلارنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ جايلارغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭ ئۈركۈيدىغان يا-
كى ئۈركۈمەيدىغانلىقىنى سىنايدۇ. شۇنىڭدەك بىزمۇ ياشلارنى
راھەت ـ پاراغەتكە ۋە جاپا ـ مۇشەققەتكە قويۇپ، زەرگەرنىڭ ئال-
تۇننى سىنىغىنىدەك سىنىشىمىز كېرەك. شۇنىڭدەك ئۇلار سىرت-
قى ئامىلنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىماي ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى قەت-
ئىي قوغدىيالامدۇ ـ يوق، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى قوغداپ،
ياخشى قوغدىغۇچى بولالامدۇ ـ يوق، ئۆزىدىكى گارمونىيەنى ساقلاپ
قالالامدۇ ـ يوق دېگەنلەرگە قارىشىمىز كېرەك (بۇنداق ئادەملەر
ئۆزى ھەم دۆلەتكە ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم). ئادەملەر بالىلىق،
ياشلىق ۋە قىرانلىق مەزگىللىرىدە سىناقلاردىن ئۆتۈپ، ھېچقانداق
مەسىلە سادىر قىلمىغاندىلا، ئۇلارنى ھۆكۈمرانلىققا ۋە قوغدىغۇ-
چىلىققا تاللىشىمىز كېرەك. ھاياتىدا ئۇلارغا شان ـ شەرەپ بېرد-
شىمىز، ئۆلگەندە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، خاتىرىلەش پائالى-
يىتى ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى لاياقەتسىزلەرنى

چەتكە قېقىشىمىز كېرەك. گىلاۋكون، مانا بۇ ھۆكۈمران ھەم قوغدىغۇچىلارنى تاللاپ، بېكىتىشىمىزنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇلىدۇر. ئەلۋەتتە، بۇ بىر مىزاندۇركى، تەپسىلات ئەمەس.

گىلاۋكون: قوشۇلىمەن. ئىشلار ئومۇمەن شۇنداق بولۇشى كېرەك.

سوقرات: بىز بۇنداق ئادەملەرنى ئەڭ مۇكەممەل مەنىدىكى قوغدىغۇچىلار دېسەك بولىدۇ. ئۇلار سىرتقى جەھەتتە، دۈشمەنلەردىن ئاگاھ بولىدۇ، ئىچكى جەھەتتە، دوستلىرىغا دىققەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دوستلار دۆلەتكە زىيان سېلىشنى خالىمايدۇ، دۈشمەنلەر جۈرئەت قىلالمايدۇ. بىز بايا قوغدىغۇچى دەپ ئاتىغانلارنىڭ ئىچىدىكى ياشلارنى ياردەمچىلەر دېسەك بولىدۇ، ئۇلار ھۆكۈمراننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: مېنىڭچە، شۇنداق.

سوقرات: ئىلگىرى بىز تاسادىپىي يالغانچىلىق ھەققىدە توختالغان ئىدۇق، ئەمدى بىز قانداقتۇر بىر ئۇسۇل بىلەن ئالىيجاناب يالغانچىلىقتىن بىرنى قىلىپ، ھۆكۈمراننى مۇمكىنقەدەر ئۇنىڭغا ئىشەندۇرەيلى، ھۆكۈمران ئىشەنمىگەن تەقدىردە ئاۋامنى ئىشەندۇرەيلى.

گىلاۋكون: قانداق يالغانچىلىق ئۇ؟

سوقرات: ئۇنىڭ ھېچبىر يېڭى تەرىپى يوق. ئۇ فىنىكلارنىڭ بۇرۇندىنلا تارقىلىپ يۈرگەن بىر رىۋايىتىدۇر. ئۇنى شائىرلار ئېيتقان، بىز ئىشەنگەن. ئەمدى بىز ئۇنداق ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالمايمىز ھەم ئۇمۇ باشقىلارنى ئىشەندۇرەلمەيدۇ.

گىلاۋكون: ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەيدىغانلىقىڭىزدىن قارىغاندا، سۆزلىگىنە؟

سوقرات: نېمە ئۈچۈن بىۋاستە سۆزلەشنى خالىمىغانلىقىمنى سۆزلىگەندىن كېيىن چۈشىنىسەن.

گىلاۋكون: ئەنسىرىمەي سۆزلەۋەرگىن.

سوقرات: ئەمىسە، مەن سۆزلەي، بىراق، ئۇنى قانداق بايان قىلىپ ھۆكۈمران ۋە ھەربىيلەرنى، ئاندىن شەھەر دۆلىتىدىكى باشقىلارنى قانداق ئىشەندۇرۇشكە ئىشەنچىم يوق. بىز ئۇلارنى تەربىيەلەيمىز ۋە يېتىشتۈرىمىز، ئۇلار چۈش كۆرگەندەك بولۇشىدۇ. ئۇلار زېمىننىڭ چوڭقۇر يېرىدە پەيدا بولۇپ، قويۇلۇپ چىققان، ئۇلارنىڭ قورال ۋە ئەسلىھەلىرىمۇ ئەنە شۇ يەردە ياسالغان. زېمىن ئۇلارنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئۇلارغا باققان، ئۇلارنى دۇنياغا كەلتۈرگەن. ئۇلار ئۆزلىرى تۇغۇلغان بۇ زېمىننى ئانا سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئۇنى قوغداشنى ھەر زامان ئېسىدىن چىقارماي، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆم ـ ئىناق بولۇشى لازىم.

گىلاۋكون: بۇ بىمەنە ھېكايىنى ئېيتىشتا، نېمىشقا ئارىسالدى بولغىنىڭنى ئەمدى چۈشەندىم.

سوقرات: ئۇنىڭ سەۋەبى ئۆزۈمگە ئايان، مەن سۆزلەۋېرەي، سەن ئاڭلىغىن. بىز ھېكايە ئارقىلىق شۇنى دېمەكچىمىزكى، گەرچە قوغدىغۇچىلار بىر تۇپراقتىن يارالغان قېرىنداشلاردىن بولسىمۇ، ئىلاھ بەزىلەرنى ياراتقاندا، ۋۇجۇدىغا ئالتۇن ئارىلاشتۇرغان بولغاچقا، ئۇلار ئەتىۋار ھۆكۈمرانلاردىن بولغان. ياردەمچىلەر (ھەربىيلەر) نىڭ تېنىگە بولسا كۈمۈش قوشۇلغان. دېھقان ۋە باشقا كاسىپلارنىڭ بەدىنىگە بولسا تۆمۈر بىلەن مىس قوشۇلغان. گەرچە ئۇلار ئوخشاش تۇركۇم بولغان بولسىمۇ، ئۇدۇمدا ئالتۇن دادىدىن كۈمۈش بالا، كۈمۈش دادىدىن ئالتۇن بالا ئاپىرىدە بولۇشتەك مۇرەككەپ ئەھۋاللار بولۇپ تۇرغان، بۇلارنى سۆزلەشكە تىل قىسلىق قىلىدۇ. شۇڭا، تەڭرى ئەمر قىلىدۇكى، قوغدىغۇچىلار كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ پەرۋىشكارى بولۇشى كېرەك ھەمدە ئەۋلادلارنىڭ روھىغا قوشۇلغان مېتاللارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە ئەستايىدىل دىققەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ روھىدىكىسى داتلاشقان

تۆمۈر ـ تەرسەكتىن ئىبارەت بولۇپ قالسا، ئۇلار رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ كەتمەي، بالىلىرىنى ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا قويۇپ، دېھقان، ئىشچى قىلىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئىشچى، دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ روھىدىن ئالتۇن، كۈمۈش بايقالسا، ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى ياردەمچىلەر ۋە قوغدىغۇچىلارنىڭ ئورنىغا قويۇش لازىم. ئىلاھىي ۋەھىيلەردە «تۆمۈر ـ تەرسەكلەر تۆرگە چىقىۋالسا، دۆلەت خاراب بولىدۇ» دېيىلگەن. سەندە ئۇلارنى بۇ بىمەنە رىۋايەتكە ئىشەندۈرگۈدەك ئامال بارمۇ؟

گىلاۋكون: ياق، ئۇلار بۇنداق رىۋايەتكە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ نەۋرىلىرى، ئەۋرىلىرى ۋە چەۋرىلىرى ھامان ئىشىنىشى مۇمكىن.

سوقرات: دېمەكچى بولغانلىرىڭنى چۈشەندىم. بۇنداق گەپلەردىمىز ئاستا ـ ئاستا تەسىر قىلىپ، ئۇلار دۆلىتىنى ۋە بىر ـ بىردىنى قىزغىن سۆيىدىغان بولىدۇ. بۇ گەپلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئەنە شۇنداق تارقىلىپ تۇرسۇن.

ئەمدى بۇ زېمىنىنىڭ بۇ پەرزەنتلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى ھۆكۈمرانلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئالغا باستۇرايلى. ئۇلارغا گازارما قىلسا بولىدىغان جايلارنى كۆرسىتەيلى، ئۇلار ئەنە شۇ يەردە تۇرۇپ، ئىچكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلارغا زەربە بەرسۇن، سىرتنىڭ چىلبۆرىلىرىگە تاقابىل تۇرسۇن. ئۇلار چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكىپ، ئىلاھلارغا ئاتاپ، نەزىر قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇسىنى سېلىشى كېرەك. قوشۇلامسەن؟

گىلاۋكون: قوشۇلىمەن.

سوقرات: بۇ تۇرالغۇ قىشتا ئىسسىق، يازدا ئازادە بولۇش كېرەك.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە شۇنداق. سەن ئۇلارنىڭ ئۆي ـ ماكانىنى دەۋاتىسەنغۇ دەيمەن.

سوقرات: شۇنداق، مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم ئەسكەرلەرنىڭ

تۇرالغۇسى، ھەرگىزمۇ سودىگەرلەرنىڭ قەسرى ئەمەس.

گىلاۋكون: بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى نەدە؟

سوقرات: مەن ساڭا دەپ بېرەي، چوپانلار ئۇچۇن ئەڭ نومۇس ئىش ئۇلارنىڭ پادىچى ئىتىنىڭ ئاچلىق ياكى بەڭباشلىق سەۋەبى بىلەن مىجەزى ناچارلىشىپ، ئۆزى قوغداشلىق قويلار توپىغا قارىتا ياۋۇز چىلبۆرىگە ئايلىنىپ كېتىشىدۇر.

گىلاۋكون: بۇ ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق.

سوقرات: بىز بارلىق ئاماللار بىلەن قوغدىغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ خەلقىگە ئاشۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك، قوغدىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈكلىكى تۈپەيلى مۇلايىم دوستتىن ۋەھشىي غوجايىنغا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.

سوقرات: بۇنىڭ كاپالىتى ئۇلارنى ياخشى تەربىيەگە ئېرىشتۈرۈشمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇلار ياخشى تەربىيەگە ئېرىشكەن ئىدىغۇ؟

سوقرات: تېخى ئۇنداق دېگىلى بولماس، قەدىرلىك گىلاۋكون، بىز ئۇلارغا شۇنداق تەربىيەنى سىڭدۈرۈشىمىز كېرەككى، قوغدىغۇچىلار بىر - بىرىگە ئىللىق بولۇپلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى پۇقرالارغىمۇ مۇلايىم بولۇشى لازىم.

گىلاۋكون: دۇرۇس.

سوقرات: ئىش بىلىدىغانلار ئېيتىمدۇكى، ئۇلارغا ياخشى تەربىيە بەرگەندىن سىرت، ئۇلارغا يېتەرلىك تۇرمۇش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر قوغدىغۇچىلاردىن بولۇشىغا زېمىن ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك، ئۇلار يېتىشمەسلىكلەر تۈپەيلى پۇقرالار ئارىسىدا ناچار ئىشلارنى سادىر قىلىپ تاشلىماسلىقى كېرەك.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

گىلاۋكون: قېنى، بىز ئويلاپ باقايلى، ئۇلار مۇنەۋۋەر قوغدى-
غۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇلاردا مۇنداق تۇرمۇش شارائىتى
بولسا بولامدۇ؟ بىرىنچى، ئۇلاردا زۆرۈر مۈلۈكتىن باشقا خۇسۇسىي
نەرسىلەر بولماسلىقى كېرەك. ئىككىنچى، ھېچكىمدە خۇسۇسىي
قەسىر ياكى ئىسكىلات بولماسلىقى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئاشلىقىنى
خەلق تەمىنلەپ، ئۇنى ئەلنى باتۇرلۇق بىلەن قوغدىشىنىڭ ھەققى
قىلىشى كېرەك. ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئۇلارغا ئارتۇقمۇ ئەمەس،
كەممۇ ئەمەس نورمىلار بېكىتىلىشى كېرەك. خۇددى جەڭ مەيدانى-
دىكىدەك ئورتاق يېتىپ قوپۇپ، ئورتاق يەپ ئىچىدۇ. ئالتۇن -
كۈمۈشنىڭ گېپىگە كەلسەك، ئۇلارغا سىلەر ئاللىبۇرۇن ئىلاھ تە-
رىپىدىن ئالتۇن - كۈمۈشكە ئېرىشتۇرۇلگەن. ئۇ ئالتۇن - كۈ-
مۈشلەر سىلەرنىڭ روھىڭلاردا، سىلەر كىشىلىك دۇنياسىدىكى
ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە موھتاج ئەمەس، دەپ ئېيتىشىمىز لازىم.
ئۇلار قەلبىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى دۇنيانىڭ ئالتۇن - كۈ-
مۈشلىرى بىلەن بۇلغىماسلىقى كېرەك. بۇ دۇنيانىڭ ئالتۇن -
كۈمۈشلىرى گۇناھنىڭ مەنبەسى، روھتىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەر
بولسا بىغۇبار بايلىق. قوغدىغۇچىلار ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن
ھەپىلەشسە بولمايدۇ، ئۇلار زىبۇ - زىننەت تاقىماسلىقى، ئالتۇن -
كۈمۈشلەردىن ياسالغان جاملاردا شاراب ئىچمەسلىكى كېرەك. ئۇلار
شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى قۇتقۇزۇ-
شى كېرەك. ئەگەر ئۇلار زېمىن، ئۆي - مۆلۈك، پۇل - پۇچەكلەر-
گە ئېرىشىۋالغان بولسا، دېھقانچىلىق ياكى تىجارەت بىلەن شۇ-
غۇللانغان بولسا، ئۇلارنىڭ سىياسىي بىلەن ياكى قوغدىغۇچىلىق
بىلەن مەشغۇل بولۇشىغا يول قويماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئۇلار
خەلقنىڭ دوستى بولۇشتىن خەلقنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ كې-
تىشى مۇمكىن. ئۇلار خەلقنى ئۆچ كۆرىدۇ. خەلق ئۇلارنى ئاغدۇر-
ماقچى بولىدۇ. ئۇلار ھەمىشە ۋەھىمە ئىچىدە تۇرىدۇ، ئۇلار سىرتقى

دۈشمەنلەرگە قارىغاندا، خەلقتىن بەكرەك قورقىدۇ. نەتىجە شۇكى، ئۇلار دۆلەت بىلەن بىرگە ھالاك بولىدۇ.

دېمەك، بىز قوغدىغۇچىلارنى مۈلۈك بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە، ئورتاق قاراشقا كېلىپ، قانۇن تۈزۈشىمىز كېرەك. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: تامامەن شۇنداق.

# تۆتىنچى جىلد

[ئادىمانتوس سۆزگە كىرىشتى.]

ئادىمانتوس: سوقرات، ئەگەر بىرى، سىنىڭ تەشەببۇسۇڭغا قارشى چىقىپ، سىنى قوغدىغۇچىلىرىمىزنى پۈتۈنلەي بەختسىزلەرگە ئايلاندۇرماقچى، ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئاشۇ بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبكارىغا ئايلاندۇرماقچى دىسە؛ يەنى شەھەر ئۇلارنىڭ بولسىمۇ لىكىن ئۇلار ئۆز شەھىرىدىن ھىچقانداق نەپكە ئىرىشەلمەيدۇ، باشقىلارغا ئوخشاش يەر - زىمىنلىك بولالمايدۇ، ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى سالالمايدۇ، ئىسىل ئۆي جابدۇقلىرىغا ئىرىشەلمەيدۇ، ئۆز ماللىرىنى قۇربانلىق قىلىپ، ئىلاھلارغا ئاتاپ نەزىر قىلالمايدۇ، مىھمان كۈتەلمەيدۇ - دە، كىشىلەر ۋە ئىلاھلارنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايدۇ؛ ئۇلار بايا سەن دىگەندەك ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە ۋە بەخت ئارزۇسىدا بولغانلاردا بولۇشقا تىگىشلىك ھىچنىمىگە ئىگە بولالمايدۇ. قوغدىغۇچىلىرىمىز نامراتلىقتا كۆزەتچىلىكتىن باشقا ھىچنىمىگە ئىرىشەلمىگەن كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ دەپ ئەيىبلەشسە نىمە دىگەن بولاتتىڭ؟

سوقرات: شۇنداق، مەن تىخى مۇنداق تولۇقلىما بەرگەن بولاتتىم: قوغدىغۇچىلىرىمىز يىيىشتىن باشقا، ھىچ بىر ھەققە ئىرىشەلمەيدۇ؛ بارماقچى بولغان يەرلىرىگە خالىغانچە بارالمايدۇ، مەشۇقلىرىغا سوۋغا بىرەلمەيدۇ ياكى بەختلىك دەپ قارالغانلار كەبى ئۆز مەيلىچە پۇل خەجلىيەلمەيدۇ. مۇنداق ئەيىبلەشلەرنى يەنە كۆپلەپ تاپقىلى بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق ئەيىبلەشلەرگە قانداق پوزىتسىيەدە بولار ئىدىڭ؟

سوقرات: قانداق جاۋاب بېرسەن دېمەكچىمۇ سەن؟

ئادىمانتوس: ھەئە.

سوقرات: يۇقىرىقى بويىچە داۋام قىلساق، جاۋاب تاپالايمىز. جاۋابىمىز مۇنداق: قوغدىغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۇ خىل تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك سانىلىشى ھەيران قالارلىق گەپ ئەمەس. چۈنكى، بىزنىڭ بۇ دۆلەتنى قۇرۇشتىكى مەقسىتىمىز مەلۇم بىر تەبىقىنىڭلا بەخت - سائادىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، ھەر قانداق پۇقرانىڭ بەخت - سائادىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن. دەل مۇشۇنداق دۆلەتتە ئادالەت بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىدا ئادالەت بولمايدۇ. بىز ئادالەتلىك ۋە ئادالەتسىز دۆلەتلەرنى ئۇچراتقىنىمىزدىلا، بۇنىڭدىن قايسىسى ياخشى دېگەنگە جاۋاب تاپالايمىز. نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىشىمىز بەختلىك بىر دۆلەتنىڭ نەمۇنىسىنى قۇرۇپ چىقىش، ھەرگىزمۇ ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ جەننىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئەمەس. بىزنىڭ كۆزلەيدىغىنىمىز مۇكەممەل بەخت - سائادەتلىك دۆلەت (بىردەمدىن كېيىن بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان دۆلەتنى كۆرۈپ چىقىمىز). مەسىلەن، مەن بىر ھەيكەلنى بوياۋاتقىنىمدا، بەزىلەر: «نېمە ئۈچۈن ۋۇجۇدنىڭ ئەڭ گۈزەل يېرى بولمىش كۆزنى سۆسۈن رەڭدە بويىماي، قارا رەڭدە بويىدىڭ» دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرسەڭ بولىدۇ: سەن بىلمەمسەن، كۆزنى بۇنداق زىننەتلىۋەتسەڭ، ئۇ كۆزگە ئوخشاپ قالىدۇ، ئىنسانىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ شۇنداق. بىز ئىنسانىنىڭ بەش ئەزاسىدىكى ئەينى رەڭ بويىچە بىر پۈتۈن گۈزەللىكنى يارىتىشىمىز لازىم. شۇڭا دېمەكچىمەنكى، قوغدىغۇچىلىرىمىزغا ئۇ خىل بەختنى تاڭساق، ئۇلار قوغدىغۇچىغا ئوخشىماي قالىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، دېھقانلىرىمىزغا تاج تاقاپ، ئېتىزدا خالىساڭ ئىشلە، خالىمىساڭ ئىشلىمە دېيىلى؛ چىنىچى (كولالچى) لارغا ئوچاق بېشىدا يانپاشلاپ يېتىپ، يەپ - ئىچىپ، كۆڭۈل ئاچ، چىنىلەرنى قانچىلىك ياسىغۇڭ كەلسە شۇنچىلىك ياسا دېيىلى؛ باشقا بارلىق كىشىلەرگىمۇ

مۇشۇ يوسۇن بويىچە بەخت ئىزدەشكە رۇخسەت قىلايلى، شۇنداق بولغاندا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قالتىس بەختلىك بولىدۇغۇ دەيمەن![1] ياق، بىز ئۇنداق قارىمايمىز. سېنىڭچە بولغاندا، دېھقان دېھقان بولماي قالىدۇ، چىنىچى چىنىچى بولماي قالىدۇ. باشقىلارمۇ دۆلەتنى ھاسىل قىلىدىغان مۇناسىپ كىشىلەردىن بولماي قالىدۇ، بۇنداق ئەھۋال باشقا خىل ئادەملەردە يۈز بەرسە چوڭ مەسىلە يوق. مەسىلەن، موزدۇزنى ئالايلى، ئۇ ئاينىپ كېتىپ، موزدۇزلۇقنى قىلمىسا، چوڭ ئىش يۈز بەرمەيدۇ. لېكىن، قانۇن ۋە دۆلەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئۆز نامىغا لايىق ھالدا قوغدىغۇچى بولالمىسا ياكى ئاتالمىش قوغدىغۇچى بولۇپ قالسا، سەن ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈن دۆلەتنى ھالاك قىلغانلىقىنى كۆرىسەن. ئەگەر قوغدىغۇچى ھەقىقىي قوغدىغۇچىدىن ئىبارەت بولسا، دۆلەتتە ياخشى تەرتىپ ۋە بەخت بەرپا بولىدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز قوغدىغۇچىلار (مۇھاپىزەتچىلەر) نى دۆلەتنى ھالاك قىلىدىغان كۈچلەرگە ئەمەس، بەلكى دۆلەتنى مۇستەھكەم قىلىدىغان كۈچلەرگە ئايلاندۇرۇش. بىزگە قارشى بولغان كىشىلەرنىڭ دېگىنى زىياپەتتە ئىشرەت قىلغۇچى دېھقاندىن ئىبارەتكى، ھەرگىزمۇ دۆلەت ئالدىدا مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان پۇقرادىن ئەمەس. دېمەك، بۇ يەردە بىزنىڭ دەۋاتقانلىرىمىز بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. بىز قوغدىغۇچى تاللىغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ يەككە بەختىنى ئەمەس، بەلكى، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتى بىلەن بىردەك بولغان بەختىنى ئويلىشىمىز كېرەك. بىز قوغدىغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئادا قىلىپ، خىزمىتىنى ئوبدان قىلىشقا يېتەكلىشىمىز لازىم. باشقىلارنىمۇ ئەنە شۇنداق يېتەكلىشىمىز لازىم. شۇ چاغدىلا پۈتۈن دۆلەت مۇناسىپ تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ، ھەرقايسى تەبىقىلەر تەبىئەت ئاتا

[1] بۇ بىر خىل كىنايە.

قىلغان بەختنى تاپىدۇ.

ئادىمانتوس: ئېيتقانلىرىڭ توغرا.

سوقرات: يەنە بىر ئويۇم بار بولۇپ، قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىقىڭنى بىلمەيمەن.

ئادىمانتوس: قانداق ئوي؟

سوقرات: ھۈنەرنى قۇرۇتىدىغان ئىككى ئامىل باردەك قىلىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇلار قايسى؟

سوقرات: نامراتلىق ۋە باياشاتلىق.

ئادىمانتوس: ئۇلار ھۈنەرنى قانداق قۇرۇتىدۇ؟

سوقرات: مۇنداق، بىر چىنىچى باي بولسا، ئۇ ئاشۇ ھۈنىرىگە قېتىرقىنىپ ئەقىدە قىلىشنى داۋاملاشتۇرامدۇ؟ قېنى ئويلاپ كۆرەيلى.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، ئۇنداق قىلمايدۇ.

سوقرات: ئۇ كۈنسايىن لەقۋالىشىپ، قولىنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۇ ئاخىرى نائۇستىغا ئايلىنىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق، ئۇ چېكىنىپ كېتىدۇ.

سوقرات: لېكىن، ئۇنىڭ ئىلكىدە پۇل بولمىسا، جابدۇق سېتىۋالالمىسا، ئۇنداقتا، ئىشنى ياخشى قىلالمايدۇ. ئوغلى ۋە شاگىرتلىرىنىمۇ ئوبدان تەربىيەلىيەلمەيدۇ.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، شۇنداق.

سوقرات: دېمەك، نامراتلىق ۋە باياشاتلىق ھۈنەرنى قۇرۇتقۇچى ئامىل، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: بىز كۆرۈپ يەتكەندەك، بۇ يەردە ئىككىنچى بىر خەۋپ بار، قوغدىغۇچىلار بارلىق كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

ئادىمانتوس: قانداق خەۋپ؟

سوقرات: نامراتلىق ۋە باياشاتلىق ئەمەسمۇ. ئادەم باي بولغانسىرى هورۇنلىشىدۇ، ئۆزگەرتىش تەلىپى كېلىپ چىقىدۇ؛ ئادەم نامراتلاشقانسېرى، قوپاللىشىدۇ، ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق. لېكىن، سوقرات، دۆلىتىمىزدە بايلىق بولمىسا، نېمە بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز؟ بولۇپمۇ باي، قۇدرەتلىك دۆلەت بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا.

سوقرات: شۇنىسى ئېنىقكى، بۇنداق بىر دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئاسان؛ لېكىن، ئىككى ئاشۇنداق دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش تەس.

ئادىمانتوس: بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

سوقرات: قېنى دېگىنە، ئەگەر ئۇرۇشقا مەجبۇرلانساق، بىز تەرەپ چېنىققان جەڭچىلەردىن ئىبارەت، قارشى تەرەپ بايلاردىن تۈزۈلگەن قوشۇن بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئادىمانتوس، قاۋۇل بىر ئەزىمەت ئىككى پور سېمىز باينى ئاسانلا يېڭەلەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: ئەگەر ئىككى ئادەم بىر ئادەمگە هۇجۇم قىلسا، ئۇنى يەڭمەك ئاسان ئەمەس.

سوقرات: ئەگەر ئۇ ئەپچىللىك بىلەن قېچىپ، چەبدەسلىك بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ، قوغلاپ كېلىۋاتقان رەقىبلىرىنىڭ باشتىكىسىنى يىقىتالىسا، پىژغىرىم ئىسسىقتىمۇ ئىزچىل شۇنداق قىلالىسا، ئۇ ئاخىر غەلىبە قىلالامسىمۇ؟ بۇنداق ئەزىمەت تېخىمۇ كۆپ رەقىبكە زەربە بەرمەمدۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇنداق ئەھۋالدا غالىبىيەت ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

سوقرات: بايلار ھەربىي ئىشلارغا كۆرە ئېلىشىشقا تەجرىبىلىك كېلىدۇ. دەپ قارىمامسەن؟

ئادىمانتوس: شۇنداق دەپ قارايمەن.

سوقرات: شۇڭا بىزنىڭ ئەزىمەتلىرىمىز ئۆزىگە نىسبەتەن 2 ـ 3 ھەسسە ئارتۇق دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ.

ئادىمانتوس: قوشۇلىمەن، ئېيتقانلىرىڭ ئورۇنلۇق.

سوقرات: ئەگەر بىز ئىككى دۈشمەن دۆلەتنىڭ بىرىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، نەق گېپىمىزنى ئېيتساق ـــ ئالتۇن، كۈمۈش دېگەندەك نەرسىلەر بىزدە يوق ھەم بولۇشىغىمۇ يول قويمايمىز، لېكىن، ئۇلاردا بولسا مەيلى. شۇڭا ئۇلار بىزگە ھەمكارلىشىپ، يەنە بىر دۆلەتنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلسا ياخشى. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىممۇ كۈچسىز، سېمىز قوينى تاشلاپ بىزدەك ئورۇق، كۈچتۈڭگۈر ئىت بىلەن ئېلىشىشنى خالىسۇن؟

ئادىمانتوس: ھېچكىم ئىت بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالىمايدۇ. لېكىن، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ بايلىقى بىر دۆلەتكە يىغىلسا، بۇ نامرات دۆلەتلەر ئۈچۈن خەۋپ ئەمەسمۇ.

سوقرات: بىز قۇرماقچى بولغان شەھەر دۆلىتىمىزدىن ئۆزگىچە بولغان ھەرقانداق بىر دۆلەتنى دۆلەت دەپ ئاتىساڭ، بۇ تولىمۇ ساددىلىق بولىدۇ.

ئادىمانتوس: ئەمىسە نېمە دەپ ئاتىساق بولار؟

سوقرات: باشقا دۆلەتنى ئاتىغاندا، «دۆلەت» دېگەن ئىبارىنىڭ كۆپلۈك شەكلىنى قوللىنىش كېرەك، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن ئەمەس كۆپتىن تەشكىل تاپقان، خۇددى تىياتىرلاردا تەسۋىرلەنگەندەك. ھەرقانداق دۆلەت بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى تەركىبتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى نامراتلار، يەنە بىرى بايلار. ھەتتا بۇ ئىككى تەركىبىي قىسىم ئۆز ئىچىدىن يەنە نۇرغۇن ئۇششاق زىت تەركىبلەرگە ئايرىلىدۇ. ئەگەر سەن ئۇلارنى نۇرغۇن دەپ قارىساڭ، بەزىلەردىكى بايلىق، ھوقۇق ۋە ئاھالىلەرنى باشقا بىرسىگە بېرىشكە ۋەدە قىلساڭ، دوستۇڭ كۆپ، دۈشمىنىڭ ئاز بولىدۇ.

سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار ئاشۇ مۇقىم كۆرسەتمىنى ئىجرا قىلسا، چوقۇم دائىم بۈيۈك ھالەتتە تۇرىدۇ. مەن دەۋاتقان بۈيۈكلۈك ئاتاق جەھەتتىكى بۈيۈكلۈك بولماستىن، ئەمەلىيەتتىكى بۈيۈكلۈكتۇر، ئۇنىڭ پەقەت مىڭچە لەشكىرى بولغاندىمۇ بۈيۈك بولىۋېرىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئېيتقان شەھەر دۆلىتى يەنى كۆلىمى پىلانىمىزدىكىدەك بولغان بىر دۆلەت گىرېتسىيە ياكى گىرېتسىيەنىڭ سىرتىدا بولسۇن مىسلىسىزدۇر. ئەمما، بىزدىن كۆپ چوڭ بولغان ئاتالمىش بىر دۆلەتمۇ مەۋجۇت. سېنىڭ باشقىچە قارىشىڭ بارمۇ؟

ئادىمانتوس: يوق، راستتىنلا.

سوقرات: شۇڭا، دۆلىتىمىز ھۆكۈمدارلىرى شەھەر دۆلىتىمىز-نىڭ كۆلىمى ۋە دائىرىسى ھەققىدە ئويلىغاندا مۇۋاپىق بىر چەكنى بېكىتىپ چىقىشى كېرەك.

ئادىمانتوس: قانداق چەك مۇۋاپىق بولىدۇ؟

سوقرات: دۆلەت پارچىلانمىغۇدەك دائىرىدە بولۇشى كېرەك — مېنىڭچە، بۇ ئەڭ ياخشى چەك، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

ئادىمانتوس: ناھايىتى ياخشى.

سوقرات: شۇڭا، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ قوغدىغۇچىلىرى (قورۇقچى-لىرى) گە تاپشۇرىدىغان يەنە بىر بۇرچتىن ئىبارەت بولۇشى كې-رەك، ئۇلار بارلىق ئاماللار بىلەن دۆلىتىمىزنى قوغدىشى، ئۇنى بەك كىچىكلىتىۋەتمەسلىكى ھەم زورايتىۋەتمەسلىكى، ئۇنى مۇۋا-پىق كۆلەمدىكى، بىرلىككە كەلگەن دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

ئادىمانتوس: بۇ بۇرچنى ئانچە قىيىن دېگىلى بولمايدۇ.

سوقرات: بۇنىڭدىنمۇ ئاسان بۇرچنى بىز باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئەگەر مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى چاكىنىلاشسا، ئۇلارنى تۆۋەن تەبىقىگە چۈشۈرۈۋېتىش كېرەك؛ ئەگەر تۆۋەن تەبى-قىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى مۇنەۋۋەر بولۇپ يېتىشىپ چىقسا، ئۇلارنى قوغدىغۇچىلىققا تاللاش كېرەك. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە

ھەر قانداق پۇقرا كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قانداق ئىشقا ماس كەلسە، شۇ خىل ئىشقا قويۇلىدۇ، ھەممە ئادەم ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ، بىر ئادەم دەل شۇ بىر ئادەمدىن ئىبارەتكى، ئۇ ھەرگىزمۇ كۆپ ئادەم ئەمەس، نەتىجىدە دۆلەت پۈتۈن بولىدۇ، كۆپكە پارچىلانمايدۇ دېگەننى ئىزاھلىغىلى بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق، بۇخىل بۇرچ بايىقىسىدىنمۇ يەڭگىل ئىكەن.

سوقرات: قەدىرلىك ئادىمانتوس، دۆلىتىمىز ھۆكۈمدارلىرىغا بىز ھاۋالە قىلغان بۇ ئىشلار باشقىلار ئويلىغاندەك ئۇنچە تەس ئىشلار ئەمەس، بەلكى، ئاسان. ھۆكۈمدارلار باشقىلار چوڭ دەپ قارىغان شۇ بىر ئىشقا دىققەت قىلسا بولىدۇ. (مەن ئۇنى «چوڭ ئىش» دەپ ئاتاشنى خالىمايمەن، بەلكى «مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان ئىش» دەپ ئاتاشنى خالايمەن.)

ئادىمانتوس: بۇ قانداق ئىش؟

سوقرات: تەربىيەلەش ۋە يېتىشتۈرۈش. چۈنكى، كىشىلەر ياخشى تەربىيەگە ئىگە بولسا ئىش ئۇقىدىغان بولىدۇ. ئۇلار شۇنى ئاسانلا چۈشىنىدۇكى، بارلىق ئىشلار ۋە بىز تېخى تىلغا ئېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن باشقا ئىشلارنى، مەسىلەن، نىكاھ ۋە پەرزەنت تەربىيەلەش قاتارلىقلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا «سەن ـ مەن» دەپ ئايرىپ ئولتۇرماسلىقتەك ئورتاق قائىدىگە بويسۇنۇش كېرەك.

ئادىمانتوس: بۇ ئەڭ ياخشى چارە بولسا كېرەك.

سوقرات: بەلكى، دۆلەتنىڭ ئىشى ياخشى باشلانسا، خۇددى چاققا ئوخشاش ئايلانغانسېرى سۈرئىتى تېزلىشىدۇ. چۈنكى، ئەۋزەل تەلىم ـ تەربىيە جىسمانىي ساپانىڭ ياخشى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، ياخشى جىسمانىي ساپا ئەۋزەل تەلىم ـ تەربىيەگە ئېرىشكىنىدە، ئالدىنقىلاردىن نىسبەتەن ياخشى ساپاغا ئېرىشىدۇ. بۇنىڭ باشقا نۇرغۇن پايدىسى بولغىنىدەك، نەسلىنىڭ ئىلگىرىلىشىگىمۇ پايدىلىق.

ئادىمانتوس: ئورۇنلۇق.

سوقرات: دېمەك، رەھبەرلىرىمىز دۆلەتنىڭ تويۇقسىز ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك. ئۇلار دۆلەتنى ھەر دائىم قوغداپ، تەنتەربىيە ۋە مۇزىكا جەھەتتىكى ئىسلاھاتنىڭ مۇ- قىم تەرتىپىنى بۇزۇشقا يول قويماسلىق كېرەك.

ئۇلار تەرتىپنى قوغدىشى زۆرۈر. بىراۋ كىشىلەر ناخشىچىلار- نىڭ ئەڭ يېڭى كۈيلىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلىشىدۇ دېگىنىدە، ئۇلار (رەھبەرلەر) كىشىلەرنىڭ بۇ گەپنى يېڭى كۈي دەپ ئەمەس، بەلكى، يېڭى ئۇسلۇب دەپ چۈشىنىپ قېلىشىدىن پەخەس بولۇشى لازىم، رەھبەرلەر بۇنداق نەرسىلەرنى قۇۋۋەتلىمەسلىكى ھەم شائىرنىڭ دېمەكچى بولغىنىنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم. مۇزىكىدىكى ئىسلاھات دۆلەت ئۈچۈن خەۋپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئۆزگىرىش بولمىغان ئىكەن، مۇزىكىنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولماس- لىقى كېرەك. دېمون ئەنە شۇنداق دېگەن بولۇپ، مەن بۇ سۆزگە ئەقىدە قىلىمەن.

ئادىمانتوس: مەنمۇ ئەقىدە قىلىمەن.

سوقرات: شۇڭا، قوغدىغۇچىلىرىمىز دەل مۇشۇ نۇقتىدا — مۇ- زىكىدا نازارەتنى كۈچەيتىشى لازىم.

ئادىمانتوس: بۇنداق قانۇنسىزلىق① ھەقىقەتەن ئاسانلا سىڭىپ كىرىدۇ.

سوقرات: توغرا. چۈنكى، كىشىلەر تەرىپىدىن زىيان - زەخمەت- سىز② ئويۇن دەپ قارىلىدۇ.

ئادىمانتوس: باشقا زىيىنىغۇ يوق، ئۇ كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئادىتىگە بىر - بىرلەپ، ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىدۇ، ئاندىن

① مۇزىكىدىكى تەرتىپسىزلىكنى دېمەكچى.
② باللار ئويۇنىدا يېڭىلىق پەيدا قىلماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش.

تېخىمۇ ئۆلگىيغان ھالدا كىشىلىك مۇناسىۋەتكە، ھەتتا، كىشىلەر-نىڭ قانۇن ۋە سىياسىي تۈزۈم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر قىلىدۇ. سوقرات، شۇنداق قىلىپ، ئۇ خۇسۇسىي ۋە ئومۇم تەۋە-سىدىكى ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىلىدۇ.

سوقرات: شۇنداق قارامسەن؟

ئادىمانتوس: شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز باشتا ئېيتقاندەك، پەرزەنتلىرىمىز قا-نۇنغا ئۇيغۇن پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلار قاتناشقان ئويۇن قانۇنغا خىلاپ بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ قانۇنغا مۇخالىپ ئەۋلاد بولۇپ قالىدۇ، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پەزىلەت-لىك يۇقىرا بولالمايدۇ.

ئادىمانتوس: چوقۇم شۇنداق.

سوقرات: باشتىنلا پەرزەنتلەرنى مۇزىكا ئارقىلىق قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان قىلىپ تەربىيەلەش لازىم، بۇنداق روھ ئاخىرى بىرىپ قانۇنسىز ئىشرەتكە قارشى تۇرىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇخىل قانۇنغا ئىتائەت قىلىش روھى پەرزەنتلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كونتـ-رول قىلىپ، ئۇلارنى ساغلام يېتىلدۈرىدۇ. كېيىن، دۆلەتتە ئۆز-گىرىش بولغان ھالەتتىمۇ، ئۇلار ئەسلىدىكى تەرتىپنى تىرىلدۈ-رۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: پەرزەنتلەر مۇشۇنداق تەربىيەدە چوڭ بولسا، ئەجدادلار تەرىپىدىن ئەرزىمەس دەپ تاشلىۋېتىلگەن قائىدە - نىزاملارنىمۇ بايقىيالايدىغان بولىدۇ.

ئادىمانتوس: قانداق قائىدە؟

سوقرات: مەسىلەن، ياشلارنىڭ چوڭلارنى كۆرگەندە ئەدەپ بىلەن جىم تۇرۇشى، ئورنىنى بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشى، ئاتا - ئانىلار-غا ۋاپادار بولۇش؛ چاچ، كىيىم - كېچەك، ئاياغ قاتارلىق قىياپەت ئاملىلىرىغا دىققەت قىلىش. سەن ئۇنداق قارىمامسەن؟

ئادىمانتوس: مەنمۇ شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: ئەمما، ئۇلارنى قانۇن ماددىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئەخمەقلىق. چۈنكى، ماددىلاشتۇرۇلغان هالدا قەغەزگە پۈتۈپ قويۇلغان قانۇن هۆرمەت قىلىنمايدۇ هەم ئۇزاققا بارمايدۇ.

ئادىمانتوس: قانداق قىلغاندا هۆرمەت قىلىنىدۇ؟

سوقرات: ئادىمانتوس، كىچىكلىكتىكى تەربىيە نەگە باشلىسا، ئىنسان شۇ ياققا ماڭىدۇ. «گۈل ـ گۈلىگە، خىل ـ خىلىغا» كېلىدۇ. شۇنداققۇ؟

ئادىمانتوس: هەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ياخشى ـ يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرى چوڭ نەتىجە بېرىدۇ.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: شۇڭا، مەن ئۇنداق ئىشلارنى قىلمۇۋېلىشنى خالىمايمەن.

ئادىمانتوس: ئورۇنلۇق.

سوقرات: لېكىن، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا، هۈنەرۋەنلەر بىلەن بولغان توختاملىشىشتا، هاقارەتلىنىش ۋە زەخمەتلىنىش ئۇستىدىكى ئەرزىيەت ئىشلىرىدا، خەلق ئىچىدىكى دېلولارغا ئائىت مەهكىمە شەرئى ئىشلىرىدا، بازار ۋە پورتلاردا ئېلىنىدىغان باج مەسىلىلىرىدە، ئومۇمەن، بازار، ئامانلىق، پورت تەرتىپلىرى كەبى نۇرغۇن ئىشلاردا قانۇن بېكىتمىسەك بولمايدۇ، قانداق؟

ئادىمانتوس: ياق، دۇرۇس كىشىلەرنى ئۇنچە كۆپ قائىدە ـ نىزاملارغا مەجبۇرلاش مۇۋاپىق ئەمەس. نېمىگە ئەمەل قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدۇ.

سوقرات: توغرا، دوستۇم. تەڭرىم ئۇلارنى يۇقىرىقى قانۇننى ساقلاپ قېلىشقا بۇيرۇسىلا، شۇنداق قىلىشقا بولىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنداق بولمىسا ئۇلار قانۇن تۈزۈشكىلا بەند بولۇپ، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزگەرتىش بىلەن ئۆمرى ئۆتىدۇ.

سوقرات: بۇنداق ئادەمنىڭ ھاياتى ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىپ، زىيانلىق تۇرمۇش تەرتىپىنى تاشلاشقا رايى بارمىغان ئادەمنىڭ ھاياتىغا ئوخشاپ قالىدۇ دېمەكچىمۇ سەن؟

ئادىمانتوس: توغرا.

سوقرات: ئەلۋەتتە، ئۇلار كۆڭۈللۈك ياشايدۇ، ئۇلار گەرچە دورا يېسىمۇ ئۈنۈمى بولماي، كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ بىرەر شىپالىق دورا بېرىشى بىلەن، سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنداق كېسەللەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: شۇنداق. قىزىقارلىقى شۇكى، كىم ئۇلارغا راست گەپ قىلىپ، ئەيش ـ ئىشرەت، ناشايانچىلىقلارنى، بىكار تەلەپلىكنى تاشلىمايدىغان بولساڭ، ئەملەش ياكى داغلاپ داۋالاش بولامدۇ، ئوقۇتۇش ياكى پال ئېچىش بولامدۇ، ھەر قانداق داۋالاش ساقايتالمايدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرسا، ئۇ، بۇ كىشىنى ئەڭ ۋەھشىي دۈشمىنىم دەپ قارايدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنىڭ نەرى قىزىقارلىق بولسۇن. نەق گەپنى دېگەنلەرگە خاپا بولۇش ياخشى ئەمەس.

سوقرات: بۇنداق ئادەملەرنى سېنىمۇ ياقتۇرمايدۇ دەپ ئويلايمەن.

ئادىمانتوس: راستىنىلا ياقتۇرمايمەن.

سوقرات: ئەگەر بىر دۆلەتمۇ شۇنداق قىلسا، ئۇنى سەنمۇ قوۋۋەتلىمەيسەن. سەن بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئاشۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆرگەنسەن؟ ئۇلارنىڭ سىياسىتى ياخشى ئەمەس، پۇقرالارنىڭ تۈزۈمگە چېقىلىشىغا رۇخسەت يوق، تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش غەرىزىدىكى ھەرقانداق ئادەم ئۆلۈمگە مەھكۇم. ئەكسىچە، ئۇ شۇخىل تۈزۈمدىكىلەرگە قىزغىن خىزمەت قىلسا، ئۇلارغا خۇشامەت قىلسا، كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، تەلەپلىرىنى قاندۇرسا، بۇ دۆلەت بۇنداق كىشىنى مۇنەۋۋەر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئادەم دەپ باھالايدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق، مېنىڭچە، بۇ دۆلەتنىڭ ئەتمىشى ھېلىقى كېسەل ئادەمنىڭ قىلمىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەن ئۇنى ياقتۇرمايمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا دۆلەتكە قىزغىن خىزمەت قىلغان ئاشۇ ئادەمگە قانداق قارايسەن؟ سەن ئۇلارنىڭ شەخسىيەتسىز، قەيسەر روھىغا ئاپىرىن ئوقۇمامسەن؟

ئادىمانتوس: ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىنى بىلىش تۇيغۇسى يوقلارغا ئاپىرىن ئېيتالمايمەن، يەنى ماختالغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنى سىياسىيون دەپ ئويلايدىغانلارنى.

سوقرات: سەن نېمە دېمەكچى؟ سەن ئۇلارنى بىرئازمۇ ئەپۇ قىلمامسەن؟ بىراۋ ئۆلچەمنى بىلمىسە يەنە نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئۆلچەم بىلمىسە، باشقىلار ئۇنىڭغا سېنىڭ بويۇڭنىڭ ئېگىزلىكى تۆت غۇلاچ كېلىدىكەن دېسە، سېنىڭچە ئۇ ئۆزىنىڭ بويى ھەققىدىكى بۇ گەپكە ئىشەنمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇ قانداقمۇ ئىشەنمىسۇن؟

سوقرات: شۇڭا، سەن ئۇلارغا ئاچچىق قىلما. چۈنكى، ئۇلارمۇ بىچارىغۇ؟ بايا مەن دېگەندەك ئۇلار توختاپ قانۇن تۈزىدۇ. بىرەر ئامال ئارقىلىق سودا ۋە باشقا تەرەپلەردىكى بولمىغۇر ئىشلارنى توسۇشنى ئويلايدۇ. ئۇلار چۈشەنمەيدۇكى، ئۇلارنىڭ قىلمىشى توققۇز باشلىق يىلاننىڭ بېشىنى چېپىشقا ئوخشايدۇ.

ئادىمانتوس: توغرا، راستىنلا شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا مەن ئېيتىمەنكى، ھەقىقىي قانۇنچى سىياسىي تەرتىپى ياخشى ياكى ناچار دۆلەتتە بولمىسۇن ئۆزىنىڭ كۈچىنى قانۇن تۈزۈشكە سەرپ قىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، سىياسىي تەرتىپ ناچار دۆلەتتە قانۇننىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق، سىياسىي تەرتىپ ياخشى دۆلەتتە بەزى قانۇنلارنى لايىھەلەش تەس ئەمەس، بەزىدە بۇرۇنقىلارنىڭ قانۇنلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنداقتا، قانۇن تۈزۈش جەھەتتە، بىز يەنە نېمە-لەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟

سوقرات: بىز قىلىدىغان باشقا ئىش يوق. ئىش ئاپوللودا قال-دى، ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ ئاساسلىق قانۇننى ئۇ تۈزۈشى كېرەك.

ئادىمانتوس: قايسى قانۇن؟

سوقرات: ئىبادەتخانىلار ۋە مۇراسىملار، ئىلاھلار، يېرىم ئىلاھلار ۋە قەھرىمانلارغا بولغان چوقۇنۇش مۇراسىملىرى، نەزىر – چىراغ، روھلارنى ئەمىن تاپقۇزۇش، جىنلارنى قوغلاش مۇراسىملى-رى قاتارلىقلارنى بەلگىلەش ئىشلىرىنى بىز بىلمەيمىز. ئەگەر بىزدە دۆلەت قانۇنچىلىرىغا خاس كاللا بولىدىكەن بۇنداق ئىشلارنى قانۇن ئەھلىگە ۋە تەڭرىمىزگە تاپشۇرماي قويىمايمىز. چۈنكى، بۇ تەڭرى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەجدادلىرىدىن قالغان دىنىي قائىدىلەرنى يەتكۈزىدۇ. دۇنيانىڭ مەركىزىدە تۇرغان بۇ تەڭرى ھېچ شۈبھىسىز ھالدا ئەجدادلىرىمىزغا ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا يول كۆرسەتكەن تەڭرىدۇر.

ئادىمانتوس: توغرا ئېيتتىڭ، شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.

سوقرات: شۇنداق قىلىپ، ئەي، ئارستوننىڭ ئوغلى، سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار قۇرۇلغان بولدى. ئەمدىكى ئىش دۆلەتنى نۇر ئەكېلىپ يورۇتۇشتۇر، ئۆزۈڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭ، پولىماركوس ۋە باشقا دوستلار ھەمكارلىشىپ، نەدە ئادالەت بار، نەدە ئادالەتسىزلىك بار دېگەننى ئېنىقلاش ئۇسۇللىرى، ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ پەر-قى، بەخت ئىزدىگەنلەر ئادالەتلىك بولۇش كېرەكمۇ ياكى ئادالەت-سىزمۇ دېگەن نۇقتىلار بويىچە ئىزدىنىشىڭلار زۆرۈر. تەڭرى ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆزىدىن كىم قېچىپ قۇتۇلار.

گىلاۋكون: بۇ جۆيلۈگەنلىك بولدى، سەن ئادالەتنى ئۆزۈم بىۋاستە ئىزدەيمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىڭ. بارلىق ئاماللار بىلەن ئادالەت ئۈچۈن ھەمكارلاشمىسام، تەقۋادار بولماي كېتەي، دېگەن ئىدىڭ.

سوقرات: ھەقىقەتەن شۇنداق دېگەن ئىدىم، مەن شۇنداق قىلىمەن، لېكىن، سەنمۇ ياردەملىشىشىڭ كېرەك.

گىلاۋكون: بىز خالايمىز.

سوقرات: مۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئىزدىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن: دۆلىتىمىزنى ۋۇجۇدقا كەلدى دېگىنىمىزدە، ئۇ چوقۇم ياخشى بولۇشى لازىم.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، بۇ دۆلەت چوقۇم پاراسەتلىك، باتۇر، مۇنتىزىم ۋە ئادالەتلىكتۇر.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئەگەر بىز دۆلەتتىن يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرىنى تاپالىغان بولساق، بىزنىڭ تاپالمىغانلىرىمىز قالغان باشقا خۇسۇسىيەتلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: نېمىشقا ئۇنداق بولمىسۇن؟

سوقرات: ئەگەر تۆت نەرسە بار دېيىلسە، بىز ئۇنىڭ بىرىنى مەلۇم بىر شەيئىدىن دەرھاللا بايقىساق، بۇنىڭدىن قانائەت ھېس قىلىمىز. ئەگەر بىزنىڭ بايقىغىنىمىز قالغان ئۈچ نەرسىدىن ئىبارەت بولسا، ئۇنداقتا، ئىزدەشكە تېگىشلىك نەرسىنىڭ تۆتىنچى خىل نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز، چۈنكى، ئۇ باشقا بىرى بولماستىن پەقەتلا قېلىپ قالغان ئاشۇ بىرسىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئىزدىمەكچى بولغىنىمىز تۆت نەرسە بولغان ئىكەن. نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئىزدىسەك بولماس؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، بولىدۇ.

سوقرات: دۆلىتىمىزدىن ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن تۇنجى نەرسىمىز پاراسەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە تەرىپى باردەك قىلىدۇ.

گىلاۋكون: قانداق تەرەپ؟

سوقرات: مېنىڭچە، بىز تەسەۋۋۇر قىلغان بۇ دۆلەت پاراسەتكە

ئىگە، چۈنكى، ئۇ ناھايىتى ياخشى پىلانلانغان. شۇنداقمۇ؟
گىلاۋكون: شۇنداق.
سوقرات: ياخشى پىلانلاشنىڭ ئۆزىلا بىرخىل بىلىم. چۈنكى، ياخشى بىلىمسىزلىكتىن ئەمەس، بىلىمدىن كېلىدۇ.
گىلاۋكون: دەرۋەقە شۇنداق.
سوقرات: بىر دۆلەتكە ھەرخىل بىلىم مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ.
گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.
سوقرات: ئۇنداقتا، بىر دۆلەتنىڭ پاراسەت ۋە ياخشى پىلانغا ئىگە دېيىلىشىنى ياغاچچىلىق ھەققىدىكى بىلىمدىن كەلگەن دېيىشكە بولامدۇ؟
گىلاۋكون: ھەرگىز ئۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭدا يۇكسەلگەن ياغاچچىلىق بىلىملىرىنىڭ بارلىقىنىلا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.
سوقرات: شۇنداق بولغاندا، بىر دۆلەت ياغاچچىلىق بىلىملىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئەڭ ياخشى جابدۇقلارنى ئىشلىيەلىگەنلىكى ئۈچۈنلا، پاراسەتلىك بولۇپ سانالمايدۇ.
گىلاۋكون: شۇنداق.
سوقرات: ئۇنداقتا، ئۇ مىس بۇيۇملار ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى ياسىيالىغانلىقى ئۈچۈنلا پاراسەتلىك دۆلەت سانىلامدۇ؟
گىلاۋكون: ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس.
سوقرات: دېھقانچىلىق بىلىملىرىنىمۇ ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، دەپ قارايمەن. چۈنكى، بۇنداق بىلىملەر پەقەت گۈللەنگەن يېزا ئىگىلىكىگىلا دەلىل بولالايدۇ.
گىلاۋكون: مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.
سوقرات: بىز قۇرۇپ چىققان دۆلەتتە، دۆلەتتىكى ئايرىم ئىشلارغا ئائىت ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا، دۆلەتنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاشقا ئائىت بىلىم-

لەرگە ئىگە كىشىلەرمۇ بولامدۇ ـ يوق؟

گىلاۋكون: ھەئە، بولىدۇ.

سوقرات: ئۇ قانداق بىلىم، نەدىن كېلىدۇ؟

گىلاۋكون: بۇ بىلىم دەل دۆلەتنى قوغدايدىغان قوغدىغۇچىلارنىڭ بىلىمى، بۇنداق بىلىم بىز باشتا دەپ ئۆتكەن قەتئىي رەۋىشتىكى قوغدىغۇچىلار (ھۆكۈمدارلار) دا بولىدۇ.

سوقرات: بۇنداق بىلىمگە ئىگە دۆلەتنى نېمە دەپ سۈپەتلىگەن تۈزۈك؟

گىلاۋكون: يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ھەقىقىي پاراسەتلىك دۆلەت، دېگەن بولار ئىدىم.

سوقرات: دۆلىتىمىزدە قايسى خىل تىپتىكى ئادەمنى كۆپ دەپ قارايسەن؟ مىسكەر كۆپمۇ ياكى ھەقىقىي قوغدىغۇچىمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، مىسكەر كۆپ.

سوقرات: ئايرىم كەسىپ ئەھلى ئاتالغان كىشىلەرگە قارىغاندا، بۇ قوغدىغۇچىلار ئازمۇ ـ قانداق؟

گىلاۋكون: ناھايىتى ئاز.

سوقرات: مەلۇمكى، تەبىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا قۇرۇلغان دۆلەت شۇنىڭ ئۈچۈن پاراسەتكە ئىگە دەپ قارىلىدۇكى، ئۇ رەھبەرلەردىن ئىبارەت ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىلىمى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بىلىملا پاراسەت دېيىلىدۇ، بۇنداق بىلىم ئادەملىرى تەبىئەتنىڭ قانۇنى بويىچە ئازساندا بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئىنتايىن توغرا.

سوقرات: دېمەك، بىز تۆت ئالاھىدىلىكنىڭ بىرىگە ئېرىشكەن بولدۇق، ئۇنىڭ دۆلەتتىكى ئورنىنىمۇ بىلدۇق.

گىلاۋكون: قانداقلا بولمىسۇن، بىز ئۇنىڭغا مۇكەممەل ئېرىشتۇق.

سوقرات: ئەمدى باتۇرلۇقنى ۋە دۆلەتكە باتۇرلۇق شەرىپى ئېلىپ

كەلگەن نەرسىنىڭ دۆلەتنىڭ قەيەرىدە ئىكەنلىكىنى تېپىش ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك.

گىلاۋكون: قانداق دەيسەن؟

سوقرات: بىر دۆلەتنى ئاجىز ياكى كۈچلۈك دەپ سۈپەتلىگەن ئادەم، شۇ دۆلەتنى قوغداش ئۈچۈن جەڭگاھقا بارغان ئادەملەرنى كۆزدە تۇتقاندىن تاشقىرى، يەنە كىملەرنى كۆزدە تۇتۇشى مۇمكىن؟

گىلاۋكون: ئۇنداق ئادەملەرنى ئويلايدىغانلار بولمىسا كېرەك.

سوقرات: مېنىڭچە، دۆلەتنىڭ بۇخىل خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭدىن ئۆزگە كىشىلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ.

گىلاۋكون: توغرا، ھەقىقەتەن باتۇرلاردىن باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ.

سوقرات: دېمەك، دۆلەت ئۆزىنىڭ بىر قىسىم باتۇرلىرىغا ئىگە بولغاچقىلا باتۇر بولالايدۇ. باتۇرلاردا شۇنداق بىر ئىقتىدار بولىدۇكى، ئۇلار ھەر قانداق ئەھۋالدا نېمىدىن قورقۇش ۋە نېمىدىن قورقماسلىقنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلار قورقىدۇ دېيىلسە پەقەت قانۇن ئاگاھلاندۇرغان ئىشلاردىنلا قورقىدۇ. سەن دەۋاتقان باتۇرلۇق مۇشۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: گېپىڭنى تولۇق چۈشىنەلمىدىم، يەنە چۈشەندۈرگەن بولساڭ.

سوقرات: دېمەكچىمەنكى، باتۇرلۇق قوغداشتىن ئىبارەت.

گىلاۋكون: نېمىنى قوغداش؟

سوقرات: قانۇن تەربىيەسى ئارقىلىق تىكلەنگەن قورقۇنچلۇق ئىش ئۇقۇمىنى قوغداشتۇر. «ھەر قانداق ئەھۋالدا» — دېگىنىمنىڭ مەنىسى شۇكى، باتۇرلار مەيلى كۆلپەتتە ياكى خۇشاللىقتا، ھاۋايى ـ ھەۋەس ياكى قورقۇنچتا ئاشۇ ئۇقۇمدىن ۋاز كەچمەي چىڭ تۇرۇشى كېرەك. خالىساڭ مەن بىر مىسالنى كەلتۈرەي.

گىلاۋكون: ئاڭلاشنى خالايمەن.

سوقرات: ساڭا ئايانكى، بوياقچى قوي يۇڭىنى سۆسۈن رەڭدە

بويىماقچى بولسا، ئالدى بىلەن يۇڭنىڭ ئېقىنى تاللاپ چىقىپ، قېتىرقىنىپ رەتلەيدۇ، ئاندىن بوياشنى باشلايدۇ. مۇشۇنداق بويال-غاندىلا، يۇڭنىڭ بويىقى ئۇزاق تۇرىدۇ. كىر يۇيغاندا شۇلتا ئىشلە-تىلىشىدىن قەتئىينەزەر، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ياخشى سايلاش بولمىسا، قانداق بويىلىشتىن قەتئىينەزەر ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى سەنمۇ ئويلاپ يېتەلەيسەن.

گىلاۋكون: ئۇنىڭ رەڭگى كۆلكىلىك بولۇپ قالىدۇ.

سوقرات: بىلىسەنكى، بىزنىڭ قوغدىغۇچىلارنى تاللاپ، ئۇلارغا مۇزىكا ۋە تەنھەرىكەت تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشىمىزمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر ئىش. بىزنىڭ نىشانىمىز شۇكى، بوياقنى ئۆڭمەس دەرىجىدە ئىچكەن قوي يۇڭىغا ئوخشاش ئەسكەرلەرمۇ بىز بەرگەن قانۇن تەربىيەسىنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن قوبۇل قىلىشى لازىم. ئۇلارنىڭ قورقۇنچلۇق ئىش ۋە شۇنىڭدەك ئىشلار ھەققىدىكى ئۇ-قۇمى ياخشى تەبىئىتى ۋە تەربىيە تۈپەيلى چوڭقۇر يىلتىزلىنىش بىلەن بىللە، خۇشاللىقتىن ئىبارەت كۈچلۈك شۇلتىلارغا، شۇنداقلا ئازاب، ۋەھىمە ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەستىن ئىبارەت باشقا شۇلتىلارغا ئۇچرىغاندىمۇ ئۆزىنىڭ «رەڭگى»نى يوقاتمايدۇ. بۇنداق روھىي ئېتىقاد، قورقۇنچلۇق ئىش ۋە غەيرىي قورقۇنچلۇق ئىش توغرىسىدىكى قانۇن روھىغا ماس ئەقىدىنى تولۇق قوغداش ۋە مەن تەشەببۇس قىلىدىغان باتۇرلۇقتۇر، مۇبادا سېنىڭ باشقا پىكرىڭ بولمىسا.

گىلاۋكون: باشقا پىكرىم يوق. چۈنكى، سەن باتۇرلۇق ھەققىدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنسەن. تەربىيە ۋە قانۇن بىلەن ھېچ-قانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان، ياۋايى ھايۋانلار ۋە قۇللاردىمۇ كۆرۈ-لۈپ قالىدىغان باتۇرلۇققا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىپادىلەرنى، مې-نىڭچە، سەن باتۇرلۇق دېمەي، باشقىچە ئاتىشىڭ مۇمكىن.

سوقرات: ناھايىتى توغرا دېدىڭ.

گىلاۋكون: مەن باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىڭنى قو-

بۇل قىلدىم.

سوقرات: ئۇنداق بولغاندا، «باتۇرلۇق» دېگەن ئىبارىنى «پۇقرالىق» دېگەن ئېنىقلىمىغۇچىنىڭ كەينىگە قويساڭمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەگەر قىزىقساڭ، بۇ ھەقتە كېيىنچە يەنە توختىلارمىز. ئەمدى بىز ئادالەت ھەققىدە ئىزدىنەيلى، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، يېتەرلىك پاراڭلاشتۇق.

گىلاۋكون: ئورۇنلۇق.

سوقرات: بىز بۇ دۆلەتتىن تاپماقچى بولغان خۇسۇسىيەتنىڭ يەنە ئىككىسى قالدى: ئادالەت ۋە پەرھىز.

گىلاۋكون: دۇرۇس.

سوقرات: پەرھىزسىزمۇ ئادالەتكە ئېرىشىشنىڭ يولى بارمۇ؟

گىلاۋكون: باشقا يولنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئادالەتكە ئېرىدىشىش تۈپەيلى پەرھىزكارلىقتا سەل قاراشنىمۇ ياقلىمايمەن. مېنى رازى قىلىمەن دېسەڭ، گەپنى پەرھىزكارلىقتىن باشلىساق.

سوقرات: سېنى رازى قىلمىسام قانداق بولىدۇ.

گىلاۋكون: تەھسىل قىلىشنى باشلىغىن.

سوقرات: شۇنداق قىلىشىم كېرەك. باشتا دېگىنىمىزدەك پەرھىزكارلىق يۇقىرىقى ئىككى خۇسۇسىيەتكە نىسبەتەن تېخىمۇ ماس ھەم ئۇيغۇن.

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟

سوقرات: پەرھىزكارلىق بىرخىل ياخشى تەرتىپ بولۇپ، ئادەمنى ئىشرەت ۋە ھاۋايى - ھەۋەس ئالدىدا كونترول قىلىدۇ. مانا بۇ كىشىلەر ئېيتىپ كېلىۋاتقان «ئۆز - ئۆزىنىڭ غوجايىنى» دېگەن ئاجايىپ سۆزنىڭ مەنىسى. بۇنداق گەپلەرنى يەنە ئۇچرىتالايمىز، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: «ئۆز ئۆزىنىڭ غوجايىنى» دېگەن بۇ سۆز كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ غوجايىنى بولدى دېگەن گەپ

ئۆزىگە قۇل بولدى دېگەن گەپ ئەمەسمۇ، بىراۋ ئۆزىگە قۇل بولسا ئەلۋەتتە ئۆزىگە غوجايىن بولغان بولىدۇ. چۈنكى، غوجايىنلىق ۋە قۇللۇق بەرىبىر بىر ئادەمگە قارىتا دېيىلىۋاتىدۇ.

گىلاۋكون: شۇبھىسىز.

سوقرات: بىراق، مېنىڭچە، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىنسان روھىدا ياخشى ۋە ناچار دەپ ئىككى تەركىب بولىدۇ. «ئۆز ـ ئۆزىنىڭ غوجايىنى بولۇش» دېگەنلىك ئىنسان روھىدىكى ناچار تەركىبنىڭ ياخشى تەركىبكە بويسۇنۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر ئىجابىي سۆزدۇر. بىر ئادەم ناچار تەربىيە ياكى ناچار ئادەملەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشى تۈپەيلى ھەم سۇس بولغان ياخشى تەركىبنى گەۋدىلىك بولغان ناچار تەرىپىگە بويسۇندۇرسا، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئۆز ـ ئۆزىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

گىلاۋكون: خاتا ئەمەستەك قىلىدۇ.

سوقرات: ئەمدى يېڭى دۆلىتىمىزنى كۆرۈپ باقايلى. سەن بۇ يەردە يۇقىرىقى ئىككى ئەھۋالنىڭ بىرىنى ئۇچرىتىسەن. ئادەمنىڭ ياخشى تەرىپى يامان تەرىپىگە ھاكىم بولسا، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئۆز ـ ئۆزىگە غوجايىن ئادەم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئېتىراپ قىلىشىڭ كېرەككى، بىز بۇ دۆلەتنى ئۆز ـ ئۆزىنىڭ غوجايىنى دېسەك خاتا ئەمەس.

گىلاۋكون: سەن ئېيتقان دۆلەتنى چۈشەندىم. ئېيتقانلىرىڭ دۇرۇس.

سوقرات: يەنە كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھەرخىل ھاۋايى ـ ھەۋەس، ئىشرەت ۋە ئازابلار بولسا بالىلار، ئاياللار، قۇللار ۋە ئاتالمىش ھۆرلەردەك كۆپ سانلىق تۆۋەن تەبىقىلەردىن تېپىلىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئەكسىچە، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە توغرا ئېتىقادنىڭ ياردىمىگە تايانغان، پىكىرنىڭ يېتەكلىشىدىكى ئاددىي ـ ساددا،

لايىقىدىكى ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر بولسا تەبىئەتتى ياخشى، تەربىيە كۆرگەن ئاز ساندىكى كىشىلەردىن تېپىلىدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: بۇ دۆلەتتىكى كۆپ ساننى ئىگىلەيدىغان تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنىڭ ئاز ساننى ئىگىلەيدىغان مۆتىۋەرلەرنىڭ ئارزۇسى، ھەۋىسى ۋە ئەقىل ـ پاراستى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەمسەن؟

گىلاۋكون: ھەئە.

سوقرات: شۇڭا، قايسى دۆلەت ئىشرەت ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنىڭ غوجايىنى بولالايدىكەن، ئۆزىگە ئۆزى غوجايىن بولالايدىكەن، بۇ دۆلەت دەل بىزنىڭ دۆلىتىمىزدۇر.

گىلاۋكون: دۇرۇس.

سوقرات: يۇقىرىقى ئاساسلار بويىچە، بۇ دۆلەتنى پەرھىزكار دۆلەت دېيىشكە بولىدىغاندۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، بولىدۇ.

سوقرات: ئەگەر بىر دۆلەتتە ھۆكۈمدارلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار كىمنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىدە بىردەك قاراشتا بولغان بولسا، بۇ دۆلەت دەل بىزنىڭ دۆلىتىمىزدۇر. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، سېنىڭچە بۇ پەرھىزكارلىق قايسى تۈركۈم يۇقىرىلاردىن تېپىلىدۇ؟ ھۆكۈمرانلاردىمۇ ياكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلاردىمۇ؟

گىلاۋكون: ھەر ئىككىسىدىن تېپىلىدۇ.

سوقرات: مەلۇمكى، يۇقىرىدا بىزنىڭ پەرھىز بىرخىل گارمونىيە دېيىشىمىز خاتا ئەمەستۇ دەيمەن؟

گىلاۋكون: نېمىشقا؟

سوقرات: چۈنكى، ئۇنىڭ رولى باتۇرلۇق بىلەن پاراسەتنىڭ رو-

لىغا ئوخشىمايدۇ. باتۇرلۇق ۋە پاراسەت دۆلەتنىڭ ئوخشىمىغان تەركىبلىرىدە بولۇپ ئۇلار دۆلەتنى پاراسەتلىك ۋە باتۇر دۆلەتكە ئايلاندۇرىدۇ. پەرھىزكارلىقنىڭ رولى ئۇنداق ئەمەس. ئۇ بارلىق يۇقىرىلاردا ئورتاق بولۇپ، كۈچلۈكلەر، ئاجىزلار، ئوتتۇراھاللار (پاراسەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت، سان، بايلىق ۋە باشقا تەرەپلەردە بولسۇن) نى بىرلەشتۈرۈپ، خور ھاسىل قىلىدۇ، بۇ خوردا يۇقىرى ـ تۆۋەن ئاۋازلار گارمونىك ماسلاشقان ئوركېستىر نامايان بولىدۇ. شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتالايمىزكى، پەرھىزكارلىق ئالىي ـ تۆۋەن تەبىئەتلىك كىشىلەر كىم ـ كىمگە ھاكىم بولۇش مەسىلىسىدە نامايان قىلغان بىردەكلىك ۋە گارمونىيەدۇر، مەيلى شەخس ياكى دۆلەتتە بولمىسۇن.

گىلاۋكون: پىكرىڭگە قوشۇلىمەن.

سوقرات: بەس، دۆلىتىمىزنىڭ ئۈچ خىل خۇسۇسىيىتىنى تېپىپ بولدۇق. دۆلىتىمىزنى گۈزەل پەزىلەتكە ئىگە قىلىدىغان يەنە بىر خۇسۇسىيەت نېمە؟ ئۇ دەل ئادالەتتۇر.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: گىلاۋكون، ياۋايى ھايۋاننىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى ئىزدەپ تاپقان ئوۋچىدەك ھوشيار بولىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ قالدى. ئادالەتنى قاچۇرۇۋەتمەيلى، ئۇ بىزنىڭ خامۇشلىقىمىز تۈپەيلى يېنىمىزدىن چاندۇرماي ئۆتۈپ كېتىپ قالمىسۇن. ئۇ، ئەتراپىمىزدىكى مەلۇم بىر جايدا، كۆزۈڭنى يوغان ئاچساڭ ۋە تىرىشساڭ ئۇنى كۆرەلەيسەن. ئەگەر سەن بالدۇر كۆرسەڭ، مېنى خەۋەردار قىل.

گىلاۋكون: شۇنداق قىلغۇم بار، مەن بىر ئەگەشكۈچى، مېنىڭ كۆرەلەيدىغىنىم پەقەت سەن كۆرسەتكەن نەرسىدىن ئىبارەت، شۇندىلا مېنى ئۇنۇملۇك ئىشلەتكەن بولىسەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، غالىبىيەت ئۈچۈن ماڭا ئەگەشكىن.

گىلاۋكون: سەن مېڭىۋەر، مەن كەينىڭدە.

سوقرات: يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل، بىر قاراڭغۇلۇق.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن بىر قاراڭغۇلۇق، يېتىش ئاسان ئەمەس.

سوقرات: قانداقلا بولمىسۇن، ئىلگىرىلىشىمىز زۆرۈر.

گىلاۋكون: خوپ، ئالغا!

سوقرات: [بىر نەرسىنى كۆرگەندەك بولۇپ، خىتاب قىلدىم.]

ئەي، گىلاۋكون، مەن ئۇنىڭ ئىزىنى تاپقاندەك قىلىمەن، ئۇ، ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

گىلاۋكون: بۇ خەۋەر مېنى خۇرسەن قىلدى.

سوقرات: دەرۋەقە، تولىمۇ ھاماقەت ئىكەنمىز.

گىلاۋكون: نېمە ئۈچۈن؟

سوقرات: نېمە ئۈچۈن دەمسەن؟ ئۇ نەرسە بۇرۇندىنلا كۆز ئالدىمىزدا ئەگىپ يۈرگەن ئىكەن، بىز ئۇنى كۆرمەي كەپتۇق. بىز بەئەينى تۆگىگە مىنىپ ئەنە شۇ تۆگىنى ئىزدىگەندەك كۈلكىلىك ئىكەنمىز. بىز ئالدىمىزغا نەزەر سالماي، ھەدېسىلا يىراققىلا قاراپتۇق. بەلكىم، بۇ ئۇنى نېمە ئۈچۈن تاپالمىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر.

گىلاۋكون: نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

سوقرات: دېمەكچىمەنكى، بىز ئۇ ھەقتە مۇئەييەن شەكىلدە مۇنازىلە قىلىپ كەلدۇق، لېكىن، ئۇنى ھازىرغا قەدەر بىلەلمىدۇق.

گىلاۋكون: ئالدىراڭغۇ ئىخلاسمەن ئۈچۈن، مۇقەددىمەڭ تولىمۇ ئۇزىراپ كەتتى. نەق گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى.

سوقرات: دېگەنلىرىم توغرىمۇ، قېنى، قۇلاق سال. دۆلىتىمىزنى قۇرغاندا، ئومۇمىي بىر پىرىنسىپنى بېكىتكەن ئىدۇق، بۇنداق پىرىنسىپنىڭ ئۆزى ئادالەتتۇر. ئېسىڭدىمىكىن، بىز دەۋاتقان بۇ پىرىنسىپ: دۆلەتتە ھەركىم ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا ۋەزىپە ئۆتىشى لازىم.

گىلاۋكون: راست، بىز شۇنداق دېيىشكەن.

سوقرات: باشقىلار ھەم ئۆزىمىزمۇ دەپ كەلدۇقكى، ئادالەت دې-

مەك ئۆزىنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا قول تىقماسلىقتۇر.

گىلاۋكون: شۇنداق دېيىشكەن ئىدۇق.

سوقرات: ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىش — مەلۇم نۇقتىدىن چۈشەنگەندە ئادالەتتىن ئىبارەت. لېكىن، مەن بۇ خۇلاسىنى نەدىن چىقاردىم، بۇنى بىلەمسەن؟

گىلاۋكون: بىلمەيمەن، سەن ماڭا ئېيتىپ بەرگىن.

سوقرات: پەرھىز، باتۇرلۇق ۋە پاراسەتتىن كېيىن كېلىدىغىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئادالەت دېگەن خۇسۇسىيىتىدۇر. بۇ خۇسۇسىيەت پەرھىز، باتۇرلۇق ۋە پاراسەتنى پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى قوغدايدۇ. ئەگەر ئالدىنقى ئۈچكە ئېرىشسەڭ قېلىپ قالغىنى ئادالەت بولىدۇ، بىز باشتا شۇنداق دېگەن.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: يۇقىرىقى تۆت خۇسۇسىيەتنىڭ ئىچىدە قايسىبىرى دۆلىتىمىزنى ياخشىلايدۇ، ھۆكۈمدارلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ پىكىر بىرلىكىمۇ ياكى قانۇن ئەسكەرلەرگە سىڭدۈرگەن نېمىدىن قورقۇش - قورقماسلىق ھەققىدىكى ئەقىدىنىڭ ئەسكەرلەردە ساقلىنىشىمۇ؟ ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە مۇھاپىزەت قىلىشىمۇ ياكى باللار، ئاياللار، قۇللار، ھۆرلەر، ھۈنەرۋەنلەر، ھۆكۈمدارلار، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا نامايەن بولغان خۇسۇسىيەتمۇ؟ يەنە ھەربىر ئادەم ئايرىم بىر شەخس سۈپىتىدە ئۆزىگە تەۋە ئىشنى ئورۇنداپ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا قول تىقماسلىقىمۇ؟ — بىراۋ بىزدىن شۇنداق سوراپ قالسا، جاۋاب بېرىش قىيىن بولىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: قارىغاندا «ھەبىر كىشىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىشنى ئورۇندىشى» دىن ئىبارەت بۇ خۇسۇسىيەت دۆلەتنى تاكامۇللاشتۇرۇش جەھەتتە، ئەقىل - پاراسەت، پەرھىزكارلىق (تەمكىنلىك)،

باتۇرلۇق قاتارلىقلار بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداق بولسا، دۆلەتنى تاكامۇللاشتۇرۇش جەھەتتىكى باشقا ئۈچ خىل خۇسۇسىيەت بىلەن بەسلىشىۋاتقىنى دەل ئادالەت ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: دۇرۇس.

سوقرات: سىنى قايىل قىلىدىغانلا ئىش بولسا، مەزكۇر مەسىلىنى باشقا بىر نۇقتىدىن كۆزىتىپ باقايلى. سىلەر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قانۇن ۋە دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ھاۋالە قىلمىسىلەرغۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئۇلارنىڭ سوراق سوراشتىكى مەقسىتى شۇكى، ھەركىم باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالماسلىقى، ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى باشقىلارغا ئالدۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك. شۇنداقمۇ — ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: مەقسىتى دەل شۇ.

سوقرات: بۇ ئادالەتنىڭ مەقسىتىمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، بىز بۇ نۇقتىدا پىكرىمىزنى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈرەلەيمىز: ئادالەت دېمەك ھەر كىم ئۆز مېلىغا ۋە ئۆز ئىشىغا ئىگە بولۇش دېمەكتۇر.

گىلاۋكون: دۇرۇس.

سوقرات: قېنى ئويلىنىپ كۆرگىن، تۆۋەندىكى نۇقتىئىنەزەرگە قوشۇلامسەنكىن: ياغاچچى موزدۇزنىڭ ئىشىنى قىلىدى دەيلى ياكى موزدۇز ياغاچچىنىڭ ئىشىنى قىلدى دەيلى، ئۇلارنى ئەسۋاب — ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇردى دەيلى، ھەتتا بىر ئادەم ئىككى ئىشنى قىلماقچى بولدى دەيلى، بۇنداق ئالماشتۇرۇشنىڭ دۆلەتكە ئانچە چوڭ زىيىنى يوق، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: زىيىنى ئانچە چوڭ بولمايدۇ.

سوقرات: لېكىن، مەن مۇنداق ئويلايمەن، بىر ئادەم تۇغما ھۈنەرۋەن ياكى سودىگەر بولۇپ، بايلىقى بىلەن سايلامنى كونترول قىلالايدۇ. ياكى كۈچلۈكلىكى ۋە باشقا پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر ھەمدە باشقىلارنىڭ كۆشكۆرتۈشى تۈپەيلى ئەسكەرلىك دەرىجىسىگە چىقالايدۇ دەيلى. بىر ئەسكەرنى مۇناسىپ بولمىغان ھالدا قانۇنچىلىق ۋە پاسىبانلىق ئورنىغا چىقىۋالدى دەيلى ياكى بۇ نەچچە خىل ئادەملەرنى ئەمگەك قوراللىرى ۋە ئورنىنى ئالماشتۇردى دەيلى، ياكى بىر ئادەم بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە كىشىنىڭ ئىشىنى قىلدى دەيلى. بۇنداق ئالمىشىش ۋە قول تىقىشنى سەنمۇ دۆلەتنىڭ ھالاكىتىدىن بېشارەت دەپ قارايسەن.

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق.

سوقرات: روشەنكى، يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئادەمنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئىشىغا قول تىقىشى ۋە ئورۇن ئالمىشىشى دۆلەتكە چوڭ زىيان. بۇنى ئەڭ ئوسال ئىش دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۆز دۆلىتىگە بولغان ئەڭ زور خەۋپنى سەن ئادالەتسىزلىك دەپ قارىمامسەن؟

گىلاۋكون: نېمىشقا ئۇنداق دېمەيدىكەنمەن؟

سوقرات: دېمەك بۇ ئادالەتسىزلىك، ئەكسىچە، بىز مۇنداق دەيمىز: سودىگەر، ياردەمچى، پاسىباندىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تەبىقە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالمىسا، بۇ ئادالەت بولىدۇ، دۆلەتمۇ ئادالەتلىك دۆلەت بولىدۇ.

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق.

سوقرات: ئادالەتنىڭ ئاخىرقى تەبىرىنى بېكىتىشىمىزگە تېخى بالدۇر. ئۇنىڭ تەتبىقلىنىشى شەخسكىمۇ ئويغۇن كەلسە، ئۇنداقتا بىز ئۇنى ئادالەت دەپ ئېتىراپ قىلىمىز، چۈنكى، بۇ يەردە باشقا گەپنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ئويغۇن كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا باش-

قا بىر تەبىرنى تاپىمىز. ئەمدى بىز ئادالەت ھەققىدىكى تەبىرلەش-
لىرىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز. بىز ئادىل بولغان چوڭ نەرسىنىڭ
ئىچىدە ئادالەت بار دېسەك، ئادالەتنىڭ شەخستىكى نامايەندىسىنى
ئاسان كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ھېلىقى چوڭ نەرسە دەل دۆلەتتىن ئى-
بارەتتۇر. بىز بۇنداق ئەڭ ياخشى دۆلەتنى بارلىق ئىمكانىيەتتىن
پايدىلىنىپ قۇرۇپ چىقىمىز. بىزگە ئايانكى، بۇنداق ياخشى دۆلەت-
تە ئادالەت بار. بىز دۆلەتتىن بايقالغان نەرسىلەرنى شەخسلەرگە
تەتبىقلاپ كۆرەيلى. ئەگەر ھەر ئىككى خىل تەتبىقلاش بىردەكلىك-
كە ئىگە بولسا، كۇپايە. ئەگەر ئادالەتنىڭ شەخسكە تەتبىقلىنىشىدا
ئوخشىمىغان تەرەپ كۆرۈلسە، بىز ئۇنى دۆلەتكە تەتبىقلاپ تۇرۇپ
تەكشۈرۈپ چىقىمىز. دۆلەت ۋە شەخسكە تەتبىقلاپ كۆرگەنلىرى-
مىزنى سېلىشتۇرۇپ، بىر - بىرىگە سۈركىسەك، ئۇنىڭدىن ئوچ-
قۇن يانىدۇ - دە، ئۇنىڭ يورۇقىدا ئادالەتنى كۆرەلەيمىز. ئۇ ئۆزىنى
ئاشۇنداق روياپقا چىقارغاندىلا قەلبىمىزگە نەقىشلەيمىز.

گىلاۋكون: ناھايىتى ياخشى تەرتىپ بولدى، شۇنداق قىلىش
كېرەك.

سوقرات: چوڭ ۋە كىچىك ئىككى نەرسە بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى
ئوخشاش بولسا، ئۇلار پەرقلىق بولامدۇ ياكى ئوخشاشمۇ؟

گىلاۋكون: ئوخشاش.

سوقرات: ئادالەت ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئادالەتلىك شەخس بىلەن
ئادالەتلىك دۆلەتنىڭ پەرقى يوق، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: دۆلەتتىكى يۇقىرىقى ئۈچ تەبىقە ئادەمنىڭ ھەربىرى
ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلغاندا، دۆلەت ئادالەتلىك بولىدۇ، بەلكى، دۆ-
لەتمۇ بۇ كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى ۋە خاراكتېرىگە ئاساسەن ۋەز-
مىن (تەمكىن)، باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك بولىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: شەخسمۇ ھەم شۇنداق، دوستۇم. ئەگەر بىر شەخسنىڭ

روھىدىنمۇ دۆلەتتىكى ئاشۇ بىر قانچە تەركىبىي قىسىم تېپىلسا، بىز بۇ شەخسنى دۆلەتتىكى ئاشۇ تەركىبىي قىسىم بىلەن سۇپەتلىسەك بولىدۇ.

گىلاۋكون: شەكسىز.

سوقرات: ھە، بىز بىر ئاسان ئىشقا دۇچ كەلدۇق: روھتا يۇقىرىقى ئۈچ خىل خۇسۇسىيەت بارمۇ، بۇنى تەتقىق قىلىپ كۆرەيلى.

گىلاۋكون: مەن بۇنى ئاسان ئىش دەپ قارىمايمەن، چۈنكى، «يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ، يولۋاس بالىسىنى تۇتالمايسەن» دېگەن نەقىل بارغۇ، سوقرات.

سوقرات: ئۇغۇ شۇنداق. ساڭا دېسەم گىلاۋكون، ھازىرقى ئۇسۇل بويىچە بولغاندا، بۇ مەسىلىنى ھەرگىزمۇ ئېنىقلىيالمايمىز. بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاشنىڭ توغرا ئۇسۇلى ئۇزۇن ھەم قىيىن بىر جەرياندۇر. يۇقىرىقى ئۇسۇلىمىز مەسىلىنى مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلىدۇ، خۇددى يۇقىرىقى دەرىجىدىكىدەك.

گىلاۋكون: يېتەرلىكقۇ؟ شەخسەن مەن بۇنىڭدىن قانائەتلىكمەن.

سوقرات: مەنمۇ شۇنداق.

گىلاۋكون: ئۇنداقتا، سەۋرچانلىق بىلەن ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى.

سوقرات: ھەر بىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا دۆلەتتە بار بولغان خۇسۇسىيەتلەر ۋە ئادەتلەر بار دەپ ئېتىراپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ - يوق؟ چۈنكى، دۆلەتمۇ ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ئادەمدىن ئۆزگە نەرسىدىن تاپالمايدۇ. بىلىش كېرەككى، بەزىلەر ئېيتقاندەك، دۆلەتتە پەيدا بولغان ھاياجان يۇقىرىلاردىن كەلمىگەن دېيىلسە، بۇ بىمەنىلىك بولىدۇ (ئەگەر يۇقىرىلار سېرسىلار، سېسۇيالىقلار ۋە شىماللىقلاردەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە دېيىلسە). دۆلەتتە ئەقىل - پاراسەتنى سۆيىدىغان خۇسۇسىيەت ئىپادىلەنسە (بىزنىڭ مۇشۇ يەرگە تەۋە) ياكى ئاچ كۆزلۈك تەبىئىتى كۆرۈلسە (فىنكىيەلىكلەر ۋە مىسىرلىقلاردەك، ئۇلار بىر - بىرىدىن قېلىشمايدۇ) بۇ يەنىلا

پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي تەبىئىتىدىن كەلگەن.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات:ئەمەلىيەت شۇ، بۇنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئەمما، بىراۋ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەخسنىڭ خۇسۇسىيىتى ئايرىم ھالدىكى ئۈچ تەركىبىي قىسىمدىن ئىبارەتمۇ ياكى ئۇلارنىڭ بىر گەۋدىسىمۇ دەپ سورىسا، بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئانچە ئاسان ئەمەس. يەنى بىز ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا بىر قىسمىمىزنى، غەزەپلەنگەندە يەنە بىر قىسمىمىزنى، ئارزۇ ــ ھەۋەسلىرىمىزنى قاندۇرغاندا ئۈچىنچى بىر قىسمىمىزنى ئىشلىتەمدۇق ياكى ھەربىر پائالىيىتىمىزدە پۈتۈن روھنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەمدۇق؟ بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش قىيىن.

گىلاۋكون: مەنمۇ شۇنداق تونۇيمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنۇپ باقايلى: ئۇلار بىر نەرسىمۇ ياكى بىر قانچە نەرسىمۇ؟

گىلاۋكون: قانداق ئېنىقلايمىز؟

سوقرات: مۇنداق بىر قائىدە ناھايىتى ئېنىق: بىر شەيئىنىڭ بىر قىسمى شۇ شەيئىگە ئالاقىدار بولىدۇ، ھەرگىزمۇ شۇ بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ ئەكسىچە ھەرىكەت قىلالمايدۇ ياكى ئەكسىچە ھەرىكەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇڭا، بىز شەيئىدىن ئەكسىچە ئەھۋالنى ئۇچراتقىنىمىزدا شۇنى بىلىمىزكى، بۇ بىر شەيئىنىڭ ھەرىكىتى ئەمەس، بەلكى ئوخشاشمىغان شەيئىنىڭ ھەرىكىتى.

گىلاۋكون: ناھايىتى ياخشى.

سوقرات: گېپىمگە دىققەت قىلغىن.

گىلاۋكون: مەرھەمەت!

سوقرات: بىر شەيئىنىڭ ئوخشاش بىر قىسمى بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەتچان ھەم جىمجىت بولالامدۇ؟

گىلاۋكون: مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات: تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلايلى، نۆۋەتتىكى مۇنازىرىمىزدەك بۆلۈنۈش كېلىپ چىقمىسۇن. بىراۋ جىم تۇردى، بىراق، ئۇنىڭ بېشى ۋە قولى ھەرىكەتتە. بىراۋ بۇنى بىر ئادەم جىمجىتلىقتا ھەم ھەرىكەتتە دېسە، بۇنى توغرا دەپ قارىغىلى بول-مايدۇ. ئېيتىش كېرەككى، بۇ ئادەمنىڭ بىر قىسمى جىم، يەنە بىر قىسمى ھەرىكەتتە. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: مۇنازىرىلەشكۈچى قارشى تەرەپ ئۆزىنىڭ چاقچىقىنى ئەپچىللىك بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، پىرقىراۋاتقان نورنىڭ ئۇچى بىر نۇقتىدا تۇرۇپ پىرقىراۋەرسە، پۈتۈن نور بىرلا ۋاقىتتا ھەرى-كەتتە ھەم جىمجىتلىقتا دېسە، بىر نۇقتىدا ئايلىنىۋاتقان جىسىم-نىمۇ شۇنداق دېيەلەيدۇ، بىز ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋالدا جىمجىتلىقتا ۋە ھەرىكەتتە بولۇۋاتقىنى شەيئىنىڭ ئوخشاش بىر قىسمى ئەمەس، ئېيتىشىمىز كېرەككى، ئۇنىڭدا مەركىزىي ئوق سىزىق بىلەن ئۇنى چۆرىدىگەن يۇمىلاق سىزىق مەۋجۇت. ئەگەر مەركىزىي ئوق سىزىقىقا قارىساق، ئۇ «جىمجىتلىقتا»نى «جىملىقتا»غا ئۆزگەرتسە يان تەرەپكە ئېغىپ كەتمىگەن بولسا جىمجىت كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ئوق سىزىقنى چۆرى-دىگەن يۇمىلاق سىزىققا قارىساق، نور ھەرىكەتتە كۆرۈنىدۇ. مۇبادا ئايلىنىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئوق سىزىق ئوڭ ۋە سولغا ئالدى — كەينىگە قىيسىيىپ كەتسە، ئايلىنىۋاتقان جىسىمنى جىمجىت دېيەلمەيمىز.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىزنى قايمۇقتۇرىدىغان ۋە ئىشەندۈرۈۋېتى-دىغان مۇنۇ گەپكە ئورۇن قالمايدۇ: بىر شەيئىنىڭ بىر قىسمى شۇ شەيئىگە ئالاقىدار بولىدۇ، ھەرگىزمۇ شۇ بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ-نىڭ ئەكسىچە ھەرىكەت قىلالمايدۇ ياكى ئەكسىچە ھەرىكەتنىڭ تە-

سىرىنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى: بىزنىڭ بۇنداق قارشى پىكىرلەرنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ئورنى يوق. بىز ئۇنى خاتا دەپ پەرەز قىلىپ تۇرۇپ، ئىلگىرىلىسەك بولىدۇ. ئەستە تۇتۇش لازىمكى، بىز بۇخىل پەرەزنىڭ خاتالىقىنى بايقىغان ھامان، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان خۇلاسىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: شۇنداق دېيىشىمىز كېرەك.

سوقرات: يەنە بىر مەسىلە بار: ماختاش بىلەن سۆكۈش، تەلەپ قىلىش بىلەن رەت قىلىش، ئۆزىگە تارتىش بىلەن چەتكە قېقىش قاتارلىقلارنى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى دەپ ئويلامسەن؟ — ئاك-تىپ ياكى پاسسىپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قارشى تەرەپلىرىگە تەسىرى بولمايدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق، ئۇلار بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى.

سوقرات: چاڭقاش ۋە ئېچىرقاشلار كەبى ھاۋايى - نەپس شۇنداقلا، ئارزۇ، ئۈمىد قاتارلىقلارنى يۇقىرىقىدەك تۈركۈملىگىلى بولامدۇ؟ ئىنسان بىر نەرسىگە موھتاج بولسا، ئۇنىڭ روھى شۇ نەرسىگە ئىنتىلىدۇ، ئۇ نەرسىگە موھتاج ئىنسان، ئۇنىڭ ئۆز يې-نىدا ھازىر بولۇشىنى خالايدۇ. شۇنداقمۇ؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىراۋ بىر نەرسىنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ قەلبى شۇ نەرسىگە ئىنتىزار بولغانلىقتىن، قەلبى شۇ كىشىنىڭ ئۈمىدىگە خىلاپ كېلەتتىمۇ؟

گىلاۋكون: خىلاپ ئەمەس.

سوقرات: خالىماسلىق، ياقتۇرماسلىق، تەلەپ قىلماسلىقلار ھەققىدە يەنە قانداق قاراشلىرىڭ بار؟ بىز ئۇلارنى روھنىڭ رەت قىلىش، يەكلەش كەبى تۈركۈمىگە كىرگۈزسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بولىدۇ.

سوقرات: ھاۋايى ـ نەپس ھەققىدە ئېيتقانلىرىمىز توغرا بولغان ئىكەن، ھاۋايى ـ نەپس بىر تۈركۈم بولۇپ، ئۇنىڭغا تەۋە ئەڭ يارقىن مىساللار چاڭقاش ۋە ئېچىرقاشتىن ئىبارەت دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق دېيىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

سوقرات: چاڭقاش ۋە ئېچىرقاش ئۇسسۇلۇق ۋە يېمەكلىك تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: چاڭقاش دېگىنىمىز روھنىڭ ئۇسسۇلۇققا بولغان ئىنتىلىشىدۇر. بۇ يەردە ئىچىملىكتىن باشقا نەرسىنى تىلغا ئالدۇقمۇ ـ يوق؟ ئۇسسۇلۇققا بولغان ئىنتىلىشنى دېگىنىمىزدە ئىسسىق ـ سوغۇق، ئاز ـ جىق دېگەنلەرنى ئېنىق تىلغا ئالدۇقمۇ؟ قىسقىسى، قانداق ئۇسسۇلۇق ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتۇقمۇ؟ ئەگەر چاڭقىغان ۋاقىتتا ئىسسىق بولسا سوغۇق ئۇسسۇلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ، چاڭقىغان ۋاقىتتا، سوغ بولسا، ئىسسىق ئۇسسۇلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ؛ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بەكرەك چاڭقىسا كۆپرەك ئۇسسۇلۇق تەلەپ قىلىدۇ، ئازراق چاڭقىسا ئازراق ئۇسسۇلۇق تەلەپ قىلىدۇ؛ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ نوقۇل چاڭقاشنىڭ ئۆزى باشقا نەرسىنى تەلەپ قىلماستىن، ماھىيەتلىك تەلەپ قىلىنغان نەرسىنى يەنى ئۇسسۇلۇقنىڭ ئۆزىنى خالايدۇ. ئېچىرقاشمۇ شۇنداق. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق. ھەربىر ئېھتىياج ئۆزىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرىدىغان نەرسىنىلا تەلەپ قىلىدۇ. ئالاھىدە ئېھتىياج ئالاھىدە نەرسە تەلەپ قىلىدۇ.

سوقرات: بۇنىڭغا بەزىلەر قارشى چىقىپ، چاڭقىغاندا ئۇسسۇلۇقلا بولسا بولدى، دەپ ياخشى ئۇسسۇلۇق تەلەپ قىلمايدىغان، يېمەكلىكلا بولسا بولدى دەپ، ياخشىسىنى تەلەپ قىلمايدىغان ھېچكىم يوق دېيىشى مۇمكىن. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم ياخشىنى خالايدۇ. چاڭقاش بىر خىل ئېھتىياج بولغان ئىكەن، ئۇ تەبىئىي

هالدا ياخشى ئۇسسۇلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقا ئېھتىياجلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بۇنداق قارشى پىكىرلەرگە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك، بولمىسا بىزنى قايمۇقتۇرۇپ كېتىدۇ.

گىلاۋكون: ئۇ پىكىرلەر قارىماققا ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنىدىكەن.

سوقرات: بىز شۇنداق قارايمىزكى ئالاھىدە نەرسىلەر ئالاھىدە كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ماھىيەتلىك نەرسىلەر ماھىيەتلىك كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

گىلاۋكون: چۈشەنمىدىم.

سوقرات: بىلىشىڭ كېرەككى، بۇيۈك نەرسە دېگىنىمىز بىرخىل نىسپىي ئۇقۇم.

گىلاۋكون: بۇنى بىلىمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئۇ كىچىك نەرسە بىلەن نىسبەتلىك ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: نىسبەتلىك.

سوقرات: بەك چوڭ نەرسە بەك كىچىك نەرسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: مۇئەييەن ۋاقىتتىكى چوڭراق نەرسە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىكى كىچىكرەك نەرسىگە ئالاقىدار بولىدۇ، چوڭ‌ئايغۇچى كىچىكلىگۈچىگە ئالاقىدار بولىدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: كۆپ ئازغا ئالاقىدار، پۈتۈن يېرىمغا ئالاقىدار؛ شۇنىڭدەك، ئېغىر يېنىككە، تېز ئاستىغا، ئىسسىق سوغۇققا ئالاقىدار. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: پەنمۇ ئوخشاشلا شۇ بىر قائىدىگە بويسۇنمايدۇ؟ پەن بىلىمگە ۋە پەننىڭ ئوبيېكتى بولالايدىغان ھەر قانداق نەرسىگە ئالاقىدار. لېكىن، مەلۇم بىر ئالاھىدە پەن ئالاھىدە بىلىمگە ئالا-

قىدار. ئالايلۇق، ئۆي سېلىشقا ئائىت بىلىم باشقا بىلىملەردىن پەرقلىق ھالدا مېمارچىلىق دېيىلىدۇ. شۇنداققۇ؟

گىلاۋكون: شۇبھىسىز.

سوقرات: بۇ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن يەنى باشقا پەنلەردە بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە بولغان ئوبيېكتتىن كەلگەن ئەمەسمۇ؟ باشقا پەنلەر ۋە ھۈنەرلەرمۇ شۇنداققۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: گېپىمنى چۈشەنگەن بولساڭ، ساڭا شۇنىسى ئايدىڭ بولىدۇكى، بىز يۇقىرىدا توختالغان نىسپىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى گەپلەرنىڭ مۇددىئاسى دەل مۇشۇ يەردە. مەن باشتا شۇنداق دېگەن: نەرسە شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە، ئالاھىدە ماھىيەتلىك نەرسە يەنە شۇ ئالاھىدە ماھىيەتلىك نەرسىگە ئالاقىدار. مەن مۇنداق دېمىگەن ئىدىم: ئۇلارنى مەلۇم نەرسىگە مۇناسىۋەتلىك دېگىنىم چوقۇم شۇ نەرسىگە ئوخشاش دېگىنىم ئەمەس. ئۇنداق بولىدىغان بولسا ساغلاملىق ۋە كېسەللىككە دائىر بىلىم ساغلاملىق ئىلمى ۋە كېسەللىك ئىلمى بولۇپ قالاتتى، رەزىللىك ۋە پەزىلەتكە دائىر بىلىم بولسا رەزىللىك ئىلمى ۋە پەزىلەت ئىلمى بولۇپ قالاتتى. مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، پەن بارلىق ئوبيېكت ھەققىدە ئەمەس ئالاھىدە ئوبيېكت ھەققىدە بولغاندا، يەنى كېسەللىك ۋە ساغلاملىققا ئوخشاش كونكرېت دائىرە ھەققىدە بولغاندا، ئاندىن مەلۇم بىر پەن بولالايدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ «پەن» دېگەن مەۋھۇم مەنىدە ئاتالماستىن «مېدىتسىنا» — دەپ ئاتىلىدۇ.

گىلاۋكون: چۈشەندىم. شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: چاڭقاشقا كېلەيلى. سەن چاڭقاشنى ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزىگە ئالاقىدارلىرى بار بولغان شەيئىگە مەنسۇپ دەپ قارى-

مامسەن؟ چاكقاش شۇبھىسىز ھالدا مەلۇم نەرسىگە ئالاقىدار بولىدۇ.
گىلاۋكون: ئۇ ئۇسسۇلۇققا ئالاقىدار.
سوقرات: ئۇنداقتا، ئۇسسۇلۇق ئالاھىدە بىر تۈر بولسا، چاكقاشمۇ ئالاھىدە بىر تۈردۇر. چاكقاشنىڭ ئۆزى بىلەن ئالاقىدار ئۇسسۇلۇققا دائىر ئاز ـ كۆپ، ياخشى ـ يامان دېگەنلەر بولمايدۇ. ئومۇمەن، ئۇسسۇلۇقنىڭ تۈرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نوقۇل چاكقاش تەبىئىي ھالدا نوقۇل ئۇسسۇلۇقنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟
گىلاۋكون: شۇبھىسىز.
سوقرات: چۈنكى، چاكقاش روھى پەقەت چاكقاشتىلا بولىدۇ. ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئىچىشتىن ئۆزگە ئەمەس. ئۇ شۇنىلا كۆزلەيدۇ.
گىلاۋكون: بۇنىسى ئېنىق.
سوقرات: شۇڭا، بىر كىشى چاكقىغان چېغىدا ئۇنىڭ روھىدىكى يەنە بىر نەرسە ئۇنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى توسايدۇ، بۇ ئايرىم بىر نەرسە بولۇپ، چاكقاتقان ۋە ھايۋاننى سۇغارغان كەبى قاندۇرۇشقا ئېلىپ بارغان نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. بىز باشتا ئېيتتۇقكى، شەيئىنىڭ بىر قىسمى مەلۇم بىر ئىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىرلا ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە زىت پائالىيەتتە بولالمايدۇ.
گىلاۋكون: شۇنداق.
سوقرات: ئوقياچىنىڭ مىسالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ قولى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يانىڭ كىرىچىنى تارتىدۇ ھەم قويۇپ بېرىدۇ دېسەك ئەھۋالغا ئۇيغۇن بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىر قولى كىرىچنى تارتسا، يەنە بىر قولى ئوقيانى قارشى تەرەپكە تارتىدۇ، دېسەك توغرا بولىدۇ.
گىلاۋكون: شۇنداق.
سوقرات: ئۇنداقتا، بىز مۇنداق دېيەلەمدۇق: بىر ئادەم چاكقىدى، لېكىن ئىچكۈسى كەلمىدى.

گىلاۋكون: بۇنداق ھال ھەمىشە بولۇپ تۇرىدۇ.

سوقرات: بىز بۇ ئىشلار ھەققىدە قانداق خۇلاسىگە كېلىمىز؟ بۇ ئۇلارنىڭ روھىدا ئىچىشكە ئۈندەيدىغان نەرسە بىلەن ئىچىشنى توسايدىغان نەرسە تەڭ مەۋجۇت دېگەنلىكمۇ؟ توسقان نەرسە ئۈندىگەن نەرسىدىن كۈچلۈكمۇ؟

گىلاۋكون: مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

سوقرات: ئىچىشنى توسۇغۇچى ئامىل، ئەگەر توسۇماقچى بولسا ئەقىلنى چىقىش قىلىدۇ. ئىچىشكە ئۈندىگۈچى ئامىل بولسا ھېسسىيات ۋە بىتاپلىقتا ئەگەشكەن بولىدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىزنىڭ مۇنداق بىر پەرەزنى قىلىشىمىزغا ئاساس ھازىرلىنىدۇ: ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى نەرسە ئۇنىڭ بىرى (ئەقىل) ئويلاش ۋە ئىسپاتلاشتا قوللىنىلىدۇ، شۇڭا، ئۇ روھىيەتنىڭ ئەقلىي قىسمى دېيىلىدۇ. يەنە بىرى (ھېسسىيات) بولسا مۇھەببەت، ئېچىرقاش، ئۇسسۇزلۇق ئېھتىياجلارنىڭ قوزغىلىشىنى ھېس قىلىش بولۇپ، ئۇنى روھنىڭ غەيرىي ئەقلىي بۆلىكى دەيمىز، ئۇ تويلۇق قامدىلىش ۋە راھەتنىڭ ھەمراھى.

گىلاۋكون: بۇ پەرەز ناھايىتى ئورۇنلۇق.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز ئىنساننىڭ روھىدا بۇ ئىككى خىل نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇقىملاشتۇرساق بولىدىكەن. ئەمدى بىزنى غەزەپكە مۇپتىلا قىلىدىغان ھاياجانغا كېلەيلى، ئۇ يۇقىرىقى ئىككى ئامىلنىڭ سىرتىدىكى ئۈچىنچى نەرسىمۇ ياكى يۇقىرىقى ئىككى نەرسىنىڭ بىرسىگە كىرەمدۇ؟

گىلاۋكون: بەلكىم، ئۇلارنىڭ بىرسىگە، يەنى ھېرىس تۇرىگە كىرىشى مۇمكىن.

سوقرات: مەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىمەن. ئېيتىلىشىچە، ئاگلايىننىڭ ئوغلى لەيىن-

تۇس پىرائۇس دېگەن يەردىن شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئۆتكىچە، جازا مەيدانىدىكى بىر نەچچە جەسەتنى كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭ تەپسىلىي كۆرۈپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، يىرگەنگەندەك بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە يۈزىنى ئورۇۋاپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ كۆرۈپ بېقىش ھەۋىسى غالىب كېلىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە جەسەتنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كۆزلىرىنى «قارا ئەبلەخ، بۇ چىرايلىق مەنزىرىگە تويغىچە قارا» دەپ تىللاپتۇ.

گىلاۋكون: بۇ ھېكايىنى مەنمۇ ئاڭلىغان.

سوقرات: بۇ ھېكايە شۇنى بىلدۈرىدۇكى، غەزەپ ھېرىسنىڭ سىرتىدىكى نەرسە بولۇپ، بەزىدە ئۇ ھېرىس بىلەن توقۇنۇشىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىز ئۇنداق مىساللارنى نۇرغۇن قېتىم كۆرگەن؛ بىر ئادەمنىڭ ھەۋىسى ئۇنىڭ ئەقلىدىن ئۇستۇن كەلسە ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇنداق كۈچتىن نەپرەتلىنىدۇ. ئىككى خىل سىياسىي مەزھەپنىڭ كۈرىشىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ھالەتتە، ھاياجان ئەقىلنىڭ ھەمكارى بولىدۇ. ھاياجاننىڭ ھەۋەس تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ (گەرچە ئەقىل ئۇنىڭغا يول قويمىسىمۇ) ئەقىلگە قارشى تۇرۇشىنى سەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭدە يۈز بەرگەندەك ھېس قىلالمايسەن. مېنىڭچە بۇ ھالنى باشقىلاردىمۇ رۇي بەرمىگەن دەپ ئويلايمەن.

گىلاۋكون: راست، يۈز بەرمىگەن.

سوقرات: يەنە كېلىپ، بىر ئادەم ئۆزىنى گۇناھكار دەپ قارىسا ۋە بۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئالىيجاناب بولسا، ئۇ ئۆزى يولۇققان ئاچ-زارلىقنى ۋە باشقىلار يەتكۈزگەن كۈلپەتنى ھەقلىق دەپ ئويلايدۇ-دە، غەزىپىنى پەسەيتىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە بولغاندا ئۇ ئادەمنىڭ ھېسسىياتى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىگە قارشى قوزغىغان قۇتراتقۇلۇقىنى رەت قىلغان بولىدۇ. بۇ دېگىنىم توغرىمۇ؟

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئەمما، بىر كىشى ئۆزىنى ئادىل بولمىغان مۇئامىلىگە يولۇقتۇم، دەپ قارىسا، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنداقتا، ئۇ غەزەپلى-نىپ، ئۆزى ئادىل دەپ قارىغان تەرەپكە ئۆتۈپ كۈرەشكە تۇتۇنىدۇ. ئۇ ئاچ ـ زارلىققا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن غەلىبە ئىرادىسى مۇس-تەھكەملەنگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالىيجانابلىق روھى تاكى رەقىبىنى يەكسان قىلغىچە ياكى ئۆزى يەكسان بولغىچە ئارام تاپمايدۇ، بىر بولسا ئۇ ئەقلىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغانغا قەدەر بولدى قىلمايدۇ. خۇددى ئوۋ ئىتى ئوۋچىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىمىغۇچە قاۋاشتىن توختىمىغاندەك.

گىلاۋكون: بۇ سېلىشتۇرما ناھايىتى جايىغا چۈشتى. مەملىكە-تىمىزدە، ياردەمچىلەر بەئەينى ئاشۇ ئىتلاردەك ئۆز ھۆكۈمدارلىرى-نىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلايدۇ. ھۆكۈمدار بەئەينى ئېلىمىزنىڭ پادىچى-لىرىغا ئوخشايدۇ.

سوقرات: دېمەكچى بولغانلىرىمنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىپ-سەن. بىراق، سەن مۇنۇ بىر مەسىلىگە دىققەت قىلدىڭمۇ؟

گىلاۋكون: قايسى مەسىلىگە؟

سوقرات: بىزنىڭ ھاياجان توغرىسىدىكى ھازىرقى قارىشىمىز بايىقى تەسىراتىمىزنىڭ ئەكسىچە بولدى. بايا بىز ھاياجاننى ھېرىس (ھەۋەس)نىڭ بىر تۈرى دەپ قارىغانىدۇق. ئەمدى ئەھۋال تامامەن ئوخشىمىدى، ئەمدى شۇنداق دېيىشىمىزگە توغرا كەلدىكى، ئۇ روھنىڭ زىددىيەتلىرىدە ئەقىل تەرەپتە تۇرۇشنى خالايدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئۇ ئەقىلگە ئوخشامدۇ ياكى ئۇ ئەقىلنىڭ بىر تۈرىمۇ؟ روھتا ئەقىل ۋە ھېرىستىن ئىبارەت ئىككىلا نەرسە بارمۇ ياكى ئۈچىنچى خىل نەرسىمۇ بارمۇ؟ خۇددى بىر دۆلەتتە تى-رىكچىلىك قىلغۇچىلار، ياردەمچىلەر ۋە تەدبىرچىلەر بولغاندەك، روھىمىزدىمۇ ھاياجاندىن ئىبارەت ئۈچىنچى نەرسە بولامدۇ؟ (ئۇ

ئەسكى ئادەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىسىلا، ئەقلىنىڭ ياردەمچىسى بولالايتتى.)

گىلاۋكون: ئۇچىنچى بىر تەركىب مۇقەررەر ھالدا بار.

سوقرات: خۇددى ئۇنى ھېرىسكە ئوخشىمايدىغان نەرسە دەپ ئىسپاتلىغىنىمىزدەك، ئەقىلگىمۇ ئوخشىمايدۇ، دەپ ئىسپاتلىساق، بىز ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولىمىز.

گىلاۋكون: بۇنى ئىسپاتلاش تەس ئەمەس. كىشىلەر بالىلاردىن شۇنى كۆرەلەيدۇكى، بالىلار تۇغما ھېسسىياتچان بولىدۇ. بىز بەزى بالىلارنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سالغانلىقىنى كۆرۈپمۇ باقمايمىز، كۆپ ساندىكى بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىنلا ئەقلىنى تاپىدۇ.

سوقرات: توغرا دېدىڭ. كىشىلەر ھايۋانلاردىنمۇ ھېرىسمەنلىك ئالامەتلىرىنى بايقايدۇ. بىز يەنە ھومېرنىڭ مىسرالىرىدىن دەلىل كەلتۈرەلەيمىز:

كۆكسىگە ئۇرا ـ ئۇرا، قەلبىدىن ئالدى ھېساب.① ھومېر شۇنداق دەۋاتىدۇكى، ياخشى ـ يامانغا ھۆكۈم قىلىدىغان ئەقىل غەيري ئەقلي ھادىسە بولغان غەزەپنى ئەيىبلەۋاتىدۇ، بۇ يەردە ئۇ تامامەن باشقا بىر نەرسە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: بىز جىق جەريانلارنى بېسىپ، نىشانغا تەستە يەتتۇق ۋە ئاخىر بىردەك تونۇشقا كەلدۇق؛ بىر دۆلەتتە مەۋجۇت بولغان نەرسە ھەربىر ئىنساننىڭ روھىدا مەۋجۇت بولۇپ، سانى ئوخشاش بولىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز مۇنداق يەكۈنگە كېلىمىز: بىر ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن دۆلەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ئوخشاش بىر نەرسىدۇر. بىر ئادەمنى ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشتۈرىدىغان پەزىلەت بىلەن دۆلەتنى ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشتۈرىدىغان پەزى-

① «ئودىسسا» دىن ئېلىنغان مىسرا.

لەت ئوخشاشقۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز.

سوقرات: يەنە بىز مۇنداق يەكۈنگىمۇ ئېرىشىمىز: بىر ئادەمنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن دۆلەتنىڭ باتۇرلۇقى ئوخشاشلا باتۇرلۇق. ئادەمنى باتۇر قىلىدىغان پەزىلەت بىلەن دۆلەتنى باتۇر قىلىدىغان پەزىلەت بىردەك. شۇنىڭدەك بارلىق گۈزەل پەزىلەتلەردە شەخس بىلەن دۆلەت ئەنە شۇنداق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولىدۇ.

گىلاۋكون: تەبىئىي.

سوقرات: ئۇنداقتا، گىلاۋكون، بىز بىر دۆلەتنى ئادالەتلىك دەپ باھالاشتا تايانغان نەرسىنى شەخسنىڭ ئادالىتىگە تەتبىقلىساقمۇ بولىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: بىراق، شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، بىر ئادىل ئەلدە يۇقىرىقى ئۈچ تەبىقە كىشىلىرى ئۆز مەجبۇرىيە-تىنى ئۆتىگەن بولىدۇ.

گىلاۋكون: بىز ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلمىدۇق.

سوقرات: ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ھەر بىرىمىزنىڭ تەبىئىتىدى-كى ئۈچ نەرسە (ئەقىل، ھېسسىيات، ھاياجان) مۇ ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرسا، بۇمۇ ئادالەت بولىدۇ.

گىلاۋكون: بۇلارنى ئەستە ساقلىشىمىز لازىم، دەرۋەقە.

سوقرات: ئەقىل بىرخىل پاراسەت سۈپىتىدە پۈتكۈل روھنىڭ پايدىسى ئۈچۈن چارە كۆرگەن ئىكەن، ئۇنى رەھبەرلىك ئورنىغا قويساق بولامدۇ - يوق؟ ھاياجان ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياردەم قىلىش كېرەكمۇ - يوق؟

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك.

سوقرات: خۇددى بىز باشتا ئېيتقاندەك، مۇزىكا بىلەن تەنتەر-بىيە ھەمكارلاشما رول ئويناپ، ئەقىل بىلەن ھاياجاننى ئۆزئارا ماسلاشتۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇلار گۈزەل تىل ۋە ياخشى مەشىق ئارقى-

لىق ئەقىل ـ پاراسەتنى تاۋلايدۇ، ئۇلار يەنە گارمونىيە ۋە رىتىم ئارقىلىق ھاياجاننى مەدەنىي ھەم مۇلايىم ھالەتكە كەلتۈرىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: تامامەن توغرا.

سوقرات: بۇ ئىككىسى (ئەقىل ۋە ھاجايان) ئۆز دائىرىسىدىكى ۋەزىپىسىنى ياخشى ئۆتەشكە يېتەكلەنسە، ئۇلار ھېرىس (ھەۋەس) كە يېتەكچىلىك قىلالايدۇ (ھەۋەس روھىيەتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ، مال ـ دۇنياغا نىسبەتەن ئاچ كۆز بولىدۇ) ۋە جىسمانىي لەززەتكە بېرىلىپ كېتىش تۈپەيلى ئۆزىگە كاشىلا قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى نازارەت قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەدەپ كېتىپ، ئىنساننىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى خاراب قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

گىلاۋكون: تامامەن توغرا.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئەقىل بىلەن ھاياجان ئىككىسى بىرلىشىپ، روھ بىلەن تەننىڭ دەخلىگە ئۇچرىشىنى قوغدايدۇ. ئۇلاردىن بىرى يېتەكلەيدۇ، يەنە بىرى ئاشۇ يېتەكلەش ئارقىسىدا، ئەقىلنىڭ مۇددىئاسى ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ھاياجىنى مەيلى خۇشاللىق ياكى ئازابتا بولسۇن، نېمىدىن قورقۇش ۋە نېمىدىن قورقماسلىق توغرىسىدا ئەقىل بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئۇنتۇپ قالمىسا، ئۇنداقتا بىز ئاشۇ ھاياجان ئىگىسىنى باتۇر دېسەك بولىدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: بىز بىراۋنىڭ ۋۇجۇدىدا رەھبەرىي رول ئويناۋاتقان ۋە ئەقىدە ئۆگەتمىدىغان شۇ كىچىككىنە نەرسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ كىشىنى پاراسەتلىك دەپ قارايمىز. بىراۋنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇ نەرسىلەرنى بىز بايا ئېيتقان ئۈچ تەركىبنىڭ ئۆز ئالدىغا بولغان ئايرىم مەنپەئەتلىرىنى ۋە ئورتاق مەنپەئەتنى بىلىدىغان نەرسە دەپ

قىياس قىلىمىز.

گىلاۋكون: تامامەن توغرا.

سوقرات: ئادەمدىكى ئۈچ تەركىب ئۆزئارا دوستانە ۋە گارمونىك بولغاندا، ئەقىل يېتەكچىلىك ئورنىغا ئۆتكەندە، ھېسسىيات ۋە ئارزۇ ــ ھەۋەسلەر ئەقىلنىڭ يېتەكچىلىكىنى ھىمايە قىلىپ، بو- يۇنتاۋلىق قىلمىغاندا، ئۇلارغا ساھىب بولغان ئادەم ئۆزىنى تو- تۇۋالغان بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: دەرۋەقە شۇنداق. دۆلەت ۋە شەخسنىڭ ئۆزىنى تۇتۇ- ۋېلىشىدەك پەزىلەت دەل شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: دېمەك، بىز بىر ئادەمنىڭ قانداق شەرتلەرنى ھازىر- لىغاندا، ئۇنىڭ ئادالەتلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئۆتتۇق.

گىلاۋكون: دۇرۇس.

سوقرات: شەخسنىڭ ئادالەت ئوبرازى تېخى دېگەندەك سۈزۈك ئەمەس، ئۇ دۆلەتتە نامايان بولغان ئوخشىمايدىغان باشقا نەرسىدەك تۇرامدۇ ــ نېمە؟

گىلاۋكون: ئۇنداق ئەمەسقۇ؟

سوقرات: دۇرۇس. بىلىش لازىمكى، ئەگەر يۇقىرىقى ئېنىقلىمى- مىغا نىسبەتەن بىزدە شۈبھە بولسا، ئاددىي مىساللار ئارقىلىق ئىپتقانلىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى يورۇتۇپ بېرىمىز.

گىلاۋكون: قانداق مىساللارنى دېمەكچى؟

سوقرات: بىز ئادىل دۆلەت ۋە ئادىل دۆلەتكە خاس ساپادىكى شەخسنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، مۇبادا خەزىنە شۇ ئادەمنىڭ باش- قۇرۇپ بېرىشىگە تاپشۇرۇلسا شۇ ئادەم خەزىنىگە خىيانەت قىلامدۇ ــ يوق؟ سېنىڭچە شۇ ئادەمنى ئادالەتسىز ئادەملەرنىڭ خاتالىقىنى سادىر قىلىدۇ، دەپ كىممۇ ئىشىنەر؟

گىلاۋكون: ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.

سوقرات: بۇنداق ئادەم ئىلاھقا بىھۆرمەتلىك قىلىدىغان، ئوغرى- لىق قىلىدىغان، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە دوستىنى ساتىدىغان، سى-

ياسىي تۈرمۇشتا ۋەتەنگە ئاسسىيلىق قىلىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ.

سوقرات: ئۇ يەنە ھەرقانداق ئەھۋالدا قەسەم ۋە باشقا ئەھدىلەر-گە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

گىلاۋكون: ئۇنداق قىلمايدۇ.

سوقرات: بۇنداق ئادەم زىناخورلۇق، ئاتا ـ ئانىغا بىھۆرمەتلىك، دىنىي مەجبۇرىيەتلەرگە سەل قاراش كەبى قىلمىشلارنى سادىر قىلمايدۇ، باشقىلار سادىر قىلسىمۇ ئۇ قىلمايدۇ.

گىلاۋكون: ئۇنداق قىلمايدۇ.

سوقرات: ئۇنىڭ مەنئۆيىتىدىكى ھەرقايسى ئېلېمېنتلار تېگىشلىك رول ئويناپ، رەھبەر رەھبەرلىكىنى، پۇقرا پۇقرالىقىنى ياخشى ئۆتىگەچكە، ئۇ ئادەم شۇنداق بولالىغان دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: دەل شۇنداق.

سوقرات: ئادەمنى ۋە دۆلەتنى ئادالەتلىك قىلىدىغان پەزىلەتتىن باشقا نەرسىلەرنى تېپىش مۇمكىنمۇ؟

گىلاۋكون: راستىنى دېسەم، ئەمدى ئىزدىگۈم يوق.

سوقرات: مانا ئەمدى بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئىشقا ئاشتى. بىز بىر دۆلەتنى يېڭىدىن بەرپا قىلغىنىمىزدا، تەڭرىنىڭ ھىمايىسىدىكى ئادالەتنىڭ كېلىپ چىقىش ۋە ماھىيىتىنى كۆردۇق.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، گىلاۋكون، ياغاچچىلىقنى قىلسا، موزدۇز موزدۇزلۇقنى قىلسا، ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۆبدان ئۆتىسە، بۇ ئادالەتلىك ئىش تەقسىماتىدىن دېرەك بېرىدۇ. مانا بۇ دەل قاراشلىرىمىزنىڭ ئىشەنچلىك تەرىپى.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىز ئادالەتنىڭ شۇنداق نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بىراق، «ھەركىم ئۆز ئىشىنى قىلىش» دېگىنىمىز سىرت-

تىن تېگىلغان بولماستىن، ئىنسانىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىن كەلگەن بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. يەنى تۆمۈرچى تۆمۈرچىلىكنى، زەرگەر زەرگەرلىكنى قىلىش كېرەك. ئادالەتلىك ئادەم ئۆزىنىڭ روھىدىكى ھەرقايسى قىسىملارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىلىشىۋې-لىپ، باشقىچە رول ئېلىشقا يول قويمايدۇ. ئۇ ئۆز ئىشىنى ئېدىت-لىق ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇشى، ۋۇجۇدىدىكى تەرتىپنى ئىشىغا ئاشۇرۇپ، ئۆزىگە دوستانە بولۇشى لازىم. ئۇ ئۆز روھىدىكى ئۈچ قىسىم (ئەقىل، ھەۋەس، ھېسسىيات) نى ئۆزئارا ماسلاشتۇرغاندا، خۇددى يۇقىرى، تۆۋەن، ئوتتۇرا ئاۋازلار ئۆزئارا ماسلىشىپ، گارمونىيەنى ۋۇجۇدقا چىقارغاندەك، ھەرقايسى قىسىملار مۇستەقىل ھالدا بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلغاندا، ھەر-قانداق ئىشنى توغرا بېجىرەلەيدۇ. تىجارەت، ئۆزىنى كۈتۈش، شەخسىيەت ۋە ھاكىمىيەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق. ئۇ ئىچكى گارمونىيەنى ساقلاشقا پايدىلىق، نىشانىنى ئىلگىرى سۈ-رۈشكە پايدىلىق، بىلىمنى يۇكسەلدۈرۈشكە پايدىلىق ئىش - ھەرد-كەتلەرنى ئادالەت دەپ قارايدىغان بولىدۇ. ئەكسىچە، ئىچكى گارمو-نىيەنى ۋەيران قىلىدىغان، ئەقىدىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ھەرقانداق قىلمىشنى ئادالەتسىزلىك دەپ قارايدىغان بولىدۇ.

گىلاۋكون: سوقرات، بۇ ناھايىتى توغرا بولدى.

سوقرات: ئەمدى بىز ئادىل شەخس، ئادىل دۆلەت ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىكى ئادالەتنىڭ پىرىنسىپلىرىنى چۈشەنگەن بولدۇق دې-سەك، كىشىلەر بىزنى جۆيلۈدى دېيىشكە پېتىنالماسمىكىن.

گىلاۋكون: خاتا ئېيتمىدۇق.

سوقرات: ئەمىسە، بېكىتتۇقمۇ؟

گىلاۋكون: بېكىتەيلى.

سوقرات: بۇ مەسىلىنى بولدى قىلىپ، بىز ئەمدى ئادالەتسىز-لىككە كېلەيلى.

گىلاۋكون: ئۇ ھەقتە توختىلىشمۇ زۆرۈر.

سوقرات: ئۈچ قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزا، بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىش، بىر ـ بىرىگە زىت بولۇش، بويسۇنۇش لاياقىتىدە تۇرۇپمۇ رەھبەرلىكنى تالىشىش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. بىز مۇشۇ مەسىلىلەر ھەققىدە مۇزاكىرىلىشەيلى. ئادالەتسىزلىك، ئۆزىنى تۇتالماسلىق، قورقۇنچاقلىق، نادانلىق كەبى ھەرقانداق رەزىللىك ھەربىر ئامىلنىڭ (ئەقىل، ھېسسىيات، ئارزۇلارنىڭ) ئۆز جايىنى تاپالماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

گىلاۋكون: دەل شۇنداق.

سوقرات: ئەگەر ئادىللىق بىلەن ئادالەتسىزلىك يۇقىرىدا بىز دېگەندەك بولسا، ئۇنداقتا، «ئادالەتسىز ئىش»، «ئادالەتسىزلىك قىلىش»، «ئادالەت پەيدا قىلىش» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ مەنىسى تولۇق ئايدىڭلىشىدۇغۇ، دەيمەن؟

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟

سوقرات: ئۇلار خۇددى ساقلىق بىلەن بىتاپلىققا ئوخشاپ قالىدۇ، بىتاپلىق تەنگە تەئەللۇق بولسا، ساقلىق روھىيەتكە تەئەللۇق بولىدۇ.

گىلاۋكون: نېمىشقا شۇنداق؟

سوقرات: ساغلام نەرسە ئىچىدىن ساغلام بولغان بولىدۇ، كېسەللىكمۇ ئىچىدىن باشلانغان بولىدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: يەنە ئادىللىق ئىچكى تەرەپتىكى ئادىللىقنى پەيدا قىلىدۇ، ئادالەتسىزلىك ئىچكى تەرەپتىكى ئادالەتسىزلىكنى پەيدا قىلىدۇ، دېيىشكىمۇ بولامدۇ؟

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق.

سوقرات: ئادەمدىكى ساغلاملىق ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بويسۇندۇرغۇچى ۋە بويسۇنغۇچى تەركىبلەرنىڭ تەبىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا بىر يەرگە كېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەمدىكى كېسەللىك بەدەندىكى

يېتەكلىگۈچى ۋە بويسۇنغۇچى تەركىبلەرنىڭ تەبىئەتكە زىت ھالدا ئورۇنلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىز بۇنىڭدىن شۇنداق بىر يەكۈننى چىقىرىمىزكى، روھىيەتتىكى ئۈچ ئامىلنىڭ تەبىئىي بولغان باشقۇرۇش ۋە باشقۇ- رۇلۇش مۇناسىۋىتىدىن ئادالەت كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر بۇ تەبىئىي باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىگە خىلاپلىق كۆرۈلسە، ئادا- لەتسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: روشەنكى، روھنىڭ ساغلاملىقى پەزىلەت، گۈزەللىك ۋە كۈچلۈكلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. روھنىڭ كېسەللىكى رەزىل- لىك، خۇنۇكلۈك ۋە ئاجىزلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، ياخشىلىق ياخشىلىقنى، ناچارلىق ناچارلىقنى پەيدا قىلىدۇ، دېيىشكە بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئەمدى بىز مۇنداق بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق: ئىشلارنى ئادىللىق بىلەن قىلىش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ئادىل ئادەم بولۇش (باشقىلار بۇنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن) پايدىلىقمۇ ياكى ئادالەتسىزلىك قىلىش ۋە ئادالەتسىز ئادەم بولۇش (ئۇ جازالانمىغان ۋە تۈزىتىلمىگەن ئەھۋالدىمۇ) پايدىلىقمۇ؟

گىلاۋكون: سوقرات، مېنىڭچە، بۇ مەسىلە ناھايىتى كۈلكىلىك بولۇپ قالدى. چۈنكى، تەننىڭ ماھىيىتى بۇزۇلغان ئىكەن، يېمەك- ئىچمەك، بايلىق ۋە ھوقۇق تەل بولغان ھالەتتىمۇ ئۆلدى دەپ قارى- لىدۇ. ناۋادا ياشاشتا بىز تايىنىدىغان ھاياتلىق ئېلېمېنتلىرى بەر- بات بولسا ياشاشنىڭ قىممىتى قالمايدۇ. ئادالىتى بۇزۇلغان ئادەم قانچىلىك ئىش قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئادالەتسىزلىك ۋە رەزىل-

لىكتىن خالىي بولالمايدۇ، ئادالەت ۋە پەزىلەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنداق بىر ھاياتنىڭ داۋام قىلىش زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

سوقرات: بۇ مەسىلە ناھايىتى كۈلكىلىك بولدى. گەرچە بىز نەرسىلەرنىڭ رېئاللىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغان يۇكسەكلىككە چىققان بولساقمۇ، مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلەشتە داۋاملىق ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: مەن ھەرگىز بوشاشمايمەن.

سوقرات: قېنى، ئەمىسە بىز رەزىللىكنىڭ ئىپادىلىنىش ئالامەتلىرىگە نەزەر سېلىپ باقايلى.

گىلاۋكون: مەن ساڭا ماسلىشىپ بېرىۋاتىمەن. گېپىڭنى داۋاملاشتۇرغىن.

سوقرات: ئۆزىمىز يەتكەن يۇكسەكلىكتىن قارىسام كۆزۈمگە پەزىلەت بىردەك، رەزىللىك مىڭدەك كۆرۈندى. رەزىللىكتىن مۇنداق تۆت خىلنى بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلساق.

گىلاۋكون: بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

سوقرات: دېمەكچىمەنكى، قانچە خىل سىياسىي تۈزۈم بولسا شۇنچە خىل روھ بار بولغان بولىدۇ.

گىلاۋكون: زادى قانچە خىل؟

سوقرات: بەش خىل سىياسىي تۈزۈم، بەش خىل روھ.

گىلاۋكون: قېنى، ئېيتقىن.

سوقرات: بىر سىياسىي تۈزۈم باركى، ئۇنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمى ياكى ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈمى دەپ ئىككى خىل ئاتىلىشى بار. ئەگەر ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر بىرى ھوقۇق تۇتقان بولسا، بۇنى پادىشاھلىق تۈزۈمى دەيمىز. ئەگەر ئۇلاردىن ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم ھوقۇق تۇتقان بولسا، بۇنى ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈمى دەيمىز.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: مەن بۇنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىرخىل سىياسىي تۈ-

زۇم دەپ قارايمەن. بىلمەك لازىمكى، بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم ھوقۇق تۇتۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىمىز تۇزگەن قانۇنىمىز- نى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىز يۇقىرىدا ئېيتقان ئۇسۇل بويىچە تەربىيەلەنگەن.

گىلاۋكون: دەرۋەقە، ئۆزگەرمەيدۇ.

# بەشىنچى جىلد

سوقرات: مانا بۇ مەن دېمەكچى بولغان ياخشى، ئادىل دۆلەت، سىياسىي تۈزۈم ۋە شەخسلەردىن ئىبارەت. ئەگەر دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە شەخسىي ئىستىلنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە مۇشۇ تۈزۈمنى ئەۋزەل سانىساق، ئۇنىڭدىن غەيرىي تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى رەزىل ۋە خاتا بولغان بولىدۇ. رەزىل تۈزۈم تۆت خىل بولىدۇ.

گىلاۋكون: قايسى تۆت خىل؟

سوقرات: [مەن تۆت خىل تۈزۈمنى تەرتىپ بويىچە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتقاندا، ئادىمانتوسقا يېقىن ئولتۇرغان پولىماركوس گىلاۋكوننىڭ چاپىنىنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ، بىر نەچچە ئېغىز پىچىرلىدى. ئۇنىڭ «ئۇنى كەتكىلى قويامدۇق ياكى ئېلىپ قالامدۇق» دېگەن گېپىدىن باشقىسىنى ئاڭلىيالمىدۇق. ئارقىدىنلا ئادىمانتوس «ئۇنى ھەرگىز كەتكۈزۈۋەتمەسلىكىمىز كېرەك» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارغا] سىلەر ئۇنى ماڭغۇزمايمىز دەيسىلەر، «ئۇ» دېگىنىڭلار كىم؟

ئادىمانتوس: ئۇ سەن.

سوقرات: نېمىشقا ماڭغۇزمايسىلەر؟

ئادىمانتوس: بىزنىڭچە، سەن ھورۇنلۇق قىلىپ، مۇھاكىمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدىن ئۆزۈڭنى تارتىپ، چۈشەندۈرۈش بەرمەيلا بولدى قىلماقچى بولۇۋاتىسەن. سەن بىزنى «دوستلار ئارىسىدا سېنىڭ، مېنىڭ دېگەن گەپلەر يوق» دېگەن پرىنسىپنى ئاياللار ۋە بالىلارغا ئوخشاشلا تەتبىقلىغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ دەمسەن؟

سوقرات: ئەجەبا، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئادىمانتوس؟

ئادىمانتوس: دېگەنلىرىڭ توغرا. بىراق، «توغرا» دېگەن بۇ نەر-

سىگىمۇ چۈشەنچە بېرىلىشى لازىم. مەسىلەن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك پىرىنسىپىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ نۇرغۇن يوللىرى بولۇشى مۇمكىن، بىزنىڭ سېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىڭنى ئاڭلاپ باققۇمىز بار. ئۇزۇن بولدى، سېنىڭ بالىلارنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە تەربىيەلىنىشى توغرىسىدىكى ۋەزلىرىڭنى ئاڭلاشنى كۈتكىلى. سېنىڭ بالىلار ۋە ئاياللاردىن ئورتاق بەھرىلىنىش ھەققىدىكى قاراشلىرىڭ قانداق؟ بىزنىڭچە، بۇ مەسىلە بىر سىياسىي تۈزۈمنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ئايرىشقا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەسىلە. سەن بۇ مەسىلىنى يورۇتۇپ بەرمەيلا باشقا مەسىلىلەرگە ئاتلاپ كەتتىڭ. بىز خالىمايمىز.

گىلاۋكون: مەنمۇ شۇنداق تەسىراتتا.

سىراسىماكوس: ئەمەلىيەتتە، سوقرات، بۇنى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەلىپى دەپ قارىساڭمۇ بولىدۇ.

سوقرات: ئاڭلاشنىڭمۇ چېكى باردۇ.

گىلاۋكون: سوقرات، كاللىسى بار بىر ئادەم بۇنداق سۆھبەتنى پەقەت ئۆلگەندىلا توختىتىدۇ. شۇڭا، سەن بىزدىن غەم قىلىپ يۈرمىگىن، ئۆزۈڭمۇ زېرىكمەي بىزنىڭ سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بەرگىن. قېنى ئېيتقىنا، سېنىڭچە، بىزنىڭ قوغدىغۇچىلىرىمىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قانداق قىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈك دائىرىسىگە كىرگۈزەلەيدۇ؟ بالا تۇغۇلۇپ، تەربىيەگە ئېرىشكۈچە بولغان باسقۇچ ئەڭ مۇشەققەتلىك دەپ قارىلىدۇ. مەكتەپ يېشىغا بارغۇچە بالىلارنى قانداق تەربىيەلىسە بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ھەققىدە جاۋاب بەرگەن بولساڭ.

سوقرات: بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، دوستۇم. باشتا تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەرگە قارىغاندا، بۇ مەسىلىنىڭ قىيىن نۇقتىسى كۆپرەك. كىشىلەر مېنىڭ تەكلىپلىرىمنىڭ ئېقىش ـ ئاقماسلىقىدىن گۇمان قىلىشى مۇمكىن، ئاققان ھالەتتىمۇ كىشىلەر مەن كۆرسەتكەن ئۇسۇلنىڭ ئەڭ ياخشى بولۇشىدىن گۇمان

قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، مەن بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتە كىشى-
لەرنىڭ سۆزلىرىنى قۇرۇق خىيال دەپ ئويلاپ قېلىشىدىن ۋايىم
يەيمەن.

گىلاۋكون: ئەنسىرىمە. بىز ساڭا سەمىمىي كۆڭلىمىز بىلەن
ئىشىنىمىز، سېنىڭ قىيىنچىلىقىڭنى چۈشىنىمىز.

سوقرات: قەدىناس دوستۇم، سەن مېنى ئىلھاملاندۇرۇۋاتامسەن؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: لېكىن، بۇ ئەكسىچە ئۈنۈم بەردى. چۈنكى، دەيدىغاذ-
لىرىمغا قارىتا ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشەنچى بولغان بولسا، ئىلھاملاندۇ-
رۇشلىرىڭنىڭ ئەھمىيىتى بولاتتى. مەقسەتداشلار بىلەن بىللە تۇ-
رۇپ، كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلى-
غاندا، مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدە سان بولۇپ، ئويلىغانلىرىمنى تەبىئىي
ۋە ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويالىغان بولاتتىم. ئەمما، ھازىرنىڭ ئۆ-
زىدە دېگۈدەك گېپىم يوق، جىددىيلىشىپ، بىئارام بولۇۋاتىمەن.
روشەنكى، بۇنداق بولۇش خەتەرلىك. ناۋادا كىشىلەرنىڭ زاڭلىق
قىلىشىدىن قورققان بولسام، بۇ نادانلىق بولىدۇ. مېنىڭ قورقىدى-
غىنىم مۇناسىپ بولمىغان يەردە، ھەقىقەتتىن ئادىشىش. مەن ئۆ-
زۈملا ئادىشىپ قالماي، دوستلىرىمنىمۇ بىرگە ئاداشتۇرغان بولى-
مەن. شۇڭا، گىلاۋكون، مەن سىلەر سورىغان مەسىلە ھەققىدە گەپ
ئېچىشتىن بۇرۇن، قىساس ئىلاھەسىگە باش ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن
مەغپىرەت تىلىشىم كېرەك. مېنىڭچە، بىخەستەلىك قىلىپ ئادەم
ئۆلتۈرۈش گۇناھى سەغىردۇر (كىچىك گۇناھ). ئەمما، گۈزەللىك
بىلەن خۇنۇكلۇكنى، ياخشى بىلەن ياماننى، ئادالەت بىلەن ئادالەت-
سىزلىكنى پەرقلەندۈرمەي، كىشىلەرنى بىدئەت يوللارغا ئۈندەش
گۇناھى كەبىر (چوڭ گۇناھ)دۇر. دېمەككى، ھەقىقەت ھەققىدە سۆز
ئېچىشتەك تەۋەككۈلچىلىكنى دۈشمەنلەر ئارىسىدا قىلسا راۋا بو-
لىدۇكى، دوستلارنىڭ ئارىسىدا قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. شۇڭا،
سېنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشۈڭ مېنىڭ جۈرئىتىمنى ئاشۇرۇشقا كار

قىلماس.

گىلاۋكوس (كۆلۈپ تۇرۇپ): سوقرات، مۇنازىرەڭدە خاتالىق يۈز بېرىپ، بىزگە ئۇنىڭ يامىنى يوقىقاندىمۇ، ساڭا كەڭ قورساقلىق بىلەن قارايمىز، خۇددى بىخەستەلىك بىلەن قاتىللىق قىلىپ سالـ-غان ئادەملەرنى ئاقلىغانـدەك سېنىمۇ ئاقلايمىز، بىزنى ئەخمەق قىلدى دېمەيمىز. ئەنسىرىمەي سۆزلەۋەرگىن.

سوقرات: ماقۇل، قانۇن ئاقلىغان ئادەم گۇناھسىز بولىدۇ. قانۇن شۇنداق بولغان ئىكەن، ئارىمىزدىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: ئۇنداقتا، ئارتۇقچە تۇرۇت قىلماي سۆزلەۋەرگىن.

سوقرات: ئۇنداقتا، باشتىكى گېپىمىزگە قايتىپ، چالا قالغان مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ئەرلەر ھەققىدە توختىلىپ بولدۇق، ئەمدى ئاياللار ھەققىدە توختىلىش يوللۇق بو-لۇپلا قالماي، سىلەرگىمۇ ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن. ئىشىنىمەنكى، بىز تەسۋىرلىگەن ئەرلەر تەربىيەسى ھەققىدىكى ئۇسۇل ئاياللار ۋە باللارنى تەربىيەلەشكىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇبھىسىزكى، بىز ئەرلەرنى خۇددى پادىلارنى قوغدايدىغان پادىچى ئىتتەك قىلىپ تەر-بىيەلەشنى تەشەببۇس قىلدۇق.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىز ئاياللارنى يۇقىرىقى ئوخشىتىشتىكى تەلەپ بويىـ-چە تەربىيەلەيلى ۋە ئۇنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى تەكشۈرەيلى.

گىلاۋكون: قانداق تەربىيەلەشنى دېمەكچى؟

سوقرات: مۇنداق: بىز ئاياللارنىڭمۇ خۇددى ئەرلەرگە ئوخشاش ۋەتەننى جان تىكىپ قوغدىشىنى، ئۇلارنىڭمۇ غەلىبىدىن بىردەك بەھرىمەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلامدۇق-يوق؟ ياكى ئاياللار ئائىلىـ-دە ئەۋلاد تەربىيەلەش بىلەن بولۇپ كېتىپ، باشقا ئىشلارغا يېتىـ-شەلمەيدۇ، دەپ قارامدۇق؟

گىلاۋكون: ئەرلەر ۋە ئاياللارنى پەرقلەندۈرۈپ ئىشقا سالغاندىـ-

مۇ، بەھرىمەنلىكتە باراۋەر بولۇشى لازىم.

سوقرات: خوش، ئوخشاش بىر ۋەزىپىنى ھايۋانلارمۇ ئارتقۇزغان ئەھۋالدا ئۇلارنى ئوخشاش تەربىيەگە ئېرىشتۈرمىسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بولمايدۇ.

سوقرات: ئاياللارمۇ ئەرلەر ئۈستىگە ئالىدىغان ۋەزىپىنى ئورۇنلىشى كېرەك، دېسەك، ئاياللارنىمۇ ئەرلەر بەھرىمەن بولىدىغان تەربىيەگە ئىگە قىلىش لازىم بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىز مۇزىكا ۋە تەنتەربىيە ئارقىلىق ئەرلەرنى تەربىيەلەپ كەلدۇق.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئاياللارنى ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئىشلەتمەكچى بولغان ئىكەنمىز، ئۇلارنىمۇ مۇزىكا ۋە تەنتەربىيەگە ئائىت تەربىيەدىن بەھرىمەن قىلىشىمىز كېرەك، يەنە تېخى ئۇلارغا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيەنىمۇ بېرىشىمىز لازىم.

گىلاۋكون: شۇنداق قىلىش يوللۇقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: يۇقىرىقى تەۋسىيەنى يولغا قويۇش ھازىرقى ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە زىت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەسخىرىگە قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

گىلاۋكون: دەرۋەقە، شۇنداق.

سوقرات: سېنىڭچە، ئەڭ كۈلكىلىك ئىش نېمە؟ ئۇ دەل چېنىقىش ئۈيىدە ئاياللارنىڭ يالىڭاچ ھالدا ئەرلەر بىلەن بىرگە چېنىقىشى ئەمەسمۇ؟ ياش ئاياللار تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمما، ياشانغان ئاياللارمۇ قورۇق باسقان، كۆرۈمسىز ئەپتى بىلەن چېنىقىپ يۈرسە تېخىمۇ كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ئەستا، ھازىرقى شارائىتتا، ئۇ ھەقىقەتەن كۈلكىلىك.

سوقرات: بىراق، بىز بۇ تېما ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتە، مەسخىرىدىن قورقۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. كىشىلەر ئۇنى كۈل-

كىلىك دەپ قارىغاندىمۇ، بىز مۇلاھىزىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: توغرا دېدىڭ.

سوقرات: ئىشنى باشلىغان ئىكەنمىز، قانۇن تۈزۈش جەھەتتىكى مۇشەققەتلەردىن ئەنسىرەپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك، تەنقىدچىلەر مەنسىتمەسلىك نەزەرلىرىنى تاشلىغۇەتسۇن، ئۇلارنىڭ ياخشىراق پىكىر قىلىپ، يېقىن تارىختىكى گىرېتسىيەلىكلەرنىڭ ئەرلەرنىڭ يالىڭاچ هالدا چېنىقىشىنى كۈلكىلىك هېس قىلغانلىقىنى يادىغا ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. باشتا كىرېتلىقلار بىلەن سپارتالىقلار يالىڭاچ چېنىقسا، ئۆزلىرىنى قالتىس هېسابلاپ يۈرگەن تىياتىرچىلارمۇ بۇ ئىشتىن كۈلگەن ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: كېيىم بىلەن چېنىققاندىن كۆرە يالىڭاچ چېنىقىشنىڭ ئۈنۈملۈكرەك بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، تەنقىدچىلەرنىڭ زاڭلىق كۈلكىسى غايىب بولدى. بىز مۇنداق ئادەملەرنى ئۇچرىتىمىز: ئۇلار بىدئەتنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۈلمەيدۇ، ئەمما، باشقا ھەرقانداق ئىشلارنى كۈلكىلىك ھېس قىلىدۇ. ئۇلار رەزىللىك ۋە ھاماقەتلىكتىن كۈلمەي، باشقا هادىسىلەردىن كۈلۈپ يۈرىدۇ. ئۇلار گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمىنى رەسمىي يوسۇندا بېكىتمەكچى بولۇشىدۇ ـ يۇ، ياخشىلىقنى گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمى قىلمايدۇ.

گىلاۋكون: تامامەن توغرا.

سوقرات: بىز تەۋسىيەلىرىمىزنىڭ ئاقىدىغان ـ ئاقمايدىغانلىقى توغرىلىق بىرلىككە كېلىشىمىز كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بايانچى مەيلى چاقچاق قىلغان بولسۇن ياكى ئەستايىدىل ئېيتقان بولسۇن، بىز تۆۋەندىكى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويمىساق بولمايدۇ: تەبىئەتتىن ئېيتقاندا، ئاياللار ئەرلەر ئۈستىگە ئالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالامدۇ ياكى قىلالمامدۇ؟ ۋە ياكى ئەرلەر قىلغان ئىشلار-

نىڭ بەزىلىرىنى قىلالامدۇ؟ ئەگەر بەزىلىرىنى قىلالايدۇ، دەپ قارىساق، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆرۈشمۇ بارمۇ؟ بىز مۇھاكىمىنى مۇشۇنداق ئۇسۇلدا چوڭقۇرلاتساق، قانائەتلىنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز. سىلەرچە بۇ ياخشى ئۇسۇل ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: بۇ ياخشى ئۇسۇل.

سوقرات: قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ئادەم يوق بولۇپ قېلىپ، بىزنىڭ گېپىمىزنىڭ بىر تەرەپلىمە ھالدا راست بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇنازىرىمىزنى ھەر تەرەپلىمە قانات يايدۇرايلى.

گىلاۋكون: شۇنداق قىلايلى.

سوقرات: مەسىلەن، ئۇلار بىزگە مۇنداق دېگەن بولسۇن: قەدىرلىك سوقرات ۋە گىلاۋكون، باشقىلارنىڭ سىلەرنى تەنقىد قىلىشىنىڭ پەقەتلا ھاجىتى يوق، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ غايىۋى دۆلىتىڭلار ھەققىدە گەپ قىلغاندا، سىلەر ھەربىر ئادەم ئۆزىگە لايىق خىزمەتنى قىلىشى لازىم، دېگەن پىرىنسىپنى قوبۇل كۆرگەن ئىدىڭلار.

گىلاۋكون: بۇ ھەقتە بىز باشتا بىرلىككە كەلگەن.

سوقرات: ئۇلار بىزدىن يەنە مۇنداق سورىغان بولسۇن: ئەرلەر بىلەن ئاياللار تەبىئىتىدىنلا پەرقلىقمۇ؟ بىز شۇنداق، دەپ جاۋاب بەرگەندە، ئۇلار ئەرلەر بىلەن ئاياللارغا خىزمەت تەقسىملىگەندە، ئۇلارنىڭ تەبىئىي پەرقىنى نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلەمدۇ ـ يوق، دەپ سورايدۇ، بىز نەزەرگە ئالماي بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بەرسەك، ئۇلار يەنە ئەرلەر ۋە ئاياللار ئوخشاش ئىشنى قىلىشى كېرەك دەپ تۇرۇپ يەنە ئۇلارنىڭ جىنسىي پەرقىنى ئېتىراپ قىلىسىلەر، ئەجەبا، بۇ زىددىيەتلىك ئەمەسمۇ، دەپ سورايدۇ. بىز بۇ مەسىلىگە نېمە دەپ جاۋاب بەرسەك بولار؟ سەن ئەقىللىك بولغاندىكىن، بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرگەن بولساڭ.

گىلاۋكون: ئۇپۇل ـ توپۇل مېنى قىستىساڭ، قېيىنىلىپ قالىمەن. سەن بىزگە ۋاكالىتەن جاۋاب بەرگىن، نېمىلەرنى دېيىش

سېپىنىڭ ئىختىيارلىقى.

سوقرات: قەدىرلىك گىلاۋكون، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى مەن ئالدىنقى كۆرۈپ يەتكەنمەن. ئاياللار ۋە بالىلارغا بولغان ئومۇمىي ئىگىدارچىلىق، ئۇلارنى تەربىيەلەش ھەققىدىكى قانۇن مەسىلىلىرىدىن ئۆزۈمنى تارتقۇم كېلىدۇ.

گىلاۋكون: دەرۋەقە، بۇ ھەقىقەتەن تەس ئىش.

سوقرات: راستىنىلا تەس. سۇنى كەچكەن ئىكەنمىز، كۆل بولامدۇ، دېڭىز بولامدۇ، كەينىمىزگە يانماي، ئۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئەمىسە بىز ئۈزەيلى، مۇنازىرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاي-لى. مۆزىكانت ئارىياننىڭ دېلفىنى[1] بىزنى يۇدۇپ ئۇ قاتقا ئاپىرىپ قويغان بولسا ياكى باشقىچە بىر ئامال بولغان بولسا ئوبدان بولاتتى.

گىلاۋكون: شۇ ئەمەسمۇ.

سوقرات: قېنى، بىز بىر چىقىش يولى ئىزدەپ باقايلى. بىز ھەركىمنىڭ ئۆزىگە لايىق خىزمەت قىلىش لازىملىقىنى ئېيتقان ئىدۇق. ئەرلەر بىلەن ئاياللار پەرقلىق تەبىئەتكە ئىگە بولسىمۇ، بىز ئۇلارغا ئوخشاش ۋەزىپىنى بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز. بىز ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئىنكار قىلدۇقمۇ ـ نېمە؟

گىلاۋكون: تامامەن توغرا.

سوقرات: گىلاۋكون، مۇنازىرە سەنئىتىنىڭ قۇدرىتى نەقەدەر زور ھە!

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟

سوقرات: مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا مۇشۇنداق قىلتاقلارغا چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆردۈم. ئۇلار ئۆزلىرى-

[1] ھېرودوتنىڭ «تارىخنامە» سىگە قارالسۇن.

نى مۇنازىرە قىلىۋاتىمىز دېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە، گەپ تالاشقان، خالاس. ئۇلار بىر ئېغىز گەپ ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلغاندا، ئۇنىڭ باشقىچە مەنىلىرىنى پەرقلەندۇرۇشنى بىلمەيدۇ، پەقەت سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىدىكى زىددىيەتنى كۆرىدۇ. ئۇلار سۆز مەنىسى ئۈستىدىلا تالىشىپ، دەلىللىك مۇھاكىمىگە گاللىق قىلىشىدۇ.

گىلاۋكون: كۆپ ھاللاردا شۇنداق. سېنىڭچە، بىزمۇ شۇنداقمۇ؟

سوقرات: سىلەرمۇ شۇنداق. قانداقلا بولمىسۇن، مەن بۇ يەردە يۈزەكى مەسىلىلەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن.

گىلاۋكون: قانداقسىگە ئۇنداق بولسۇن.

سوقرات: بىز ئوخشاشمىغان تەبىئەتتىكى كىشىلەر ئوخشاش ئىشنى قىلسا بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ھەققىدە يۈزەكى تالاش ـ تارتىشلارنى قىلىۋاتىمىز. ئەمما، بىز ئوخشايدىغان ياكى ئوخشاشمىغان تەبىئەت دېگىنىمىز زادى نېمە، ئوخشايدىغان تەبىئەتتىكىلەرگە ئوخشاش تىپتىكى خىزمەتنى بېرىش، ئوخشاشمايدىغان تەبىئەتتىكىلەرگە پەرقلەندۈرۈپ خىزمەت بېرىش دېگەنلىرىمىزنىڭ مەنىسى نېمە، دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىدۇق.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن ئويلىنىپ باقمىدۇق.

سوقرات: بۇ پىرىنسىپ ھەققىدە ئۆزىمىزدىن مۇنداق سوراپ بېقىشىمىز كېرەك: تازلار بىلەن چاچلىقلارنىڭ تەبىئىتى ئوخشامدۇ ـ يوق؟ ئەگەر ئوخشىمايدۇ، دېسەك، بىز تازلارنىڭ موزدۇز بولۇشىنى ماقۇل كۆرگەن ئەھۋالدا تاز ئەمەسلەرنىڭ موزدۇز بولۇشىنى چەكلىشىمىز كېرەك ياكى ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: بۇ بەكلا كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ.

سوقرات: شۇنىسى كۈلكىلىككى، تەبىئەتتىكى ئوخشاشلىق ۋە

پەرق دېگىنىمىز مۇتلەق ۋە چەكسىز مەنىدە كەلمەي، كەسىپنىڭ تۈرلىرىگە باغلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر لوگىكا بۇ تەرزدە داۋام قىلسا، ئوخشاش بىر داۋالاشنى ئېلىپ بارغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ تەبىئىتىمۇ ئوخشاش بولۇپ قالغان بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: بىر ئەر دوختۇر بىلەن بىر ئەر ياغاچچىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىدا پەرق بولىدۇ.

گىلاۋكون: راست شۇنداق.

سوقرات: مەلۇم بىر كەسىپنىڭ ئەر ياكى ئاياللىدىن ئىبارەت ئىككى جىنسنىڭ مەلۇم بىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى بايقىساق، بۇ كەسىپنى شۇنىڭغا تەقسىملىسەك بولىدۇ. ئەگەر ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئۇلارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشتىكى ئورنى بويىچە چۈشەنسەك، ئەر ۋە ئايالنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى پەرقى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى خۇلاسىنى چىقىرالايمىز. ئۇنداقتا، قوغدىغۇچىلىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئوخشاش كەسىپنى ئۈستىگە ئالسا بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

گىلاۋكون: توغرا دېدىڭ.

سوقرات: يەنە بىرى، بىز بىزگە قارشى پىكىر دىكىلەردىن شۇنى سورىشىمىز كېرەك: دۆلەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم بولغان ھۈنەر ۋە كەسىپلەردىن قايسىلىرى ئەرلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، قايسىلىرى ئاياللارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ؟

گىلاۋكون: بۇ سوئالىڭ ناھايىتى ھەققانىي بولدى.

سوقرات: بايا سەن دېگەندەك، بۇ سوئالغا ئويۇل - توپۇل جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلساق، ئىش قىيىن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت بېرىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: ئۇلارمۇ شۇنداق دېيىشى مۇمكىن.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز قارشى پىكىر دىكىلەرنى باشتىن - ئاياغ بىز بىلەن بىللە بولۇشنى ئۈتۈنسەك بولامدۇ؟ بىز ئۇلارغا دۆ-

لەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا ئەرلەرگىلا ماس كېلىپ، ئاياللارغا ماس كەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش يوق دېگەننى ئىسپاتلاپ بېرىشكە مۇۋەپپەق بولۇشىمىز مۇمكىن.

گىلاۋكون: ئۇلاردىن شۇنى تەلەپ قىلساق بولىدۇ.

سوقرات: ئۇلار مۇنداق بىر مەسىلىگە جاۋاب بېرىشى كېرەك: مەلۇم بىر ئىشقا نىسبەتەن بىراۋنى ئىقتىدارلىق، يەنە بىراۋنى ئىقتىدارسىز دېسەك، بىز نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دېگەن بولىمىز؟ ئۇ ئىشنى ئىگىلەش بىراۋغا ئاسان، يەنە بىراۋغا تەس بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دېدۇقمۇ؟ بەزىلەر ئۆگەنگەن ھامان چۈشىنىپ، چۈشەنگەنلىرىنى كېڭەيتىپ، ئەقىلدىن ئەقىل كەلتۈرۈپ چىقىرالىغانلىقى ئۈچۈن ئىقتىدارلىق بولامدۇ؟ بەزىلەر شۇنچە ئۆگەنسىمۇ، يادىدا قالمايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىقتىدارسىز بولامدۇ؟ بەزىلەرنىڭ جىسمى روھ ئۈچۈن تولۇق خىزمەت قىلالايدۇ، بەزىلەرنىڭ جىسمى روھىغا توسالغۇ بولىدۇ. ئىقتىدار بىلەن ئىقتىدارسىزلىقنىڭ پەرقىنى ئايرىيدىغان باشقا ئامىللار بارمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنى ئايرىيدىغان باشقا ئامىلنى ھېچكىم بايقىمىدى.

سوقرات: ئۇنداقتا، يۇقىرىقى تەرەپلەر بويىچە قارىغاندا، ئەرلەر ئاياللارغا يېتەلمەيدىغان ئىشلارمۇ بارمۇ؟ مەسىلەن، رەخت توقۇش، تاماق ئېتىش، پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئاياللار ئۆزلىرىنى مۇتەخەسسىس دەپ قارايدۇ، ناۋادا ئۇ ئىشلاردا ئەرلەر چېڭۋەر كېلىپ قالسا، ئاياللار خىجىل بولۇشىدۇ.

گىلاۋكون: ئېيتقانلىرىڭىز توغرا. بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئومۇمەن ئاياللارنىڭ ئىقتىدارى ئەرلەردىن مەڭگۈ تۆۋەن تۇرىدۇ. گەرچە ئاياللار ئەرلەردىن ھالقىپ كېتىدىغان ئىشلار تالاي بولسىمۇ، بەربىر، ئەرلەر ئاياللاردىن ئۈستۈن كېلىدۇ، دېگىنىڭگە قوشۇلىمەن.

سوقرات: شۇڭا، دۆلەت باشقۇرۇش خىزمىتىدە، بۇرۇن ئەرلەر قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەرلەرگە مەنسۇپ بولىدىغان، ئاياللار

قىلىپ كەلگەنلىكى ئۇچۇنلا ئاياللارغا مەنسۇپ بولىدىغان ئىش يوق. تۇرلۇك تالانتلار ئەرلەر ۋە ئاياللارغا ئوخشاش تەقسىم قىلىنـ-غان. تەبىئىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، هەر قانداق ئىشقا ئەرلەر ۋە ئاياللارنى سالسا بولىۋېرىدۇ. پەقەت ئىراده جەھەتتە، ئايالدلار ئەر-لەردىن ئاجىز كېلىدۇ.

گىلاۋكون: ناهايىتى توغرا.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز كەسىپلەرنىڭ بارىنى ئەرلەرگە تەق-سىملەپ بېرىپ، ئايالدارغا هېچنېمىنى قالدۇرمىساق توغرا بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇ قانداقمۇ توغرا بولسۇن!

سوقرات: مېنىڭچە، مۇنداق دېسەك توغرا بولغۇدەك: ئايالدارنىڭ بەزىلىرى داۋالاشقا مۇۋاپىق كەلسە، بەزىلىرى مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، ئايالدارنىڭ بەزىلىرىدە مۇزىكا تالانتى بار، بەزىلىرىدە يوق.

گىلاۋكون: مۇقەررەر شۇنداق.

سوقرات: بەزى ئايالدار جەڭنى ياخشى كۆرىدۇ، بەزى ئايالدار جەڭنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇ توغرىمۇ؟

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئوخشاشلا، بەزىلەر پاراسەتنى ياخشى كۆرسە، بەزىلەر پاراسەتكە ئۆچ بولىدۇ. بەزىلەر قەيسەر بولسا، بەزىلەر ئاجىز كېلىدۇ.

گىلاۋكون: بۇمۇ توغرا.

سوقرات: دېمەك، بەزى ئايالداردا قوغدىغۇچىلارغا خاس ئىقتىدار بار بولسا، بەزىلىرىدە يوق. ئەرلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى ئوخشاشلا تەبىئىي ئىقتىدارغا قاراپ تۇرۇپ، ئىشقا قويىمىزغۇ دەيمەن؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: دېمەك، ئىقتىدار جەھەتتىن، ئەرلەر ۋە ئايالدار دۆلەتـ-نى مۇداپىئە قىلىش خىزمىتىگە ئوخشاشلا مۇۋاپىق كېلىدۇ، پەقەت ئەرلەر ئايالداردىن كۈچلۈكرەك كېلىدۇ.

گىلاۋكون: ئۇنىڭدا گەپ يوق.

سوقرات: شۇڭا، ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ تەبىئىتى ۋە ئىقتىدارى ئوخشاش بولغان ئىكەن، ئەر ۋە ئاياللاردىن تاللاپ، بىرلىكتە ياشايدىغان ۋە مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان قىلىش كېرەك.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئوخشاش تەبىئىي ئىقتىدارغا ئوخشاش ۋەزىپە بېرىش كېرەكلىكىنى دەيمەن؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: گېپىمىزگە كەلسەك، قوغدىغۇچىلارنىڭ ئاياللىرىغا مۇزىكا ۋە تەنتەربىيەدىن تەربىيە ئېلىپ بارساق تەبىئەتكە مۇخالىپ بولمايدۇ.

گىلاۋكون: شۈبھىسىز.

سوقرات: بىزنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغان قانۇنىمىز ئەمەلىيەتكە چۈشمەيدىغان خام خىيال ئەمەس، ئۇ تەبىئەتكە ئۇيغۇن. دېمەك، ھازىرقى ئىشلىرىمىز تەبىئەتكە دېگەندەك ماس ئەمەس.

گىلاۋكون: شۇنداقتەك قىلىدۇ.

سوقرات: ئەمدى بىز ئۆز تەشەببۇسىمىزنىڭ ئىشقا ئاشىدىغان ياكى ئاشمايدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز كېرەك. ناۋادا ئۇ ئىشقا ئاشسا، ئۇنى ئەڭ ياخشى لايىھە دېيىشكە بولامدۇ؟

گىلاۋكون: گەپ مۇشۇ يەردە.

سوقرات: بىز ئۇنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا تىلەكداش، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز لايىھەمىز ئەڭ ياخشىمۇ، دېگەن مەسىلىدە بىرلىككە كېلىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداق بولسا، ئەرلەر ۋە ئاياللاردىكى تەبىئىي ئىقتىدار ئوخشاش بولغان ئەھۋال ئاستىدا، بىز ئۇلارغا قوغدىغۇچىلاردىن قىلىپ تەربىيەلىمەكچى بولساق، ئۇلارغا بىر - بىرىگە

ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

گىلاۋكون: ئۇلارغا بىردەك تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز كېرەك.

سوقرات: ئۇنداق بولسا، مۇنۇ مەسىلىگە قارىتا سىنىڭ پىكرىڭ قانداق؟

گىلاۋكون: قايسى مەسىلىگە؟

سوقرات: سېنىڭچە، ئەرلەرنىڭ بەزىلىرى يەنە بەزىلىرىدىن ياخشىراق بولامدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز قۇرۇپ چىقىۋاتقان بۇ دۆلەتتە، قايسى خىل ئەرنى ئەڭ مۇنەۋۋەر دېيىشكە بولىدۇ؟ بىز بايا ئېيتقان تەربىيەنى قوبۇل قىلغان قوغدىغۇچىلارمۇ ياكى موزدۇزلۇق ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن موزدۇزمۇ؟

گىلاۋكون: كۈلكىلىك گەپ بولدى.

سوقرات: چۈشىنىمەن. لېكىن، جاۋاب بەرگىنىكى، قوغدىغۇچى ئەڭ ياخشى پۇقرامۇ؟

گىلاۋكون: ئۇ ئەڭ ياخشى پۇقرا.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئايال قوغدىغۇچىلار ئەڭ ياخشى ئاياللاردىن بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىر دۆلەتكە نىسبەتەن ئاشۇنداق ئەر ۋە ئاياللارنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئىش بارمۇ؟

گىلاۋكون: يوق.

سوقرات: بۇ ئىش مۇزىكا ۋە تەنتەربىيە تەربىيەسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشامدۇ؟

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئەمىسە، بىز تەشەببۇس قىلغان قانۇن مۇمكىنلىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى، دۆلەت ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم،

شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شەكسىز شۇنداق.

سوقرات: ئايال قوغدىغۇچىلار ئۆزلىرىگە ئىسمىل خىسلەتنى لىباس قىلغان ئىكەن، يالىڭاچ چىنىقىش زۆرۈر. ئۇلار ئەرلەر بىلەن بىرگە ئۇرۇشقا بېرىشى كېرەك ۋە قوغدىغۇچىلار ئۈستىگە ئالىدىغان باشقا مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ ئۆتىشى كېرەك. مانا بۇ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى. ئۇلار جىسمى ئاجىزراق بولغاچقا، يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرنىڭ يەڭگىللىرىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر قانداقتۇ بىرەر ئەر ئاياللارنىڭ ئۇلۇغۋار مەقسەتتىكى يالىڭاچ چېنىقىشىنى زاڭلىق قىلسا، خۇددى شائىر پىندارنىڭ «تولۇق مېۋىلەرنى ئۈزۈش» دەپ ئوخشاتقىنىدەك بولىدۇ. بۇ ھال ھاماقەتلەرنىڭ چېچەنلەرنى دۆت دېگىنىدەك بىر ئىش. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە كۈلۈۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىلىش لازىمكى «پايدىلىق بولغىنى گۈزەل، زىيانلىق بولغىنى خۇنۈك» دەيدىغان بىر سۆز بار، بۇ سۆز ھازىرمۇ مەشھۇر، كەلگۈسىدىمۇ مەشھۇر.

گىلاۋكون: دۇرۇس.

سوقرات: ئاياللارغا ئائىت قانۇن مەسىلىسىدە، بىز بىرىنچى دولقۇندىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ سۇغا غەرق بولۇپ كەتمىدۇق. بىز ئەر قوغدىغۇچىلار بىلەن ئايال قوغدىغۇچىلارغا ئوخشاش كەسىپ ۋەزىپە بېرىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، شۇنداقلا بۇ تەۋسىيەمىزنىڭ يوللۇق بولۇپلا قالماي، پايدىلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلىدۇق.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق، سەن بۆسۈپ ئۆتكەن دولقۇن چوڭ دولقۇن.

سوقرات: تېخى چوڭى ئالدىمىزدا.

گىلاۋكون: قېنى ئەمىسە ئۇنى كۆرەيلى.

سوقرات: يۇقىرىقى دەلىللىرىمىزدىن تۆۋەندىكىدەك بىر قانۇن-

نى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ.

گىلاۋكون: مەسىلەن؟

سوقرات: ئوخشاش كەسىپى ۋەزىپىدە بولغان ئاشۇ ئاياللار ئۇلار بىلەن ۋەزىپىداش ئەرلەرگە ئورتاق مەنسۇپ بولۇش لازىم. ھەر قانداق ئەرنىڭ ھەرقانداق ئايال بىلەن «بىر ئەر ـ بىر خوتۇن» دىن تەشكىللەنگەن كىچىك ئائىلىنى قۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئوخشاشلا بالىلارمۇ ئورتاق مۈلۈك بولۇشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى، پەرزەنتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى تونۇماسلىقى كېرەك.

گىلاۋكون: بۇ ئۆتكەل ھەقىقەتەن چوڭ ئىكەن، بۇ تەشەببۇسنىڭ ئاقىدىغان ياكى ئاقمايدىغانلىقى، پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكى گۇمانلىق ھالەتتە تۇرۇپتۇ.

سوقرات: شۇبھىسىزكى، ئاياللار ۋە بالىلارغا بولغان ئورتاق ئىگىدارچىلىقنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ياكى ئاشماسلىقى چوڭ مۇنازىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

گىلاۋكون: يۇقىرىقى ھەر ئىككى مەسىلە مۇنازىرىگە سەۋەب بولىدۇ.

سوقرات: سېنىڭچە، مەن ھەر تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان ئوخشىمامدىمەن؟ مەن سېنىڭ بۇ تەشەببۇسۇمنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىگە قوشۇلۇشۇڭنى ئۈمىد قىلغان ئىدىم. سەن قوشۇلغان بولساڭ، مەن ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ـ ئاشماسلىقى ئۈستىدىلا سۆز ئاچقان بولاتتىم.

گىلاۋكون: سەن مەسىلىدىن ئۆزۈڭنى تارتىمەن دەۋاتىسەن، يۇقىرىقى ئىككى مەسىلىنى چۈشەندۈرمەي تۇرۇپ، كېتىمەن دېمىگىن.

سوقرات: مەن جازالىنىشقا رازى. ماڭا بىر دەم ئارام بەرگىن. شۇنداق ئاڭقاۋلارمۇ باركى، ئۇلار ئالدى ـ كەينىگە دەسسەپ، خام

خىياللارنى قىلىپ يۈرۈپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان چارىلەر ئۈستىدە ئىزدەنمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدىغان «بولامدۇ ــ بولمامدۇ» دېگەندەك مەسىلىلەر ھەققىدە باش قاتۇرۇشتىن ئېرىنىدۇ ــ يۇ، گويا ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. ئۇلار ئۆز مەقسەتلىرىگە خىيالىي دۇنيالىرىدىلا ئېرىشىپ ۋە بۇنىڭدىن قانائەتلىنىپ، ئېرىنچەك روھى تېخىمۇ چۈۋۇلچاق بولۇپ كېتىدۇ. مەنمۇ شۇ خىل ئىللەتكە تۇتۇلۇپ، تەشەببۇسۇمنىڭ ئىشقا ئاشىدىغان ياكى ئاشمايدىغانلىقى ھەققىدىكى مۇھاكىمىنى كېيىنگە سۈرمەكچى بولۇۋاتىمەن. ھازىرچە بىز ئۇ تەشەببۇسنى ئاقىدۇ، دەپ پەرەز قىلىپ تۇرايلى. سەن قوشۇلساڭ، ئالدى بىلەن ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۇ ئىشلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەققىدە سۆزلەي، ئاندىن بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ دۆلەت ۋە قوغدىغۇچىلارغا نىسبەتەن قانداق ئەھمىيىتىنىڭ بارلىقىنى دەلىللەپ بېرەي. بۇ ھەقتە ئاۋۋال توختىلايلى، قالغىنىنى كېيىن دېيىشەيلى. ئىجازەتمىكىن؟

گىلاۋكون: شۇنداق بولسۇن، ئەمىسە.

سوقرات: مەن دەيمەنكى، ئەگەر ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق بولسا، ھۆكۈمدارلار قانۇننىڭ روھى بويىچە بۇيرۇق قىلىدۇ، ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجراچىلار جان ــ دىل بىلەن ئىجرا قىلىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىز مۇنداق بىر پەرەزنى قىلايلى. سەن قانۇنچى سۈپىتىدە بەزى ئەرلەرنى تاللىدىڭ ھەمدە بەزى ئاياللارنى تاللىدىڭ. بۇ يەردە ئەر بىلەن ئايالنىڭ خىسلىتى ئوخشاش بولۇپ، سەن ئۇ ئاياللارنى ئەرلەرگە ھەمراھ قىلىپ بەردىڭ. ئەر ۋە ئاياللار بىللە تۇرۇپ، بىللە يەپ ــ ئىچىدۇ، ئۇلاردا خۇسۇسىي مۈلۈك بولمايدۇ. ئۇلار بىللە چېنىقىدۇ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى جۈپلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېگەنلىرىم مۇقەررەرلىك ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: بۇ گېئومېتىرىيەدىكى مۇقەررەرلىك بولماستىن، ھەۋەستىكى مۇقەررەرلىك بولىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەۋەسنىڭ مۇقەررەرلىكى گېئومېتىرىيەلىك مۇقەررەرلىككە قارىغاندا تېخىمۇ مەجبۇرلاش ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

سوقرات: بۇنىسى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گىلاۋكون، ئىككى جىنسنىڭ جىنسىي پائالىيىتى ياكى باشقا ھەر قانداق پائالىيىتى تەرتىپسىز، قالايمىقان بولسا، بۇ بەختلىك بىر دۆلەتكە نىسبەتەن ھاقارەت بولىدۇ. بىزنىڭ ھۆكۈمدارلىرىمىز ئۇنىڭغا يول قويسا قەتئىي بولمايدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق، قالايمىقان بولسا بولمايدۇ.

سوقرات: روشەنكى، نىكاھتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ھەيۋەتلىك ۋە ئۇلۇغۋار قىلىپ تەشكىللىگەندە، ئەھمىيىتى زور بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئەمىسە، قانداق قىلىش كېرەك؟ گىلاۋكون، سېنىڭ ئۆيۈڭدە ئوۋ ئىتلىرى ۋ ساپ نەسىللىك خورازلار بار، سەن ئۇلارنىڭ جۈپلىشىشى ۋە كۆپىيىشلىرىگە دىققەت قىلغانمۇ؟

گىلاۋكون: نېمە؟

سوقرات: ساپ نەسىللەرنىڭ ئىچىدىمۇ بەزىلىرىنىڭ يەنە بەزىلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى ئىسپاتلانمىدىمۇ؟

گىلاۋكون: ئىسپاتلانغان.

سوقرات: ئۇنداقتا، سەن ئۇلارنىڭ ئوخشاشلا كۆپىيىشىنى خالامسەن ياكى ئەڭ ئەلالىلىرىنىڭ كۆپرەك كۆپىيىشىنى خالامسەن؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، مەن مۇنەۋۋەرلىرىنى كۆپەيتىمەن.

سوقرات: سەن يېشى كىچىكلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە تۇرامسەن ياكى قېرىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە تۇرامسەن؟ ۋە ياكى قىرانلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى خالامسەن؟

گىلاۋكون: مەن قىرانلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى قوللايمەن.

سوقرات: ئەگەر ئەلا نەسىللەرنىڭ كۆپىيىشىنى قوللىمىساڭ ئىت ۋە خورازلىرىڭنىڭ نەسىل جەھەتتىكى چېكىنىشىگە قاراپ تۇرغان بولسەن، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بۇنى ئات ۋە باشقا هايۋانلارغا تەتبىقلىغاندا، ئەھۋال ئۆزگىچە بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئۆزگىچە بولسا غەلىتىلىكقۇ.

سوقرات: تەڭرىم! بۇ پىرىنسىپ ئىنسانلارغىمۇ مۇۋاپىق كەلسە، هۆكۈمدارلىرىمىزنىڭ نەقەدەر دانا ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ ـ هە!

گىلاۋكون: شۇنداق، لېكىن، ئۇلار دانا ئۇسۇللارغا نېمىشقا موھتاج بولىدۇ؟

سوقرات: شۇڭا، هۆكۈمدارلارغا بىز خېلى بۇرۇن توختىلىپ ئۆتكەن هېلىقى دورىنى (ساختىلىقنى) كۆپرەك ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بېكىتىلگەن ئوزۇقتا تايىنىدىغان، دورىغا بىھاجەت بىمارلارغا نىسبەتەن ئادەتتىكى دوختۇرلارمۇ كۇپايە. كۆپرەك دورا كېتىدىغان بىمارلارغا نىسبەتەن، دادىل ئويلاپ، دادىل ئىش قىلالايدىغان دوختۇرلار لازىم بولىدۇ.①

گىلاۋكون: ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، ئۇنىڭ بىز دەۋاتقان مەسىلە بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

سوقرات: هۆكۈمدارلار هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بەزى يالغان گەپلەر ۋە ساختىلىقلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ساختىپەزلىك پەقەت دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق، بۇ گەپ دۇرۇس بولدى.

---

① بۇ يەردە مەقسەتكە يېتىشتە ۋاستە تاللىماسلىقتەك ماكىياۋېللىزم ئىدىيەسى بار. ـــ ت.

سوقرات: بۇ نىكاھ ۋە پەرزەنت ئىشلىرىدا ئوخشاشلا پايدىلىق.

گىلاۋكون: نېمە ئۈچۈن ئەمدى؟

سوقرات: بىز باشتىكى يەكۈنىمىزدىن مۇنۇ پىكىرنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز: ئەڭ ياخشى ئەر ئەڭ ياخشى ئايال بىلەن ئائىلە قۇرۇشى كېرەك. ئەكسىچە ئەڭ ناچار ئەر بىلەن ئەڭ ناچار ئايال ئائىلە قۇرۇشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىشى لازىم. ياخشىلارنىڭ ئەۋلادىنى پەرۋىش قىلىش كېرەككى، ناچارلارنىڭ ئەۋلادىنى پەرۋىش قىلماسلىق كېرەك. ئەلا نەسىللەرگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كېرەك بولغان تەپسىلاتلارنى پەقەت ھۆكۈمدارلار بىلىشى كېرەك (باشقىلار بىلمەسلىكى كېرەك). بولمىسا، قوغدىغۇچىلار ئارىسىدا ماجىرا كېلىپ چىقىدۇ.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: قانۇنىي دەم ئېلىش چاغلىرى تەسىس قىلىنىپ، كېلىن ۋە يىگىتلەرنىڭ بەزمە تۈزۈشىگە، ئىبادەت قىلىشىغا، شائىرلارنىڭ قەسىدە ئوقۇشلىرىغا، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى قۇتلۇقلاشلىرىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. نىكاھ سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى ھۆكۈمدارلار ئورۇنلاش، كېسەللىك ۋە باشقا ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆزى بېكىتىشى كېرەك. نوپۇس مۇئەييەن مىقداردا تەڭشەپ تۇرۇلۇشى كېرەك، شەھەرلەر زىيادە چوڭ ياكى زىيادە كىچىك بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: چەك تارتقۇزۇش چارىلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن لايىھەلەپ چىقىپ، بەزى تەلەيسىز ئادەملەرنىڭ ھۆكۈمدارلاردىن رەنجىشىگە ئورۇن قالدۇرماسلىق كېرەك، ئۇلار بۇ بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبىنى پەقەت ئۆزىدىنلا كۆرىدىغان بولۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: شۇنداق بولۇشى كېرەك.

سوقرات: ياشلار ئورۇنلاردا ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىنى نامايان قىلىپ، ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەندە،

ئۇلارغا شان ـ شەرەپ ۋە ھەدىيەلەرنى بېرىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئا-
يالىلار بىلەن بىرگە بولۇشىغا مۇمكىنقەدەر كۆپرەك پۇرسەت يارد-
تىپ بېرىپ، ئۇلاردىن كۆپرەك نەسىل قالدۇرۇش كېرەك.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: ئۇلاردىن بولغان باللارنى مەخسۇس خادىملار ئېلىپ كېتىپ، تەربىيەلەش ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك. تەر-بىيەلەش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان خادىملار ئەرلەر ياكى ئاياللاردىن بولسا بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلار ئەر ۋە ئاياللارغا ئوخشاشلا ئېچىۋېتىلگەن.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: مۇنەۋۋەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرى يەسلىلەرگە ئېلىپ بې-رىلىپ، مەخسۇس بالا باققۇچىلارغا تاپشۇرۇلىدۇ، بالا باققۇچىلار شەھەر دۆلىتىنىڭ ئايرىم بىر يېرىدە تۇرىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر-نىڭ باللىرى ۋە تۇغما مېيىپ باللار مەخپىي جىمىقتۇرۇۋېتىد-لىشى لازىم، بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقماي قېلىشى كېرەك.

گىلاۋكون: دەرۋەقە، بۇنداق قىلىش ھۆكۈمدارلارنىڭ نەسىللەر-نىڭ ساپلىقىنى قوغدىشىدىكى زۆرۈر شەرت.

سوقرات: مەخسۇس خادىملار باللار تەربىيەسىنى نازارەت قىد-لىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، سۈتلىرى بار ۋاقىتتا، ئانىلار ئۇلار تەرىپىدىن يەسلىلەرگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئېمىتىشكە سېلىد-نىدۇ، بىراق، ئانىلار ئۆز بالىسىنى تونۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئە-گەر ئانىلارنىڭ سۈتى يېتىشمىسە، باشقا ئېمىكئانىلىرى تېپىلىشى كېرەك. بىراق، ئېمىتىش ۋاقتى بەك ئۇزاق بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. باللارنى كېچىدە مۇھاپىزەت قىلىش ۋە باشقا ئاۋارىچىد-لىكلەرنى بالا باققۇچىلار بىلەن ئېمىكئانىلىرى قىلىدۇ.

گىلاۋكون: سەن قوغدىغۇچىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش ئىش-لىرىنى ناھايىتى ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرغان بولدۇڭ.

سوقرات: شۇنداق قىلىش زۆرۈر. ئەمدى بىز پىلانىمىزنىڭ

ئىككىنچى بۆلىكىگە كېلەيلى. بىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياش ۋاقتىدا پەرزەنت قالدۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا توختالغان ئىدۇق.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: سەن سالامەتلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ئەرلەردە ئوتتۇز يىل، ئاياللاردا يىگىرمە يىل بولىدۇ، دېگەن ھۆكۈمگە قوشۇلامسەن؟

گىلاۋكون: سەن قايسى مەزگىللەرنى دېمەكچى؟

سوقرات: ئاياللار يىگىرمە يېشىدىن قىرىق يېشىغىچە دۆلەت ئۈچۈن ئەۋلاد قالدۇرسا بولىدۇ. ئەرلەر ئەڭ تېز يۈگۈرەلەيدىغان يېشىدىن ئەللىك ياش يېشىغىچە ئەۋلاد قالدۇرسا بولىدۇ.

گىلاۋكون: بۇ مەزگىللەردە ئەر ۋە ئاياللار جىسمانىيەت ۋە روھىيەت جەھەتتە ياشناپ تۇرغان بولىدۇ.

سوقرات: شۇڭا، ئۇ ياشتىن ھالقىپ كەتكەن ياكى ئۇ ياشقا بارمىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ دۆلەت ئۈچۈن ئەۋلاد قالدۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشى كاھىنلارنىڭ ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ دۇئا قانۇنلۇق نىكاھقىلا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ يېڭى ئەۋلادلارنى دۆلەت ئۈچۈن تېخىمۇ يارامىلىق قىلىدۇ. ياش ئۆلچىمىگە يەتمەي تۇرۇپ تېپىلغان بالىلار ھاماقەتلىك ۋە قالايمىقانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر، خالاس.

گىلاۋكون: ئىنتايىن توغرا.

سوقرات: بۇ قانۇن يەنە ھۆكۈمدارنىڭ رۇخسىتىگە ئېرىشمىگەن ئەھۋالدا، بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇل ۋە قىزنىڭ بىر يەردە بولۇشىدەك ئەھۋاللارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۆلەتكە نىكاھسىز تېپىلغان بالىنى قالدۇرغان بولۇپ، ھەم قانۇنسىزلىق ھەم ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: ئەمما، نىكاھلىق ئەر ـ خوتۇنلار ئەۋلاد قالدۇرۇش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەركىن جىنسىي پا-

ئالىيمتىنگە يول بېرىش كېرەك. ئەرلەرمۇ ئۆزىنىڭ قىزى، ئانىسى، نەۋرە قىزى ۋە موممىسىدىن باشقا ھەر قانداق ئايال بىلەن بىللە بولسا بولىدۇ. ئاياللارمۇ ئوغلى، دادىسى، نەۋرە ئوغلى ۋە بوۋىسىدىن باشقا ھەرقانداق ئەرلەر بىلەن بىللە بولسا بولىدۇ. لېكىن، شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش لازىمكى، ئۇلار ھەرگىز پەرزەنتلىك بولماسلىقى كېرەك، ناۋادا پەرزەنت كۆرۈش ئەھۋاللىرى سېزىلسە، بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك. ئۇنداق بالىلارنى دۆلەتمۇ باقماسلىقى كېرەك.

گىلاۋكون: گېپىڭىزغۇ دۇرۇس بولدى. ئەمما، ئۇلار دادىسى، قىزى ۋە تۇغقانلىرىنى قانداق ئايرىشى كېرەك؟

سوقرات: دەرۋەقە، بۇ قىيىن. ئەمما، چارە يوق ئەمەس. ئەر نىكاھلىق بولغاندىن كېيىن، بالىلىق بولىدۇ. بالىسى قىز بولسا، قىزىم دەپ چاقىرىدۇ، ئوغۇل بولسا ئوغلۇم دەپ چاقىرىدۇ، بالىلار ئۇنى دادا، دەپ چاقىرىدۇ. ئەر بالىلىرىنىڭ بالىسىنى نەۋرەم، دەپ ئاتايدۇ، نەۋرىلەر ئۇنى بوۋام، دەپ ئاتايدۇ. بالىلار ئۆزىنىڭ ئاتا ــ ئانىسىدىن بولغان باشقا ھەمشىرىلەرنى قېرىندىشىم، دەپ ئاتايدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدا جىنسىي يېقىنچىلىق بولسا بولمايدۇ. ئەمما، چەك تارتقاندىكى تەقدىر بەلگىلىمە ۋە دېلفى (Delphoi) دېگەن ئىلاھمۇ قوشۇلسا، قانۇن قېرىنداشلارنىڭمۇ بىللە بولۇشىغا يول قويىدۇ.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: مانا بۇ شەھەر دۆلىتىمىزدىكى قوغدىغۇچىلارنىڭ ئاياللار ۋە بالىلارغا ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل بىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىمىزنىڭ باشقا مەزمۇنلىرى بىلەن بىردەك بولۇپ، نۇرغۇن ئەۋزەللىككە ئىگە. بۇ ھەقتە بىز تۆۋەندە مۇزاكىرە قىلىمىز. سىزنىڭچە، قانداق؟

گىلاۋكون: بولىدۇ.

سوقرات: بىز پىكىر بىرلىكىگە كېلىشتىن ئاۋۋال، قايسى خىل

دۆلەت تۈزۈلمىسى ئەڭ ياخشى، قانۇن تۈزگۈچىلەر كۆزدە تۇتىدىغان ياخشىلىقلار بىلەن يامانلىقلار نېمىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ، دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئالدىمىزغا قويۇشىمىز كېرەك. ئاندىن بىز يۇقىرىقى تەۋسىيەلىرىمىزنىڭ ياخشىلىق بىلەن بىردەكمۇ ياكى يامانلىق بىلەن بىردەكمۇ دېگەندەك تەرەپلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: بىر دۆلەتكە نىسبەتەن بۆلگۈنچىلىك ئېلىپ بېرىپ، كۆپكە پارچىلاشتىن ئارتۇق يامان ئىش بولامدۇ؟ ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈشتىنمۇ ئارتۇق ياخشى ئىش بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، يوق.

سوقرات: پۇقرالار هايات ـ ماماتلىق ئىشلىرىدا بىر ـ بىرىگە تەقدىرداش بولۇپ، تەڭ يىغلاپ، تەڭ كۈلسە، بۇ ئىتتىپاقلىق ئۇچۇن پايدىلىق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، پايدىلىق.

سوقرات: بىر دۆلەت ۋە بىر قىسمەتتە ياشاپ تۇرۇۋاتقان، كىشىلەرنىڭ هېسسىياتى بىردەك بولمىسا، ئاچچىق ـ تاتلىقتا بىردەك بولمىسا، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: بۇنداق هالەتنىڭ كېلىپ چىقىشى پۇقرالارنىڭ «مېنىڭ»، «سېنىڭ»، «ئۇنىڭ» دېگەندەك ئىبارىلەرنى بىردەك ئېيتالمىغانلىقى بىلەن باغلىقمۇ دەيمەن؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىر دۆلەتتىكى پۇقرالارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئوخشاش نەرسىلەرگە نىسبەتەن بىردەك ئاۋازدا «مېنىڭ»، «سېنىڭ» دېگەن ئىنكاسلارنى جايىدا بېرەلىسە، بۇ دۆلەت ناهايىتى ياخشى باشقۇرۇلغان بولىدۇ.

گىلاۋكون: هەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: بىر دۆلەت بىر ئادەمدەكلا بولغاندا، ئەڭ ياخشى باشقۇرۇلغان بولىدۇ. مەسىلەن، بىراۋنىڭ بارمىقى يارىلانسا، پۈتكۈل بەدەن سىرقىرايدۇ. شۇڭلاشقا، بىز بىر ئادەمنىڭ بارمىقى ئاغرىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ جېنى ئاغرىدى دەيمىز.

گىلاۋكون: راست، سەن ئېيتقاندەك، ياخشى باشقۇرۇلغان دۆلەت بىرسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ھەممىسى تەڭ قايغۇرىدىغان ئورگانىك گەۋدىگە ئوخشايدۇ.

سوقرات: پۇقرالار ياخشى ـ يامان قىسمەتلەرگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ، ئورگانىك گەۋدە سۈپىتىدىكى دۆلەت يامان كۈنلەرگە يولۇققان پۇقرانى ئۆزىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلاپ، ئورتاق تەقدىر سۈپىتىدە ئۈستىگە ئالىدۇ.

گىلاۋكون: ياخشى ئىدارە قىلىنغان دۆلەت چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ.

سوقرات: ئەمدى بىز ئۆزىمىزنىڭ دۆلىتىگە قاراپ باقايلى، ئۇنىڭدا بايا بىز قوشۇلغان خىسلەتلەر بارمىكىن قانداق؟

گىلاۋكون: شۇنداق قىلايلى.

سوقرات: باشقا ھەر قانداق دۆلەتتىكىگە ئوخشاشلا، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىمۇ ھۆكۈمدار بىلەن خەلق بار، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇلار بىر ـ بىرىنى پۇقرا، دەپ ئاتىشىدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق.

سوقرات: بەزى دۆلەتلەردە پۇقرالار ھۆكۈمدارلىرىنى ئوخشاشلا پۇقرا، دەپ ئاتىغاندىن سىرت يەنە نېمە دەپ ئاتىشىدۇ؟

گىلاۋكون: نۇرغۇن دۆلەتلەردە پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنى غوجايىن دەپ ئاتايدۇ، دېموكراتىك ئەلدە باشقۇرغۇچى دېيىدۇ.

سوقرات: دۆلىتىمىزدە ھۆكۈمدار پۇقرا (گىراژدان) دەپ ئاتالغاندىن سىرت، يەنە نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟

گىلاۋكون: پاسىبان ۋە غەمخور، دەپ ئاتىلىدۇ.

سوقرات: ئۇلار خەلقنى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟

گىلاۋكون: باج تاپشۇرغۇچىلار ۋە رىزىق بەرگۈچىلەر، دەپ ئاتايدۇ.

سوقرات: باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى خەلقلىرىنى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟

گىلاۋكون: قۇل، دەپ ئاتايدۇ.

سوقرات: باشقا دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمدارلار ئۆزئارا بىر - بىرىنى نېمە دەپ ئاتىشىدۇ؟

گىلاۋكون: ئىشداشلار، دەپ ئاتىشىدۇ.

سوقرات: بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىكى ھۆكۈمدارلار بىر - بىرىنى قانداق ئاتىشىدۇ؟

گىلاۋكون: يولداشلار، دەپ ئاتىشىدۇ.

سوقرات: باشقا دۆلەتلەردە ھۆكۈمدارلار بىر - بىرىنى دوست سۆيىتىدە چۈشىنىدىغان ياكى دوست سۆيىتىدە چۈشەنمەيدىغان ئىشلارمۇ بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنداق ئەھۋاللار كۆپ.

سوقرات: ئۇلار ئىشداشلار ئارىسىدىكى دوستلىرىنى ئۆزىنىڭ ئادىمى، دەپ قاراپ، باشقىلارنى يات دەپ قارامدۇ؟

گىلاۋكون: ھەئە، شۇنداق.

سوقرات: سىلەر قانداق؟ ئاراڭلاردا بەزى ئىشداشلارنى يات، دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار بارمۇ؟

گىلاۋكون: بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. دۆلىتىمىزدىكى ھۆكۈمدارلار كۆز ئالدىدىكى ھەربىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنىدەك كۆرىدۇ.

سوقرات: ناھايىتى ياخشى دېدىڭ. ئۇلار ئاغزىدىلا شۇنداق دەپ قويامدۇ ياكى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن نامايان قىلامدۇ؟ چوڭلارغا ھۆرمەتلىك قىلىش تەڭرىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئىش

بولغان ئىكەن، ئۇلار ياشانغانلارنى كۆرگەندە، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلامدۇ؟ بۇ قائىدىنى چوڭلار ۋە قېرىنداشلارغا تۇتۇلىدىغان ئو-مۇمىيۈزلۈك پوزىتسىيەگە ئايلاندۇرۇش كېرەكمۇ ياكى بالىلارنى باشقىچە تەربىيەلەش كېرەكمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇ قائىدىنى چوقۇم تەكىتلەش كېرەك. ئاغزىدا دەپ قويۇپ، ھەرىكىتىدە ئىجرا قىلمىسا، ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن.

سوقرات: شۇڭا، بۇ دۆلەت باشقا دۆلەتلەردىن پەرقلەنگەن بولىدۇ. بىراۋ ياخشى كۈن كۆرسە باشقىلارمۇ «مېنىڭ كۈنۈم ئوبدان» دەيدۇ. بىراۋنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە «ھەممەيلەن بۇ مېنىڭمۇ تەقدىرىم» دېيەلەيدۇ.

گىلاۋكون: بەرھەق.

سوقرات: مۇشۇنداق تونۇش ۋە سۆزلەش كىشىلەرنى ئورتاقلىق تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىدۇ، دېگەن ئىدىمغۇ دەيمەن؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: قوغدىغۇچىلار پۇقرالاردىنمۇ بەك ئورتاقداشلىق ھېسسىياتىغا ئىگە بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئىشىنى مېنىڭ ئىشىم دې-يەلىگەندىلا، ئەلدە ئورتاقلىق كەيپىياتى كۈچىيىدۇ.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: سىياسىي تۈزۈمدىكى ئورتاقلىقتىن باشقا يەنە ئاياللار ۋە بالىلارغا بولغان ئورتاق ئىگىدارچىلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تەقدىرداشلىقنى كۈچەيتىدۇ دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بۇ ناھايىتى مۇھىم ئامىل.

سوقرات: بىز ياخشى ئىدارە قىلىنغان دۆلەتنى ئادەم ئورگانىز-مىغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ ئاغرىق ۋە راھەتتە تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى دېگەن ئىدۇق، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق دېگەن. بۇ ناھايىتى توغرا.

سوقرات: غەمخورلار ئوتتۇرىسىدا ئاياللار ۋە بالىلارغا بولغان

ئورتاق ئىگىدارچىلىقنىڭ بولۇشى بىر دۆلەت ئۈچۈن ياخشى بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ يەنە بىر ياخشىلىقنىڭ سەۋەبى بولالايدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

سوقرات: بۇ بىزنىڭ باشتىكى گېپىمىز بىلەن بىردەك. بىز باشتا قوغدىغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئۆيى، زېمىنى ۋە باشقا مۈلۈكلىرى بولماسلىقى كېرەك، دېگەن ئىدۇق. ئۇلار باشقا كىشىلەرگە بولغان خىزمىتىنىڭ ھەقىقى سۈپىتىدىكى مائاشىنى ئېلىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىرگە خەجلەيدۇ. ھەقىقىي قوغدىغۇچى شۇنداق بولۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: توغرا دېدىڭ.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز ئېيتقان ۋە ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئېيتىۋاتقان لايىھەلەر ئۇلارنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق قوغدىغۇچىلاردىن بولۇپ، دۆلەتنى پارچىلىنىشتىن ساقلاپ قېلىشىغا، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى مېنىڭ دەۋالماسلىقىغا، ئومۇمنىڭ نەرسىسىنى ئۆيىگە ئەكەتمەسلىكىگە، ئاياللار ۋە بالىلارنى خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىقىغا، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆز خۇشاللىقى ۋە قايغۇسى بولىدۇ دەپ ئويلىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلالامدۇ؟ ئۇلار ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنىڭ ھەققى توغرىسىدا بىرلىككە كېلىپ، ئورتاق نىشانغا ئىگە بولۇپ، خۇشاللىق ۋە قايغۇدا ئورتاق بولۇپ، ئىتتىپاقلاشسا توغرا بولىدۇ.

گىلاۋكون: تامامەن توغرا.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ۋە ئەرز قىلىشتەك ئىشلار يۈز بەرمەيدىغۇ، دەيمەن؟ چۈنكى، ھەممە نەرسە ئۇلارغا ئورتاق بولۇپ، ئۆزىنىڭ تېنىدىن باشقا مۈلكى يوق، بۇھال ئۇلار ئارىسىدا ماجىرا پەيدا قىلمايدۇ. چۈنكى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا مۈلۈك، پەرزەنت ۋە تۇغقانلارغا بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

گىلاۋكون: ئۇلار ئارىسىدا ئەرز ـ شىكايەت كېلىپ چىقمايدۇ.

سوقرات: يەنە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشۇش ۋە زوراۋانلىق كەبى ئىشلارمۇ يۈز بەرمەيدۇ. چۈنكى، بىز ئۇلارغا قۇرداشلار ئارىسىدا ئۆزىنى قوغداش ھەقلىق دېگەننى ئۇقتۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چېنىقىپ، جىسمانىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئىنتايىن توغرا.

سوقرات: بۇنداق قانۇننىڭ يەنە بىر ياخشى تەرىپى بار: غەزىپى ئۆرلەپ كەتكەن بىرى ئۆزىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدۇ ـ دە، ئۇرۇشۇش چېكىگە يېتىپ كەتمەيدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ياشانغانلار ياشلارنى نازارەت قىلىش ۋە تەربىيەلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: ھۆكۈمدارنىڭ پەرمانى بولمىسىلا، ياشلار ياشانغانلارغا قول سالمايدۇ، باشقا بىھۆرمەتلىك قىلمىشلىرىنىمۇ سادىر قىلمايدۇ. ياشلارنى مۇنداق ئىككى خىل روھىي ھالەت تىزگىنلەپ تۇرىدۇ: بىرى، تەپ تارتىش، يەنە بىرى، نومۇس. ئۇلار نومۇس تۈپەيلى ئاتا يوللۇق كىشىلەرگە چېقىلمايدۇ، تەپ تارتىش تۈپەيلى بالىچاقا ۋە باشقا ياردەمچىلەرنىڭ ئۆزىگە قارشى ھەرىكەت قىلىشىدىن ساقلىنىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: شۇڭا، بىزنىڭ قانۇنىمىز قوغدىغۇچىلارنىڭ ئىناقلىقىنى ھەر تەرەپتىن ئىلگىرى سۈرىدۇ.

گىلاۋكون: ئۇلار ئىناق ئۆتىدۇ.

سوقرات: قوغدىغۇچىلار (ھۆكۈمران تەبىقە) ئارىسىدا ئىختىلاپ بولمىسىلا باشقىلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپنىڭ بولۇشى ھېچقانچە ئىش ئەمەس.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: قوغدىغۇچىلار (ھۆكۈمران سىنىپ) چاكىنا ئىشلاردىن ساقىنىت بولىدۇ. ئۇ ئىشلار توغرىسىدا بىئارام بولۇش توگۇل، تىلغا ئېلىشنىمۇ خالىمايمەن. مەسىلەن، بايلارغا خۇشامەت قىلىش، بالىچاقىلارنىڭ غېمىدە بولۇش، قەرز ئېلىش، قەرز قايتۇرۇش، چىقراق پۇل تېپىپ، خوتۇنلىرى ۋە چاكارلىرىغا خىراجەت قىلىپ بېرىش دېگەندەك ئىشلار. بۇلارنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى كۆپچىلىكمۇ بىلىدۇ.

گىلاۋكون: پاھ، بۇ زاكوننى ئەخمەقمۇ چۈشىنىدۇ.

سوقرات: ئۇلار ئۇششاق ئىشلاردىن خالىي بولۇپ، جەننەت خۇشاللىقىغا ئېرىشىدۇ، تۇرمۇشى ئولىمپىك غەلىبىسىگە ئېرىشكەنلەردىنمۇ بەختلىك ئۆتىدۇ.

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟

سوقرات: ئۇلارنىڭ ئېرىشكەنلىرى ئولىمپىك غەلىبىسىگە ئېرىشكەنلەردىنمۇ مول بولىدۇ، شەرەپلىك بولىدۇ، ئۇلار ئاۋام تەرەپتىن ھەر تەرەپلىمە كۈتۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ غەلىبىسى پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھىمايىسى بىلەن بولىدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن مائاش ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كۈتۈلۈش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاجىتى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قامدىلىدۇ. تىرىكلىكىدە خەلق تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىدۇ، ئۆلگەندە خەلق تەرىپىدىن ئىخلاس بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ.

گىلاۋكون: توغرا، بۇ قالتىس مۇئامىلە.

سوقرات: ئېسىڭدىمىكىن، بىز باشتا بەزىلەرنىڭ بىزنى قوغدىغۇچىلارنى بەختكە ئېرىشتۈرمەيدىكەن، ھەممە نەرسە قوغدىغۇچىلارنىڭ ئىلكىدە بار تۇرۇقلۇق ئۆزلىرى ھېچنېمىگە ئىگە بولالمايدىكەن دەپ ئەيىبلەشكەن ئىدى. بىز مۇۋاپىق پۇرسەتتە بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىلگىرىلەپ توختىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقان ئىدۇق. ئەينى ۋاقىتتا، بىز قوغدىغۇچىنى ھەقىقىي قوغدىغۇچى قىلىپ تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىر دۆلەتنى پاراۋان قىلىش

خۇسۇسىدا گەپلەشكەن ئىدۇق. بىز ھەرگىزمۇ بىرەر سىنىپنىلا بەختلىك قىلىشنى ئويلاشمىغان.

گىلاۋكون: ئۇ گەپلەر ئېسىمدە.

سوقرات: دۆلەت ھىمايىچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئولىمپىك غەلىبىسىگە ئېرىشكەنلەردىنمۇ بەختلىك بولغان يەردە، ئۇلارنى موزدۇز ۋە باشقا كەسىپلەرگە، دېھقانلارغا سېلىشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالدىمۇ؟

گىلاۋكون: مېنىڭچە، ھاجىتى قالمىدى.

سوقرات: بىز يەنە باشقا گېپىمىزنىمۇ ئەسلەپ ئۆتەيلى. ئەگەر بىر قوغدىغۇچى ئۆزىگە يارىشىدىغان بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلمەي، مۇۋاپىق مۇقىملىقتىن ۋە بىزنىڭ ئۆلچىمىمىزدىكى بەختلىك تۇرمۇشتىن قانائەتلەنمەي، ئەكسىچە، نادانلارچە تۇرمۇش ھەۋەسلىرىگە بېرىلىپ كېتىپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، باشقىلارغا زىيان سالسا، ئۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھېسىيودنىڭ «ئاز يېسەڭ ساز يېگەن بولىسەن» دېگەن گېپىنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىپ قالىدۇ.

گىلاۋكون: ئەگەر ئۇ نەسىھەتىمىزگە قۇلاق سالسا، بىز دېگەن گۈزەل تۇرمۇشتا ئۆتىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئاياللارمۇ بىز تەسۋىرلىگەن تۇرمۇشتا ياشىسا، سەن بۇنىڭغا قوشۇلامسەن؟ ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا تەربىيەگە ئېرىشىدۇ، ئورتاق پەرزەنتلەرگە ئىگە بولىدۇ، پۇقرالارنى ئورتاق قوغدايدۇ. مەيلى دۆلەتنىڭ ئىچىدە بولسۇن ياكى سىرتتىكى ئۇرۇشلاردا بولسۇن، ئاياللارمۇ ئوۋ ئىتلىرىدەك جەڭگىۋار ئۇرۇش قىلىدۇ، ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئومۇمىي مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. شۇندىلا ئۇلار ئىشلارنى ئەڭ ياخشى بېجىرەلەيدۇ، ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۆز تەبىئىتىگە ئۇيغۇن ياشىيالايدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ تەبىئىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە ماسلىشىدۇ.

گىلاۋكون: بۇ گېپىڭگە قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئەمدى بىز مۇنۇ مەسىلىگە كېلەيلى: بۇنداق ئورتاقداشلىق ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغاندەك، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ھەقىقىي تۈردە بارلىققا كېلەمدۇ؟ ئەگەر بارلىققا كېلىدىغان ئىش بولسا، قانداق بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك؟

گىلاۋكون: مەن سورىغىنىڭ سەن سوراپ بولدۇڭ، قېنى ئۆزۈڭ دېگىنە؟

سوقرات: ئاياللارنىڭ ئۇرۇشلاردا نېمىلەرنى قىلىشى ئېنىق.

گىلاۋكون: ئۇلار نېمە قىلىدۇ؟

سوقرات: ئاياللار ئەرلەر بىلەن بىللە چىقىدۇ، يېتىلگەن ئوغۇللىرىنى قاتارغا قوشۇپ، ئىش ئۆگىتىدۇ. بۇ باللار ھەرخىل ئىشلارنى كۆرگەندىن باشقا، ئاتا ـ ئانىلىرىغا ياردەملىشىپ، قوشۇننىڭ يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدۇ، ئاتا ـ ئانىلىرىنى كۈتىدۇ. سەنمۇ كۆرگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن، بەزى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ باللىرى قول سېلىپ ئىشلەشتىن ئاۋۋال ئۇزۇن مۇددەت كۆزىتىدۇ ۋە ياردەملىشىدۇ.

گىلاۋكون: مەن كۆرگەن.

سوقرات: فارفۇرچىلار قوغدىغۇچىلارغا قارىغاندا، پەرزەنت تەربىيەسىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى ئەمەلىيەتكە بەكرەك قاتناشتۇرامدۇ ـ قانداق؟

گىلاۋكون: بۇنداق ئويلاش كۈلكىلىك.

سوقرات: ئادەملەر ھايۋانلارغا ئوخشاشلا دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشقاندا، ئەۋلادلىرىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ قەيسەرلىشىپ كېتىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق. بىراق، سوقرات، بۇنىڭ خەۋپىمۇ كىچىك ئەمەس. يېڭىش ـ يېڭىلىش ھادىسىلىرى ئۇرۇشلاردا كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. يېڭىلگەندە پەرزەنتلەرمۇ زور بالايىئاپەتلەرگە ئۇچراپ، ۋەتەننى قايتا قۇرۇش ئىشلىرى تەسكە توختايدۇ.

سوقرات: دېگەنلىرىڭ راست. لېكىن، ئۇلار خەتەرگە مەڭگۈ تەۋەككۇل قىلماسلىقى كېرەكمۇ؟

گىلاۋكون: مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس.

سوقرات: خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇ تەۋەككۇلچىلىكتە زەپەر قۇچقانلار ئۆزلىرىنى تاۋلاپ، تېخىمۇ ئالغا باسىدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: چوڭ بولسا ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان بىر ئادەم، كىچىكىدىلا ئۇرۇش ئەمەلىيىتىنى كۆرمىسە، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش ياكى قىلماسلىقنىڭ چوڭ پەرقى يوق، دەپ قارىسا توغرا بولامدۇ؟

گىلاۋكون: توغرا بولمايدۇ. تەۋەككۇلچىلىكنىڭ ئەسكەر بولىدىغان ئادەمگە تەسىرى زور بولىدۇ.

سوقرات: ئۇنداق ئىكەن، بىز بالىلارغا ئۇرۇش ئەمەلىيىتىنى كۆرسىتىشىمىز ھەمدە ئۇلارنى خەتەردىن ساقلايدىغان چارىلەرنى ئىزدىشىمىز كېرەك بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ھەممىسى تولۇق بولىدۇ. سېنىڭچە، بۇ پىكىر توغرىمۇ؟

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇرۇشقا دائىر تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇلار قانداق ئۇرۇش خەتەرلىك، قانداق ئۇرۇش خەتەرلىك ئەمەس، دېگەنلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇلار بۇنى بىلگەن بولۇشى كېرەك.

سوقرات: شۇڭا، ئۇلار بالىلىرىنى خەتىرى ئانچە يوق ئۇرۇشلارغا ئېلىپ بېرىپ، خەتەرلىك ئۇرۇشلارغا ئېلىپ بارمايدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى سالاھىيەت ۋە تەجرىبە جەھەتتە لاياقەتلىك رەھبەر ياكى ئۇستازلارغا تاپشۇرىدۇ. ساپاسىز ئادەملەرگە ھەرگىز تاپشۇرمايدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

سوقرات: بىلىش كېرەككى، ھاياتتا كۈتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، بىز ھەر ئېھتىماللىقنى ئويلاپ، باللارغا قانات ئاتا قىلىشىمىز كېرەك، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇلار قېچىپ كېتەلە-شى كېرەك.

گىلاۋكون: بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

سوقرات: بىز باللارغا ئات مىنىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك، ئاندىن ئۇلارنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۇرۇش مەيدانىغا ئېلىپ چىقىش كېرەك. ئەمما، ئۇلار ئۇركۈگەك، ناچار ئاتقا ئەمەس، ئاسان كۆن-دۈرگىلى بولىدىغان چاپقۇر ئاتلارغا مىندۈرۈلۈشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى تاپالايدۇ، خەتەرگە يولۇقسا، رەھبەرلىرىگە ئەگىشىپ ئۆزىنى ئېلىپ قاچالايدۇ.

گىلاۋكون: دېگەنلىرىڭ دۇرۇس.

سوقرات: ئەمدى، ھەربىي ئىنتىزامنى قانداق بېكىتىش كې-رەك؟ بىر جەڭچى ئۆز ئادەملىرىگە ۋە دۈشمەنلىرىگە قانداق مۇئا-مىلە قىلىشى كېرەك؟

گىلاۋكون: ئويلىغانلىرىڭنى ئاڭلاپ باقاي.

سوقرات: ئەگەر بىر ئەسكەر ئۇرۇشتىن قاچسا، قورال تاشلىسا ياكى قورقۇنچاقلىقى تۈپەيلى بىرەر بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ تاشلىسا، بۇ ئەسكەرنىڭ دەرىجىسىنى چۈشۈرۈپ، ئىشچى ياكى دېھ-قانلارنىڭ ئارىسىغا قېتىۋېتىش كېرەكمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىش كېرەك.

سوقرات: ھەرقانداق ئەسكەر دۈشمەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالسا، ئۇنى دۈشمەن تەرەپكە سوۋغا قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇش كېرەكمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق قىلىش كېرەك.

سوقرات: بىر ئەسكەر ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ نامى چىقسا، ئۇ ئالدى بىلەن سەپداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشى كېرەك، ئاندىن باللار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشى

كېرەك. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بۇ جەڭچى يەنە كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ قولى بىلەن قارشى ئېلىنىشىغا مۇيەسسەر بولۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىراق، سەن مۇنۇ گېپىمگە قوشۇلماسلىقىڭ مۇمكىن.

گىلاۋكون: نېمە گەپ؟

سوقرات: ئۇ ھەربىر ئادەمنى سۆيۈپ قويۇشى ۋە ئۇخشاشلا ھەر - بىر ئادەم تەرىپىدىن سۆيۈپ قويۇلۇشى لازىم. قوشۇلامسەن؟

گىلاۋكون: تامامەن قوشۇلىمەن. بۇ گېپىڭگە بىر تولۇقلىما بېرىپ قوياي. ئۇرۇش جەريانىدا ئۇ بىرەرسىنى ياخشى كۆرسە رەت قىلىنماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇ بىرىنى ياخشى كۆرسە، شان - شەرەپكە تېخىمۇ ئىنتىلىدىغان بولىدۇ.

سوقرات: ناھايىتى ياخشى، نىكاھ پۇرسەتلىرى ئېسىل ئادەم - لەرگە نىسبەتەن قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى، شۇ چاغدىلا ئۇ كۆپ پەرزەنتلىك بولالايدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق، بىز شۇنداق دېيىشكەن ئىدۇق.

سوقرات: ھومېرنىڭ ئېپوسلىرىدا، باتۇرلار مۇنداق مەدھىيە - لەنگەن: ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئاياس (Aias) زىياپەت - لەردە ئومۇرتقا گۆشى بىلەن تارتۇقلانغان. بۇ ئۇنىڭ شەرىپىنى زى - ياده قىلىش بىلله، بەدىنىنى كۈچلۈك قىلىدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: بىز بۇ يەردە ھومېردىن ئۆگىنىشىمىز لازىم. مۇرا - سىملاردا بىز پاراسەتلىك، باتۇر كىشىلىرىمىزنى مۇكاپاتلاپ، ئۇلارغا قەسىدىلەرنى ئوقۇپ، ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىشىمىز كېرەك. ئۇلارغا يەنە تۆردىن ئورۇن بېرىپ، پاقلان گۆشى ۋە شېرىن - شەربەتلەردىن ھوزۇرلاندۇرۇشىمىز كېرەك. شۇندىلا قەھرىمانلىرى -

مىزنىڭ قەددى يۈكسىلىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.
گىلاۋكون: ئېيتقانلىرىڭ ئىنتايىن دۇرۇس.
سوقرات: خوش، جەڭگاھتا ئۆلگەنلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟ ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۆلۈم بىلەن نامى چىقسا، ئېسىلزادىلەر قاتارىدا كۆرۈش كېرەكمۇ ـ يوق؟
گىلاۋكون: تامامەن بولىدۇ.
سوقرات: ئەمىسە بىز ھىسيودنىڭ ئېسىل نەسەبلىك ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن:

تاغۇ دەرياالارغا سىڭىپ روھلىرى
بولدى ئەل ـ ئاۋامنىڭ نىجات يۇلتۇزى.

دېگەن مىسرالىرىنى قوبۇل قىلساق بولامدۇ؟
گىلاۋكون: قوبۇل قىلساق بولىدۇ.
سوقرات: بىز باتۇرلارنى ئاپوللو كۆرسەتكەن ئۆلگە بويىچە داغدۇغىلىق دەپنە قىلساق بولامدۇ؟
گىلاۋكون: باشقا نېمە ئۇسۇل بولسۇن.
سوقرات: بىز ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى يوقلاپ، ئىلاھلار قاتارىدا كۆرۈشىمىز كېرەك. بىز بۇنداق شەرەپلەرنى تۇرمۇشتا قېرىپ ئۆلۈپ كەتكەن مۇنەۋۋەر كىشىلەرگە بەرسەكمۇ بولامدۇ؟
گىلاۋكون: بەرسەك بولىدۇ.
سوقرات: ئەمدى بىز جەڭچىلىرىمىزنىڭ دۈشمەنگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكى ئۈستىدە توختىلايلى.
گىلاۋكون: قايسى جەھەتتە؟
سوقرات: ئالدى بىلەن مەغلۇپلارنى قۇل قىلىش ھەققىدە توختىلايلى. گرېتسىيەلىكلەر باشقا شەھەرلەرنى ئىستېلا قىلغاندا ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىرقتىكىلەرنى قۇل قىلسا ئادىل بولغان بولامدۇ؟ ياكى بۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا ئەل بولغانلارنى قۇل قى-

لىشنى كۆچىنىڭ بارچە توسۇپ، باشقىلارغا ياۋايىلارنىڭ قولى ئاستىدا قېلىشنىڭ خەتىرىنى ئەسكەرتىپ، گىرېك بىلەن گىرېكنى ئىتتىپاقلاشتۇرسا توغرا بولامدۇ؟

گىلاۋكون: گىرېتسىيەلىكلەر ئىختىلاپ قىلىشسا بولمايدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ گىرېتسىيەلىكلەرنى قۇل قىلماسلىقنىڭ ئۈستىگە باشقا گىرېتسىيەلىكلەرنىمۇ قۇل قىلماسلىققا ئۈندىشى لازىممۇ؟

گىلاۋكون: قانداقلا بولمىسۇن، گىرېتسىيەلىكلەر ئىچكى جەھەتتىن ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ، سىرتقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرسا ياخشى ـ دە!

سوقرات: جەڭگاھتىكى غالىبلار ئۆلگەنلەرنىڭ قورالىدىن باشقا نەرسىلىرىنى ئېلىۋالسا بولامدۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆلگەن دۈشمەننىڭ ماللىرىنى ئېلىۋېلىپ، گويا قالتىس ئىش قىلغاندەك بولۇۋېلىپ، قورقۇنچاقلارنىڭ دۈشمەنگە بىۋاسىتە تاقابىل تۇرماسلىقىغا باھانە تېپىپ بەرسە توغرا بولامدۇ؟ نۇرغۇن قىسىملار ئەنە شۇنداق بۇلاڭ-چىلىق قىلمىشى تۈپەيلى ۋەيران بولغان ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: جەسەتلەرنى بۇلاش پەسكەشلىك ئەمەسمۇ؟ جەسەتنى دۈشمەن بىلىپ، ھەقىقىي دۈشمەننىڭ قېچىپ كېتىشىگە پۇرسەت بېرىپ قويۇش خوتۇن كىشىنىڭ قىلىقى ئەمەسمۇ؟ بۇنداق قىلمىشنى ئېلىپ بارغانلارنىڭ ئۆزىگە تەگكەن تاشنى قاۋاپ تاشنى ئاتقانلار بىلەن كارى بولمىغان ئىتلاردىن نېمە پەرقى؟

گىلاۋكون: ھېچقانداق پەرقى يوق.

سوقرات: شۇڭا، بىز ئۆلۈكلەرنى بۇلاشنى قەتئىي چەكلەپ، ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: دۇرۇس، شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.

سوقرات: ئولجا ئالغان قورال ـ ياراغلارنى ئىبادەتخانىلارغا ئاپىرىپ، ئىلاھلارغا نەزىر قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. گىرېتسى-

يەلىكلەر قىرىنداشلارچە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن غەنىيمەت ئالغان قورالالارنى نەزىر ـ چىراغ سۈپىتىدە ئاپارساق تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىرقدىشىمىزدىن تارتىۋالغان قورالالار-نى ئىبادەتخانىلارغا ئاپىرىپ، ئىلاھلارغا بېغىشلاش قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىشىمىز لازىم. ئىلاھلار ئىجازەت بەرسە ئۇ باشقا گەپ.

گىلاۋكون: توغرا گەپ بولدى.

سوقرات: رەقىب بولمىش گىرېتسىيەلىكلەرنىڭ زېمىنلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈشتەك مەسىلىلەرگە قارىتا، سېنىڭ ئەسكەرلىرىڭ قانداق قارايدىغاندۇ؟

گىلاۋكون: بۇ ھەقتە سېنىڭ پىكرىڭنى ئاڭلاشنى بەكمۇ خالايمەن.

سوقرات: مېنىڭچە، دۈشمەن گىرېتسىيەلىكلەرنىڭ زېمىنىنى-مۇ بېسىۋالماسلىق كېرەك، ئۆيلىرىنىمۇ كۆيدۈرمەسلىك كېرەك. پەقەت ئۇلار بىر يىللىق ھوسۇلنى ئېلىپ كەتسە بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

گىلاۋكون: ماقۇل.

سوقرات: بىزدە «ئۇرۇش» ۋە «ئىختىلاپ» دەيدىغان ئىككى سۆز بار. بۇلارنىڭ بىرى، سىرتقى دۈشمەنلىرىمىزگە قارىتىلغان، يەنە بىرى، ئىچىمىزگە قارىتىلغان. مەملىكەت ئىچىدىكى توقۇنۇشنى «ئىختىلاپ» دەيمىز. سىرت بىلەن بولغان توقۇنۇشنى «ئۇرۇش» دەيمىز.

گىلاۋكون: گېپىڭ ئورۇنلۇق.

سوقرات: ئەگەر گىرېتسىيەلىكلەرنىڭ ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىچكى مۇناسىۋەت دېسەك، گىرېتسىيەلىكلەر بىلەن ياۋايىلار (ۋار ـ ۋارلار) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سىرتقى دۈشمەنلىك دېسەك ئورۇنلۇق بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئىنتايىن ئورۇنلۇق.

سوقرات: ئەگەر گىرېتسىيەلىكلەر ياۋايىلارغا قارىتا ئۇرۇش

قوزغىسا ياكى ياۋايىلار گىرېتسىيەگە تاجاۋۇز قىلسا، ئۇلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولغان بولىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش «ئۇرۇش» بولىدۇ. ئەگەر گىرېكلار گىرېكلارغا قارشى ھەرىكەت قوزغىسا، بۇ بىرخىل ئىللەت بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەسلىدە قېرىنداش بولۇپ، كېيىن تەپرىقچىلىق قىلغان بولىدۇ. بۇخىل توقۇنۇشنى بىز «ئىختىلاپ» دەيمىز.

گىلاۋكون: سۆزۈڭگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئەمدى بىز «ئىختىلاپ» دېگەن گەپنى تەتقىق قىلىپ باقايلى. ئىچكى ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە دۆلەت پارچىلىنىدۇ. زېمىنلار تالان - تاراج بولىدۇ، ئۆيلەر ۋەيران بولىدۇ. بۇنداق بىمەنە ھەرىكەتلەر ھەر تەرەپنى ۋەتەن ئاسىيلىرىدەك كۆرسىتىدۇ. ئۇلار نېمىشقا ئۆزلىرىگە ئاش - نان بەرگەن ئانا ۋەتىنىنى پايمال قىلىدۇ؟ يېڭىلگەن رەقىبلەرنىڭ ئاشلىقىلا ئېلىپ كېتىلگەندە، بۇ ئىچكى نىزادىن ساقلىنىپ، ئىناق ئۆتۈشتىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش مۇۋاپىق بولۇپ، باشقىلار چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

گىلاۋكون: بۇ ئۇسۇل مەدەنىيرەك بولۇپ، ئادىمىيلىككىمۇ ئۇيغۇن.

سوقرات: خوش، سېنىڭ قۇرماقچى بولغان دۆلىتىڭ گىرېك شەھەر دۆلىتىمۇ؟

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، سېنىڭ دۆلىتىڭدىكى پۇقرالار مەدەنىي ئەربابلاردىن ئىبارەت بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇلار ئۆزىنىڭ قېرىندىشى بولغان گىرېكلارنى سۆيەمدۇ؟ ئۇلار ئانا يۇرتى گىرېتسىيەنىڭ تاغ - دەريالىرىنى سۆيەمدۇ؟ ئۇلار گىرېكلارنىڭ ئورتاق دىنىنى سۆيەمدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، سۆيىدۇ.

سوقرات: ئۇلار قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى زىددىيەتنى

ئىختىلاپ دەپ قاراپ، ئۇرۇش دەپ قارىمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق.

سوقرات: قېرىنداشلار جاڭجاللىشىپ قالغاندا، ئەپلىشىپ قېلىشنى ھەر دائىم ئويلايدۇ.

گىلاۋكون: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەزگۈ مەقسەتتە نەسىھەت قىلىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ يامان نىيەتتە قۇل قىلىش ئەمەس. ئۇلار تەرغىباتچى، دۈشمەن ئەمەس.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: گىرېكلار ھەرگىزمۇ گىرېتسىيە زېمىنىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرمەيدۇ. ئۇلار فېدېراتسىيە تەۋەلىكىدىكى گىرېكلارنى پەۋقۇلئاددە ناچار بولمىسىلا، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن دۈشمەن قاتارىدا كۆرمەيدۇ. ئۇلار زېمىنلارنى چەيلەپ، ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈشتىن ساقلىنىدۇ، چۈنكى، قارشى تەرەپتىكى نۇرغۇن ئادەم ئۇلارنىڭ دوستى. ئۇلار پەقەت باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈنلا يۈرۈش قىلىدۇ، مەقسەت ئىشقا ئاشقان ھامان بولدى قىلىدۇ.

گىلاۋكون: پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن. بىزنىڭ گىرېكلار ئۆزىنىڭ گىرېك رەقىبلىرىگە ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ياۋايىلارغا تاقابىل تۇرغاندا، گىرېكلارنىڭ گىرېكلارغا بولغان ھازىرقى پوزىتسىيەسىنى تۇتۇش كېرەك.

سوقرات: بىز قوغدىغۇچىلارغا ئۆز زېمىنىڭنى ئاياغ ئاستى قىلما، ئۆيلەرگە ئوت قويما، دېگەن مەزمۇندا قانۇن تۈزۈپ بەرسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق قىلايلى. بۇ گەپلەرنى ۋە بۇرۇنقى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى توغرا دېگەندىمۇ، مۇشۇنداق تىنىماي سۆزلەپ يۈرۈپ، مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟ مەسىلە شۇكى، بىز تەسۋىرلىگەن ئاشۇنداق دۆلەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن بولسا،

قانداق ئەمەلگە ئاشۇرىمىز؟ ئېتىراپ قىلىمەنكى، سەن خىيال قىلىنغان دۆلەت ئىشقا ئاشسا كارامەت ئىش بولاتتى. سەن تەسۋىرلەپ بولالمىغان تەرەپلەرنى مەن تولۇقلاپ قوياي. ئۇلار بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ، بىر ـ بىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقان قاتارىدا كۆرسە، ئۇلارغا ھېچكىم تەڭ تۇرالمايدۇ. ئايال ئەسكەرلەرمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلسا، ئۇلار تېخىمۇ تەڭداشسىز بولىدۇ. مەن يەنە سەن تىلغا ئالمىغان نۇرغۇن ئىچكى ئەۋزەللىكلەرنى كۆردۈم. بۇنداق دۆلەت راستتىنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭ تالاي ئەۋزەللىكلىرى بولىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە توختىلىپمۇ يۈرمىگىن. بىز شۇ دۆلەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىن ياكى مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كېلەيلى. ئۇ قانداق قىلغاندا مۇمكىن بولىدۇ؟

سوقرات: سەن مېنىڭ مۇھاكىمەمگە توساتتىنلا ھۇجۇم قىلدىڭ، مېنىڭ ئارىسالدى بولۇشۇمغىمۇ پۇرسەت بەرمىدىڭ. خەۋىرىڭ بارمىكىن، مەن باشتا ئىككى قېتىملىق دولقۇندىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇۋالغان ئىدىم، مانا ئەمدى چوڭ بىر دولقۇنغا دۇچ كەلدىم. بۇ دولقۇننىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلسەڭ، ماڭا ھېسداشلىق قىلىشىڭ مۇمكىن ھەمدە مېنىڭ ئارىسالدىلىقىمنى چۈشىنىشىڭ مۇمكىن. ئەمدى بىز ئوتتۇرىغا قويىدىغان مەسىلە ھەقىقەتەن ئالاھىدە ۋە ئۆزگىچىدۇر.

گىلاۋكون: سەن ئۆزۈڭنى قاچۇرغانسېرى بىز قوغلايمىز. قانداقلا بولمىسۇن، سەن بىزگە بۇ تۈزۈمنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك. قېنى باشلا، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايلى.

سوقرات: بولىدۇ، ئېسىمىزدە بولسۇنكى، تېمىنى ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكتىن باشلىغان ئىدۇق.

گىلاۋكون: شۇنداق، ئۇنداق بولسا نېمە بولاتتى؟

سوقرات: ھېچنېمە بولمايدۇ. بىراق، مەسىلە بۇ يەردە. ناۋادا

بىز ئادالەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە جاۋاب تاپساق، بىز ئادالەتلىك ئىنسان بىلەن ئادالەتنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولماسلىقى كېرەك، دېگەننى ئارزۇ قىلامدۇق ياكى ئادالەتلىك كىشىنىڭ ئادالەتنىڭ ئۆزىگە بەكرەك يېقىنلىشىپ، ئادالەتنى كۆپرەك كۆرسەتسە، بىز ئۇنىڭدىن رازى بولامدۇق؟

گىلاۋكون: ئۆلچەمگە يېقىنلاشسا رازى بولىمىز.

سوقرات: بىزنىڭ ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك مۇتلەق ئادىل كىشى ۋە مۇتلەق ئادالەتسىز كىشى (ناۋادا بۇنداق ئادەم مەۋجۇت بولسا) ھەققىدە توختىلىشتىكى ئەسلىي مەقسىتىمىز بىر ئۆلگىنى تېپىش ئىدى. بىز ئۆلگىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ بەختلىك ياكى بەختلىك ئەمەسلىكىمىزنى ئايرىماقچىمىز، شۇنداقلا بەختلىك ياكى بەختسىزلىك دەرىجىمىزنى بىلمەكچىمىز. بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇ ئۆلگىنى رېئاللىقتا بار قىلىش ئەمەس.

گىلاۋكون: دېگەنلىرىڭىز توغرا.

سوقرات: بىر رەسسام كەم - كوتىسىز بىر ئەرنى سىزىپ، ھەممە تەرەپنى جايىدا كەلتۈرسە، ئەمما، بۇنداق ئەرنىڭ تۇرمۇشتا بار - يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىسە، بۇ رەسسام ناچار رەسسام بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ۋاي، خۇدايىم، نەدىمۇ ئۇنداق بولسۇن.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز بۇ يەردە ياخشى بىر دۆلەتنى گەپ بىلەن قۇرۇپ چىقىۋاتامدۇق؟

گىلاۋكون: ھەئە، شۇنداق.

سوقرات: بىز بىر دۆلەتنى ئەمەلىيەتتە تەسۋىرلىگىنىمىزدىكىدەك ياخشى باشقۇرالايدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلىيالمىساق، ئۆزىمىزنى ناچار نەزەرىيەلەرنى بازارغا سالدۇق دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنداق دېسەك ئەلۋەتتە بولمايدۇ.

سوقرات: دېمەك، گەپ مۇشۇ يەردە. ساڭا ياخشى بولسۇن ئۈچۈن بىز تەسۋىرلىگەن ئاشۇ نەرسىنى قانداق ئەھۋالدا قايسى جەھەتتىن

ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشىم كېرەك. سەن باشتا قوشۇلغان گەپلىرىمىزنى سەممىگە بىر سالغان بولساڭ بوپتىكەن.

گىلاۋكون: قايسى گەپنى؟

سوقرات: تەسۋىرلىگەن نەرسىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولامدۇ؟ ھەقىقەتنى چۈشىنىشتە ئىشقا ئاشۇرغانلىرىمىز ئېيتقانلىرىمىزدىن ئاز بولامدۇ؟ ئېھتىمال، بەزىلەر ئۇنداق قارىماس. بىراق، سەن مېنىڭ دېگەنلىرىمگە قوشۇلامسەن؟

گىلاۋكون: قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، سەن مېنى تەسۋىرلىگەن نەرسەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدە ئىسپات كۆرسىتىمسەن، دەپ تۇرۇۋالما. مۇبادا باشقۇرۇلۇشى بىزنىڭ تەسۋىرىمىزگە يېقىن بىر دۆلەتنى تاپالىساق، سېنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلىپىڭ يەردە قالمىغان بولىدۇ. سەن بۇنىڭدىن قانائەت ھېس قىلامسەن؟

گىلاۋكون: مەن رازى بولىمەن.

سوقرات: ئەمدىكى ئىشىمىز ھازىرقى شەھەر دۆلەتتى تۈزۈمىدىكى نۇقسان ۋە كەمتۈكلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى غايىمىزدىكى تۈزۈم بويىچە تەرتىپلەشتىن ئىبارەت. قانداق ئۆزگىرىشلەر بۇ تۈزۈمنى بىز تۈزمەكچى بولغان قانۇنغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئىسلاھاتلا كۇپايە بولسا شۇنچە ياخشى. ئۆزگەرتىش زۆرۈرىيىتى ئاز بولغان تۈزۈم ياخشى تۈزۈم بولىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

گىلاۋكون: مەن يەنە بىر قېتىملىق ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغان ئىسلاھاتنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. بۇخىل ئۆزگەرتىش گەرچە ئاسان بولمىسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بار.

گىلاۋكون: ئۇ قانداق ئۆزگەرتىش؟

سوقرات: زور دولقۇنغا يولۇقۇۋاتقان بولساممۇ، كېمىنى داۋاملاشتۇراي. مەسخىرە ۋە كەمسىتىش دولقۇنلىرىغا غەرق بولۇپ كەتسەممۇ مەيلى. گېپىمنى دەۋېرەي.

گىلاۋكون: دەۋەرگىن.

سوقرات: بىر بولسا پەيلاسوپلار ھۆكۈمدار بولۇشى كېرەك، بىر بولسا ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمرانلار ئەقىل ـ پاراسەتنى دوست تۇتۇپ، ھاكىمىيەتنى پاراسەت بىلەن بىر گەۋدە قىلىشلىرى كېرەك. ناۋادا ئۇنداق قىلماي، ئىككىسىنىڭ بىرسىنىلا قوغلىشىپ، جاھان سورايمەن دېسە، ئۇنداقلارنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك. قەدىرلىك گىلاۋكون، ئەقىل ـ پاراسەت يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتمىگەندە، پۈتۈن شەھەر دۆلىتىمىز تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ، ئىنسانلارغا ئارامچىلىق بولمايدۇ. ئۇ ھالدا بىز باشتا ئېيتقان قانۇن ـ تۈزۈم ئاساسى يوق قۇرۇق گەپلەرنىڭ دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ مەن دېلىغۇل بولۇپ، دېيەلمىگەن گەپلەر، ئۆزۈمگە ئايانكى، بۇ گەپ ئاغزىمدىن چىققان ھامان توقۇ ـ لەنەت ئارىسىدا قالىمەن. ئادەتتىكى ئادەملەر بۇ چارىدىن باشقا چارىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

گىلاۋكون: ھەي، سوقرات، ئالدىمىزدا ئاللىنېمىلەرنى سۆزلەپ كەتتىڭ، ئەمەلدار جانابلار چاپان سېلىپ، قوراللىرىنى ئۇچلاپ يۈگۈرۈپ كەلمىگىدى، دەپ ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن. ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى قوغدىغۇدەك دەلىل تاپالمىساڭ، قاچماي بولمايدۇ. شۇڭدىلا كۈلكىگە قېلىشىڭ تەمىنى تېتىيسەن.

سوقرات: مېنى مۇشۇنداق ئەپسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان دەل سەن.

گىلاۋكون: مەن خاتا قىلمىدىم. بىر چەتتە قاراپ تۇرماي، ساڭا ياردەم قىلىمەن. مەن سېنى ئىلھاملاندۇرىمەن، سوئاللىرىڭغا باشقىلارغا قارىغاندا لايىقىدا جاۋاب بېرىمەن. مېنىڭ ھىمايەم ئاستىدا، ساڭا شۇبھە بىلەن قارىغۇچىلارنى قايىل قىل. ھەقىقەت سەن

تەرەپتە.

سوقرات: سەندەك مۇستەھكەم دوستۇم بولغان يەردە مەن تىرد-شىمەن. بىز باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدانماقچى بولساق، ھۆ-كۈمدار بولۇشقا تېگىشلىك پەيلاسوپلار ھەققىدە ئېنىق يورۇتما بې-رىشىمىز كېرەك بولىدۇ. پەيلاسوپلار ھەققىدە ئېنىقلىما بەرگەن ئىكەنمىز ئەنسىرەشكە ھاجەت قالمايدۇ. بىز كىشىلەرگە شۇنداق دەيمىزكى، پەلسەپە ۋە سىياسەت ھۇنىرىنى تەتقىق قىلىش ئەقىل-پاراسەتنى سۆيىدىغان پەيلاسوپلار ۋە سىياسىيونلارغا مەنسۇپتۇر. باشقىلار پەلسەپىنى چۈشەنمىگەندىمۇ، رەھبەرلەرگە قانداق ئەگە-شىشنى چۈشەنسە بولغىنى.

گىلاۋكون: ئېنىق بىرەر تەبىر بېرىشۆەتمىسەڭ بولمىدى.

سوقرات: بولىدۇ، بەلكىم، مەقسەتنى چۈشەندۈرگىلى بىرەر چا-رە چىقىپ قالار.

گىلاۋكون: قېنى، ئەمىسە.

سوقرات: ئېسىڭدە بولسا كېرەك، بىراۋنى مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ھەۋەسكارى دېسەك ۋە ئۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەك، بۇ ئۇنىڭ شۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى ئەمەس، ھەممە قىسىملىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

گىلاۋكون: قارىغاندا ئېسىمگە سالمىساڭ بولمىغۇدەك، مەن ھېچ چۈشەنمىدىم.

سوقرات: گىلاۋكون، سېنىڭ بۇ جاۋابىڭ باشقىلارغا ماس كەل-گەن بىلەن ماڭا ماس كەلمەيدۇ. سېنىڭدەك سۆيگۈ ئەھلى ئۇنتۇ-ماسلىقى كېرەككى، بالاغەت مەزگىلىدىكى ياشلارنى چۈشىنىدىغان بىر ئادەمنىڭ يۈرەك تارى لەرزىگە كېلىپ، ياشلارنى سۆيۈملۈك ھېس قىلىدىغان بولالىشى كېرەك. كىملىشكەن ياشلارنى كۆرگەندە سەندىمۇ شۇنداق تۇيغۇلار بولىدىغاندۇ؟

بۇرنى ياپىلاق ياشلارنى كۆرسەڭ ئوماق ئىكەن دېيىشىڭ مۇم-كىن، قاڭشارلىقلارنى كۆرسەڭ جەسۇر ئىكەن دېيىشىڭ مۇمكىن،

قاڭشىرى نورماللارنى كۆرسەڭ، كېلىشكەن ئىكەن دېيىشىڭ مۇم-
كىن، قارامتۇل چىرايلارنى كۆرسەڭ كۈچتۈڭگۈر ئىكەن دېيىشىڭ
مۇمكىن. ئاق يۈزلۈكلەرنى كۆرسەڭ غۇبارسىز ئىكەن، دېيىشىڭ
مۇمكىن. «ئاق سۈزۈك» دېگەن سۆپەت ئەسلىدىنلا ئاشىقلار تەرىپىد-
دىن كەشىپ قىلىنغان بولۇپ، تاتىراڭغۇ چىراي ئىگىلىرىنى تەس-
ۋىرلىگەن. دېمەك، ياشلاردىكى نۇقسانىنى كۆرمەسلىككە سالغۇڭ
كېلىدۇ، ئۇلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆتكۈزۈۋەتكۈڭ كەلمەيدۇ.

گىلاۋكون: سەن مېنى شۇ سۆپەتتىكى ئاشىقلار قاتارىغا قويغان بولساڭ، سۆھبىتىمىزگە قولاي بولسۇن ئۈچۈن تەۋسىيەڭنى قوبۇل قىلاي.

سوقرات: مەيخورلارغا سەپسالغانمۇ؟ ئۇلاردىكى ئەھۋالمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۇچرىغانلىكى هاراقنى ياخشى كۆرۈۋېرىدۇ ۋە ھەممىسىگە سەۋەب كۆرسىتەلەيدۇ.

گىلاۋكون: راست شۇنداق.

سوقرات: سەن شۆھرەتخۇمارلاردىمۇ شۇنداق ئەھۋالنىڭ بارلىقىغا سەپ سالغان بولغىيدىڭ. ئۇلار گېنېرال بولالمىسا، لېيتېنانت بولۇشقىمۇ رازى بولىدۇ؛ چوڭ ئەربابلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولالمىسا، كىچىكرەك ئەربابلارنىڭ ماختىشىدىن رازى بولىدۇ. بەرىبىر، شان ـ شەرەپ ئۇلارغا كەم بولسا بولمايدۇ.

گىلاۋكون: ھەئە، شۇنداق.

سوقرات: مېنىڭ سوئالىمغا قايتا بىر جاۋاب بەرگەن بولساڭ بوپتىكەن. بىراۋ بىر نەرسىنى ياخشى كۆرسە، مەيلى ئۇ نېمە بولمىسۇن، شۇ نەرسىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ياخشى كۆرەمدۇ ياكى قىسمەن تەرىپىنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

گىلاۋكون: ھەممە تەرىپىنى ياخشى كۆرىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، بۇ گەپنى پەيلاسوپلارغىمۇ تەتبىقلىغىلى بولىدۇغۇ؟ پەيلاسوپلار ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ساھىبلىرىدۇر، ئۇلار ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ بىر قىسمىنى ئەمەس، ھەممە قىسىملىرىنى

سۆيىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرىنى بار دېسەك، ئۇ نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ياش بىرى بولسا، بىز ئۇنى ئەقىل ـ پاراسەتنى سۆيىدۇ، دەپ ئېيتالمايمىز. بۇ خۇددى قورسىقى ئاچمىغانلىقى تۈپەيلى بىر نەرسە يېيىشنى خالىمىغان ئادەمنى ئىشتىھايى بار دېگىلى بولمىغاندەك بىر ئىش.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئەگەر بىراۋ ھەر قانداق ئىلىمگە زوقمەن بولسا، بۇ خىل ئادەمنى ئەقىل سۆيەر ياكى پەيلاسوپ دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەگەر پەقەت قىزىقىشىنىلا ئەقىل سۆيەرلىك دېگىلى بولسا، نۇرغۇن بىمەنە ئادەملەرنى پەيلاسوپ دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ياندا قاراپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىغان تالاي ئادەملەر بار، يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا ئۇلارمۇ پەيلاسوپ بولۇپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ خىل ئادەملەر ھەقىقىي مۇتالىئە ۋە تەتقىقاتلارغا بېرىلىپ كىرىشمەيدۇ. ئۇلار گويا قۇلاقلىرىنى خور ئاڭلاشقا ئاتىۋەتكەندەك، شاراب ئىلاھى بايرىمى كەلگەندە، قەيەردە داپ داراڭلىسا، شۇ يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، تاماشا قىلىشىدۇ. بىزمۇ شۇ تېپتىكى ئادەملەرنى ھەمدە چاكىنا سەنئەتنى ئەتىۋارلاپ يۈرگەن ئادەملەرنىمۇ پەيلاسوپ دېيەلەمدۇق؟

سوقرات: ئۇنداق دېيەلمەيمىز، بىراق، ئۇلارنىڭ پەيلاسوپقا ئوخشاپ كېتىدىغان تەرىپى بار.

گىلاۋكون: ئۇنداقتا ھەقىقىي پەيلاسوپ قانداق بولىدۇ؟

سوقرات: ھەقىقىي پەيلاسوپ ھەقىقەتنى كۆزلىگەن بولىدۇ.

گىلاۋكون: گېپىڭىزمۇ توغرا، ئەمما، زادى نېمە دېمەكچىسەن؟

سوقرات: نۇقتىئىنەزەرلىرىمىزنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش تەس، بىراق، سېنى چۈشىنەلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن.

گىلاۋكون: مەسىلەن؟

سوقرات: گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك بىر ـ بىرىگە زىت بو-لۇپ، ئۇلار تامامەن ئىككى خىل ئامىل.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئۇلار ئىككى خىل نەرسە بولغان ئىكەن، ھەربىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىمدۇر.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىز باشقا قارىمۇقارشى نەرسىلەرنىمۇ شۇنىڭغا ئوخ-شاش ئۇسۇل بىلەن ئايرىيمىز. مەسىلەن، ئادالەت بىلەن ئادالەت-سىزلىك، خەيرلىك بىلەن رەزىللىك ۋە باشقىلار. مۇنداقچە ئېيت-قاندا، ئۇلار ئۆز ئالدىغا يەككە نەرسە. ئەمما، ئۇلار شەيئىلەر ۋە ھە-رىكەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ھالدا، ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە قارىمۇقارشىلىق ئىچىدە تەڭ نامايان بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئېيتقانلىرىڭ توغرا.

سوقرات: ئەمدى بىز ئىككى خىل ئادەمنى ئايرىيدىغان پاسىلنى بېكىتىپ چىقايلى، بىر تەرەپتە تاماشىچىلار، سەنئەت ھەۋەسكارلى-رى، نەقچىلەر تۇرۇپتۇ. يەنە بىر تەرەپتە بىزنىڭ مۇھاكىمە تېمى-مىز بولۇۋاتقان ھەقىقىي پەيلاسوپلار تۇرۇپتۇ.

گىلاۋكون: دېمەكچى بولغانلىرىڭ نېمە؟

سوقرات: شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار گۈزەل ئاۋازلارنى، چىرايلىق رەڭلەرنى، كېلىشكەن ھالەت ۋە قىياپەتلەرنى ۋە بۇ ئا-مىللاردىن تەركىب تاپقان سەنئەت ئەسەرلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق، ئۇلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن شۇ گۈزەللىكنىڭ ماھىيە-تىنى تونۇمايدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: يەنە شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار گۈزەللىكنىڭ ئۆزىگە ئۇلاشقان، گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتىنى تونۇغان بولىدۇ. بۇ-خىل ئادەملەر ئانچە كۆپ بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ناھايىتى ئاز، بەكمۇ ئاز.

سوقرات: دېمەك، ئادەم نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ، ئەمما گۈزەللىكنى تونۇيالمايدۇ، ھەتتا باشقىلار گۈزەللىكنى تونۇشقا يېتەكلىسىمۇ ئەگەشمەيدۇ. سېنىڭچە، بۇنداق ئادەم غاپىللىقتا تۇرغان بولامدۇ ياكى سەگەكلىكتە تۇرغان بولامدۇ؟ بىراۋ ئۇخلىماي تۇرۇپمۇ مەلۇم ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى شۇ شەيئىنىڭ ئۆزى دەپ قاراپ قالسا، بۇ غاپىللىقتا تۇرۇش بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق، ئۇ غاپىللىقتا تۇرغان بولىدۇ.

سوقرات: خوپ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئادەملەر باركى، ئۇلار گۈزەللىكنىڭ ئۆزىنى تونۇيدۇ، گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى بىلەن بۇ ماھىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كونكرېت نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. يەنى گۈزەللىكنىڭ ئۆزى بىلەن گۈزەللىك بار بولغان ئايرىم نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويمايدۇ. سېنىڭچە، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى سەگەك دېيىشكە بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇ تامامەن سەگەك.

سوقرات: بىز تونۇيالايدىغان قەلبكە ئىگە ئادەملەرنى بىلىمگە ئىگە دەيمىز. ئاۋۋالقىدەك ئادەملەر بولسا پەقەت پىكىرگە ئىگە بولۇپ، بۇلارنى پەقەت پىكىرلىك ئىنسانلار دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بولىدۇ.

سوقرات: ناۋادا بىز ئۇلارنى پىكرى بار، لېكىن بىلىمى يوق ئادەملەر دېسەك، ئۇلار غەزەپلىنىپ، بىزگە قايىل بولمىسا ۋە بىزنى كاززاپ دېسە، بىز ئۇلارغا ياخشى گەپلەر بىلەن تەسەللىي بېرىپ، ئەگىتمە يوللار بىلەن ئەقلىنىڭ تازا نورمال ئەمەسلىكىنى تونۇتۇپ قويساق بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئۇلارغا نېمە دېسەك بولار؟ مەسىلەن، سىلەردە بىلىم بولسا ھەسەت قىلمايمىزكى، خۇشال بولىمىز دېسەك

چۇ؟ ئاندىن ئۇلاردىن مۇنۇ سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىشنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىنى سورىشىمىز مۇمكىن: بىلىملىك ئادەم ئازراق بىلەمدۇ ياكى ھېچنەرسىنى بىلمەمدۇ؟ سەن ئۇلارنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ جاۋاب بېرىپ باقامسەن؟

گىلاۋكون: مەن بۇ ئادەم ئاز ـ تولا نەرسىلەرنى بىلىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.

سوقرات: بۇ ئۇنىڭ «بىلىمى بار» دېگىنىڭمۇ ياكى «يوق» دېگىنىڭمۇ؟

گىلاۋكون: بار دېگىنىمدۇر. يوق نەرسىنى بايقىغىلى بولامدۇ؟

سوقرات: ھەر تەرەپلىمە ئويلاپ، شۇنداق دېيەلەيمىز: تامامەن بار نەرسىنى تامامەن بىلگىلى بولىدۇ. بولۇشى تامامەن مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى تامامەن بىلگىلى بولمايدۇ.

گىلاۋكون: توغرا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ.

سوقرات: ياخشى. بىرلا ۋاقىتتا بار ھەم يوق نەرسىنى مەۋجۇت دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، بۇ نەرسە تامامەن بار بىلەن تامامەن يوقنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

سوقرات: بىلىش بار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بىلمەسلىك يوق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىكەن، بىز بىلىش بىلەن بىلمەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى نېيترال بىر نەرسىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. ناۋادا ئۇ نەرسە مەۋجۇت بولسا.

گىلاۋكون: شۇنداق قىلايلى.

سوقرات: بىز «پىكىر» دېگەن بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇ بىلىشكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىقتىدارمۇ ياكى پەرقلىق ئىقتىدارمۇ؟

گىلاۋكون: پەرقلىق ئىقتىدار.

سوقرات: بىلىم بىلەن پىكىر پەرقلىق ئىقتىدار بولغان ئىكەن،

ئۇلار پەرقلىق مۇناسىۋەتتىن كەلگەن بولىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىلىش مۇقەررەر ھالدا بار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ بارنىڭ مەۋجۇتلۇق ئەھۋالىنى بىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە بىر پەرق ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

گىلاۋكون: قانداق پەرق؟

سوقرات: بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئىقتىدار بىزنى ۋە باشقا شەيئىلەرنى ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشقا قادىر قىلغان نەرسىدىن ئىبارەت. بۇ سۆزۈمنى چۈشەنگەن بولساڭ، كۆرۈش بىلەن ئاڭلاشمۇ ئەنە شۇنداق ئىقتىدارلار جۈملىسىدىندۇر.

گىلاۋكون: شۇنداق چۈشىنىمەن.

سوقرات: ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ خىل ئىقتىدار توغرىسىدىكى تەسراتىمنى دەپ باقسام. مەن ئىقتىدارنىڭ رەڭگى، شەكلى ۋە باشقا شەيئىلەردە بار بولغان بەزى خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرەلمەيمەن، شۇنىڭدەك ئىقتىدارنى باشقا شەيئىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ كۆرەلمەيمەن. ئىقتىدارغا قارىتا مېنىڭ ئويلايدىغىنىم ئۇنىڭ نېمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، ھەمدە ئۇنىڭ نېمىلەرگە قادىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. شۇڭا، مەن ھەر بىر ئىقتىدارنى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىقتىدار دەيمەن. ئۇ بىر شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پەقەت شۇ شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرىپىنىلا تاماملايدۇ. ئوخشاش بىر ئىشنى تاماملىغان ئىقتىدار ئوخشاش ئىقتىدار بولىدۇ. ئوخشىمىغان شەيئىلەر (ئىشلار) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەم ئوخشىمىغان شەيئىلەرنى تاماملىغان ئىقتىدارنى ئوخشىمىغان ئىقتىدار دەيمىز. بۇنىڭغا قارىتا سەن قانداق قارايسەن؟

گىلاۋكون: ساڭا ئوخشاشلا قارايمەن.

سوقرات: گېپىمىزگە كەلسەك، سەن بىلىشنى بىر خىل ئىقتىدار دەپ قارامسەن ياكى باشقا مېتودلىرىڭ بارمۇ؟

گىلاۋكون: باشقا قاراشلىرىم يوق، بىلىش ئىقتىدارلار ئىچىدە-
كى ئەڭ چوڭ ئىقتىداردۇر.

سوقرات: ئەمىسە، پىكىرچۇ؟ بىز ئۇنى ئىقتىدار تۈركۈمىگە
كىرگۈزمەي، باشقا تىپقا كىرگۈزسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بولمايدۇ. چۈنكى، پىكىرنى شەكىللەندۈرىدىغان
ئىقتىدارنىڭ باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات: بىراق، باشتا سەن بىلىم بىلەن پىكىرنى ئوخشىماي-
دىغان نەرسە دېگەن ئىدىڭغۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق. چۈنكى، بىرەر ئىشنى چۈشىنىدىغان ئادەم
ئىشەنچلىك نەرسە بىلەن ئىشەنچلىك بولمىغان نەرسىنى بىر –
بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويمايدۇ.

سوقرات: ناھايىتى ئوبدان. قارىشىمىز ئوخشاش ئىكەنلىكى،
پىكىر بىلەن بىلىم ئوخشاش نەرسە ئەمەس.

گىلاۋكون: دەرۋەقە، ئۇلار بىر نەرسە ئەمەس.

سوقرات: ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىقتىدارلاردىن ئىبارەت بول-
غان ئىكەن، ئوخشىمىغان شەيئىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئۇنىسى مۇقەررەر.

سوقرات: مېنىڭچە، بىلىش بار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بىلىشنىڭ
مەقسىتى بارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇش.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: پىكىرنى بىز پەقەت پىكىرنى شەكىللەندۈرىدىغان
نەرسە دەپ قارىساق بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىلىشنىڭ ئوبيېكتى بىلەن پىكىرنىڭ ئوب-
يېكتى ئوخشاش بولامدۇ؟ بىلگىلى بولىدىغان نەرسە بىلەن پىكىر
پەيدا قىلىدىغان نەرسە ئوخشاش بولامدۇ؟ ياكى ئۇلار ئوخشىمامدۇ؟

گىلاۋكون: بىز بىرلىككە كەلگەن پىرىنسىپ بويىچە قارىغاندا،
ئۇلار ئوخشىمايدۇ. ئوخشىمىغان ئىقتىدارنىڭ ئوخشىمىغان ئوب-

يېكتى بولغان ئىكەن ھەمدە پىكىر بىلەن بەسلىشىش ئوخشىمىغان ئىقتىدارلاردىن بولغان ئىكەن، بىلىش بىلەن پىكىرنىڭ ئوبيېكتىلىرى ئەلۋەتتە، ئوخشىمايدۇ.

سوقرات: ئەگەر بارلىق بىلىشنىڭ ئوبيېكتى بولسا، پىكىرنىڭ ئوبيېكتى چوقۇم باشقا نەرسە بولۇش كېرەك، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق، چوقۇم باشقا نەرسە بولۇشى كېرەك.

سوقرات: ئۇنداقتا، پىكىرنىڭ ئوبيېكتى «يوق» (يوقلۇق) بولامدۇ؟ ھەتتا، يوقلۇققا قارىتا پىكىرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈپ باقايلى. پىكىرلىك بىر ئادەمنىڭ پىكرى مۇئەييەن نەرسىگە باغلانغان بولمدۇغۇ؟ مۇبادا بىر ئادەمدە پىكىر بار دېيىلسە، بۇ پىكىرنىڭ يوقلۇق ھەققىدە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

گىلاۋكون: ياق، مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات: پىكىرگە ئىگە بىر ئادەمنىڭ پىكرى مەلۇم بىر نەرسىگە قارىتا بولىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: «يوق» نى مەلۇم بىر نەرسە دەپ ئاتىغىلى بولمايدۇ. ئۇنى «يوق» دېيىش ئەڭ مۇۋاپىق.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا بىز «يوق» (يوقلۇق) توغرىسىدىكىنى بىلمەسلىك، بارلىق توغرىسىدىكىنى بىلىش دەپ ئاتايلى.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: بىر ئادەمدە پىكىر بار دېيىلسە، ئۇنى بارلىق ھەققىدە دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، يوقلۇق ھەققىدە دېيىشكىمۇ بولمايدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق، ئۇ ھەر ئىككىسىگە ئائىت ئەمەس.

سوقرات: پىكىر بىلمەسلىكمۇ ئەمەس، بىلىشمۇ ئەمەس.

گىلاۋكون: شۇنداقتەك قىلىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا ئۇنى بىلمەسلىككە قارىغاندا خىرە، بىلىشكە

قارىغاندا ئېنىق نەرسە دېيىشكە بولامدۇ؟
گىلاۋكون: ئۇنداق ئەمەس.
سوقرات: ئەمىسە، سەن پىكىرنى بىلىشكە نىسبەتەن خىرە، بىلمەسلىككە نىسبەتەن روشەن دەپ قارامسەن؟
گىلاۋكون: تامامەن شۇنداق نەرسە، دەپ قارايمەن.
سوقرات: پىكىر خىرەلىك بىلەن روشەنلىك ئوتتۇرىسىدا تۇرامدۇ؟
گىلاۋكون: شۇنداق.
سوقرات: پىكىرنى بىلىش بىلەن بىلمەسلىك ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ دېيىشكە بولامدۇ؟
گىلاۋكون: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.
سوقرات: ئەگەر مەلۇم بىر نەرسە بارلىق ھەم يوقلۇقتىن ئىبارەت بولسا، ئۇ مۇتلەق بارلىق بىلەن مۇتلەق يوقلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئائىت ئىقتىدارمۇ بىلىش ياكى بىلمەسلىككە كىرمەي، بەلكى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئىقتىداردىن ئىبارەت بولىدۇ. بىز ئىلگىرى شۇنداق دېگەنىدۇق دەيمەن؟
گىلاۋكون: شۇنداق دېگەن.
سوقرات: بايىلا توختالدۇقكى، بىلىش بىلەن بىلمەسلىك ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان پىكىر دېگەن نەرسە بار.
گىلاۋكون: شۇنداق.
سوقرات: ئەمدى بىز بىرلا ۋاقىتتا بارلىق ۋە يوقلۇق تۈسىدىكى نەرسە تېپىشىمىز كېرەك، ئۇ شەرتسىز ھالدا بىرلا ۋاقىتتا ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. ئەگەر بىز ئۇنى ئىزدەپ تاپالىساق، ئۇنى پىكىرنىڭ ئوبيېكتى دېيىشكە ھەقلىق بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىككى ئۇچنى ئىككى ئۇچ بىلەن باغلايمىز، ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىنى ئوتتۇرا بىلەن باغلايمىز. سەن بۇ گېپىمگە قوشۇلامسەن؟
گىلاۋكون: قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئەمىسە، بۇ پىرىنسىپ مۇقىملاشتى. مەنزىرە كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر ئەمدى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرسە بولىدۇ. ئۇ مەڭگۇ ئۆزگەرمەس گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك ئۇقۇمىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇ نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، لېكىن، ئۇ ھېچكىمنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدۇ، يەنە گۈزەللىكنىڭ ئايرىم بىر نەرسە (شەيئى) ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ، ئادالەتنىڭ ئايرىم بىر شەيئى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. باشقا ئايرىم بىر شەيئىنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. بىز ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىشىمىز كېرەككى، ئاشۇ نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئازراق خۇنۇك نەرسە يوقمۇ؟ ئاشۇ نۇرغۇن ئادالەتلىك ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئادالەتكە زىت ئازراق نەرسە يوقمۇ؟ ئاشۇ تالاي تەقۋادارلىق ئىچىدە تەقۋا بولمىغان ئازراق نەرسە يوقمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنداق نەرسىلەر چوقۇم بار. نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەر ياكى، ئۇ مۇئەييەن شەكىلدە گۈزەل كۆرۈنگەن بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە سەتمۇ كۆرۈنىدۇ. سەن سورىغان باشقا نەرسىلەرمۇ شۇنداق.

سوقرات: بىر نەرسىنىڭ ھەسسىلەنمىسى بولۇپ كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرمۇ بارمۇ؟ ئۇلار بىر نەرسىنىڭ ھەسسىلەنمىسى بولۇپ كۆرۈنسە، باشقا نەرسىلەرنىڭ يېرىمى بولۇپ كۆرۈنەمدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر باركى، بىز ئۇنى چوڭ ياكى كىچىك، ئېغىر ياكى يېنىك دەپ سۈپەتلەيمىز. ئۇ نەرسىلەرنىڭ چوڭنى كىچىك، كىچىكنى چوڭ، يېنىكنى ئېغىر، ئېغىرنى يېنىك دېيەلەمدۇق؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە. ئۇ نەرسىلەر ئۆزئارا شەرتلىك بولىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، بۇ كۆپ خىللىقتا ئىگە نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرىنى مۇنداق دېيەلىسەكمۇ، ئۇنداق دېيەلمەيمىز، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: بۇ ھال بەئەينى سورۇنلاردا باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئوينىغاندەك بىر ئىش بولدى ياكى بالىلارنىڭ مەنىسى مۇجمەل تې-

پىشماقلىرىدەك بىر نەرسە بولدى.
مەسىلەن:

بىر ئەر باركى ئەرگە ئوخشىماس،
كۆردى بىر قۇش، قۇشقا ئوخشىماس،
قوندى شاخقا، شاخقا ئوخشىماس،
ئاتتى تاشنى، تاشقا ئوخشىماس.

(جاۋابى: بىر ئاغۇات قومۇشقا قونغان شەپەرەڭنى كۆرۈپ، تاش پارچىسىنى ئاتتى.) بۇ تېپىشماقتىكى شەيئىلەر مۇجمەللىشىپ، ئېنىق ئىلغا قىلغىلى بولمايدۇ.

سوقرات: سېنىڭ ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك چارەڭ يوقمۇ؟ «ھە-ئە» بىلەن «ياق» نىڭ ئارىسىدىن باشقا، ئۇلارنى جايلاشتۇرغۇدەك مۇۋاپىق ئورنۇڭ يوقمۇ؟ بىلمەك كېرەككى، مەۋجۇت بولماسلىقتىنمۇ قاراڭغۇ، شەيئىنى تېخىمۇ ئەمەلىي ئەمەس قىلغۇدەك ئورۇننىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەۋجۇت بولۇشتىنمۇ روشەن، شەيئىنى تېخىمۇ ئەمەلىي قىلغۇدەك ئورۇننىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

گىلاۋكون: ئىنتايىن توغرا.

سوقرات: بىز شۇنى بايقىدۇقكى، ئاددىي كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك ۋە باشقا نەرسىلەر توغرىسىدىكى ئادەتتىكى قاراشلىرى مۇتلەق مەۋجۇدىيەت بىلەن مۇتلەق يوقلۇقنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بولىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: بىز بۇنداق ئارىسالدى نەرسىلەرنىڭ بىلىشنىڭ ئەمەس، پىكىرنىڭ ئوبيېكتى بولىدىغانلىقىغا قوشۇلغان ئىدۇق. بۇنداق نەرسىلەر ئارا رايوندا تۇرىدۇ، ئۇلار ئورگاننىڭ (سەزگۈ) ئىقتىدارلار ئارقىلىق چۈشىنىلىنىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق، بىز شۇنداق دېيىشكەن.

سوقرات: شۇڭا، نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرنى، نۇرغۇن ئادالەت-

لىنىڭ ئىشلارنى ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرگەن كىشىلەر
باشقىلار تەرىپىدىن يېتەكلەنگەن ئەھۋالدىمۇ گۈزەللىك ۋە ئادالەت
قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە قادىر بولالمايدۇ.
شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇخىل ئادەملەر پىكىر قىلىدۇ ـ يۇ،
بىلىشكە قادىر بولالمايدۇ.

گىلاۋكون: بۇنىسى مۇقەررەر.

سوقرات: ئەمدى بىز ھەر بىر شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرەلەيدىغان ئەبەدىيلىك نەرسىلەرنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغان كىشىلەر توغرىسىدا نېمىلەرنى دېيىشىمىز كېرەك؟ بىز ئۇلارنى پىكىرگىلا ئەمەس، بىلىمگىمۇ ئىگە دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇلارنى بىلىمگە ئىگە دېيىش كېرەك.

سوقرات: بىز بەزىلەرنى بىلىم ئوبيېكتىغا بېرىلگەنلەر، يەنە بەزىلەرنى پىكىر ئوبيېكتىگە بېرىلگەنلەر دېيەلەمدۇق؟ ئېسىڭدىمىكىن، بىز بۇرۇن پىكىر ئوبيېكتىگە بېرىلگەن ئادەملەرنىڭ شەيئىلەردىكى رەڭ ۋە ئاۋاز گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتىگە يەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەن ئىدۇق.

گىلاۋكون: ئېسىمدە بار.

سوقرات: ئەگەر بىز ئۇلارنى ئەھلى پاراسەت ئەمەس، بەلكى، ئەھلى پىكىر دەپ ئاتىساق، زىتىغا تېگىپ كەتمەس؟ ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالماس؟

گىلاۋكون: مەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىمەن. ھەق گەپكە خاپا بولۇش توغرا ئەمەس.

سوقرات: مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن كىشىلەرنى پاراسەت ئەھلى دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، بولىدۇ.

# ئالتىنچى جىلد

سوقرات: ئۇنداق بولسا، گىلاۋكون، بىز بۇ ئۇزۇن ھەم زېرىكىشلىك مۇنازىرىمىز ئارقىلىق، قانداق كىشىنىڭ ھەقىقىي پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى، قانداق كىشىنىڭ ھەقىقىي پەيلاسوپ ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان بولدۇق.

گىلاۋكون: قىسقا مۇھاكىمە بىلەن بۇنداق يەكۈنگە كېلەلمىگەن بولاتتۇق.

سوقرات: بەلكىم، شۇنداقتۇ. بىزنىڭ مۇھاكىمىمىز ئۆزى چېتىشلىق باشقا مەسىلىلەرگە (ئادالەت ئەھلىنىڭ ھاياتى ۋە غەيرىي ئادالەت ئەھلىنىڭ ھاياتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مەسىلىسى) كېڭىيىپ كەتمەي، بىرلا مەسىلە ھەققىدە بولغان بولسا، خۇلاسىگە ئالدىراپ ئېرىشىپ بولغان بولاتتۇق.

گىلاۋكون: ئەمدى قايسى مەسىلىگە بۇرۇلىمىز؟

سوقرات: شۇنداق، ئەمدى بىز نۆۋەتتىكى مەسىلىگە كېلەيلى. پەيلاسوپ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس شەيئىنى بىلەلەيدىغان ئادەم بولغان ئىكەن، ئۆزگىرىشچان تۈرلۈك ـ تۈمەن شەيئىلەرنىڭ ئارىسىدا قايمۇقۇپ قالغان ئادەمنى پەيلاسوپ دېگىلى بولمايدۇ. بىز بۇ ئىككى خىل ئادەمدىن قايسىسىنى شەھەر دۆلىتىنىڭ رەھبىرى قىلىشىمىز كېرەك؟

گىلاۋكون: ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭ جاۋاب بەرگىن.

سوقرات: مېنىڭچە، شەھەر دۆلىتىنىڭ قانۇنى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قوغداشقا كىم كېپىللىك قىلالىسا، شۇ كىشىنى قوغدىغۇچى قىلىش كېرەك.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: بىر قوغدىغۇچى ئەما بولۇشى كېرەكمۇ ياكى كۆزى ئۆتكۈر ئادەم بولۇشى كېرەكمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئۆزىدىنلا مەلۇم.

گىلاۋكون: ئۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار شەيئىلەرنىڭ نەق ھالىتىنى كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە شەيئىلەرنىڭ ئېنىق ئەندىزىسى يوق. ئۇلار مۇتلەق چىنلىققا رەسساملار ئۆزى سىزماقچى بولغان نەرسىگە يۈزلەنگەندەك يۈزلىنەلمەيدۇ. رەسساملار گۈزەللىك، توغرىلىق (دەللىك) ۋە ياخشىلىق ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلەرنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. لېكىن، ھېلىقىدەك يۈزەكى ئادەملەر گۈزەللىك، توغرىلىق، ياخشىلىق كەبى نەرسىلەرنى چۈشىنىش ۋە قوغداشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. بۇلارنىڭ ئەمالاردىن نېمە پەرقى بار؟

گىلاۋكون: دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئەمالاردىن پەرقى يوق.

سوقرات: يەنە شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار شەيئىلەرنىڭ نەق ھالىتىنى بىلىدۇ، تەجرىبە جەھەتتىمۇ ماھىيەتنى چۈشەنگەن ئادەملەردىن كەم ئەمەس، پەزىلەت جەھەتتىمۇ ياخشى، ئۇنداقتا، شەھەر دۆلىتىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مۇشۇنداق ئادەملەرنى قويماي، ئەما ئادەملەرنى قويامدۇق؟

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن، مۇشۇنداق ئادەملەرنى رەھبەرلىككە قويماسلىق تولىمۇ بىمەنىلىك. چۈنكى، ئۇلار تەجرىبە ۋە پەزىلەت جەھەتتە ياخشى. شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى بىلىملەرنى چۈشىنىش پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

سوقرات: ئەمدى بىز بىر ئادەمدە بىر ئىككى خىل ئارتۇقچىلىق بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولامدۇ، دېگەن مەسىلىگە كېلەيلى.

گىلاۋكون: شۇنداق قىلايلى.

سوقرات: بىز باشتا دېگىنىمىز بويىچە، پەيلاسوپىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم. بىز بۇ مەسىلىدە بىرلىككە كەلسەك، تۆۋەندىكى مەسىلىدە بىرلىككە كېلەلەيمىز: بىر ئا-

دەمدە ئىككى خىسلەت ھازىر بولۇشى مۇمكىن، دەل مۇشۇنداق ئادەم شەھەر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى بولسا بولىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداقمۇ؟

سوقرات: مەڭگۇ ئۆزگەرمەيدىغان، پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىش قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان سۇبىستانسىيە (زات) ھەققىدىكى بىلىمنى سۆيۈش پەيلاسوپنىڭ تەبىئىتى، دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بۇ قاراشتا بىرلىككە كەلسەك بولىدۇ.

سوقرات: سۇبىستانسىيە ھەققىدىكى بىلىمنى سۆيگۈچىلەر بۇ بىلىمنى تەلتۆكۈس ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بۆلەكلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ، شەرىپى چوڭ ياكى كىچىك بولغان مەزمۇنلىرىنىمۇ نەزەر دائىرىسىگە ئالىدۇ. بىز بۇرۇن سۆيگۇ ئەھلى ۋە شەرەپ ئەھلى ھەققىدە توختالغاندا، شۇنداق دېگەن. بىز ئەمدى بۇ ھەقتىمۇ بىرلىككە كېلىشىمىز لازىم.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئەمدى مۇنۇ مەسىلىگە كېلەيلى: ئەگەر ئۇلار بىز ئېيتقاندەك شۇخىل كىشىلەردىن بولسا، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە باشقا خىسلەتلەرمۇ بار بولۇش كېرەكمۇ؟

گىلاۋكون: قايسى خىسلەتلەرنى دەيسەن؟

سوقرات: چىنلىقنى سۆيۈش خىسلىتى. ئۇلار ساختىلىقنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ، ئۇلار ساختىلىقتىن نەپرەتلىنىپ، چىنلىقتىن سۆيۈنىدۇ.

گىلاۋكون: بەلكىم، شۇنداقتۇ.

سوقرات: «بەلكىم» ئەمەس مۇقەررەر شۇنداق. بىر ئادەم تەبىئىتىدىن نېمىنى ياخشى كۆرسە، شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى قەدىرلەيدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئەقىل ـ پاراسەتكە چىنلىقتىنمۇ ئۆتە يېقىن تۇرىدىغان نەرسىلەرنى تاپالامسەن؟

گىلاۋكون: ياق، مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات: ئۇنداقتا، مەلۇم بىر تەبىئەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتنى سۆيۈش بىلەن بىللە ساختىلىقنى سۆيۈشىمۇ مۇمكىنمۇ؟

گىلاۋكون: قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!

سوقرات: دېمەك، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ھەقىقىي مۇخلىسى كىچىكىدىن تارتىپ ھەقنى ئىزدەيدۇ.

گىلاۋكون: بۇنىڭدا شەك يوق.

سوقرات: تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسەن شۇنى بىلىمىزكى، بىر ئادەمنىڭ ئىنتىلىشى بىر جەھەتتە كۈچلۈك بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتە ئاجىز بولىدۇ. سۇمۇ باشلىغان تەرەپكە ئاقىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىر ھەقىقىي پەيلاسوپنىڭ ئىشتىياقى بىلىمگە مايىل بولسا، ئۇ ئۆز قەلبىدىكى ھۇزۇر بىلەن بولۇپ، جىسمانىي ھالاۋەتلەرگە كۆز تىكمەيدۇ.

گىلاۋكون: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: بۇنداق ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، مال ـ دۇنياغا ھەۋەس قىلمايدۇ. باشقىلار قىزغىن ئىنتىلىدىغان مال ـ دۇنيا ۋە زور سەرپىيات بىلەن ئېرىشىدىغان جىسمانىي لەززەت ئۇلار ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىراۋنىڭ پەيلاسوپ ياكى پەيلاسوپ ئەمەسلىكىنى ئايرىشتا دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر نۇقتا بار.

گىلاۋكون: قايسى نۇقتا؟

سوقرات: سەن ئىچى تارلىق ئىللىتىگە ھەرگىز سەل قارىما. چۈنكى، پەيلاسوپ مەيلى ئىلاھىيەت، مەيلى ئادىمىيەت ئىشلىرىدا مۇكەممەللىكنى قوغلىشىدۇ، ئىچى تارلىق ئۇنىڭ تەبىئىتىگە زىت كېلىدۇ.

گىلاۋكون: تامامەن توغرا.

سوقرات: بىر ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، بارلىق زاماننىڭ مەۋجۇدىيەتلىرىنى تەلقىن قىلىشقا ئۆتكەندە، ئۆزىدەك بىر كىشىنىڭ هاياتىنى مۇھىم بىلەرمۇ؟
گىلاۋكون: ئۇنداق قىلمايدۇ.
سوقرات: دېمەك، ئۇنداق كىشىلەر ئۆلۈمنىمۇ قورقۇنچلۇق، دەپ تونۇمايدۇ.
گىلاۋكون: تامامەن شۇنداق.
سوقرات: شۇڭا، قورقۇنچاقلىق ۋە تار قورساقلىق ھەقىقىي پەيلاسوپلارغا تەۋە خۇسۇسىيەت ئەمەس.
گىلاۋكون: شۇنداق.
سوقرات: خاراكتېرى تۈزۈك، كەڭ قورساق، كۆزى توق، كەمتەر ۋە قەيسەر ئادەملەر باشقىلارغا ئەسكىلىك قىلامدۇ؟ ئۇلار باشقىلارغا ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلامدۇ؟
گىلاۋكون: ئۇنداق قىلمايدۇ.
سوقرات: شۇ ۋاقتا پەيلاسوپ بىلەن غەيرىي پەيلاسوپنىڭ پاسىلىدۇركى، پەيلاسوپ كىچىكىدىن تارتىپ ھەققانىي ۋە مۇلايىم بولامدۇ ياكى قوپال، رەھىمسىز بولامدۇ؟
گىلاۋكون: توغرا ئۆلچەم.
سوقرات: مېنىڭچە، سەنمۇ تۆۋەندىكى ۋاقتىغا سەل قارىمايسەن.
گىلاۋكون: قايسى ۋاقتىغا دەيسەن؟
سوقرات: ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئۆتكۈرلۈك ۋە گاللىق. بىر ئادەمنىڭ ئىش قىلىشى كۆڭۈللۈك بولمىسا، زور مېھنەت سەرپ قىلىپمۇ چاغلىق ئۇتۇم قازانسا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىزمىتىنى ياخشى كۆرەلەرمۇ؟
گىلاۋكون: ياخشى كۆرمەيدۇ.
سوقرات: بىر ئادەم ئۇنتۇتقاق بولۇپ، ئۆگەنگەنلىرى ئېسىدە قالمىسا، ئۇنىڭ مېڭىسى قۇپقۇرۇق ئادەم بولۇپ قالامدۇ؟
گىلاۋكون: شۇنداق بولىدۇ ــ دە.

سوقرات: روشەنكى، بىر ئادەم ئۆز ئەمگىكىدىن ئۇنۇم قازىنال-مىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن ھەم ئۆزىدىن بىزار بولماي قالمايدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنۇتقاقلىق ھەقىقىي پەيلاسوپنىڭ خۇسۇسىيىتى ئە-مەس، پەيلاسوپنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى بو-لۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: تامامەن توغرا.

سوقرات: تەبىئىتى چېچىلاڭغۇ، تەنتەك بولسا ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

گىلاۋكون: شۈبھىسىز.

سوقرات: سېنىڭچە، ھەقىقەت ئۆلچەمگە يېقىنمۇ ياكى ئۆلچەم-سىزلىككە يېقىنمۇ؟

گىلاۋكون: ئۆلچەمگە يېقىن.

سوقرات: شۇڭلاشقا، باشقا نۇرغۇن خىسلەت يېتىلگەندىن سىرت، پەيلاسوپلاردىن ئۆلچەمگە مۇناسىپلىق ۋە ئېسىل قەلب ئىزدەيمىز، بۇ خىل تەبىئەت كىشىنى شەيئىنىڭ ماھىيىتىگە باشلايدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، بۇ تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

سوقرات: بىز تېخى يۇقىرىقى پەزىلەتلەرنىڭ شەيئىلەرنىڭ ما-ھىيىتىنى چۈشىنەلەيدىغان قەلبتە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك پە-زىلەتلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئۆتمىدۇق.

گىلاۋكون: ئۇ ناھايىتى زۆرۈر پەزىلەت.

سوقرات: يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەگەر بىر ئادەم ياخشى ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىگە ئىگە بولمىسا ھەمدە ئۆتكۈر چۈشىنىش تەبىئىتى، كەڭ قورساقلىق، ئالىيجانابلىق قاتارلىق پەزىلەتلەرگە ئىگە بولمىسا، ھەقىقەت، ئادالەت، باتۇرلۇق، سەۋر-چانلىق قاتارلىقلارنى دوست تۇتمىسا، ئۇ پەلسەپە تەھسىل قىلمىشقا

مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. مۇبادا يۇقىرىقىدەك پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن بىر كىشى پەلسەپە تەھسىلى بىلەن شۇغۇللانسا، سېنىڭ ئۇنى ئەيىبلىگۈدەك باھانەڭ بارمۇ؟

گىلاۋكون: بۇنى قۇسۇر ئىلاھى مومۇس (Momos) مۇ ئەيىبلىيەلمەيدۇ.

سوقرات: تەربىيەدە كامالەت تاپقان، ياش جەھەتتە قىرانىغا يەتكەن مۇشۇنداق ئادەملەرگە ھاكىمىيەتنى تاپشۇرۇشقا رازى بولسەنغۇ دەيمەن؟

ئادىمانتوس: سوقرات، سېنىڭ گەپلىرىڭگە رەددىيە قايتۇرغۇدەك ئادەم چىقمىدى، گېپىڭنى ئاڭلىغانلاردا مۇنازىرە تەجرىبىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن سېنىڭ پىكىر يولۇڭغا سەمە بولۇپ، تۇيۇق يولغا كىرىپ كېتىشتى. ئۇششاق سەۋەنلىكلەر بىر ـ بىرلەپ يىغىلىپ، ئاخىرى غايەت زور خاتالىققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. خۇلاسە ئۇلارنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىدۇ. شاھمات ئويۇنىدا ماھارىتى ئۈستۈن بولمىغان ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا ماھارىتى ئۈستۈن ئادەمنىڭ مۇداخىلىسىدە قىمىر قىلالمىغاندەك، سۆزنى ئۇرۇق قىلىپ ئوينايدىغان مۇنازىرە سۈپىتىدە تىلى گال ئادەملەر ئېغىز ئاچالماي قالىدۇ. لېكىن، ھەقىقەت ناتىقلىق تۈپەيلى ئاينىپ كەتمەيدۇ. مەن بايىقى دىيالوگلارنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن پىكرىمنى دەۋاتىمەن. كىشىلەر ساڭا بىزنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىمىز ناچار بولغاچقا، ساڭا رەددىيە قايتۇرالمىدۇق، بىز شۇنى كۆرۈپ يەتتۇقكى، پەلسەپىنى سۆيىدىغان ئادەملەر ئۆزىنىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشىنى ياشلىق مەزگىلىدىلا تاماملىماي، ئۇزۇنغا سوزۇۋەتكەن بولغاچقا، نۇرغۇنلىرى غەلىتە ئىنسانلارغا ئايلىنىپ كەتكەن (ئۇلارنى ناچار ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتتى دېمەي تۇرايلى) ھەتتا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرىمۇ سەن ئېيتقان مۇتالىئەلەر تۈپەيلى كېرەكسىز ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتكەن، دېيىشى مۇمكىن.

سوقرات: [ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ] ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى خاتامۇ؟

ئادىمانتوس: بىلمەيمەن، سىنىڭ پىكرىڭنى ئاڭلاپ باقسام دەيمەن.

سوقرات: مېنىڭچە، ئۇلار توغرا ئېيتقان.

ئادىمانتوس: ھەممىمىز پەيلاسوپ شەھەر دۆلىتى ئۇچۇن كېرەكسىز دەپ قارىغان ئىكەنمىز، سىنىڭ «ھاكىمىيەتنى پەيلاسوپلار باشقۇرمىغۇچە، دۆلەت رەزىللىكتىن ساقىت بولالمايدۇ» — دېگەن ھۆكۈمۈڭ قانداقسىگە يۈت تىرەپ تۇرالايدۇ؟

سوقرات: سىنىڭ سوئالىڭغا تەشبىھ (ئوخشىتىش) ئۇسۇلى بىلەن جاۋاب بېرەي.

ئادىمانتوس: سەن تەشبىھ ۋە تەمسىل بىلەن گەپ قىلىشنىڭ ئۇستىسىغۇ.

سوقرات: سەن مېنى ئالدى ــ كەينىمگە ماڭالماس قىلىپ، مازاق قىلىۋاتىسەن. سەن مېنىڭ تەمسىللىك گەپلىرىمنى ئاڭلىغىنىڭ، ئۇنى نەقەدەر كۆپ مېھنەت بىلەن ئېيتىۋاتقىنىمنى ھېس قىلالايسەن. دۆلەتكە ئالاقىدار پەلسەپىۋى تەلقىنلەر شۇ قەدەر ئاچچىق بولىدۇكى، دۇنيادا ئۇنىڭ تەڭدىشى بولماس. خۇددى رەسساملار تۇرلۇك شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تېپكلەشتۈرۈپ، بىر پارچە رەسىمنى سىزىپ چىققاندەك، كىشىلەرمۇ تالاي خام ماتېرىياللار ئارقىلىق پەيلاسوپلار ھەققىدىكى ئوخشاتما ۋە ئاقلاشلارنى رويابقا چىقىرىدۇ. بىز مەلۇم بىر كېمىدە ياكى كېمىلەر ئەترىتىدە مۇنداق بىر ئىشنى يۈز بەردى، دەپ پەرەز قىلايلى:

كېمە باشلىقى ئېگىز ۋە قاۋۇل بولۇپ، باشقىلار ئۇنىڭغا پەر كېلەلمەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قۇلىقى ئېغىرراق، كۆزى خىرەرەك بولۇپ، دېڭىزچىلىققا ئائىت بىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار ئەمەس ئىدى. ماتروسلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كېمە باشلىقى بولغۇسى بار ئىدى. گەرچە ئۇلار دېڭىزچىلىق بىلىملىرىنى ئۆگەنمىگەن بولسى-

مۇ، بىرەرسىنى ئۇستاز تۇتمىغان بولسىمۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ قايسى ۋاقىتتا دېڭىز كەزگەنلىكىنى دەپ بېرەلمىسىمۇ، ئۆزلىرىنى كېمە باشلىقى بولۇشقا لايىق، دەپ قارايتتى. ئۇلار ئەزۋەيلىگەن ھالدا دېڭىزچىلىقنى ئۆگەتكىلى بولىدىغان بىلىم ئەمەس، ئۇنى ئۆگەتكىلى بولىدۇ، دېگۇچىلەرنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىش كېرەك، دېيىشىدۇ. ئۇلار كېمە باشلىقىنى ئورىۋېلىپ، رولنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ كويىدا بولاتتى. ئۇلار بەزىدە كېمە باشلىقىنى ۋاقتىنچە قايىل قىلالايتتى، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولغانلىرى باشقىلىرىدىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايتتى. بىر كۈنى ئۇلار مەست قىلغۇچ دورىلار ياكى ئىسپىرت ئارقىلىق كېمە باشلىقىنى ناكار قىلىپ، كېمە ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ئاندىن ئۇلار ئىسكىلاتتىكى يېمەك - ئىچمەكلەرنى تالان - تاراج قىلىپ، ئەيش - ئىشرەت سۈرۈشتى. ئۇلار كېمە باشلىقىنى كۆندۈرۈپ، ھوقۇق تارتىۋالغانلارنى «دېڭىزچى»، «تەجرىبىلىك يولباش»، «دېڭىز مۇتەخەسسىسى» — دەپ ئاتاشتى. ئۆزى بىلەن بىر گۇرۇھتا بولمىغانلارنى چۈپرەندە دەپ، ئىشتىن بوشاتتى. ئۇلار بىر كېمە باشلىقىنىڭ تۆت پەسلىگە، ھاۋا، يۇلتۇز، شامال ھەم بۇلۇتلارغا ۋە شۇنىڭدەك دېڭىز سەپىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشلارغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇلار يەنە رەھبەرلىكنىڭ يولىنى ئىگىلەش بىللە دېڭىزچىلىق ھۈنىرىنى ئىگىلەش مۇمكىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. شۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلار ئەسلىدىكى ھەقىقىي كېمە باشلىقىنى مۇنەججىم، كاپ - كاپ، كېرەكسىز دېمەي قالارمۇ؟

ئادىمانتوس: مېنىڭچە، شۇنداق دەيدۇ.

سوقرات: ئەمىسە، مېنىڭ بۇ تەمسىلنى چۈشەندۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى قالمىدى، چۈنكى، سەن ھەممىنى چۈشەندىڭ، مەن بۇ مەسەل ئارقىلىق ھەقىقىي پەيلاسوپىنىڭ ھاكىمىيەتتىكى ئورنىنى شەرھلىمەكچى بولغان.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، دۆلىتىمىزدە پەيلاسوپلارنىڭ ھۆرمەتلەن- مەسلىكىدىن تەئەججۈپلەنگەنلەرنى كۆرسەڭ، مۇشۇ مەسەلىنى سۆز- لەپ بەرگىنكى، پەيلاسوپلارنىڭ ھۆرمەتلىنىشىنىڭ بەكرەك غەلىتە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسۇن.

ئادىمانتوس: شۇنداق قىلىمەن.

سوقرات: دېگىنكى، ئۇنىڭ پەيلاسوپلارنىڭ كېرىكى يوق دېگىنى توغرا. ئوخشاشلا يەنە شۇنداق دېگىنكى، پەيلاسوپنىڭ كېرەكسىز بولۇپ قېلىشى پەلسەپىنىڭ گۇناھى بولماستىن، باشقىلارنىڭ پەيلاسوپنى لازىم قىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن بولغان. چۈنكى، كېمە باشلىقىنىڭ ماتروسلارغا مېنى ئىشلەتكىن، دەپ يالۋۇرۇشى ياكى ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ قارا قورساق بايلارنىڭ بوسۇغىسىدا يۈرۈشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. «ئاقىللار بايلارنىڭ ئىشىكىدە» دېگەندەك مەس- خىرە گەپلەرنىڭ تارقىلىپ يۈرۈشى توغرا ئەمەس. توغرىسى مۇنداق بولۇشى كېرەك: بىمار تېۋىپلارنىڭ ئالدىغا بېرىشى، باشقۇرۇلۇشقا موھتاج كىشىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ھاكىملارنى تېپىشى كېرەك. قا- بىل ھۆكۈمران قول ئاستىدىكىلەردىن بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىپ يۈرمەيدۇ. سەن ھازىرقى ھۆكۈمدارلارنى ھېلىقى ماتروسلارغا، ئۇلار تەرىپىدىن كېرەكسىز، خوراپىي دەپ ئەيىبلەنگەن پەيلا- سوپلارنى ھەقىقىي ماتروسقا ئوخشاتساڭ توغرا قىلغان بولىسەن.

ئادىمانتوس: ئىنتايىن توغرا.

سوقرات: ئاشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پەلسەپىدىن ئىبارەت كاتتا ئىلىمنىڭ ھۆرمەت تېپىشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق، پەلسەپىنى ئەڭ قاتتىق ھاقارەتلەيدىغانلار يەنىلا ئۆزلىرىنى پەلسەپىچى دەۋال- غانلاردۇر. پەلسەپە بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ناچار ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر دەپ قارالغانلىرىمۇ كارغا كەل- مەيدۇ، دېگۈچىلەر بار دېگەن ئىدىڭ، ئۇلار دەل مەن دېگەندەك ئا- دەملەردۇر. مەن ئەينى ۋاقىتتا سېنىڭ شۇ گېپىڭنى مۇئەييەنلەش-

تۇرگەن ئىدىمغۇ دەيمەن؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: پەيلاسوپلارنىڭ مۇنەۋۋەرلىرىنىڭمۇ كارغا كەلمەس بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۇردۇقمۇ؟

ئادىمانتوس: ئېنىق چۈشەندۇردۇق.

سوقرات: پەيلاسوپلارنىڭ ئەسكىرەپ كېتىشى بىر مۇقەررەرلىك بولۇپ، مۇمكىن بولسا، نۆۋەتتە بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبىنىڭ پەلسەپىدە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقساق. قانداق دەيسەن؟

ئادىمانتوس: بولىدۇ.

سوقرات: بىز گۈزەل ۋە ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ باللىقتىن باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆھبىتىمىزنى يادىمىزغا ئالايلى. ئېسىڭدىمىكىن، ئۇ ھەقىقەتنىڭ رەھنەمالىقىدا بولۇشى لازىم، بولمىسا، ئۇ ھەقىقىي پەلسەپىدىن يىراق بىر كاززاپ بولۇپ چوڭ بولىدۇ، دېگەن ئىدۇق؟

ئادىمانتوس: ئېسىمدە.

سوقرات: دەل بۇ نۇقتا زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ پەيلاسوپلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىلەن زىت ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: بىزنىڭ پەيلاسوپلارنى ئاقلاشقا تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىرىمىز بار: ھەقىقەتنى ئىزدەش ئىلىم ئىخلاسمەنلىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇلار باشقىلاردەك ھادىسىلەرنىڭ قاتلىمىدا تۇرۇپ قالماستىن، تاكى شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى ۋە ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئىگىلىگەنگە قەدەر سەمىمىي ئىزدىنىدۇ. ئۇلار شەيئىلەرنىڭ مەنبەسىگە ئۇلىشىپ، ماھىيەتكە يەتكەندىلا ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشكەن بولىدۇ ۋە ھەقىقىي ھاياتنىڭ تېخى ئەمدىلا يۈز ئاچقانلىقىنى بايقايدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشلىرىگە ھالاقىت بېرىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئاساسلار بولماس.

سوقرات: ئۇ خىل كىشىلەر ساختىلىقنى ياخشى كۆرەرمۇ ياكى ئۆچ كۆرەرمۇ؟

ئادىمانتوس: ئۆچ كۆرىدۇ.

سوقرات: بىز شۇنداق دېيەلەيمىز، ھەقىقەتنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتكەن تائىپىلەرگە رەزىللىك سىڭىپ كىرەلمەيدۇ.

ئادىمانتوس: ھەددى ئەمەس.

سوقرات: ھەقىقەت ئەھلىدە ساغلام ۋە ئادالەتلىك قەلب بار بولىدۇ، سەۋر ئۇلارغا يار بولىدۇ.

ئادىمانتوس: توغرا.

سوقرات: پەيلاسوپلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەر ھەققىدە يېڭىباشتىن گەپ ئېچىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوققۇ دەيمەن؟ قەيسەرلىك، كەڭ قورساقلىق، ئۆتكۈرلۈك، خاتىرىسى ياخشى بولۇش قاتارلىقلارنىڭ پەيلاسوپلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەمما، سەن رەددىيە بېرىپ كۆپچىلىك، سېنىڭ گېپىڭگە ئامالسىز ئەگەشتى، باشقا گەپلەرنى قويۇپ تۇرۇپ نەزىرىمىزنى پەيلاسوپلارنىڭ ئۆزىگە قاراتساق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يارامسىز، كۆپلىرى ناچار تەبىئەتلىك بولۇپ چىقىدۇ، دېگەن ئىدىڭ. مانا بۇ بىزنىڭ ھەقىقىي پەيلاسوپلار ھەققىدە قايتا توختىلىپ، زۆرۈر ئېنىقلىما بېرىشىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئەمدى بىز پەيلاسوپلارنىڭ پەزىلىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختىلايلى: نېمە ئۈچۈن كۆپ سانىدىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۇنداق پەزىلەتلەر يوقاپ كېتىپ، ئاز سانىدىكىلەرلا ئەينى پېتى قالىدۇ؟ بۇ ئاز سانىدىكىلەر ناچارلىشىپ كەتمىگەندىمۇ، نېمىشقا كىشىلەر تەرىپىدىن يارامسىزلار قاتارىغا چىقىرىۋېتىلىدۇ؟ يەنە بىز پەيلاسوپ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، پەلسەپە تەتقىق قىلىمەن دېگۈچىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك، بۇ ئارقىلىق ئۇ خىل كىشىلەرنىڭ

ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان ئىشلارغا ئىنتىلىپ، ئۆزلىرىدە ئىز-چىللىقنى ئىگە پىرىنسىپىنىڭ كەملىكى تۈپەيلى پەلسەپىگە سەن دېگەن ھېلىقى بەتنامىلارنى كەلتۈرگەنلىكىنى ئېنىقلىشىمىز كېرەك.

ئادىمانتوس: قانداق بەتناملارنى دەۋاتىسەن؟

سوقرات: مەن ساڭا چۈشەندۈرەي. ھەرقانداق كىشى شۇنىڭغا قوشۇلىدۇكى، بىز ئارزۇ قىلغان پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن تېپىلىشى ئىنتايىن تەس، ئۇ خىل پەزىلەت-لەرنى بىر ئادەمدىن تاپقىلى بولىدۇ، دېگەندىمۇ، بۇنداق ئادەملەر بەك ئاز بولىدۇ. سەنمۇ شۇنداق قارامسەن؟

ئادىمانتوس: ئۇنداق ئادەمنى تېپىش ھەقىقەتەن تەس.

سوقرات: دىققەت قىلىش كېرەككى، پەيلاسوپقا داغ كەلتۈرىدى-غان ئامىللار كۆپ ھەم زور بولىدۇ.

ئادىمانتوس: قايسى ئامىللارنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسەن؟

سوقرات: تەئەججۇپكى، بىز مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەر بىر پەزى-لەت شۇ پەزىلەت ئىگىسىنىڭ روھىنى چىرىتىپ، پەلسەپىدىن يىراقلاشتۇرالايدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم باتۇرلۇق، سەۋرچانلىق دېگەندەك پەزىلەتلەردۇر.

ئادىمانتوس: بۇ گەپ بىر ئاز بىمەنە تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

سوقرات: ئۇنىڭدىن باشقا كۆركەملىك، باياشاتلىق، ساغلاملىق، يۇقىرى قاتلام جەمەت بىلەن بولغان مۇلاقەت قاتارلىق پاراۋانلىق ئېلېمېنتلىرىنىڭ چىرىتىش رولى بولىدۇ، سەن مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىمنى چۈشەنگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن.

ئادىمانتوس: چۈشەندىم. ئەمما، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشلىرىڭنى ئاڭلىغۇم بار.

سوقرات: مەسىلىنى بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە چۈشىنىشىڭ كېرەك. شۇندىلا مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ، بايىقى گەپلىرىمنىڭ بىمە-نە ئەمەسلىكىگە قايىل بولىسەن.

ئادىمانتوس: قېنى، ماڭا كۆرسەتكىن.

سوقرات: بىزگە مەلۇمكى، ھەرقانداق ئۆرۈق مۇناسىپ قۇۋۋەت، پەسىل، يەر قاتارلىقلارغا ئېرىشەلمىسە، ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە يارىشا ئەكسىچە تەرەققىياتقا قاراپ ماڭىدۇ. چۈنكى، رەزىللىك ياخشىلىققا نىسبەتەن تېخىمۇ زور تەتۈر كۈچتۇر.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، مۇنداق دېسەك تېخىمۇ ئاقىلانە بولىدۇ: مۇ-ناسىپ بولمىغان تەربىيە مۇھىتىدا، ئىنساندىكى ئەجايىپ تالانت ناچار تەبىئەتكە قارىغاندا، تېخىمۇ يامان ئاقىۋەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

ئادىمانتوس: دۇرۇس.

سوقرات: شۇڭا، ئادىمانتوس، بىز يەنە مۇنداقمۇ ئېيتالايمىز: ياخشى تەبىئەتلىك روھ ناچار تەربىيە مۇھىتىدا ھەممىدىن بەتتەر روھقا ئايلىنىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ. ياكى سەن زور جىنايى قىلمىش ۋە رەزىللىك ئەسكى مۇھىتقا چۈشۈپ قالغان ياخشى تەبىئەتتىن ئەمەس، بەلكى، نوقۇل يامان خۇيدىن كېلىدۇ، دەپ قارامسەن؟ بى-لىش كېرەككى، تەبىئىتى ئاجىز يارالغان ئادەم ياخشى ـ يامان بو-لۇشىدىن قەتئىينەزەر چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.

ئادىمانتوس: ياق، يەنىلا سېنىڭ توغرا بولدى.

سوقرات: دېمەك، قىياسىمىزدىكى پەيلاسوپنىڭ تەبىئىتى ئۆز يارىشىقىدا يېتەكلەنسە، ئۆزىنىڭ تاكامۇللۇقىنى يارىتالايدۇ. ناۋادا ئۇ ناچار مۇھىتتا يېتىلدۈرۈلسە تامامەن خەۋپلىك نەرسىگە ئايلى-نىپ كېتىدۇ (ئىلاھنىڭ ئالاھىدە ھىمايىسى بولسا، ئۇ باشقا گەپ). سەن باشقا نۇرغۇن كىشىلەردەك ياشلارنى سەپسەتىچىلەر بولدىن چىقاردى دەپ قارامسەن؟ شۇنداق گەپلەرنى تارانقانلارنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ پىتنىچى ئەمەسمۇ؟ ئەر ـ ئايال، قېرى ۋە ياشلارنى دەل ئاشۇنداق پىتنىخورلار ئۆز ئارزۇسى بويىچە تەربىيەلەپ چې-قىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: قايسى چاغدا؟

سوقرات: مەجلىسلەردە، سوتخانىلاردا، تىياتىرخانىلاردا، گازارمىلاردا ياكى باشقا يىغىلىشلاردا شۇنداق قىلىشىدۇ. پىتنىخورلار ئاشۇنداق سورۇنلاردا ۋارقىراپ ـ جارقىرىشىپ، بەزى گەپ ـ سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى ئەيىبلىشىدۇ، يەنە بەزى سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى ماختاپ، كۆككە كۆتۈرىدۇ. ئۇلار بۇ قىلمىشلىرىنى بەكلا ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار گۇلدۇراس ئالقىشلار بىلەن مەيداننى بېشىغا كىيىدۇ. قېنى، پەرەز قىلىپ باقىڭ، ئاشۇنداق سورۇندىكى ياش بىر ئىگىشىغۇچىنىڭ روھىي ھالىتى قانداق بولار؟ بىر شەخسنىڭ بەرگەن تەربىيەسى بىر توپ ئاۋامنىڭ ماختاش ياكى ئەيىبلەشلىرى تەرىپىدىن بىكار بولماي قالارمۇ؟ ئۇ كۆپچىلىك نېمە دېسە شۇنى دەپ، نېمە قىلسا شۇنى قىلىپ، ئەگىشىپ كەتمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇلار تامامەن شۇنداق قىلىدۇ.

سوقرات: تېخى بۇ يەردە مۇنداق ئەگىشىشمۇ بار.

ئادىمانتوس: مەسىلەن، قانداق؟

سوقرات: بۇخىل تەربىيەچىلەر ۋە سەپسەتىچىلەر سۆز بىلەن قايىل قىلالمىسا، ھەرىكەتتە بىلەن بېسىم ئىشلىتىدۇ. ئۇلار پۇقراۋى ھوقۇقنى تارتىۋېلىش، جەرىمانە قويۇش ۋە ئۆلۈم جازاسى قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆزىگە بويسۇنمىغانلارنى جازالايدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇلار ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: مۇشۇنداق رىقابەتتە باشقا سۇخەنداز ياكى ئۇستازلارنىڭ غەلىبىنى ئۈمىد قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇتۇپ چىقىش تەس.

سوقرات: ھەتتا، شۇنداق ئۈمىدتە بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئەخمەقلىقتۇر. چۈنكى، ئەخلاق قارىشى ئاممىۋى ئەخلاق قارىشىغا زىت بولغان ئادەمنىڭ ئالغا بېسىشى بۇرۇنمۇ بولغان ئەمەس، ھازىرمۇ بولمايدۇ، كەلگۈسىدىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. مەن بۇ يەردە ئىلاھنىڭ قوللىشىدىن مۇستەسنا ھالدا ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ غەلە-

بە قىلىشى قىيىن بولىدۇ دېمەكچى. ئىشەنگىنكى، كۆز ئالدىمىز-
دىكىدەك ۋەزىيەتتە بىرەرخىل پەزىلەت غەلىبە قىلسا بۇنى پەرۋەر-
دىگارنىڭ ياردىمىدىن بولغان، دەپ ھۆكۈم قىلساڭ، خاتالاشقان
بولمايسەن.

ئادىمانتوس: گېپىڭگە قوشۇلىمەن.

سوقرات: سېنىڭ قوشۇلۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىدىغان يەنە بىر
نۇقتا بار.

ئادىمانتوس: قايسى نۇقتا؟

سوقرات: سىياسىيونلار تەرىپىدىن سوفىستلار (سۆخەندازلار)
دەپ ئاتىلىپ ئۆچمەنلىككە ئۇچرايدىغان ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىرى
كىشىلەرگە باشقا نەرسىنى ئەمەس، پىكىر بايان قىلىشنى ئۆگىتى-
دۇ ۋە بۇ ئىلىمنى سوفىستىكا (ئەقىل - پاراسەت ئىلمى) دەپ ئا-
تايدۇ. ياۋايى ھايۋاننى باقىدىغان ئادەم ئۆز خىزمىتى داۋامىدا مەخ-
لۇقلارنىڭ خۇيىنى ئىگىلەشكە باشلايدۇ. ئۇ قانداق قىلغاندا، ئۇ-
نىڭغا يېقىنلاشقىلى بولىدىغانلىقىنى، قانداق ئۇسۇلنىڭ ئۇنى
ۋەھشىي ياكى مۇلايىم قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۆرەش ياكى
ھۇۋلاشلىرىنى، قانداق ئاۋازدىن ئۈركۈپ، قانداق ئاۋازدىن مۇلايىم-
لىشىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇ بىقىش
جەريانىدا توپلىغان ئاشۇ بىلىملىرىنى ئەقىل - پاراسەت دەپ ئا-
تاپ، ھۈنەر سۈپىتىدە باشقىلارغا ئۆگىتىدۇ. ئەمما، ئۇ بۇ پىكىر ۋە
تەلەپلەردىكى چىنلىقنى، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى گۈزەللىك ۋە خۇ-
نۈكلۈكنى، ياخشى ۋە ياماننى، ھەق بىلەن ھەقسىزلىقنى پەرقلەن-
دۈرۈشنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ بىلىدىغىنى ھايۋاننىڭ خۇيىغا مۇۋاپىق
كەلگەن ئۇقۇملاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا،
ھايۋاننىڭ ياقتۇرغانلىرى ياخشى، ياقتۇرمىغانلىرى ناچار بولىدۇ،
بۇنىڭ ئۈچۈن زاكون سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ پەقەت مۇقەررەر-
لىككە ئىگە بولغان نەرسىلەرنى ھەققانىي، دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭدا
مۇقەررەرلىكنىڭ ۋە ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتىدىكى پەرقنىڭ زورلى-

قىنى كۆرىدىغان كۆز، چۈشەندۈرىدىغان ئىقتىدار بولمايدۇ. سىز-نىڭچە، ئۇ غەلىتە بىر ئۇستاز ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، غەلىتە.

سوقرات: بەزىلەر مەيلى رەسساملىقتا، مۇزىكا ياكى پولىتىكا (سىياسىي) دا خىلمۇ خىل كىشىلەر تويىدا پەيدا بولغان غەزەپلىك ۋە خۇشاللىق كەيپىياتىنى ھېس قىلىشنىڭ ئۆزىنى بىرخىل ئەقىل-پاراسەت، دەپ قارايدۇ. سىزنىڭچە، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ھايۋان كۆز-دۇرگۈچىدىن نېمە پەرقى بار؟ ئەگەر بىراۋ ئاۋام بىلەن بىر تەرەپتە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شېئىر ياكى باشقا سەنئەت ئەسىرىنى ۋە ياكى شەھەر دۆلىتى پۇقرالىرى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر ئىشنى ئاۋام-نىڭ باھالىشىغا قويسا، ئاۋامنىڭ نوپۇزىنى زۆرىيىتى يوق ھالدا قوبۇل قىلسا، ئۇ زورلانغان ھالەتتە باشقىلار ياخشى كۆرىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالىشى مۇمكىن. بىراق، ئاۋام ياخشى كۆرگەن شۇ نەرسىنىڭ ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك جەھەتتىكى ئاساسلىرىنىڭ بىمەنە بولۇپ چىقمايدىغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟

ئادىمانتوس: كۆرمىگەنمەن ھەم كۆرمەسمەن.

سوقرات: بۇ گەپلەرنى ئەستە تۇتقان ھالدا باشتىكى گېپىمىز-گە قايتايلى. نۇرغۇن گۈزەل شەيئىلەردىن ئايرىۋاشلانغان گۈزەل-لىكنىڭ ئۆزىنى ياكى ھەربىر يەككە شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى قوبۇل قىلالايدىغان توپ بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات: دېمەك، ئاۋام پەيلاسوپ بولالامدۇ؟

ئادىمانتوس: بولالمايدۇ.

سوقرات: شۇڭا، ئاۋامنىڭ پەيلاسوپلارنى ئەيىبلىشى بىرخىل مۇقەررەرلىك.

ئادىمانتوس: راست، شۇنداق.

سوقرات: ئۆزىنى ئاۋامنىڭ ئارىسىغا ئاتقان ۋە ئاۋامنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى تەمە قىلغان ئادەملەرمۇ پەيلاسوپلارنى ياقتۇرمايدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: ئۇنداقتا، يارىتىلىشىدىن پەيلاسوپ ئۇدۇمىغا ئىگە ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ مۇتالىئەسىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشىنىڭ قانداق ئېپى باردۇ؟ بۇ مەسىلە ھەققىدە پىكىر قىلغاندا باشتىكى گەپلىرىمىزنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمىگىن. بىز ئۆتكۇر نەزەرلىك، خاتىرىسى ياخشى، قەيسەر، كەڭ قورساق ئادەملەرنىڭ پەيلاسوپلۇق تەبىئىتىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە بۇ ھەقتە بىرلىككە كەلگەن.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: بۇخىل ئادەملەر بالىلىقىدىلا زېرەك بولىدۇ، جىسمانىي ساپاسى بىلەن روھىي تەبىئىتى ماس كەلگەندە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: مېنىڭچە، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ۋە قېرىنداشلىرى ئۇ چوڭ بولغاندا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىماقچى بولىدۇ.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئۇلار ئۇنىڭ ئايىغىغا پۇكۇلۇپ، ھۆرمەت ـ تەزىم قىلىشىدۇ، كەلگۈسىدىكى مەنسەپلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ، خۇشامەت قىلىشىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

سوقرات: بۇنداق شارائىتتا، چوڭ بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولغان، ئېسىل نەسەبلىك، مولۇكدار، پەزىلەتلىك، كېلىشكەن بىر ياش قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي گىرىپتىسىيەنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن بىرگە جاھانىڭمۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىمەن دەپ كۆرەڭلەپ كەتمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇ چوقۇم شۇنداق بولۇپ كېتىدۇ.

سوقرات: مۇشۇنداق روھىي ھالەتتىكى بىرىگە يەنە بىرەيلەن ئاستا كېلىپ، گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپ، سېنىڭ كاللاڭ ئىلە-

ـشىپ قاپتۇ، ساڭا ئەقىل لازىم ئىكەن، ئەقىل دېگەن قۇلنىڭ چېنى-نىقىشىدەك مۇشەققەتلىك جەرياندىن كېلىدۇ، دېسە، بۇ گەپنى ئۇ قوبۇل قىلالارمۇ؟

ئادىمانتوس: ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ.

سوقرات: مۇبادا بىز بۇنداق ياشلارنىڭ ساپاسى ياخشى بولغاچقا، نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ ۋە تەسىرلىنىپ، پەلسەپە يولىغا ماڭىدىغان، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازى ۋە ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، نېمە قىلمىلىقلارنى قىلماس؟ ئۇنىڭ بۇ يولغا مېڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىرەر ھەرىكەتنى قوللانماي قالارمۇ؟ ئۇنىڭ پەلسەپىۋى تەربىيەلىنىشىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن سۇيىقەست قىلىش ياكى شىكايەت قىلىشتەك قىلمىقلارنى قىلماي قالارمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق قىلىشى تۇرغانلا گەپ.

سوقرات: شۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ ياش داۋاملىق پەلسەپە ئۆگىنەلەمدۇ؟

ئادىمانتوس: ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات: دېمەك، بىز توغرا ئېيتقان ئىكەنمىز: پەيلاسوپلارنىڭ تەبىئىتىنى تەشكىل قىلىدىغان خىسلەتلەرنىڭ ماھىيىتى ناچار تەربىيە ۋە ئەسكى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە يولۇققاندا، ئۇ پەلسەپە تەتقىقاتىغا قارشى زىت سەۋەبلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئاتالمىش ھەشەم، باياشاتلىق دېگەندەك مەئىشەتلەرمۇ كىشىنى پەلسەپىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

ئادىمانتوس: ئېيتقانلىرىڭىز دۇرۇس.

سوقرات: دوستۇم، ئەڭ ياخشى تەلىماتقا ماس كېلىدىغان ئەڭ ياخشى خىسلەتلەر (ئۇنى ئېيىشمۇ شۇنچە تەس) ئەنە شۇنداق بەربات بولىدۇ. دۆلەت ۋە شەخسكە بولغان ئاممەت ۋە ئاپەتلەر ئوخشاشلا شۇخىل ئادەملەردىن كېلىدۇ، مەسىلە دولقۇنىنىڭ ئۇنى قايسى تەرەپكە باشلىشىدا. ئەكسىچە، ئاددىي تەبىئەتلىك ئادەملەر دۆلەت ۋە

شەخسكە تۈزۈك ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

ئادىمانتوس: ئىنتايىن توغرا.

سوقرات: پەلسەپىگە ئەڭ باب كىشىلەر پەلسەپىنى تاشلاپ، غېرىبانە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدى، ئۆزلىرىمۇ ئۆزىگە لايىق بولمىغان، ساختا تۇرمۇشتا ئۆتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا نامۇناسىپ ئادەملەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەلسەپىگە تۇتۇش قىلىشتى ۋە ئۇنى بۇلغىدى. شۇنىڭ بىلەن پەلسەپىنى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەر پەلسەپىگە بەتنام چاپلاشقا ئۈلگۈردى ــ دە، ئۇلار كېرەكسىز، نۇرغۇنلىرى ئەسكى، دېيىشتى.

ئادىمانتوس: شۇنداق، شۇنداق دېگۈچىلەر ھەقىقەتەن بار.

سوقرات: بۇ گېپىمىزدە شەك يوق. بىر تۈركۈم چۈپرەندى ئادەملەر باركى، ئۇلار پەلسەپىنىڭ ئىگىسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى شەرەپ ۋە ياخشى ئاتاقلارغا كۆزى چۈشۈپ، خۇددى زىنداندىن چىقىپ ئىبادەتخانىلارغا كىرىپ قالغان مەھبۇسلاردەك پەلسەپە قەسرىگە كىرىپ، خالىغان سەنئىمگە دەسسىشىدۇ. بىلىش كېرەككى، پەلسەپىنىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ باشقا ئىلىم ساھەلىرىگە باققاندا يۇقىرى ئابرۇيىنى ساقلاپ قالغان. تالانتى ئانچە يۇقىرى بولمىغان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ گەرچە ئۇلارنىڭ روھى پەسكەشلىكلەر تۈپەيلى خاراب بولغان بولسىمۇ، ۋۇجۇدلىرى ئۆزلىرى شۇغۇللانغان ناچار ئىشلار تۈپەيلى ناكار بولغان بولسىمۇ دەل مۇشۇ جەلپكار ساھەگە ئىنتىلىپ كەلگەن، پەلسەپە ئۇلارنى جەلپ قىلماي قالسۇنمۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، جەلپ قىلىدۇ.

سوقرات: ئۇلار تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئامەتتى كېلىپ قالغان تاز مىسكەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلار بىرلا يۇيۇنۇپ، يېڭى تونلارنى كىيىپ، ئۆز غوجايىنىنىڭ قارايدىغان ئادىمى يوق بولۇپ، سۇنۇپ قالغان قىزىغا ئۆيلىنىشنى ئويلىغاندەك ئىش قىلىدۇ.

ئادىمانتوس: دەل شۇ.

سوقرات: ئۇلاردىن قالىدىغىنى قانداق ئەۋلاد؟ پەسكەشلەر ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق بولىدۇ ـ دە.

سوقرات: پەلسەپىگە ياراشمايدىغان ئادەملەر زورمۇزور پەلسەپە بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇلاردىن قانداق ئىدىيە ۋە پىكىرلەر چىقار؟ ئۇلاردىن سەپسەتە چىقسا چىقىدۇكى، ھەقىقەتكە يېقىنراق چىنلىق چىقمايدۇ، شۇنداققۇ؟

ئادىمانتوس: بۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: شۇڭا، ئادىمانتوس، پەلسەپىنى تەتقىق قىلىشقا لايىق كېلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولمايدۇ. ئۇلار بىر بولسا ياخشى تەربىيە ئالغان ئېسىل نەسەبلىك ئادەملەردىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇلار سۈر گۈنگە مۇپتىلا بولغانلىقى تۈپەيلى، چىركىنلىكتىن خالىي بولۇپ، پەلسەپىگە ھەقىقىي تۇتۇنالايدۇ. ئۇلار يەنە بىر بولسا كىچىك شەھەردە دۇنياغا كەلگەن ئۇلۇغۋار روھ ئىگىسى بولۇپ، كىچىك شەھەر دۆلىتىنىڭ ئەلەم ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى ئەرزىمەس ئىش دەپ قاراپ، پەلسەپە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەنە بىر تۈركۈم ئاز ساندىكى تالانتلىق ئادەملەر ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى ياراتماي، پەلسەپىگە ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. يەنە بەزىلەر دوستىمىز سىياگىس(Theages) قا ئوخشاش مېيىپ ئادەملەردۇر، سىياگىسقا نىسبەتەن پەلسەپىدىن خالىي تۈرۈشنىڭ شەرتلىرى بار بولسىمۇ، ئۇ بەدىنىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلى سىياسىيدىن ئايرىلىپ، پەلسەپىگە يۈزلەنگەن. مېنىڭ پەلسەپە بىلەن شۇغۇللىنىشىم تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن باغلىق بولغان ئالاھىدە بىر ئىش، مەندىن باشقا بۇنداق ئىنايەتكە يولۇققانلار يوقمىكىن، دەيمەن. پەلسەپىگە نائىل بولالىغان بۇ ئاز ساندىكى كىشىلەر پەلسەپىنىڭ زوقى ۋە بەختىنى تېتىدى، ئاۋامنىڭ تەنتەكلىكىنى كۆردى، ئۇلار يەنە دۆلەت ئىشلىرىدا ساغلام ئىشلارنىڭ ئىنتايىن ئازلىقىنى تونۇپ يەتتى، ئادالەت جەڭچىلىرىنىڭ تۈزۈك دوستى بولمايدىغانلىقىنى، ئادالەت جەڭچى-

لىرىگە ياردەم قىلىپ، ھالاكەتنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلارنىڭ چىقـ-مايدىغانلىقىنى بىلدى. ئەكسىچە، بۇ ناھايىتى ئاز ساندىكى پەيلا-سوپلار مۇنداق بىر ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇلار ياۋايى ھايۋانلار تو-پىغا كىرىپ قالغان يالغۇز ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ، بۇ ئادەم قابا-ھەتكە شېرىك بولۇشنى خالىمايدۇ ھەمدە ياۋايى ھايۋانلارغا يەككە تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ دوستلىرىغا ۋە دۆلەتكە ھېچقانداق تۆھپە قوشالمايلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. مۇ-شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى پەيلاسوپلار ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەنلا بو-لۇپ، سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار بوران ـ چاپقۇندا تاملارنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالغان ئادەملەرنىڭ ھالىتىگە چۈشۈپ قا-لىدۇ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ناتوغرا قىلمىشلىرىنى كۆرگەندە، ئۆزلە-رىنىڭ شۇ خىل ئادالەتكە يات ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالماسلىقىنى تەگرىدىن تىلەپ، ياخشى ئارزۇلىرى ۋە گۈزەل ئىستەكلىرىنى كۆڭلىگە پۈككەن ھالدا دۇنيادىن كېتىشكە رازى بولىدۇ.

ئادىمانتوس: ۋاھ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى نەتىجىلىرىنى ئاز دېگىلى بولمايدۇ.

سوقرات: (ئاز دېگىلىغۇ بولماس، لېكىن، كۆپ دېگىلىمۇ بول-مايدۇ.) پەيلاسوپ ئۆزىگە مۇناسىپ بىر سىياسىي تۈزۈمدە ياشىمى-سا، چوڭ نەتىجىلەرنى قازىنىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. پەيلاسوپ ئۆزىگە يارىشا تۈزۈم شارائىتىغا ئىگە بولغاندىلا، تولۇق يېتىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

پەلسەپىنىڭ توغرا بولمىغان ھالدا ئاھانەتكە قېلىشىنىڭ سە-ۋەبلىرىنى يېتەرلىك چۈشەندۈردۈم. سېنىڭ يەنە نېمە گەپلىرىڭ بار؟

ئادىمانتوس: بۇ مەسىلە ھەققىدە مېنىڭ باشقا گېپىم يوق، سې-نىڭچە، قايسى خىل سىياسىي تۈزۈم پەلسەپىنىڭ تەرەققىي قىلى-شىغا مۇۋاپىق كېلەر؟

سوقرات: ھازىرقى ھېچقانداق تۈزۈم پەلسەپىگە ماس كەلمەيدۇ،

چۈنكى، پەلسەپىنىڭ ماھىيىتى بىلەن سىغىشمايدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن پەلسەپىنىڭ ماھىيىتى بۇرۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. بىر ئۇرۇقنى يات ئىقلىملارنىڭ يېرىگە تېرىسا، ئۇرۇق شۇ يەرنىڭ ئىقلىم شارائىتىغا ئۆزلىشىپ كەتكەندەك، پەلسەپىمۇ نامۇۋاپىق تۈزۈم شارائىتىدا ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ساقلىيالماي، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر پەلسەپە ئۆزىگە يارىشا ئەۋزەل سىياسىي تۈزۈمگە مۇۋەپپەق بولالىسا، بىز ئۇنىڭ مۇقەددەسلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، تالانت، ئۆگىنىش، خىزمەت دېگەندەك ئىشلارنىڭ ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. سەن ئەمدى مەندىن ئەڭ ياخشى سىياسىي تۈزۈم قانداق بولىدۇ، دەپ سورىشىڭ مۇمكىن.

ئادىمانتوس: يېڭىلىشتىڭ. مەن بىز تەسۋىرلەۋاتقان شەھەر دۆلىتى شۇمۇ، دەپ سورىماقچى ئىدىم.

سوقرات: دەل شۇ. ئەمما، بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ دۆلەتتە مۇنداق بىر شەخس ئەبەدىي مەۋجۇت بولۇشى كېرەك: ئۇنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ھەققىدىكى قارىشى ساڭا ئوخشاش بىر قانۇن تۈزگۈچىنىڭ قانۇن تۈزۈۋاتقان ۋاقتىدىكى قارىشى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

ئادىمانتوس: راست، شۇنداق دېيىشكەن ئىدۇق.

سوقرات: ئەمما، ئۇ ھەقتىكى چۈشەندۈرۈشلىرىمىز يېتەرلىك بولمىغان ئىدى. سېنىڭ بەرگەن رەددىيەلىرىڭ ۋەھىمە سالغان بولسىمۇ، شۇ نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى: بىزنىڭ مۇنازىرىمىز ئۇزۇن ھەم مۇشكۇل مەسىلىنىڭ نۆۋەتتىكى مەزمۇنىنى يېشىشمۇ ناھايىتى قىيىن بولىدۇ.

ئادىمانتوس: قايسى مەسىلىنى دەيسەن؟

سوقرات: پەلسەپىنىڭ يېتەكلىشىگە ئۆتكەن دۆلەت قانداق ئەھۋالدا چىرىپ كەتمەيدۇ؟ ھەرقانداق ئۇلۇغ ئىشنىڭ خەۋپ-خەتىرى بولىدۇ، كونىلار ئېيتقاندەك، ئوبدان ئىشنىڭ دەردى كۆپ.

ئادىمانتوس: ئەمىسە، بىز مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرايلى.

سوقرات: مەندە ئارزۇ كەم ئەمەس، كەم بولۇۋاتقىنى ئىقتىدار. ماڭا كاشىلا قىلىۋاتقىنى دەل مۇشۇ. سەن مەندىكى قىزغىنلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن. دىققەت بىلەن ئاڭلىشىڭ كېرەككى، مەن بۇ دۆلەتنىڭ ھازىرقىغا تامامەن زىت بولغان بىر ئۇسۇلدا پەلسەپىگە كىرىشىش كېرەكلىكىنى قىزغىنلىق ۋە باتۇرلۇق بىلەن جاكارلايمەن.

ئادىمانتوس: قايسى ئۇسۇلنى دېمەكچى؟

سوقرات: ھازىرقىلار پەلسەپىنى بالىلىقتىن كېيىنكى، بالاغەتتىن بۇرۇنقى مەزگىلدىلا ئۆگىنىپ، پەلسەپىنىڭ قىيىن باسقۇچى (دەلىللەش) غا كەلگەندە، پەلسەپە ئۆگىنىشنى تاشلايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، يەنە ئۆزلىرىنى يېتىلگەن پەيلاسوپ، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار بىرەر قېتىملىق مۇنازىرە مەيدانىغا تەكلىپ قىلىنسا، بۇنى ناھايىتى چوڭ ئىش دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پەلسەپە ئىشتىن سىرتقى ئىش. ئۇلار قېرىغاندا، ھېراكلىتنىڭ قۇياشى① دىنمۇ بەتتەر تولۇق ئۆچىدۇ، قايتا يورۇيالمايدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنداقتا، قانداق قىلىش كېرەك؟

سوقرات: تامامەن باشقىچە بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ بالىلىقىدا، پەلسەپە دەرسى بالىلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا لايىق قىلىپ ئۆتۈلۈشى كېرەك. ئۇلار بالاغەتكە يەتكىچە بولغان ئارىلىقتا، تەن ساپاسىغا ئەھمىيەت بېرىپ، پەلسەپە تەتقىقاتىغا لايىق جىسمانىي قۇۋۋەتنى ھازىرلىشى كېرەك. ياش زورىيىپ، روھى پىشىپ يېتىلىش دەۋرىگە كەلگەندە، روھىنى چېنىقتۇرۇشى كېرەك. تەن ئاجىزلاپ، سىياسىي، ھەربىي ۋەزىپىلەرنى بېجىرىش يېشىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارغا ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئارتماي، ئەركىن ھالدا پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئەگەر بىز پەيلاسوپلارنى پانىي ۋە باقىي ئالەمدە بەختلىك ئۆتسۇن دېسەك، جەزمەن شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.

① ھېراكلىت ـــ «ھەر كۈندىكى قۇياش تامامەن يېڭى» دېگەن مەنىدە.

ئادىمانتوس: گەپلىرىڭ ھاياجانلىق بولدى، سوقرات. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سېنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاڭلىغۇچىلىرىڭ ساڭا قارشى تۇرۇشتا تېخىمۇ قىزغىن. ئۇلار ھەرگىز ساڭا قايىل بولمايدۇ. بولۇپمۇ سىراسىماخوس (Thrasymakhos) شۇنداق.

سوقرات: سەن مېنى سىراسىماخوس بىلەن تالاشقا سالما. بىز يېقىندىلا دوست بولۇشقان، بۇرۇنمۇ رەقىبلەردىن ئەمەس ئىدۇق. بىز ئۇنى ۋە باشقىلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشىمىز ھەمدە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشىمىز، قايتا ئادەم بولۇپ يارالغان ئەھۋال ئاستىدا مۇشۇنداق مەسىلىگە يولۇققاندا پايدىلىق بىلىملەرگە ئېرىشتۇرىمىز.

ئادىمانتوس: سەن ئۇزۇن بىر ۋاقىتتىن بېشارەت بەرگەندەك قىلىسەن.

سوقرات: ئۇ ئەبەدىيلىككە نىسبەتەن ھېچنېمە ئەمەس. بىراق، بىز ئاۋامنى قايىل قىلالمىساق، بۇنىڭ ھېچبىر ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ گېپىمىزنىڭ رېئاللىققا ئايلانغىنىنى ئەزەلدىن كۆرگەن ئەمەس، ئۇلار پەقەت سۈنئىي، قاتمال، گەپ خالتىسى بولمىش پەلسەپىنىلا كۆرگەن. سۆز بىلەن ھەرىكىتىنى تاكامۇل ھالەتتە بىرلىككە كەلتۈرەلىگەن ئادەمنىڭ ياخشى بىر دۆلەتتە ئىدارە قىلغىنىدەك ئەمەلىيەتنى كىشىلەر تېخى ئۇچرىتىپ باقمىدى. سېنىڭچە، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۈبھىسىز شۇنداق.

سوقرات: دوستۇم، ئۇلار يەنە ھۆر ئادەملەرنىڭ لىللا مۇنازىرىدىسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدى. بۇنداق مۇنازىرىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى مۇمكىن بولىدىغان بارلىق ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ بىلىمگە ئېرىشىش ۋە ھەقىقەتنى تېپىشتىن ئىبارەت. بۇ سوتخانىلاردا ۋە خۇسۇسىي پاراڭلاردا ئىختىلاپ كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشتەك مەككارلىق ۋە پۇتاقچىلىقتىن كۆپ يۇكسەك تۇرىدۇ.

ئادىمانتوس: ئاۋام ئۇنداق مۇنازىرىنى ھەقىقەتەن ئاڭلاپ باقمىغان.

سوقرات: بىز مۇشۇنداق سەۋەبلەرنى كۆرۈپ يەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى تارتقۇمىز كەلسىمۇ، ھەقىقەتنىڭ قىستىمىشى بىلەن شۇنى دېمەكچىمىز: كىشىلەر تەرىپىدىن كىرەكسىز دەپ قارالغان ئاز ساندىكى ساپ پەيلاسوپلار مۇئەييەن مۇقەررەرلىك تۈپەيلى، خالاش ياكى خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر شەھەر دۆلىتىنى باشقۇرسا ۋە پۇقرالارنى ئۆزىگە قايىل قىلسا ۋە ياكى ھۆكۈمرانلارنىڭ پەرزەنتلىرى، پادىشاھ، شاھزادە قاتارلىقلار ئىلاھىنىڭ ئىلھام بېرىشىگە ئۇچراپ، ھەقىقىي پەلسەپىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئەنە شۇ چاغدىلا شەھەر ۋە دۆلەت تاكامۇللۇققا يېتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئىككى شەرتنى مۇمكىن بولمايدۇ، دېيىشكە ئاساسىمىز يوق. ئۇلار مۇمكىن بولمىسا، بىز خىيالپەرەسلەر دېگەن ئاتاققا قالىمىز، ئۇلار بىزنى شۇنداق مەسخىرە قىلىشقا ھەقلىق بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: يىراق ئۆتمۈشتە، قانداقتۇ يىراق بىر ياۋايى ئەلدە ياكى يىراق كەلگۈسىنىڭ بىر كۈنى مەلۇم بىر زۆرۈرىيەت پەيلاسوپنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقارسا، بىزنىڭ تەشەببۇسىمىز مۇنداق بولىدۇ: تەسەۋۋۇرىمىزدىكى تۈزۈم پەلسەپە ئىلاھى دۆلەت باشقۇرغان شەرت ئاستىدا ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئېشىۋاتقان، كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان بولىدۇ. بىز بۇنى قىيىن ئىش دەپ قارىساقمۇ، مۇمكىنلىكى يوق دەپ قارىمايمىز.

ئادىمانتوس: مەنمۇ شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: كۆپچىلىكمۇ ئۇنداق قارىمايدۇ، دېمەكچىمسەن؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: دوستۇم، ئاۋامنى ئۇنچىلىك ئەيىبلەپ كەتمە. سەن ئۇرۇشقاقلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى، مۇلايىملىق بىلەن ئاۋامنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان بىزارلىقىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتسەك، ئۇلارغا پەيلاسوپلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، پەيلاسوپلارنىڭ پەزىلىتى بىلەن ئىجتىھاتىنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرسەك،

پەيلاسوپلارنىڭ ئاۋام ئويلىغاندەك ئۇخىل كىشىلەردىن ئەمەسلىكىـ
نى كۆرسەتسەڭ، ئاۋام ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قارىشىنى چوقۇم ئۆزـ
گەرتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشى ئۆزگەرسە، ئۇلار بۇرۇنقىدەك پەرقلىق
جاۋابقا ئىگە بولىدى، دەپ قېلىشىڭ مۇمكىن. سېنىڭچە، ھەسەت
قىلمايدىغان، مۇلايىم بىر كىشى ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر ئادەمگە
ھەسەتخورلۇق ۋە قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلارمۇ؟ مېنىڭ جاۋاـ
بىم شۇكى، بۇنداق قوپال تەبىئەت پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەردىلا
بولىدۇكى، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنداق بولمايدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق قارىساڭ بولىدۇ، مەن قوشۇلىمەن.

سوقرات: بەلكىم، مۇنۇ نۇقتىغىمۇ قوشۇلۇشۇڭ مۇمكىن. ئاۋامنىڭ پەلسەپىگە يامان تەسىراتتا بولۇپ قېلىشىنىڭ يىلتىزى ساختا پەيلاسوپلاردا ئەمەسمۇ؟ ساختا پەيلاسوپلار ئۆزلىرىگە مۇناـ سىۋەتلىك بولمىغان يەرلەرگە ئۇسۇپ كىرىپ، تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ زىدـ تىغا تېگىشىدۇ. پەيلاسوپلارغا ياراشمايدىغان بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قىلىقلار بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇنداق قىلىقلار پەيلاسوپلارغا ھەقىقەتەن ياراشمايدۇ.

سوقرات: ئادىمانتوس، بىلىشىڭ كېرەككى، چىن مەۋجۇدىيەتكە پۈتۈن زېھنىنى بەرگەن ئادەم ئۇششاق كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ۋاقىت چىقىرالمايدۇ ياكى باشقىلار بىلەن دۈشمەنلىك ۋە ھەسەتـ خورلۇق ئىلكىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ يۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ دىققىتى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس نەرسىلەرگە چۈشكەن بولىدۇ، ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئۆز ئارا چىقىشىپ تۇرغانلىقىنى، ئىدراكنىڭ تەلىپى بويىچە تەرتىپ بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن بولىدۇ، مۇمكـ كىنقەدەر ئۆزىنى ئەبەدىيەتكە تەقلىد قىلىپ، شۇنىڭغا ئوخشىماقچى بولىدۇ. سەن بىر ئادەمنى ئۆزى ماختىغان نەرسىگە تەقلىد قىلمايـ دۇ، دەپ قارامسەن؟

ئادىمانتوس: ئۇنداق قارىمايمەن.

سوقرات: مۇقەددەس تەرتىپ بىلەن مۇلاقەتلەشكەن پەيلاسوپ ئا-مالنىڭ بارچە ئۆزىنى تەرتىپ ۋە مۇقەددەسلىككە ئايلاندۇرۇشنى ئويلايدۇ. بىراق، تۆھمەت ۋە زىيانكەشلىك ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئەگەر مەلۇم مۇقەررەرلىك پەيلاسوپنى ئۆزى كۆرۈپ يەتكەن ئەندىزىنى دۆلەت ۋە شەخسنىڭ خاراكتېر ساپاسىدا ئەمە-لىيلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلسا، پەيلاسوپ ئۆزىنىلا ئە-مەس، دۆلەتنىمۇ قۇرۇپ چىقسا، سىنىڭچە، ئۇ تەمكىنلىك ۋە ئادا-لەت قاتارلىق پەزىلەتلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە ئادەتتىكى بىچارە ھۈنەرۋەندەك ئەلپازدا كۆرۈنەرمۇ؟

ئادىمانتوس: ھەرگىز ئۇنداق كۆرۈنمەيدۇ.

سوقرات: ئەگەر ئاۋام پەيلاسوپلارنىڭ سۆزىنىڭ چىنلىقىنى بىلسە، پەيلاسوپلارغا قوپاللىق قىلىپ، سەنئەتكارنىڭ مۇقەددەس ئەندىزىگە ئاساسەن تەسەۋۋۇر قىلىپ، قۇرۇپ چىقىشىدىن ئۆتمە-گەن دۆلەت[1] مەڭگۈ بەختلىك بولالمايدۇ، دېگەن سۆزىمىزگە ئە-شەنمەي تۇرۇۋالارمۇ؟

ئادىمانتوس: ئاۋام چۈشەنسە، پەيلاسوپلارغا قوپاللىق قىلمايدۇ. ئەمما، سەن ماڭا سەنئەتكارنىڭ تەسۋىرىدىكى دۆلەتنى چۈشەندۈرۈپ قويغىن.

سوقرات: دۆلەت ۋە شەخسنىڭ ساپاسى بەئەينى رەسىم سىزىش تاختىسىغا ئوخشايدۇ، پەيلاسوپ بۇ تاختىنى ئالدى بىلەن سۈرتۈپ تازىلايدۇ، بۇ ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس. پەيلاسوپلارنىڭ باشقا ئىسلاھاتچىلارغا ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى، ئۇ پاكىز ئوبيېكت-قا ئېرىشمىگۈچە ياكى ئۇنى ئېرىشتۈرۈپ بەرمىگۈچە دۆلەت ۋە شەخسنى تەسۋىرلەشنى باشلىمايدۇ، قانۇن تۈزۈشكىمۇ تۇتۇنمايدۇ.

---

① پەيلاسوپلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىنى دېمەكچى.

ئادىمانتوس: دۇرۇس.

سوقرات: ئۇلار تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، سىياسىي تۈزۈمنىڭ چېرتيوژىنى سىزىپ چىقماسمۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، سىزىشقا باشلايدۇ.

سوقرات: تۈزۈم بېكىتكەندىن كېيىن، سەنئەتكار (پەيلاسوپ) ئۆزىنىڭ خىزمىتى داۋامىدا مۇنداق ئىككى يۆنىلىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ: بىرى، مۇتلەق ئادالەت، گۈزەللىك، مۆتىدىللىك قاتارلىقلار. يەنە بىرى، ئىنسانىيلىقنى كۆپىيە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىنسانىيلىقنىڭ ھەرخىل رەڭلىرىنى قوشۇپ، ھەقىقىي ئادەمگە ئوخشىتىدۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ھومېر ئېيتقان ئىلاھىيلىقنىڭ سۈپەتلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئادىمانتوس: توغرا.

سوقرات: بەلكىم، ئۇ رەسسام ئۆزى سىزغان ئادەمنىڭ سۈپىتىنى ئىلاھ ياقتۇرغانغا قەدەر گاھ ئۆچۈرۈپ، گاھ قايتىدىن سىزىشى مۇمكىن.

ئادىمانتوس: بۇ رەسىم بەربىر ئەڭ ياخشى رەسىم بولۇپ چىقىدۇ.

سوقرات: ئەمدى سەن بىزگە جان - جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ، دېگەن ئاشۇ كىشىلەر بىزگە ئىشەنمەسمۇ؟ بىز ئۇلارغا ماختاپ بەرگەن پەيلاسوپلارنىڭ دەل مۇشۇ تۈزۈمنىڭ لايىھەچىسى ئىكەنلىكىگە ئۇلارنى ئىشەندۇرەلەمدۇق - يوق؟ بىز دۆلەتنى پەيلاسوپلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىشنى ئېيتقاندا، غەزەپلىنىپ كېتىشكەن ئاشۇ كىشىلەر ئەمدى ئازراق تىنچلانماسمۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇلار غەرەز ئۇقسىلا تىنچلىنىدۇ.

سوقرات: ئۇلار قارشىلىق قىلىشقا يەنە باھانە تاپارمۇ؟ ئۇلار پەيلاسوپلارنىڭ رېئاللىق ۋە چىنلىقنى سۆيىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلارمۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇنداق قىلسا بولماس.

سوقرات: ئۇلار بىز تەسۋىرلىگەن تەبىئەتنىڭ ياخشىلىقىغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالارمۇ؟

ئادىمانتوس: ئىنكار قىلالمايدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئۇلار مۇۋاپىق تەربىيەگە ئېرىشكەن بۇنداق تەبىئەتتىكى كىشىلەر بار بولسا، ئۇلار چوقۇم ئەڭ ياخشى پەيلاسوپ بولىدۇ دېگەن ھۆكۈمىمىزنى ئىنكار قىلالارمۇ؟ ئەكسىچە، ئۇلار بىز رەت قىلغان ھېلىقىدەك كىشىلەرنى ئەڭ ياخشى پەيلاسوپ دەپ قارارمۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇنداق قىلمايدۇ.

سوقرات: ناۋادا بىز شەھەر دۆلىتىنى پەيلاسوپ سورىمىغىچە، دۆلەت ۋە شەخستە رەزىللىك تۈگىمەيدۇ، بىز نەزەرىيە جەھەتتە تە-سەۋۋۇر قىلغان تۈزۈممۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ دېسەك ئاۋام بىزدىن خاپا بولارمۇ؟

ئادىمانتوس: ئازراق خاپا بولۇشى مۇمكىن.

سوقرات: ئۇلار خاپا بولۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇتلۇق بولۇپ، بىزگە قايىل بولىدۇ، خىجىللىقى تۈپەيلى قارشىمىزغا قوشۇلىدۇ، دەپ قا-رىساقمۇ بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: بولىدۇ.

سوقرات: ئۇلارنى بىزنىڭ ھۆكۈمىمىزگە قوشۇلدى دەپ، پەرەز قىلايلى، ئۇنداقتا، ئۇلار شاھ ياكى ھۆكۈمرانلارنىڭ پەيلاسوپقا خاس تەبىئەتكە ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ بالىلىقىدىلا باشلانغان بولىدۇ دېسەك ئۇلار قارشى تۇرارمۇ؟

ئادىمانتوس: ھېچكىم قارشى تۇرمايدۇ.

سوقرات: پەلسەپىۋى تالانت ئايرىدە بولغان يەردە كىم ئۇلارنىڭ چىرىپ كېتىشىنى دەلىللىيەلەيدۇ؟ ئۇلارنى چىرىشتىن ساقلاپ قېلىشنىڭ قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى بىزمۇ ئېتىراپ قىلىمىز، ئەمما، شۇنچە ئۇزۇن جەرياندا ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ چىرىپ كېتىش-تىن خالىي بولالمايدۇ دەيدىغانلاردىن چىقىپ قالارمۇ؟

ئادىمانتوس: كىممۇ چىقار؟

سوقرات: چىرىشتىن خالىي بولالىغانلاردىن بىرەرسى چىقسىلا كۇپايە بولاتتى. شەھەر دۆلىتى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتسە، ھازىرچە ئۇ تۈزۈمنىڭ ياخشىلىقىغا كىشىلەر ئىشەنمىسىمۇ، ئۇ غايىۋى تۈزۈمنى يولغا قويغان بولاتتى.

ئادىمانتوس: شۇنداق، بىرەر ساپ پەيلاسوپ بولسىلا يېتەرلىك بولاتتى.

سوقرات: ئۇلار ھۆكۈمدار بولۇپ، بىز تەسۋىرلىگەن قانۇن ۋە يوسۇنلارنى تۈرغۈزۇپ چىقسا، خەلق ئۇنىڭغا بويسۇنسا، دېگەن تەسەۋۋۇرىمىزنىڭ قەيەرى مۇمكىن بولماس؟

ئادىمانتوس: تامامەن مۇمكىن.

سوقرات: باشقىلارنىڭ بىزنىڭ قارىشىمىزغا قوشۇلۇشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇنداق ئەمەس.

سوقرات: مۇمكىن بولغان ئىكەن، ئۇ ياخشى ئىش بولغان بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق دەپ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

سوقرات: ئەمدى بىز مۇنداق خۇلاسىگە كەلسەك بولىدۇ: بىزنىڭ پىلانىمىز ئەمەلىيلەشكەن ئىكەن، ئۇ ياخشى بولغان بولىدۇ. گەرچە ئەمەلگە ئېشىش قىيىن بولسىمۇ، مۇمكىنىدۇر.

ئادىمانتوس: شۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ.

سوقرات: ئەمدى بىز باشقا بىر مەسىلىگە ئۆتەيلى. بىر دۆلەت تۈزۈمىنىڭ نىجاتكارى قانداق يېتىلىدۇ؟ ئۇ تېگىشلىك بولغان ھەرقايسى ساۋاقلارنى قايسى يېشىدىن باشلاپ قوبۇل قىلىشى كېرەك؟

ئادىمانتوس: بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلماي بولمايدۇ.

سوقرات: مەن بۇرۇن ئۆيلىنىش، پەرزەنتلىك بولۇش ۋە ھۆكۈمدار سايلاش قاتارلىق قىيىن مەسىلىلەردىن ئۆزۈمنى قاچۇرغان

ئىدىم، چۈنكى، مۇتلەق ھەقىقەت كۆپ ھاللاردا، كىشىلەردە ئۈچ-مەنلىك پەيدا قىلىپ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش قىيىن بولىدۇ. مەسى-لىدىن ئۆزىنى تارتىش ياخشى چارە ئەمەسكى، بەربىر ھەل قىلماي بولمايدۇ. ئايالالار ۋە باللار مەسىلىلىرى ھەققىدە ئالللىبۇرۇن توختىلىپ بولدۇق. ھۆكۈمدارلار توغرىسىدىكى گەپنى قايتىدىن باشلاشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ناۋادا ئېسىڭىزدە بولسا، بىز مۇنداق دې-گەن ئىدۇق: ھۆكۈمدار بولۇشقا تېگىشلىك ئادەم ھاياتىنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىگە دۇچ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەقىدىنى-سىنى ئىسپاتلىشى كېرەك، بۇ ئەقىدە ۋەھىمە ۋە قىيىنچىلىق ئى-چىدىمۇ ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك. بۇ سىناقتىن ئۆتەلمىگەنلەر چو-قۇم شاللىنىش كېرەك. ساپ ئالتۇن ئوتتىن قورقمايدۇ، ھۆكۈمدار بولۇشقا تېگىشلىك ئادەممۇ قىيىنچىلىقنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەي-دۇ، ئۇنى ھايات چېغىدا قەدىرلەشكە، دۇنيادىن ئۆتكەندە ئەسلەشكە ئەرزىيدۇ. بىز ئىلگىرى بۇ ھەقتە توختالغاندا، گەپ - سۆزنىڭ ئا-ۋۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن باشقا بىر مەسىلىگە بۇرالغان ئىدۇق.

ئادىمانتوس: بۇ گەپلىرىڭ ئېسىمدە بار.

سوقرات: تۆۋەندىكى ھۆكۈمنى بۇرۇن دېيىشكە جۈرئەت قىلالا-مىغان ئىدۇق، ئەمدى جاكارلايمىزكى، پەيلاسوپلار دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك ھىمايىچىلىرى بولۇشى كېرەك.

ئادىمانتوس: ئوبدان تەشەببۇس بولدى.

سوقرات: بىلىش كېرەككى، بۇنداق ئادەملەر ئاز بولىدۇ. چۈن-كى، ھەرخىل تالانت ئېلېمېنتلىرىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىشى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسە. كۆپ ھاللاردا، تالانت ئېلېمېنتلىرى چېچىلىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئادىمانتوس: دېمەكچى بولغانلىرىڭ نېمە؟

سوقرات: ئۆگىنىشتە چېۋەر، ئەستە تۇتۇشى ياخشى، زېرەك، چاققان دېگەندەك پەزىلەتلەر ھەمدە ئىلگىرىلەش روھى، كەڭ قور-

ساقلىق قاتارلىقلارنىڭ بىر گەۋدىدە مۇجەسسەم بولۇپ، ئۆز ئارا سىغىشىپ تۇرۇشى ناھايىتى تەس. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممە-سىنى ئۆزىدە جەم قىلغان ئادەم، تاسادىپىي ھالدا ئۆزىنىڭ چېچەن-لىكىگە ئەگىشىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ سالمىقىنى يوقىتىپ قويىدى-غان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

ئادىمانتوس: ئېيتقانلىرىڭ توغرا.

سوقرات: سالماق ئادەم (كىشىلەر بۇنداق ئادەملەرگە رازىمەنلىك بىلەن ئەگىشىدۇ) ئۇرۇشلاردا ۋەھىمىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي-دۇ. ئۆگىنىشتە بولسا يېڭى تەسىرلەرگە ئالدىراپ ئۇچراپ كەتمەي، خۇددى قاغدالما بولۇپ كەتكەندەك بولىدۇ. ئەقلىي خىزمەتلەرنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇلارنى ئەسنەك تۇتۇپ كېتىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: بىز شۇنى تەشەببۇس قىلىمىزكى، بىر ئادەمدە بۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىك جەم بولغاندىلا ئۇنى ئالىي تەربىيەگە ئې-رىشتۇرۇپ، ھوقۇق ۋە شان - شەرەپكە نائىل قىلىش كېرەك.

ئادىمانتوس: توغرا.

سوقرات: سەن بۇ خىل ئادەمنى ئاز دەپ قارىمامسەن؟

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن ئاز.

سوقرات: شۇڭا، بىز باشتا دېگەن ئەمگەك، ۋەھىمە، خۇشاللىق قاتارلىقلارنىڭ تاۋلاشلىرىدىن ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك. يەنە ئۇلارنى نۇرغۇن ئۆگىنىشلەر ئارقىلىق چېنىقتۇرۇپ، روھىدا زور ئۆگى-نىشلەرگە بەرداشلىق بەرگۈدەك قابىلىيەتنىڭ بار - يوقلۇقىنى كۆزىتىش كېرەك، ئۇلارمۇ بەزىلەر جىسمانىي جەھەتتىكى ئىشلار-دىن قاچقاندەك، يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى خالىمايدۇ، دېگەنلەرنى ئې-نىقلاش كېرەك.

ئادىمانتوس: تەكشۈرمەي بولمايدۇ. بىراق، سېنىڭ زور ئۆگى-نىش دېگىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

سوقرات: بىز روھىيەتتىكى ئۈچ پەزىلەت ھەققىدە توختالغاندىن

كېيىن، ئادالەت، تەمكىنلىك، باتۇرلۇق، ئەقىل ـ پاراسەت دېگەن-لەرنىڭ تەبىرى ئۈستىدە سۆزلەشكەن ئىدۇق، بەلكىم، بۇلار ئېسىڭىزدە باردۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتسەم سەت تۇرار.

سوقرات: ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى گەپلىرىمچۇ؟

ئادىمانتوس: قايسى گەپلەر؟

سوقرات: بىز بۇ پەزىلەتلەرنى ھەقىقىي تونۇش ئۈزۈن ھەم ئەگرى ـ توقاي جەريانلارغا موھتاج بولىدۇ، بۇ جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن كىشى ئۇلارنى ئېنىق كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالايدۇ، دېگەن ئىدۇق. ئالدىنقى دەلىللەرگە تەڭداش سەۋىيەدە قايتا چۈشەندۈرۈش تامامەن مۇمكىن. ئەمما، سەن شۇنىڭ ئۆزىنى كۇپايە دېگەن ئىدىڭ. بۇ تېما ئانچە مۇكەممەل بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن يۈنىتىلگەن ئى-دى. سەن ئۇسۇلدىن رازىمۇ ـ قانداق؟

ئادىمانتوس: بۇ ئۇسۇل ماڭا ۋە بۇ يەردىكىلەرگە بىر ئۆلچەمنى كۆرسىتىپ بەردى، دەپ قارايمەن.

سوقرات: ئۇنداق ئەمەس، دوستۇم. رېئال مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆل-چىمىگە يېتىشكە كىچىككىنە چالىسى قالغان ھەرقانداق ھۆكۈم ۋە سەۋىيە ئۆلچەم بولۇش لاياقىتىگە ئىگە ئەمەس. مۇكەممەللىككە يەتمىگەن ھەرقانداق شەيئى ئىككىنچى بىر شەيئىنىڭ ئۆلچىمى بولالمايدۇ، ھەتتا، بەزىلەر يەنە قىلىشقا ھاجىتى قالمىغۇدەك دەرىجىدە مۇكەممەل تاماملىدىم، دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ شۇنداق.

ئادىمانتوس: نۇرغۇن ئادەمدە ئاشۇنداق ھۇرۇنلۇق بار.

سوقرات: راست، شۇنداق. بىراق، ئۇ شەھەر دۆلىتى ۋە قانۇنىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا نىسبەتەن قەتئىي ياراشمايدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن ياراشمايدۇ.

سوقرات: شۇڭا، دۆلەت ئەركانلىرى ئەگرى ـ توقاي يېتىلىش جەرياننى بېسىپ ئۆتۈشى، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى، بەدىنىنى چېنىقتۇرۇشى كېرەك. بولمىسا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىغا لايىق

يۇكسەك ئۆگىنىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

ئادىمانتوس: ئەڭ چوڭ تېما بۇ ئەمەسكەندە؟ بىز باشتا تەسۋىر-لەپ ئۆتكەن ھەققانىيەت ۋە باشقا پەزىلەتلەردىنمۇ چوڭ تېما بار ئىكەن-دە؟

سوقرات: شۇنداق، ئۇنىڭدىنمۇ زور تېمىلار بار. بىز ئادالەت قا-تارلىق پەزىلەتلەرنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇش لايىھەسى بىلەن قانائەت-لىنىپ تۇرۇپ قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىگە كۆ-ڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك. بىر كىچىك مەسىلىلەرگە تۇجۇپىلەپ ئەجىر سىڭدۇرۇپ، چوڭ مەسىلىلەرگە كەلگەندە، ئۇنى ۋايىغا يەت-كۈزۈپ بىر تەرەپ قىلمىساق، بىمەنىلىك بولمامدۇ؟

ئادىمانتوس: بىمەنىلىك بولىدۇ. ئەمما، چوڭ ئۆگىنىش دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن مەسىلىلەرنى سەندىن سورىمايلا ئۆتكۈزۈۋەتسەك قانداق بولار؟

سوقرات: سەن سوراۋەرگىن، مېنىڭ تەييارلىقىم بار. ساڭا ئۇ ھەقتە كۆپ قېتىم سۆزلىگەنمەن، سەن بىر بولسا ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشۇڭ مۇمكىن، بىر بولسا خۇپسەنلىك قىلىۋاتىسەن. مېنىڭچە، كېيىنكىسى ئېھتىماللىققا يېقىن. ياخشىلىق چۈشەنچى-سى ئەڭ چوڭ بىلىش مەسىلىسى بولۇپ، ئادالەت ھەققىدىكى بى-لىشلەر ئۇنىڭدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنۇملۇك ۋە پايدىلىق بولىدۇ، مەن ساڭا بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلىگەنمەن. سېنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچەڭنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن. لېكىن، بىزنىڭ ياخشىلىق ئۇقۇمى ھەققىدە بىلگەنلىرىمىز ناھايىتى ئاز، بۇ ھەق-تىكى بىلگەنلىرىمىز ئاز بولغاندا، باشقا تەرەپلەردىكى بىلىملىرى-مىز ھەر قانچە كۆپ بولغاندىمۇ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بىز باشقا نەرسىلەرگە ئېرىشىپ، ياخشىلىققا ئېرىشەلمىسەك، ئۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن! بىزدە ھەممە نەرسە بولۇپ، ياخشىلىق بولمىسا، ئۇنىڭ نېمە قىممىتى بولار؟ ھەممە نەرسىنى چۈشىنىپ، ياخشىلىق بىلەن گۈزەللىكنى چۈشەنمىسەك، ئۇنىڭ نېمە رولى بولار؟

ئادىمانتوس: مېنىڭچىمۇ ھېچقانداق پايدىسى يوق بولىدۇ.

سوقرات: سەنمۇ بىلىسەنكى، ئادەتتىكى كىشىلەر خۇشاللىقنى ياخشىلىق دەپ چۈشىنىدۇ، داناراق كىشىلەر بىلىمنى ياخشىلىق دەپ چۈشىنىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: شۇنى بىلىسەنكى، كېيىنكى تۈركۈمدىكى كىشىلەر ئۆزلىرى دەۋاتقان بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى ياخشىلىق ھەققىدىكى بىلىم دەۋالىدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن كۈلكىلىك.

سوقرات: ئۇلار بىزنى ياخشىلىقنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ ئەيىبلەيدۇ، شۇنداقتىمۇ، بىز بىلەن ياخشىلىق ھەققىدە پاراڭ-لىشىدۇ. بۇ نەقەدەر كۈلكىلىك ـ ھە؟ ئۇلار «ياخشىلىق» دېگەن ئىبارىنى خۇددى بىز ئۇنى چۈشىنىدىغاندەكلا قوللىنىدۇ.

ئادىمانتوس: دۇرۇس.

سوقرات: خۇشاللىقنى ياخشىلىق دەپ قارايدىغانلارنىڭمۇ ئىدى-يەسى مۇجمەل. ئۇلار ئامالسىز قالغاندا، رەزىللىكنىڭمۇ خۇشاللى-قى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلامدىغاندۇ؟

ئادىمانتوس: چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ.

سوقرات: شۇنداق ئىكەن، ئۇلار ئوخشاش بىر شەيئىنى ھەم رە-زىل ھەم ياخشى دەپ تونۇغان بولىدۇ. شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: كۆپچىلىك مۇنداق ئەھۋالنى ئۇچراتقانغۇ دەيمەن: ئىشتا، گەپ ـ سۆزدە ۋە مەلۇم نەرسىگە ئىگە بولغاندا، كۆپلىگەن ئادەملەر ئۆزلىرى ھەققانىيەت ۋە گۈزەللىك دەپ قارىۋالغان نەر-سىلەرنى تاللاشقا خۇشتار بولۇپ، ھەقىقىي ھەققانىيەت بىلەن گۈ-زەللىكنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ. ئەمدى ياخشىلىقنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، كۆپچىلىك نەق ياخشىلىقنىڭ ئۆزىنى تاللايدۇكى، ئېغىز-دىكى ياخشىلىقنى تاللىمايدۇ.

سوقرات: ھەرقانداق روھ ياخشىلىقنى ئىزدەيدۇ، ئۇنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ نىشانى قىلىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلۇقىنى تۇيغۇ جەھەتتىن بىلىدۇ، لېكىن، تولۇق ئىگىلەشكە قادىر بولالمايدۇ. ئۇلار باشقا شەيئىلەر توغرىسىدا ئېنىق ئۇقۇمغا ئىگە بولمىغاندەك، ياخشىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ تولۇق چۈشەنمەيدۇ ھەمدە ئۇ ھەقتە مۇقىم ئەقىدە يوق. ئۇلار باشقا نەرسىلەردىكى ياخشىلىق ئامىللىرىنىمۇ ئىلغا قىلالمايدۇ. مۇشۇنداق مەسىلىلەردە ھەممە ئىشەنچىمىزنى تاپشۇرغان دۆلەت ئەركانلىرىمۇ بىخۇدلۇق قىلسا بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: ھەرگىز بولمايدۇ.

سوقرات: ئۇمۇمەن، بىر ئادەم ھەققانىيەت ۋە گۈزەللىكنىڭ قانداق ئەھۋالدا ياخشىلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمىسە، ھەققانىيەت ۋە گۈزەللىكنىڭ ھىمايىچىسى بولۇش لاياقىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. مېنىڭچە، ياخشىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن ئادەم ھەققانىيەت بىلەن گۈزەللىكنىمۇ چۈشەنمەيدۇ.

ئادىمانتوس: ناھايىتى ئورۇنلۇق.

سوقرات: يۇقىرىقىلار ھەققىدە بىلىمگە ئىگە ئەربابلار شەھەر دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى نازارەت قىلسا، دۆلەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئورنىتالىسىغا كىرگەن بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق بولۇشى مۇقەررەر. لېكىن، سوقرات، ياخشىلىق دېگەن خۇشاللىقمۇ ياكى بىلىممۇ، زادى ئۇ نېمە؟ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمىدىڭ.

سوقرات: سەن باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى بىلىپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، مەن بۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن.

ئادىمانتوس: سوقرات، سەن بۇ مەسىلىلەر توغرۇلۇق شۇنچە ئۇزاق تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئادەم تۇرۇقلۇق، پەقەت باشقىلارنىڭ قاراشلىرىنىلا دەپ، ئۆزۈڭنىڭ قارىشىنى دېمىسەڭ توغرا بولماس.

سوقرات: بىر ئادەمنىڭ چۈشەنمىگەن نەرسىلەر ھەققىدىمۇ گەپدانلىق قىلىش ھوقۇقى بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئەمەس. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئويىلىغانلىرىنى پىكىر سۈپىتىدە سۆزلەپ باقسا بولار؟

سوقرات: ئۇغۇشۇ. ئەمما، بىلىمدىن ئايرىلغان پىكىر نەقەدەر چىركىن بولىدۇ، بۇنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ بىلىمسىز پىكىرنىڭ ئەڭ ياخشىسىمۇ قارىغۇلارچە بولىدۇ. سېنىڭچە، ئەقلىدىن خالىي ھالدا توغرا پىكىر قىلىپ تاشلىغان ئادەمنىڭ يولىنى تېپىپ ماڭالىغان كور ئادەمدىن نېمە پەرقى؟

ئادىمانتوس: ئۇلارنىڭ پەرقى يوق.

سوقرات: باشقىلاردىن نۇرانە، گۈزەل نەرسىلەرگە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بار بولغان شارائىتتا، سەن ئۇلاردىن خۇنۇك، قارىغۇلارچە ۋە بۇرمىلانغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى خالامسەن؟

گىلاۋكون: خالىمايمەن. سوقرات، مەقسەتكە يېتەي دەپ قالدۇق، كېيىنكىگە داجىۋالمىغىن. سەن ئادالەت (ھەققانىيەت) ۋە تەمكىنلىك ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن ئىدىڭ. ئەمدى ياخشىلىق ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن بولساڭ بولاتتى.

سوقرات: شۇنداق قىلالىسامغۇ ئۆزۈممۇ رازى بولاتتىم، دوستلار. لېكىن، ئۇنداق قىلىشقا قابىلىيىتىم يەتمەي قېلىپ، پەقەت قىزغىنلىقىلا تايىنىپ يولۋاس سىزىپ، كۆلكىگە قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن. بۇرادەرلەر، ھازىرچە ياخشىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە جاۋاب بەرمەي تۇرايلى. چۈنكى، ئويلىغانلىرىمنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشىم ناھايىتى تەس بولۇپ، ھەرقانچە تىرىشساممۇ پايدىسى يوق. ئەمما، خالىساڭلار، ياخشىلىققا يېقىنراق تۇرىدىغان بىرەر شەيئىدىن سۆز ئاچايلى، خالىمىساڭلار مەيلى.

گىلاۋكون: قېنى، سۆزلىگىن. بەربىر سەن بىزگە ياخشىلىقنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلىمەي قۇتۇلالمايسەن.

سوقرات: مېنىڭچە بولغاندىمۇ، ياخشىلىققا يېقىن تۇرىدىغان

شەيئى ۋە ياخشىلىقنىڭ ئۆزىنى بىراقلا سۆزلەپ چۈشەندۈرگۈم بار. ئەمما، ھازىرچە، بىز ياخشىلىقنىڭ يېقىن شەيئى ھەققىدە سۆزلەپ تۇرايلى، سەۋەنلىكتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، مەسئۇلىيەت بىلەن ئاڭلىساڭلار.

گىلاۋكون: دىققىتىمىز سەندە، قېنى، باشلىغىن.

سوقرات: ماقۇل، مەن ئاۋۋال مۇھاكىمىمىز جەريانىدا كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان ۋە نۆۋەتتىمۇ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان قاراشلارنى دىققىتىڭلارنى تاشلاپ، بۇ جەھەتتە بىرلىككە كېلىشىلىشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

گىلاۋكون: قانداق قاراش؟

سوقرات: بىز ھەرخىل گۈزەل ھەم ياخشى نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدۇق، ئاندىن ھەربىر تۈردىكى گۈزەل ھەم ياخشى نەرسىنىڭمۇ كۆپ خىل بولىدىغانلىقىنى سۆزلىدۇق. بىز ئۇلارغا ئېنىقلىما بەرگەندە، كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قوللاندۇق.

گىلاۋكون: شۇنداق قىلدۇق.

سوقرات: كۆپ خىل بولۇپ كۆرۈنگەن شەيئىلەر گۈزەللىك ياكى ياخشىلىق بابىدىكى يەككە ئۇقۇمغا مەركەزلىشىدۇ. بۇ يەككە ئۇقۇم بىردەكلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، بىز ئۇنى ھەربىر ئايرىم شەيئىنىڭ ھەقىقىتى دەيمىز، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: بەزى شەيئىلەر كۆرۈنىدۇ، ئەمما، چۈشىنىش ئوبيېكتى بولالمايدۇ. ئۇقۇم چۈشىنىش (ئىدىيە) ئوبيېكتى بولىدۇ، ئەمما، كۆرۈنمەيدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئەمىسە، كۆرۈنگەن شەيئىلەرنى نېمىمىز بىلەن كۆرىمىز؟

گىلاۋكون: كۆرۈش سەزگۈمىز بىلەن كۆرىمىز.

سوقرات: خۇددى شۇنىڭدەك، ئاۋازلارنى ئاڭلاش سەزگۈمىز بىلەن ئاڭلايمىز، ھېس قىلغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى باشقا سەزگۈ ئورگانلىرىمىز بىلەن ھېس قىلىمىز، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق.

سوقرات: سەزگۈلىرىمىزنىڭ ياراتقۇچىسى كۆرۈش ۋە كۆرۈلۈش كۈچىنى يارىتىش جەھەتتە قانچىلىك زېھىن سەرپ قىلغان، سەن بۇنىڭغا دىققەت قىلدىڭمۇ؟

گىلاۋكون: دىققەت قىلماپتىمەن.

سوقرات: ئەمدى بىز مۇنۇ مەسىلىنى ئويلاپ باقايلى: ئاڭلاش تۇيغۇسىنىڭ ئاڭلىشى ۋە ئاۋازنىڭ ئاڭلىنىشى ئۈچۈن ئۈچىنچى بىر شەيئىنىڭ رول ئوينىشى زۆرۈرمۇ؟ ئەگەر ئۈچىنچى بىر ئامىل بولمىسا ئاڭلاش ۋە ئاڭلىنىش ئىشقا ئاشماس، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئۈچىنچىسىنىڭ ھاجىتى يوق.

سوقرات: مېنىڭچە، باشقا نۇرغۇن سەزگۈلەر (بىز بارلىق سەزگۈلەرنى دېمىدۇق) ئۇنداق نەرسىنىڭ بولۇشى ھاجەت ئەمەس. بىراق، سېنىڭچە، ئۈچىنچى بىرىنى كېرەك قىلمىدىغان سەزگۈلەرمۇ بارمۇ؟

گىلاۋكون: يوق.

سوقرات: ئەمما، كۆرۈش سەزگۈسى بىلەن كۆرۈنگۈچى نەرسە ئوتتۇرىسىدا ئۈچىنچى بىر نەرسىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلمىدىڭمۇ؟

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟

سوقرات: بىر ئادەمنىڭ يېتەرلىك كۆرۈش قۇۋۋىتى بار دەيلى ھەم بۇ ئادەمنى بارلىق كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئىشقا سالدى دەيلى، شەيئىلەردە رەڭمۇ مەۋجۇت دەيلى، ئەمما، كۆرۈش مەقسىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۈچىنچى بىر تەبىئىي نەرسە بولمىسا، كۆز كۆرمىدۇ، رەڭلەرمۇ كۆرۈنمىدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇ قانداق نەرسە؟

سوقرات: ئۇ دەل نۇر دەپ ئاتىلغان نەرسە.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: دېمەك، كۆرۈش كۈچى بىلەن كۆرۈش ئىمكانى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ باغلىنىش باشقا تۇيغۇلار بىلەن باشقا شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا نىسبەتەن قىممەتلىك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن قىممەتلىك.

سوقرات: ئويلاپ باققىن، بۇ ھادىسىنىڭ ئىگىسى قايسى ئىلاھ ئىكەن؟ ئۇنىڭ نۇرى كۆزىمىزنى كۆرىدىغان قىلدى، شەيئىلەرنى كۆرۈنىدىغان قىلدى.

گىلاۋكون: كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بۇ سوئالىڭغا قۇياش، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، كۆرۈش كۈچى بىلەن بۇ ئىلاھنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: قانداق؟

سوقرات: مەيلى كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ ئۆزى بولسۇن، مەيلى كۆزنىڭ ئۆزى بولسۇن، بۇلار قۇياشقا تەڭ ئەمەس.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئەمەس.

سوقرات: مەن ئويلايمەنكى، سەزگۈ ئورگانلىرى ئىچىدە كۆز قۇياشقا ئەڭ ئوخشايدىغان نەرسە.

گىلاۋكون: دەرۋەقە، شۇنداق.

سوقرات: كۆزنىڭ كۆرۈش دولقۇنى قۇياشتىن چىققان دولقۇنلاردىن كەلگەن ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: قۇياش بىر جەھەتتىن كۆرۈشنىڭ ئۆزى ئەمەس، يەنە بىر جەھەتتە كۆرۈشنىڭ سەۋەبى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئۆزى كۆزگە كۆرۈنىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، بىز قۇياشنى ياخشىلىقنىڭ كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيادىكى پەرزەنتى دەپ سۈپەتلىمدۇق. قۇياشنىڭ كۆرۈش ۋە كۆرگىلى بولىدىغان شەيئىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چۈشەنچىنىڭ ھەم دۇنيادىكى ياخشىلىق ماھىيىتىنىڭ ئىدراك ۋە ئىدراك قىلغىلى بولىدىغان شەيئىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ.

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ قويغان بولساڭ.

سوقرات: شەيئىلەرنىڭ رەڭگى كۈندۈزدىكى قۇياشنىڭ نۇرىدا ئەمەس، بەلكى، كېچىدىكى سۇس نۇردا كۆزگە تاشلانغاندا، كۆزلىرىڭ خىرەلىشىپ، بىر نەرسىنى ئېنىق كۆرەلمىگەندەك ھېس قىلىسەن.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: شەيئىلەرنى قۇياش نۇر چېچىپ تۇرغان ۋاقىتتا كۆرسەڭ كۆزلىرىڭ روشەنلىشىپ، ھەممىنى ئېنىق كۆرىدىغان بولىسەن.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئىنساننىڭ روھى كۆزگە ئوخشايدۇ، ئۇ ھەقىقەت ۋە بارلىق نۇرى چۈشكەن ئوبيېكت دۇچ كەلگەندە، ئۇنى بىلەلەيدۇ ۋە چۈشىنەلەيدۇ، ئىدراكقا ئىگە بولىدۇ. ئەمما، ئۇ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان، خۇنۇك دۇنياغا باققاندا، كۆرۈشى زەئىپلىشىپ، تۇراقسىز پىكىرگە ئىگە بولىدۇ، گويا ئىدراكلىرى يوقىلىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىلىشنىڭ كېرەككى، سەزگۈلەرگە ھەقىقەتنى يولۇقتۇرغان، بىلگۈچىلەرگە بىلىش ئىقتىدارىنى بەرگەن بىر نەرسە باركى، ئۇ ياخشىلىق ئىدېيالى، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىلىش ۋە بى-

لىشتىكى ھەقىقەتنىڭ سەۋەبىدۇر. ھەقىقەت ۋە بىلىش گۈزەلدۇر، ئەمما، ياخشىلىق ئىدېئال بۇ ئىككىسىدىنمۇ گۈزەل، دەپ قارىساڭ، خاتالاشمايسەن، خۇددى بىز يۇقىرىدا نۇر بىلەن كۆرۈشنى قۇياشنىڭ خۇلقىغا يېقىن، ئەمما، قۇياشنىڭ ئۆزى ئەمەس دەپ سۆپەتلىگەندەك، بۇ يەردە بىز ھەقىقەت بىلەن بىلىشنى ياخشىلىققا ئوخشىتىمىز. ئەمما، ياخشىلىقنىڭ ئۆزى، دەپ قارىمايمىز. ياخشىلىق ئۇلاردىن كۆپ مۇھىم.

گىلاۋكون: ياخشىلىق بىلىش ۋە ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئىكەن ھەم گۈزەللىكتە بۇ ئىككىسىدىن ئۈستۈن بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا، سەن تەسۋىرلىگەن ئۇ نەرسىنىڭ گۈزەللىكىگە گەپ كەتمەيدىكەن! سەن ئۇ نەرسىنى زوق دەپ قارىمايدىغانسەن؟

سوقرات: ئۇنداق ئويۇم يوق، بىز ياخشىلىق ھەققىدە يەنە ئىنچىكىلەپ باقايلى.

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟

سوقرات: قۇياش كۆرۈنگەن شەيئىلەرگە كۆرۈنۈش ئىمكانىيىتىنى بېرىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى، يېتىلىشى ۋە ئوزۇقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئەمما، قۇياشنىڭ ئۆزى تۇغۇلغان ئەمەس.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئوخشاشلا، شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، بىلىش ئوبيېكتى ياخشىلىقتىن بىلىنىشچانلىقنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە بارلىق ئىمكانلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ياخشىلىقنىڭ ئۆزى بارلىق ئەمەس بولسىمۇ، ئەمما، دەرىجە ۋە ئىقتىدار جەھەتتە بارلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

گىلاۋكون (مەسخىرە ئارىلاش): قۇياش ئىلاھى ئاپوللو گۇۋاھ بولسۇنكى، بۇ مىسلىسىز بىر مۇبالىغە بولدى!

سوقرات: ئەيىب ئۆزۈڭدە، مېنى سۆزلەشكە زورلىغان ئۆزۈڭ ئەمەسمىدىڭ؟!

گىلاۋكون: ئۇيلىغانلىرىڭنى سۆزلەۋەرگىن، قۇياش ھەققىدە يەنە نېمىلەرنى دېمەكچى، قالدۇرماي دېگىن.

سوقرات: شۇنداق، يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى دېمەكچى؟

گىلاۋكون: ئەمىسە، ھېچ نەرسىنى قالدۇرماي سۆزلىگىن.

سوقرات: شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمەن. لېكىن، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى قىسقارتماي بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

گىلاۋكون: ھەرگىز قىسقارتمىغىن.

سوقرات: ئۇنداقتا، سەن شۇنداق دەپ پەرەز قىلغىنكى، ئىككى پادىشاھ بار، ئۇنىڭ بىرى، بىلگىلى بولىدىغان دۇنيانى باشقۇرىدۇ، يەنە بىرى، كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيانى باشقۇرىدۇ. گەپ ئۇيىنىتىۋاتىدۇ، دەپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە ئۇ دۇنيانى كۆزدە تۇتماي ۋاتقىنىمنى ئەسكەرتىپ قويۇشۇم كېرەك. سەن كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيا ۋە بىلگىلى بولىدىغان دۇنيا دېگەن بۇ ئىككى نەرسىنى چۈشىنىسەن.

گىلاۋكون: شۇنداق، مەن چۈشىنىمەن.

سوقرات: بىز ئۇلارغا بىر سىزىقنى بەلگە قىلايلى. بۇ سىزىقنى تەڭ بولمىغان ئىككى قىسىمغا بۆلەيلى، ئاندىن ئۇ سىزىقنى ئوخشاش نىسبەتتە ئىككىگە بۆلەيلى. بىرىنچى قېتىمقى ئىككى بۆلەكنىڭ بىرى بىلگىلى بولىدىغان دۇنياغا، يەنە بىرى كۆرگىلى بولىدىغان دۇنياغا ۋەكىللىك قىلسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم بۆلۈنگەن بۆلەكلەرنى سېلىشتۇرايلى. بۇ بۆلەكلەر ئېنىقلىق ۋە ئېنىقسىزلىق دەرىجىسىگە ۋەكىللىك قىلسۇن. سەن شۇنى بايقايسەنكى، كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيا بۆلىكىنىڭ بىرىنچى قىسمى كۆرۈندىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. كۆرۈندىلەر دېگىنىمدە، ئاۋۋال

كۆلەڭگىنى، ئاندىن سۇ ۋە باشقا سىلىق نەرسىلەردە ئەكس ئەتكەن شولا ياكى شۇنىڭدەك نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەكچى بولغانلىرىمنى چۈشەنگەنسەن؟①

گىلاۋكون: چۈشەندىم.

سوقرات: ئەمدى كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيانىڭ ئىككىنچى بۆلىكىگە كېلەيلى. بىرىنچى بۆلەك كۆرۈنىدىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئىككىنچى بۆلەك ئەنە بىرىنچى بۆلەكنىڭ ئەمەلىي نەرسىلىرىدۇر. بۇ دەل ئەتراپىمىزدىكى تەبىئىي، ئىجتىمائىي نەرسىلەردۇر.

گىلاۋكون: خوش، شۇنداق دەپ قارايلى.

سوقرات: ئۇنداقتا، كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيانىڭ ئىككى قىسمىنىڭ نىسبىتى چىنلىق (رېئال) ۋە غەيرىي چىنلىق (رېئال بولمىغان) دەرىجىسىنىڭ نىسبىتىنى بىلدۈرىدۇ دېسەك بولامدۇ؟ كۆرۈندىلەر بىلەن نەق شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتنى پىكرىي دۇنيا بىلەن بىلىش دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتكە تەققاسلىساق بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇندق دېسەك تامامەن بولىدۇ.

سوقرات: ئەمدى بىلگىلى بولىدىغان دۇنياغا ئائىت بۆلەك ھەققىدە توختىلىپ باقايلى.

---

① تۈركچە تەرجىمىسىنىڭ ھۆسەيىن دەمىرخان نۇسخىسىدا مۇنداق جەدۋەل بېرىلگەن.

| بىلگىلى بولىدىغان دۇنيا | | كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيا | | |
|---|---|---|---|---|
| ئالىي ئۇقۇملار (ئىدىياللار) | ئىپتىدائىي ئۇقۇملار (ماتېماتىك ئۇقۇملار) | ھايۋان ئۆسۈملۈك نەرسە | كۆرۈندىلەر | نەرسىلەر |
| ئەقىل | چۈشەنچە | ئىشەنچ | تەرتىپسىز ھادىسىلەر دۇنياسى | روھىي كۈچ |
| بىلىم دۇنياسى | | تەسەۋۋۇر ئالىمى | | |

گىلاۋكون: ئۇ قانداق ئىدى؟

سوقرات: بىلگىلى بولىدىغان دۇنيانىمۇ ئىككىگە ئايرىدۇق. بىرىنچى بۆلەكتە روھ كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيادىكى كۆرۈندىلەر-نى ئۆزىنىڭ شولىسى (ئەكسى) قىلدى. تەتقىقات پەرەزدىن باشلى-نىپ، پىرىنسىپ (نەزەرىيە) يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلمەستىن، خۇلاسە دەرىجىسىگە چۈشتى. ئىككىنچى بۆلەكتە، ئەكسىچە، روھ قىياسىي ھالەتتىن پىرىنسىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدا كۆرۈندى ھادىسىلەرگە تايىنىلماستىن، ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرگە ئاساسەن تەتقىقات يۈرگۈزۈلدى.

گىلاۋكون: دېمەكچى بولغانلىرىڭنى ئاڭقىرالمىدىم.

سوقرات: بىر - ئىككى كەلىمە قىستۇرما بەرسەم، دېمەكچى بولغانلىرىمنى چۈشىنىسەن. بىلىشىڭ كېرەككى، گېئومېتىرىيە، ئارىفمېتىكا دېگەندەك ئىلىملەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئادەملەر ئالدى بىلەن جۈپ سانلار، تاق سانلار، ھەر خىل شەكىللەر، ئۈچ تۈرلۈك بۇلۇڭ ۋە شۇنىڭدەك ئۇقۇملارنى قىياس قىلىشىدۇ. ئۇلار بۇ نەر-سىلەرنى ئالدىن بىلىنگەن مۇتلەق قىياس سۈپىتىدە كۆرىدۇ، ئاندىن بۇنى چۈشەندۈرۈش كەتمەيدىغان ئايدىڭ چۈشەنچىلەر دەپ قارايدۇ. ئاندىن بۇ قىياسلارنى چىقىش قىلىپ، باش - ئاخىرى ئىزچىل بولغان دېدۇكسىيە (ئەقلىي يەكۈن) ئارقىلىق كۆزلىگەن نىشانغا يېتىدۇ.

گىلاۋكون: بۇنى چۈشىنىمەن.

سوقرات: ساڭا مەلۇمكى، تەتقىقاتچىلار كۆرگىلى بولىدىغان ھەرخىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، تەھلىل يۈرگۈزسىمۇ، ئەمەلى-يەتتە، ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنى ئۇ شەكىللەرنىڭ ئۆزى بول-ماستىن، بەلكى، شۇ شەكىللەرگە ئۆرنەك بولغان ئاشۇ نەرسىدۇر. ئۇلارنىڭ تەھلىل قىلىدىغىنى ئۆزلىرى سىزىپ چىققان قانداقتۇ ئالاھىدە كىۋادرات ۋە دىئاگنال سىزىقلار بولماستىن، بەلكى، كىۋادرات ۋە دىئاگنال سىزىقلارغا ئۈلگە بولغان ئەندىزىسىنىڭ ئۇ-

زىدۇر. ئۇلار سىزىپ چىققان شەكىللەر نەق شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدۇر ھەم شەيئىنىڭ سۇدىكى سايىسىدىن ئىبارەت. ئەمما، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى پەقەت كۆرۈندى ھادىسىلەر، دەپ چۈشۈنۈۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئىزدەيدىغىنى ئىدىيە كۆزى بىلەن كۆرۈپ يېتىلگەن زات (سۇبىستانسىيە) تۇر.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: گەرچە بۇ نەرسىلەر بىلگىلى بولىدىغان دۇنياغا كىرىسىمۇ، مۇنداق ئىككى نۇقتىدا ئۆزگىچە، بىرى، ئۇلارنى تەتقىق قىلىشتا قىياس بولۇشى لازىم بولىدۇ. روھ بۇ خىل قىياسلاردىن دەمالى ھالقىپ ئۆتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن پىرىنسىپ (قائىدە) قا قاراپ ىىۋاستە يۈكسىلەلمەيدۇ. يەنە بىرى تەتقىقات جەريانىدا ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرغان نەق شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەكسى (كۆرۈندىسى) قىلىدۇ. (گەرچە بۇ نەق شەيئىلەرنىڭ ئۆز ئەكسى بار بولسىمۇ) ھەمدە بۇ كۆرۈندىلەر روھنىڭ ئۆز ئەكسىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق ۋە مۇھىم بولىدۇ.

گىلاۋكون: سەن گېئومېتىرىيە ۋە ئۇنىڭغا يېقىن پەنلەرنى دەۋاتىسەنغۇ دەيمەن.

سوقرات: ئەمدى بىز بىلگىلى بولىدىغان دۇنيانىڭ يەنە بىر قىسمىغا كېلەيلى. چۈشىنىشىڭ كېرەككى، مەن بۇ يەردە ئەقىل دىيالېكتىكىلىق كۈچ ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىملەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. بۇ يەردە قىياس پىرىنسىپ سۈپىتىدە ئەمەس، پەقەت قىياس سۈپىتىدىلا قوللىنىلغان. قىياس بۇ يەردە مۇئەييەن بىر باسقۇچنىڭ باشلىنىشى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ ۋە بۇ نۇقتىدىن مۇتلەق پىرىنسىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئاندىن بۇ مۇتلەق پىرىنسىپنى ئاساس قىلغان نەرسىلەرنى ئىگىلەپ، يەكۈنگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ جەرياندا ھېسسىي نەرسىلەرگە تايانماي، پەقەت ئۇقۇمغىلا تايىنىدۇ. ئۇقۇمدىن ئۇقۇمغا ئۆتۈپ، ئۇقۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

گىلاۋكون: چۈشەندىم، ئەمما، تولۇق ئەمەس. چۈنكى، سەن تەسۋىرلىگەن بۇ جەريان ھەرگىز ئاددىي ئىش ئەمەس. قانداقلا بولمىسۇن شۇنى چۈشەندىمكى، سېنىڭ مەقسىتىڭ دىيالېكتىكىلىق تەتقىقات ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان سۇبىستانسىيە (زات) بىلەن قىياسلارنى پرىنسىپ قىلىدىغان ئاتالمىش تېخنىكىلارنىڭ ئوبيېكتىنى پەرقلەندۈرۈش ئىكەن. سېنىڭچە، ئاۋۋالقىسى كېيىنكىسىدىنمۇ ماھىيەتلىك ئىكەن. گەرچە تېخنىكا (ھۈنەر)نى تەتقىق قىلىدىغانلار (قىياسقا ئاساسلانغاندىمۇ)، تۇيغۇنى ئەمەس، ئىدراكنى ئىشقا سالسىمۇ، ئەمما، قىياستىن مۇتلەق پرىنسىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەچكە، سەن ئۇنى ھەقىقىي ئەقىل، دەپ قارىمايدىكەنسەن، بۇ ئوبيېكتلار مۇتلەق پرىنسىپ بىلەن باغلاپ چۈشىنىلگەندىمۇ شۇنداق ئىكەن. مېنىڭچە، سەن گېئومېترىيە ۋە شۇنىڭدەك ئىلىملەرنى تەتقىق قىلىدىغانلارنىڭ پسىخىكىلىق ھالىتىنى ئىدراك دەپ ئاتىماي، پاراسەت دەپ ئاتايسەن، سەن پاراسەتنى ئىدراك بىلەن پىكىر ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان نەرسە، دەپ قارايسەن.

سوقرات: ئوبدان چۈشىنىپسەن. بىز بۇ تۆت بۆلەكنى روھنىڭ تۆت خىل ھالىتىگە تەقفاسلايلى. ئىدراك بىلەن چۈشىنىلگەن قىسىمنى بىرىنچى قىسىمغا، چۈشەنچىنى ئىككىنچى قىسىمغا، ئېتىقاد (ئىشەنچ) نى ئۈچىنچى قىسىمغا، تەسەۋۋۇرنى ئاخىرقى قىسىمغا قويايلى. ئۇلارنى نىسبەت بويىچە تەرتىپلەپ، ئۆزىگە لايىق چىنلىقنى ئاتا قىلايلى.

گىلاۋكون: چۈشەندىم ھەم ساڭا ئىشەندىم، دېگىنىڭدەك قىلىمەن.

# يەتتىنچى جىلد

سوقرات: بىز تەربىيە كۆرگەن ئادەم بىلەن تەربىيە كۆرمىگەن ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ باقايلى. بىز غار شەكىللىك بىر يەر ئاستى ئۆيىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرەيلى، ئۇ ئۆزۈن بىر كاردىدور ئارقىلىق سىرتقا تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، كارىدور كەڭلىكىدىكى نۇر چۈشۈپ تۇرىدۇ. بەزىلەر كىچىكىدىن تارتىپ غاردا تۇرۇپ، باش ـ ئايىغى بەند قىلىنغان، ئۇلار ماڭالمايدۇ ياكى باشلىرىنى بۇرىيالمايدۇ، پەقەت غارنىڭ نۇر چۈشمەيدىغان ئاياغ تەرىپىگە يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىكى ئېگىزرەك بىر يەردە بىر نەرسە يېلىنجاپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. نۇر بىلەن بەند قىلىنغان ئادەم ئوتتۇرىسىدا سىرتقا تۇتىشىدىغان بىر يول بار. يولنىڭ بويىدا پاكار تام قوپۇرۇلغان، بۇ تامنىڭ رولى قورچاق ئويۇنىدا ئارتىس بىلەن تاماشىبىن ئوتتۇرىسىدىكى تامنىڭ رولىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار تامنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ تۇرۇپ، قورچاق ئوينىتىدۇ.

گىلاۋكون: كۆز ئالدىمغا كەلدى.

سوقرات: بىز يەنە بەزىلەرنى ھەرخىل سايمانلارنى كۆتۈرۈپ تامنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتتى، دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياغاچ، تاش قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋالغان، بەزىلىرى باشقا ماتېرىياللاردىن ياسالغان ئادەم ۋە ھايۋانلارنى كۆتۈرۈۋالغان. بۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى پاراڭ سالسا، بەزىلىرى جىم تۇراتتى.

گىلاۋكون: سەن غەلىتە مەنزىرىلەر ۋە مەھبۇسلارنى تەسۋىرلەۋاتىسەنغۇ دەيمەن.

سوقرات: ياق، ئۇلار بىزگە ئوخشاشلا ئادەملەر. ئېيتىپ باققىنە، سېنىڭچە، غاردىكى ھېلىقى مەھبۇسلار ئوت شولىسى تۇپەيلى

تامغا چۈشكەن كۆلەڭگىسىدىن باشقا، يەنە نېمىلەرنى كۆرەلەيدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇ بېشىنىمۇ قىمىرلىتالمايۋاتسا، نېمىلەرنى كۆرەلەيتتى؟

سوقرات: ئۇنداقتا، نۇر بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولنىڭ كەينىدە بىرنەرسىلەرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆتسە، مەھبۇسلار ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىسىدىن ئۆزگە تەرەپلىرىنى كۆرەلەمدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، كۆرەلمەيدۇ.

سوقرات: ئەگەر ئۇ مەھبۇسلار ئۆزئارا پاراڭلاشسا، سېنىڭچە، ئۇلار ئۇ كۆلەڭگىلەرنى ئەمەلىي نەرسىلەر دەپ قاراپ تۇرۇپ پاراڭلاشماسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق قىلىدۇ.

سوقرات: ناۋادا يولۇچىلار گەپ قىلىپ، مەھبۇسلار قاراپ تۇرغان تامدىن ئەكس سادا كەلسە، مەھبۇسلار تامدىكى كۆلەڭگىلەر گەپ قىلىۋاتىدۇ دەپ قالماسمۇ؟

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق دەپ قالىدۇ.

سوقرات: دېمەك، ئۇ مەھبۇسلار تامدىكى كۆلەڭگىدىن باشقا بىر رېئال مەۋجۇتلۇقنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدۇ.

گىلاۋكون: بۇنىسى شۈبھىسىز.

سوقرات: يەنە مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى: ئۇلارنى باغلاقتىن بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ خاتا چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولساق، ئەھۋال قانداق بولار؟ بىرەيلەن باغلاقتىن بوشىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، مېڭىپ، كەينىدىكى ئوت يالقۇنىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولسا، سېنىڭچە، ئۇ قانداق قىلار؟ ئۇ بۇ جەرياندا ئازابلىنىدۇ، كۆزلىرى تورلىشىپ، كۆلەڭگىنى پەيدا قىلغان ھەقىقىي نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا سېنىڭ ھازىرغا قەدەر كۆرۈپ كەلگىنىڭ ساختا نەرسىلەر بولۇپ، راست نەرسىلەرنى تېخى ئەمدى كۆرۈۋاتىسەن، رېئال نەرسىلەرگە يېقىنلىشىپ، چىنلىقنى بىلىشكە باشلاۋاتىسەن، دېسە، ئۇ بۇ گەپكە قانداق ئىنكاس قايتۇرار؟ ئە-

گەر يەنە بەزىلەر تامنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەلگەن ئادەملەر كۆتۈرۈۋالغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ، بۇلار نېمىلەر، دەپ سورىسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، بۇرۇن كۆرگەن كۆلەڭگىنى ئاشۇ كۆرۈۋاتقان نەرسىلەردىنمۇ ئەمەلىي نەرسە دەپ ئويلىماسمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنىڭغا كۆلەڭگە ھەقىقىي بىلىنىدۇ.

سوقرات: ئوتنى كۆرسە ئۇنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ، چىدىيالماي كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرۇلۇپ، ئۆزى ئەڭ چىن دەپ قارىغان كۆلەڭگىنىڭ يېنىغا كېتىدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئەگەر بەزىلەر ئۇنى، غاردىن سىرتتىكى بىر دۆڭگە تارتىپ چىقىپ، قۇياشنى كۆرسەتسە ۋە ئۇنى غارغا قايتىپ كەتكىلى قويمىسا، ئۇ ئازاب تۇيەيلى غەزەپلىنىپ كېتىدۇ. كۈچلۈك ئاپتاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ، ھېچقانداق رېئال نەرسىلەرنى كۆرەلمەيدۇ. سېنىڭچە، ئۇنداق بولماسمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇ بىردىنلا ھەممىنى كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ.

سوقرات: ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر مەزگىللىك كۆنۈكۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈش كېرەك. ئۇ كۆلەڭگىلەرنى ئاسانلا كۆرەلەيدۇ، كېيىنچە سۇدىكى شولىلارنى كۆرەلەيدىغان بولىدۇ، ئاندىن، نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كېچىلىرى ئاسماندىكى ئاي - يۇلتۇزلارنى، ھەرخىل ئاسمان ھادىسىلىرىنى، ئاسماننىڭ ئۆزىنى كۆرۈش كۈندۈزدە قۇياش ۋە ئاپتاپنى كۆرۈشتىن ئاسان بولىدىكەن دەپ ئويلايدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: شۇنداق قىلىپ، ئۇ قۇياشنىڭ ئۆزىنى بىۋاسىتە كۆرەلەيدىغان بولىدۇ، ئەمدى سۇدىكى سايىلەر ئارقىلىق ۋە باشقا نەرسىلەرگە چۈشكەن ئوبرازلار ئارقىلىق ئەمەس، كۆرۈشكە تې-

-گىشلىك نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزىنىڭ جايىدىلا ئېنىق كۆرەلەيدىغان بولىدۇ.

گىلاۋكون: دەرۋەقە، شۇنداق.

سوقرات: بەلكىم، ئۇ مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشى مۇمكىن: تۆت پەسىلنىڭ ئالمىشىشىنى ۋە يىللارنىڭ دەۋر قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەرسە ۋە كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ غوجىسى قۇياش ئىكەن، مەن بۇرۇن غاردا ۋاسىتىلىك هالدا كۆر-گەن نەرسىلەرنىڭ سەۋەبىمۇ قۇياش ئىكەن.

گىلاۋكون: تەبىئىي هالدا شۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ.

سوقرات: مۇبادا ئۇ غاردىكى كۈنلىرىنى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەق-لىي سەۋىيەسىنى ۋە مەهكۇملۇقتىكى هەمراهلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، ئۆزىنىڭ هاياتىدىكى ئۆزگىرىشتىن قۇۋۋىنىپ، هەمراھ-لىرىغا ئېچىنماسمۇ؟

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ.

سوقرات: ئەگەر ئۆتكۈردىكى مەهبۇسلار ئارىسىدا سايلام بو-لۇپ، بەزىلەر شان ـ شەرەپكە نائىل بولسا، شۇنىڭدەك ئۆتمۈشتى-كى سايىلەرنى ئېنىق ئېسىدە تۇتۇپ، كەلگۈسىدە قانداق سايىلەر-نىڭ كۆرۈنىدىغانلىقىنى قىياس قىلالايدىغان بىرى مۇكاپاتقا ئې-رىشسە، سىنىڭچە، ئاللىبۇرۇن ئازادلىققا چىققان بىر ئادەم ئاشۇ شەرەپ ۋە مۇكاپاتلارغا هەۋەس قىلارمۇ؟ ئۇ مەهبۇسلارنىڭ هۆرمە-تىگە ئېرىشكەن ئاشۇ ئادەملەر هەسەت قىلىپ، شۇ ئادەم ئېرىشكەن هوقۇق ۋە مەرتىۋىنى تالىشارمۇ؟ ياكى ئۇ هومېر ئېيتقاندەك ئا-دەمزات دۇنياسىدىكى بىر نامرات ئادەمگە قۇل بولۇپ، شۇنىڭ جا-پاسىنى تارتىشقا رازى بولۇپ، مەهبۇسلارغا هەمپىكىر بولۇپ ئۇ-تۇشنى خالىمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: مېنىڭچە، ئۇ مەهكۇملۇقتىن باشقا هەر قانداق جە-بىر ـ جاپانى تارتىشقا رازى بولىدۇ.

سوقرات: ئەگەر ئۇنى غاردىكى ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتۇرساق

ئەھۋال قانداق بولار؟ ئۇ قۇياش نۇرىدىن بىردىنلا ئايرىلىپ غارغا كىرگەندە، كۆزلىرى قاراڭغۇلۇقتا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى خىرە ئىدى، ئەمدى ئۇ كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن خېلى كۆپ ۋاقىتقا موھتاج بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى غارغا بەند قىلىنغان ئادەملەر بىلەن بەسكە سالسا، ئۇ كۈلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. باشقىلىرى ئۇنى يورۇق يەرگە بىر چىقىپلا كۆزىنى بۇزۇۋاپتۇ، يورۇقلۇققا چىقىش ھەقىقەتەن قاملاشمىغان ئىشكەن دېمەسمۇ؟ قولىدىن كەلسە ئۇلار يورۇقلۇقتىن قايتىپ كەلگەن شۇ ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆلتۈرۈۋەتمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇلار شۇنداق قىلىدۇ.

سوقرات: قەدىرلىك گىلاۋكون، ئەمدى يۇقىرىقى تەمسىلنى باشتا تىلغا ئالغان مەسىلىگە تەتبىقلايدىغان ۋاقىت كەلدى. بىز بۇ يەردىكى غارنى كۆرگىلى بولىدىغان دۇنياغا، ئوت شولىسىنى قۇياشقا ئوخشىتايلى. ئۆڭكۈردىن چىقىپ، سىرتتىكى نەرسىلەرنى كۆرۈشنى روھنىڭ بىلگىلى بولىدىغان دۇنياغا بولغان يۈكسىلىشىگە ئوخشاتساق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمنى دەرھال چۈشىنىشىڭ مۇمكىن. بۇنداق چۈشەندۈرۈشۈمنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئىلاھ بىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن بىلگىلى بولىدىغان دۇنيادا نۇرغۇن تىرىشچانلىق ئارقىسىدا كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولىدىغان نەرسە ياخشىلىق ئۇقۇمىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بىز ئۇنى كۆرگەن ئەھۋالدا، مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز: ياخشىلىق ئىدىيىالى بارلىق شەيئىلەرنىڭ توغرا ۋە گۈزەل بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر، كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيادىكى نۇر ۋە نۇرنىڭ مەنبەسى ئۇنىڭدىن كېلىدۇ. چۈشەنگىلى بولىدىغان دۇنيا ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتى، ھەقىقەت ۋە ئىدراكنىڭ مەنبەسى بولىدۇ. كىشىلىك ھايات ۋە ئام-

ـمۇى تۇرمۇشلاردا ئىدراكقا ئۇيغۇن ئىش قىلالىغان ئادەم، مۇقەر ـ
رەر ھالدا ياخشىلىق ئىدىيالىنى كۆرۈپ يېتەلىگەن ئادەمدۇر.

گىلاۋكون: كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە قوشۇلدۇم.

سوقرات: ئەمىسە، مۇنۇ قارىشىمىزغىمۇ قوشۇلغىنىڭكى، تەئەج ـ
جۇپتە بولما: يۈكسەك پەللىگە يەتكەن ئادەم چاكىنا ئىشلارنى قىد ـ
لىپ يۈرۈشنى خالىمايدۇ، ئۇلارنىڭ روھى يۈكسەك چىنلىقتا ئەبە ـ
دىي تۇرۇپ قېلىشنى ئىستەيدۇ. ئەگەر بىز كەلتۈرگەن تەمسىل
مۇناسىپ بولسا، بۇنداق ھالنىڭ غەلىتە بىلىنىشى مۇمكىن
ئەمەس.

گىلاۋكون: غەلىتە بولمايدۇ.

سوقرات: ئەگەر بىر ئادەم بۈيۈك كۆزىتىش نۇقتىسىدىن ئادى ـ
مىي ئىشلارغا قايتىپ چۈشسە قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟ ئۇلار
بىر نەرسىلەرنى ئېنىق قىلالمىغان، كۆزلىرى قاراڭغۇغا ئادەتلەنمى ـ
گەن ۋاقىتتا سوتخانا ياكى قانداقتۇر بىر يەردە باشقىلار بىلەن
ئادالەت (ھەققانىيەت) نىڭ كۆلەڭگىسى ياكى بۇ كۆلەڭگىنى پەيدا
قىلغان مەبۇد ھەققىدە مۇنازىرە قىلسا ھەمدە ھەققانىيەت (ئادا ـ
لەت)نى زىنھار كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىكى ئادالەت
ئىدىيالى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ كۈل ـ
كىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى ھەيران قالارلىق ئىشمۇ؟

گىلاۋكون: ئازراقمۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس.

سوقرات: بۇنى ئازراق كاللىسى بار ئادەمنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.
كۆزدە ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل كۆرەل ـ
مەسلىك بولىدۇ. بۇ ئۆزىگە يارىشا سەۋەبلەرگە ئىگە. بىرى يورۇق ـ
تىن قاراڭغۇغا چىققاندىكى كۆرەلمەسلىك، يەنە بىرى، قاراڭغۇدىن
يورۇققا چىققاندىكى كۆرەلمەسلىك. ئەقلى بار ئادەم بۇخىل ئەھۋال ـ
نىڭ روھتىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ روھنىڭ بىر
نەرسىلەرنى ئېنىق ئىلغا قىلالمىغىنىنى كۆرگەندە، يەڭگىللىك
بىلەن زاڭلىق قىلىپ يۈرمەيدۇ. يورۇقتىن تېخى ئادەتلەنمىگەن

قاراڭغۇلۇققا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن گاڭگىراپ قالدىمۇ ياكى نادانلىق زۇلمىتىدىن يورۇقلۇققا چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن گاڭگىرىدىمۇ، بۇلارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇپ قارار چىقىرىدۇ. ئۇ بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ بىرىنى بەخت دەپ قارايدۇ، يەنە بىرىنى بىچارىلىك دەپ قارايدۇ. ئەگەر مەسخىرە قىلىشقا توغرا كەلسە، يورۇقتىن قاراڭغۇلۇققا كىرىپ قېلىش بەكرەك كۈلكىلىك بولىدۇ.

گىلاۋكون: سۆزلىرىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق.

سوقرات: ئەگەر بۇ توغرا بولغان ئىكەن، خۇلاسە مۇنداق بولۇشى كېرەك: تەربىيە ئىشى ئەمەلىيەتتە بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ساھەسىدە دەۋالغاندەك بولمايدۇ. ئۇلارچە روھ قوبۇل قىلمايدىغان بىلىملەرنى زورلاپ قوبۇل قىلدۇرغىلى بولىدۇ، خۇددى نەرسىلەرنى ئەمالارنىڭ كۆزىگە تىقىپ كۆرسەتكەندەك.

گىلاۋكون: ئۇلار ھەقىقەتەن شۇنداق قارايدۇ.

سوقرات: ئىسپاتلىدۇقكى، بىلىش ھەرقانداق روھ ئىگىسىدە بار بولىدىغان بىرخىل قابىلىيەتتۇركى، ئىنساندا خۇددى كۆزگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرخىل ئۆگىنىش سەزگۈسى بار. پۈتكۈل بەدەن يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە مۇۋەپپەق بولالمىسا، كۆزمۇ قاراڭغۇدىن قۇتۇلۇپ، يورۇققا چىقالمايدۇ. ئوخشاشلا، بىر پۈتۈن روھ ھادىسىلەر دۇنياسىدىن خوشلىشىپ، كۆزىنى بارلىقنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كىرگەندىلا، ئەڭ يورۇق بولمىش ياخشىلىقنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالايدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بەلكىم، روھنى ئاسان ۋە ئۈنۈملۈك بۇرايدىغان ماھارەت بولۇشى مۇمكىن. بۇ ماھارەت قانداقتۇر روھقا كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاتا قىلىش ئەمەس، بەلكى، روھنىڭ ئۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشتۇر. شۇنىڭدەك روھنى توغرا يۆنىلىشتە بولالماي، كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىنى كۆرەلمىدى، دەپ قاراپ تۇرۇپ، توغرا يۆنىلىشكە بۇراشتىن ئىبارەت.

گىلاۋكون: شۇنداق چارە ـ ماھارەت بولۇشى لازىم.

سوقرات: روھنىڭ پەزىلەتلىرىمۇ جىسمانىي ئەۋزەللىكلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ، جىسمانىيەتتىكى ئارتۇقچىلىقلار بەدەندە ئەزەلدىن بار بولماستىن، بەلكى، تەربىيە ۋە پەرۋىش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن بولىدۇ. لېكىن، روھنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى مۇقەددەسلىككە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ھەمىشە ساقلاپ تۇرالايدۇ. ئۇ ئۆزىنى بېغىشلىغان يۆنىلىشكە يارىشا پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئۇنۇمگە ئېرىشىدۇ. ئادەتتە زېرەك ئەسكى ئادەملەرمۇ بار بولۇپ، سەن ئۇنىڭ نەزىرىنىڭ نەقەدەر ئۆتكۈر بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغانمۇ؟ ئۇلارنىڭ روھى چاكىنا ئادەملەرنىڭ روھىدەك تار بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۆزى دىققەت قىلىدىغان ئىشلاردا ئۆتكۈر نەزەرلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىدىكى چاكىنىلىق كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى يامان ئىشلارغا خىزمەت قىلدۇرغانلىقىدىن كەلگەن. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئۆتكۈرلۈك دەرىجىسىگە يارىشا رەزىللىك ئۇنۇمىنى يارىتىدۇ.

گىلاۋكون: راست دەيسەن.

سوقرات: روھتىكى بۇنداق ئىقتىدار ئادەمنىڭ كىچىكىدىلا يېتىلىپ، ئۇ ئادەمنى جىسمانىي لەززەتلەرنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقىت قىلالىسا (جىسمانىي لەززەت روھلارنى ئاچ كۆزلۈك، بەڭباشلىق ۋە تۈرلۈك راھەتپەرەسلىك بىلەن چىرماپ، زۇلمەتتىكى نەرسىلەرنىلا كۆرىدىغان قىلىپ قويىدۇ) ۋە شۇ ئادەم جىسمانىي لەززەت كاشىلىسىدىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي بارلىققا يۈزلەنسە، ھەقىقەتنى كەم ـ كوتىسىز كۆرەلەيدىغان بولىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

سوقرات: دېمەك، تەربىيە قوبۇل قىلمىغان، ھەقىقىي بارلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئوخشاشلا تەربىيەلىنىشكە بىر ئۆمۈر ۋاقىت سەرپ

قىلغان ئادەممۇ دۆلەت باشقۇرالمايدۇ. ئاۋۋالقىلار ئامموۋى ياكى خۇسۇسىي ئىشلاردا باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشماي ماڭىدىغان كىشىلىك ھايات نىشانىنىڭ بولمىغانلىقى تۈپەيلى مەغلۇپ بولىدۇ. كېيىنكىلەر ئۆزلىرىنى بەخت ئارىلىغا يەتتىم، دەپ قاراپ، ھەرىكەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ۋە ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن مەغلۇپ بولىدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ بەرپاچىلىرى ئەڭ ياخشى روھ ئىگىلىرىنى بىز باشتا دېگەن ئالىي بىلىم ۋە ياخشىلىقنى چۈشىنىش يۇكسەكلىكىگە يەتكۈزۈش كېرەك. ئەمما، ئۇلار شۇ پەللىگە يېتىپ، يورۇقلۇق ياكى ياخشىلىقنى يېتەرلىك كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرىغا يول قويساق بولمايدۇ.

گىلاۋكون: قانداق قىلمىش؟

سوقرات: ئۆزى چىققان يۇكسەكلىكتە تۇرۇۋېلىپ، مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىغا قايتماسلىق ۋە ئۇلار بىلەن ئىسسىق ـ سوغۇقنى تەڭ كۆرۈشنى خالىماسلىق.

گىلاۋكون: سېنىڭچە، بىز ئۇلارغا ئۇۋال قىلىپ، ئۇلارنى يۇكسەك تۇرمۇش پەللىسىدىن تۆۋەن تۇرمۇش پەللىسىگە چۈشۈرەمدۇق؟

سوقرات: بۇرادەر، سەن يەنە ئۇنتۇپ قالدىڭ. بىزنىڭ قانۇن تۈزۈشتىكى مەقسىتىمىز، قانداقتۇ ئالاھىدە بىر سىنىپنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، پۈتۈن مەملىكەتنى بىر پۈتۈن ھالدا بەختلىك قىلىش ئۈچۈندۇر. قانۇن قايىل قىلىش ياكى مەجبۇرلاش ئارقىلىق بارلىق پۇقرالارنى ئىناق ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئۇلارنى كوللېكتىپ ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن بەھرىمەن قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ قىلىدىغىنى كىشىلەرنى باشباشتاق، ساياق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇش بولماستىن، بەلكى، ئۇلارنى ئايرىلماس كوللېكتىپ گەۋدىگە ئەكېلىشتۇر.

گىلاۋكون: راستتىنلا ئۇنتۇپ قاپتىمەن، گېپىڭ ناھايىتى توغرا.

سوقرات: كۆرۈپ يېتىشىڭ كېرەككى، گىلاۋكون، بىز ئاردىمىزدىن چىققان پەيلاسوپلارغىمۇ ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلمايمىز. پەيلاسوپلارنى يۇقىرالارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىرىشىمىزمۇ ئادىل ئىش. بىز پەيلاسوپلارغا شۇنداق ئېيتىمىز: «باشقا ئەللەردە يېتىلگەن پەيلاسوپلارنىڭ مۇشەققەتلىك سىياسىي خىزمەتلەرنى رەت قىلىش ھەققى بار، چۈنكى، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەقسەتلىك تەربىيەلەنگەن ئەمەس. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەربىيەلەنمىگەن، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېتىلگەن ھەر قانداق ئىختىساس ئىگىسى باشقىلارنىڭ ئالدىدا قەرزدار ئەمەس، ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ھېسسىياتىدىن خالىي بولۇشقا ھەقلىق. ئەمما، ئۆزىگە ۋە باشقا يۇقىرالارغا يولباشچى بولسۇن دەپ تەربىيەلەنگەن كىشىلەر باشقىلارغا قارىغاندا مۇكەممەل تەربىيەگە نائىل قىلىنغان بولىدۇ، سىياسىي تۇرمۇش ۋە پەلسەپىۋى تۇرمۇشقا قاتناشتۇرۇلغان بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر تۆۋەندىكى ئادەملەر ئارىسىغا چۈكۈپ، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇپ، خىرە سايىلەرنى كۆزىتىشكە ئادەتلەنگەن بولۇشى كېرەك. چىنىققان پەيلاسوپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى سايىلەرنى باشقىلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئېنىق كۆرەلەيدۇ، ھەتتا، سايىنى پەيدا قىلالىغان نەرسىلەرنىمۇ بىلەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ گۈزەللىك، ھەققانىيەت ۋە ياخشىلىقنىڭ چىن رېئاللىقىنى (بارلىقىنى) كۆرگەن. دېمەك، بىزنىڭ دۆلىتىمىز بىز ۋە پەيلاسوپلاردەك سەگەك ئادەملەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ھەرگىزمۇ باشقا دۆلەتلەردەك مۇجمەل ئادەملەرنىڭ باشقۇرۇشىدا يەنى سايىنى دەپ جېدەللىشىدىغان، ھوقۇقنى ئەڭ زور ياخشىلىق دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تالاش ـ تارتىش قىلىدىغانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ھوقۇقنى چوڭ بىلمەيدىغان ئەلدىكى ھۆكۈمدارنىڭ

باشقۇرۇشى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇقىمدۇر، ھوقۇقنى چوڭ بىلمىدىغان ئەلدىكى ھۆكۈمدارنىڭ باشقۇرۇشى ئەڭ رەزىلدۇر.

گىلاۋكون: بۇنىسى مۇقەررەردۇر.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا گېپىمىزگە بويسۇنماي، نۆۋەت ئۆزىگە كەلگەندە، ئەلنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت جاپالىق ئىشنى رەت قىلارمۇ؟ (ئەلۋەتتە، كۆپ چاغلاردا ئۇلارنىڭ يورۇق نۇقتىلاردا تۇرۇشىغا ئىجازەت بېرىمىز)

گىلاۋكون: رەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بىز ئادىل تەلەپلەرنى ئادىل ئادەملەردىن كۈتىمىز. ئۇلار باشقا ئەللەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا، ئومۇمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى دەپ قارايدۇ.

سوقرات: قەدىرلىك دوستۇم، سىلەر كەلگۈسىدىكى ھۆكۈمدارىڭلار ئۈچۈن دۆلەت باشقۇرۇشتىنمۇ ئەۋزەل بولغان تۇرمۇشنى تېپىشقا قادىر بولالىغاندىلا، ئاندىن ياخشى باشقۇرۇلغان دۆلەتكە ئىگە بولالايسىلەر. پەقەت مۇشۇنداق دۆلەتتىلا ھەقىقىي باي ئادەم ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى بايلىق ئالتۇن - كۈمۈش بولماستىن، بەلكى، سائادەتلىك تۇرمۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ياخشىلىق ۋە ئەقىل - پاراسەتتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەگەر كەلگۈسىدىكى ھۆكۈمدارنىڭ كېلىپ چىقىشى نامرات بولسا، ئۇ ئومۇمنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغاندا، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىشتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ. دۆلەت بۇنداق ئادەملەرنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈپ قالسا، ياخشى باشقۇرۇلماي قالىدۇ. چۈنكى، ھوقۇق ئۆزئارا تالىشىش ئوبيېكتىگە ئايلىنىپ قالغاندا، ھۆكۈمدار ۋە دۆلەت تەڭلا خانىۋەيران بولىدۇ.

گىلاۋكون: جايىدا گەپ بولدى.

سوقرات: سەن ئادەملەرگە ھوقۇقنى كۆزگە ئىلماسلىقتا پەلسەپىۋى تۇرمۇشتىن ئۆزگە تۇرمۇش شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرەلەمسەن؟

گىلاۋكون: ئۇنىڭدىن ئۆزگە يولمۇ يوق.

سوقرات: بىز ھوقۇقنى ھوقۇقنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەر-نىڭ قولىغا تاپشۇرۇشىمىز كېرەك. بولمىسا ھوقۇق تالىشىش كۆرۈشى تۇغۇلىدۇ.

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، شەھەر دۆلىتىنى باشقۇرۇشقا دۆلەت باشقۇ-رۇشنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، ياخشى كىرىم مەنبەسى بار، سىيا-سىي تۇرمۇشتىنمۇ يۈكسەك بولغان تۇرمۇش شەكلىنى يارىتالىغان ئاشۇ ئادەمدىن باشقا لاياقەتلىك ئادەم بارمىدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنىڭدىن ئارتۇق لاياقەتلىك ئادەم تېپىلمايدۇ.

سوقرات: ئەمدى بىز بۇنداق ئادەمنى قانداق يېتىشتۈرۈش، خۇددى باشتىكى تەمسىلىمىزدە ئېيتىلغاندەك ئۇلارنى قاراڭغۇ غاردىن يورۇق يۈكسەكلىككە قانداق ئېلىپ چىقىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىرلەشسەك قانداق؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، بولىدۇ.

سوقرات: ۋاھالەنكى بۇ بالىلار ئويۇنىدەك ئاددىي ئىش ئەمەس، بەلكى، ئۇ روھنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇق يۈكسەكلىككە ئېلىپ چىقىش، يەنى بارلىقنىڭ يۈكسەك نۇقتىسىغا چىقىرىش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر پەلسەپىۋى ئىشتۇر.

گىلاۋكون: شۈبھىسىز.

سوقرات: ئەمدى بىز قايسى خىل ئىلىمنىڭ ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىشىمىز كېرەكمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، گىلاۋكون، روھنى ھادىسىلەر دۇنياسىدىن ئېلىپ چىقىپ، بارلىق (مەۋجۇدىيەت) دۇنياسىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئىلىم قايسىدۇر؟ بىز بۇرۇنقى پاراڭلىرىمىزدا، پەيلاسوپ بولىدىغان ئادەملەرنى ياشلىقىدىلا جەڭگە قاتناشتۇرۇش ھەققىدە سۆزلىگەن ئىدۇققۇ دېيمەن؟

گىلاۋكون: شۇنداق، سۆزلىگەن.

سوقرات: شۇڭلاشقا، بىز ئىزدەۋاتقان ئىلىمدە يەنە بىر كۈچ بولۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: قانداق كۈچ، ئۇ؟

سوقرات: بۇ كۈچنىڭ ئۇرۇشقاقلار ئۈچۈن رولى بولماسلىقى شەرت.

گىلاۋكون: مۇمكىنقەدەر شۇنداق بولۇشى كېرەك.

سوقرات: باشتا، بىز ئۇلارنى تەنتەربىيە ۋە مۇزىكا تەربىيەسىگە ئىگە قىلىش لازىم دېگەن ئىدۇق.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: تەنتەربىيە ھايات ـ مامات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ تەننىڭ كۈچىيىشى ياكى زەئىپلىشىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

گىلاۋكون: بۇنىسى چۈشىنىشلىك.

سوقرات: شۇڭا، ئۇ بىز ئىزدەۋاتقان ئىلىمگە كىرمەيدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز ئىزدەۋاتقان ئىلىم مۇزىكا ئىلىمىمۇ؟

گىلاۋكون: ئېسىڭىزدىمىكىن، مۇزىكا تەنتەربىيەنىڭ دەل ئەكسى ئىدى. مۇزىكا بىر خىل ئادەت ئارقىلىق دۆلەت قورغۇچىلىرىنى تەربىيەلەيدۇ. ئاھاڭ روھىي گارمونىيەنى پەيدا قىلىدۇ، رىتىم، ئۆلچەم ۋە ئېسىللىك ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھېكايىلەر تىلغا يېقىن بولغان پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ. ئەمما، بۇ ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسى سەن دېگەن ياخشىلىققا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئەمەس.

سوقرات: خاتىرەڭ ناھايىتى ئۆچۈق ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، مۇزىكىدا ئۇنداق ئېلېمېنت يوق. ئەمىسە، گىلاۋكون، بىز ئىزدەۋاتقان ئىلىم زادى نېمىدۇ؟ ھۈنەر ـ سەنئەتمۇ تەلىپىمىزگە يەتمەيدىغاندەك تۇرىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداقتەك قىلىدۇ. ئەمىسە، مۇزىكا، تەنتەربىيە ۋە

ھۈنەرۋەنلىكتىن ئۆزىگە نېمە ئىلىم باردۇ؟

سوقرات: ئەمىسە بىز ھەممىباب بىر نەرسىنى ئىزدەپ تاپايلى.

گىلاۋكون: ئۇ نېمە؟

سوقرات: ئۇ شۇنداق نەرسىكى، ئۇ تېخنىكا، ئىدىيە ۋە پەننىي بىلىملەر ساھەسىدە ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك. ئۇ كۆپچىلىك ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنىڭ بىرى.

گىلاۋكون: ئۇ نېمە؟

سوقرات: ئۇ بىر ئادەتتىكى نەرسە بولۇپ، «بىر»، «ئىككى»، «ئۈچ» دېگەنلەرنى پەرقلەندۈرۈشتۇر. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇ ساناش ۋە ھېسابلاشتىن ئىبارەت. تېخنىكا ۋە پەن ساھەلىرىدە ئۇلار ئىشلىتىلمەي قالمايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇلار ئۇرۇش تاكتىكىسىدىن لازىمدۇر.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: پالامىدىسنىڭ ھەر قېتىملىق سەھنىگە چىقىشى ئاگامىنوننى كۈلكىلىك بىر گېنېرالغا ئايلاندۇرۇپ قويىتتى، پالامىدىسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ساناقنى ئىجاد قىلغاندىن كېيىن تىرويا قىسىملىرىدىكى ھەرقايسى تارماق ئەترەتلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىققان ھەمدە كېمە ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ چىققان. گويا ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ نەرسىلەرنىڭ سانى ئېلىنىپ باقمىغان ئىدى، ئاگامىنونمۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. سەن بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلغانمۇ؟ ئاشۇنداق ئەھۋالدا، ئاگامىنون قانداق گېنېرال؟

گىلاۋكون: ئۇ گەپلەر راستلا بولسا، ئاگامىنون كۈلكىلىك گېنېرال بولۇپ قالىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز ھېسابلاش ۋە ساناقنى بىر ھەربىي خادىمنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قابىلىيىتى دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ھېسابلاش مەيلى بىر ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىش

ياكى ئادەتتىكى ئادەم بولۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىقتىدار.

سوقرات: سەنمۇ مەن دېگەن ئىلىمنى كۆزدە تۇتتۇڭمۇ؟

گىلاۋكون: قايسى ئىلىمنى دەيسەن؟

سوقرات: ئۇ گويا ئىدىيەگە ماھىيەتتىن يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئىلىملەرنىڭ بىرىدەك قىلىدۇ. گەرچە روھىيەتنى بارلىققا باشلاپ بارالىسىمۇ، توغرا ئىشلەتكەن ئادەم چىقمىغاندەكلا تۇرىدۇ.

گىلاۋكون: نېمە دېمەكچىسەن؟

سوقرات: مەن ساڭا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشاي، تارتىش كۈچى بار شەيئى بىلەن تارتىش كۈچى يوق شەيئىلەرنىڭ پەرقىنى قانداق ئايرىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەي. ئەگەر خالىساڭ، مۇھاكىمىمىزنى داۋاملاشتۇرساق، سەن پوزىتسىيەڭنى بىلدۈرۈپ تۇرغىن.

گىلاۋكون: قېنى، سۆزلەۋەرگىن.

سوقرات: خوپ، سەن تۇيغۇدىكى بەزى نەرسىلەرگە ئەقلىي ھۆكۈمنىڭ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا سەزگۈ ئارقىلىق ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىسەن. لېكىن، تۇيغۇدىكى بەزى نەرسىلەر ئەقلىي ھۆكۈمگە موھتاج بولۇپ، ئۇلارغا سەزگۈ ئارقىلىق ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ.

گىلاۋكون: سەن يىراقتىكى ياكى رەسىمدىكى نەرسىلەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسەنغۇ دەيمەن؟

سوقرات: دېمەكچى بولغانلىرىمنى پەقەت چۈشەنمىدىڭ.

گىلاۋكون: ئەمىسە، دېمەكچى بولغانلىرىڭ نېمە؟

سوقرات: ئەقلىي ئويلىنىش كەتمەيدىغان نەرسە بىرلا ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە زىت تۇيغۇلارنى پەيدا قىلمايدىغان نەرسىدۇر. ئەقلىي ئويلىنىشنى كېرەك قىلىدىغان نەرسە بىرلا ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە زىت تۇيغۇلارنى پەيدا قىلغان نەرسىدۇر. (بۇنداق ئەھۋالدا، سەزگۈگە تايىنىپ توغرا ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ) ئۇنىڭ يىراق ـ يېقىنلىق بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. مىساللار ئارقىلىق سۆزلىسەم تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدۇ. بىز چىمچىلاق، نامسىز بارماق، ئوتـ

تۇرا بارماقلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى.

گىلاۋكون: خوش.

سوقرات: مەن بارماقلارنى يېقىندىكى نەرسىلەر سۈپىتىدە كۆرسىتىۋاتىمەن. لېكىن، بۇ يەردە بىز دىققەت قىلىدىغان بىر نۇقتا بار.

گىلاۋكون: قايسى نۇقتا؟

سوقرات: بارماقلار ئوتتۇرىدا بولسۇن ياكى ئىككى چەتتە بولسۇن، ئاق ياكى قارا بولسۇن، توم ياكى ئىنچىكە بولسۇن، بەرىبىر بارماقتىن ئىبارەت. چۈنكى، بۇ يەردە بارماق توغرىسىدا بىرەر مەسىلە ياكى ئويلىنىش كېلىپ چىقمايدۇ. كۆرۈش سەزگۈمىزمۇ روھىمىزغا بارماق توغرىسىدىكى زىددىيەتلىك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزمەيدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بۇنداق تۇيغۇ، ئەلۋەتتە، ئەقلىي ئويلىنىشلارنى پەيدا قىلمايدۇ ۋە تەلەپ قىلمايدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: لېكىن، بارماقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق ئايرىغىلى بولامدۇ؟ كۆرۈش سەزگۈسى قايسى بارماقنىڭ ئوتتۇرىدا، قايسى بارماقنىڭ چەتتە ئىكەنلىكىنى ئايرىيالامدۇ؟ ئوخشاشلا، تېگىش سېزىمى بارماقنىڭ توم ۋە ئىنچىكىلىكىنى، يۇمشاق ۋە قاتتىقلىقىنى ئايرىيالامدۇ؟ بۇلارنى ئايرىشتا، سەزگۈ ئورگانلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكى بولامدۇ ـ يوق؟ ئۇلارنىڭ رولى مۇنداق بولىدۇ: مەسىلەن، تېگىش سېزىمىنى ئالساق ئۇ قاتتىق دېگەن تۇيغۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئۇ قاتتىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىكەن مۇقەررەر ھالدا يۇمشاق بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ روھقا بېرىدىغان ئۇچۇرى جىسىمنىڭ قاتتىق ھەم يۇمشاقلىقىدىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: تېگىش سېزىمى روھقا بىر جىسىمنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاقلىقىدىن ئۇچۇر بەرگەندە، روھ سېنىڭ قاتتىق دېگىنىڭنىڭ مەنىسى نېمە، دەپ سورايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ياكى مۇناسىۋەتلىك بىر سەزگۇ يەڭگىل نەرسىنى ئېغىر، ئېغىر نەرسىنى يەڭگىل دېسە، ئۇلار نېمە مەنىنى بىلدۇرىدۇ؟

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن، شۇنداق. بۇ ئۇچۇرلاردىن روھ گاڭگىراپ كېتىدۇ ـ دە، تەتقىق قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.

سوقرات: بۇنداق ئەھۋالدا، روھ ئالدى بىلەن ھېسابلاش ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇچۇرنىڭ بىر ياكى ئىككى ئىكەنلىكىنى ئايرىش لازىم.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئەگەر ئۇچۇر ئىككى بولۇپ چىقسا، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىقمۇ، دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئەگەر ئۇلار تامامەن ئىككى خىل ئۇچۇردىن ئىبارەت بولسا، ئەقىل كۆزىدە ئۇلار ئىككىگە ئايرىلغان بولىدۇ. ئۇلار ئىككىگە ئايرىلمىغان ئەھۋالدا، ئەقىل ئۇلارنى بىر نەرسە دەپ قارايدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: بىز كۆرۈش سەزگۇسى چوڭ ـ كىچىكلىكنى پەرقلەندۇرىدۇ، ئەمما، بۇ چوڭ ـ كىچىكلىك بۆلۇنگەن ھالەتتە بولماستىن، بىر يەردە بولىدۇ، دېگەن ئىدۇق. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بۇلارنى ئېنىقلاشتا، ئەقىل «چوڭ» ۋە «كىچىك»نى كۆرگەندە، سەزگۇگە زىت ئۇسۇلدا ئۇلارنى بىرلىكتە ئەمەس، بەلكى، ئايرىپ كۆزىتىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئەمدى بىز چوڭ ۋە كىچىك دېگەن زادى نېمە، دېگەن

مەسىلىگە كەلدۇقمۇ ـ قانداق؟

گىلاۋكون: شۇنداق بولدى.

سوقرات: مانا بۇ بىزنىڭ «بىلگىلى بولىدىغان شەيئىلەر» ۋە «كۆرگىلى بولىدىغان شەيئىلەر» دېگەن ئىككى ئاتالغۇنى ئىشلىتىشىمىزنىڭ سەۋەبى.

گىلاۋكون: ئىنتايىن توغرا.

سوقرات: بىز بايا بەزى نەرسىلەر ئويلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بەزى نەرسىلەر ئويلىنىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، دېگەن ئىدۇق، بىز يەنە سەزگۈگە زىددىيەتلىك تەسىر بېرىدىغان شەيئىلەرنى ئويلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان شەيئىلەر، سەزگۈگە زىددىيەتلىك تەسىر بەرمەيدىغان شەيئىلەرنى ئويلىنىشنى تەلەپ قىلمايدىغان شەيئىلەر، دەپ ئاتىغان ئىدۇق. بۇنىڭدىكى مەقسەت چۈشەندۈرۈش ئىدى.

گىلاۋكون: چۈشەندىم، سەن بىلەن ئوخشاش بىر پىكىردىمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، سان بىلەن «بىر» بۇ ئىككى شەيئىنىڭ قايسىغا تەۋە؟

گىلاۋكون: بىلمىدىم.

سوقرات: ئەمدى سەن بايا دېگىنىمىز بويىچە يەكۈنلەپ باققىن. ئەگەر «بىر»نى كۆرۈش سەزگۈسى تامامەن ئېنىق كۆرەلىسە ياكى باشقا سەزگۈ ئورگانلىرى ئىگىلىيەلىسە، خۇددى بارماق ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىمىزدە ئېيتىلغاندەك، ئۇنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى روھنىڭ ئىگىلىشىگە ھاجەت قالمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا قارشى بىر ئامىل كۆرۈلسە، ئۇ بىرگە قارشى بىرى ئايان بولسا، بۇ نەرسىلەر ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش لازىم بولىدۇ.

بۇ چاغدا دەماللىققا تېڭىرقاپ قالغان روھ ئۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن «بىر» دېگەن زادى نېمىدۇ، دېگەن مەسىلىگە گىرىپتار بولماي قالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، «بىر» ھەققىدىكى تەتقىقات روھنى بارلىققا دىققەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

گىلاۋكون: «بىر» ھەققىدىكى كۆرۈش سەزگۈسى شۇنداق ئالا-

ھېدىلىككە ئىگىكى، بىز بىر شەيئىنىڭ «بىر» ئىكەنلىكىنى كۆ-رۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ چەكسىز كۆپ ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرەلەيمىز.

سوقرات: ئەگەر بۇ پىرىنسىپ «بىر» گە نىسبەتەن توغرا كەل-سە، ئۇ باشقا بارلىق سانلارغىمۇ توغرا كېلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: يەنە سانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھېسابلاش ماھارىتى ۋە ئارىفمېتىكا بار.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: بۇ ئىلىم روھنى ھەقىقەتكە ئاپىرىدىغاندەك قىلىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق، ئۇ ھەر قانداق ئىلىمدىن ئۈستۈن.

سوقرات: بۇ ئىلىم بىز ئىزدەۋاتقان ئىلىملەرنىڭ ئىچىدە بو-لۇشى كېرەك. ھەربىي خادىم ئۆزىنىڭ قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىلىملەرنى ئۆگىنىش كېرەك. پەيلاسوپ ئۆز-گىرىشچان دۇنيادىن چىقىپ، ھەقىقەتنى ئىگىلەش ئۈچۈن بۇ ئى-لىملەرنى ئۆگىنىشى كېرەك. بولمىسا ئۇلار ھەقىقىي ھېساب ئەھ-لى بولالمايدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىزنىڭ دۆلەت ئەركانلىرىمىز ھەربىي خادىم بولۇش بىلەن بىللە پەيلاسوپتۇر.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: شۇڭا، گىلاۋكون، ھېسابلاش ئىلمىنىڭ زۆرۈرىيىتى-نى قانۇن ئارقىلىق بېكىتىش لازىمدەك قىلىدۇ. بىز دۆلىتىمىز-نىڭ مۇھىم ئىشلىرىدا بولىدىغانلاردىن ئارىفمېتىكا ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك. ئۇلار يۈزەكى ئۆگىنىپ قويۇش بىلەن بولدى قىلماي، چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىپ، ساننىڭ ماھىيىتىنى چۈ-شىنىدىغان بولغانغا قەدەر ئىجتىھات قىلىشى لازىم. ئارىفمېتىكا ئۆگىنىش سودا ـ تىجارەت ئۈچۈنلا بولۇپ قالماي، ھەربىي تاكتى-

كىلاردا قوللىنىش ئۈچۈن ۋە روھنى ھادىسىلەر دۇنياسىدىن ھەقىقەت ۋە بارلىق دۇنياسىغا يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: قالتىس بەلەن گەپ بولدى.

سوقرات: ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىفمېتىكا سودا ـ سېتىق ئۈچۈنلا ئۆگىنىلمەي، بىلىم ئۈچۈن ئۆگىنىلسە، بىزنىڭ مەقسىتىمىزگە ئۇيغۇن بولغان، كۆپ مەنپەئەتلىك، ئېسىل قورال بولىدۇ.

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟

سوقرات: خۇددى باشتا دېگىنىمىزدەك ئارىفمېتىكا روھنى يۈكسەلدۈرۈپ، ساپ ساننىڭ ئۆزىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر ئادەملەر روھنى كۆرگىلى بولىدىغان ياكى سەزگىلى بولىدىغان نەرسىلەر ھەققىدىكى ساننى مۇھاكىمە قىلىشقا قىستىسا، روھ بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. سەنمۇ بىلىسەنكى، ھېسابقا ئۇستا ئادەم «بىر»نىڭ ئۆزىنى نەزەرىيە جەھەتتىن پارچىلىماقچى بولغان ئادەملەرنى كۆرسە، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۈلىدۇ ھەم ئۇلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەمما، «بىر»نى بۆلۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق پارچىلىماقچى بولساڭ، ئۇلار ساڭا كۆپەيتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇپ «بىر»نى بىر سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇكى، ھەرگىزمۇ نۇرغۇن نەرسىلەردىن تەركىب تاپقان نەرسە سۈپىتىدە كۆرسەتمەيدۇ.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: گىلاۋكون سەن ئۇلاردىن: «دوستلار، مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقىنىڭلار قانداق سان؟ — ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ‹بىر› خۇددى سىلەر تەشەببۇس قىلىۋاتقاندەك باشقا ‹بىر›گە تامامەن ئوخشاش ئىكەن، ئوخشىمايدىغان تەرىپى يوق ئىكەن، ‹بىر›نىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشىدىمۇ نۇرغۇن قىسىملار بار ئىكەن» دەپ سورىساڭ، ئۇلار قانداق جاۋاب بېرەر؟

گىلاۋكون: مېنىڭچە، ئۇلار بىز دەۋاتقان ساننى پەقەت ئەقىل ئارقىلىقلا ئىگىلىگىلى بولىدۇ، باشقا ھەر قانداق ئۇسۇل ئاقمايدۇ،

دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

سوقرات: ئۇ ئىلىم روھنى ساپ ئەقىل ۋە ھەقىقەتنىڭ ماھىيىتىگە باشلىغان ئىكەن، ئۇنى ئۆگىنىشىمىز زادى بولمايدۇ.

گىلاۋكون: ئۇ ئىلىم ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەن دىققەت قىلدىڭمىكىن، ئارىفمېتىكىدا تالانتلىق ئادەم باشقا ئىلىملەرنىمۇ تېز ئۆگىنىدۇ. ئىنكاسى ئاستا ئادەملەرمۇ ھېسابلاش ئىلمىدە تەربىيە كۆرسە ئىنكاسى تېزلىشىدۇ. ئارىفمېتىكىنىڭ باشقا تەرەپلەردىكى پايدىسىنى دېمەيلا قويايلى.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: يەنە كېلىپ، ئۆگىنىشكە ئارىفمېتىكىدىنمۇ قىيىن نەرسە يوق.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: دېمەك، بىز بۇ ئىلىمگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك، بىز ئۇ ئارقىلىق تالانتلىق كىشىلەرنى تەربىيەلىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: قوشۇلىمەن.

سوقرات: دېمەك، ئارىفمېتىكىنى مۇھىم بىر دەرس سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۇردۇق. نۆۋەتتە، بىز ئۇنىڭ كەينىدە تۇرىدىغان دەرس ۋە ئۇنىڭ پايدا ـ زىيىنى توغرىسىدا ئويلىشايلى.

گىلاۋكون: قايسى دەرس؟ گېئومېترىيەمۇ؟

سوقرات: دەل شۇ.

گىلاۋكون: ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى پايدىلىق رولى ھەممىگە ئايان. چۈنكى، بارگاھ تىكىش، يەر ئۆلچەش، سەپ تۈزۈش قاتارلىق ئىشلاردا قوماندانىنىڭ گېئومېترىيە ئۆگەنگەن ياكى ئۆگەنمىگەنلىكىنىڭ پەرقى زور بولىدۇ.

سوقرات: ھەربىي ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن بىر قىسىم گېئومېرىيەلىك بىلىملەر ۋە ئارىفمېتىكىلىق بىلىملەر

يېتىدۇ. بۇ يەردە بىز مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلە، گېئومېتىرد-يەدىكى بىر قەدەر چوڭقۇر بولغان بىلىملەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ياخ-شىلىق ئۇقۇمىنى ئىگىلىشىدە رولى قانچىلىك دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، روھنى ھەقىقەتكە يۈزلەندۈرىدىغان ھەرقانداق ئىلىم ئەھمىيەتلىكتۇر.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: روھنى بارلىق (مەۋجۇدىيەت) قا يېقىنلاشتۇرغان ئى-لىم پايدىلىقتۇر. روھنى پانىي دۇنيا (ھادىسىلەر دۇنياسى) غا يې-تەكلەيدىغان ئىلىم پايدىسىزدۇر.

گىلاۋكون: بىزمۇ شۇنداق قارايمىز.

سوقرات: دېمەك، گېئومېتىرىيە ئىلمىنىڭ رولى گېئومېتىرد-يەنى كەسىپ سۈپىتىدە تۇتقانلارنىڭ قارىشىغا زىت بولۇپ چىقتى. بۇ نۇقتىغا گېئومېتىرىيەدىن ئازراق خەۋىرى بارلارمۇ باشقىچە پى-كىردە بولمايدۇ.

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟

سوقرات: ئۇلارنىڭ تەكىتلەشلىرى ناھايىتى كۈلكىلىك. ئۇلار شەكىل، چېرتيوژ ۋە سىزىقلار ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، خۇددى شۇ ئىشلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى قىلىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ خۇلاسە جەريانلىرىنىڭ ھەممىسى قوللىنىش ئۈچۈن بولىدۇ. ئەمە-لىيەتتە، بۇ ئىلىمنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ساپ بىلىمدۇر.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا بولدى.

سوقرات: تۆۋەندىكى نۇقتىدىمۇ بىرلىككە كېلەلەرمىزمۇ؟

گىلاۋكون: قايسى نۇقتىدا؟

سوقرات: گېئومېتىرىيەنىڭ ئوبيېكتى مەڭگۈلۈك شەيئىدۇر-كى، ھەرگىزمۇ بارلىققا كېلىپ، ئاخىرى يوقىلىدىغان ئۆتكۈنچى شەيئى ئەمەس.

گىلاۋكون: شۈبھىسىزكى، گېئومېتىرىيە ئەبەدىي نەرسىلەرنى تونۇتىدۇ.

سوقرات: روشەنكى، قەدىردان دوستۇم، گېئومېترىيە روھنى ھەقىقەتكە يۈزلەندۈرىدۇ، ئۇ يەنە پەيلاسوپلارنىڭ روھىنى قاراڭغۇ-لۇققا ئەمەس، پارلاقلىققا يۈزلەندۈرىدۇ، ھەرگىزمۇ ھازىرقى جاھا-لەتتىمىزگە ئەمەس.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، سەن دۆلەت پۇقرالىرىدىن گېئومېترىيە ئۆ-گىنىشنى تەلەپ قىلىشىڭ كېرەك. ئەلۋەتتە، ئۇ ئىلىمنىڭ باشقا نۇرغۇن پايدىلىرىمۇ بار.

گىلاۋكون: قانداق قوشۇمچە پايدىلىرى بار؟

سوقرات: ئۇنىڭ ئۇرۇشتىكى ئەھمىيىتىنى سەن دەپ ئۆتتۇڭ. گېئومېترىيەنىڭ باشقا ئىلىملەرنى ئۆگىنىشتىمۇ پايدىسى بار، باشقا ئىلىملەرنى ئۆگىنىشتە گېئومېترىيەنى ئۆگەنگەن ئادەم بىد-لەن ئۆگەنمىگەن ئادەمنىڭ پەرقى چوڭ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن پەرقى چوڭ.

سوقرات: ئەمىسە بىز گېئومېترىيەنى ياشلار ئۆگىنىدىغان ئىككىنچى دەرس قىلىپ بېكىتسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بولىدۇ.

سوقرات: ئەمدى ئاسترونومىيە (ئىلمى نۇجۇم)نى ئۈچىنچى دەرس قىلىپ بېكىتسەك پىكرىڭ بارمۇ؟

گىلاۋكون: قوشۇلىمەن. يىل، ئاي، پەسىللەرنى چۈشىنىش دېھقانچىلىق، دېڭىزچىلىق ئىشلىرىدا ئەھمىيەتلىك بولۇپلا قال-ماي، يەنە ھەربىي ئىشلاردىمۇ پايدىلىق.

سوقرات: شۇنىسى قىزىقكى، سەن باشقىلارنىڭ پايدىسىز ئى-لىملەرنى تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىسەن. ئىشەندۈرۈش ئاسان ئەمەسكى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ روھىدا بىر بىلىم ئورگىنى بولىدۇ، بۇ ئورگانلار ئادەتلەر تۈپەيلى بەربات بو-لۇپ، تېڭىرقايدۇ، مەزكۇر ئورگان يۇقىرىقى ئىلىملەر ئارقىلىق دۈرۈسلانغاندىلا يارقىنلىشىدۇ (بۇ ئورگاننى ئاسراش ئونمىڭلىغان

كۆزنى ئاسراپ قىلىشتىنمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتنى كۆرىدىغان بىردىنبىر ئورگان). بۇنىڭغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر سىنىڭ گېپىڭنى توغرا، دەپ قارايدۇ، بىر نەرسە بىلمەيدىغان كىشىلەر سىنىڭ گېپىڭنى قۇرۇق گەپ دەپ قارايدۇ، چۈنكى، ئۇلار يۇقىرىقى ئىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن كېلىدىغان مەنپەئەتنى كۆرۈپ يېتەلمىگەن. ئەمدى نېمە ھەققىدە توختىلىشنى سەن دېگىن. بىر بولسا باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرمىساڭمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بۇ مۇنازىرە ئۆزۈڭ ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىلارمۇ مەنپەئەتلەنسە مەيلى بولىدۇ.

گىلاۋكون: خالايمەنكى، ئۆزۈم بايان قىلىمەن، ئۆزۈم سوئال سورايمەن، ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈم ئۈچۈن.

سوقرات: بىز كەينىمىزگە بىر قەدەم چېكىنەيلى. چۈنكى، بىزنىڭ گېئومېترىيە مۇزاكىرىسىدىن كېيىن تاللىغان پېنىمىز مۇۋاپىق بولمىغان.

گىلاۋكون: نېمىشقا مۇۋاپىق ئەمەس.

سوقرات: بىز تەكشىلىك ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن، ئىستېرېئو جىسىمنىڭ ئۆزى ھەققىدە گەپ ئاچمايلا، ھەرىكەتچان ئىستېرېئو جىسىملارغا ئۆتۈپ كەتتۇق. ئىككى ئۆلچەملىك جىسىمدىن ئۈچ ئۆلچەملىك جىسىمغا ئۆتۈش توغرا ئۇسۇل. ئۈچ ئۆلچەم ئىستېرېئو جىسىم ۋە باشقا قىلىن جىسىملارنىڭ ھەممىسىدە بار بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئۇغۇ شۇنداق، بىراق، بۇنىڭغا ئائىت بىلىم ئۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلمىدىغۇ دەيمەن.

سوقرات: بۇ ئىلىمنىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار. بىرى، دۆلەت بۇ ئىلىمگە ئېتىبار بەرمىگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قىيىن پەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى تەتقىق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتقان. يەنە بىرى، ئۆگەنگۈچىلەرگە يېتەكلەش بولمىسا،

نەتىجە بولمايدۇ. ئۇستاز تېپىش تەس، تېپىلغاندىمۇ ھازىرقى زاماننىڭ ئادەملىرى ئۇستازنىڭ يېتەكلىشىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلمايدۇ. دۆلەت بۇ ئىشنى چىڭ تۇتسا، ئۆگەنگۈچىلەرمۇ پەيداكار بولاتتى. ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇشكۇل تەتقىقات خىزمىتى ئىستېرېئومېترىيەدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان بولاتتى. گەرچە كىشىلەر بۇ ئىلىمگە سەل قارىسىمۇ، تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ ھەقىقىي رولىنى چۈشەنمەي، توغرا قاراشتا بولمىسىمۇ ھەمدە بۇ سەۋەبلەر مەزكۇر ئىلىمگە مەنپىي تەسىر ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئىلىم ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن تۇرلۇك توسالغۇلارنى يېڭىپ، خېلى ئىلگىرىلىدى، بۇ باشقىلارغا ۋە بىزگە ئايان.

گىلاۋكون: ئۇ ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ۋە جەلپكار، سەن بايا گېئومېترىيە تەكشىلىكنى تەتقىق قىلىدۇ، دېگەن ئىدىڭ، كېيىنكىنى تېخىمۇ ئېنىق دېگەن بولساڭ.

سوقرات: بولىدۇ.

گىلاۋكون: سەن ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)نىڭ كېيىنى چىقىرىپ بولۇپ، يەنە يېنىۋالدىڭ.

سوقرات: ئالدىرىغان يولدا قالار دېگەن شۇ. ئەسلىدە تەكشىلىك گېئومېترىيەسىدىن كېيىن، ئىستېرېئوگېئومېتىرىيە ھەققىدە توختالساق بولاتتى. ئەمما، بۇ ئىلىمنىڭ تەرەققىياتى دېگەندەك بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا سەل قاراپ، ئاسترونومىيەگە ئۆتۈپ كېتىپتىمەن. ئاسترونومىيە ھەرىكەتتىكى ئىستېرېئو جىسىملارنى تەتقىق قىلىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق بولدى.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز مۇزاكىرىسىز ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئاشۇ ئىلىمنى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇلۇشىدا ناھايىتى پايدىلىق دەپ نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئاسترونومىيەنى تۆتىنچى ئىلىم سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرەيلى.

گىلاۋكون: ناھايىتى ياخشى، سوقرات، بايا سەن ماڭا رەددىيە قايتۇرۇپ، مېنىڭ ئاسترونومىيە ھەققىدىكى قارىشىمنى مەنپەئەتپەرەسلىك باغلانغان دېدىڭ. مەن سېنىڭ قارىشىڭنى قوبۇل قىلدىم. كۆپچىلىككە ئايانكى، ئاسترونومىيە روھنى يۇكسەلدۈرىدۇ، يەردىن ئاسمانغا قاراشقا ئۈندەيدۇ.

سوقرات: بەلكىم، كۆپچىلىك شۇنداق قارايدىغاندۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭدىن مۇستەسنا.

گىلاۋكون: ئەمىسە، سېنىڭ قارىشىڭ قانداق؟

سوقرات: ھازىر پەلسەپە مۇئەللىملىرى ئاسترونومىيە تەتقىق قىلىۋاتىدۇ، ئاسترونومىيە روھنى يۇكسەكلىكتىن تۆۋەنگە ئېلىپ چۈشىدۇ.

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟

سوقرات: سېنىڭ يۇكسەك نەرسىلەرنى تەھسىل قىلىش ھەققىدىكى چۈشەنچەڭ تۆۋەن ئەمەس. بەلكىم، تورۇسقا قارىغانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆز بىلەن ئەمەس، روھ بىلەن كۆزىتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشىڭ مۇمكىن، بەلكىم. سېنىڭ توغرا بولۇپ، مەن نادان بولۇپ چىقىشىم مۇمكىن. مەن بارلىق ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىشتىن ئۆزگە روھنى يۇكسەلدۈرىدىغان تەتقىقاتنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغانلار كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئاسمانغا قارىسۇن ياكى پەسكە قارىسۇن، مەن ئۇلارنى ھەقىقىي تەتقىقات ئېلىپ باردى، دەپ قارىمايمەن (چۈنكى، ئۇنداق ئىشلاردا ھەقىقىي بىلىم بولمايدۇ) ھەم ئۇلارنىڭ روھىنى يۇكسەلگەن دەپمۇ قارىمايمەن. ئۇلار ئوڭدىسىغا يېتىپ (زېمىن ۋە دېڭىزلاردا) تەھسىل قىلىشسىمۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىنى تۆۋەندە، دەپ قارايمەن.

گىلاۋكون: مەن خاتالىشىپتىمەن، سېنىڭ تەنقىدىڭ ھەقلىق بولدى. سەن ئاسترومىيەنى ھازىرقىدەك ئۆگەنسە بولمايدۇ، دەپ قارايدىكەنسەن. ئەگەر ئۇنى ھەقىقىي ئۆگىنىشكە توغرا كەلسە

قانداق قىلىش كېرەك؟

سوقرات: ئاسمان جىسىملىرى ئاسماننى زىننەتلەپ تۇرىدۇ، گەرچە بىز ئۇلارنى كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، ئېنىق نەرسىلەر دەپ قارىساقمۇ، ئۇلار كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەر سەۋەبلىك ھەقىقىي بارلىقتىن يەنى زاتەن سان ۋە زاتەن شەكىل، زاتەن ئاستىلىق ۋە زاتەن تېزلىككە ئىگە ھەرىكەتنىڭ ئۆزىدىن كۆپ يىراق تۇرىدۇ. ھەقىقىي چىنلىقنى كۆز بىلەن ئەمەس، ئەقىل ۋە پىكىر بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ. سەن بۇ پىكىرگە قوشۇلامسەن؟

گىلاۋكون: قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئاسماندىكى جىسىملارنى ئۇنىڭدىكى بارلىقنى تەتقىق قىلىشتىكى ياردەمچى نەرسىلەر دەپ بىلىشىمىز كېرەك. ئاسماندىكى جىسىملار بەئەينى دىدالۇس[1] ياكى باشقا ئۇستىلارنىڭ قولىدىن چىققان چېرتيوژلارغا ئوخشايدۇ. گېئومېتىرىيەلىك چۈشەنچىلەرگە ئىگە ھەر قانداق بىر ئادەم چېرتيوژلارنى كۆرگەندە سىزغان ئادەمنىڭ چېۋەرلىكىنى كۆرۈپ يېتىدۇ، لېكىن، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۇنى شەيئىنىڭ ئۆزى دەپ چۈشىنىپ، چېرتيوژدىن تەڭلىك، ھەسسىلىك ۋە باشقا نىسبەتلەرگە ئائىت مۇتلەق ھەقىقەتنى تاپماقچى بولغانلىقىنى كۆرگەندە بىمەنىلىك ھېس قىلىدۇ.

گىلاۋكون: نېمىشقىمۇ بىمەنىلىك ھېس قىلمىسۇن.

سوقرات: ھەقىقىي بىر ئاسترونوم ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتكەندە ، ئۇلارمۇ يۇقىرىقىدەك تۇيغۇدا بولارمۇ؟ ئاسترونوم ئاسماننىڭ ياراتقۇچىسىنى ئاسمان ۋە ئۇنىڭدىكى سەييارىلەرنى كەم ـ كوتىسىز ياراتقان ئىكەن، دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، ئۇ بەزىلەرنىڭ كېچە بىلەن كۈندۈز ئارىسىدا، كېچە ـ كۈندۈز بىلەن ئاي ـ يىللار ئوتتۇرىسىدا، سەييارىلەرنىڭ دەۋرىيلىكى بىلەن

① دىدالۇس (Daedalus) ئافىنادا تۇغۇلغان بىناكار بولۇپ، رەندە، پالتا... قاتارلىق قوراللارنى كەشىپ قىلغان.

كۈن، ئاي، يىل ئوتتۇرىسىدا ۋە ھەرقايسى سەييارىلەرنىڭ دەۋرىيـ ـلىكى ئوتتۇرىسىدا مۇقىم، ئۆزگەرمەس بىر نىسبەت بار دېگىنىنى ئاڭلىغاندا بىمەنىلىك ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرگىلى بولىدىغان ماددىي دۇنيا بولۇپ، ئۇلاردىن ھەقىقىي چىـ ـلىقنى ئىزدەش بىمەنىلىك.

گىلاۋكون: گېپىڭنى ئاڭلاپ، قايىل بولماي تۇرالمىدىم.

سوقرات: بىز ئاسترونومىيەنى ھەقىقىي تەتقىق قىلماقچى بول ـ ساق ۋە ۋۇجۇدىمىزدىكى تۇغما ئەقىل ـ پاراسەتنى توغرا ئىشقا سالماقچى بولساق، ئاسترومىيەنى خۇددى گېئومېتىرىيەنى تەتقىق قىلغاندەك ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشـ ـىمىز لازىم. ئاسماندىكى جىسىملارغىلا باغلىنىپ قالماسلىق كېرەك.

گىلاۋكون: سەن ئەمدى ئاسترونومىيە تەتقىقاتىنى بەكلا قىـ ـيىنلاشتۇرۇۋېتىدىغان بولدۇڭمۇ، نېمە؟

سوقرات: ئەگەر بىز قانۇن تۈزگۈچىلىك رولىنى ئوينىماقچى بولىدىكەنمىز يەنە بەزى پەنلەر ھەققىدىكى تەلەپلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك. تەۋسىيە قىلىدىغان باشقا ئىلىملەرمۇ بارمۇ؟

گىلاۋكون: ھېچ ئېسىمگە ئالالمىدىم.

سوقرات: مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ھەرىكەت بىر خىللا بولمايدۇ، بەلكى، كۆپ خىل بولىدۇ. ھەممە ھەرىكەت تۈرلىرىنى كۆرسىتىش پەيلاسوپلارنىڭ ئىشى بولۇپ، بىز بۇ يەردە ھەرىكەتنىڭ ئىككى تۈ ـ رىنىلا قەيت قىلىمىز.

گىلاۋكون: ئۇلار قايسى؟

سوقرات: بىرى، بىز بايا ئېيتقان ئاسترونومىيە، يەنە بىرى، ئۇنىڭغا پەر كېلىدىغان يەنە بىر ھەرىكەت.

گىلاۋكون: ئۇ قانداق ھەرىكەت؟

سوقرات: شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كۆزىمىز پەلەكتىكى نەرسىلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن يارالغاندەك، قۇلىقىمىز گارمونىك

ئاۋازلارنى ئاڭلاش ئۈچۈن يارالغان. بۇ ئىككى ئىلىم فوندى پىتاگوراسچىلار (Pythagoras) تەشەببۇس قىلغاندەك قېرىنداش ئىلىملەردۇر. بىزمۇ ئۇ تەشەببۇسقا قوشۇلساق بولامدۇ، گىلاۋكون؟

گىلاۋكون: بولىدۇ.

سوقرات: بۇ شۇ قەدەر مۇھىم بولغان ئىكەن، بىز پىتاگوراس مەزھىپىدىكىلەردىن يەنە قانداق يۈكسەك پىكىرلەرنىڭ ۋە ئۆزگىچە تەشەببۇسلارنىڭ بارلىقىنى سوراپ باقساق بولامدۇ؟ بىراق، بىز يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ئىشىدىن ئېغىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: قايسى ئىشتىن؟

سوقرات: ئوقۇغۇچىلىرىمىز مەقسىتىمىزدىن يات نەرسىلەرنى، ھەمدە ئورتاق مەقسەتتىن چەتنىگەن نەرسىلەرنى ئۆگىنىش غەردىزىدە بولماسلىقى لازىم. بۇ ھەقتە ئاسترونومىيە خۇسۇسىدا گەپ بولۇنغاندا سۆزلىگەن ئىدۇق. بەلكىم، ئۇلار گارمونىيە مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئاسترونومىيەنى تەتقىق قىلغاندىكى سەۋەنلىكنى تەكرارلىشى مۇمكىن. ئۇلار بىر مۇنچە ۋاقىتلىرىنى بىكارغا سەرپ قىلىشىپ، ئاڭلىغىلى بولىدىغان ئاۋازلارنى ئۆلچەمگە سالماقچى بولۇشىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق. ئۇلار راستىنلا ھاماقەت. ئۇلار ئاۋاز مۇساپىسى (ئىنتىرۋال) ھەققىدە سۆزلىشىدۇ، ئاۋازلارغا خۇددى قوشنىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغاندەك قۇلاق سېلىشىدۇ. بەزىلىرى ئىككى تاۋۇش ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر تاۋۇشنى پەرقلەندۈرەلەيمەن، ئۇ دەل ئەڭ كىچىك ئاۋاز ئارىلىقى بولۇپ، بىر تۈرلۈك ئۆلچەم بىرلىكىدۇر، دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر بۇ ئاۋازلارنىڭ پەرقى يوقتۇ دېيىشىدۇ. ئۇلار قەلب بىلەن ئەمەس، قۇلاق بىلەن ئاڭلايدۇ.

سوقرات: سەن ئاشۇ نامدار كىشىلەرنى دەۋاتىسەنغۇ، دەيمەن. ئۇلار تارلارنى چالغۇلارنىڭ دەستىلىرىگە باغلاپ، تارلارنى چىرتكەن ھالدا ھەقىقەتنىڭ ئاۋازىغا ئېرىشمەكچى بولۇشىدۇ. مەن بۇ مۇزىد-

كانتلارنىڭ زەخمەك ئۇرۇشلىرى ۋە تارلاردىن قوشۇق چىقىرىشلىرى ئۈستىدە بەدىھە قىلىپ ئولتۇرماي، مېنىڭ بۇ ئادەملەرگە ـــ پىتاگوراسچىلارغا بولغان زوقۇم يوق. ئاسترونوملارنىڭ ئىللىتى ئۇلاردىمۇ بار: ئۇلار مەسىلىلەرنى ئىچكىرىلەپ چۈشەندۈرمەيدۇ، قايسى خىل مىقدارىي مۇناسىۋەتنىڭ گارمونىيە بولىدىغانلىقىنى، قايسى خىل مىقدارىي مۇناسىۋەتنىڭ گارمونىيە بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنى تەكشۈرمەيدۇ.

گىلاۋكون: بۇ ھەرگىز ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس.

سوقرات: ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى مەقسەت قىلغان ئىلىملەر پايدىلىقتۇر، ئۇلاردىن ئۆزگىنى مەقسەت قىلغان ئىلىملەر پايدىسىزدۇر.

گىلاۋكون: مەنمۇ شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: مېنىڭ قارىشىمچە، ئىلىم ئەھلىلىرى ھەر قايسى ئىلىملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە تۇغقانچىلىقنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشقا كەلسەك، ئاندىن ئەجىرگە لايىق نەتىجىگە ئىگە بولالايمىز، شۇندىلا مەقسەتكە يېتىمىز. بولمىسا ئەمگىكىمىز زايا بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئوغۇ شۇنداق، سوقرات، ئەمما، ئۇ ئېغىر مېھنەت تەلەپ قىلىدۇ.

سوقرات: سەن باشلانغۇچ ساۋاتلارنى[1] دەۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ بۇ ئۆگىنىشلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت قانۇننىڭ ئۆزىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ئىشىنىمەنكى، بۇ ئىلىملەرنى بىلگەنلەرنى سەنمۇ دىيالېكتىكنى بىلىدى دەپ قارىمايسەن.

گىلاۋكون: ئاز ساندىكىلىرىدىن باشقىنى ئۇ قاتارغا ئالمايمەن.

سوقرات: ئەگەر بىز ئادەم ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى لوگىكا

---

① دىيالېكتىكا (ئىلمىي مۇنازىرە) نى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىنىش لازىم.

جەھەتتىن ئىسپاتلىيالمىسا، ئۇ بىز تەشەببۇس قىلغان ئىلىملەر-گە ئىگە بولالامدۇ؟

گىلاۋكون: ئىگە بولالمايدۇ.

سوقرات: مانا بۇ دەل دىيالېكتىكىنىڭ تېمىسى ئەمەسمۇ؟ گەر-چە ئۇ بىلگىلى بولىدىغان دۇنياغا مەنسۇپ بولسىمۇ، بىز ئىلگىرى قەيت قىلىپ ئۆتكەن كۆرۈش ئىقتىدارى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىنى كۆرىدۇ: باشتا كۆلەڭگىنى، ئاندىن كۆلەڭگىنى چۈشۈرگەن شەيئى-نى، ئاندىن يۇلتۇزلارنى، قۇياشنىڭ ئۆزىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بىر ئادەم سەزگۈسىگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى، دىيالېكتىكىلىق دەلىل ئارقىلىق ماھىيەتكە يەتمەكچى بولسا، ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتىگە تەپەككۇر ئارقىلىق يەتمەكچى بولسا، ئۇ چۈشەنچە دۇنياسىنىڭ چوققىسىغا چىقالايدۇ، خۇددى غاردىكى ئادەم كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيانىڭ چوققىسىغا چىققاندەك.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئاشۇ پىكىرلەش جەريانىنى دىيالېكتىكىلىق جەريان دېيىشكە بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، بولىدۇ.

سوقرات: بىر ئادەم باغلاقتىن قۇتۇلۇپ، كۆلەڭگىدىن كۆلەڭ-گىنى پەيدا قىلغان شەيئىنىڭ ئۆزىگە بۇرۇلۇشى، ئاندىن ئوتنىڭ شولىسىغا بۇرۇلۇش، ئۆڭكۈردىن قۇياشلىق تالاغا چىقىش ئەسنا-سىدا ھايۋانلار، دەل - دەرەخلەر ۋە قۇياشقا بىۋاسىتە قارىيالمايدۇ، ئۇ پەقەت سۇدىكى خىيالىي كۆلەڭگىلەرگە ۋە رېئال شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىگە قارىيالايدۇ. (بۇلار قۇياشتەك ھەقىقىي بولمىغان شو-لىلاردا ئەكس ئەتكەن كۆلەڭگىلەرگە ئوخشىمايتتى) بىز تەكشۈ-رۈۋاتقان ھۈنەر ۋە ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى روھنىڭ ئەڭ ياخشى قىسىملىرىنى بارلىقنىڭ ئەڭ ياخشى قىسىملىرىنى كۆرۈشكە يېتە-تەكلەيدۇ. خۇددى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كۆز كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ يارقىن نەرسە (قۇياش) نى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بول-

غاندەك بىر ئىش.

گىلاۋكون: قاراشلىرىڭغا قوشۇلماي ئىمە ئىلاج. مەيلى سەن نېمە دېگىن (سەن بىلەن پاراڭلىشىدىغان پۈرسەتلەر ئالدىمىزدا بار) ئەمدى قانۇن مەسىلىسىنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى، بۇ ھەقتە خۇددى ئۇنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ھەققىدە سۆزلەشكەندەك سۆزلىشەيلى. ئەمدى بىزگە دىيالېكتىكىنىڭ قانداق قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى، ئۇ-نىڭ تۈرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئېيتىپ بەرگىن، چۈنكى، بۇ مەسىلە-لەرگە بېرىلگەن جاۋاب بىزنى مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ.

سوقرات: قەدىرلىك گىلاۋكون، ئەمدى سەن ماڭا ياندىشىپ ما-ڭالماي قالارسەنمىكىن، ئەلۋەتتە، يېتىشىپ مېڭىشىڭنى خالايمەن. مېنىڭ نۆۋەتتە ساڭا كۆرسەتمەكچى بولغىنىم سايىلەر دۇنياسى بولماستىن، بەلكى، شەيئىلەرنىڭ زاتىنىڭ ئۆزىدۇر. ئەلۋەتتە، مەنمۇ ئۇنى ئىمكانقەدەر كۆرۈشكە تىرىشىمەن. گەرچە بىز كۆرۈش-كە مۇۋەپپەق بولغىنىمىزنى ئاشۇ نەرسىنىڭ دەل ئۆزى دېيەلمەي-سەكمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ كۆرمەكچى بولغانلىرىمىز تېپىدىكى نەرسە ئىكەنلىكىدە شەك يوق، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىز يەنە پەقەت دىيالېكتىكىلا ئادەملەرگە بارلىقنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. يەنى بىز ساناپ ئۆتكەن يۇقىرىقى ئىلىم-لەرنى ئۆگەنگەن ئادەملەرلا بارلىقنى كۆرۈپ يېتىشكە مۇۋەپپەق بولالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسى بىكار دەپ جاكارلىساق بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق دەپ جەزملەشتۈرسەك بولىدۇ.

سوقرات: بۇ نۇقتىدا ھەر قانداق ئەھۋالدا، ھەربىر شەيئىنىڭ چىن ماھىيىتىنى سىستېملىق تەرزدە مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولى-دىغان باشقا يوللارمۇ بار، دەپ بىزگە رەددىيە بېرىدىغانلار چىقماي-دۇ. باشقا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى كىشىلەرنىڭ پىكىر ـ ئىس-تەكلىرى ئۈچۈن ياكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ياكى ئىشلەپچى-قىرىشى ئۈچۈن ھەمدە شەيئىلەرگە بولغان پەرۋىشى ئۈچۈن خىزمەت

قىلىدۇ. ھەتتا، بىز قەيت قىلىپ ئۆتكەن گېئومېتىرىيەگە ئوخ-
شاش ئىلىملەر، گەرچە بارلىققا نىسبەتەن مۇئەييەن تونۇشقا ئىگە
بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلار بارلىقنى چۈشىدە كۆرگەندەك رەۋىشتە بو-
لىدۇ. بۇ ئىلىملەر ئۆزلىرىنىڭ قىياسلىرىنى ئېقىتماي ـ تېمىت-
ماي ئەسلىدىكىسى بويىچە ئىشقا سالسا ۋە ئۇ ھەقتە ھېچقانداق
چۈشەندۇرۇش بەرمىسە، ئۇلار بارلىقنى روشەن كۆرەلمىگەن بولى-
دۇ. ئەگەر بىلمەسلىك ئالدىنقى شەرت بولسا، خۇلاسە ۋە خۇلاسىگە
ئېرىشىش باسقۇچلىرىمۇ ئېنىق بولمىغان نەرسىلەردىن تەركىب
تاپىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا نەتىجە ھەقىقىي بىلىمگە قانداقمۇ
ئايلانسۇن؟

گىلاۋكون: مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات: دېمەك، دىيالېكتىكا بىردىنبىر تەتقىقات مېتودىدىن
ئىبارەتكى، ئۇ پەرەزنى ئىشلەتمەيلا بىرىنچى پىرىنسىپنىڭ ئۆزىگە
يۈكسىلىپ، ئىشەنچلىك ئاساسلارنى تاپالايدۇ. روھنىڭ كۆزلىرىنى
نادانلىق پاتقاقلىرى توسۇۋالغاندا، دىيالېكتىكا بۇ كۆزلەرنى ئې-
رىغداپ، يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. بۇ جەريان يۇقىرىقى ئىلىملەر-
نىڭ ياردىمىدە تەدرىجىي ئىشقا ئاشىدۇ. بىز ئادىتىمىز بويىچە
ئۇلارنى ئايرىم ئىلىم دەپ ئاتىدۇق. ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ پىكىرگە
قارىغاندا روشەن، بىلىمگە قارىغاندا تۇتۇق بولغان خۇسۇسىيەتنى
ئىپادىلەيدىغان بىر ئاتالغۇغا موھتاج بولۇۋاتىمىز. بىز باشتا
«ئىدراك» دېگەن بىر ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن ئىدۇق. ئالدىمىزدا ناھا-
يىتى چوڭ تېمىلارنى مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇرغان يەردە
بىرەر سۆز ھەققىدە كۆپ تارتىشىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى
بولمىسا كېرەك.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئەمىسە بىز باشتىكى ئاشۇ ئاتالغۇلار بىلەن كۇپايىلە-
نەيلى. بىز مەنىۋىيەتنىڭ بىرىنچى بۆلىكىنى بىلىم، ئىككىنچى
بۆلىكىنى ئەقىل، ئۈچىنچى بۆلىكىنى ئېتىقاد، تۆتىنچى بۆلىكىنى

تەسەۋۋۇر دېگەن ئىدۇق. شۇنداقلا ئۇچىنچى ۋە تۆتىنچى بۆلەكنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇنى پىكىر، دەپ ئاتىغان ئىدۇق. بىرىنچى ۋە ئىك-كىنچى بۆلەكنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىدراك، دەپ ئاتىغان ئىدۇق. هايات ــ مامات دۇنياسىغا ئائىت بولغىنى پىكىردۇر. بارلىق (ماهىيەت) قا ئائىت بولغىنى ئىدراكتۇر. ئىدراك بىلەن پىكىرنىڭ مۇناسىۋىتى گويا بارلىق بىلەن هايات ــ مامات دۇنياسىنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. بىلىم بىلەن ئېتىقادنىڭ مۇناسىۋىتى هەم ئەقىل بىلەن تەسەۋۋۇر-نىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئىدراك بىلەن پىكىرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخ-شايدۇ. مەنۋىيەتنىڭ هالەتلىرىگە ماس شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بىز ئىنچىكە قىلىپ، پىكىر قىسمى ۋە ئىدراك قىلغىلى بولىدىغان قىسمى، دەپ بۆلدۇق. گىلاۋكون، ئەڭ ياخشى-سى بىز بۇ مەسىلىلەرگە تەگمەي قويايلى، ئەگەر بۇلارغا چېقىلى-دىكەنمىز تېخىمۇ ئۇزۇن مۇنازىرىگە تۇتۇلۇپ قالىمىز.

گىلاۋكون: شۇنداق قىلايلى، مەن سىزنىڭ هەر قايسى بۆلەكلەر هەققىدىكى قاراشلىرىڭىزنى ياقلايمەن.

سوقرات: هەربىر شەيئىنىڭ چىنلىقىنى دەلىللەشنى بىلگەن ئادەمنى دىيالېكتىكچى، دەپ ئاتىساق بولامدۇ؟ ئۆز بىلەن ئۆزگى-نى ئوچۇق دەلىللەشنى بىلمىگەن ئادەملەرنى شەيئىلەرنىڭ ماهى-يىتىنى بىلمىگەن ئەقىلسىزلەر، دېسەك قانداق دەيسەن؟

گىلاۋكون: مەن نېمىشقىمۇ قوشۇلماي؟

سوقرات: بۇ قاراش ياخشىلىق ئىدېئالىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغۇ؟ ئەگەر بىراۋ ياخشىلىق ئىدېئالى بىلەن باشقا شەيئىلەرنىڭ پەرقىنى ئاجرىتالمىسا، هەرخىل سىناقلارنىڭ داۋانلىرىدىن ئۆتەلمىسە، شەيئىلەرنى ئىدراك بىلەن ئەمەس، پىكىر بىلەن كۆزەتسە، ئۆزىنىڭ دەلىل ــ ئىسپاتلىرىنى توغرا يۆنىلىشتە تاماملىمىسا، ئېنىقكى، سەن ئۇنى ياخشىلىقنىڭ ماهىيىتىنى ئۇقمايدىكەن، دەپ باها بې-رىسەن. مۇبادا ئۇ ياخشىلىقنىڭ ماهىيىتىنىڭ گىرۋەكلىرىگە يې-قىن كەلگەن بولسا، ئۇ بىلىش شەرىپىگە ئەمەس، پىكىرگە ئىگە

بولغان بولىدۇ، ئۇ بىر ئۆمۈر چۈشەكەش ھالىتىدە تۇرغان بولىدۇ،
ئۇ غەپلەتتىن ساقىت بولماي تۇرۇپلا ئۇ دۇنياغا كېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: گېپىڭگە تامامەن قوشۇلىمەن.

سوقرات: سېنىڭ تەربىيەلىگەن بالىلىرىڭ خۇددى گېئومېتىد-
رىيەدىكى ئىرراتسيونال سىزىقلار كەبى غەيرىي ئەقلىي بولسا سەن
ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويمايسەن.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، يول قويمايمەن.

سوقرات: شۇنىڭ بىلەن سەن مەسىلىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوت-
تۇرىغا قويۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىش قابىلىيىتىگە ئالاھىد-
دە ئېتىبار بېرىدىغان قانۇن ـ ياساقلارنى تۈزىسەن.

گىلاۋكون: دېگىنىڭدەك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

سوقرات: دىيالېكتىكىنى مائارىپ تۈزۈمىمىزنىڭ ئەڭگۈشتەرى
قىلساق، باشقا ئىلىملەرنى ئۇنىڭ كەينىگە قويساق، دەرسلەرمۇ دى-
يالېكتىكا بىلەن ئاخىرلاشسا توغرا بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. سەن
بۇنىڭغا قوشۇلامسەن؟

گىلاۋكون: قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئەمدى بۇ دەرسلەرنى ئۆگىنىشكە لايىق كېلىدىغان
ئادەملەرنى تاللاش ۋە قانداق تاللاش مەسىلىسىگە كەلدۇق.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بەلكىم، ھۆكۈمدار تاللاش ھەققىدىكى گەپلىرىمىز ئې-
سىڭدە باردۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، ئېسىمدە.

سوقرات: بىز ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەت ئىگىلىرىنى تاللاپ چى-
قىشىمىز كېرەك. ئۇلار قەتئىي، باتۇر، سالاپەتلىك بولۇشى كې-
رەك. ئۇلار خاراكتېر جەھەتتە ئېسىل، ۋەزمىن بولۇش بىلەن بىل-
لە، شۇ خىل تەربىيەنىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ تۇغما قابىلىيەتكە ئى-
گە بولغان بولۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: قايسى خىل تۇغما قابىلىيەتلەرنى دەۋاتىسەن؟

سوقرات: ئۇلار ئۆگىنىشنى سۆيىدىغان بولۇشى، جاپادىن قاچ- مايدىغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى، روھقا نىسبەتەن ئۆگىنىشتىكى قىيىنچىلىق، جىسمانىي قىيىنچىلىقتىن بەكرەك قورقۇنچلۇق، چۈنكى، تەپەككۇردىكى قىيىنچىلىق روھ بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت- لىك بولۇپ، تارتقۇلۇقنى روھنىڭ ئۆزى تارتىدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئۇلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ياخشى بولۇشى كېرەك، ئۇلاردا يەنە ئارسىنماس مۇشەققەت سۆيگۈسى بولۇشى كې- رەك. بولمىسا ئۇلارنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، زور ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈ- شىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟

گىلاۋكون: بۇنىڭغا تاللانتىلىقلاردىن باشقىلىرى قادىر بولالمايدۇ.

سوقرات: خۇددى باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، پەلسەپە ھەققىدە كەمسىتىش خاراكتېرلىك قاراشلارنىڭ كېلىپ چىقىشى دەل بۇ ساھەگە لاياقەتسىز ئادەملەرنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن بولغان. پەلسە- پىگە ئەڭ لاياقەتسىز، چىركىن ئادەملەر كىرىپ قالغان بولۇپ، ھەقىقىي لاياقەت ئىگىلىرى كىرەلمىگەن.

گىلاۋكون: چۈشەنمىدىم.

سوقرات: پەلسەپىگە بەل باغلىغانلار بۇ ساھەگە چالا ئەقىدە بىد- لەن كىرمەسلىكى، بىر پۇتى پەلسەپىدە، يەنە بىر پۇتى باشقا نەر- سىدە بولماسلىقى كېرەك. بەزىلەر ئوۋ ئوۋلاشنى، چېلىشىشنى ۋە ھەرخىل جىسمانىي ئەمگەكلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما، ئۆگىنىش- نى، ئاڭلاشنى ۋە مېڭە ئىشلىتىدىغان ھەرخىل ئەقلىي ئەمگەكلەر- نى ياخشى كۆرمەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئەقلىي ئەمگەكنى ياخشى كۆرۈپ، جىسمانىي ئەمگەكتىن بېشى ئاغرىيدۇ.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: ھەقىقەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مۇنۇ كىشىلەرنىڭ روھىنى مېيىپ دېسەك بولامدۇ ـ يوق؟ ئۇلار ئەتەي ساختىلىقلار ـ دىن سەسكىنىدۇ، ئۇ خىل ئىللەتلەرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولۇشىـ ـ غىمۇ يول قويمايدۇ، ئۇنى باشقىلاردىن بايقىغاندا نەپرەتلىنىدۇ، خۇددى توڭگۇزلار پاتقاقنى ھار ئالمىغاندەك، ئۇلار ئىستىخىيەلىك ساختىلىقلارغا يول قويىدۇ. ئۆزىنىڭ بىلمىسىزلىكى ۋە ھاماقەت ـ لىكىدىن ئارسىنمايدۇ.

گىلاۋكون: بۇنداق ئادەملەرنى مېيىپ روھ ئىگىلىرى دېيىش كېرەك.

سوقرات: ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، باتۇرلۇق، كەڭ قورساقلىق كەبى ھەرخىل پەزىلەتلەرنىڭ راست ـ يالغىنىنى ئايرىشىمىز كېرەك بو ـ لىدۇ. چۈنكى، شەخس ياكى دۆلەتتە ئەخلاقنىڭ راست ـ يالغىنىنى ئايرىيدىغان بىلىم بولمىسا، بىر مېيىپنى ياكى ساختا پەزىلەت ئىگىسىنى دوست ياكى ھۆكۈمدار قىلىپ تاللاش خاتالىقى يۈز بېرىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: بۇخىل تىپتىكى ھەرقانداق سەۋەنلىكتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. بىز تېنى ۋە روھى بېجىرىم ئادەملەرنى تاللاپ ئۇزاق مۇددەت تەربىيەلىسەك، ئادالەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايمىز، دۆلىتىمىز ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىزنى قوغدىغان بولىمىز، ئۇنداق قىلالمىساق، باشقىچە بىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىپ، پەلسەپىنى تېخىمۇ كۆلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىمىز.

گىلاۋكون: ھاقارەتلىك ئىش بولىدۇ.

سوقرات: مەنمۇ ئۆزۈمنى كۆلكىلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇۋاتىمەن.

گىلاۋكون: قانداق دەيسەن؟

سوقرات: ئادەتتىكى پاراڭغا ئادەتتىن تاشقىرى جىددىي مۇئامىلە قىلىپ كېتىپتىمەن. تەبىئىي ھالدا پەلسەپىنى يادىمغا ئېلىپ، پەلسەپىنىڭ تۆھمەتكە ئۇچرىغىنىدىن ھەپسىلەم ئۆرلەپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، غەزەپلىنىپ كېتىپتىمەن.

گىلاۋكون: ئەمما، مەن تەبىئىي ھېس قىلدىم.

سوقرات: ئۆزۈمگە بەكلا جىددىي تۇيۇلدى، سەممىمىزدە بولسۇنكى، بىزنىڭ ھۆكۈمدارلىقتا قېرىلارنى سايلاش ئادىتىمىز بۇ يەردە ئاقمايدۇ. سولۇن (Solon) قېرىلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ، دېگەن بولسىمۇ، ئۇ گەپكە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. ئادەم قېرىسا تېز يۈگۈرەلمەيدۇ، جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنەلمەيدۇ، ئادەم پەقەت ياشلىقىدىلا جاپالىق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

گىلاۋكون: بۇنىڭدا شەك يوق.

سوقرات: شۇنداق ئىكەن، دىيالېكتىكا ئۆگىنىشتىن ئىلگىرى ياشلارغا ئارىفمېتىكا، گېئومېتىرىيە قاتارلىق بارلىق ئالدىن پەنلەرنى ئۆگىنىش كېرەك، ئەلۋەتتە، بۇ ئىختىيارىي بولۇش كېرەككى، مەجبۇرىي بولماسلىقى كېرەك.

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟

سوقرات: چۈنكى، ھۆر ئادەم ھەرقانداق ئۆگىنىشنى مەجبۇرلىنىپ قىلسا بولمايدۇ. زورلىنىپ چېنىقىشنىڭ بەدەنگە نىسبەتەن زەخمىتى بولمىسىمۇ، مەجبۇرلىنىپ ئۆگىنىش قەلبكە يىلتىز تارتالمايدۇ.

گىلاۋكون: ھەق گەپ بولدى.

سوقرات: دوستۇم، بالىلىرىمىزغا مەجبۇرلاپ ئۆگەتمەيلى، بەلكى، ئويۇن ئارقىلىق ئۆگىتەيلى. بالىلارنىڭ خاراكتېرىنى ئويۇن داۋامىدا ياخشى ئىگىلىيەلەيسەن.

گىلاۋكون: گېپىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق بولدى.

سوقرات: ئېسىڭدە بولسا كېرەك، بىز بالىلارنى ئاتقا مىندۈرۈپ جەڭگاھلارغا ئاپىرىپ كۆرسىتىشىمىز كېرەك، بىخەتەر بولۇش شەرتى ئاستىدا، بالىلارنى سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، قاننىڭ ھىدىنى پۇرىتىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: ئۇ گەپلەر ئېسىمدە.

سوقرات: جاپالىق چېنىقىش، ئۆگىنىش ۋە ئۇرۇش ۋەھىمىسىدە ئىپادىسى ئالاھىدە ياخشى بالىلارنى تاللاش كېرەك.

گىلاۋكون: ئۇ بالىلار قانچە ياشلاردا بولۇشى كېرەك؟

سوقرات: زۆرۈر بولغان چېنىقىش مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەن ھامانلا تاللاشنى باشلاش كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىككى – ئۈچ يىل جەريانىدا، ئۇلارنىڭ باشقا ئىشى يوق، زىيادە چارچاش ۋە زىيادە ئۇخلاش ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى. ئۇلارنىڭ چېنىقىشتىكى ئىپادىسىنى كۆزىتىش ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىپادىسىنى كۆزىتىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى.

گىلاۋكون: تاللانغان ئۇ ياشلار يىگىرمە يېشىدىن باشلاپ، تېخىمۇ كۆپ شەرەپلەرگە ئېرىشىدۇ، كىچىكىدە ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئۇنىۋېرسال سەۋىيەگە كۆتۈرۈپ، ھەرقايسى پەنلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، پەنلەر بىلەن شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىشقا باشلايدۇ.

گىلاۋكون: مانا بۇ ئەبەدىيلىك بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى.

سوقرات: بۇ ھەم دىيالېكتىكا تالانتىنىڭ بار – يوقلۇقىنى سىنايدىغان سىناق تېشى. شەيئىلەرنى باغلىنىش ئىچىدە كۆرەلىگەن ئادەم دىيالېكتىكچى بولىدۇ. شەيئىلەرنى باغلىنىش ئىچىدە كۆرەلمىگەن ئادەم دىيالېكتىكچى بولالمايدۇ.

گىلاۋكون: قوشۇلىمەن.

سوقرات: سەن تالانتنىڭ شەرتلىرىنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتقان

ھالدا ئۆگىنىش، ئۇرۇش ۋە باشقا ئىشلاردا ئىرادىسى قەتئىي بولغان ياشلارغا ئىككىنچى قېتىم تاللاش ئېلىپ بارسەن، ئۇلارنىڭ ئەڭ تالانتلىقلىرىنى تاللاپ، ئوتتۇز يېشىدا ئۇلارنى ئالىي شەرەپلەردىن بەھرىمەن قىلىپ، ئۇلارنى دىيالېكتىكىنىڭ سىنىقىدا تاسقايسەن، ئۇلار كۆز ۋە باشقا سەزگۈلىرىگە تايانمايلا قەلبىگە تايىنىپ، ھەقىقەتكە ئەگەشكەن ھالدا، بارلىقنىڭ ئۆزىگە يېتەلەمدۇ ـ يوق، دېگەننى ئايرىيسەن، بۇ جەھەتتە نازۇك ۋە ئىنچىكە بولۇشۇڭ كېرەك.

گىلاۋكون: نېمىشقا بۇ قەدەر ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك؟

سوقرات: دىيالېكتىكىنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى سەلبىي ئاقىۋەتكە دىققەت قىلدىڭمۇ؟

گىلاۋكون: قايسى سەلبىي ئاقىۋەتنى دەيسەن؟

سوقرات: ئۇ بولسىمۇ دىيالېكتىكچىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشىدۇر.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق ئىش بار.

سوقرات: سېنىڭچە، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدە بۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشى ھەيران قالارلىقمۇ؟ سەن ئۇلارغا ئېچىنامسەن؟

گىلاۋكون: بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

سوقرات: بۇنى بىر ئوخشىتىش ئارقىلىق چۈشەندۈرەي، بىر بېقىۋېلىنغان بالا جان سانى كۆپ باي ئائىلىسىدە چوڭ بولغان بولۇپ، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئەقىل تاپقاندىن كېيىن، باينىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ئەمەسلىكىنى بىلدى ـ يۇ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ تاپالمىدى. ئۇ بالا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خۇشامەتچىلەر ۋە بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانىسىغا قانداق ئويلاردا بولۇشى مۇمكىن، سەن ئويلاپ كۆرگىن. بەلكىم مېنىڭ پەرىزىمگە قىزىقىشىڭ مۇمكىن؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، قىزىقىمەن.

سوقرات: مەن مۇنداق پەرەز قىلىمەن، ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمىگەندە، ئەتراپىدىكى خۇشامەتچىلەر، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلارنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقاتتى، چوڭ ئىشلاردا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلايتتى.

گىلاۋكون: شۇنداق قىلىش ئېھتىماللىقى چوڭ.

سوقرات: ئەمما، ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە ساداقىتى سۇسلىشىپ، ئەتراپىدىكى خۇشامەتچىلەرگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ خۇشامەتچىلەرگە قىزىقىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئىستىلىنى قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئاشكارا بىرلىشىدۇ ـ دە، بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئالاھىدە ياخشى بولمىسىلا، ئۇ شۇنى قىلىدۇ.

گىلاۋكون: ئۇغۇ كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان ئىشلار، بىراق سەن بۇ مىسالنى پەلسەپە ۋە دىيالېكتىكا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بىلەن قانداق باغلايسەن؟

سوقرات: مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز كىچىككىمىزدىن تارتىپ، ئادالەت ۋە شەرەپ ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولدۇق. بۇ خۇددى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مېھرى ئىچىدە چوڭ بولغاندەكلا بىر ئىش. شۇڭا، بىز ئادالەت ۋە شەرەپكە بويسۇنىمىز، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىمىز.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: يۇقىرىنىڭ ئەكسى بولغان يوسۇنلارمۇ بار. دۇرۇس كىشىلەر ئالدىراپ بىر نەرسىلەرگە ئېغىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىگە بويسۇنىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەمما، قا ـ

ئىدە ـ يوسۇنلار ئېلىپ كېلىدىغان خۇشاللىقنىڭ جەلپ قىلىش ۋە ئېزىقتۇرۇش كۈچى بولىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق ئادەتلەر بار.

سوقرات: ئەمىسە، شەرەپ دېگەن نېمە؟ نۇرغۇن ئادەملەر بۇ سو-ئالغا دۇچ كەلگەندە، قانۇنچىلاردىن ئۆگەنگەن جاۋابلارنى بېرىپ، مۇنازىرىدە رەددىيەگە ئۇچرايدۇ، رەددىيەگە ئۇچرىغانسېرى ئېتىقادى تەۋرىنىپ، شەرەپلىك نەرسىلەر نومۇسلۇق نەرسىلەردىن ئۇنچىمۇ ئۈستۈن ئەمەس ئىكەن، دەپ قارايدىغان بولىدۇ. ئۇلار ئادالەت، ياخشىلىققا ئوخشاش ئەزگۇ ئىشلار جەھەتتە ئوخشاشلا رەددىيەگە ئۇچراۋەرسە مۇشۇ خىل ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىش جەھەتتە نېمە-لەرنى قىلىشى مۇمكىن؟

گىلاۋكون: ئۇ بۇرۇنقىدەك ھۆرمەت قىلىپ كەتمەيدۇ.

سوقرات: ئۇ ئەقىدىلەرگە ئىخلاس قىلىش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇ-رۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغاندەك ھېس قىلغاندا ھەمدە ھەقىقەتنى ئىزدەپ تاپالمىغاندا، ئېزىتقۇ تۇرمۇش يولىغا كىرمەي قالارمۇ؟

گىلاۋكون: چوقۇم كىرىدۇ.

سوقرات: بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز بىر ئىخلاسمەننىڭ ئاسىيغا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت.

گىلاۋكون: مۇقەررەر شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: مانا بۇلار پەلسەپە ۋە مۇنازىرە بىلەن شۇغۇللانغۇ-چىلارنىڭ ئاقىۋىتى، باشتا ئېيتقاندەك، بۇلارنىمۇ چۈشەنگىلى بو-لىدۇ شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق، ئۇلار ھەقىقەتەن بىچارە.

سوقرات: ئوتتۇز ياشلىق ئوقۇغۇچىلىرىڭنىڭ بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئېھتىيات بىلەن يېتەكلىشىڭ كېرەك. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇلارنى يېشىپ يېتىلمىگەن ۋاقىتتا مۇنازىرىگە سال-
ماسلىق مۇھىم ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى ئەمەسمۇ؟ سەن دىققەت
قىلدىڭمىكىن، ياشلار مۇنازىرىگە بەك قىزىقىپ كەتكەنلىكتىن
ئۇچرىغانلا يەردە باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ ۋە دەككە بېرىش-
كە ئۇرۇنىدۇ. كۈچۈكلەر ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە قاۋاپ، چىشلەش-
نى ياخشى كۆرگەندەك، ياشلارمۇ مۇنازىرىدە باشقىلارنى چىشلىۋې-
لىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

گىلاۋكون: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: ئۇلار تالاي قېتىملىق يېڭىش ۋە يېڭىلىشتا بۇرۇن
توغرا دەپ قارالغان ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ كېت-
تىدۇ. نەتىجىدە، ئۆزىنىڭ ۋە پەلسەپىنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى
يۈزىنى تۆكىدۇ.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا بولدى.

سوقرات: ئەمما، ئۆزىنى تۇختاتقان ئادەملەر ئۇنداق تەلۋىلىك
قىلمايدۇ، ئۇ ھەقىقەت ئىزدەش يولىدىكى ئادەملەرنى ئۈلگە قىلى-
دۇكى، ھەرگىزمۇ شۇيۇك ئېغىزلىق قىلمايدۇ، ئۇ سالماق بولغاچ-
قا، ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان پەلسەپىنىڭ ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆ-
تۈرسە كۆتۈرىدۇكى، ھەرگىز چۈشۈرۈۋەتمەيدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: مۇھاكىمە ئەھلى تېمىغا لايىق بولۇشى، بىر ئىشنى
ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالايدىغان بولۇشى كېرەك، ئۇلار ھېلىقى
ياشلاردەك نامۇناسىپ بولۇپ قالماسلىقى لازىم. مېنىڭ يۇقىرىقى
سۆزلىرىم بۇلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر.

گىلاۋكون: تامامەن توغرا.

سوقرات: دىيالېكتىكىنى قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىزچىل ئۆگى-
نىش ئۈچۈن تەنتەربىيەگە كەتكەن ۋاقىتنىڭ ئىككى ھەسسىسىدەك
ۋاقىت كېتەمدۇ؟

گىلاۋكون: تۇت يىلدىن ئالتە يىلغىچە قەدەر ۋاقىت كېتىدۇ دېمەكچىمۇ؟

سوقرات: بەش يىل كېتىدۇ، دەپ مۇقىملاشتۇرايلى، چۈنكى سەن بۇ بەش يىلدىن كېيىن ئۇلارنى توۋەن قاتلامغا چۈشۈرۈپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ۋە شۇنىڭدەك ياشلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋەزىپىلەرگە سالىسەن، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلىسەن، ئۇلارنى ۋەزىپە ئىچىدە سىناپ ئۇلارنىڭ ھەرخىل ئېزىقتۇرۇشلار ئالدىدىكى مەيدانىنى كۆزىتىسەن.

گىلاۋكون: بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

سوقرات: ئون بەش يىل كېتىدۇ، ئۇلار ئەللىك ياشتىن ئاشقاندا، ئەمەلىي خىزمەت ۋە ئۆگىنىش تەجرىبىلىرى ئالاھىدە بولغاندىن كېيىن يەنە ئاخىرقى قېتىم سىناش كېرەك، ئاندىن ئۇلارغا روھىيەتنىڭ كۆزىنى يۇقىرىغا بۇراپ، شەيئىلەرنى يورۇتقان نۇرنىڭ مەنبەسىنى كۆرۈش تەلىپىنى قويۇش كېرەك. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنى ئەندىزە قىلىپ دۆلەت، پۇقرا ۋە ئۆزىنى ياخشى باشقۇرىدىغان بولىدۇ. قالغان ۋاقىتلاردا ئۇلار كۆپ ۋاقتىنى پەلسەپە تەتقىقاتىغا سەرپ قىلىشى كېرەك، گېزى كەلگەندە ئۇلار مۇرەككەپ ۋە مۇشكۈل سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىپ، شۆھرەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، مەجبۇرىيەت ئۈچۈن ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىشى كېرەك. ئۇلار ئۆزىگە ئوخشاش ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئەركانلار قاتارىغا قوشقاندىن كېيىن، ئۆزى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ جەننەتتىن ئورۇن ئالسا بولىدۇ. ئىلاھلار قوشۇلغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارغا ئابىدە تىكلەپ ئىلاھلارغا ئاتىغان نەزىرىنى ئۇلارنىڭ شەنىگە بېغىشلاش كېرەك. ئىلاھلار قوشۇلمىسا ئۇلارنى ئۇلۇغ ئادەم سۈپىتىدە خاتىرىلەش كېرەك.

گىلاۋكون: سوقرات، سەن ئۆزۈڭنىڭ غايىسىدىكى ھۆكۈمدار-نىڭ ئوبرازىنى خۇددى ماھىر ئويمىكارلاردەك مۇكەممەل قىلىپ ياراتتىڭ.

سوقرات: گىلاۋكون، بىز دەۋاتقان ھۆكۈمدارلار ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزنىڭ ئەرلەردىن كۈتكەن تەلەپلىرىمىز تالانتىنىڭ شەرتىنى ھازىرلىغان ئاياللارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

گىلاۋكون: ئەگەر ئاياللارمۇ بىز تەلەپ قىلغان پائالىيەتلەرنىڭ ھەممە ئۆتكەللىرىدىن ئۆتەلىسە، قالغىنىدا مەسىلە يوق.

سوقرات: بىزنىڭ دۆلەت ۋە سىياسىي تۈزۈم ھەققىدىكى پاراڭ-لىرىمىز ھەرگىزمۇ قۇرۇق خىيال ئەمەس، گەرچە ئۇنى ئىشقا ئا-شۇرۇش قىيىن بولسىمۇ، يولنى توغرا تاللاپ، قەدەمنى توغرا باس-ساقلا مۇمكىنلىككە ئىگە. بىر ياكى كۆپ بولامدۇ، ھاكىمىيەتنى پەيلاسوپلار تۇتۇشى كېرەك. ئۇلار زامانىمىز كىشىلىرى چوڭ بىل-گەن ئىشلارنى ئەرزىمەس دەپ بىلىپ، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ شەرىپىگە ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، ئادالەتنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئادالەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئارقى-لىق، دۆلەت ئىشلىرىنى جايىغا چۈشۈرۈشى كېرەك. سېنىڭچە قانداق؟

گىلاۋكون: ئۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش لازىم؟

سوقرات: ئون ياشتىن ھالقىغان گىراژدانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بالىلارغا دۆلەت ئىگە بولۇپ، يېزىلارغا ئەۋەتىپ، ئاتا ـ ئانى-سىدىن ئۆزلەشتۈرگەن تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەك ھەم دۆلەت بېكىتكەن ئادەت ۋە قانۇنلار بويىچە ئەۋلادلارنى تەربىيە-لەش كېرەك (بۇ ھەقتە باشتا سۆزلەپ ئۆتتۇق). مانا بۇ غايىمىزدى-كى تۈزۈمنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى گۈللەندۈرىدىغان، خەلق ئاممىسى-غا بەخت يارىتىدىغان يولدۇر.

گىلاۋكون: بۇ ھەقىقەتەن ئۇدۇل يول ئىكەن. ئۇ دۆلەت راستتىنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش بولسا، سەن ئۇنىڭ يوللىرىنى ياخشى كۆرسىتىپ بەرگەن بولىسەن.

سوقرات: بىز ئۇ دۆلەت ۋە تۈزۈمگە مۇناسىپ ئادەملەر توغرىسىدا يېتەرلىك سۆزلەشتۇق. دېمەك، قانداق ئادەمنىڭ زۆرۈرلۈكى ئېنىق بولدى.

گىلاۋكون: مەنمۇ ئېنىق جاۋابقا ئېرىشتىم.

# سەككىزىنچى جىلد

سوقرات: ناھايىتى ياخشى، گىلاۋكون، بىز كۆڭۈلدىكىدەك
ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتتە ئاياللار، بالىلار ۋە بارلىق تەلىم ـ تەربى-
يە ئورتاق بولۇشى لازىم دېگەن تەشەببۇستا بىرلىككە كەلدۇق. ئۇ-
رۇش ياكى تىنچلىق مەزگىللىرىدە، تۈرلۈك ئىشلارنى ئەرلەر بىلەن
ئاياللار بىرلىكتە قىلىدۇ. بۇنداق دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارلىرى قەلەم
ۋە ئەلەمدە تەڭ يېتىلگەن مۇنەۋۋەر كىشىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

گىلاۋكون: بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىمىز بىردەك.

سوقرات: بىز يەنە مۇنۇ جەھەتتىمۇ بىرلىككە كەلدۇق: ھۆ-
كۈمدارلار ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ھامان قوشۇنلىرىنى باشلاپ
گازارمىلارغا جايلىشىشى لازىم. ئۇ يەردە ھەممە نەرسە ئومۇمنىڭ
بولۇپ، خۇسۇسىي نەرسە بولمايدۇ. گازارمىدىن باشقا ئۇلاردا يەنە
نېمىلەرنى بولۇشى كېرەك؟

گىلاۋكون: ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، بىز ئادەتتىكى ئادەملەردە بو-
لىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلاردىمۇ بولۇشى كېرەك دې-
مىدۇق. ئەمما، ئۇلار ئۇرۇش ۋە ھەربىي مەشىققە قاتنىشىدىغان بولغان-
لىقى ئۈچۈن دۆلەت تەرىپىدىن تەمىناتقا ئېرىشىشى كېرەك بولىدۇ.

سوقرات: ئېيتقانلىرىڭ توغرا. بىز بۇ ھەقتە خېلى كۆپ
پاراڭلاشقان. بىز نەگە كەلگەن ئىدۇق، ئېسىڭدە بارمۇ؟ ئەمدى بىز
ئاشۇ پارىڭىمىزنىڭ ئاخىرىنى چىقىرايلى.

گىلاۋكون: ئۇ تېپىشقا قايتىشقۇ تەس ئەمەس. سەن شەھەر دۆلە-
تىنى تەسۋىرلەپ بولغان ئىدىڭ. سەن ئۇ دۆلەت ۋە ئۇنىڭغا مۇنا-
سىۋەتلىك ئادەملەرنى ياخشىلار قاتارىغا كىرگۈزگەن ئىدىڭ. قارى-
غاندا، بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سۆزلەپ بەرگۈدەك باردەك قىلى-

دۇ. سىزنىڭ گېپىڭىز بويىچە، سىزنىڭ تەسۋىرىڭىزدىكى دۆلەت تۈزۈك بولغان ئىكەن، باشقا تۈردىكى دۆلەت بۇزۇق بولغان بولىدۇ. ئېنىسىدە قىلىنىشىچە، سەن ئەينى چاغدا تۆت خىل دۆلەت تۈزۈمى ھەققىدە توختالغان ئىدىڭ ھەم ئۇ تۈزۈملەرنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ۋە ئەركانلىرى توغرىسىدا سۆزلىگەن ئىدىڭ. بىز ياخشى ۋە يامان ئادەمنى قانداق ئايرىشنى ھەل قىلغاندىن كېيىن، ئەڭ ياخشى ئادەمنى ئەڭ بەختلىك ئادەم دېگىلى بولامدۇ ـ يوق، ئەڭ رەزىل ئادەمنى ئەڭ بەختسىز دېگىلى بولامدۇ ـ يوق، ئەھۋال تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولامدۇ دېگەندەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىشىمىز مۇمكىن. سەندىن تۆت خىل تۈزۈم ھەققىدە ئىنچىكىلەپ سورىغىنىمدا، پولىماركوس بىلەن ئادىمانتوس گەپ قىستۇرغان ئىدى، سەن باشقا گەپكە ئۆتۈپ كەتتىڭ.

سوقرات: خاتىرەڭ قالتىسكەن جۇمۇ!

گىلاۋكون: ئەمدى گەپنى قايتا باشلايلى. سىزنىڭ تۆت خىل تۈزۈم ھەققىدىكى قارىشىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق.

سوقرات: مەن تىرىشىپ كۆرەي.

گىلاۋكون: تۆت خىل تۈزۈم نېمىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئاڭلاپ باققۇم بار.

سوقرات: تۆت خىل تۈزۈم دېگىنىم ئومۇمىيلىققا ئىگە تۆت خىل نەرسىنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدۇ. بىرىنچى خىل تۈزۈم سپارتا ۋە كرىت سىياسىي تۈزۈمى بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئىككىنچى خىل تۈزۈم بولسا ئولىگارخ سىياسىي تۈزۈمى بولۇپ، ھاكىمىيەت ئاز ساندىكىلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ، شەرەپ جەھەتتە، بۇ تۈزۈم ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، زىيانلىق تەرىپىمۇ خېلى كۆپ. ئۈچىنچىسى دېموكراتىك تۈزۈم، ئازسانلىقلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ئولىگارخ تۈزۈمىنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپ سانلىقلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. تۆتىنچىسى، قالتىس دىكتاتۇر ھاكىمىيەت تۈزۈمى بولۇپ، شەھەر دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى

ئايتىمدۇر. سەن يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئالاھىدە بىر تۈزۈمنى كۆرسىتىپ بېرەلەمسەن؟ يەنە ۋارىسلىق تۈزۈمىدىكى خانلىقلار بار، سېتىۋېلىنغان خانلىقلارمۇ بار. بۇنداق كىچىك دۆلەتلەر گىرېكلارغا قارىغاندا ۋار ـ ۋارلاردا كۆپرەك.

گىلاۋكون: رىۋايەتلەردە غەلىتە تۈزۈملەر سۆزلىنىدۇ.

سوقرات: بىلىش كېرەككى، قانچە خىل سىياسىي تۈزۈم بولسا شۇنچە خىل ئىنسان خاراكتېرى بولىدۇ. سىياسىي تۈزۈم دەرەختىن ياكى تاشتىن پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى، پۇقرالارنىڭ ئادەتلىرىدىن پەيدا بولغان ئادەت خاھىشى جىق نەرسىلەرنى بەلگىلەيدۇ.

گىلاۋكون: تۈزۈم باشقا نەرسىدىن ئەمەس، ئادەتتىن پەيدا بولغان.

سوقرات: دېمەك، بەش خىل سىياسىي تۈزۈم بار يەردە بەش خىل روھىي قىياپەت بار بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: بىز ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيەتنى ياكى ياخشىلار (سالىھلار) ھاكىمىيەتكە لايىق ئادەملەرنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنى ياخشىلار (سالىھلار) ۋە ئادىللار دەپ ئاتىدۇق.

گىلاۋكون: شۇنداق بولدى.

سوقرات: ئەمدى ئۇنىڭدىن ناچارراق تۈزۈملەرنى نەزىرىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ باقايلى. ئۇنىڭ بىرى، ئۇرۇشقاقلار ۋە شۆھرەتپەرەستلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان سپارتالىقلار تۈزۈمى. قالغانلىرى، ئولىگارخلار، دېموكراتلار ۋە قالتىس دىكتاتۇرلار. ئەمدى ئادىللار بىلەن نائادىللارنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ بەختلىك، قايسىسىنىڭ كۆلپەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ كۆرەيلى. ئاندىن بىر بولسا سىراسىماخوسنىڭ تەشەببۇسى بويىچە غەيرىي ئادالەت يولىنى تۇتىمىز، بىر بولسا ئۆزىمىز تەشەببۇس قىلغان ئادالەت يولىنى تۇتىمىز.

گىلاۋكون: بىر يول تاللىشىمىز كېرەك.

سوقرات: ئالدى بىلەن بىز تۈزۈمنىڭ ئەخلاقىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى، ئاندىن شەخسنىڭ ئەخلاقىنى تەكشۈرەيلى، چۈنكى، دۆلەتنىڭ

ئەخلاقىنى شەخسنىڭ ئەخلاقىدىن ئېنىقراق كۆرۈپ يەتكىلى بو-
لىدۇ. ئالدى بىلەن شەرەپنى چوڭ بىلىدىغان ھاكىمىيەتنى كۆرۈپ
باقايلى. گىرېكچىدا، بۇنىڭغا ئۇدۇل كېلىدىغان سۆز بولمىغانلىقى
ئۈچۈن، بۇ تۈزۈمنى تىموكراسى (Timokrasi) دەپ ئاتاپ تۇرايلى.
ئارقىدىن بىز بۇنىڭغا باغلاپ تۇرۇپ تۈزۈمگە ئالاقىدار شەخس ھەق-
قىدە توختىلايلى. ئاندىن ئولىگارخ تۈزۈم ۋە بۇ تۈزۈمگە مۇۋاپىق
كېلىدىغان شەخسنى كەينىدىن دېموكراتىيە ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق
ئىنسانلارنى كۆرىمىز. ئاخىرىدا دىكتاتۇر تۈزۈم ۋە بۇ تۈزۈمدىكى
مۇستەبىتلەرنىڭ روھىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز. شۇنىڭدىلا ئۆزىمىز
دۇچ كەلگەن مەسىلىدىن توغرا يەكۈن چىقىرالايمىز. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: بۇ ئىسپاتلاش يوللىرىغا ئۇيغۇن تەھلىل ۋە ھۆكۈم
شەكلى بولدى.

سوقرات: خوپ، ئەمدى تىموكراسى تۈزۈمىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر
تۈزۈمىدىن ئايرىلىپ چىقىش جەريانىغا نەزەر تاشلايلى. شۇنىسى
ناھايىتى ئېنىقكى، سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى رەھبەرلىك
قاتلىمىدىكىلەرنىڭ كېلىشەلمەسلىكىدىن بولىدۇ. رەھبەرلەر ئىت-
تىپاق بولسا ھاكىمىيەت مۇقىم بولىدۇ.

گىلاۋكون: راست شۇنداق.

سوقرات: بىر دۆلەت قانداق ئەھۋال ئاستىدا مالىمان بولىدۇ؟
ھۆكۈمرانلار قانداق ئەھۋال ئاستىدا ماجىرالىشىپ قالىدۇ؟ بىزمۇ
ھومېردەك ئىچكى ئىختىلاپنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئىلاھىدىن سورىساق بولامدۇ؟ بۇ ئىلاھلار خۇددى كىچىك بالىنى
بەزلىگەندەك تىراگېدىيەنىڭ يۇكسەكلىك مېلودىيەسى ئارقىلىق
ئىپادىلىشى كېرەكمۇ؟

گىلاۋكون: قانداقسىگە؟

سوقرات: قۇرۇلۇش ئاساسى ياخشى بولغان دۆلەتنى ئاغدۇرۇش
ئاسان ئەمەس، پەيدا بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يوقالغاندەك،
بىر ئىجتىمائىي تۈزۈلمىمۇ مەڭگۈلۈك باقىمەندە بولالمايدۇ، ئۇ

هامان يىمىرىلىدۇ، جانلىقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ هاياتلىقىغا كېـ-
پىل بولىدىغان پەسىللەر ئۇلارنىڭ جىسمى ۋە روهىدا ئۆز ئىزنا-
سىنى قالدۇرىدۇ (ئۆمرى ئۇزۇن نەرسىلەرنىڭ دەۋرىيلىكىمۇ ئۇزۇن
بولىدۇ، ئۆمرى قىسقا نەرسىلەرنىڭ دەۋرىيلىكىمۇ قىسقا بولىدۇ).
سىلەر شەهەر دۆلىتى ئۈچۈن يېتىشتۈرگەن هۆكۈمدارلار گەرچە
ئاقىلانە بولسىمۇ، ئەلاۋۇد قالدۇرۇش ۋە يېتىشتۈرۈش پەيتىنى سېـ-
زىم ۋە ئەقىلگە تايىنىپ، توغرا تاللاشقا هەمىشە كاپالەتلىك قىلىپ
كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن سەۋەنلىك يۈز بېرىپ، قۇتلۇق بولمىغان
يىللاردىمۇ پەرزەنت كۆرۈش ئەهۋاللىرى سادىر بولىدۇ. يارىشىدىغان
تۇغۇت پەيتى مۇكەممەل بىر سان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئا-
خىرلىشىدىغان شەيئىنىڭ دەۋرىيلىكى بىر كىچىك سانغا ئىگە،
كۆپەيتىش (تىزگىنلىگەن ۋە تىزگىنلەنگەن بولۇپ، ئۈچ دەرىجە،
تۆت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). شۇ سان ئارقىلىق ئوخشاش بىر-
لىكتىكى راتسىيونال سانلارنى ئوخشايدىغان ياكى ئوخشىمايدىغان
قىلىدۇ ياكى قوشۇش ۋەياكى ئېلىش ئارقىلىق ئاخىرقى نەتىجىگە
ئېرىشىدۇ. 4 نىڭ 3 كە بولغان نىسبىتى 5 بىلەن بىرلەشتۈرۈپ،
يەنە ئۈچ قېتىم كۆپەيتىپ، ئىككى گارمونىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىـ-
لىدۇ. بۇنىڭ بىرى ئوخشاش كۆپەيتكۈچى ئامىللارنى كۆپەيتىش ۋە
100 نى ئاشۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈشتىن پەيدا بولىدۇ. يەنە بىرى
تەڭداش ياكى تەڭداش بولمىغان كۆپەيتكۈچلەرنىڭ كۆپەيتىشىدىن
پەيدا بولغان يەنى، ئۇنىڭ بىرى راتسىيونال سانىنىڭ (هەر بىرىدىن
«1» ئېلىنىدۇ) دىئاگونال سىزىقىنىڭ كىۋادراتىغا 100 نى كۆپەيتىـ-
دۇ يېتىدۇ ياكى ئىدراتسىيونال سانىنىڭ (هەر بىرىدىن «2» ئېلىنىـ-
دۇ) كىۋادراتىغا 100 نى كۆپەيتىدۇ. يەنە بىرى 3 نىڭ كۇبىغا 100
نى كۆپەيتىدۇ.①

① ئەپلاتون بۇ يەرگە گېئومېتىرىيەلىك سانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى سىرلىق هالدا
ئەتبىقلاپ، تەقدىرنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان. ئۇنىڭچە، قۇتلۇق
يىللاردا تۇغۇلغان بالىلار ئەقىللىك ۋە تەلەيلىك بولۇپ، كەلگۈسىدە هاكىمىيەت باش-
قۇرسا، خەلق بەختلىك بولىدۇ.

بۇ گېئومېتىرىيەلىك سانلار ئەۋلاد قالدۇرۇشتىكى قۇتنىڭ ياخشى ۋە يامان بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ھۆكۈمدارلار خاتالىشىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇشقا ياراشمايدىغان مەزگىللەردە ياشلارنى ئۆيلۈك قىلىپ، ئەۋلاد قالدۇرغۇزسا، بۇ ئەۋلاد ئەلا ۋە بەختلىك بولمايدۇ. گەرچە دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەرلىرى تاللاپ سىپلىنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، مۇنەۋۋەر بولالماي قالىدۇ. ئۇلار ئالدىنقى ئەۋلادتىن ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان چوڭلارغا سەل قاراشقا باشلايدۇ ھەمدە مۇزىكا ۋە تەنتەربىيە ساھەسىدىكى تەلىم ـ تەربىيەگە سەل قاراپ، ياشلار كەم تەربىيە بولۇپ كېتىدۇ. تەتۈر زاماندا تۇغۇلغان ئەۋلادلار ھۆكۈمرانلارغا خاس قابىلىيىتىنى يوقىتىپ، ئادەملەر ئىچىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈرلەرنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. كۈمۈش بىلەن تۆمۈر، مىس بىلەن ئالتۇن ئارىلىشىپ كەتكەن يەردە تەڭپۇڭسىزلىق پەيدا بولۇپ، ئۆچمەنلىك ۋە ئۇرۇش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. توقۇنۇش قەيەردە ۋە قاچان يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بەربىر ئاشۇ خىل نەسىللەردىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئىلاھەلەر توغرا جاۋاب بەردى، دەپ قارىساق بولىدۇ.

سوقرات: ئىلاھە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ جاۋابى توغرا بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئىلاھە يەنە نېمىلەرنى دەركىن؟

سوقرات: توقۇنۇش يۈز بەرگەن ئىكەن، ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كىشىلەر ئوخشىمىغان ئىككى يۆنىلىشتىكى گۇرۇھلارغا بۆلۈنىدۇ. مىس ۋە تۆمۈر تىپىدىكى گورۇھلار شەخسىيەتچى بولۇپ، ئۆي ـ مۈلۈك، يەر، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە ئۆزىنى ئۇرىدۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈش تىپىدىكى گورۇھلارنىڭ مەنىۋىيىتى ھەقىقىي بايلىققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەنئەنىۋى تەرتىپ ۋە پەزىلەتكە بولغان مايىللىقنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىككى گورۇھ ئۆزئارا كورەش قىلىپ، مەلۇم كېلىشىمنى ھاسىل قىلىدۇ ـ دە، ئۆي ـ مۈلۈك، يەر قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندۇ.

رۇۋالىدۇ، ئۆزىنىڭ تەممىناتچىلىرى ۋە دوستلىرىنى چەتكە قېقىپ قۇل ھالىتىگە چۈشۈرىدۇ. ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر بۇ ئادەملەرنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كورەش قىلىشىنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى قۇل قىلىدۇ ۋە ئېزىدۇ،

گىلاۋكون: مېنىڭچە، داۋالغۇش مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئۇ تۇزۇم ئاقسۆڭەكلەر (ئارستوكرات) تۇزۇمى بىلەن ئولىگارخ تۇزۇم ئوتتۇرىسىدىكى تۇزۇممۇ؟

گىلاۋكون: دەل شۇنداق.

سوقرات: ئۆزگىرىشقۇ ئەنە شۇنداق، ئەمما، ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ ئۇ تۇزۇم ئولىگارخىزم بىلەن ئارستوكراتىزم ئوتتۇرىسىدىكى تۇزۇم بولغان ئىكەن، بەزى ئىشلاردا ئارستوكراتىزمچە ئىش تۇتىدۇ، يەنە بەزى ئىشلاردا ئولىگارخىزمچە ئىش تۇتىدۇ. بەزى تەرەپلەردە بولسا ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇ ھۆكۈمدارلارغا چوقۇنۇش، ئەسكەرلەرنى دېھقانچىلىق، قول سانائەت ۋە سودا ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماسلىق، ھۆكۈمرانلىق ۋە ئەسكەرلەرنى ھۆكۈمەت تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلىش، ھۆكۈمرانلارنى چېنىقتۇرۇش، مۇسابىقە ۋە ئۇرۇشلارغا ئۆمۈرلۈك ئىشتىراك قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئارستوكرات (ئاقسۆڭەكلىك) تۇزۇمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئارستوكراتلار دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى پاراسەتلىك ئادەملەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ (ئەسلىدىكى دانىشمەنلەر ساپ ۋە ساداقەتمەن بولماي قېلىپ، پەزىلەتنى مۇجەمەللەشتۈرۈپ كەتكەن) ساپ ۋە قەيسەر ئادەملەرگە ھاكىمىيەتنى تاپشۇرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر تىنچلىققا ئەمەس، ئۇرۇشقا ماس كېلىدۇ، ئۇلار تاكتىكا ۋە ئىستراتېگىيەنى چوڭ بىلىپ، نۇرغۇن ۋاقتى ئۇرۇش ئىشلىرى

بىلەن ئۆتىدۇ. بۇ ھال ئارستوكرات ھاكىمىيەتنىڭ گەۋدىلىك خۇ-سۇسىيىتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بۇنداق ھۆكۈمرانلار بايلىققا چوقۇنىدۇ، بۇ جەھەتتە ئۇلار ئولىگارخ تۈزۈمدىكى ھۆكۈمرانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە ھېرىسمەن بولۇپ، مەخپىي خەزىنىلەرنى قۇرىدۇ، خانىدانلىرى ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان بولىدۇ. ئۇلار خۇسۇسىي سارايلىرىدا بايلىقلىرىنى خەجلىشىپ، دوستلىرى ۋە ئاياللىرى بىلەن ئىشرەت قىلىشىدۇ.

گىلاۋكون: دەل شۇنداق.

سوقرات: ئۇلار پۇل تېپىشنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە بۇ ئىشنى خۇ-پىيانە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ پۇلىنى خەجلەشتە ناھايىتى پىخسىق بولۇپ، ئارزۇلىرىنى باشقىلارنىڭ پۇلى بىلەن قاندۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ھەقىقىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلاھەسىنى، پەلسەپە ۋە ئىدراك ساھىبلىرىنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ، ھە دېسىلا تەنتەربىيەگە كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇزىكا تەربىيەسىنى تەرك ئېتىدۇ ئۇ-نىڭ ئۈستىگە ئۇلار قايىل قىلىش تېپىدىكى تەلىم ـ تەربىيەنى ئەمەس، مەجبۇرلاش تېپىدىكى تەربىيەنى يولغا قويىدۇ. خۇددى با-لىلار دادىسىنىڭ نازارىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك، ئۇلارمۇ قانۇن-نىڭ نازارىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ خۇپىيانە خۇشاللىق ئىزدەيدۇ.

گىلاۋكون: سەن ياخشى بىلەن يامان ئارىلىشىپ كەتكەن بىر سىياسىي تۈزۈمنى ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلەپ بەردىڭ.

سوقرات: شۇنداق، بەكلا مۇجمەل، بۇ تۈزۈمدە باتۇرلۇق ئاسا-سىي رول ئويناپ، غەلىبە ۋە شان ـ شەرەپ ئاساسىي مۇقامغا ئاي-لىنىپ قالىدۇ.

گىلاۋكون: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: تەپسىلىي سۈرەتلەپ يۈرۈشكە ھاجەت بولمىغاندا، بۇ تۈزۈمنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ماھىيىتىنى يۇقىرىقىدەك ئو-

مۇمكىن، بۇ ئادىل ۋە نائادىل ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە يېتەرلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل تۈزۈم ۋە خاراكتېردىكى ئادەملەرنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ ئۆتۈشنىڭمۇ ئورنى يوق.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: بۇ تۈزۈمگە قايسى خىل ئادەملەر ماس كېلىدۇ؟ بۇ ئادەملەر قانداق بارلىققا كېلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى قانداق بولىدۇ؟

ئادىمانتوس: مېنىڭچە، بۇ ئادەملەرنىڭ زەپەرخۇمارلىقى گىلاۋكونغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

سوقرات: بەلكىم، شۇنداقتۇ، بەلكىم، تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئوخشىمايدۇ، دەپ قارايمەن.

ئادىمانتوس: قايسى جەھەتلەردە؟

سوقرات: ئۇلار ئۆزىگە ئىنتايىن ئىشىنىدۇ، ئەمما، ئۇلاردا مەدەنىيەت كەم. ئۆزلىرى ناتىق بولمىسىمۇ، مەدەنىيەت ۋە نۇتۇقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار قۇللار ئالدىدا تەربىيە كۆرگەنلەرگە خاس سالاپەت بىلەن تۇرماستىن، قاتتىق قۇللۇق قىلىشىدۇ، ئۇلار ھۆر ئادەملەرگە يۇمشاق، مەنسەپدارلارغا تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار ھوقۇق ۋە شان ـ شەرەپنى سۆيىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالىي نىشانىغا سۆز ـ تەكەللۇپ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئەمەس ئۇرۇشتىكى تۆھپىلىرى ۋە ھەربىي ساپاسى بىلەن يېتەكچى بولۇشىدۇ، ئۇلار چېنىقىش ۋە ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق، بۇلار شۇ تۈزۈمگە ماس كېلىدىغان ئادەتلەر.

سوقرات: ئۇلار ياشلىقىدا مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن بولمىسىمۇ ياشانغانسېرى بايلىققا ئامراقلىشىپ كېتىدۇ. يۈرىكى بايلىقنى تونۇپ، ئەڭ ياخشى كاپالەتنى يوقىتىدۇ، ياخشىلىقنى تونۇيدىغان يۇ-

رىكىمۇ قالماي قالىدۇ.

ئادىمانتوس: ئەڭ ياخشى كاپالەت دېگىنىڭ نېمە؟

سوقرات: ئۇ مۇزىكا بىلەن بىرلەشكەن ئەقىل، مانا بۇ بىر ئۇ-مۇرلۇك پەزىلەتنىڭ ئىچكى كاپالىتى بولۇپ، ئۇ پەزىلەتلىك قەلبتە مەۋجۇت بولىدۇ.

ئادىمانتوس: قالتىس گەپ بولدى.

سوقرات: شەرەپنى سۆيىدىغان دۆلەتنىڭ شەرەپنى سۆيىدىغان ياشلىرىنىڭ خاراكتېرى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

ئادىمانتوس: تامامەن توغرا.

سوقرات: بۇ خىل خاراكتېر تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا كېلىپ چىقىدۇ: بىر ياش بار، ئۇنىڭ دادىسى ياخشى بولۇپ، سىياسىي ۋە-زىيىتى مالىمان بىر دۆلەتتە ياشايدۇ، بۇ ئادەم ھوقۇق ۋە شان ـ شەرەپنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ، ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ يۈرۈش-نىمۇ ياقتۇرمايدۇ، ئاۋارىچىلىك تېپىۋالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بەزى ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار تۇرىدۇ.

ئادىمانتوس: ئەمىسە، ئۇنىڭ ئوغلى قانداقسىگە شەرەپنى سۆيە-دىغان بولۇپ قالغان؟

سوقرات: ئۇنىڭ ئانىسى ئېرىنىڭ ھۆكۈمدار بولمىغانلىقى تۈ-پەيلى ئۆزىنىڭ باشقا ئاياللار تەرىپىدىن كەمسىتىلگەنلىكىدىن قاقشايتتى، ئۇ يەنە ئېرىم پۇل تېپىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئەرزىيەت ئىشلىرى ۋە ئاممىۋى يىغىلىشلاردا باشقىلار بىلەن تالىشىپ يۈر-مەيدۇ، ھەم بۇنداق ئىشلارنى مەنسىتمەيدۇ، ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ روھىي تەربىيەلىنىشىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مېنى ئۇنتۇپ كېتىد-دۇ، دەپ ئوغلىغا شىكايەت قىلىپ بېرەتتى. ئۇ يەنە ئېرىمنىڭ ئەركەكچىلىكى يوق ھۇرۇن، دەپ كوتۇلدايتتى.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق قىلاتتى.

سوقرات: سەنمۇ بىلىسەن، بۇنداق ئائىلىنىڭ خىزمەتكارلىرى كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ساداقەتمەندەك قىلىسىمۇ غوجايىنىنىڭ كەي-

نىدىن ئوغلىغا شىكايەت قىلىپ، گەپ ئۆگىتىدۇ، خىزمەتچىلەر غوجايىنىنىڭ قەرزدارلار ياكى ئۆكتەملەرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلمىغىنىنى كۆرگەندە، غوجايىنىنىڭ ئوغلىغا چوڭ بولغاندا ئا- شۇنداق ئادەملەردىن ھېساب ئېلىپ، ئوغۇل بالىدەك ئادەم بولۇشقا كۈشكۈرتۈشىدۇ، ئوغۇلنىڭ سىرتقا چىققاندا ئاڭلىغان - كۆرگەن- لىرى ئاساسەن شۇنداق گەپلەر بولىدۇ. قانائەتچان ئادەملەر كۆپ چاغلاردا كۆزگە ئىلىنماي، ھاماقەت دەپ قارىلىدۇ، ئەكسىچە، ھەم- مە ئىشلارغا چېپىلىپ يۈرىدىغان ئادەملەر كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا يۈز تاپىدۇ، بۇ ئوغۇلنىڭ سىرتلاردىن ئاڭلىغان - بىلگەنلىرى ئەنە شۇنداق گەپ - سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى بىلەن تامامەن ئەكسىچە ئىدى. ئىككى خىل تەسىر ئۇ بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا كۈرەش قىلاتتى. بىر تەرەپتىن دادىسى ئۇنىڭ روھىنى ئەقلىي جەھەتتىن پەرۋىش قىلاتتى. يەنە بىر تەرەپ- تىن سىرتقى تەسىر ئۇ بالىدا ھەرخىل ھەۋەسلەرنى ئويغىتاتتى. ئۇ بالىنىڭ تەبىئىتى ناچار بولمىغاچقا، باشقىلار بىلەن ئۇچراش- قاندىكى يامان تەسىرلەر ئۇنى ئىلمان بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ، زە- پەرخۇمارلىق ۋە ھاياجان ئارىسىدا قېلىپ ئاخىرى مەنمەنچى، شۆھرەتپەرەس بولۇپ كېتىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇخىل ئادەملەرنىڭ كېلىپچىقىش ئارقا كۆرۈنۈ- شىنى ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلەپ بەردىڭ.

سوقرات: شۇنداق قىلىپ ئىككىنچى خىل دۆلەت تۈزۈمى ۋە شەخسىي ھەققىدىكى تەنقىدلىرىمىز تامام بولدى.

ئادىمانتوس: شۇنداق بولدى.

سوقرات: ئەمدى بىز ئەسكىلىس ئېيتقاندەك، باشقا بىر دۆلەت ۋە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئادەملەر ھەققىدە سۆزلىشەمدۇق ياكى ئۆزىمىزنىڭ پىلانى بويىچە ئاۋۋال دۆلەت، ئاندىن شەخس ھەققىدە توختىلامدۇق؟

ئادىمانتوس: گەپنى دۆلەتتىن باشلايلى.

سوقرات: ئۇچىنچى خىل دۆلەت تۈزۈمى ئولىگارخ تۈزۈمىدۇر.

ئادىمانتوس: ئولىگارخ تۈزۈم دېگىنىڭ قانداق تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ؟

سوقرات: بۇ تۈزۈم تامامەن مۈلكىي سالاھىيەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، سىياسىي ھوقۇق كەمبەغەللەرنىڭ قولىدا ئەمەس بايلارنىڭ قولىدا بولىدۇ.

ئادىمانتوس: چۈشىنىشلىك بولدى.

سوقرات: بىز ئەمدى ئولىگارخ ھاكىمىيەتنىڭ دېموكراتىيەسى (شەرەپدارلار) ھاكىمىيەتتىن قانداق ئاجرىلىپ چىقىشى ھەققىدە سۆزلەيلى.

ئادىمانتوس: بولىدۇ.

سوقرات: راستىنى دېگەندە، بۇ جەريان ئەماغىمۇ روشەن جەريان.

ئادىمانتوس: قانداقسىگە؟

سوقرات: شەخسىنىڭ قولىدىكى بايلىق دېموكراتىيەسى (شەرەپدارلار) ھاكىمىيەتنى ۋەيران قىلىدۇ. پۇلدارلار خالىغىنىچە بۇزۇپ - چېچىپ قانۇنغا مۇخالىپ ھالدا ئەسكىلىكلەرنى قىلىشىدۇ، ئەرلەرمۇ شۇ، ئاياللارمۇ شۇ.

ئادىمانتوس: مۇمكىن.

سوقرات: ئۇلار بىر - بىرىنى دوراپ، بۇزۇقچىلىق ئورتاق كەيپىياتقا ئايلىنىدۇ.

ئادىمانتوس: مۇمكىن.

سوقرات: ئەھۋال شۇ بويىچە داۋام قىلىپ، بېيىغانلارنىڭ تېخىمۇ بېيىغۇسى كېلىدۇ، پۇلى كۆپەيگەنسېرى ئەخلاق - پەزىلەتنى كۆزگە ئىلغۇسى كەلمەيدۇ. خۇددى تارازىنىڭ بىر تەرىپى كۆتۈرۈلسە، يەنە بىر تەرىپى پەسلىگەندەك پۇل بىلەن ئەخلاق ھەمىشە قارىمۇقارشى ھالەتتە تۇرىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۆلەتتە پۇل ۋە پۇلدارلار ئېتىبارغا ئېرىشىپ، پەزىلەت ۋە پازىللار كۆزگە ئىلىنمايدىغان بولدى.

ئادىمانتوس: ئېنىقلا شۇنداق.

سوقرات: ئەل ئۇستۇن كۆرۈنگەنگە يېپىشىدۇ، ئېتىبارسىز كۆرۈنگەننى تاشلايدۇ.

ئادىمانتوس: ئومۇمەن شۇنداق.

سوقرات: نەتىجىدە غەلىبە ۋە شەرەپ كويىدا يۈرىدىغان ئادەملەر پۇل كويىدىكى ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ، بۇنداق ئەلدە بايلار مەدھىيىلىنىدۇ، ھوقۇق بايلاردا بولىدۇ، نامراتلار كەمسىتىشكە ئۇچرايدۇ.

ئادىمانتوس: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: ئۇلار قانۇن تۈزۈپ، ئولىگارخ ھاكىمىيەتنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىپ چىقىدۇ، بايلىق سانىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىنى تۇرغۇزىدۇ، ئولىگارخلىق دەرىجىسى يۇقىرى جايلاردا بۇ سان چوڭراق بولىدۇ. تۆۋەن جايلاردا كىچىكرەك بولىدۇ. قانۇن بويىچە، بايلىق مىقدارى ئۆلچەمگە يەتمىگەن ئادەملەر سايلامغا قاتنىشالمايدۇ، بۇنداق قانۇن قورال كۈچى ئارقىلىق يولغا قويۇلىدۇ ياكى قورقۇتۇش ئارقىلىق ھۆكۈمەت قۇرىدۇ. سىنىڭچە، ئولىگارخ تۈزۈم ئەنە شۇنداق كېلىپ چىققانمۇ؟

ئادىمانتوس: ھەئە، شۇنداق.

سوقرات: دېمەك، ئولىگارخ تۈزۈمىنىڭ روياپقا چىقىشى ئەنە شۇنداق.

ئادىمانتوس: بۇ تۈزۈمنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى ۋە ئىللەتلىرى بار؟

سوقرات: مەسىلە ئالدى بىلەن تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۆلچەمدە ئاشكارىلىنىدۇ. بىر كاپىتاننىڭ سايلاپ چىقىلىشى ئۇنىڭدىكى بايلىقنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەم قىلسا، دېڭىز بىلىمى مول بىر نامرات كىشى ھەرگىزمۇ سايلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنداقتا، كىمنىڭ سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ؟

سوقرات: رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ زاكونى يۇقىرى مىسال بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: مېنىڭچە، ئوخشاش.

سوقرات: بۇ زاكون سىياسىيغىمۇ چۈشەمدۇ؟

ئادىمانتوس: سىياسىي ئىشلاردا تېخىمۇ شۇنداق، چۈنكى سىياسىي رەھبەرلىك ئەڭ زور ۋە ئەڭ قىيىن رەھبەرلىكتۇر.

سوقرات: ئۆلىگارخ تۈزۈمىنىڭ بىر ئىللىتى ئەنە شۇ يەردە.

ئادىمانتوس: بۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: ئەمىسە تۆۋەندىكىسى ئىللەتنىڭ كىچىكىمۇ؟

ئادىمانتوس: قايسى ئىللەت؟

سوقرات: بۇنداق دۆلەت ئەمەلىيەتتە ئىككى بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى بايلار دۆلىتى، يەنە بىرى نامراتلار دۆلىتى. بۇ ئىككى تەرەپ بىر يەردە تۇرۇپ، بىر - بىرىگە قارشى سۇيىقەستلەرنى پىلانلىشىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنىسى راست، ئۇنى ھەرگىز كىچىك ئىللەت دېگىلى بولمايدۇ.

سوقرات: بۇنداق تۈزۈم ئاستىدا، دۆلەت ئۇرۇش قىلالمايدۇ، مانا بۇ تۈزۈمنىڭ يەنە بىر ئىللىتى، ئاز ساندىكى ھۆكۈمرانلار ئۇرۇش قىلىمەن دېسە، خەلقنى قوراللاندۇرۇشى كېرەك. ئەمما، خەلقنى قوراللاندۇراي دېسە، خەلقتىن قورقىدۇ، خەلقنى قوراللاندۇرماي، ئۆزى ئۇرۇش قىلىمەن دەيدىكەن ئۆزلىرىنىڭ ئاز ۋە ئەرزىمەسلىكىنى بايقايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئاچ كۆز ۋە بېخىل بولۇپ، ياللانما ئەسكەرلەر ئۈچۈن پۇل خەجلەشنى خالىمايدۇ.

ئادىمانتوس: نېمىدېگەن رەزىل ئىللەت!

سوقرات: يەنە بىر ئەھۋال باركى، بىر ئادەمنىڭ ئۆزى دېھقانچىلىق، سودا ۋە ئەسكىرىي ئىشلاردىن ئىبارەت كۆپ خىل كەسىپنى قىلىدۇ. سەن بۇ ئەھۋالغا قانداق قارايسەن؟ بۇرۇن بىز بۇ

ئەھۋالنى ئەيىبلىگەن ئىدۇق. سەنچۇ؟ توغرا دەپ قارامسەن؟

ئادىمانتوس: توغرا دەپ قارىمايمەن.

سوقرات: بۇ ئەڭ چوڭ ئىللەتكە ئەڭ ئاۋۋال يول قويغان تۈزۈممۇ ـ ئەمەسمۇ، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا ئويلىشىپ كۆرەيلى.

ئادىمانتوس: ئەڭ چوڭ ئىللەت دېگىنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

سوقرات: ئۇ دەل بىر ئادەمنىڭ ئۆز مۈلكىنى سېتىۋېتىشكە ۋە باشقىلارنىڭ ئۇنى سېتىۋېلىشىغا يول قويۇشتۇر. ئۇ ھەممىنى سېتىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ شەھەر دۆلىتىدە تۇرۇۋېرىدۇ. ئەمما، ئۇ بۇ شەھەر دۆلىتىنىڭ بىرەر تەركىبىگە تەۋە بولمايدۇ. يەنى ئۇ سودىگەرمۇ ئەمەس، ئىشچىمۇ ئەمەس، ئاتلىق ئەسكەرمۇ ئەمەس، پىيادە ئەسكەرمۇ ئەمەس. پەقەت بىر نامرات ياكى بېقىندى.

ئادىمانتوس: شۇنداق، بۇ ئاشۇنداق ئەھۋال ئەڭ بالدۇر يۈز بەرگەن دۆلەت تۈزۈمى.

سوقرات: ئولىگارخ تۈزۈمىدە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قانۇن يوق. قانۇن بولغان بولسا، بەزىلەر پەۋقۇلئاددە باي، بەزىلەر پەۋقۇلئاددە كەمبەغەل بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

ئادىمانتوس: دۇرۇس.

سوقرات: دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا بار. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بايلىقىنى سەرپ قىلغاندا، ئۇنىڭ يۇقىرىقى تەرەپلەردە جەمئىيەتكە قانداق پايدىسى تېگىدۇ؟ قارىماققا ئۇ ھۆكۈمدارلار تەبىقىسىگە تەۋەدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھۆكۈمدار ھەم پۇقرامۇ ئەمەس، بەلكى، نوقۇل بىر ئىستېمالچىدۇر، شۇنداق دېسەك بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: قارىماققا كىمگە ئوخشىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ بىر ئىستېمالچى.

سوقرات: ئۇنى بىر ئەركەك ھەرىگە ئوخشاتساق قانداق؟ خۇددى ئەركەك ھەرە كۆنەكتە يېتىلىپ، ئاخىرى شۇ كۆنەككە زىيان يەت-

كۆزگەندەك ئۇمۇ دۆلەتتە چوڭ بولۇپ، دۆلەتكە زىيانكەش بولۇپ كېتىدۇ.

ئادىمانتوس: قاملاشقان ئوخشىتىش بولدى، سوقرات.

سوقرات: ئادىمانتوس، سەن مۇنۇ قاراشقا قوشۇلامسەن؟ ئۇ-چالايدىغان ئاشۇ ئەركەك ھەرىلەرنىڭ نەشتىرى يوق بولىدۇ. ئەمما، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەركەك ھەرىلەر باشقىچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نەشتەرلىك، بەزىلىرى نەشتەرسىز. ئۇلارنىڭ نەشتەر-سىزلىرى تىلەمچى بولۇپ كېتىدۇ. نەشتەرلىكلىرى لۈكچەك بولۇپ كېتىدۇ.

ئادىمانتوس: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: روشەنكى، قەيەردە تىلەمچى بولىدىكەن ئۇنىڭ ئەترا-پىدا يانچۇقچى، ئوغرى، بۇلاڭچى، قاراقچى دېگەندەك ئادەملەر بول-ماي قالمايدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: ئۇنداقتا، سەن ئولىگارخ تۈزۈمىدىكى دۆلەتتىمۇ تى-لەمچىنى كۆردۈڭمۇ؟

ئادىمانتوس: ھۆكۈمران تەبىقىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى تىلەمچىدەكلا تۇرىدۇ.

سوقرات: بۇ يەردە نۇرغۇن نەشتەرلىك ھەرە يەنى «جىنايەتچى-لەر» بولۇپ، ھۆكۈمرانلار ئۇلارنى قاتتىق كونترول ئىچىدە تۇتۇپ تۇرماقتا، دەپ ئويلىساق بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق ئويلىساق بولىدۇ؟

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز ئاشۇنداق ئەسكى پۇقرالارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ياخشى مائارىپ، ياخشى تەربىيە ۋە ياخشى سىياسىي تۈ-زۈم كاپالىتىنىڭ بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارىساق بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: تامامەن بولىدۇ.

سوقرات: ئولىگارخ تۈزۈم دېگەن ئومۇمەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

بايا دېيىلگەن ۋە دېيىلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئولىگارخ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ چوڭ ئىللەتلىرىدۇر.

ئادىمانتوس: دېمىشكە تېگىشلىكى دېيىلدى.

سوقرات: سىياسىي ھوقۇق پۇلنىڭ مىقدارى ئارقىلىق بەلگە-
نىلىدىغان ئولىگارخ تۈزۈم ھەققىدە مۇشۇنچىلىك دېيىشەيلى،
ئەمدى بىز ئاشۇ تۈزۈمنىڭ لايىقىدىكى شەخسلەرنىڭ خاراكتېرى
ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە گەپلىشەيلى.

ئادىمانتوس: بولىدۇ.

سوقرات: شەرەپخۇمار ئادەمنىڭ بايلىقخۇمار ئادەمگە ئايلىنىش جەريانى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

ئادىمانتوس: مەسىلەن؟

سوقرات: شۆھرەتپەرەس ھۆكۈمدارلارنىڭ بالىسى دادىسىنى دوراپ مېڭىپ، ئاخىر دادىسىنىڭ تامغا ئۇسكىنىنى كۆرىدۇ. دادى-
سى سىياسىي جەھەتتىن بۇرنىغا يەپ، جېنىدىن ھەم مېلىدىن ئاي-
رىلىدۇ، مەسىلەن، بىز ئۇنى بىر ھەربىي ئەمەلدار دەيلى، كېيىن ئۇ باشقىلارنىڭ چېقىمى بىلەن سوتقا تارتىلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ ياكى سۈرگۈن قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنداق ئېھتىماللىق يوق ئەمەس.

سوقرات: ئوغۇل بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن ۋە مال ـ مۈلۈكلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن توخۇ يۈرەك بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ-
نىڭ شەرەپ تۇيغۇسى ۋە زەپەر خۇمارىدا تەۋرىنىش بولىدۇ. نامرات-
لىق جېنىدىن ئۆتكەن بۇ بالا جان ـ جەھلى بىلەن پۇل تېپىش كويىغا چۈشۈپ، ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق ۋە قاتتىق مېھنەت بىلەن مال ـ دۇنيا يىغىدۇ. سىنىڭچە، بۇنداق ئادەم نەپس ۋە بايلىقنى مۇقەددەس مىزان قىلىپ، بۇ مىزانغا كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن بې-
رىپ، زەرتاج قىلىپ بېشىغا كىيەمسمۇ؟ پارس شەمشىرى قىلىپ بېلىگە ئاسامسمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق قىلىشى تۇرغان گەپ.

سوقرات: ئۇنداق مىزان ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەندە، ئەقىل بىلەن ھېسسىيات قولغا ئايلىنىدۇ، ئۇ ھالدا ئەقىلنىڭ رولى پۈتۈن تېپىش ۋە ئۇنى ھېسابلاش ئۈچۈنلا بولىدۇ. ھېسسىيات باياللار ۋە بايلىقنى قەدىرلەش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ. بايلىق ۋە بېيىش يولى ئەڭ ئالىي شەرەپ بولۇپ قالىدۇ.

ئادىمانتوس: بىر غالىبىيەتخۇمار ياشتىن پۇلخۇمار ياشقا ئۆز-گىرىشتە بۇنىڭدىنمۇ كەسكىن، بۇنىڭدىن تېز يول بولماس.

سوقرات: بۇ ياش دەل ئاشۇ ئولىگارخ سىياسىي تۈزۈم تىپىدىكى ئادەم ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: ئومۇمەن بۇ ياش ئولىگارخ سىياسىي تۈزۈمنى ئا-يرىدە قىلغان تۈزۈمگە لايىقلاشقان ئادەمدىن كېلىپ چىققان.

سوقرات: ئەمدى بىز ئادەم بىلەن تۈزۈمنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ باقايلى.

ئادىمانتوس: شۇنداق قىلايلى.

سوقرات: تۈزۈم بىلەن ئادەمنىڭ بىرىنچى ئوخشاش تەرىپى پۇلغا چوقۇنۇش.

ئادىمانتوس: دەرۋەقە، شۇنداق.

سوقرات: تۈزۈم بىلەن ئادەمنىڭ ئىككىنچى ئوخشاش تەرىپى شۇكى، ئۇلار تېجەش ۋە قاتتىق ئەمگەك. ئۇلار تۇپ ئېھتىياجنى قامداپ، باشقا تەرەپلەرگە سەرپ قىلىشنى خالىمايدۇ. باشقا ھەۋەس-لەرنى پايدىسىز دەپ قاراپ تىزگىنلەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: دەل شۇنداق.

سوقرات: سۆڭەكتىن ياغ چىقىرىش ۋە پۇل توپلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر تىپى ئولىگارخ تۈزۈم تەرىپىدىن ئەڭ ماختىـ-لىدۇ، دەپ قارىساق بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: قوشۇلىمەن. بۇنداق تۈزۈمدە دۆلەت بىلەن شەخس پەقەت بايلىققىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

سوقرات: مېنىڭچە، بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ۋاقىت چىقارمايدۇ.

ئادىمانتوس: مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. ئۇنداق بولمىسا بىر ئەما ئادەم باش قەھرىمان بولۇپ، ئالىي شان ـ شەرەپكە ئېرىشەرمۇ؟①

سوقرات: ياخشى گەپ بولدى. ئەمما، ئۇلار تەربىيە كۆرمىگەچكە، ۋۇجۇدلىرىدا ئەركەك ھەرە ئىستىكى بىخلىنىپ، قەلەندەر ياكى لۈكچەككە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىش ئارقىلىق ھەۋەسلىرىنى تىزگىنلەيدۇ، دېسەك بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: بولىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، سەن ئۇلارنىڭ لۈكچەك خاراكتېرىنى قايسى تەرەپلەردىن كۆردۈڭ؟

ئادىمانتوس: ئۆزۈڭ بىر دەپ باققىنە.

سوقرات: يېتىم بالىلارنى بېقىش ۋە كۆكەمىلەرنى جازالىماسلىق قاتارلىق تەرەپلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: شۇنى دېيىش كېرەككى، بېرىش ـ كېلىش ۋە ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا ئۇلار نامى يوللۇق بولۇپ قېلىشىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياخشى تەرەپلەر يامان تەرەپلەرنى كەسكەن. ئۇلارنىڭ يامان تەرىپى نەسىھەت ۋە قايىل قىلىش ئارقىلىق كېسىلگەن بولماستىن، بەلكى، مەجبۇرلاش ياكى قورقۇتۇش، مال ـ مۈلۈكلىرى تۈپەيلى پەخەس بولۇش ئارقىلىق باستۇرۇلغان.

ئادىمانتوس: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: راستىنى ئېيتقاندا، قەدىرلىك دوستۇم، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى باشقىلارنىڭ پۇلىنى خەجلەيدىغان پۇرسەتكە ئېرىشكەندە، ئەركەك ھەرىگە ئوخشاش نەپسى يوغىناپ كېتىدۇ.

ئادىمانتوس: دەرھەقىقەت.

---

① قەدىمكى گىرېك رىۋايەتلىرىدە بايلىق ئىلاھى ئەما ئىمىش. ئارستوفاننىڭ «بايلىق ئىلاھى» دېگەن دىرامىسىدا ئەنە شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ.

سوقرات: دېمەك، بۇنداق ئادەملەر ئىچكى زىددىيەتتىن قۇتۇلالماي ئۆتىدۇ. ئۇنى بىر ئادەم دېگەندىن كۆرە قارىمۇقارشى خاراكتېردىكى ئىككى ئادەم دېگەن توزۇك. كۆپ ھاللاردا، ئۇنىڭ ئەزگۇ تەلەپلىرى ئۇنىڭ بەتخوي تەلەپلىرىنى بېسىپ تۇرىدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: بەلكىم، بۇنداق ئادەملەر يۈز ـ ئابرۇيى تېپىشى مۇمكىندۇ، لېكىن، قەلب بىلەن بىردەك بولغان ھەقىقىي ياخشىلىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تېپىلمايدۇ، ئۇ بۇنىڭدىن خېلىلا يىراق تۇرىدۇ.

ئادىمانتوس: مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

سوقرات: ئۇنىڭ ئۈستىگە بېخىل ئادەملەر شەھەر دۆلىتىدە ھەمىشە زەئىپ رىقابەتكە تۇتۇلۇپ قېلىپ، زەپەر ۋە شان ـ شەرەپتىن مەھرۇم بولىدۇ، ئۇ نام ـ شەرىپى ئۈچۈن پۇل خەجلەشتىن ئۆزىنى تارتىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئولىگارخ زامانىنىڭ ئادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئىمكانىيىتىنىڭ كىچىك بىر قىسمى بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، كۆپ چاغلاردا يېڭىلىشىدۇ، بايلىقى بولسا تېجىلىپ قالىدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: پۇلنىلا ئويلايدىغان بېخىل ئادەم بىلەن ئولىگارخ ھاكىمىيەتنىڭ شۇقەدەر بىردەك ئىكەنلىكىگە گۇمان قالدىمۇ؟

ئادىمانتوس: قىلچە شەك يوق.

سوقرات: ئەمدى بىز ئاۋامىي ھاكىمىيەت (دېموكراتىيە) نىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئىنچىكىلەيمىز؛ ئاندىن ئۇنىڭ شەخس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىمىز. ئاخىرىدا دېموكراتىيەگە ماس كېلىدىغان ئادەملەر بىلەن باشقا تۈردىكى ئادەملەرنى سېلىشتۇرۇپ، يەكۈن چىقىرىمىز.

ئادىمانتوس: بۇ باش ـ ئاخىرى ئىزچىل بولغان تەتقىقات پىروگراممىسى بولىدى.

سوقرات: ئولىگارخ تۈزۈمدىن دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆتۈش ئەڭ

چوڭ بايلىقنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن قوغلىشىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشامدۇ؟

ئادىمانتوس: تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن بولساڭ.

سوقرات: ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئورنىنى بايلىققا تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن ئىكەن، ياشلارنىڭ مىراسلارنى بۇزۇپ چېچىشىنى قانۇن ئارقىلىق توسۇشنى خالىمايدۇ. ئۇلار بۇ ئاق ناد-چىلارنى قەرز بىلەن تەمىنلەيدۇ، ماللىرىنى گۆرۈگە قويغۇزىدۇ يا-كى ئۇلارنىڭ مۈلكىنى سېتىۋالىدۇ ــ دە، ئۆزلىرى تېخىمۇ بې-يىپ، تەسىر دائىرىسى ۋە شۆھرىتى كېڭىيىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: بايلىققا چوقۇنۇش بىلەن ئاددىي ــ ساددىلىق بىرگە مەۋجۇت بولالمايدۇ، ئىككىسىدىن بىرى يوقىلىشى كېرەك. بۇ ھەممىگە ئايان بىر ئەقەللىي ساۋات.

ئادىمانتوس: ئۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ.

سوقرات: ئۆزىنى باسالماسلىق، پۇلغا چوقۇنۇش، ئىسراپخورلۇق قاتارلىقلار ئولىگارخ تۈزۈمدىكى ھورۇن ۋە تىزگىنسىز بايلارنىڭ ئەۋلادىنى مۈلۈكسىز نامراتلارغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئادىمانتوس: توغرا، ھامان شۇنداق بولۇپ كېتىدۇ.

سوقرات: شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر قەرزگە بوغۇلىدۇ، بەزىلەر پۇقرالىق شەرەپلىرى ۋە ھەقلىرىنى يوقىتىدۇ، بەزىلەر ھەر ئىك-كىسىنى يوقىتىدۇ، نەتىجىدە ئۇلار نەشتەرلىك ھەرىدەك قورالل-نىپ، ئۆزىنىڭ مال ــ مۈلۈكلىرىنى يۇتۇۋالغان بايلاردىن نەپرەت-لىنىپ، ئىنقىلاب قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئەمما، پۇل ئۈچۈنلا ياشايدىغان، مەنپەئەتتىن باشقىنى تونۇمايدىغان بۇ ئادەملەر نامراتلارغا پەرۋا قىلماي، قاپقانلىرىنى قۇرۇپ، داۋاملىق ئولجا ئىزدەيدۇ، داۋاملىق سۈتخورلۇق قىلىدۇ. بۇ ھال شەھەر دۆلىتىدىكى چاققاق ھەرىلەر بىلەن تىلەمچىلەرنى

كۇنسايىن كۆپەيتىۋېتىدۇ.

ئادىمانتوس: ئاقىۋەتتە شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: بۇنداق يامان ئوت ئۇلغايغاندىن كېيىنمۇ، مۇلۇكلەرنى خالىغانچە سەرپ قىلىشنى چەكلەيدىغان بىرەر قانۇن ياكى باشقا پەرمانلار ئارقىلىق، بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈشنى ئويلىمايدۇ.

ئادىمانتوس: قانداق قانۇننى دەيسەن؟

سوقرات: بۇ ئەڭ ياخشى قانۇن بولمىغاندىمۇ، ھەرھالدا بولىدىغان قانۇن بولۇپ، كىشىلەرنى ئەخلاققا ئېتىبار بېرىشكە رىغبەتلەندۇرىدۇ. ئەگەر قانۇندا توختام تۈزگۈچىلەر زىيانلىق تەرەپلەرگىمۇ ئۆزلىرى مەسئۇل، دەپ بېكىتىلسە، دۆلەتتە پۇل ئۈچۈن يۈز بېرىدىغان يۈزسىزلىكمۇ ئازايغان بولاتتى. بىز يۇقىرىدا دېگەن قاباھەتلەرمۇ كېمىيەتتى.

ئادىمانتوس: راست، شۇنداق بولاتتى.

سوقرات: ئولىگارخ دۆلەتتە، ھۆكۈمرانلار خەلقنى ئوت بىلەن سۇدا قويۇپ، ئۆزلىرى راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ھەشەمەتچى، ھورۇن، بىپەرۋا، مۇشەققەت ۋە ھالاۋەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدىغان لەقۋالاردىن بولۇپ چىقامدۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇنىڭدا گەپ يوق.

سوقرات: ئۇلار پۇل يىغىشتىنلا ئادەت قىلغاچقا، خۇددى يوقسۇللار كەبى ئەخلاق دېگەن ئۇقۇم خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇلار ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ھۆكۈمدارلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلار ھەربىي يۈرۈشلەردە، ساياھەتتە، تۈرلۈك ۋەزىپىلەردە، دىنىي مۇراسىملاردا، دېڭىز ياكى قۇرۇقلۇق قىسىملىرى بىلەن جەڭگە قاتناشقاندا، جەڭگاھلاردا دۈشمەننى ئۆلتۈرگەندە، يوقسۇللار بايلار تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان مۇنداق ئەھۋاللارمۇ بار، ئورۇق ۋە

بېجىرىم كەلگەن، رەڭگىرويى قارىداپ كەتكەن يوقسۇل كىشى، سەمرىپ ئاقىرىپ كەتكەن باينىڭ يېنىدا تۇرغاندا، باينىڭ بولۇمسىز هالەتتە پۇشۇلداپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. دەل بۇ چاغدا ئۇ بىز نامراتلار قورقۇنچاق بولغاچقىلا، بايلار ئۆزىنىڭ مۈلكىنى قوغداپ قالالايدىكەن، دەپ ئويلايدۇ، نامراتلارنىڭ بىر نەچچىسى بىر يەرگە كېلىشكەندە، بايلارمۇ چاغلىق خەقكەن، دەپ كۈسۈرلىشىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنىسى ماڭا ئايان.

سوقرات: زەئىپ بەدەنگە بىرلا شامال تەگسە، ھەتتا، شامال تەگمىسىمۇ خەستىلىك يەتكەندەك، دۆلەتمۇ بىرەر باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئۆزگىرىشكە گىرىپتار بولىدۇ. ۋاقتى كەلسە بىر گۇرۇھ ئادەملەر ئولىگارخ دۆلەتتىن ئىتتىپاقداش ئىزدەيدۇ. يەنە بىر گۇرۇھ ئادەملەر دېموكراتىك دۆلەتتىن ئىتتىپاقداش ئىزدەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۆلەت ئىچكى نىزاغا تولىدۇ، بەزىدە ھەتتا، سىرتقى كۈچ قول تىقمىسىمۇ گۇرۇھلار ماجىراسى پارتلايدۇ.

ئادىمانتوس: راست شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە يوقسۇللار غەلىبە قىلسا، دۈشمەن تەرەپنىڭ بەزى ئادەملىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، بەزىلىرىنى سۈرگۈن قىلىدۇ. قالغان پۇقرالار باراۋەر پۇقرالىق هوقۇقى ۋە سايلىنىش هوقۇقىغا ئېرىشىدۇ. ھۆكۈمدارلار چەك تاشلاش ئارقىلىق سايلاپ چىقىلىدۇ. بىر دېموكراتىك تۈزۈم ئەنە شۇنداق بارلىققا كېلىدۇ.

ئادىمانتوس: توغرا، مانا بۇ دېموكراتىك تۈزۈمدۇر، ئۇ مەيلى قورال كۈچى بىلەن، مەيلى قورقۇتۇش ۋاسىتىسى بىلەن قۇرۇلسۇن ئاخىرقى نەتىجىدە، رەقىب گۇرۇھ چېكىنىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، دېموكراتىك تۈزۈمدىكى خەلق قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، بۇ تۈزۈمنىڭ خاراكتېرى نېمە؟ دېموكراتىك تۈزۈمگە لايىق ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ تەبىئىي هالدا دېموكراتىك كېلىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇ تەبىئىي.

سوقرات: ئالدى بىلەن كىشىلەر ئەركىن بولىدۇ. دۆلەت پائالىيىتى ئەركىنلىكى ۋە سۆز ئەركىنلىكى بىلەن تولغان بولىدۇ. كىشىلەر خالىغىنىنى قىلالايدۇ. شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق ئىمىش.

سوقرات: كىشىلەر خالىغىنىنى قىلالىغان ئىكەن، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش پىلانى بولىدۇ، قانداق ياشىغۇسى كەلسە شۇنداق ياشايدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەلدە كۆپ خىل خاراكتېر تىپى مەۋجۇت بولالايدۇ.

ئادىمانتوس: مۇقەررەر.

سوقرات: مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە مەۋجۇت بولىدىغان سىياسىي تۈزۈم بولۇپ، ئادەملەر خىلمۇخىل ۋە رەڭگارەڭ، گۈزەل كۆرۈنىدۇ، خۇددى ئاياللار ۋە بالىلار رەڭدار نەرسىلەرنى گۈزەل دېگەندەك، ئاددىي كىشىلەرمۇ خاراكتېر ئەركىنلىكى بار جەمئىيەتنى گۈزەل، دەپ قارايدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، دوستۇم، دېموكراتىك ئەل تۈزۈم ئىزدەشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان جاي.

ئادىمانتوس: نېمىشقا شۇنداق دېيىلىدۇ؟

سوقرات: چۈنكى، بۇ يەر ئەڭ كەڭ مەنىدىكى ئەركىنلىكنى سىغدۇرالايدۇ، شۇڭا، ئۇ ھەرقانداق تىپتىكى تۈزۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، دۆلەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم، بايا ئېيتقىنىمىزدەك، دېموكراتىك ئەلگە بېرىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئەندىزىنى تېپىپ، بېكىتسە بولىدۇ. بۇ بەئەينى بازاردىن خالىغان نەرسىنى ئىزدىگەندەك بىر ئىش.

ئادىمانتوس: قانداقلا بولمىسۇن، بۇ بازاردىن مۇۋاپىق نەرسىنى تاپماق تەس ئەمەس.

سوقرات: دېموكراتىك دۆلەتتە ھاكىمىيەت تۇتۇش سالاھىيىتىڭ بولۇپ تۇرۇقلۇق ھاكىمىيەت تۇتمىساڭمۇ بولىدۇ، بىرەر پەرمانغا ئەمەل قىلغۇڭ كەلمىسە، سېنى مەجبۇرلىمايدۇ. باشقىلار ئۇرۇش قىلسا، سەن قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. خالىساڭ باشقىلار تىنچلىق تەلەپ قىلغان ئەھۋالدا، سەن ئۇرۇشقا قاتناشساڭ بولىدۇ. بىرەر قانۇن سېنىڭ مەمۇرىي ياكى قانۇنىي ئورۇنغا چىقىشىڭغا توسالغۇ بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، سەن ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتىنى ھامان يارىتالايسەن. بۇ كىشىنى نەقەدەر خۇرسەن قىلىدىغان ئىش ـ ھە؟

ئادىمانتوس: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: كېسىم چىقىرىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ بىپەرۋا قىياپىتى كىشىنى خۇرسەن قىلماي قالامدۇ؟ كۆرگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن، دېموكراتىك دۆلەتتە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ياكى سۈرگۈن قىلىنغان ئادەملەر گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خەلق ئارىسىدا يۈرۈۋېرىدۇ، ئۇلار خۇددى ئەرۋاھلاردەك ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنداق ئەھۋاللارنى جىق كۆرگەنمەن.

سوقرات: ئىككىنچىدىن، دېموكراتىك تۈزۈم ئەپۇچان كېلىدۇ، ئۇ بىزنىڭ ئۇششاق تەلەپلىرىمىزگە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدۇ، غايىۋى جەمھۇرىيەت قۇرۇشقا ئائىت ئېلان قىلغان مۇنتىزىم پىرىنسىپلىرىمىزغا پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ. بىز باشتا ئالاھىدە تالانت ئىگىسى بولمىسا، ئەۋزەل مۇھىتتا ئويناپ چوڭ بولمىغان، ياخشى مۇھىتتا ئۆگىنىپ تەربىيە كۆرمىگەن بولسا پازىللاردىن بولالمايدۇ، دېگەن ئىدۇق. دېموكراتىك تۈزۈم كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق غايىلىرىگە يەڭگىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەرنىڭ بۇرۇن قانداقلىقى ۋە بۇرۇنقى ئەخلاقى بىلەن ھېسابلاشماي خەلققە بىلدۈرگەن ساداقەتمەنلىك ئىدىيەسى بىلەنلا ئۇلارنى ھۆرمەت ۋە شان ـ شەرەپتىن بەھرىمەن قىلىدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن ياخشى تۈزۈم ئىكەن!

سوقرات: مانا بۇلار دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرى. بۇ قارىماققا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، ھۆكۈمەتسىز ھالەتتىكى رەڭدار باشقۇرۇش شەكلى ئىدى. بۇ تۈزۈم كىشىلەرنىڭ ئەسلىدە باراۋەر بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ھېچنېمىنى پەرق. لەندۈرمەيلا ھەممىگە بىراقلا باراۋەرلىك بېرىدۇ.

ئادىمانتوس: گېپىڭ ناھايىتى چۈشىنىشلىك بولدى.

سوقرات: ئەمدى بىز دېموكراتىك تۈزۈمگە لايىق ئىنسان خاراكتېرى ئۈستىدە توختىلايلى، بىز ئالدى بىلەن بۇخىل ئادەم. لەرنىڭ كېلىپچىقىشىنى تەكشۈرۈپ باقامدۇق؟

ئادىمانتوس: شۇنداق قىلايلى.

سوقرات: مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاشۇ بېخىل ئولىگارخ سىياسەت. چىلەر پەرزەنتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىزنى بويىچە تەربىيەلەيدۇ، دەپ قارىساق بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: مۇمكىن.

سوقرات: بۇنداق ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ھەۋەسلىرىنى تىزگىنلەيـ. دۇ، پۇل كېتىدىغان، پۇل كەتمەيدىغان ھەرقانداق خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

ئادىمانتوس: راست، شۇنداق قىلىشىدۇ.

سوقرات: بىز بىھۇدە ئاۋارىچىلىكنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن ۋە گېپىمىزنىڭ چۈشىنىكسىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئارزۇ ھەققىدە، يەنى كېرەكلىك ئارزۇ ۋە كېرەكسىز ئارزۇ ھەققىدە ئې. نىقلىما بېرىپ ئۆتەيلى.

ئادىمانتوس: شۇنداق قىلىش زۆرۈر.

سوقرات: بىز ئۆزىمىزنى تارتىپ بولالمايدىغان ئارزۇلارنى كې. رەكلىك ئارزۇ دېسەك بولىدۇ. يەنە شۇنداق ئارزۇلارمۇ باركى، ئۇنى قاندۇرۇش بىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولىدۇ، ئۇلارنىمۇ كېرەكلىك ئارزۇ دېسەك بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئارزۇ بىزنىڭ تەبىئىتىمىز ـ دىن كەلگەن شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئەمىسە، «كېرەكلىك» دېگەن سۆپەتنى بىمالال قوللانساق بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: بولىدۇ.

سوقرات: بەزى ئارزۇلارنى كىچىككىمىزدىن باشلاپ ئېھتىيات قىلساق تەرك ئېتەلەيمىز. بۇنداق ئارزۇ مەۋجۇتلا بولىدىكەن، پايدىسى يوقتۇركى، زىيىنى بار بولىدۇ. بىز بۇنداق ئارزۇلارنى «كېرەكسىز» ئارزۇلار دېسەك بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: بولىدۇ.

سوقرات: بىز ھەر بىرىنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرەيلى.

ئادىمانتوس: شۇنداق قىلايلى.

سوقرات: ساغلاملىق ۋە قۇۋۋەت ئۈچۈن گۆش ۋە نان تەلەپ قىلىش زۆرۈرىيەتكە كىرەمدۇ؟

ئادىمانتوس: كىرىدۇ.

سوقرات: تاماقلىنىش ئىككى جەھەتتىن پايدىلىق، بىرى، ئوزۇقلۇق بەرگەنلىكى ئۈچۈن، يەنە، بىرى ئۇنىڭسىز ياشىغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: گۆش يېيىش بەدەننى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن زۆرۈر.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەن ئارزۇلار، بالىلىقتا تۈزەتكىلى بولىدىغان ئارزۇلار، جىسمانىيەتكە زىيانلىق ئارزۇلار، مەنىۋىيەت ۋە ئەقىلنى زەئىپلەشتۈرىدىغان ئارزۇلارنى كېرەكسىز ئارزۇ دېسەك بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: بەك ئېنىق بولدى.

سوقرات: ئاۋۋالقى ئارزۇلار (كېرەكلىك ئارزۇلار) پايدىلىق ئارزۇلار بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كېيىنكى تۈردىكى ئارزۇلار ئىسراپخورلۇقتۇر.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: شەھۋەت ۋە شۇنىڭدىن باشقا ئىستەكلەرنى كېيىنكى ئارزۇ ـ ئىستەكلەر تىپىغا كىرگۈزسەك بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: بولىدۇ.

سوقرات: بىز قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئەركەك ھەرە تىپىدىكى ئادەملەر ئىشرەت ھېرىسلىرى بىلەن تولغاندۇر، ئۇلار زۆرۈرىيەتسىز ئارزۇلارنىڭ يېتەكلىشىگە ئۇچرىغانلاردۇر. بېخىل ئولىگارخ ئادەملەر زۆرۈر ئارزۇلار دائىرىسىدە ئۆزىنى كونترول قىلىدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئەمدى بىز دېموكراتىك ئادەملەرنىڭ ئولىگارخ ئادەملەردىن قانداق ئۆزگىرىپ كېلىشى ھەققىدە توختىلايلى. مېنىڭچە، بۇ جەريان مۇنداق بولىدۇ.

ئادىمانتوس: قانداق بولىدۇ؟

سوقرات: يېپىق بېخىل مۇھىتتا ھېچنېمىنى كۆرمەي چوڭ بولغان بىر ياش كەپسىزلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغاندىن كېيىن ھەرەڭ ـ سەرەڭ ئادەملەر توپىغا قېتىلىپ، خۇشاللىق ئىزدەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ، ئىشىنىشىڭ كېرەككى، ئۇنىڭ ئولىگارخ ئىدىيەسى شۇنىڭدىن باشلاپ، دېموكراتىك ئىدىيەگە بۇرۇلۇشقا باشلايدۇ.

ئادىمانتوس: مۇقەررەر شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: شەھەر دۆلىتىدىكى بىر تۈركۈم ئادەملەر باشقا ئەللەردىكى ھىمايىچىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندە، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ياشلارمۇ ئەنە شۇنداق. ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى ئۇ خىل ـ بۇ خىل ئىستەكلەر سىرتقى مۇھىتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندە، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىمۇ ئۆزگىرىدۇ، مۇشۇنداق دېيىش توغرىمۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، توغرا.

سوقرات: مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، ئۇ ياشنىڭ دادىسى ياكى باشقا بىر ئائىلە ئەزالىرىدىن كەلگەن سىرتقى تەسىر ئۇنىڭ ئولد-

گارخ ئىدىيە ئامىللىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ قالسا، ئۇنىڭ قەلبىدە ئىدىيەۋى كۈرەش پەيدا بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۈبھىسىز.

سوقرات: بەزىدە ئۇنىڭ ئىدىيەسىدىكى دېموكراتىك تەركىبلەر ئولىگارخ ئامىللارغا بويسۇنىدۇ، ئارزۇلارنىڭ بەزىلىرى غايىب بو-لىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەيمىنىش ۋە تەقۋادارلىق قايتا باش كۆ-تۈرۈپ، ئىچكى دۇنياسىدىكى تەرتىپ ئەسلىگە كېلىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق، ئۇ مۇمكىن.

سوقرات: بەزىدە ئاتا تەربىيەسى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈ-چۈن، ھېلىقى ۋاز كېچىلگەن ئارزۇلار يېڭىباشتىن قۇتراپ، ئەۋج ئېلىشقا باشلايدۇ.

ئادىمانتوس: كۆپ ھاللاردا شۇنداق.

سوقرات: بۇ ئارزۇلار ئۇنى مەسلەكداشلارنىڭ ئارىسىغا باشلاپ بېرىپ، بۇ مەخپىي ئارىلىشىش جەريانىدا ھەۋەسلەر زورىيىپ كېتىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: غايە، ئىلىم ۋە كەسىپ دېگەنلەرنىڭ سۇنۇقىنى كۆر-مىگەن بۇ ھەۋەسلەر ئۇنى قۇپقۇرۇق غەلبىنى ماكان قىلىپ تې-خىمۇ يامراشقا باشلايدۇ، غايە، ئىلىم، كەسىپ دېگەن بۇ نەرسىلەر تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئاسرايدى-غان پاسىبانلار ئىدى.

ئادىمانتوس: ئۇلار ناھايىتى ئىشەنچلىك قوغدىغۇچىلاردۇر.

سوقرات: شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياشنىڭ قەلبىدىكى ۋاكۇئۇمنى ساختا ھەم ئەسەبىي پىكىر ـ قاراشلار ئىگىلەشكە باشلايدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرۇنقى يولىغا قايتىپ، غەمنى ئۇنتۇش مېۋىسى[①] يېگەن دوستلىرى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈ-رۈشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ روھىدىكى ئىق-

① «ئودېيسسا» دىكى بىر دېتال بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ، يولدىن چىققان ياشلار lotos مېۋىسىنى يەپ يۇرتلىرىنى ئۇنۇتقانلارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

ئىسادچىللىق تەرەپنى قوغقوزۇشقا ئۇرۇنغان تەقدىردىمۇ، تاجاۋۇز-چى ساختا پىكىرلەر ئۇنىڭ قەلبىنى پىچەتلەپ، تاشقى ياردەمنى قوبۇل قىلدۇرمايدۇ. ئەمدى دوستلىرى ۋە ئۇستازلىرىنىڭ نەسىھە-تىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ روھىدا يامان سۆزلەر ئۇستۇنلۇك قازىنىدۇ، ئەدەپ تۇيغۇلىرى روھىنىڭ سىرتى-غا ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى قورقۇنچاقلىق دەپ قاراپ، تىللىغىنىچە ۋۇجۇدىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىدۇ، دەل پەي-تىدىكى تەرتىپلىك ئىستېمالنى شەھەر كۆرمىگەن پەسلەرنىڭ قى-لىقى، دەپ قارايدۇ، ئۇلار زىيانلىق ئارزۇلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇ-نىڭ روھىدىكى گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ساختا پىكىرلەر بۇ ياشلارنىڭ قەلبىدىكى گۈزەل ئەخلاقلارنى قۇرۇتۇپ تاشلاپ، باشقا نەرسىلەرنىڭ ئورۇن ئېلىشىغا شەرت ھازىرلايدۇ. ناچار ئەقىدە جىلۋىگەر گۈلتاجلارنى تاقىۋالغان پاراتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ مەغرۇرلۇق، باشباشتاقلىق ھەشەم ۋە نو-مۇسسىزلىقتا يولباش بولغاندا، ئۇلار ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ھا-كاۋۇرلۇقنى ئەخلاق، باشباشتاقلىقنى ئەركىنلىك، ھەشەمەتنى مەرتلىك، نومۇسسىزلىقنى باتۇرلۇق دەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ، كې-رەكلىك ئارزۇلارنىڭ قوينىدا تەربىيەلىگەن بىر ياش ئەخلاقسىز-لىقتىن خىجىل بولمايدىغان چاكىنا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ كەتتى ۋە كېرەكسىز ئارزۇلار دولقۇنىغا غەرق بولدى. سەن بۇ گېپىمگە قوشۇلامسەن؟

ئادىمانتوس: سەن ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرلەپ بەردىڭ.

سوقرات: ئەمدى ئۇ ئۆمرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە تاپقان - تەرگەنلىرىنى ۋاقتى ۋە زېھنىنى خۇددى ئۇنىڭدىن بۇرۇن زۆرۈر ئارزۇلارغا سەرپ قىلغاندەك تامامەن كېرەكسىز ئارزۇلارغا سەرپ قىلىدۇ. بەختىگە يارىشا ئۇنىڭ بەڭباشلىق قىلىدىغان ۋاقتى ئۇزۇن بولماي، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئېغىر - بېسىقلىشىپ

قوغلىشۋەتكەن ياخشى ئاممىلارنى قايتۇرۇۋالسا، ھېلىقى تاجاۋۇزچى، بۇزغۇنچى پىكىرلەر جىمىقىدۇ، ئۇ ھەرخىل شادىمانلىق ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق ئورنىتىپ، ئۇ خۇشاللىق ئارزۇسىنى شەيتىنىغا ھاي بەرگەن ھالدا نۆۋەت بىلەن قانائەتلەندۇرىدۇ.

ئادىمانتوس: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: ناۋادا بەزىلەر ئالىيجاناب ئارزۇلاردىن كەلگەن خۇشاللىقنى قوۋۇۋەتلەپ، پەسكەش ئارزۇلاردىن كەلگەن خۇشاللىقنى تىزگىنلە دەپ مەسلىھەت بەرسە ئۇ بۇنداق ھەققانىي سۆزلەرگە قۇچاق ئاچماي تۇرۇۋالىدۇ، ئۇ بارلىق خۇشاللىق باراۋەر بولۇپ، ئوخشاش ئېتىبارغا ئېرىشىشى كېرەك، دەپ بېشىنى چايقايدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ۋە قىلمىشى شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: ئەمەلىيەتتە، ئۇ نۆۋەتلىشىپ كەلگەن خۇشاللىقلارغا كۆنساييىن پېتىپ كېتىدۇ. بىرىنچى كۈنى شاراب، ئايال، ناخشا بولسا، ئىككىنچى كۈنى تەرتىپلىك يەپ ــ ئىچىش، بىر كۈنى قاتتىق چېنىقىش بولسا، ئەتىسى ئۇخلاپ يېتىش، بىر مەزگىل پەلسەپە بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەنە بىر مەزگىل سىياسىي بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئاغزىغا كەلگىنىنى دېيىش، خىيالىغا كەلگىنىنى قىلىش، بەزىدە ھەربىي ئىشلارغا بېرىلىش، بەزىدە سودا ــ سېتىققا مەپتۇن بولۇپ كېتىش ... ئۇنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا نە تەرتىپ، نە ئۆزىنى باشقۇرۇش يوق، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى خۇشال، ئەركىن، بەختلىك، دەپ ئويلاپ، داۋاملاشتۇرماقچى بولىدۇ.

ئادىمانتوس: سەن بىر باراۋەرچى ئۇنسۇرنىڭ تۇرمۇشىنى ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلەپ بەردىڭ.

سوقرات: مېنىڭچە، ئۇ كۆپ خىل خاراكتېرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن كۆپ يۈزلىمىشلىك ئادەمدۇر. بۇ دېموكراتىك تۈزۈمدىكى دۆلەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمە مۇرەككەپ خاراكتېرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەم رەڭگارەڭ ۋە ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈپ، نۇرغۇن قىز ــ

ئوغۇللار ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇ ئادەمدىن كۆپ خىل تۈزۈم ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى تېپىلىدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: بۇ دېموكرات شەخس دېموكراتىك تۈزۈمگە شۇنداق ماسلاشقان بولۇپ، بىز ئۇنى دېموكراتچى، دەپ ئاتىساق مۇۋاپىق كېلىدۇ، سېنىڭچە، بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: بولىدۇ، شۇنداق بېكىتەيلى.

سوقرات: ئەمدى بىز ئاتالمىش «ئەڭ گۈزەل» تۈزۈم بىلەن ئاتالمىش «ئەڭ گۈزەل» شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلساق بولىدۇ، ئۇ دەل مۇستەبىتلىك تۈزۈم بىلەن مۇستەبىت شەخستۇر.

ئادىمانتوس: دەرۋەقە، شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، دوستۇم ئادىمانتوس، مۇستەبىتلىك تۈزۈم قانداق كېلىپ چىققان؟ مېنىڭچە، ئۇ دېموكراتىيەدىن تۆرەلگەن.

ئادىمانتوس: شۇنداق، بۇنىڭدا شۈبھە يوق.

سوقرات: مۇستەبىتلىك تۈزۈمنىڭ دېموكراتىيەدىن كېلىپ چىقىشى دېموكراتىيەنىڭ ئولىگارخ تۈزۈمدىن كېلىپ چىقىشىغا ئوخشامدۇ؟

ئادىمانتوس: قانداقسىگە؟

سوقرات: ئولىگارخ تۈزۈم ياخشى دەپ قارايدىغان نەرسە بايلىق، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ئاساسىمۇ بايلىق، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئولىگارخ تۈزۈمنىڭ مەغلۇپ بولۇشتىكى سەۋەبىمۇ ئۇنىڭ بايلىققا ئاچ كۆزلەرچە بېرىلىپ كېتىشىدە، پۇلنى دەپ باشقا ئىشلارغا سەل قارىغانلىقىدا.

ئادىمانتوس: راست.

سوقرات: دېموكراتىيەنىڭمۇ ياخشى دەپ قارايدىغان نەرسىسى بارمۇ؟ ئۇمۇ ياخشى دەپ قارىغان شۇ نەرسىگە بېرىلىپ كېتىش سەۋەبلىك بەربات بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇ نەرسە نېمىدۇ؟

سوقرات: ئەركىنلىك. سەن كىشىلەرنىڭ دېموكراتىك دۆلەتنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ئەركىنلىك دەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن دېموكراتىك دۆلەت ئەر-كىنلىك روھىغا باي كىشىلەر ئولتۇراقلىشىشنى ئەڭ ياخشى كۆ-رىدىغان جاي بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئادىمانتوس: بۇ ھەقتە كۆپ ئاڭلىغانمەن.

سوقرات: خۇددى يۇقىرىدا مەن ئېيتقاندەك ھېچنېمىگە قارىماي ئەركىنلىك قوغلىشىش نەتىجىسىدە دېموكراتىيەنىڭ ئاساسى ۋەيران بولۇپ، ھاكىممۇتلەق سىياسىيغا بولغان ئېھتىياج كېلىپ چىقتى.

ئادىمانتوس: قانداقسىگە؟

سوقرات: بىر دېموكراتىك دۆلەت ئەركىنلىككە تەشنا بولغانلى-قى ئۈچۈن بەزى يامان ئۇنسۇرلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ قې-لىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۆلەت ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىدا گاڭگىراپ كېتىدۇ. دورۇسراق رەھبەرلەر چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىغا چەك قويماقچى بولسا، پۈتۈن جەمئىيەت ئۇنى ئولىگارخ ئۇنسۇر، دەپ ئەيىبلەپ، جازالىماقچى بولۇشىدۇ.

ئادىمانتوس: دېموكراتىك جەمئىيەت شۇنداق بولىدۇ، زادى.

سوقرات: ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان كىشىلەر قۇل مە-جەز دەپ ئەيىبلىنىپ ھاقارەتكە ئۇچرايدۇ، ھوقۇقدارلار پۇقرالاردەك بولۇش، پۇقرالار ھوقۇقداردەك بولۇش كەيپىياتى ھەممە يەردە بىر-دەك ماختىلىدۇ. بۇنداق ئەلدە ئەركىنلىكنىڭ رادىكال (ئاشقۇن) تۈس ئېلىشى مۇقەررەر ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: بۇنداق ئانارخىزم (ھۆكۈمەتسىزلىك) ئائىلىلەرگە قەدەر، ھەتتا، ھايۋانلارغا قەدەر سىڭىپ كېتىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

سوقرات: هازىرقى كەيپىياتتا ئاتا مۇمكىنقەدەر ئۆزىنى بالىغا ئوخشىتىۋالغان، ھەتتا، ئاتا بالىسىدىن قورقىدۇ. بالىمۇ دادىسى بىلەن تەڭ تۇرىدۇ، خۇددى شۇنداق قىلسا ئەركىن ئادەم بولىدىغاندەك. ئاتا ـ ئانىسىنى قەتئىي ھۆرمەتلىمەيدۇ. سىرتتىن كەلگەن كۆچمەنلەرمۇ ئۆزىنى شۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى بىلەن باراۋەر كۆرىدۇ، بۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىمۇ كۆچمەنلەرنى ئۆزى بىلەن باراۋەر كۆرىدۇ. بۇ يەردە چەت ئەللىك بىلەن يەرلىكنىڭ پەرقى يوق بولىدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق كەيپىيات بار.

سوقرات: شۇنىڭدەك باشقا بىمەنىلىكلەرمۇ بار. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىدىن قورقۇپ، ئوقۇغۇچىنىڭ رايىغا بويسۇنىدۇ، ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىسى ۋە پەرۋىشچىسىنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ياشلار ئۆزلىرىنى چوڭ ساناپ، چوڭلار بىلەن تاكاللىشىدۇ، چوڭلار ياشلارنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ياشلارنىڭ ئالدىدا مۇلايىم بولۇپ، ياشلارنىڭ قىلىقىنى قىلىدۇ. ياشلارنىڭ ئەيىبلەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

ئادىمانتوس: دېگەنلىرىڭ راست.

سوقرات: بۇنداق دۆلەتتە ئەركىنلىك چېكىگە يەتكەن، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىكنى دېمەي تۇرايلى، غوجايىن بىلەن سېتىۋېلىنغان ئەر ـ ئايال قۇللارمۇ باراۋەر ھالدا ئەركىن بولىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنداقتا بىز خۇددى ئەسخىلوس ئېيتقاندەك، ئاغزىمىزغا كەلگەننى دەۋەرسەك بولامدۇ؟

سوقرات: ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىش كېرەك بولىدۇ، ھەتتا، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ئادەم ئىشەنمەيدۇكى، بۇ دۆلەتنىڭ ئۆي ھايۋانلىرى باشقا دۆلەتنىڭ ئۆي ھايۋانلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئەركىن. مال ئىگىسىنى دورايدۇ، دېگەندەك ئىتلارمۇ ئايال غوجايىننىڭ مىجەزىنى تارتىپ كەتكەن. ئات ـ ئېشەكلەرمۇ يوللاردا شۇ قەدەر مەغرۇركى، سەن ئۇلارغا يول بەرمىسەڭ، ئۇلار سېنى تۈرتۈپ

ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ يەردە ھەر نەرسە شۇ كەبى ئەركىنلىك روھى بى-
لەن تولغان.

ئادىمانتوس: سەن دېگەن ئۇ ئىشلار ماڭا ئۇچراپ تۇراتتى.

سوقرات: بۇ ھال پۇقرالارنىڭ روھىنى ناھايىتى سەزگۈر قىلى-
ۋېتىدۇ. كىملەرنىڭدۇ چەكلەش ھەققىدە بەرگەن تەۋسىيەلىرى
پۇقرالارنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋېتىدۇ. ئۇلار ئاخىر ھېچقانداق
باشقۇرۇشنى قوبۇل قىلمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. يېزىقلىق ياكى
يېزىقسىز قانۇنلارنىڭ ھېچبىرىگە پىسەنت قىلمايدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق، بۇنى بىلىمەن.

سوقرات: مانا بۇ مۇستەبىتلىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئۇق
يىلتىزى.

ئادىمانتوس: بۇ يىلتىز ھەقىقەتەن غول يىلتىز ئىكەن. ئۇنىڭ
كېيىنىچۇ؟

سوقرات: ئولىگارخ تۈزۈمدە يېتىلگەن ئىللەت ئاخىر شۇ ئولى-
گارخ تۈزۈمنىڭ بېشىغا چىققان ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك بىر ئىللەت —
چەكتىن ئاشقان ئومۇمىي ئەركىنلىك — دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ
قوينىدا پەيدا بولۇپ، ئاخىرى ئۇنىڭمۇ بېشىغا چىقىدىغان بولدى.
چۈنكى، چېكىگە يەتكەن نەرسە ئەكسىگە قايتىدۇ دېگەن ھەقىقەت
بار. پەسىللەرمۇ شۇ، ئۆسۈملۈكلەرمۇ شۇ، ھايۋانلارمۇ شۇ. جەمئى-
يەت تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنىسى مۇقەررەر.

سوقرات: چەكتىن ئاشقان ئەركىنلىك مەيلى شەخس ياكى دۆ-
لەتتە بولسۇن باشقا نەرسىگە ئەمەس، دەل مەھكۇملۇققا ئېلىپ
بارىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، مۇستەبىتلىك سىياسىي تۈزۈم دېموكراتىيەدىن
تەرەققىي قىلىپ چىقىدۇ، چەكتىن ئاشقان ۋەھشىيانە قۇللۇق
چەكتىن ئاشقان ئەركىنلىكتىن پەيدا بولىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنداق دېيىش مەنتىققە ئۇيغۇن.

سوقرات: مېنىڭچە، سېنىڭ سورىماقچى بولغىنىڭ بۇ ئەمەس. سەن ئولىگارخ تۈزۈمدە ھەم دېموكراتىك تۈزۈمدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاخىر دېموكراتىيەنىڭ بېشىغا چىققان ئىللەتنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى سورىماقچىغۇ دەيمەن؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئېسىڭدە بولسا كېرەك، مەن بىر ئوچۇم ئىسراپخورلار ۋە ھۇرۇنلارنىڭ گېپىنى قىلغان، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىرى كۈچلۈكلىرىگە ئەگىشىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەركەك ھەرىگە ئوخشىتىپ كۈچلۈكلىرىنى نەشتەرلىك ھەرىگە، ئاجىزلىرىنى نەشتەرسىز ھەرىگە ئوخشاتقان ئىدۇق.

ئادىمانتوس: ناھايىتى جايىدا ئوخشىتىش بولدى.

سوقرات: خۇددى ئىنسانلار ۋۇجۇدىدىكى بەلغەم بىلەن سەپرا ئۇلارنىڭ مىجەزىنى بۇزۇۋەتكەندەك، شەھەردە پەيدا بولغان ھەرە كەبى ئىنسانلار شەھەرنىمۇ بۇزۇۋېتىدۇ. خۇددى ياخشى دوختۇر كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالغاندەك ياخشى قانۇنچى ھېلىقىدەك ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى توسۇيدۇ، تەجرىبىلىك ھەرە باققۇچى زىيانداش ھەرىلەرنىڭ ئايىنىپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايدۇ، ئۇلارنى بايقىغان ھامان ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدۇ.

ئادىمانتوس: دەرۋەقە، شۇنداق قىلىشى كېرەك.

سوقرات: نىشانىمىز ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى باسقۇچلار بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك.

ئادىمانتوس: قانداق باسقۇچ؟

سوقرات: دېموكراتىك دۆلەتنىڭ ئەمەلىي قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن بىز ئۇنى نەزەرىيە جەھەتتە ئۈچ بۆلەككە (سىنىپقا) ئايرىشىمىز كېرەك؛ دەپ قارايمەن. خۇددى بىز ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ سىنىپلارنىڭ بىرىنچىسىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمدىكى ئۆز بېشىمچى-

لىقى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ، ئولىگارخ تۈزۈمدىكىدىن ھەرگىز كەم ئەمەس ئىدى.

ئادىمانتوس: شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ.

سوقرات: ئۇ سىنىپ دېموكراتىك ئەلدە ئولىگارخ تۈزۈمدىكىگە قارىغاندا، تېخىمۇ زوراۋان كېلىدۇ.

ئادىمانتوس: نېمە ئۈچۈن؟

سوقرات: ئولىگارخ جەمئىيەتتە بۇ تەبىقىنىڭ كىشىلىرى كەمسىتىلىشكە ئۇچراپ، ھوقۇقسىز قالىدۇ، نەتىجىدە چېنىقىشتىن مەھرۇم ھالدا كۈچسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار دېموكراتىك تۈزۈمدە خوجايىنلىق ئورنىدا تۇرۇپ، زوراۋان بولۇپ كېتىدۇ. سۆزلەش ۋە ئىش بېجىرىش دېگەنلەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۈچلۈكلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ. قالغانلىرى مۇنبەرنىڭ تۆۋىنىدە تۇرۇپ، ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىدۇ، دېموكراتىك دۆلەتتە ھەممە نەرسە ئەنە شۇلارنىڭ قولىغا قالىدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئىككىنچى بىر سىنىپمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئاۋامدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇلار قايسى؟

سوقرات: بايلىق ئىزدەش داۋامىدا، تەرتىپلىك ۋە تېجەشچان ئادەملەر بايىغا ئايلىنىدۇ.

ئادىمانتوس: ئومۇمەن شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: ئۇلار ئەركەك ھەرىلەرنى شىرنە بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەلۋەك ماكانغا ئايلىنىدۇ.

ئادىمانتوس: كەمبەغەللىنىڭ ئۆيىدىن چاشقانمۇ يامانلايدۇ.

سوقرات: بايلار ئەركەك ھەرىلەر ( ئۆز بېشىمچە تەبىقە) نىڭ يايلىقى.

ئادىمانتوس: شۇنداق دېسە بولىدۇ.

سوقرات: ئۈچىنچى سىنىپ كىشىلىرى ئادەتتىكى پۇقرالار بو-

لۇپ، ئۇلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمايدۇ، ئارتۇق مۈلۈككىمۇ ئىگە بولمايدۇ. دېموكراتىك دۆلەتتە ئۇلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىتتىپاقلىشىپ قالسا، كۈچى ئەڭ زور بولىدۇ.

ئادىمانتوس: مەنپەئەت تېگىدىغان يەر بولمىسا، ئۇلار بىر يەرگە كېلەلمەيدۇ.

سوقرات: ئۇلارغا نەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى بايلارنىڭ مۈلكىنى بۇلاپ، ئۆزلىرىدىن ئاشقىنىنى ئاددىي پۇقرالارغا بېرىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ئاز ـ تولا نەرسىلەرگە ئېرىشىپ قالىدۇ.

سوقرات: بۇلانغان بايلار چوڭ مۇراسىملاردا سۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش كويىدا بولىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇلار نېمىشقىمۇ ئۇنداق قىلمىسۇن؟

سوقرات: بايلار ئۆزىگە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ، ئاۋامغا قارشى تۇرغۇچى ئولىگارخلار دەپ ھاقارەتلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بايلارنىڭ ئىنقىلاب قىلىش غەرىزى يوق ئىدى.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئاۋامدىن ئۆزىگە زەخمەت يەتكىنىنى كۆرگەن بايلار (ئاۋام ئەتەي ئۇنداق قىلماستىن، كاتتىباشلىرىنىڭ بايلار ھەققىدىكى پىتنە ـ پاساتلىرىغا ئىشىنىپ، شۇنداق قىلىشىدۇ) ئاخىرى ئولىگارخ تەبىقىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ (بايلارمۇ بۇنداق بولۇشنى خالىمىسىمۇ، ھەرىلەرنىڭ چېقىشلىرىغا چىدىماي شۇنداق قىلىشىدۇ).

ئادىمانتوس: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: ئاندىن بۇ ئىككى گۇرۇھ بىر ـ بىرىنى پاش قىلىشىدۇ، ئەرز قىلىشىدۇ ۋە سوتلىشىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: بۇ كۈرەشتە ئاۋام ئادەتتە بويىچە ئۆز ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ، ئۆزلىرىگە ۋەكىل قىلىپ، ئالىي ئىمتىيازلارنى بېرىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق، ئاۋامنىڭ مىجەزى شۇنداق كېلىدۇ.

سوقرات: مۇستەبىتلىك سىياسەت دەل ئاشۇ ۋاكالەتچىلىكتىن ئۆنۈپ چىقىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: باشپاناھ سۈپىتىدىكى ئاشۇ ۋاكالەتچىنىڭ مۇستەبىتكە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى نەدە؟ ئاركادىيەدىكى زېۋس لۈكىيەگە ئائىت بىر ھېكايە بار، ئىمش شۇ ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەندەك بولغاندا مەسىلە يۈز بېرىدۇ.

ئادىمانتوس: ئۇ قانداق ھېكايە ئىدى؟

سوقرات: ھېكايىدە تەسۋىرلىنىشىچە، ئەگەر بىر ئادەم نەزىرلىككە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئادەم گۆشىدىن ئازراقىنى يەپ سالسا، چىلبۆرىگە ئايلىنىپ كېتىدىكەن. سەن بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان بولساڭ كېرەك؟

ئادىمانتوس: ھەئە، ئاڭلىغان.

سوقرات: خەلق داھىيلىرىنىڭ قىلمىشلىرى كۆپ ھاللاردا شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار گول خەلقنى دېگىنىگە كەلتۈرۈپ، قان تۆكۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىپ، سوتقا تارتىدۇ. باشقىلارنى قەستلەپ، قېنىنى ئىچىدۇ، باشقىلارنى خالىغانچە سۈرگۈن قىلىدۇ ياكى ئۆلتۈرىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزىدىكى قەرزلىرىنى بىكار قىلىپ، يەرلىرىنى تەقسىملىۋالىدۇ. بۇنداق ئادەم ئاخىر بىر بولسا رەقىبلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ، بىر بولسا ۋەھشىي چىلبۆرىگە، يەنى مۇستەبىتكە ئايلىنىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: مۇقەررەر شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: مانا بۇ بىر گۇرۇھ ئادەملەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، بايلارغا قارشى چىققان داھىيلارنىڭ ئەپت ــ بەشىرىسى.

ئادىمانتوس: ئۇلار راستتىنلا شۇنداق كىلىدۇ.

سوقرات: بىر بولسا ئۇ سۇرگۈن بولۇپ، رەقىبلىرىنىڭ قارشى تۇرغىنىغا قارىماي، ئۇزۇل - كېسىل مۇستەبىتكە ئايلانغان ھالدا قايتىپ كېلىدۇ.

ئادىمانتوس: مۇمكىن.

سوقرات: ئەگەر ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى ھەيدىۋېتىش ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىش مۇمكىن بولمىسا، خەلق مەخپىي گۇرۇھلارنى قۇرۇپ، قەستلەشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

سوقرات: ئاخىرىدا مۇنداق رەزىل پىلان ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: مۇستەبىتلەر خەۋپ ھېس قىلغاندا، خەلقتىن ئۆز داھىيسىنى قوغدايدىغان قوغدىغۇچىلار ئەترىتى قۇرۇشقا ماقۇل بولۇپ، باشپاناھىنىڭ ئامان - ئېسەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئادىمانتوس: راست.

سوقرات: خەلق ئويلىنىپ كۆرمەستىنلا ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلاپ، بۇ تەلەپكە قوشۇلىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنىڭدىمۇ گەپ يوق.

سوقرات: پۇلى بار ھەم پۇلى بار بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقنىڭ دۇشمىنىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىنغان ئادەم كاھىنىنىڭ كىرايسوس[①] (Kroisos) قا ئۆگەتكەن نەسىھەتلىرى بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك.

> ھېرموسنىڭ تاشلىق سايلىرىنى بويلاپ قاچ،
> قاچقىن، قورقۇنچاق دېيىشمۇ ئاۋام.[②]

ئادىمانتوس: ئۇ يەردە خىجىل بولۇشقا پۇرسەتمۇ يوق.

① كىرايسۇس ــ لۇدىيە شاھى بولۇپ، ئۇ بايلىقى بىلەن مەشھۇر.
② بۇ قوشاق ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ.

سوقرات: ئەگەر ئۇ تۇتۇلۇپ قالسا، چوقۇم ئۆلىدۇ.

ئادىمانتوس: توغرا، ئۇ چوقۇم تۇگىشىدۇ.

سوقرات: ناھايىتى روشەنكى، بۇ باشپاناھ «پۈت ـ قوللىرىنى كېرىپ» ئۆلۈپ ياتقان بولماستىن، ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن قارشى تۇرغۇچىلىرىنى يوقىتىپ، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ، ئاتالمىش باشپاناھتىن سىيى ئۆزىدىن ئىستىبداتقا ئايلىنىپ قايتىپ كېلىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇ مۇقەررەر ئاقىۋەت.

سوقرات: ئەمدى بىز بۇ ئادەم ۋە بۇ ئادەمنى بارلىققا كەلتۈرگەن دۆلەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ھەققىدە توختىلايلىمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق قىلايلى.

سوقرات: بۇ ئادەم باشتا ھەممىگە كۈلۈمسىرەپ قارايتتى، ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە سالام بېرەتتى. ئۆزىنى ھۆكۈمراندەك تۇ-تۇۋالمايتتى. خۇسۇسىي ۋە ئومۇمىي ئىشلارنى ئىمكانقەدەر تولۇق بېجىرىپ بېرەتتى. نامراتلارنىڭ قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتەتتى. پۇقرالارغا ۋە ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە يەر تەقسىملەپ بېرەتتى. ھەم-مىگە مېھرىبان تۇيۇلاتتى.

ئادىمانتوس: راست شۇنداق.

سوقرات: ئۇ مۇساپىرەتتىكى سىياسىي رەقىبلىرى مەلۇم كې-لىشمە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان ئادەملىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى ئەد-دىشلىرى تۈگەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر مەيدان ئۇرۇش قوزغاپ، خەلقنى داھىيغا موھتاج قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئادىمانتوس: مۇمكىن.

سوقرات: خەلق ھەربىي خىراجەت تۈپەيلى نامراتلىشىپ كېتىپ جان ساقلاش ھەلەكچىلىكىگە پېتىپ قالىدۇ ـ دە، ئىسيان قىلغۇ-دەك ھالى قالمايدۇ. شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئەگەر ئۇ ئۆزىگە تەھدىت پەيدا قىلىدىغان ئەركىن پىكىرلىك ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن گۇمان قىلسا، بىر باھانىلەرنى تېپىپ، ئۇنى دۈشمىنىنىڭ قولى بىلەن جايلىۋېتىدۇ. مانا بۇ مۇستەبىتلەرنىڭ ئۇرۇش قوزغىشىدىكى سەۋەب.

ئادىمانتوس: ئۇلار ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىدۇ.

سوقرات: ئۇ ئۇنداق قىلسا خەلقتە ئاسانلا قارشىلىق پەيدا قىلىپ قويامدۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە.

سوقرات: بۇرۇن ئۇنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەم قىلغان ۋە ھازىرىنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ياقتۇرماي، ئاشكارا پىكىر بېرىپ، مۇنازىرە قىلىشى مۇمكىن. بۇلار ئەسلىدىنىلا قەيسەر ئادەملەر ئىدى، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: مۇستەبىت ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كېرەكلىك ياكى كېرەكسىز، دوست ياكى دۈشمەن دېمەي ھەرقانداق ئادەمنى پاك ـ پاكىز يوقىتىۋېتىدۇ.

ئادىمانتوس: شۈبھىسىز.

سوقرات: شۇڭا، مۇستەبىت كىمنىڭ باتۇر، كىمنىڭ مەرد، كىمنىڭ ئەقىللىك، كىمنىڭ باي ئىكەنلىكىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆرۈپ يېتەلىشى كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئادەملەرنى سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بىر كۈنلەردىكى دۈشمىنى ھېسابلاپ، تولۇق تازىلىۋېتىدۇ.

ئادىمانتوس: نېمىدېگەن ئۇستىلىق بۇ.

سوقرات: شۇنداق. ئەمما، مۇستەبىتنىڭ پىچىقى دوختۇرنىڭ پىچىقى بىلەن ئوخشىمايدۇ. دوختۇر ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى زىيانلىق ئۆسمىنى كېسىپ ئېلىۋېتىدۇ. مۇستەبىت جەمئىيەتنىڭ قويىنى-

ـدىكى ياخشى ئادەملەرنى يوق قىلىدۇ.
ئادىمانتوس: مۇستەبىت ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلماي تۇرالمايدۇ.
سوقرات: ئۇ يا ئۆلۈش كېرەك، يا ئۆزىنى ياقتۇرمايدىغان شېـ-ـرىكلىرى بىلەن بىللە ياشىشى كېرەك. ئىشقىلىپ، بۇ ئارىدىن پايـ-ـدىلىق بىر يول تېپىشى كېرەك.
ئادىمانتوس: مۇستەبىتنىڭ تەقدىرى دېگەن شۇ!
سوقرات: خەلق ئۇنىڭدىن نارازى بولغانسېرى، ئۇ ئۆزىنى قوغدايدىغان پاسىبانلىرىنى كۆپەيتىدۇ ۋە بۇ قوغدىغۇچى پاسىـ-ـبانلارنى ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك قوغدىنىش قورالى، دەپ بىلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟
ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، شۇنداق.
سوقرات: ئەمىسە، كىملەر ئىشەنچلىك؟ مۇستەبىت ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى نەدىن تاپىدۇ؟
ئادىمانتوس: پۇللا بەرسەڭ، ئۇلار تۇشمۇتۇشتىن يېتىپ كېلىشىدۇ.
سوقرات: لەنەتلەر بولسۇنكى، سەن ھېلىقى ھەرىلەر توپى (كەيپ ـ ساپاچىلار)نى دەۋاتىسەن. كەلگۈندى بۇ رەڭگارەڭ ھەرىلەر توپ ـ توپى بىلەن كېلىشىدۇ.
ئادىمانتوس: قىياسلىرىڭ توغرا.
سوقرات: مۇستەبىت ئۆزىدىنمۇ ئادەم تولۇقلىشى كېرەككىن؟
ئادىمانتوس: قانداقسىگە؟
سوقرات: پۇقرالارنىڭ قۇللىرىنى بۇلاپ ئەكېلىپ، ئۇلارنى ئازاد قىلىپ، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىگە سەپلەيدۇ.
ئادىمانتوس: دەرۋەقە، ئۇلار مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىكى ئەڭ ساداقەتمەنلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.
سوقرات: مۇستەبىتلەر بۇرۇنقى ھىمايىچىلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، يەرلىكتىن يېڭى قوشۇلغانلار مۇستەبىتنىڭ سادىق مۇھا-

پىرەتچىلىرىگە ئايلىنىدۇ، بۇ نەقەدەر تەلەيلىك مۇستەبىت ـ ھە؟
ئادىمانتوس: شۇنداق دېگۈدەك بولدى.
سوقرات: بۇ مۇستەبىتنىڭ يېڭى ئادەملىرى ئۇنى ماختاپ يۈرۈشىدۇ، دۇرۇس ئادەملەر مۇستەبىتتىن يىرگىنىپ، ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.
ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، شۇنداق.
سوقرات: تىراگېدىيە بۈيۈك پاراسەتتۇر، دېيىلىدۇ، بۇ ھەقتە ئېۋرىپىد (Euripides) ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ قارىلىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ سەۋەبسىز ئەمەس.
ئادىمانتوس: نېمە ئۈچۈن؟
سوقرات: ئېۋرىپىد نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزلىرى قاتارىدا مۇنداق دېگەن: «دانىشمەننى دوست تۇتالىغان مۇستەبىتمۇ دانىشمەن بولۇپ كېتىدۇ.» بۇ گەپتىن چىقىپ تۇرىدۇكى، مۇستەبىتنىڭ چۆرىسىدىكى ھېلىقى ئادەملەرمۇ مۇستەبىتتۇر.
ئادىمانتوس: ئېۋرىپىد يەنە «مۇستەبىتلەردە ئىلاھىي قۇدرەت بولىدۇ» دېگەن ئىدى، ئۇ مۇستەبىتلەرنى مەدھىيەلەيدىغان گەپلەرنى خېلى كۆپ قىلغان، باشقا شائىرلارمۇ شۇنداق.
سوقرات: تىراگېدىيە شائىرلىرى مۇستەبىتلەرنى مەدھىيەلىگەنلىكى ئۈچۈن، بىز ۋە بىزگە ئوخشاش تۈزۈمدىكى دۆلەت كىشىلىرى ئۇلارنى دۆلىتىمىزگە كىرگۈزمەسلىكىمىز لازىم. ئەقىللىك ئۇ تىراگېدىيە شائىرلىرى بىزنىڭ بۇ قارارىمىزنى قوبۇل قىلالىشى كېرەك.
ئادىمانتوس: مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ دانالىرى بىزنى چۈشىنىدۇ.
سوقرات: مۇستەبىتنى كۈيلىگۈچى شائىرلار ئەتراپتىكى ئەللەرنى ئارىلاپ، ئارتىسلارنى ياللاپ، يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن ئاۋامغا تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ ئاۋامنى مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە ياكى دېموكراتىك تۈزۈمگە بۇرۇلۇشقا دالالەت قىلىدۇ.
ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئۇلار مۇشۇ خىزمىتى ئۈچۈن نەپ ۋە شان ـ شەرەپكە ئېرىشىدۇ. بۇ نەپ ئاساسەن مۇستەبىتتىن، ئاندىن دېموكراتىك تۈزۈمدىن كېلىدۇ، ئۇلار سىياسىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئۈستىگە قاراپ ياماشقانسىرى، ئابرۇيي ـ ئىناۋىتى شۇنچە تۆكۈلىدۇ.

ئادىمانتوس: بەك جايىدا بولدى.

سوقرات: بۇلار تېما سىرتىدىكى گەپ، ئەمدى تېمىنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى. بايا بىز مۇستەبىتنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنىڭ گېپىنى قىلىشقان ئىدۇق، ئۇنىڭ بۇ ئەترىتى تەسۋىرلەپ بولغۇسىز دەرىجىدە سەرخىل ۋە تۇراقسىز بولىدۇ. ئۇ بۇ ئەترەتنى نېمىسى بىلەن باقىدۇ؟

ئادىمانتوس: دۆلەتتە ئىبادەتخانا بولسا، ئۇنىڭ خىراجىتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ، ئاندىن ئۆزى ھالاك قىلىۋەتكەن رەقىبلىرىنىڭ مۈلكىنى سەرپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ پۇقرالاردىن تەلەپ قىلىدىغان ئالۋانلىرى بىر قەدەر ئاز بولىدۇ.

سوقرات: ئەگەر بۇ بايلىق مەنبەلىرى تۈگەپ كەتسە قانداق قىلىدۇ؟

ئادىمانتوس: ئاتىسىنىڭ مۈلۈكلىرى بىلەن ئۆز مېھمانلىرى ۋە شېرىكلىرىنى باقىدۇ.

سوقرات: چۈشىنىشلىك. سەن ئۇنى بېقىۋاتقان پۇقرالار ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى شېرىكلەرنىمۇ باقىدۇ دېمەكچى.

ئادىمانتوس: ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ئامال يوق.

سوقرات: ئەگەر ئاۋام غەزەپلىنىپ، چوپچوڭ بولۇپ قالغان بالىنىڭ دادىسىغا يۆلىنىۋېلىشى توغرا ئەمەس، ئوغلىمۇ دادىسىنى بېقىش كېرەك، بىز ئۇنىڭ كۈچەيگەندىن كېيىن ئاخىر ئەسلىدىكى قۇللىرىمىزنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قېلىشىمىز ئۈچۈن ئۇنى باقمىغان، بىز ئۇنى ئاشۇ قۇللار ۋە سىرتتىن كەلگەن ياللانمىلارنى بېقىش ئۈچۈن قوللىغان ئەمەس، ئەكسىچە، بايلار ۋە يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلارنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلارمىزمىكىن دەپ ھىمايە قىلغان

دەپ شىكايەت قىلسا ۋە يوقال دەپ دۆلەتتىن ھەيدەپ چىقارسا، قانداق قارايسەن؟

ئادىمانتوس: ئەمدى خەلق بىر ھايۋاننى قانات ئاستىغا ئالغانلىقىنى چۈشىنىدىغان بولدى. بۇ ھايۋان شۇ قەدەر كۈچەيگەنكى، ئۇنى ھەيداش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى.

سوقرات: نېمە؟ مۇستەبىت ئاتا سۈپىتىدە ئۆزىنى باققان خەلققە زورلۇق ۋاسىتىسى بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ، دېمەكچىمۇ سەن؟ خەلق رۇخسەت قىلمىغان ئەھۋالدا، ھۆكۈمران خەلقنى ساۋىيالارمۇ؟

ئادىمانتوس: مۇستەبىت ئاۋۋال خەلقنى قورالسىزلاندۇرىدۇ، ئاندىن خەلقنى سوندۇرىدۇ.

سوقرات: كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەنكى، مۇستەبىت خەلقنىڭ قاتىلىدۇر، شۇنداقلا خەلقنى ئىسكەنجىگە ئالغۇچىدۇر. بىز بۇ يەردە ھەقىقىي مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاچتۇق. خەلق ئۆزىنىڭ ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ، قاراقچىغا تۇتۇلغانلىقىنى، ھۆر ئادەمنىڭ قۇلى بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، قۇللارغا قۇل بولۇپ قالغانلىقىنى، چەكسىز ئەركىنلىكنى قوغلىشىپ ۋەھشىي مەھكۇملۇققا ئەسىر بولغانلىقىنى بايقىدى.

ئادىمانتوس: ئەمەلىي ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ياخشى، ئەمدى بىز دېموكراتىك دۆلەت تۈزۈمىنىڭ قانداقسىگە مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، مۇستەبىتلىك سىياسەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مۇكەممەل چۈشەندۈردۇق دېيىشكە ھەقلىقمۇ ـ يوق؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە ھەقلىق.

# توققۇزىنچى جىلد

سوقرات: ئەمدى بىز مۇستەبىتلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئادەمنىڭ دېموكراتىك ئادەم خاراكتېرىدىن قانداقسىگە يېتىلىپ چىققانلىقىنى، مۇستەبىت ئادەمنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك ياكى كۆڭۈلسىزلىكىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ قالدى.

ئادىمانتوس: شۇنداق، بۇ ھەقتە توختىلىش زۆرۈر.

سوقرات: توختىلىشقا تېگىشلىك يەنە قانداق مەسىلە بار؟

ئادىمانتوس: ئۇ قايسى مەسىلىكىن ـ تاڭ؟

سوقرات: ئۇ ئارزۇ ـ ئىستەك مەسىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تىپلىرى توغرىسىدا يېتەرلىك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە تېخى ئۈلگۈرمىدۇق. بۇ باسقۇچ ھەل بولماي تۇرۇپ، مۇستەبىت ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرەلمەيمىز.

ئادىمانتوس: ئەمدىغۇ ئۇنىڭ پۇرسىتى كەلگەندۇ؟

سوقرات: شۇنداق. ئۇنى مۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ. مەن كېرەكسىز ئارزۇ ۋە خۇشاللىقلارنىڭ بەزىسىنى قانۇنسىز دەپ قارايمەن. قانۇنسىز ئارزۇ ـ ئىستەكلەر ھەممىمىزدىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر تېپىلىدۇ. قانۇن بىلەن ئەقىلنى دوست تۇتقانلار ئۆزىدىكى قانۇنسىز ئىستەكلەرنى تىزگىنلەپ ئازايتالايدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.

ئادىمانتوس: سەن قايسى خىل ئارزۇلارنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسەن؟

سوقرات: ئۇ دەل ئۇيقۇدا باش كۆتۈرگەن ئارزۇلار، ئادەم ئۇخلىغاندا ئۇنىڭ روھىنىڭ بىر قىسمى يەنى ئەقىلنىڭ تاۋلىشىدىن ئۆتۈپ، ئادەمنى باشقۇرۇش بۆلىكى رولىنى يوقىتىپ، ياۋايى تەرەپلەر

قوتراپ، باش كۆتۈرىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشنى ئىستەيدۇ، مەلۇمكى، بۇنداق ئەھۋالدا ئادەم نومۇس تۇيغۇسى ۋە ئەقلىنى يوقىتىپ، ئەسكى ئىشلارنى قىلغۇسى كېلىدۇ، ھەتتا، ئۇ چۈشىدە ئانىسى بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن، ئادەم، ھايۋان، ئىلاھ بولامدۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن يانماسلىقى مۇمكىن. ئۇ چۈ- شىدە ئادەم ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن، چەكلەنگەن نەرسىلەرنى يېيىشى مۇمكىن، دېمەك، ئۇ چاغدا ئادەم بالىسىنىڭ نومۇس ھېس قىلمىدى- غان ھېچقانداق ئىشى قالمايدۇ.

ئادىمانتوس: ئېيتقانلىرىڭ تامامەن توغرا.

سوقرات: ئەمما، بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى ساغلام ئەقلىي ھالەتتە بولغاندا، ئەقلىگە مۇراجىئەت قىلىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يۈزلەندۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئارزۇلىرىنى زىيادە بوغۇچ- لىۋەتمەيدۇ ياكى زىيادە ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيدۇ، مۇۋاپىق ئۇ- سۇلدا ئارزۇلىرىنى تىنچلاندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئازاب ۋە ھاياجان روھنىڭ ياخشى تەرەپلىرىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، ئاندىن ساپ ۋە مۇستەقىل تەپەككۇر ئىلكىدە ئۆتمۇش، ھازىر ۋە كېلەچەكتىكى يېڭى شەيئىلەرگە ئائىت بىلىملەرنى قىدىرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئارزۇلى- رىنى ئەنە شۇنداق تىزگىنلەپ، چۈشىدە ھېچكىمگە غەزەپلەنمەي تۇرالىسا، روھىنىڭ ئىككى بۆلىكىنى تىنچلاندۇرۇپ، ئۈچىنچى بۆ- لىكىنى ئويغاتقان ھالدا ئارام ئالسا، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى ئا- سان بايقىيالايدۇ. چۈشىدە قانۇنسىز ئارزۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولمايدۇ.

ئادىمانتوس: تولۇق قوشۇلىمەن.

سوقرات: تېمىدىن بىر ئاز چەتنەپ كەتتۇق، دېمەكچىمەنكى، قورقۇنچلۇق، قانۇنسىز ئىستەكلەر ھەرقانداق ئادەمدە، ھەتتا، ناھا- يىتى ئېغىر ـ بېسىق كۆرۈنگەن ئادەملەردىمۇ بولىدۇ. قورقۇنچلۇق ـ ۋەھشىي ئارزۇلار چۈشلەردە ئايان بولىدۇ. سۆزلىگەنلىرىم دۇرۇسمۇ؟

ئادىمانتوس: دۇرۇس، مەن قوشۇلىمەن.

سوقرات: ئەمدى دېموكراتىك ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى كۆرۈپ باقايلى: بۇ خىل ئادەم پىخسىق، كەيپ ـ ساپاغا ئەگىشىشكە يول قويمايدىغان ئاتىنىڭ تەربىيەسىدە يېتىلىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: بۇ بالا پىشقان ئادەملەرنىڭ مۇلاقىتىدە بولۇپ، نۇرغۇن ئارزۇلارغا ھامىي بولغان بولىدۇ ـ دە، تەكەببۇرلۇق ۋە باشباشتاقلىققا ئېغىپ كېتىدۇ. دادىسىنىڭ پىخسىقلىقىدىن بىزار بولغان بۇ بالا ھەشەمەتچىلىككە بېرىلىپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى نىسبەتەن ياخشى بولغاچقا، ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىدە، ئوتتۇرىدىكى يولنى تاللىۋالىدۇ، ئۇ ھەشەمەتلىكمۇ بولمىغان، پىخسىقلىقمۇ بولمىغان ئوتتۇرىچە يولنى تۇتتۇم، دەپ قاراپ بىچارىمۇ ئەمەس، قانۇنسىزمۇ ئەمەس بىر تۇرمۇش يولىدا ماڭىدۇ، ئاخىر ئۇ بىر ئولىگارخ شەخستىن دېموكراتىك شەخسكە ئۆزگىرىدۇ.

ئادىمانتوس: مانا بۇ بىزنىڭ مۇشۇ تىپتىكى ئادەملەرگە بولغان قارىشىمىز.

سوقرات: تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى: ئۇ بالا چوڭ بولۇپ، بالىلىق بولىدۇ ۋە بالىسىنى ئۆزىنىڭ يولى بويىچە تەربىيەلەيدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلساق بولىدۇ.

سوقرات: بالىسىدىمۇ دادىسىدىكىدەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ، بالا قانۇنسىز ئارزۇلار تەرەپكە تارتىلىدۇ، بۇ ئارزۇلار ئۇنىڭ ئۇستازلىرى تەرىپىدىن ئەركىنلىك، دەپ ئاتىلىدۇ، بالىنىڭ دادىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مۆتىدىل ئارزۇلارنى ياقلايدۇ، ئۇستازلىرى بولسا چەكتىن ئاشقان ئارزۇلارنى ياقلايدۇ. مۇستەبىتلىككە ھامىي بۇ سېھىرۋازلار ئاشۇنداق كېتىۋەرسە بالىنى باشقۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلەيدىغان مەلۇم ھېسسىياتنى پەيدا قىلماقچى بولىدۇ. ھۇرۇنلۇق ۋە نەپسىنىڭ ھا-

مىيسى بولمىش بۇ ھېسسىيات رەزىل نەشتەرلىك ھەرىگە ئايلىنىدۇ.

ئادىمانتوس: ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈش بولدى.

سوقرات: باشقا ئارزۇلار ئەنە شۇ ئارزۇنى چۆرىدىگەن ھالدا غو-ڭۇلداپ، گۈل ۋە شارابلارنى سۇنۇپ، خۇش پۇراقلار بىلەن مەست قىلىپ، شادلىققا چۆمدۈرىدۇ، راھەتلىك تۇرمۇش ئاخىر ئۇنى ئار-زۇسى قانمىسا تۇرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرىدۇ. ئۇ ئەتراپىدىكى مەدەتچىلەرنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ. مەدەتچى ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى پىكىر ھەم ئادا-لەت، نومۇس تۇيغۇلىرىنى بايقاپ قالمىسا، ئۇنى تازىلىۋەتمىگۈچە ئارام تاپمايدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئورنىغا مەستانىلىقنى قاچىلاپ قويىدۇ.

ئادىمانتوس: مانا بۇ مۇستەبىت ئىنساننىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ھەققىدىكى ئەڭ ياخشى بايان.

سوقرات: زىيادە ھېسسىياتچانلىق زوراۋانلىقتۇر دېگەن گەپنىڭ مەنىسى شۇنىڭدىمىدۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق بولسا كېرەك.

سوقرات: مەست ئادەمدە زالىملارچە خاراكتېر بولامدۇ، دوستۇم؟

ئادىمانتوس: بولىدۇ.

سوقرات: نېرۋىسى كاردىن چىققان ئادەم ئادەملەرنىلا ئەمەس، تەڭرىلەرنىمۇ باشقۇرىمەن دەيدۇغۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، قەدىرلىك دوستۇم، بىر ئادەم يارىتىلىش ۋە ئادەت تۇپەيلى ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ تەسىرى تۇپەيلى مەستلىك، شەھۋانىيلىق ۋە تەلۋىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدە ھازىرلىغاندا، ئۇ ئۇزۇل ـ كېسىل مۇستەبىتكە ئايلانغان بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۈبھىسىز.

سوقرات: ئۇخىل كىشىلەرنىڭ كېلىپچىقىشى ۋە خاراكتېرى ئەنە شۇنداق. ئەمدى ئۇنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە كەلدۇق.

ئادىمانتوس: مەن سەندىن سوراي، دەپ تۇراتتىم، ياخشىسى ئۆزۈڭ جاۋاب بەرگىن.

سوقرات: ماقۇل، مەن جاۋاب بېرەي، بىر ئادەمنىڭ روھىغا ھاۋايى ـ ھەۋەس قوماندان بولسا، ئۇ بوزۇپ ـ چېچىش، ئىشرەتخورلۇق، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆتىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئادىمانتوس: مۇقەررەر.

سوقرات: بۇ ھۆكۈمران ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ يېنىدا يەنە قورقۇنچلۇق ئارزۇلار كېچە ـ كۈندۈز قوتراپ، ئۆزىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارزۇلارغا قول بولغان ئادەمنىڭ تاغدەك مال ـ دۇنياسى بولسىمۇ، قۇرۇپ كېتىدۇ.

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە

سوقرات: ئۇ كېيىن قەرز ئېلىش ۋە گۆرۈ قويۇش بىلەن ئۆتىدۇ.

ئادىمانتوس: تۇرغانلا گەپ.

سوقرات: قەرز ئالىدىغان جاي، گۆرۈگە قويىدىغان نەرسە قالمىغاندا، ئۇنىڭ روھىدا ئاشكارىلىنىقا ئۆتكەن ھەۋەس يىرتقۇچلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئوزۇق تەلەپ قىلماسمۇ؟ ئۇ ئاشۇ ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنىڭ قوترىشى ئارقىسىدا ئالجىماي قالارمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆت ئەتراپقا قاراپ، بۇلىغۇدەك ياكى ئالدىغۇدەك ئادەم ئىزدىمەسمۇ؟

ئادىمانتوس: ئۇنىسى مۇقەررەر.

سوقرات: ئەگەر ئۇ بۇلىغۇدەك نەرسىلەرنى بۇلىمىسا، ئازابتىن ئارام تاپالماي قالىدۇ.

ئادىمانتوس: بۇنىڭدا گەپ يوق.

سوقرات: خۇددى يېڭى ھەۋەسلەر كونا ھەۋەسلەرنى بېسىپ كەتكەندەك، ئۇمۇ ئەجدادىدىن ئاشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىساتىنى تۈگە-تىۋەتكەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىساتىنىمۇ بۇزۇپ ـ چاچماقچى بولىدۇ.

ئادىمانتوس: تەبىئىي ھالدا شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلمىسا، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشنى ئويلايدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئادىمانتوس: شۇنداق.

سوقرات: ئەگەر قاقتى ـ سوقتى قىلالمىسا، بۇلاشتىن يالتايمايدۇ.

ئادىمانتوس: دەرۋەقە، شۇنداق.

سوقرات: ئەگەر چوڭلار قەتئىي رەت قىلسا، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا زورلۇق قىلماي قالارمۇ؟

ئادىمانتوس: بۇنداق ئەۋلاد ئالدىدا، ئاتا ـ ئانىلاردىن ئەنسىرد-مەي تۇرالمايمەن.

سوقرات: ئادىمانتوس، ئۇ بالا بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان چىرايلىق قىز دوستى ئۈچۈن ئۆزىگە بىر ئۆمۈر ئەقىدە قىلغان مېھرىبان ئانىسىدىن ۋاز كەچمەسمۇ؟ ياكى بولسىمۇ بولى-دىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان چۆرىسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئۇزاق يىللىق ھەمراھى بولغان قېرى دادىسىدىن ۋاز كەچمەس-مۇ؟ ناۋادا ئۇ چۆرىسى ياكى دېدىكىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بىرگە تۇرغۇزۇپ قالسا، ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇلارغا تەزىم قىلىشقا زورلىماسمۇ؟

ئادىمانتوس: مېنىڭچە، ئۇ شۇنداق قىلىدۇ.

سوقرات: مۇستەبىت مىجەزلىك ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولۇش نەقەدەر ئېچىنىشلىق ـ ھە!

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق.

سوقرات: ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۈلكىنى تۈگىتىپ بولۇپ، كۆڭلى-
دىكى ئىشرەت ئارزۇلىرى تۈگىمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەمدى ئۇ
تام تەشمەي قالارمۇ؟ كېچىلىرى ئادەم بۇلاپ، ئىبادەتخانىلارنىڭ
مۈلكىگە تەگمەي قالارمۇ؟ بۇ قىلمىشلار داۋامىدا ئۇنىڭ بالا ۋاقىت-
تىكى ئەقىدىلىرى (خىجىللىق، نومۇس، ئادالەت ھەققىدىكى ئەقى-
دىلىرى) ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھەۋەسلەر تەرىپىدىن بېسىلىپ
قالىدۇ، كۆپچۈگەن ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر ئۇنىڭ روھىنى تالان ـ
تاراج قىلىدۇ. ئىلگىرى بۇ ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر پەقەت ئۇنىڭ چۈ-
شىدىلا ئايان بولۇپ، قانۇن ۋە دادىسىنىڭ نوپۇزى ئىچىدە تىزگىنى-
لىنىپ يەنىلا بىر دېموكراتىك ئىنسان سۈپىتىدە مەۋجۇت بولاتتى.
ئەمدى ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ قورقۇنچلۇق مەنزىرىلىرى چۈشتىن
رىياللىققا ئايلاندى. ئۇ سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان قا-
تىللىق، ئىپلاس يېمەك ۋە پەسكەش قىلمىشلار قالمىدى. ھاۋايى ـ
ھەۋەس ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئۇنى يولسىز، تۈتۈ-
رۇقسىز بىر ئادەمگە ئايلاندۇردى، ھاۋايى ـ ھەۋەس ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئېيتقاندا شەپقەتسىز غوجايىن بولۇپ قالدى. مۇستەبىتلىك ئۇنى
تىنماي ئىشقا سېلىپ، ئۆز تەلەپلىرىنى قاندۇردى، ئاشۇ ھاۋايى ـ
ھەۋەسلەرنىڭ بىر قىسمى سىرتتىن، يەنى ناچار دوستلارنىڭ تە-
سىرىدىن كەلگەن، يەنە بىر قىسمى بولسا ئىچىدىن، يەنى ئۆزىنىڭ
ناچار ئادەتلىرىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ ھالى شۇنداق بولماي قالارمۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: ناۋادا بىر دۆلەتتە بۇنداق غاپىللارنىڭ سانى ئاز بو-
لۇپ، سەگەك ئادەملەر كۆپ بولسا، ئاشۇ ئاز ساندىكى غاپىللار چەت
ئەلدىكى مۇستەبىتلەرنىڭ گۇپپاڭچىسى بولۇپ كېتىدۇ ياكى بىرەر
ئۇرۇشتا ياللانما ئەسكەر بولىدۇ. ئەگەر ئەمىنلىك دەۋرىدە ياشىغان
بولسا، ئۆزلىرى خالىغان رەزىل ئىشلارنى قىلىپ ئۆتىدۇ.

ئادىمانتوس: قايسى رەزىل ئىشلارنى دەيسەن؟

سوقرات: ئوغرىلىق، قاراقچىلىق، يانچۇقچىلىق، ئىبادەتخا-

نىلارنى بۇلاش، بالىلارنى ئالداش قاتارلىقلارنى قىلىدۇ. ناۋادا ئۇ گەپتان بولۇپ تۇرەلگەن بولسا سۇخەنچىلىك، چېقىمچىلىق، يالغان گۇۋاھلىق ياكى پارىخورلۇق قىلمىشلىرىنى قىلىدۇ.

ئادىمانتوس: سەن دېگەن ئۇ ئەسكى ئىشلار شەرتلىك ھالدا يۈز بېرىشى مۇمكىن، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى ئاز.

سوقرات: شۇنداق. بۇ يەردىكى ئۇششاق ناچارلىقلار چوڭ ناچارلىقلارغا قارىتا ئېيتىلىۋاتىدۇ. دۆلەتكە كەلتۈرگەن زىيىنى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇششاق ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى جەملىگەندە، بۇنىڭ زىيىنى مۇستەبىتنىڭ زىيىنىنى ھەرگىز بويلىمايدۇ. بۇنداق چۈپرەندى ئادەملەر كۆپىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ سانىنىڭ ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالغاندا، ئۇلار خەلقنىڭ ئاڭقاۋلىقىدىن پايدىلىنىپ، مۇستەبىتلىك مىجەزى ئەڭ يارقىن بىرىنى مۇستەبىتلىك ئورنىغا قويۇشى مۇمكىن.

ئادىمانتوس: بۇنىسى ناھايىتى تەبىئىي، چۈنكى، مۇستەبىت مۇستەبىتنى بايقايدۇ.

سوقرات: ئەگەر خەلق ئۇنىڭ گېپىگە كىرسە، ھېچ ئىش يۈز بەرمەيدۇ، ناۋادا دۆلەت ئۇنى رەت قىلسا، بىز يۇقىرىدا ئېيتقان ھېلىقى بالا دادىسىنىڭ دەككىسىنى بەرگەندەك، قولىدىن كەلسىلا، ئۇمۇ دۆلەتنىڭ دەككىسىنى بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سىرداشلىرىنى ئۆز باشقۇرۇشىنىڭ ئاستىغا ئەكەلگەندەك، سۆيۈملۈك ۋەتىنىنىمۇ مەھكۇملۇق تاپىنىنىڭ ئاستىغا تاشلايدۇ، بەلكىم، بۇ ئاشۇ خىل كىشىلەرنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى.

ئادىمانتوس: شۇنداق، ئۇلارنىڭ مەقسىتى شۇ.

سوقرات: بۇخىل ئادەملەرنىڭ ھوقۇق تۇتۇشتىن بۇرۇنقى خۇسۇسىي تۇرمۇشى مۇنداق باشلىنىدۇ: باشتا خۇشامەتچىلەر بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇشىدۇ. بىر ئىشقا ھاجىتى بولسا ئاغزىدىن بال تامدۇرۇپ، دوستلۇق ئىزھار قىلىشىدۇ، مەقسىتىگە يەتكەن ھامان باشقا بىر قىياپەتكە ئۆتىدۇ.

ئادىمانتوس: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئۇلار ھېچكىم بىلەن ھەقىقىي دوست بولالمايدۇ، ئۇلار بىر بولسا غوجايىن بولىدۇ، بىر بولسا قۇل بولىدۇ، مۇستەبىتلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئادەم ئەركىنلىك ۋە دوستلۇقنىڭ تەمىنى مەڭگۈ تېتىيالمايدۇ.

ئادىمانتوس: تامامەن شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، بىز ئۇلارنى ئىشەنچسىز ئادەملەر دېسەك، توغرا بولامدۇ؟

ئادىمانتوس: ئەلۋەتتە، بولىدۇ.

سوقرات: ئەگەر بىزنىڭ ئادالەت ھەققىدىكى تەبىرىمىزگە كۆپچىلىكنىڭ باشقا پىكرى بولمىسا، بىزنىڭ ئادالەتسىزلىك ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىمىز ناھايىتى جايىدا بولغان بولىدۇ.

ئادىمانتوس: شۇنداق ئېنىق بولدى.

سوقرات: رەزىل ئادەملەرنى بىر جۈملە گەپ بىلەن ئىپادىلىسەك ئۇلار ئويغاق ۋاقتىدا چۈشىدىكى يامان ئىستەكلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ.

ئادىمانتوس: تامامەن توغرا.

سوقرات: مانا بۇ تۇغما بىر مۇستەبىتنىڭ ھوقۇقنى قولغا ئېلىش جەريانىدا قىلغان ئىشلىرى. ھوقۇق تۇتۇش مەزگىلى ئۇزارغانسېرى، ئۇنىڭ زوراۋانلىقى كۈچىيىپ بارىدۇ. [بۇ ۋاقىتتا گىلاۋكون گەپ قىستۇرۇپ: بۇنىسى مۇقەررەر دېدى. ]

سوقرات: ئەمدى ئايان بولدىكى، ئەڭ رەزىل ئادەم ئەڭ بەختسىز ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئۇ تۇتقان ھوقۇق چوڭ، ۋاقتى ئۇزاق بولغانسېرى بەختسىزلىكىمۇ زور، بەختسىزلىك دەۋرىمۇ ئۇزاق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ ھەقتە ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قارىشى بار.

گىلاۋكون: ئېنىق شۇنداق.

سوقرات: مۇستەبىت بەئەينى مۇستەبىت دۆلەتنىڭ ئۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، دېموكراتىك دۆلەتنىڭ ئۆزىگە ئوخ-

شاپ كېتىمدۇ. شۇنداققۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق.

سوقرات: بىز مۇنداق بىر يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ پەزىلەت ۋە بەخت جەھەتتە، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت بىلەن شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت ئوخشاپ كېتىدۇ، دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بولمامدىغان.

سوقرات: مۇستەبىت دۆلەت بىلەن بىز باشتا تەسۋىرلىگەن پادىشاھلىقنى پەزىلەت جەھەتتە سېلىشتۇرساق قانداق بولىدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇلار تامامەن قارىمۇقارشى: بىرى ئەڭ ياخشى، يەنە بىرى ئەڭ رەزىل.

سوقرات: بۇ ھەقتە يەنە چوڭقۇرلىمساقمۇ بولار، چۈنكى، ئۇ ناھايىتى ئېنىق بولدى، ئۇيلاپ باققىن، بەخت ۋە بەختسىزلىك جەھەتتە ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشىمۇ؟ نەزىرىمىزنى مۇستەبىت ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئاۋارە قىلمۇەتمەي دۆلەتنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈپ چىقايلى، بىز ئۇنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تەكشۈرۈپ، پۈتكۈل ھاياتىنى روشەن چۈشەنگەندىن كېيىن، قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويساق بولىدۇ.

گىلاۋكون: ياخشى تەۋسىيە بولدى، كۆپچىلىككە مەلۇم بولىدىكى، مۇستەبىتلىك تۈزۈمدىكى دۆلەتتىنمۇ ئارتۇق بەختسىز دۆلەت يوق، پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتتىنمۇ ئارتۇق بەختلىك دۆلەت يوق

سوقرات: ياخشى پىكىر بولدى، تۈزۈمنىڭ لايىقىدىكى شەخس ھەققىدە گەپ بولغاندا پىكىر ئىگىسى كىچىك باللاردەك مۇستەبىتنىڭ سۆلىتى ۋە ياشاش مۇھىتىغا باغلىنىپ قېلىپ، مۇستەبىتنىڭ قەلبى ۋە شەخسىيىتىنى چۈشىنىشنى نەزەردىن ساقىت قىلمۇەتمەسلىكى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ ۋە بۇنداق ھۆكۈمگە ئېتىبار قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇلاھىزە قىلغۇچى مۇستەبىتنىڭ ئامما ئالدىدىكى قىيا-

پىتنى كۆرگەن بولۇپلا قالماي، يەنە مۇستەبىت بىلەن ھەر زامان بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە يېقىنلىرى ئارىسىدىكى قىياپىتىنىمۇ كۆرگەن بولسا، ھۆكۈم تېخىمۇ ئەمەلىي بولىدۇ (ئائىلە مۇستەبىتنى دەبدەبىلىك نىقابتىن خالىي ھالدا ھەقىقىي كۆزىتىشنىڭ سورۇنى). تولۇق كۆزىتىش شەرتىنى ھازىرلىغان ئاشۇ ئادەم، مۇستەبىتنىڭ تۇرمۇشى باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن بەختلىكمۇ ياكى ئەمەسمۇ، سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىشكە ئەڭ ھەقلىق بولامدۇ ـ يوق؟

گىلاۋكون: ئىنتايىن توغرا گەپ بولدى.

سوقرات: ئۇنداقتا، ئارىمىزدا مۇستەبىت بىلەن بىرگە ياشاپ باققان، مەسىلىلىرىمىزگە جاۋاب بەرگۈدەك ھۆكۈم ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم بار، دەپ پەرەز قىلساق بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بولىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، مۇھاكىمىمىزنى باشلايلى، دۆلەت بىلەن شەخسنىڭ خاراكتېرى ئوخشاپ قالىدۇ، دېگەن ھۆكۈمىمىزنى ئېسىمىزدە ساقلىغان ھالدا، ھەربىر دۆلەت ۋە شەخسنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈپ باقايلى.

گىلاۋكون: قايسى خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى دەيسەن؟

سوقرات: ئاۋۋال دۆلەتتىن باشلايلى، بىر مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقتىكى دۆلەتنى ئەركىن دەپ ئويلامسەن ياكى مەھكۇم دەپ ئويلامسەن؟

گىلاۋكون: ئۇ پۈتۈنلەي مەھكۇم دۆلەتتۇر.

سوقرات: لېكىن، بۇنداق دۆلەتتىمۇ غوجايىن ۋە ئەركىن ئادەملەر يوق ئەمەسقۇ؟

گىلاۋكون: بارلىقىغۇ بار. ئەمما، ئۇلار ناھايىتى ئاز ساندا، ئەمما، دۆلەتنىڭ كۆپ قىسمى ۋە مۇنەۋۋەرلىرى خورلۇق ۋە بەختسىزلىك ئىچىدە ياشايدۇ.

سوقرات: دۆلەت بىلەن شەخس ئوخشاپ كەتكەن ئىكەن، شەخس-

مۇ مۇقەررەر هالدا دۆلەتنىڭ هالىتىدە كۆن كەچۈرىدۇ، شەخسنىڭ ۋۇجۇدى مەهكۇملۇق ۋە ئەركسىزلىك بىلەن تولۇپ كەتكەن بولىدۇ، هەتتا، ئۇنىڭ ئەقلىمۇ قۇللۇق بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولىدۇ. شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ رەزىل، ئەڭ تەلۋە تەرەپلەر مۇستەبىتلىك رولىنى ئىپلىشقا هەر زامان تەييار تۇرىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: مۇقەررەر هالدا شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: دەپ باققىن، ئۇنىڭ روهى مەهكۇممۇ ياكى ئەركىنمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇ، مەهكۇم روهتۇر.

سوقرات: مۇستەبىتلەرنىڭ قولىغا قالغان مەهكۇم دۆلەت ئۆز ئارزۇسىدىكى ئىشلارنى قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان دۆلەتقۇ دەيمەن؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: مۇستەبىتلىك تۇزۇمدە ياشىغان روه (مەن پۈتۈن بىر روهنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن) مۇ ئۆزى خالىغان ئىشلارنى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئازغۇن ئارزۇلار ئىسكەنجىسىدە تەرتىپسىزلىك هەم پۇشايمان ئىچىدە ئۆتىدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: مۇستەبىتلىك تۇزۇمدىكى ئەل باي بولامدۇ ياكى نامرات بولامدۇ؟

گىلاۋكون: نامرات بولىدۇ،

سوقرات: مۇستەبىتلىك تۇزۇمدىكى روهمۇ نامراتچىلىق ئىچىدە قانائەتلەنمەي ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: مۇستەبىت دۆلەت ۋە مۇستەبىت شەخس هەمىشە قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بۇ دۆلەتتىكىدىنمۇ ئارتۇق كۆلپەت، غەم ـ قايغۇ، غەزەپ ۋە هەسرەت بولامدۇ؟

گىلاۋكون: يوق.

سوقرات: ئۇنداق ئەھۋاللار ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر تۇپەيلىدىن غال-جىرلاشقان مۇستەبىت تەبىئەتلىك شەخسلەرنىڭ روھىدا بولماي قالامدۇ؟ باشقىلاردىچۇ؟

گىلاۋكون: مۇستەبىتلەردە ئۇ ھال كۆچلۈك بولىدۇ.

سوقرات: يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، سەن بۇ دۆلەت ئەڭ بەختسىز دۆلەت، دەپ يەكۈن چىقىرىشقا ھەقلىق بولىسەنغۇ دەيمەن؟

گىلاۋكون: شۇنداق دېسەم بولماسمۇ؟

سوقرات: شۇنداق دېسەڭ توغرا بولىدۇ. ئەمدى، مۇستەبىتلىق شەخسلەر ھەققىدە قانداق پىكرىڭ بار؟

گىلاۋكون: مەن ئۇنى ئەڭ بەختسىز ئادەم، دەپ قارايمەن.

سوقرات: دېگەندەك توغرا بولمىدى.

گىلاۋكون: نېمىشقا؟

سوقرات: چۈنكى، ئۇ تېخى بەختسىزلىكنىڭ ھەقدادىغا يەتمىدى.

گىلاۋكون: قانداق ئادەم ئۇ نۇقتىغا بارىدۇ؟

سوقرات: ئۇنى مەن دېسەم، سەن ئۇ ئادەمنى تېخىمۇ بەختسىز-كەن دەپ قېلىشىڭ مۇمكىن

گىلاۋكون: ئۇ قانداق ئادەم؟

سوقرات: مۇستەبىت خاراكتېردىكى بىر ئادەم ئادەتتىكى بىر پۇقرانىڭ تۇرمۇشىغا ھەرگىز كۆنەلمەيدۇ. مەلۇم تەتۇر پۇرسەت ئۇ-نى بەختكە قارشى ھالدا ھەقىقىي بىر دىكتاتۇرغا ئايلاندۇرىدۇ.

گىلاۋكون: يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، سېنىڭ گېپىڭنى توغرا دېيىشكە بولىدۇ.

سوقرات: خوپ، ئۇنداق ئىشلاردا تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ خۇلاسە چىقىرىشقا بولمايدۇ، بەلكى، تۆۋەندىكىدەك دەلىللەر ئارقىلىق تەل-تۆكۈس تەكشۈرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىزنىڭ بۇ يەردىكى مۇ-ھاكىمە ئوبيېكتىمىز ياخشى ھايات ۋە رەزىل ھايات مەسىلىسىدىن

ئىبارەت چوڭ مەسىلىدۇر.

گىلاۋكون: ناھايىتى روشەن.

سوقرات: كېيىنم ئورۇنلۇقمۇ، ئويلاپ كۆرگىن. بىز مۇناسىۋەت-لىك مەسىلىگە ئائىت چۈشەنچىنى تۆۋەندىكى ئىشلاردىن تېپىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: قايسى ئىشلاردىن؟

سوقرات: دۆلىتىمىزدىكى قۇللىرى كۆپ بىر قۇلدارنى مىسال قىلايلى. ئادەم باشقۇرۇش يولى جەھەتتە ئۇمۇ بىر مۇستەبىتكە ئوخشايدۇ، بۇ يەردىكى پەرق پەقەت باشقۇرىدىغان ئادەمنىڭ سانىدا.

گىلاۋكون: شۇنداق، شۇ جەھەتتىلا پەرقلىق.

سوقرات: ئۇلار ئۆزىدىن ئەنسىرىمەمدۇ ھەم قورقمامدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇلار ئۇلارنىڭ نېمىسىدىن قورقار؟

سوقرات: ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، بىراق، نېمە ئۈچۈن قورق-مايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

گىلاۋكون: بىلىمەن، دۆلىتىمىز ھەر بىر پۇقرانى قوغدايدۇ.

سوقرات: توغرا. مۇنداق پەرەز قىلايلى: بىر ئادەمنىڭ ئەللىك ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قۇللىرى بار دەيلى، مەلۇم بىر ئىلاھىي كۈچ ئۇنىڭ بالىچاقىلىرى، قۇللىرى ۋەمۇلكىنى ئۆزىگە قوشۇپ بىراقلا چەت بىر يەرگە ئاپىرىپ قويدى. ئۇ يەردە ئۇنى قۇتقۇزىدىغان ھۆر ئادەمدىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى. ئويلاپ باققىنە، بۇنداق شارا-ئىتتا ئۇ ئادەم ئۆزى ۋە بالىچاقىلىرىنىڭ، قۇللارنىڭ زىيانكەشلى-كىگە ئۇچرىشىدىن قانداق قورقىدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنىڭدىن ئارتۇق قورقۇنچ بولمىسا كېرەك.

سوقرات: ئۇ ھالدا ئۇ ئۆزىنىڭ قۇللىرىغا خۇشامەت قىلىپ سىلەرگە ئەركىنلىك بېرىمەن، دەپ ۋەدە بەرمەسمۇ؟ (گەرچە چىن كۆڭلىدىن خالىمىسىمۇ) بىر يولىلا قۇللىرىغا خۇشامەت قىلىدىغان ئادەم بولۇپ كەتمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنداق قىلمىسا، ئۇ تۈگىشىدۇ.

سوقرات: ئـىلاھ ئۇنـىڭغا نۇرغـۇن قوشنـىلارنى بەردى دەيلـى، ئۇلار ھېچكـىمنـىڭ ھېچكىمگە قۇل بولۇشنى خالـمايتتى، بىـراۋ-نىڭ قۇلدارلـىق قىلـمۇاتقانلـىقىنى كۆرسە، ئۇنى قاتتىق جازالايتتى. ئۇ مۇشۇنداق مۇھىتتا قانداق بولار؟

گىلاۋكون: مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ نـاچارلاشقان بـو-لىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دۈشمەن ئىدى.

سوقرات: مانا بۇ بىز تەسۋىرلىگـەن ئاشۇ خىـل تەبىئـەتتىكـى، تۈرلۈك تـەشۋىش ۋە ھاۋايـى ـ ھەۋەسلەرگـە مەھكۇم بـولغان بىـر مۇستەبىتنىڭ قىيامىتى ئەمەسمۇ؟ ئۇ چەت ئەللەرگە چىقىپ سايا-ھەت قىلالمايدىغان، بايراملارغا ئەركىن قاتنىشالمايدىغان بىردىن-بىر ئادەم. گەرچە ئۇ شۇخىل خۇشاللىقلارغا ئىـنتىزار بـولسىمـۇ، خۇددى ئاياللاردەك ئۆيگە سولىنىپ، باشقـىلارنىڭ ئـەركىنلـىكىگـە ھەۋەس قىلىپ ئولتۇرىدۇ.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: مۇستەبىتلىك تىپىدىكى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى-دىكى ئازغۇنلۇق ئۇنى يامان ئاقىۋەتكە قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن سـەن ئۇنى بەختسىز ئادەم، دەپ قارىدىڭ. تەقدىر ئـۇنى ئادەتتىـكى بىـر پۇقرا قىلماي، مۇستەبىت بىر ھۆكۈمدارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى، دې-مەك، ئۆزىنى باشقۇرالمىغان بىـر ئادەم باشقىلارنى باشقۇرىدىغـان بولدى، بۇ ئەھۋالدا ئۇ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق تەقدىرگە دۇچار بول-دۇ. بۇ گويا بىرەر بىمارنى ياكى مەجرۇھنى ئۆيىدە جىم ئارام ئـال-غىلى قويماي ئۇرۇشقا ياكى مۇسابىقىگە مەجبۇريي قاتناشتۇرغان-دەك بىر ئىش.

گىلاۋكون: سوقرات، ئوخشىتىشلىرىڭ بەك جايىدا بولدى.

سوقرات: شۇڭا، قەدىرلىك گىلاۋكون، مۇستەبىت زوراۋانلارنىڭ تۇرمۇشى سەن بەختسىز دەپ قارىغان ھېلىقى ئادەملەرنىڭ تۇرمـۇ-شىدىنمۇ بەك بەختسىز ئەمەسمىكەن؟

گىلاۋكون: ئۇلاردىنمۇ بەختسىز ئىكەن.

سوقرات: بەلكىم، بەزىلەر مۇنۇ ھەقىقەتكە ئانچە قوشۇلۇپ كەتمەسلىكى مۇمكىن: مۇستەبىتلەر ئەمەلىيەتتە ئەڭ خۇنۇك ئادەملەرنى يېنىغا تارتىپ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغان ئەڭ پەسكەش قۇللاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىستەكلىرى ھەرگىز قېنىپ باقمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى تولۇق كۆزەتسەڭ شۇنى بايقايسەنكى، نەپسىنىڭ قانماسلىقىدا ھەقىقىي نامرات ئادەم دەل مۇستەبىتنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ ھەمىشە دەككە ـ دۈككىدە ئۆتىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ دۆلىتىمۇ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تۇرىدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھوقۇق مۇستەبىتنى تېخىمۇ ھەسەتخور، ساداقەتسىز، ئادالەتسىز، ۋاپاسىز ۋە دىنغا پۇت ئاتىدىغان قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ تۇرالغۇسى قاباھەت بىلەن تولغان. ئۇ ئۆزىنى پاجىئەلىك ئادەمگە ئايلاندۇرۇپلا قالماي، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىمۇ پاجىئەگە ئىتتىرىدۇ.

گىلاۋكون: ئاقىل ئادەملەر بۇ گېپىڭنى رەت قىلمايدۇ.

سوقرات: قېنى، ئەمدى سەن ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئاخىرقى ھۆكۈملىگۈچى سۈپىتىدە چىقىرىۋەتكىن. قايسى خىل ئادەم ئەڭ بەختلىك، قايسى خىل ئادەم بەخت جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دېگەن مەسىلىلەرنى ئايرىپ بەرگىن. ئاندىن پادىشاھ تىپىدىكى ئادەملەر، تېموكراسى (غەلىبە خۇمارلار) تىپىدىكى ئادەملەر، ئولىگارخ ئادەملەر، دېموكراتىيە تىپىدىكى ئادەملەر، دىكتاتۇر تىپىدىكى ئادەملەردىن ئىبارەت بەش خىل ئادەملەرنىڭ بەختى ۋە بەختسىزلىكىنى بېكىتىپ بەرگەن بولساڭ ئىكەن.

گىلاۋكون: بۇلارنى بېكىتىش ئاسان، خۇددى خورچىلاردەك ئۇلارنى ئۇلارنىڭ سەھنىگە كىرىش تەرتىپى بويىچە ئايرىساقلا كۇپايە، ئۇلارنىڭ سەھنىگە كىرىشتىكى تەرتىپى بەخت ـ سائادەت ۋە پەزىلەتنىڭ تەرتىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

سوقرات: ئەمىسە تۆۋەندىكى ھۆكۈمنى بىرەر جارچى ئارقىلىق

ئېلان قىلامدۇ ياكى ئۆزۈملا ئېلان قىلايمۇ؟ ھۆكۈم مۇنداق: «ئارىستوننىڭ ئوغلى گىلاۋكون ھۆكۈم چىقاردىكى، ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئادىل كىشى بەخت ــ سائادەت ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭدا شاھلارچە تەبىئەت ۋە تەمكىنلىك بار بولىدۇ. ئەڭ رەزىل ۋە ئەڭ ئادالەتسىز كىشى بەتبەخت بولىدۇ. ئۇنىڭدا زوراۋانلارچە تەبىئەت بولۇپ، ئۆزىگە ھەم ھاكىمىيەتكە زوراۋانلىق يۈرگۈزىدۇ.»

گىلاۋكون: بۇ ھۆكۈمنى ياخشىسى ئۆز لەۋزىڭ بىلەن جاكارلىغىن.

سوقرات: شۇنى قوشۇپ قويغۇم كېلىدۇكى «ئىنسانلار ۋە تەڭرىلەر بۇلارنى بىلسۇن ــ بىلمىسۇن، ياخشىلىق ۋە يامانلىق بەخت ۋە بەتبەختلىكنىڭ يەكۈنى ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.» شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟

گىلاۋكون: قوشۇپ قويساق بولىدىكەن.

سوقرات: ياخشى. ئەمىسە، بىرىنچى دەلىلىمىز تاماملاندى. ئەمدى ئىككىنچى دەلىلگە ئۆتىدىغان ۋاقىت بولدى.

گىلاۋكون: ئىككىنچى دەلىل قانداق بولىدۇ؟

سوقرات: خۇددى دۆلەتتە ئۈچ بۆلەك بولغاندەك، ئىنساننىڭ روھىمۇ ئۈچ بۆلەك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ يەنە بىر خىل ئىسپاتلاش يولى بار بولىدۇ.

گىلاۋكون: قايسى خىل ئىسپاتلاش يولى؟

سوقرات: ئىنسان روھىنىڭ بۇ ئۈچ بۆلىكىدە ئۈچ خىل زوق، ئۈچ خىل ئارزۇ ۋە ئۈچ خىل قوماندانلىق باردۇر.

گىلاۋكون: ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويساڭ.

سوقرات: روھىيەتنىڭ بىرىنچى بۆلىكى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئىككىنچى بۆلۈكى غەزەپكە تەئەللۇق. ئۈچىنچى بۆلەك ئۆز ئىچىدىن مۇرەككەپ بولۇپ، بىز ئۇنى ئاددىي ھەم مۇۋاپىق ئىبارە بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. بىز ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبىنى ۋەكىل قىلىپ ناملايمىز. بىز ئۇنىڭ

ئوزۇق ۋە مۇھەببەتكە بولغان كۆچلۈك مايىللىقىنى ھەمدە باشقا نەپسلەرنى نەزەرگە ئېلىپ، ئارزۇ قىسمى، دەپ ئىسىم قويساق بولىدۇ. ئوخشاشلا بىز پۇلنىڭ بۇ ئارزۇلارنى قاندۇرۇشتىكى ۋاسىتىلىق تەرىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى «پۇلپەرەسلىك» بۆلىكى، دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئۇنىڭ خۇشاللىقى ۋە ھەۋىسى مەنپەئەت ئۈستىگە مەركەزلەشكەنلىكى ئۈچۈن، روھىنىڭ ئۈچ بۆلىكى ھەققىدە توختىلىشنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، ئېنىق قىلىپ پۇلپەرەسلىك بۆلىكى ياكى مەنپەئەتپەرەسلىك بۆلىكى دەپ ئاتىساق بولامدۇ؟

گىلاۋكون: نېمىلا بولمىسۇن، شۇنداق دەپ تۇرايلى.

سوقرات: روھتىكى ھېسسىيات ئامىلىنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ئۇنى ئۈستۈنلۈك، غەلىبە ۋە نام ـ شەرەپ ئۈچۈنلا مۇلازىمەت قىلىدۇ دېگەن ئىدۇققۇ؟

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: بىز ئۇنى زەپەر خۇمارلىق ۋە شەرەپخۇمارلىق، دەپ ئاتىساق بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ناھايىتى مۇۋاپىق بولىدى.

سوقرات: كۆپچىلىككە مەلۇمكى، روھنىڭ ئۆگىنىشكە تەئەللۇق قىسمى شەيئىلەرنى تونۇش ۋە ھەقىقەتنى بايقاش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. روھنىڭ ئۈچ بۆلىكى ئىچىدە پەقەت مۇشۇ بۆلەكلا پۇل ۋە شان ـ شەرەپكە قىزىقمايدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئۇ بۆلەكنى «بىلىمسۆيەرلىك» ياكى «ئەقىلسۆيەرلىك» دەپ ئاتىساق بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، بولىدۇ.

سوقرات: بەزىلەرنىڭ روھىغا ئەقىلسۆيەرلىك قىسمى قوماندانلىق قىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ روھىغا قالغان ئىككى بۆلەكنىڭ بىرى

قوماندانلىق قىلىدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: يۇقىرىقى ئەھۋاللار بويىچە، ئادەملەرنىڭ تىپىنى مۇنداق ئۈچكە ئايرىش مۇمكىن: پەيلاسوپلار (ئەقىلسۆيەرلەر)، شۆھرەتپەرەسلەر ۋە مەنپەئەتپەرەسلەر.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: ئۇ ئۈچ خىل ئادەمگە يارىشا ئۈچ خىل زوق بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: مۇبادا سەن ئۇ ئۈچ خىل ئادەمدىن قايسى خىل تۇرمۇش شەكلى ئەڭ ياخشى، دەپ سورىساڭ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى ئەڭ كۆڭۈللۈك، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، بايلار كېسىپ شۇنداق دەيدۇكى، پۇل ۋە مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا شەرەپ ۋە بىلىمنىڭ زوقى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، تاكى ئۇلار ماددىي نەپكە ئايلانمىغۇچە.

گىلاۋكون: دەرھەقىقەت.

سوقرات: شۆھرەتپەرەسلەرچۇ؟ ئۇلار پۇلدىن كەلگەن خۇشاللىقنى پەسكەشلىك، دەپ قارايدۇ، ھۆرمەت كەلتۈرمىگەن بىلىم زوقىنى مەنىسىز، دەپ قارايدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: پەيلاسوپلار باشقا لەززەتلەرنى ھەقىقەتنى بىلىش ۋە ھەقىقەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش زوقىغا سېلىشتۇرغاندا، نېمىلەرنى دېيىشى مۇمكىن؟ پەيلاسوپلارنىڭ نەزىرىدە باشقا لەززەتلەر ھەقىقىي لەززەتكە كىرمەيدۇ. ئۇلار باشقا لەززەتلەرنى «زۆرۈرىيەت لەززىتى» دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى، ئادەملەر باشقا زوق ـ لەززەتلەرگە موھتاجلىق تۇيەيلى بېرىلگەن بولىدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۈبھىسىز.

سوقرات: ئۇ ئۈچ خىل ئىنسان زوقلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكىنى، قايسىسىنىڭ ياخشى ياكى يامان

ئىكەنلىكىنى، قايسىسىنىڭ كۆڭۈللۈك ۋە ئازابسىز ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا قانداق ئۇسۇل مۇۋاپىق بولىدۇ؟

گىلاۋكون: مەن بىر نەرسە دېيەلمىگۈدەكمەن.

سوقرات: ئىشلارغا توغرا ھۆكۈم قىلىشتا نېمىنى ئۆلچەم قىلىمىز؟ تەجرىبە، بىلىم، ئانالوگىيە (ئەقىل يۈگۈرتۈش) قاتارلىقلارنى ئۆلچەم قىلىمىزغۇ؟ ئۇلاردىنمۇ ياخشى ئۆلچەم بارمۇ؟

گىلاۋكون: يوق.

سوقرات: ئويلاپ باقايلى: ئۇ ئۈچ خىل ئادەمنىڭ قايسى خىلى ئۈچ خىل زوق توغرىسىدا ئەڭ تەجرىبىلىك كېلىدۇ؟ سېنىڭچە، مەنپەئەتپەرەسلەرنىڭ ھەقىقەتنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى زوق كەچۈرمىشى پەيلاسوپلارنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىكى زوق كەچۈرمىشىدىن كۆپ بولامدۇ؟

گىلاۋكون: كۆپ بولمايدۇ، چۈنكى، پەيلاسوپلار باشقا ئىككى خىل زوقنى كىچىكىدىلا تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. ئەمما، مەنپەئەتپەرەستلەر ھەقىقەتنىڭ ماھىيىتىنى ئىزدەشتىن كېلىدىغان خۇشاللىقنى ئەسلا تېتىپ باقمىغان بولىدۇ. تېتىپ باققۇسى كەلسىمۇ قادىر بولالمايدۇ.

سوقرات: دېمەك، پەيلاسوپلارنىڭ قالغان ئىككى جەھەتتىكى زوق كەچۈرمىشى مەنپەئەتپەرەسلەرنىڭكىدىن ئاقمىلانىدۇر.

گىلاۋكون: كۆپ ئاقىلانە.

سوقرات: پەيلاسوپلارنى شۆھرەتپەرەسلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ پەيلاسوپلارنىڭ شەرەپكە ئېرىشىش جەھەتتىكى خۇشاللىق كەچۈرمىشى شۆھرەتپەرەسلەرنىڭ ئۆگىنىش جەھەتتىكى خۇشاللىق كەچۈرمىشىدىن ئاز بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئاز بولمايدۇ. ھۆرمەت دېگەن نىشاننى ئىشقا ئاشۇرالىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە مەنسۇپ بولىدىغان نەرسىمۇ؟ بايلار، باتۇرلار ۋە ئاقىللار جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەچكە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتلىنىش زوقىنى تېتىپ كۆرگەن بولىدۇ.

دۇ. بىراق، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشتىن ئىبارەت بۇ خۇ-شاللىقنىڭ تەمىنى پەيلاسوپتىن باشقىلىرى تېتىمىغان بولىدۇ.

سوقرات: پەيلاسوپنىڭ تەجرىبىسى ھەممىدىن مول بولغان ئىكەن، ئۈچ خىل زوق توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئۇ ئەڭ لاياقەتلىكتۇر.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: پەيلاسوپ بىلىم بىلەن تەجرىبىسىنى ئۆزىدە مۇجەس-سەملەشتۈرگەن ئادەم.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ھۆكۈم چىقىرىشتا ئېھتىياجلىق بولغان ۋاسىتىلەر ھەم قورال لارغا ئىگە بولغان ئادەم مەنپەئەتپەرەسلەر ياكى شۆھرەت-پەرەسلەر بولماستىن، بەلكى، ھۆكۈمالار ياكى پەيلاسوپلاردۇر.

گىلاۋكون: دېمەكچى بولغىنىڭ نېمىكىن؟

سوقرات: ھۆكۈم ئەقىل يۈگۈرتۈش ئارقىلىق بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئانالوگىيە (ئەقىل يۈگۈرتۈش) پەيلاسوپلارنىڭ قورالى.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئەگەر بايلىق بىلەن مەنپەئەت شەيئىلەرنى باھالاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆلچىمى بولىدىغان بولسا، مەنپەئەتپەرەسلەرنىڭ مۇ-ئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ئىنكار قىلىشى چىنلىققا ۋەكىللىك قىلغان بولاتتى.

گىلاۋكون: ئۇنىسى تەبىئىي.

سوقرات: ناۋادا شان ـ شەرەپ، زەپەر ۋە باتۇرلۇق شەيئىلەرنى باھالاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆلچىمى بولىدىغان بولسا، زەپەرخۇمارلار بىلەن مەنپەئەتپەرەسلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ھەقىقەت بولۇپ قالامدۇ؟

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق بولۇپ قالىدۇ.

سوقرات: ئەگەر تەجرىبە، بىلىم ۋە ئانالوگىيە (ئەقىل يۈگۈر - تۈش) ئۆلچەمگە ئايلانسا، ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟

گىلاۋكون: ئەقىل ئەھلى مۇئەييەنلەشتۈرگەن شەيئى ھەقىقەت بولىدۇ.

سوقرات: شۇڭلاشقا، يۇقىرىقى ئۈچ خىل زوقنىڭ ئىچىدە، روھىيەتنىڭ ئۆگىنىشكە سەرپ بولغان قىسمىنىڭ زوقى ھەقىقانىي زوق بولۇپ چىقىدۇ، روھىيىتىدە تەتقىقات ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ئەڭ ھۇزۇرلۇق تۇرمۇشتۇر، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق. ئەگەر ئالىم كىشى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ھۇزۇرلۇق دېسە، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەك كېرەك.

سوقرات: ئەمدى گېپىمىزنى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان زوققا بۇرايلى.

گىلاۋكون: جەڭچى ۋە شۆھرەت ئەھلىنىڭ زوقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە زوقى پۇل تاپىدىغانلارنىڭ زوقىغا قارىغاندا، بىرىنچى خىل زوققا يېقىن تۇرىدۇ.

سوقرات: قارىغاندا، مەنپەئەتپەرەسنىڭ تۇرمۇشى ۋە زوقى ھەممىنىڭ كەينىدە تۇرىدىكەن - دە؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئادالەتلىك ئادەم ئىككى قېتىملىق ئۇدا ئېلىشىشتا ئادالەتسىز ئادەمنى مەغلۇپ قىلدى، ئەمدى ئۈچىنچى قېتىملىق ئېلىشىش يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدا ئولىمپىيە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ روھى بويىچە زېۋسنىڭ ياردىمىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر ئاقىلنىڭ شۇنداق دېگىنى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: پەقەت ئالىمنىڭ خۇشاللىقىلا ھەقىقىي ۋە ساپ خۇشاللىق بولۇپ، باشقىلىرى سايىدۇر. ئەگەر بۇ نۆۋەتتە مەغلۇپ بولساق، ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولغان بولىمىز.

گىلاۋكون: توغرا بولدى، ئەمما ئازراق شەرھلەپ ئۆتكىن.

سوقرات: مۇھاكىمە داۋامىدا مېنىڭ سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىشنى خالىساڭلا، مەن شەرھلەپ ئۆتىمەن.

گىلاۋكون: قېنى، سورىغىن.

سوقرات: بىز ئازابنى خۇشاللىقنىڭ قارشى تەرىپى دېگەنغۇ، دەيمەن؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنداقتا، خۇشاللىق ۋە ئازابتىن خالىي ھالەتمۇ بارمۇ؟

گىلاۋكون: بار.

سوقرات: بۇ ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى نېيترال بولغان، ھەر ئىككى تەرەپ جىمىغان ھالەتمۇ؟ ياكى سەن ئۇنداق قارىمامسەن؟

گىلاۋكون: مەنمۇ شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: ئادەملەر بىتاپلىقتا نېمە دەيدۇ؟

گىلاۋكون: نېمە دەر بولغىيدى؟

سوقرات: بىتاپلار كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن ساغلاملىقنىڭ ئەڭ زور خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ، بىراق، كېسەل بولغاندا، ساغلاملىقتىن ئارتۇق خۇشاللىق يوق ئىكەن، دەيدۇ.

گىلاۋكون: ئۇنى بىلىمەن.

سوقرات: قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان ئادەم ئازابنىڭ ساقىت بولۇشىدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق يوق ئىكەن، دەيدۇ، سەن بۇنى ئاڭلىغانمۇ؟

گىلاۋكون: ئاڭلىغان.

سوقرات: كۆزەتكەن بولساڭ كېرەك، ئادەملەر ئازابلىق چاغلاردا ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئەڭ زور خۇشاللىق، دەپ مەدھىيىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئازابتىن قۇتۇلۇش قانداقتۇ بىر بەھرىمەنلىكمۇ ئەمەس.

گىلاۋكون: شۇنداق، بىلىش كېرەككى، ئۇنداق ئەھۋالدا ئارام

تېپىشنىڭ ئۆزىمۇ خۇشاللىق ۋە بەخت بولۇپ قالىدۇ.
سوقرات: ئوخشاشلا، بىر ئادەمنىڭ خۇشاللىقىنىڭ تامام بولۇ- شىمۇ ئازابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
گىلاۋكون: بەلكىم.
سوقرات: شۇڭلاشقا، ئىككى تۈيغۇ ئوتتۇرىسىدىكى ھالەت بەزى- دە خۇشاللىق، بەزىدە ئازابلىق بولۇشى مۇمكىن.
گىلاۋكون: شۇنداق بولسا كېرەك.
سوقرات: خۇشاللىق ۋە ئازابنىڭ ھەر ئىككىسىگە كىرمەيدىغان بىر ھالەت شۇ ئىككى تۈيغۇغا مەنسۇپ ھالەتكە ئۆزگىرەمدۇ؟
گىلاۋكون: مېنىڭچە، ئۇنداق بولمايدۇ.
سوقرات: روھتا مەيدانغا كەلگەن ئازاب بىلەن خۇشاللىقنى بىر تۈرلۈك ھەرىكەت، دېسەك بولامدۇ؟
گىلاۋكون: بولىدۇ.
سوقرات: بىز بايا ھەم خۇشاللىق بولماسلىق ھەم ئازابلانماس- لىقنى روھنىڭ تىنچ ھالىتى بولۇپ، ئىككى ئارىدا تۇرىدۇ، دېگەن- غۇ، دەيمەن؟
گىلاۋكون: شۇنداق.
سوقرات: ئۇنداقتا، ئازابسىزلىقنىڭ ئۆزى خۇشاللىقتۇر، خۇ- شالسىزلىقنىڭ ئۆزى ئازابتۇر دېيىش قانداقمۇ توغرا بولسۇن؟
گىلاۋكون: ھەرگىز توغرا ئەمەس.
سوقرات: شۇڭا، ئازابقا قارشى خۇشاللىق، خۇشاللىققا قارشى ئازاب بىرخىل تىنچلانغان ھالەت بولۇپ، خۇشاللىق ۋە ئازابنىڭ ھەقىقىي ئۆزى ئەمەستۇر، بۇ ھال پەقەت خۇشاللىق ياكى ئازابقا ئوخشاپ كېتىدىغان ھالەتتۇر. كۆلەڭگىسىمان بۇ خۇشاللىق ھەقى- قىي خۇشاللىق بىلەن ئالاقىسىز بولۇپ، پەقەت ئۆزىنى ئالداشتۇر.
گىلاۋكون: قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاقىۋەت بەرىبىر شۇ.
سوقرات: سەن ئازابتىن كەلگەن خۇشاللىقنى ئەمەس، باشقا

تىپتىكى خۇشاللىقنى كۆرسەڭ، ئازابنىڭ تۈگىگىنى خۇشاللىقتۇر، خۇشاللىقنىڭ تۈگىگىنى ئازابتۇر دېمىگەن بولاتتىڭ.

گىلاۋكون: مەن ئۇ خۇشاللىقنى نەدىن تاپاي، سېنىڭ دېگىنىڭ قايسى خىل خۇشاللىق؟

سوقرات: دىققەت قىلغان بولساڭ، باشقا خۇشاللىقنىڭ تۈرى كۆپ، بولۇپمۇ پۇراش سېزىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خۇشاللىق، بۇنداق خۇشاللىق ئازابتىن كېيىنكى نەتىجە ئەمەس. ئۇ تاسادىپىي پەيدا بولۇپ، ئاخىرغىچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئاخىرلاشسىمۇ، ئازاب بولمايدۇ.

گىلاۋكون: ئىنتايىن توغرا.

سوقرات: شۇڭا، بىز ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ھەقىقىي خۇشاللىق، خۇشاللىقنىڭ يوقىلىشىنى ھەقىقىي ئازاب، دەپ قارىۋالماسلىقىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: شۇنداق، ئۇنداق قارىۋالماسلىقىمىز كېرەك.

سوقرات: جىسمانىيەت ئارقىلىق روھقا يېتىپ بارىدىغان خۇشاللىقلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇخىل تىپقا كىرىدۇكى، بۇلار ئاساسەن ئازابتىن ساقىت بولۇش مەنىسىگە ئىگە.[①]

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: خۇشاللىق ۋە ئازاب ھەققىدىكى قىياسلاردىن كېلىپ چىقىدىغان خۇشاللىق ۋە ئازابلارمۇ مۇشۇ تۈركۈمگە كىرەمدۇ؟

گىلاۋكون: كىرىدۇ.

سوقرات: سەن ئۇلارنىڭ قانداقلىقىنى ئۇلارنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

گىلاۋكون: بىلمەيدىكەنمەن.

سوقرات: سېنىڭچە، ئۇ تەبىئىي ھالدا يۇقىرى، تۆۋەن، ئوتتۇراھال دەپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنەمدۇ؟

① يەپ ـ ئىچىش خۇشاللىقى ئېچىرقاش ئازابىنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئادەم تۆۋەن دەرىجىدىن ئوتتۇرا دەرىجىگە ئۆرلىگەندە، ئۇ ئۆزىنى يۇقىرى دەرىجىگە ئۆرلىدىم، دەپ ئويلاپ قالامدۇ؟ ئۇ كېيىنگە ئۆرۈلۈپ قارىغىنىدا، ھەقىقىي يۇقىرى دەرىجىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان ئۇ ئىنسان، ئۆزىنى ئاللىبۇرۇن يۇقىرىغا چىقتىم، دەپ ئويلىمامدۇ؟

گىلاۋكون: مېنىڭچە، ئۇ ئۇنىڭدىن باشقىچە ئويلىمايدۇ.

سوقرات: ئەگەر ئۇ تۆۋەنگە قايتىپ چۈشسە، ئۇنىڭ تۆۋەنگە چۈشتۈم دېگىنى توغرا بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، توغرا بولىدۇ.

سوقرات: ئۇنىڭ شۇنداق ئويلاپ قېلىشى يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھەققىدىكى ھەقىقىي كەچۈرمىشىنىڭ بولمىغانلىقىدىن بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق ئىكەنلىكى ئېنىق.

سوقرات: ئۇنداقتا، چىنلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەرنىڭ باشقا شەيئىلەر ھەققىدىكى قارىشى توغرا بولمىغاندەك، ئۇلارنىڭ خۇشاللىق، ئازاب ۋە بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھالەت ھەققىدىكى قارىشىمۇ توغرا بولۇشى ناتايىن. ئۇلار ئازابقا يولۇققاندا، شۇ ئازابىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئازابىنى ھەقىقىي دەپ ئويلايدۇ، ئۇلار ئازابتىن نېيترال ھالەتكە كۆچۈشنىڭ قانائەت ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. ئۇلار ھەقىقىي خۇشاللىقنى تېتىپ باقمىغاچقا، ئازاب ۋە ئازابسىزلىق ھەققىدىكى سېلىشتۇرمىسى خاتا بولىدۇ. بۇ خۇددى ئاق رەڭنى كۆرۈپ باقمىغان ئادەمنىڭ كۈل رەڭ بىلەن قارا رەڭنى سېلىشتۇرۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. سېنىڭچە، بۇ ئەجەبلىنەرلىكمۇ؟

گىلاۋكون: ياق، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەگەر ئەھۋال ئۇنداق بولمىغان بولسا مەن ئەجەبلەنگەن بولاتتىم.

سوقرات: ئەمدى بىز تۆۋەندىكى مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىپ با-

قايلى. چاڭقاش ۋە ئېچىرقاش بەدەننىڭ نورمال ھالىتىنىڭ يو-
قىلىشىمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق.

سوقرات: بىلىمسىزلىك ۋە ئەقىلسىزلىك روھنىڭ نورمال ھا-
لىتىنىڭ يوقىلىشىمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداقلىقى ئېنىق.

سوقرات: تاماقلىنىش ۋە بىلىم ئېلىش تەن بىلەن روھنىڭ
كەمتۈك ھالىتىنىڭ تولۇقلىنىشىمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق دېسە بولىدۇ.

سوقرات: چىن بولمىغان نەرسە بىلەن تولۇقلاشنى، بىرقەدەر
چىن بولمىغان نەرسە بىلەن تولۇقلاشقا سېلىشتۇرغاندا، قايسىسى
بىرقەدەر چىن تولۇقلاش بولىدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، كېيىنكىسى.

سوقرات: شۇنداق شەيئىلەر بار، ئۇلار نان، گۆش، ئىچىملىك
قاتارلىق ئوزۇقلۇقلاردۇر. يەنە شۇنداق شەيئىلەرمۇ باركى، ئۇلار
پىكىر، بىلىم، ئىدراك، پەزىلەت قاتارلىقلاردۇر. سېنىڭچە، بۇ
ئىككى تۈركۈمدىكى شەيئىلەرنىڭ قايسىبىرى ساپ بارلىق خاراك-
تېرىگە ئىگە؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەبەدىي ئۆزگەرمەس ۋە يوقالماس
ھەقىقەتكە مۇستەھكەم باغلانغان، ئۆزىدىمۇ شۇ ھەقىقەتنىڭ تەبى-
ئىتى بار ھەم ھەقىقەت تەبىئىتىگە ئىگە شەيئىلەردىن پەيدا بولغان
شۇ نەرسە بىلەن ئۆزگىرىدىغان ۋە يوقىلىدىغان، ئۆزىدە ئۆزگىرىش
ۋە يوقىلىش تەبىئىتى بار بولغان، شۇنىڭدەك شۇ خىل تەبىئەتتە-
كى نەرسىلەردىن پەيدا بولغان بۇ نەرسىنى سېلىشتۇرغاندا، قايسى-
سى ساپ بارلىق (مەۋجۇدىيەت) خۇسۇسىيىتىگە ئىگە؟

گىلاۋكون: ئەبەدىي ئۆزگەرمەس نەرسە نىسبەتەن بارلىق خۇ-
سۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

سوقرات: مەڭگۈ ئۆزگەرمەس نەرسىنىڭ بارلىق خۇسۇسىيىتى
ئۇنىڭ بىلگىلى بولىدىغانلىق خۇسۇسىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەن

بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، چىنلىقچۇ؟

گىلاۋكون: ئۇمۇ ئۇنداق بولمايدۇ.

سوقرات: نىسبەتەن چىن بولمىغىنى نىسبەتەن بارلىق (مەۋ-جۇتلۇق) خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولمىغان بولامدۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق بولۇشى مۇقەررەر.

سوقرات: ئۇمۇمەن بەدەنىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدىغان نەرسى-لەر روھنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدىغان نەرسىلەردەك چىن ۋە ئە-مەلىي بولمايدۇ.

گىلاۋكون: ئىككىسىنىڭ پەرقى چوڭ.

سوقرات: ئۇنداقتا، سەن بەدەنىنىڭ ئۆزىنى روھنىڭ ئۆزىدەك چىن ۋە ئەمەلىي ئەمەس، دەپ قارامسەن؟

گىلاۋكون: مەن شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: تولۇقلىغىنى بىلەن تولۇقلانغىنى؟ قانچىكى بارلىق (مەۋجۇتلۇق) خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسا، تولۇقلاشنىڭ ئۆزىدىكى بارلىق تەبىئىتى شۇنچە چوڭ بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: تەبىئەتكە ماس كېلىدىغان نەرسىلەر ئارقىلىق تولۇق-لىنىش بىزگە خۇشاللىق ھېس قىلدۇرغان ئىكەن، تولۇقلانغان نەرسە بىلەن تولۇقلىغان نەرسە قانچىكى ماھىيەتلىك بولسا، بىز-نىڭ ئېرىشىدىغان خۇشاللىقىمىزمۇ شۇنچە چىن بولىدۇ. ئەكسى-چە، تولۇقلاشتا ماھىيەتلىك تەركىب كەم بولسا ئىشەنچلىك تولۇق-لىنىش قانائەتنى ھېس قىلالمايمىز ھەم ئىشەنچلىك چىنلىقنىڭ زوقىغا ئېرىشەلمەي قالىمىز.

گىلاۋكون: شەك ـ شۈبھىسىز شۇنداق.

سوقرات: ئەقىل ۋە پەزىلەتنى تونۇمىغان كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى توپلىشىپ ئىشرەت قىلىشتۇر، بۇنداق كىشىلەر بىز

بايا قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجە ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈشىدۇ، ئۇلار يۇقىرى دەرىجىگە ئىنتىلىپ، ھەقىقىي يۈكسەكلىكنى كۆرۈشكە ئىنتىلمەيدۇ. ئۇلار ماھىيەتلىك قامدىلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بەئەينى ھايۋانلارنىڭ كۆزى ئوت - چۆپلەردە ۋە قارشى جىنستا بولغاندەك، بىلىمسىز ۋە پەزىلەتسىز ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى زىيابەت ئۈستىلىدىن باشقا نەرسىنى كۆرمەيدۇ، بىلمەك لازىمكى، روھنىڭ ئاشۇ ماھىيەتلىك بولمىغان ھەم قانائەتلەندۈرگىلى بولمايدىغان قىسمىنى ماھىيەتلىك بولمىغان نەرسىلەر بىلەن قانائەتلەندۈرمەكچى بولۇش ئاخىرى بىكار ئاۋارە بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار قانائەت تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن خۇددى ھايۋانلار بىر - بىرىنى ئۈسۈپ، تېپىشكەندەك تۆمۈر قوراللار بىلەن بىر - بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ.

گىلاۋكون: سوقرات، سەن ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىنى راۋرۇس ئېچىپ تاشلىدىڭ.

سوقرات: دېمەك، بۇ خىل ئادەملەرنىڭ خۇشاللىقى ئازابقا شېرىكتۇركى، ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت خۇشاللىقنىڭ سايىسىدۇر، خالاس. بۇ خۇشاللىق قارىماققا ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ھاماقەت ئادەملەرنىڭ قەلبىدە تەلۋە ئىستەكلەرنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئۇرۇشقا كۈشكۈرتىدۇ. ستېسىخوروس (stesikhoros) قەھرىمانلار ترويادا ھېلېننىڭ سايىسى ئۈچۈن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ دېگەندەك،① ئۇلارمۇ يوزەكى خۇشاللىق ئۈچۈن چېپىپ يۈرۈشىدۇ، بۇ ئورۇنسىزلىقلار ھەقىقەتنى تونۇمىغانلىقتىن كەلگەن. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئەينى ئەھۋال شۇ.

سوقرات: ھېسسىياتقا قانداق قارايسەن؟ ئۇمۇ مۇقەررەر ھالدا ئوخشاش ئەھۋالدا بولامدۇ؟ ئەگەر بىراۋ شان - شەرەپ، غەلىبە ياكى مەردلىك دېگەنلەرنى ئەقىل ۋە پىكىرگە تايانمايلا قوغلاشسا،

① ستېسىخوروسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ھەقىقىي ھېلېن مىسىردا قالغان بولۇپ، ترويادا ئېلىپ كېتىلگىنى پەقەت ئۇنىڭ خىيالىي كۆلەڭگىسى.

ئۇنداقتا، ئۇنىڭ غەلىبە ۋە شەرەپ خۇمارى ھەسەت، مەجبۇرلاش ۋە غەزەپكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق ئاقىۋەتتىن ساقىت بولالمايدۇ.

سوقرات: شۇڭا، بىز مۇنداق بىر خۇلاسىنى ئىشەنچ بىلەن چىقىرالايمىز: شەرەپ ۋە غەلىبە ئارزۇلىرى بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەقىل - پاراسەت توغرا كەلگەن خۇشاللىقنى تاللىسا، ئۇنىڭ ئېرىشىدىغان خۇشاللىقى ئېرىشىشكە تېگىشلىك خۇشاللىقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىن خۇشاللىق بولىدۇ. بەلكى، ئۇ چىنلىقنىڭ يېتەكلىشىدە بولغانلىقى ئۈچۈن شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىپى شەيئىلەرنىڭ ئەڭ خاسلىقى دېيىش توغرا بولغاندا، ئۇنىڭ ئېرىشكىنى ھەقلىق بولغان خۇشاللىق بولىدۇ.

گىلاۋكون: راستتىنلا ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان خۇشاللىق بولىدۇ.

سوقرات: دېمەك، پۈتكۈل روھ ئۆزىدىكى ئەقىل - پاراسەتنى سۆيىدىغان بۆلەكنىڭ يېتەكلىشىگە ئەگەشسە، روھنىڭ ئىچكى قىسىملىرىدا ئىختىلاپ بولمىسا، ھەرقايسى بۆلەك ھەققانىيلىشىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلار ھەر قايسى تەرەپلەردىكى رولىنى ئۆتەش بىلەن بىللە، ئۆزىگە تېگىشلىك خۇشاللىقىمۇ ئېرىشىدۇ، بەلكى، ئەڭ ياخشى ۋە ئۆز دائىرىسىدىكى ئەڭ چىن خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئۇنىسى مۇتلەقتۇر.

سوقرات: ئەگەر روھ ئۆزىدىكى باشقا ئىككى بۆلەكنىڭ بىرىنىڭ يېتەكلىشىدە بولسا، ئۇ ئۆزىگە تېگىشلىك ھەقىقىي خۇشاللىققا ئېرىشەلمەيدۇ ھەمدە باشقا ئىككى بۆلەكنىمۇ ساختا خۇشاللىقنى قوغلىشىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: پەلسەپە ۋە ئەقىلدىن يىراق ئاشۇ بۆلەكلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ ئۇنۇم ئەڭ روشەن ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: روشەن.

سوقرات: نەزەرىيەدىن چەتنەش قانۇن ۋە تەرتىپتىن چەتنەش ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ئېنىقلا چەتنەشتۇر.

سوقرات: قانۇن ۋە تەرتىپتىن چەتنەشنىڭ مۇھەببەت ئارزۇسى ۋە مۇستەبىت زوراۋانلارنىڭ ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتۇقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق، كۆرۈپ يەتتۇق.

سوقرات: پادىشاھنىڭ تەرتىپكە ئۇيغۇن ئارزۇسى قانۇن ۋە تەرتىپكە ئەڭ يېقىن بولىدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: شۇڭا، مۇستەبىت ھۆكۈمدارنى مۇناسىپ خۇشاللىقتىن ئەڭ يىراق تۇرىدۇ، پادىشاھنى مۇناسىپ خۇشاللىققا ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ، دەپ قارايمەن.

گىلاۋكون: ئۇنىسى مۇقەررەر.

سوقرات: دېمەك، مۇستەبىتنىڭ تۇرمۇشى ئەڭ خاپا تۇرمۇش، پادىشاھنىڭ تۇرمۇشى ئەڭ خۇشال تۇرمۇش.

گىلاۋكون: ئۇنىڭدا شۈبھە يوق.

سوقرات: ئۇنداقتا، مۇستەبىتنىڭ تۇرمۇشى پادىشاھنىڭ تۇرمۇشىغا قارىغاندا قانچىلىك دەرىجىدە خاپىچىلىق ئىچىدە بولىدۇ؟

گىلاۋكون: ئېيتىپ بەرمىسەڭ، قانداق بىلەي.

سوقرات: ئۈچ تۈرلۈك خۇشاللىق بار: بىرى ھەقىقىي، ئىككىسى ساختا، مۇستەبىتلىك قانۇن ۋە ئەقىلدىن چەتنەش جەھەتتە، ئىككى ساختا خۇشاللىق ئۆلچىمىدىن جىق ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، مەھكۇم خۇشاللىقلارنىڭ قورشاۋىدا قالغان. ئۇنىڭ نەقەدەر پەسكەشلىكىنى ئىپادىلەشمۇ ئاسان ئەمەس، مۇنۇ ئۇسۇلنى قوللانمىغۇچە ...

گىلاۋكون: قانداق ئۇسۇل؟

سوقرات: مۇستەبىت ئولىگارخىنىڭ كەينىدىن ئۈچىنچى ئورۇندا

تۇرىدۇ، چۈنكى، ئارىدا يەنە دېموكراتلارمۇ بار.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: مۇبادا باشتا دېگەنلىرىمىز خاتا بولمىسا، مۇستەبىت-نىڭ ئېرىشكەن خۇشاللىقى خۇشاللىقنىڭ كۆلەڭگىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ چىنلىق دەرىجىسى ئەنە شۇ كۆلەڭگىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسىگە توغرا كېلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئولىگارخ پادىشاھتىن ئۈچ دەرىجە كېيىن تۇرىدۇ، ناۋادا بىز ئاقسۆڭەكلىك تۈزۈمى بىلەن پادىشاھلىقنى ئوخشاش دەپ قارىساق.

گىلاۋكون: شۇنداق، ئۈچ دەرىجە كېيىن تۇرىدۇ.

سوقرات: شۇڭا، مۇستەبىتنىڭ ھەقىقىي خۇشاللىقتىن قانچى-لىك يىراقلىقىنى رەقەم بىلەن ئىپادىلىگەندە توغرا كەلسە $3\times3=9$ بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئېنىق ھالدا شۇنداق بولىدۇ.

سوقرات: كىۋادراتتىن كېيىن، كۇبقا كۆتۈرسەك، پەرقىنىڭ قانچىلىك زورىيىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق.

گىلاۋكون: بىر ھېساب ئەھلى ئۈچۈن بۇ ناھايىتى ئېنىق.

سوقرات: بەزىلەر پادىشاھ بىلەن مۇستەبىتنىڭ ھەقىقىي خۇ-شاللىقتىكى نېسىۋىسىنىڭ پەرقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۈچىنچى دەرىجىگە كۆتۈرۈپ ھېسابلاپ شۇنى بايقىغانكى، پادىشاھنىڭ تۇر-مۇشى مۇستەبىتنىڭ تۇرمۇشىغا قارىغاندا 729 ھەسسە خۇشال، مۇستەبىتنىڭ تۇرمۇشى پادىشاھنىڭ تۇرمۇشىغا قارىغاندا 729 ھەسسە ئازابلىق.

گىلاۋكون: بۇ ئادالەتلىك ئىنسانلار بىلەن ئادالەتسىز ئىن-سانلارنىڭ خۇشاللىق ۋە ئازاب پەرقىنى ئىپادىلىگەن دائىر سىرلىق بىر ھېسابلاش بولدى.

سوقرات: بۇ كىشىلىك تۇرمۇشقا توغرا كېلىدىغان ئېنىق سان.

ئەگەر كۈندۈز، كېچە، ئاي، يىل دېگەندەك بۇرجىلار ئادەمگە ئۇدۇل كەلسە.[①]

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: پازىل ۋە ئادىل كىشىلەر رەزىل ۋە ئادالەتسىز كىشىلەردىن خۇشاللىق جەھەتتە شۇنچە كۆپ ھالقىپ كەتكەن يەردە، قائىدە ـ يوسۇن، گۈزەللىك ۋە ئەخلاق جەھەتتىمۇ زىيادە ئېشىپ كەتكەن بولماسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق، كۆپ ئېشىپ كەتكەن.

سوقرات: ناھايىتى ئوبدان، ئەمدى بىز ئەسلىي تېمىمىزغا قايتايلى: ئادالەتسىزلىك نامدا ئادالەتلىك بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئادالەتسىز قىلمىشلارنى قىلغان ئادەمگە نىسبەتەن پايدىلىق دېگەنىمىدۇق؟

گىلاۋكون: راست، شۇنداق دېگەن.

سوقرات: بىز ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە بىردەك قاراشقا كەلگەن ئىكەنمىز، ئۇنداقتا، يۇقىرىقىدەك ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار بىلەن ئۆرىدىشىپ باقساق ـ قانداق؟

گىلاۋكون: قانداق قىلىپ؟

سوقرات: بىز ئۇ قاراشنىڭ ئىگىلىرىگە بىر ئادەمنىڭ روھىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۆزىگە كۆرسىتىپ قويايلى.

گىلاۋكون: ئۇ قانداق ئوبراز؟

سوقرات: قەدىمكى رىۋايەتلەردە كۆپ تەبىئەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان مەخلۇقلار ئوبرازى يارىتىلغان، مەسىلەن، كىمايىرا

① بۇ گەپنىڭ مەنىسى تازا ئېنىق ئەمەس. پىنفاگورچىلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشىچە، بىر يىلدا 364/2/1 كۈندۈز ۋە كېچە بار. $927 = 2 \times 364.5$ ئۇلارچە 729 ئاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور بىر يىل بار ئىمىش. ئەپلاتون بۇ يەردە مۇنتىزىم ھېساب قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق ھېسابلاش ئۇسۇلى گىرېكلار ئۇچۇن سېھرىي كۈچكە ئىگە.

(khimaira)، سىكۇلا (skylla)، كېربوروس (kerberos) قاتارلىق غەلىتە مەخلاقلار.①

گىلاۋكون: دەرۋەقە شۇنداق رىۋايەت.

سوقرات: كۆپ باشلىق مۇرەككەپ بىر مەخلۇقنى قىياس قىلىپ باقايلى: ئۇنىڭدا شاش هايۋاننىڭمۇ بېشى بار، مۇلايىم هايۋاننىڭمۇ بېشى بار. بۇ باشلارنى خالىغانچە يەڭگۈشلەپ، ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئۇنداق هەيكەلنى ياساش پەقەت ئۇستا سەنئەتكارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. بىراق، نەرسىلەرنىڭ ئوبرازىنى پەيدا قىلىشتا سۆز شام ۋە باشقا ماتېرىياللارغا قارىغاندا قولايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇ مەخلۇقنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ بولدۇق، دەپ پەرەز قىلايلى.

سوقرات: ئەمدى شىر ۋە ئادەمنىڭ ئوبرازىنى يارىتايلى، بايىقى مەخلۇقنىڭ ئوبرازى ئەڭ چوڭ، شىرنىڭ ئوبرازى كىچىكرەك بولسۇن.

گىلاۋكون: بۇ بىر جۈملە سۆز بىلەنلا هەل بولىدۇ.

سوقرات: ئاندىن بىز ئۇ ئۈچ ئوبرازنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ، مەخلۇقتەك بىر هالەتنى پەيدا قىلايلى.

گىلاۋكون: يۈتتى مانا.

سوقرات: بىز بۇ بىرلەشمە گەۋدىگە ئادەمنىڭ سىياقىنى كىيدۈرەيلى، باشقىلار ئىچىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرمەي، ئادەمنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندەكلا تەسىراتقا كەلسۇن.

گىلاۋكون: بۇمۇ تەل بولدى.

① كىمايىرا دېگىنىمىز شىرباش، قوي تەن ۋە يىلان قۇيرۇقلۇق مەخلۇق بولۇپ، ئوت پۈركۈيەلەيدىكەن (هومېر داستانلىرىدا شۇنداق تەسۋىرلەنگەن). سىكۇلا دېگىنىمىز بىر دېڭىز مەخلۇقى («ئودېسسا» غا قارالسۇن). كېربوروس دېگىنىمىز پەرىشتىنى قوغدايدىغان ئىت بولۇپ، قۇيرۇقى يىلاندىن ئىمىش. بەزىلەر ئۇنى ئۈچ بېشى بار، بەزىلەر ئەللىك بېشى بار، دەپ تەسۋىرلەيدۇ (هېسئودنىڭ «ئىلاهلار نەسەبنامىسى» گە قارالسۇن).

سوقرات: ئەمدى «ئىشنى ئادىل قىلىش ئىش ئەھلىگە پايدىسىز، ئىشنى ئادالەتسىزلىك بىلەن قىلىش ئىش ئەھلىگە پايدىلىق» دېگۈچىلەرگە بىزنىڭ دەيدىغىنىمىز مۇنداق: ئۇنداق دېيىش بەئەينى كۆپ باشلىق مەخلۇق ۋە شىرنىڭ ۋەھشىي تەبىئىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئادەمنى زەئىپلەشتۈرۈشتۇر، ئاندىن ئۇ ئىككى مەخلۇقنى ئادەمگە خالىغانچە ھۇجۇم قىلالايدىغان ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ، بۇنى ئادەم ئۈچۈن پايدىلىق دەپ پەردازلاش بىلەن تەڭ. ئۇ يەنە ئادەم بۇ ئىككى مەخلۇقنى بىر يەرگە ئەكېلىپ كېلىشتۈرىمەن دېمەي، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى خام تالاش قىلىشىغا قويۇپ بېرىش كېرەك دېگەنلىك بىلەن ئوخشاش.

گىلاۋكون: مانا بۇ ئادالەتسىزلىكنى قوللاش مىسالى.

سوقرات: ئەكسىچە، ئادالەت بىلەن ئىش قىلىشنى پايدىلىق دېگۈچىلەر مۇنداق تەشەببۇس قىلىدۇ: بىزنىڭ بارلىق سۆز - ھەرىكىتىمىز ئىچىمىزدىكى ئىنسانىيلىقنى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ، كۆپ باشلىق يالماۋۇزلارنى ئىنسانىيلىققا بويسۇندۇرۇش، بۇ خۇددى دېھقانىنىڭ مايسىنى پەرۋىش قىلىپ، زىيانلىق ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇۋېتىشىگە ئوخشاش ئىش. بۇ تەشەببۇس ئارسلانلىقنى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشىغا ئايلاندۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىگە باراۋەر ھالدا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرقايسى ئامىللارنىڭ بېشىنى قوشۇپ، ئۇلارنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق، مانا بۇ ئادىللىق پايدىلىق دېگۈچىلەرنىڭ مۇددىئاسى.

سوقرات: قايسى نۇقتىدىن ئىسپاتلىمايلى، ھامان ئادالەت پايدىلىق دېگۈچىلەر توغرا بولۇپ چىقىدۇ، ئادالەتسىزلىك پايدىلىق دېگۈچىلەر خاتا بولۇپ چىقىدۇ. خۇشاللىق (زوق)، شەرەپ ۋە پايدا قاتارلىقلارنىڭ قايسىبىرىنى چىقىش قىلمايلى، ئادالەتنى ياقلىغۇچىلارنىڭ دەلىللىرى ھامان توغرا بولۇپ چىقىدۇ، ئادالەتكە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئاساسلىرى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئۇلار ھەتتا

ئۆزلىرى قارشى تۇرۇۋاتقان نەرسە توغرىسىدىمۇ ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە ئەمەس.

گىلاۋكون: مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

سوقرات: رەقىبىمىزنى مۇلايىم پوزىتسىيە بىلەن قايىل قىلىشقا ئورۇنۇپ كۆرەيلىمۇ؟ چۈنكى، ئۇمۇ ئەتەي خاتالاشقان ئەمەستە! بىز ئۇنىڭغا مۇنداق دەيلى: قەدىرلىك دوستۇم، بىزنىڭ قانۇن ۋە ئادەت گۈزەل ياكى خۇنۇك دەپ بېكىتكەن نەرسىلەرنى گۈزەل ۋە خۇنۇك دەپ ئېتىراپ قىلىشىمىزدا مۇنداق سەۋەبلەر بارغۇ دەيمەن: گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك نەرسىلەر دەل تەبىئىتىمىزدىكى ھايۋانىيلىقنى ئادىمىيلىككە (مۇقەددەسلىككە) بويسۇندۇرغان نەرسىلەردۇر. رەزىل ۋە پەسكەش نەرسىلەر بولسا دەل تەبىئىتىمىزدىكى مۇلايىملىقنى ياۋايىلىققا مەھكۇم قىلىۋەتكەن نەرسىلەردۇر. شۇنداققۇ؟ مۇشۇنداق سورىشىمىزغا ئۇلار قوشۇلارمۇ؟

گىلاۋكون: مەن قوشۇلغىن دەپ تەۋسىيە قىلغان بولاتتىم.

سوقرات: بىراۋ ئادالەتسىزلىك بىلەن پۇلغا ئېرىشسە، ئۇ پۇلغا ئېرىشكەن شۇ ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ياخشى تەرىپىنى رەزىللىككە مەھكۇم قىلىپ بەرگەن بولىدۇ، بۇنىڭ ئۇنىڭغا قانداق ياخشى تەرىپى باردۇ؟ مەسىلەن، بىراۋ ئۆزىنىڭ ئوغلى ياكى قىزىنى قاتتىق قول ۋەھشىي غوجايىنغا سېتىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ھەققە ئېرىشكىنىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى كىشىلەر پايدىغا ئېرىشتى، دەپ قارىمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مۇقەددەس تەرىپىنى پەسكەش تەرىپىگە مەھكۇم قىلىپ بەرسە، بۇ خۇددى ئېرىفىلې (Eriphyle) نىڭ بىر مارجان ئۈچۈن ئېرىنىڭ بېشىغا چىققىنىدەك[1] پاجىئەلىك بەدەل بولمامدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇلارنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك بولۇپ قالسا، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىكەن، دېگەن بولاتتىم.

---

① ئارگوس پادىشاھى ئامپىياروس (Amphiaraos) نىڭ خوتۇنى ئۇنى باشقىلار بەرگەن پۇلنى دەپ، بارسا كەلمەس جەڭگە ئەۋەتىۋېتىدۇ.

سوقرات: ئۆز مەيلى بويىچە ئىش قىلىش ئەيىبلەشكە ئۇچرىماي قالمايدۇ. بۇ بىراۋنىڭ ئۆز تەبىئىتىدىكى كۆپ باشلىق مەخلۇقنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ئېنىق شۇنداق.

سوقرات: جاھىللىق ۋە قوپاللىقنىڭ ئەيىبلىنىشى ئىچىمىزدىكى شىرمەتلىكنى ۋە ئەجدىھالىق تەبىئىتىنى زىيادە يوغىنىتىۋېتىشتىن كەلگەن ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: ئوخشاشلا ھەشەمەتچىلىك بىلەن ئاجىزلىقمۇ ئەيىبلىنىدۇ، بۇ ئادەمدىكى شىرمەتلىكنىڭ ئاجىزلىشىپ، ھورۇن، لەقۋا بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق.

سوقرات: بىر ئادەمدىكى شىرمەتلىك (ھېسسىيات) زوراۋان ھايۋانلىققا بويسۇندۇرۇلۇپ، پۇل ۋە ھاۋايى - ھەۋەس ئۇچۇن ھەر قانداق خورلۇققا كۆندۈرۈلسە، ئۇنداقتا، خاراكتېردىكى ئۇ شىر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مايمۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ھالدا كىشىلەر ئۇ ئادەمنى پەسكەش خۇشامەتچى دېمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق دېيىشى تۇرغانلا گەپ.

سوقرات: جىسمانىي ئەمگەك ئىگىلىرى نېمە ئۇچۇن كەمسىتىلىدۇ؟ چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى ياخشىلىق تەرەپ ئاجىز بولۇپ، ئۆزىدىكى ياۋايىلىقنى باشقۇرالماي، ئۇلارغا ئەل بولۇپ كېتىدۇ، بەلكى، مالايلىق قىلىپ كېتىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق بولسا كېرەك.

سوقرات: ئۇنداقلارنى مۇنەۋۋەر ئادەملەر (ئۆزىنى ياخشى باشقۇرغان مۇقەددەس ئادەملەر)نىڭ قۇلى بولسۇن دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى ئۇلارنى مۇنەۋۋەرلەرگە باشقۇرۇشقا تاپشۇرغانلىق ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، بىز قۇللارنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە زىيانلىق ھۆكۈمرانلىققا تاپشۇرۇپ بېرىشنى خالىمايمىز، ئەكسىچە، كۆپچىلىك ئۇچۇن

ئېيتقاندا، مۇقەددەس ھەم پاراسەتلىك كىشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ياخشىراقتۇر. پاراسەت ۋە باشقۇرۇش ئادەمنىڭ ئۆز ئىچىدىن قايناپ چىقىسا ياخشى بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن سىرتتىن باشقۇرۇلىدۇ، ئاخىرقى مەقسەت كۆپچىلىكنى بىردەك يېتەكلەش ئاستىدا دوست ۋە باراۋەر ئىنسانلارغا ئايلاندۇرۇش توغرىمۇ؟

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: شەھەر دۆلىتىدىكى ھەربىر ئادەمنىڭ دوستى بولۇش قانۇننىڭ مەقسىتىدۇر، بىز بالىلانى ھەر بىر ئادەم قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزەلەيدىغان بولغانغا قەدەر باشقۇرۇپ تەربىيەلەيمىز، روھىمىزدىكى ئەڭ ياخشى قىسىم ئارقىلىق بالىلار روھىدىكى ياخشى قىسىمنى يېتىلدۇرۇپ، ئۇنى بالىلار روھىنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە ھۆكۈمرانى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغاندىلا، ئاندىن روھنى ئەركىن قويۇۋېتىمىز.

گىلاۋكون: شۇنداق، بۇ چۈشىنىشلىك.

سوقرات: ئۇنداق بولسا، گىلاۋكون، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلمىگەن بىر ئادالەتسىز ئادەمگە ئايلىنىپ، پەسكەش قىلىقلار بىلەن تېخىمۇ كۆپ پۇل ۋە ھوقۇققا ئېرىشىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ رەزىل ئادەمگە ئايلاندۇرۇش پايدىلىق دېگەن گەپنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلىساق بولار؟

گىلاۋكون: ئىسپاتلىغىلى بولماس.

سوقرات: بىر ئادەم ناچار ئىش قىلىپ، پاش بولمىغانلىقتىن جازادىن قۇتۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بار؟ ئۇ جازادىن قۇتۇلسا، تېخىمۇ ئەسكىرەپ كەتمەمدۇ؟ ئەگەر ئۇ بايقىلىپ، جازاغا تارتىلسا، ئۇنىڭ ھايۋانىي تەرىپى ياۋاشلىتىلغان بولمامدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىنسانىي تەرىپى ئازاد قىلىنغان بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ پۈتكۈل روھى ئەڭ ياخشى تەرەپنىڭ تەبىئىتىگە ئىگە بولۇپ، تەمكىنلىك ۋە ئادالەتكە ھامىي بولۇپ، ئەتىۋا ھالەتكە ئۆتمەمدۇ؟ ئادەمنىڭ جىسمى كۈچ ۋە گۈزەللىككە ئىگە بولغاندا (بۇ يەردىكى

گۈزەللىك ساغلاملىق بىلەن بىر گەۋدە گۈزەللىك) قىممەتلىك بىر ھالەتتە بولىدۇ. ۋاھالەنكى، روھنىڭ ئېسىل ھالىتى بەدەننىڭ ئېسىل ھالىتىدىن تېخىمۇ بىباھا ئەمەسمۇ؟ بۇ خۇددى روھنىڭ تەندىن قىممەتلىك بولغىنىدەك بىر ئىش. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: ئاقىللار مۇنۇ نىشان ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشىدۇ: ئۇ ئۆزىدە پەزىلەت بەرپا قىلىدىغان تەلىماتلارنى ئۆگىنىدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق.

سوقرات: ئاندىن، ئۇ جىسمانىي ئادەت ۋە چېنىقىش جەھەتتە ئەقىلگە يات، ياۋايى خۇشاللىقلارغا يول قويۇپ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ھەۋەسلىرىنى بۇ تەرەپكە مەركەزلەشتۈرۈپ قويىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، ھەتتا، جىسمانىي ساغلاملىقنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق نىشانى قىلماستىن، كۈچلۈكلۈك، گۈزەللىك ۋە ساغلاملىق ئۇسۇللىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ، بۇنداق قىلىش روھقا پايدىلىق بولسىلا، ئۇ شۇنداق قىلىدۇ. شۇنى بايقايمىزكى، ئۇ ئۆز روھىنىڭ گارمونىيەسى ئۈچۈن ھەمىشە جىسمانىيەتنى تەڭشەپ تۇرىدۇ.

گىلاۋكون: ئەگەر ئۇ ھەقىقىي مۇزىكانت بولىمەن، دېسە، ئۇ چوقۇم بولالايدۇ.

سوقرات: بايلىق يىغىش جەھەتتىمۇ ئۇ گارمونىيە ۋە تەرتىپ پرىنسىپىغا ئەھمىيەت بېرەمدۇ؟ ئۇ باشقىلارنىڭ خۇشامەتلىرىدىن كېرىلىپ، بايلىق توپلاشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئۆزىگە چەكسىز زىيان ـ زەخمەت ئېلىپ كېلەمدۇ؟

گىلاۋكون: مېنىڭچە، ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ.

سوقرات: ئۇ ئۆزىنىڭ روھىدىكى نىگىزلىك قانۇنغا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، بايلىق ئاز ۋە كۆپ بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان مالىمانچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىگە ئورۇن قويمايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بايلىقىنى مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسەن تارقىتىپ، تولۇقلاپ

تۇرىدۇ، شۇ ئارقىلىق نورمال ھالەتنى ساقلايدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: شان ـ شەرەپ جەھەتتە، ئۇ مۇنداق پىرىنسىپقا ھۆرمەت قىلىدۇ: ئۇ ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى تاكامۇللاشتۇرىدىغان شان ـ شەرەپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر بۇ شەرەپ ئۇنىڭ ئادىتىنى بۇزۇۋېتىدىكەن، ئۇ ئاممىۋى ۋە خۇسۇسىي مەيدانلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ.

گىلاۋكون: ئۇ مۇشۇنداق تەرەپلەرگە كۆڭۈل قويغان بولسا، سىياسەتكە ئارىلىشىشنى خالىمايدۇ.

سوقرات: راستىنى دېگەندە، كۆڭۈلدىكىدەك شەھەر دۆلىتىدە بولغان بولسا ئۇنىڭ سىياسىيغا ئارىلاشقۇسى كېلىدۇ، ئەمما، ئۇ مۇشۇ دۆلەتتىلا بولىدىكەن، بىرەر مۆجىزە يۈز بەرمىسىلا ئۇ سىياسىيغا ئارىلاشمايدۇ.

گىلاۋكون: كۆڭۈلدىكىدەك دۆلەت دېگىنىڭدە بىز ئىدىيە جەھەتتە قۇرۇپ چىققان، غايىۋى (ئىدېئال) دۆلەتنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىڭنى ئوبدان چۈشىنىمەن، ئەمما، بۇ دۆلەتنى يەر يۈزىدىن تاپقىلى بولمايدۇ.

سوقرات: ئەلۋەتتە، شۇنداق. ئەمما، ئۇنىڭ ئەرشتە ئۆرنىكى بار بولۇپ، ئىستىگەنلەر ئۇ يەردە سەيلە قىلىدۇ ھەم ياشايدۇ، بۇنداق بىر دۆلەت ھازىرنىڭ ئۆزىدە يەر يۈزىدە بارمۇ ـ يوقمۇ، كەلگۈسىدە بولامدۇ ـ بولمامدۇ، بۇلارنىڭ كارى چاغلىق، ئەمما، ھېلىقى ئادەم باشقا سىياسىي تۈزۈمدە ئەمەس، پەقەت مۇشۇ سىياسىي تۈزۈمدىلا سىياسىيغا ئارىلىشىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق بولسا كېرەك.

# ئونىنچى جىلد

سوقرات: بۇ دۆلەتنى قۇرۇش داۋامىدا قىلغانلىرىمىزنىڭ تاما-مەن توغرا ئىكەنلىكىگە، بولۇپمۇ شېئىرىيەت ھەققىدە قىلغانلى-رىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە مېنى ئىشەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئا-ساسلار بار.

گىلاۋكون: ئۇ نېمە ئىش؟

سوقرات: ئۇ دەل شېئىرىيەتنىڭ تەقلىدلىق خۇسۇسىيىتىنى رەت قىلىش. بىز روھنى ئۈچ بۆلەككە بۆلگەن ئىكەنمىز، شېئىر-نىڭ تەقلىدچىلىكىنى رەت قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى ئۆز - ئۆزىدىن ئايان.

گىلاۋكون: نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى چۈشەندۈرگەن بولساڭ.

سوقرات: مەن چۈشەندۈرەي، ئەمما، بۇ گەپ ئارىمىزدا قالسۇن. ھەر ھالدا، سۆزلىرىمنى تىراگېدىيە شائىرلىرى ۋە باشقا تەقلىد-چىلەرگە پاش قىلمىغايسەن. شېئىرىيەت سەنئىتى ئۇنىڭ زىيىنى توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئاڭلاپ باقمىغان ئاممىغا نىسبە-تەن چىرىتىش رولىغا ئىگە بولىدۇ.

گىلاۋكون: ئۇنداق دېيىشىڭدىكى ئاساسلار نېمە؟

سوقرات: ساڭا دېمىسەم بولمىدى. كىچىكىمدە ھومېرغا ئىخلاس قىلغىنىمدىن، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىشنى خالىمايتتىم. چۈن-كى ئۇ بارلىق تىراگېدىيە شائىرلىرىنىڭ پىرى ئىدى. ئەمما، ئا-دەمنىڭ نوپۇزى ھەقىقەتتىن ئۈستۈن ئەمەس، مەن ئۇ ھەقتە ئوي-لىغانلىرىمنى ئېيتىشىم كېرەك.

گىلاۋكون: كۆڭلۈڭدىكى گەپنى ئېيتقىن.

سوقرات: تىڭشا، ھەم سوئاللىرىمغا جاۋاب بەر.

گىلاۋكون: قېنى سورا.

سوقرات: سەن ماڭا تەقلىدنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بې-رەلەمسەن؟ ئۇنىڭدىن نېمە كېلىدىغانلىقىنى مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن.

گىلاۋكون: سەن بىلمىسەڭ، مەن قانداق بىلەي!

سوقرات: سەن بىلسەڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز ئادەملەر نەرسىلەرنى كۆرۈش قۇۋۋىتى كۈچلۈك ئادەملەرگە قارىغاندا ئوبدان كۆرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

گىلاۋكون: دېگىنىڭىزمۇ توغرا. مەن بىر نەرسىنى ئوچۇق كۆرگەن ئەھۋالدىمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئېيتىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. ئۆزۈڭ كۆرۈپ، ئۆزۈڭ ئېيتىپ بەرگىنىڭ ياخشىراق.

سوقرات: ئەمىسە، بىز بۇرۇنقى تەرتىپىمىز بويىچە، مۇزاكىرى-مىزنى باشلايلى، بولامدۇ؟ بىز بىر تېرمىن ئوخشاش تۈردىكى نۇر-غۇن شەيئىلەرگە مۇۋاپىق كەلگەن شارائىتتا، بىز ئۇنى بىر شەكىل ۋە ئىدىيە دەپ پەرەز قىلىپ تۇرىمىز، چۈشەندىڭمۇ؟

گىلاۋكون: چۈشەندىم.

سوقرات: بىز بىر تۈردىكى مەلۇم شەيئىلەر تۈركۈمىنى مىسال كەلتۈرەيلى، مەسىلەن، كارىۋات ياكى شىرە دېگەندەك.

گىلاۋكون: شۇنداق مىسال كەلتۈرسەك بولىدۇ.

سوقرات: بۇ يەردە ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدىغان ئىككى ئىدىيە بار: بىرى، كارىۋات ئىدىيەسى، يەنە بىرى، شىرە ئىدىيەسى.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بۇ جابدۇقلارنى ياسىغۇچى ئۇستام ھەربىر جابدۇقنىڭ فورمىسى (شەكلى) ۋە ئۇقۇمى (ئىدىيەسى) غا ئاساسەن بىز ئىش-لىتىدىغان جابدۇقلارنى ياساپ چىقىدۇ. باشقا تۈرمۇش بۇيۇملىرى-نىمۇ شۇنداق. شۇنداققۇ؟ ئەمما، ئۇلارغا ئۆرنەك بولىدىغان فورما ۋە ئۇقۇمنى ھېچقانداق ئۇستام ياساشقا قادىر ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: سەن تۆۋەندىكى ئۇستازلارغا قانداق نام بېرىسەن؟

گىلاۋكون: قايسى ئۇستازلارغا؟

سوقرات: ئۇ ھەممىگە قادىر بىر ئۇستا بولۇپ، ئۇ ھەرساھە ئۇستىلىرى ياسايدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ياسايدۇ.

گىلاۋكون: سەن پەۋقۇلئاددە ئەپلىك بىر ئۇستىنى دەۋاتامسەن؟

سوقرات: توختاپ تۇر، مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى ھازىر چۈشىنىسەن. مەن دەۋاتقان ئۇ ئۇستام بارلىق تۈرمۇش قوراللىرىنى ياساپلا قالماستىن، يەنە بارلىق زىرائەت، ھايۋانات، ھەتتا، ئۆزىنىمۇ ياساشقا قادىر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئاسمان، زېمىن، ئىلاھلار، ئاسمان جىسىملىرى ۋە ئۇ ئالەمدىكى نەرسىلەرنىمۇ ياسايدۇ.

گىلاۋكون: نېمىدېگەن خاسىيەتلىك دانىشمەن ئۇ!

سوقرات: ئىشەنمەمسەن؟ سەن بۇ خىل ئۇستىنىڭ بارلىقىغا زادى ئىشەنمەمسەن؟ ياكى سەن بۇنداق ھەممىگە قادىر ئۇستام بىر قارىسا بار، بىر قارىسا يوق، دەپ ئويلامسەن؟ مەن سەندىن سوراپ باقاي، سەنمۇ مۇئەييەن مەنىدە ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ياساشقا قادىر ئىكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟

گىلاۋكون: قايسى مەنىدە؟

سوقرات: بۇ تەس ئەمەس، ئەپچىل چارىلەر جىق: سەن بىر ئەينەكنى ئېلىپ، ھەر تەرەپكە تۇتساڭ، ھەممىنى قىلالايسەن. سەن ئەينەك ئارقىلىق قۇياشنى ۋە ئاسماندىكى ھەممە نەرسىنى، زېمىننى ۋە ئۆزۈڭنى، ھايۋانلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى، قوراللارنى ۋە بىز تىلغا ئالغان باشقا نەرسىلەرنى دەرھال ياسىيالايسەن.

گىلاۋكون: ئۇغۇ شۇنداق، بىراق، ئۇ نەرسىلەر ھەقىقىي نەرسىلەر بولماستىن، سايىلەردۇر.

سوقرات: توغرا، بۇ گېپىڭ بىزنىڭ دەلىللىرىمىز ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. مېنىڭ قارىشىمچە، رەسساملار شۇ تىپتىكى ئۇستىلار-

غا كىرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق.

سوقرات: سەن بەلكىم ئۇنىڭ ياسىغىنى ھەقىقىي نەرسىلەر ئەمەس، دېيىشىڭ مۇمكىن، بىراق، رەسساممۇ مۇئەييەن مەنىدىكى كارىۋات ياسىغۇچى شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق، ئۇمۇ كارىۋاتنىڭ سايىسىنى ياسىدى.

سوقرات: ئۇنداقتا، كارىۋات ياسايدىغان ياغاچچى نېمە قىلدى؟ بايا سەن ئۇنىڭ ياسىغىنى بىز ئېتىراپ قىلغان ھەقىقىي كارىۋات ياكى كارىۋات ماھىيىتىگە ئىگە شەكىل ياكى ئۇقۇم بولماستىن، بەلكى، كونكرېت بىر كارىۋاتتىن ئىبارەت، دېگەن ئىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن مەن شۇنداق دېگەن.

سوقرات: ئۇ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ياسىيالمىغان ئىكەن، ئۇ بارلىقنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، پەقەت بارلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى ياسىغان بولىدۇ. قانداقتۇ بىرى ياغاچچى ياكى باشقا ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ياسىغىنى مۇكەممەل مەنىدىكى مەۋجۇتلۇقتىن ئىبارەت، دېسە بۇ گەپ توغرا بولمايدۇ. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىزدەك دەلىللەش تېپىدىكى ئادەمنىڭ قارىشى ئەمەس.

سوقرات: ئەگەر ياغاچچى ياسىغان كارىۋات ئۇقۇمىدىكى كارىۋاتقا سېلىشتۇرغاندا خىرە كۆرۈنگىدۇر، دېيىلسە، بىز ھەيران قالمايمىز.

گىلاۋكون: شۇنداق دېيىلسە بولىدۇ.

سوقرات: ئەمدى بىز ئاشۇ مىساللار ئارقىلىق تەقلىد قىلغۇچىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرسەك بولامدۇ؟ بۇ يەردە كىم ھەقىقىي تەقلىدچى؟

گىلاۋكون: شۇنداق قىلايلى.

سوقرات: بىز ئۈچ خىل كارىۋاتنى قىياس قىلايلى، ئۇنىڭ بىرى تەبىئىي كارىۋات (كارىۋات ئۇقۇمى) تۈركى، ئۇنى ئىلاھنىڭ ئۆزى

ياسىغان دەيلى، ئۇنى باشقا بىراۋ ياسىغانمۇ ـ يا؟
گىلاۋكون: مەن ئۇنى باشقىلار ياسىغان دەپ قارىمايمەن.
سوقرات: ئىككىنچى كارىۋات بولسا، ياغاچچى تەرىپىدىن ياسال-غان كارىۋات.
گىلاۋكون: شۇنداق.
سوقرات: ئۈچىنچىسى، رەسسام سىزغان كارىۋات.
گىلاۋكون: شۇنداق دەپ تۇرايلى.
سوقرات: دېمەك، رەسسام، ياغاچچى ۋە ئىلاھ ئۈچ خىل كارىۋات-نى بارلىققا كەلتۈردى.
گىلاۋكون: راست، ئۈچەيلەن ئۈچ خىل كارىۋات ياسىدى.
سوقرات: ئىلاھ بىر بولسا خالىماي، بىر بولسا مەجبۇرىيەت تۇ-پەيلى بىردىن ئارتۇق تەبىئىي كارىۋاتنى روياپقا چىقارمايدۇ، بەل-كى، ئۇ ماھىيەتلىك ھەقىقىي بىر كارىۋاتنى ياراتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كارىۋاتنى ياسىمىغان ھەم مەڭگۇ ياسىمايدۇ.
گىلاۋكون: نېمە ئۈچۈن؟
سوقرات: ئەگەر ئىلاھ ئىككى كارىۋات ياسىماقچى بولسا، ئۇ-چىنچى بىر كارىۋات تەبىئىي ھالدا مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئۇ ئىككى كارىۋات ئۈچىنچى بىرىنى ئۈرنەك قىلغان بولىدۇ. بۇ يەردە ئۈچىنچى كارىۋات ماھىيەتلىك كارىۋات بولىدۇ، قالغان ئىككىسى ماھىيەتلىك كارىۋات بولمايدۇ.
گىلاۋكون: توغرا.
سوقرات: مېنىڭچە، ئىلاھ بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، كونكرېت، ئالاھىدە كارىۋاتنىڭ بەرپاچىسى ئەمەس، ھەقىقىي كا-رىۋاتنىڭ بەرپاچىسى بولۇشنى ئويلىغانلىقى ئۈچۈن مىسلىسىز يېگانە بىر كارىۋاتنى ياراتقان.
گىلاۋكون: شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.
سوقرات: ئۇنداقتا، بىز ئىلاھنى كارىۋات تەبىئىتىنىڭ ياراتقۇ-

چىسى، دەپ سۆپەتلىسەك بولامدۇ؟ ياكى باشقىچە سۆپەتلەمدۇق؟

گىلاۋكون: شۇنداق دېسەك توغرا بولىدۇ. تەبىئىي كارىۋات ۋە باشقا بارلىق تەبىئىي نەرسىلەرنى ئىلاھ ياراتقان تۇرسا.

سوقرات: ياغاچچىنىچۇ؟ ئۇنى كارىۋات ياسىغۇچى دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بولىدۇ.

سوقرات: رەسسامنى شۇ خىل نەرسىلەرنىڭ بەرپاچىسى دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنداق دېسەك ھەرگىز بولمايدۇ.

سوقرات: سېنىڭچە، ئۇ كارىۋاتنىڭ نېمە قىلغۇچىسى؟

گىلاۋكون: مېنىڭچە، بىز رەسسامنى ئالدىنقى ئىككىسىنىڭ تەقلىدچىسى دېسەك مۇۋاپىق بولىدۇ.

سوقرات: ناھايىتى ياخشى، شۇنداق قىلىپ سەن تەبىئەتتىن ئىككى قات ئايرىلىقى بار بىر ئەسەرنىڭ بەرپاچىسىنى تەقلىدچى، دەپ ئاتىدىڭمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بۇ مەنىدىن ئالغاندا، تىراگېدىيە شائىرلىرىمۇ تەقلىدچىدۇر. ئۇ خۇددى باشقا تەقلىدچىلەرگە ئوخشاش تەبىئىي ۋە شاھانە (ئەگ يۇكسەك) چىنلىقتىن ئىككى مەرتەم يىراق تۇرغان بولىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

سوقرات: بىز تەقلىدچى ھەققىدە بىردەك تونۇشقا كەلدۇق. ئەمىسە رەسسامنىڭ تەقلىد قىلغىنى قايسى خىل شەيئى؟ ئۇ تەبىئەتتىكى شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە تەقلىد قىلامدۇ ياكى بىرەر ئۇستىلارنىڭ ئەسىرىگىمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇستىلارنىڭ ئەسىرىگە.

سوقرات: ئۇ ئەسەر شەيئىنىڭ ھەقىقىي ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلامدۇ ياكى شەيئىنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلامدۇ؟ بۇ مەسىلە-

نى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى چۈشىنەلمىدىم.

سوقرات: دېمەكچى بولغىنىم مۇنداق: سەن بىر كارىۋاتنى ياندىن، ئۇدۇلدىن ياكى باشقا تەرەپتىن كۆزەتسەڭ، ئۇ ئۆزىدىن پەرقلىق كۆرۈنەمدۇ؟ ئۇ كۆرۈنۇشتە ئوخشىمىغاندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بولامدۇ؟ باشقا شەيئىلەرمۇ شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شەكلى ئوخشىمىغاندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە پەرقسىز.

سوقرات: ئەمدى مۇنۇ مەسىلىگە كېلەيلى: رەسسام مەلۇم بىر شەيئىنىڭ رەسىمىنى سىزىۋاتقاندا، ئۇ شەيئىنىڭ ماھىيىتىگە تەقلىد قىلىۋاتقان بولامدۇ ياكى شەيئىنىڭ كۆرۈنۈشىگە تەقلىد قىلىۋاتقان بولامدۇ؟ ئۇ ئوبرازغا بولغان تەقلىدمۇ ياكى ماھىيەتكە بولغان تەقلىدمۇ؟

گىلاۋكون: ئوبرازغا بولغان تەقلىد.

سوقرات: شۇڭا، تەقلىدچىلىك بارلىقنىڭ ئۆزىدىن بەك يىراق، ھەرقانداق شەيئىنى ئىختىرا قىلدى دېيىلگەندە، بۇ دەل ئۇ شەيئىنىڭ ئاز بىر قىسمى (يۈزەكى تەرىپىنى) ئىگىلەشكە قادىر بولغانلىقىدىندۇر. مەسىلەن، بىز بىر رەسسامنى موزدوز، ياغاچچى ياكى باشقا ھۈنەرۋەننى سىزدى، دەپ پەرەز قىلايلى. رەسسامنىڭ بۇ ھۈنەرلەردىن خەۋىرى بولمىسىمۇ، ئۇ ئۇستا رەسسام بولسا ئۆزى سىزغان ياغاچچىنىڭ رەسىمىنى تاماشىبىنلارغا كۆرسەتكەندە بىر قىسىم كىچىك بالىلار ۋە ھاماقەتلەرنى ئادەملەرنى ئىشەندۈرۈپ كېتىدۇ.

گىلاۋكون: بۇنىسى راست.

سوقرات: بۇنداق ئەھۋالدا، تۆۋەندىكى نۇقتىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك بولىدۇ. بىراۋ مەن شۇنداق بىر ئادەمنى ئۇچراتتىمكى ئۇ ھەممە ھۈنەرگە كامىل بولۇپ، ھەربىر ھۈنەر ئەھلىگە مەلۇم بولغان نەرسە ئۇنىڭغىمۇ پىششىق تونۇش ئىكەن دېسە بىز

ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېسەك بولىدۇ: «كاللاڭ ئىنتايىن ئاددىي ئادەم ئىكەنسەن. سەن بىر سېھىرۋاز ياكى بىر تەقلىدچىگە ئۇچراپ، ئالدىنىپسەن، سەن بىلىم، بىلىمسىزلىك ۋە تەقلىد دېگەنلەرنىڭ پەرقىنى چۈشەنمىگەچكە ئۇ كىشىنى ھەممىگە قادىر، دەپ چۈشىنىپ قاپسەن.»

گىلاۋكون: بەك توغرا بولىدى.

سوقرات: ئەمدى بىز تىراگېدىيە شائىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پىرى ھومېرغا قاراپ ئۆتەيلى. بىز كىشىلەرنىڭ بۇ شائىرلار ھەممە ھۈنەرنى بىلىدۇ، ياخشى ۋە يامان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەم ۋە ئىشلارنى بىلىدۇ، ھەتتا، ئىلاھنىڭ ئىشلىرىنىمۇ بىلىدۇ، دېگەننىلىكىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز، بىلىش كېرەككى، ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەر مۇنەۋۋەر شائىرلار شەيئىلەرنى توغرا تەسۋىرلەيمەن دېسە، نۇرغۇن بىلىملەردىن خەۋەردار بولمىسا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇلارغا قارىتا ئاشۇ ئوقۇرمەنلەر سېھىرگەرلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاشۇ تەقلىدچىلەرگە ئۇچراپ قېلىپ، ئالدانغان بولسا كېرەك، ئۇلار ھەتتا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەقىقىي چىنلىقتىن ئىككى مەرتەم يىراق تۇرىدىغانلىقىنى، ھەقىقىي چىنلىقنى بىلمەي تۇرۇپمۇ، ئۇنى ياساپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى (ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەقىقەتنىڭ ئۆزى بولماستىن بەلكى، ئۇنىڭ سايىسى ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلمىسە كېرەك، دېگەندەك پىكىرلەردە بولۇشىمىز كېرەك) ياكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىرىمۇ ئورۇنلۇق بولۇپ، مۇنەۋۋەر شائىرلار ئۆزى تەسۋىرلىگەن شەيئىلەر ھەققىدە ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە بولالايدىغاندۇ، دەپ ئويلاپمۇ بېقىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: بىز شائىرلارغا بىر قاراپ چىقايلى.

سوقرات: ئەگەر بىر ئادەم تەقلىد قىلىنىغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى ياسىيالىسا ھەم ئۇنىڭ ئوبرازىنى يارىتالىسا، سىڭىچە، ئۇ ئوبراز يارىتىش خىزمىتىگە ئۆزىنى ھەقىقىي بېغىشلاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يۈكسەك تۇرمۇش نىشانىغا ئايلاندۇرارمۇ؟

گىلاۋكون: مەن ئۇنداق قارىمايمەن.
سوقرات: مېنىڭچە، ئۇ ئۆزى تەقلىد قىلىۋاتقان نەرسە ھەققىدە
ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە بولسا، ئۆزىنى چىن نەرسىنىڭ ئۆزىگە بې-
غىشلايدۇكى، ھەرگىزمۇ تەقلىدىي نەرسىگە بېغىشلىمايدۇ. ئۇ نۇر-
غۇن ئېسىل، چىن نەرسىلەرنى ياساپ، كېيىن ئۇچۇن نەمۇنە قال-
دۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ھەۋەس قىلىپ
قېلىشىنى ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ھەۋەس قىلىشىنى خالايدۇ.
گىلاۋكون: پىكرىڭگە قوشۇلىمەن، شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ ئې-
رىشكەن شەرەپ بىلەن مەنپەئەت ئوخشاشلا زور بولىدۇ.
سوقرات: شۇڭا، بىز ھومېر ۋە باشقا شائىرلاردىن مۇنداق ھا-
جەتسىز سوئاللارنى سورىمايمىز: ئاراڭلاردىن كىم دوختۇرغا تەق-
لىد قىلىپ سۆزلىمىگەن ھەقىقىي دوختۇر؟ ئاراڭلاردىن قايسى شا-
ئىر بىمارلارنىڭ ساقىيىشىغا ئاسكېلوپىيۇس (AsKlepios) كەبى
ياردەم قىلغان؟ قايسىڭلار تېببىي ئىلىملەرنى ئوقۇغۇچىلىرىغا
ئاسكېلوپىيۇس كەبى ئۆگىتەلىگەن؟ بىز ئۇلاردىن بۇنداق سوئاللار-
نى ۋە باشقا ساھە سوئاللىرىنى سوراپ يۈرمەستىن پەقەت ھومېر
توختالغان مۇھىم ۋە گۈزەل ئىشلار — ئۇرۇش ۋە قوماندانلىق مە-
سىلىسى، ھاكىمىيەت مەسىلىسى، تەلىم - تەربىيە مەسىلىسى قا-
تارلىقلار ھەققىدە سورايلى، بىز ئۇلاردىن مۇنداق سورىساق ئادىل
بولىدۇ: «قەدىرلىك ھومېر، گەرچە سەن بىز تەقلىدچى دەپ ئاتىغان
ئوبراز ياسىغۇچىلاردىن ئىبارەت بولساڭمۇ، پەزىلەت جەھەتتە، ھە-
قىقەتتىن ئىككى مەرتەم ئەمەس، بىر مەرتەم يىراق تۇرىسەن، سەن
قانداق تەلىم - تەربىيەنىڭ بىر ئادەمنى خاس ۋە ئومۇمىي تۇر-
مۇشتا ياخشى ياكى يامان ئەھۋالغا چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئوبدان
چۈشىنىسەن، سوراپ بېقىشنى خالايمەنكى، قايسى شەھەر دۆلىتى
سەن تۈپەيلى ياخشى باشقۇرۇلغان؟ مەسىلەن، لەيكۇرگوس
(LyKurgos) نىڭ سىپارتاسى ياكى باشقا شەھەرلەر ئۆز قانۇنچى-
لىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغاندەك. قايسى ئەل ئۆزىنىڭ ياخشى

باشقۇرۇلغانلىقىنى سەندىن كۆرگەن؟ ئىتالىيەلىكلەر ۋە سىتسىلىيەلىكلەر ئۇ يەرنىڭ ياخشى باشقۇرۇلۇشىنى كارونداس (Kharondas) تىن كۆرگەن، بىز بولساق سولۇن (Solon) دىن كۆرىمىز. كىم ئاشۇنداق سائادەتلىرىنى سەندىن كۆرىدۇ؟» سېنىڭچە ھومېر بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەرمۇ؟

گىلاۋكون: مېنىڭچە، ئۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ھومېرنىڭ ئىخلاسمەنلىرىمۇ ھومېرنى مۇنەۋۋەر قانۇنچى دېگەن ئەمەس.

سوقرات: سەن ھومېر ھايات ۋاقتىدا بىرەر ئۇرۇش ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا ياكى مەدھىيەلىشىدە غەلىبە قىلدى، دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمۇ؟

گىلاۋكون: ئاڭلىماپتىكەنمەن.

سوقرات: خۇددى ئەمەلىي خىزمەتلەردە قابىل دانىشمەنلەردىن كۆتكەندەك، ھومېرنىڭ مىلتوسلۇق (Miletos) تالېس (TLales)، ئىسكىتىيە (Iskitya) لىك ئاناكارسىس (Anakharsis)لار نامايان قىلغان ھۇنەر ۋە باشقا ئىشلار بابىدىكى ئالاھىدە كەشپىياتنى كۆتكىلى بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئاڭلىماپتىكەنمەن.

سوقرات: ئۇ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئۆتەپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرەر خۇسۇسىي مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇغۇچىلارغا تەلىم بەرگەنلىكىنى، خۇددى پىفاگوردەك ئەۋلادلارغا ھاياتىي ئۈلگە قالدۇرغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلامسەن؟ پىفاگور شۇ سەۋەبتىن ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، ئۇنىڭ ئىز باسارلىرى ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى «پىفاگور ئۈلگىسى» دەپ ئاتاپ، پەخىرلىنىدۇ، ھومېر شۇنداق قىلالىغانمۇ؟

گىلاۋكون: بۇنداق ئىشنى ئاڭلىماپتىكەن. سوقرات، ھومېر ھەققىدە ھېكايىلەر راست بولسا، ھومېرنىڭ شاگىرتى كىرىپسلىس (Kreophylos) ھومېر تەربىيەسىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئىسمىدىنمۇ كۈلكىلىك شەخس بولغان ئىكەن.[①] ئېيتىشلارغا قارى-

غاندا، ھومېر ھايات ۋاقتىدىمۇ ئۇستازىنى كەمستەر ئىكەن.

سوقرات: شۇنداق رىۋايەت بار. لېكىن، گىلاۋكون، ئەگەر ھومېر ئادەم تەربىيەلەپ، ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭدا تەقلىد ھۇنىرى ئەمەس، ھەقىقىي بىلىم بولغان بولسا، نۇرغۇن ياشلار ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بولاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلغان بولاتتى. شۇنداقمۇ؟ ئابدېرا (Abdera) لىق پىروتاگوراس (protagoras)، كېئوس (Keos) لۇق پىرودىكوس (Prodikos) قاتارلىق نۇرغۇن دانىشمەنلەر خۇسۇسىي مەكتەپلىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ كىشىلىرىگە شۇنداق قاراشنى بەخش ئەتتىكى ئاقىللارنىڭ تەربىيەسىگە ئېرىشمىگەن ئادەم ئائىلە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ياخشى قىلالمايدۇ. يۇقىرىقى ئەھلى دانىشلار شۇنداق ھۆرمەت تاپتىكى، تالىپلىرى ئۇلارنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگىلى تاس قالاتتى، ئەگەر ھومېر ئۆزىنىڭ زاماداشلىرىغا گۈزەل ئەخلاقنى يۇقتۇرالىغان بولسا، كىشىلەر ئۇنى (ھېسئودنى ھەم) سەرسان ھالدا ھايېزلىق قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان قىسمەتكە قويمىغان بولاتتى. كىشىلەر ئۇنى ئالتۇندىن ئارتۇق ئەتىۋار بىلىپ، ئۆيلىرىدە ئەزىزلەپ كۈتكەن بولاتتى. ئۆيلىرىدە تۇتۇپ قالالمىغان تەقدىردىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يېتەرلىك تەربىيە ئالغانغا قەدەر يۈرگەن بولاتتى. بۇ ئويۇم توغرىمۇ؟

گىلاۋكون: ھەي، سوقرات، دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى توغرا.

سوقرات: ئەمىسە بىز ھومېردىن بۇيانقى شائىرلار گۈزەل ئەخلاق ياكى ئۆزلىرى ياساپ چىققان باشقا نەرسىلەر ئوبرازىنىڭ تەقلىدچىلىرى بولالىدىكى، ھەقىقىي چىنلىقتىن خەۋەرسىز يۇرۇشتى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرسەك بولامدۇ؟ خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، رەسساملار موزدوزلۇق ھۈنىرىنى بىلمىسىمۇ، موزدوزنى سىزالايدۇ، ئۇنى رەسساملارنىڭ ئۆزلىرى ۋە شەكىل، رەڭلەرگە

---

① ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسى «گۆش يەيدىغان قەبىلىنىڭ ئادىمى» دېگەن بولىدىكەن.

ئاساسەن شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلىدىغان باشقا كىشىلەر مۇزدۇزغا ئەينەن ئوخشاپتۇ، دەپ قېلىشىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، شائىرلار ھۇنەر ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىنى بىلمىسىمۇ، ھەرخىل ھۇنەر ـ سەنئەتنى سۆز ۋاستىسى ئارقىلىق ئالاھىدە تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلار قاپىيە، ۋەزىن ۋە رىتىملار ئارقىلىق ئاياغ تىكىش، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ئەمەلىيەتتىن خەۋەرسىز زوقمەنلەرگە سۆزنى ۋاستە قىلىپ چىن قىلىپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئەنە شۇ مۇزدـ كىلىق ئامىللار مىسرالاردا زور سېھرىي ئۇنۇم پەيدا قىلغان. شېـ ئىردىن مۇزىكىلىق تەركىبىنى چىقىرىۋەتسە شېئىر ئادەتتىكى نەسردەك بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ھالدا شائىرنىڭ تىلىنىڭ قانداق بولۇپ قېلىشىنى سەنمۇ بىلىسەن. سەن بۇنى ئاللىبۇرۇن پەملەپ بولغان.

گىلاۋكون: ھەئە، پەملىگەن.

سوقرات: شېئىردىكى پاساھەت ياشلىق گۈزەللىكىدىن باشقا گۈزەللىكى بولمىغان، بۇ گۈزەللىك كەتكەندىن كېيىن، ھېچبىر گۈزەللىكى قالمايدىغان ئادەملەرگە ئوخشىماسمۇ؟

گىلاۋكون: دەل ئوخشايدۇ.

سوقرات: بىز ئوبراز ياراتقۇچىلارنى يەنى تەقلىدچىلەرنى شەيـ ئىلەرنىڭ جامالىنى بىلىپ، مېغىزىنى بىلمەيدۇ دېگەن ئىدۇق، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىز بۇ ھەقتە تولۇقلاپ سۆزلەشسەك قانداق؟

گىلاۋكون: قېنى، سۆزلەۋەرگىن.

سوقرات: رەسساملار تىزگىن ۋە يۈگەنلەرنى سىزالايدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: ئەمما، ئۇ نەرسىلەرنى كۆنچى بىلەن تۆمۈرچى ياسايدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: رەسسام تىزگىن بىلەن يۈگەننىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەمدۇ؟ بەلكىم ئۇ نەرسىلەرنى ياسايدىغان كۆنچى بىلەن تۆمۈرچىمۇ تولۇق بىلمەي ئۇلارنى ئىشلىتىدىغان چەۋەندازلار بىلىشى مۇمكىنمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

سوقرات: بىز بۇنى بارلىق شەيئىلەرگە ماس كېلىدىغان قائىدە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

سوقرات: دېمەكچىمەنكى، ھەرقانداق شەيئىگە قارىتا ئۈچ خىل ھۈنەر مەۋجۇت. ئۇلار ئىشلەتكۈچىنىڭ ھۈنىرى، ياسىغۇچىنىڭ ھۈنىرى ۋە تەقلىدچىنىڭ ھۈنىرى. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: دېمەك، بارلىق قورال جانلىق ۋە پائالىيەتلەرنىڭ ياخشىلىقى، گۈزەللىكى، ھەقلىقى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى (ئادەم ۋە تەبىئەت بەرپا قىلغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ مەقسىتى) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولامدۇ؟

گىلاكون: شۇنداق.

سوقرات: ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئىشلەتكۈچىسى ئۆزى ئىشلەتكەن نەرسە ھەققىدە مول تەجرىبە توپلىغان بولىدۇ، ئۇ ئىشلىتىش جەريانىدا قورالنىڭ ياخشى بولغان ـ بولمىغانلىقى ھەققىدىكى بىلىملىرىنى قورال ياسىغۇچىغا يەتكۈزەلەيدۇ. مەسىلەن، نەي چالغۇچى نەي چېلىش جەريانىدا ئىگە بولغان تەسىراتلىرىنى نەي ياسىغۇچىغا بىلدۈرۈپ، مۇنداق نەينى ياساپ بەر، دەپ زاكاز قىلالايدۇ، نەي ياسىغۇچى نەينى ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ياساپ بېرىدۇ.

گىلاكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: شۇنىڭ بىلەن بىراۋ نەينىڭ قانداقلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ، يەنە بىراۋ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئۇنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە نەي

ياسايدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ياسىغۇچى چالغۇنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ھەققىدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ (بۇ چۈشەنچە چالغۇ ھەققىدە ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە ئادەملەر بىلەن بولغان پاراڭدا پەيدا بولىدۇ) ئىشلەتكۈچى چالغۇ ھەققىدە بىلىمگە ئىگە بولىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: تەقلىدچى ئۆزى سىزىپ چىققان شەيئىنىڭ دەل ياكى دەل ئەمەس، گۈزەل ياكى گۈزەل ئەمەسلىكى توغرىسىدا تەجرىبە ۋە ئىشلىتىشتىن كەلگەن بىلىمگە ئىگىمۇ؟ ياكى ئۇ ھەقىقىي بىلىم ئىگىلىرى بىلەن بولغان زۆرۈر پىكىر ئالماشتۇرۇش داۋامىدا ئېرىشكەن توغرا بىلىمگە ئىگىمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنداق بىلىمگە ئىگە ئەمەس.

سوقرات: ئۇنداقتا، بۇ تەقلىدچى ئۆزى قىلغان تەقلىدنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى توغرىسىدا بىلىم ياكى پىكىرگە ئىگە بولمايدۇ.

گىلاۋكون: بۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: شۇڭا، شائىر بىر تەقلىدچى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئۆزى ئىجاد قىلغان نەرسە ھەققىدىكى پاراستى مۇكەممەل بولامدۇ؟

گىلاۋكون: مۇكەممەل بولمايدۇ.

سوقرات: ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان نەرسىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەقلىدىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئۇ تەقلىد قىلىپ ياراتقان نەرسە ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ئاددىي پۇقرالارغا گۈزەل بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق بولىدۇ ـ دە.

سوقرات: بىزنىڭ ئېرىشىدىغان يەكۈنىمىز شۇنداق بولدى: تەقلىدچى ئۆزىنىڭ تەقلىد ئوبيېكتى توغرىسىدا ھېچقانداق بىلىمگە ئىگە ئەمەس. تەقلىد قىلىش بىر خىل ئويۇندۇركى، ئۇنى راست دېگىلى بولمايدۇ. تىراگېدىيە شائىرلىرى مەيلى داستان شەكلىنى

قوللانسۇن، مەيلى كۆي شەكلىنى قوللانسۇن بەرىبىر تەقلىدچىدۇر.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

گىلاۋكون: راستىنى دېگەندە تەقلىدنى ھەقىقەتتىن ئۈچ دەرىجە يىراق دېسەك بولامدۇ؟

گىلاۋكون: بولىدۇ.

سوقرات: شۇنداقلا تەقلىد ئىنسانىنىڭ قايسى قىسمىنىڭ فۇنكسىيەسى؟

گىلاۋكون: دېگىنىڭنى تازا چۈشىنەلمىدىم.

سوقرات: ئوخشاش بىر نەرسىگە ئوخشىمىغان ئارىلىقتىن قارىسا، ئوخشىمىغان ھەجىمدە كۆرۈنىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ سۇنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆرۈنۈشى ئوخشىمايدۇ. كۆرۈش سەزگۈسىدىكى ئەنە شۇنداق ئالدىنىشلار تۈپەيلى، بىر شەيئىنىڭ تاشقى يۈزىدىكى ئېگىز - پەسلىكلەر ھەرخىل كۆرۈنىدۇ. ۋاھالەنكى، روھىمىزدىمۇ ئەنە شۇنداق سەۋەنلىك رايونلىرى بار. رەسىمدىكى سېھرىي كۈچ دەل بىزنىڭ تەبىئىتىمىزدىكى ئەنە شۇنداق ئاجىزلىقتىن كەلگەن. سېھىرگەرلەر ۋە سەنئەتكارلار دەل بىزنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىمىزدىن پايدىلانغان.

گىلاۋكون؛ دەرۋەقە، شۇنداق.

سوقرات: ئۆلچەش، ھېسابلاش ۋە تارتىش دېگەنلەر ئاشۇ ئاجىزلىقلارنى تولۇقلايدىغان ياخشى چارىلەر ئەمەسمۇ؟ بۇ چارىلەر «ئاز ياكى كۆپ»، «چوڭ ياكى كىچىك»، «يېنىك ياكى ئېغىر» دېگەندەك مەۋھۇملۇقنىڭ ئورنىغا ئېنىق مىقدارلارنى قويىدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە شۇنداق.

سوقرات: بۇنداق مىقدارلاش پائالىيىتى روھىمىزدىكى ئەقلىي بۆلەكنىڭ خىزمىتى.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: مىقدارلاش شەيئىلەرنىڭ چوڭلۇقى، كىچىكلىكى ۋە تەڭلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەكسى تەرىپىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: لېكىن، بىز روھىمىزدىكى ئوخشاش بىر بۆلەك بىرلا ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە ئوخشاش بىر شەيئىگە قارىتا بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى قاراشنى سىغدۇرالمايدۇ، دېگەن ئىدۇققۇ؟

گىلاۋكون: ھەئە، شۇنداق دېيىشكەن.

سوقرات: روھىمىزنىڭ مىقدار بىلەن بىردەك قىسمى بىلەن بىردەك بولمىغان قىسمى تامامەن باشقا.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، باشقا.

سوقرات: ئۆلچەشكە ئىشەنگەن ئۇ قىسىم (بۆلەك) روھنىڭ ئەڭ ياخشى قىسمى.

گىلاۋكون: چوقۇم شۇنداق.

سوقرات: ئۇنىڭ تەتۈرى بولمىش قىسىم روھنىڭ ئەڭ ناچار قىسمى.

گىلاۋكون: بەرھەق.

سوقرات: بىز باشتا رەسىم ۋە باشقا تەقلىد سەنئەتلىرى ھەققىي چىنلىقتىن يىراق تۇرىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغاندا ئۇ روھنىڭ ئەقلىدىن يىراق بۆلىكى بىلەن مۇلاقەتلەشكەن بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا ساغلاملىق ۋە چىنلىقتىن مۇستەسنا ھالدا نىزام ئالغان بولىدۇ، دېگەن ئىدۇق ۋە بۇ ھەقتە بىردەكلىك ھاسىل قىلغان ئىدۇق.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: دېمەك، تەقلىد ھۈنىرى چاكىنا ئاتا ـ ئانىدىن تۇغۇلغان چاكىنا بالا.

گىلاۋكون: شۇنداق بولسا كېرەك.

سوقرات: بۇ ھۆكۈم پەقەت كۆرگىلى بولىدىغان شەيئىلەرگىلا ماس كېلەمدۇ ياكى قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولىدىغان نەرسىلەرگە ۋە بىز شېئىر دەپ ئاتايدىغان نەرسىلەرگىمۇ ماس كېلەمدۇ؟[1]

گىلاۋكون: بەلكىم، ئاڭلىغىلى بولىدىغان نەرسىلەرگە ماس كەلسە كېرەك.

سوقرات: بىز «بەلكىم» دېگىنىمىزدە رەسىم بىلەن كۆپايىلىنەمدۇق ياكى روھنىڭ شېئىردىن تەسىرلەنگەن شۇ بۆلىكىنى تەكشۈرۈپ بېقىپ، ئۇنىڭ چاكىنا ياكى ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقامدۇق؟

گىلاۋكون: ئېنىقلاپ چىقايلى.

سوقرات: بىزنىڭ مۇنداق دېيىشىمىزگە ئىجازەت بولۇشى كېرەك: شېئىردىكى تەقلىد پائالىيەت ئۇستىدىكى ئادەم (مەيلى مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارىي بولسۇن) گە ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ ئاقىۋىتىگە، ئۇنىڭ ئاپەت ۋە ئامەتلىرىگە، شادلىق ۋە ئازابلىرىغا قارىتىلىدۇ. شېئىر يەنە باشقا نەرسىلەرگىمۇ تەقلىد قىلامدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنىڭدىن ئۆزگە نەرسىلەرگە تەقلىد قىلمايدۇ.

سوقرات: ئاشۇنداق ئەھۋاللاردا، ئادەمدىكى روھ بىردەك بولامدۇ ياكى كۆرۈش خۇسۇسىدا ئېيتىلغاندەك ئادەمنىڭ روھىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، ئوخشاش بىر شەيئى ھەققىدە بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل قاراش پەيدا بولامدۇ؟ شۇنىڭدەك ئادەمنىڭ پائالىيىتىدىمۇ ئىچكى ئىختىلاپ ۋە كۈرەش مەۋجۇت بولامدۇ؟ ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ ھەقتە بىردەكلىك ھاسىل قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى بىز باشتا ئادەمنىڭ روھى ھەر قانداق ۋاقىتتا نۇرغۇن زىددىيەت بىلەن تولغان بولىدۇ دېگەن تونۇشقا كەلگەن ئىدۇق.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: توغرىلىقىغۇ توغرا، بىراق، ئۇ چاغدا كەم قالغان

---

[1] قەدىمكى شېئىرىيەت شەكلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، ئېپوس، يەنە بىرى، تىراگېدىيە. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناخشا شەكلىدە ئوقۇلغاچقا، قۇلاق بىلەن چۈشىنىلىدۇ.

گەپلەرنى ئەمدى تولۇقلىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: قانداق گەپ ئىدى ئۇ چالا قالغان؟

سوقرات: ئېسىل بىر ئادەم بەختسىزلىككە يولۇقۇپ، ئوغلىدىن ئايرىلسا ياكى باشقا قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلسا، خۇددى بىز باشتا ئېيتقاندەك، ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك سەۋر ـ تاقەت قىلالايدۇ.

گىلاۋكون: شۇبھىسىز.

سوقرات: ئويلاپ بېقىشىمىز كېرەككى، ئۇ بۇنىڭدىن ئازابلان-مىدىمۇ ياكى ئازابلانغان بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدىمۇ؟

گىلاۋكون: ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولۇشى كېرەك

سوقرات: ئۇ قايسى خىل مۇھىتتا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولىدۇ؟ باشقىلارنىڭ ئالدىدىمۇ ياكى يالغۇز قالغاندىمۇ؟

گىلاۋكون: ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بەكرەك تۇتۇۋالىدۇ.

سوقرات: لېكىن، ئۇ يالغۇز قالغاندا، باشقىلارغا ئاڭلىتىشنى خالىمايدىغان گەپلەرنى دەپ سېلىشى مۇمكىن، باشقىلار كۆرسە بولمايدىغان قىلىقنى قىلىشى مۇمكىن.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئۇنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە ئەقىل بىلەن قانۇن، ئۇنى ھەسرەتتىنى قويۇپ بېرىشكە ئۈندىگەن نەرسە ساپ ھېسسىيات، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىر ئادەمدە ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئوخشاش بىر شەيئىي ھەققىدە بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى كۈچ ئېپادىلەنسە، بۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىككى خىل نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، شۇنداق.

سوقرات: ئۇنىڭ بىرى، قانۇننىڭ يېتەكلىشىگە بويسۇنىدىغان تەركىب، شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: بىر ئاز تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن بولساڭ.

سوقرات: قانۇن مۇئەييەن شەكىلدە شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇ: بەختسىزلىككە يولۇققاندا، پەرياد چەكمەي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئەڭ ياخشى. چۈنكى، بەختسىزلىكنىڭ كېيىنكى نەتىجىسىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئېنىق ئەمەس، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق بىلەن ئىشلار ئورنىغا كەلمەيدۇ. بۇ جاھاندىكى ئىشلارغا ئۇنچىلىك قىلىش كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قايغۇ ئىمكانىقەدەر تېزرەك ياردەمگە ئېـ ـرىشىشىمىزگە توسالغۇلۇق قىلىدۇ.

گىلاۋكون: قانداق ياردەمنى دەيسەن؟

سوقرات: يۈز بەرگەن ئىشلار ھەققىدە ئىنچىكە ئويلانماق لازىم! ئەقىلنى يېتەكچى قىلىپ تۇرۇپ، كېيىنكى قەدەملەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇش ئەڭ ياخشى يول. بىز يىقىلىپ كەتكەن كىچىك بالىغا ئوخشاش يىغلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنى تاۋلىماسلىق ئادەـ ـتىگە مەھكۇم بولۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك: ئۇنداق ۋاقىتتا، ياردـ ـنى تېزرەك داۋالاپ ئازابنى يەڭگىللىتىش لازىم.

گىلاۋكون: مانا بۇ بەختسىزلىككە قانداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى.

سوقرات: شۇنداق دېيەلەيمىزكى، روھىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى بۆـ ـلىكى ئەقىلنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

گىلاۋكون: دەرۋەقە، شۇنداق.

سوقرات: يەنە شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئازابنى ئويلاپ، نالە قىـ ـلىش بىلەن ياردەمنى توسقان تەرىپىمىز، ئەقىلگە يات زىيانكەش تەرەپ بولۇپ، قورقۇنچاقلىقنىڭ ھەمراھى.

گىلاۋكون: شۇنداق دېسەك بولىدۇ.

سوقرات: بىزنىڭ ئاشۇ ھاياجانلىق تەرىپىمىز تەقلىد ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنى تەمىن ئېتىدۇ، تەمكىن، ئاقىلانە روھىي ھالەت ھەمىشە تۇراقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن تەقلىد قىلىشـ ـقا تەس، تەقلىد قىلغىلى بولغان ھالەتتىمۇ ئاسان ئەمەس. ئەقلىي

ھالەت تىياتىرخانىلارغا تىقىلىپ كىرىۋالىدىغان ھېلىقىدەك ئادەملەر چۈشىنىدىغان نەرسە ئەمەس. چۈنكى بۇ يەردىكى تەقلىد ئۇلارغا ناتونۇش بولغان دۇنيا.

گىلاۋكون: بۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: ناھايىتى روشەنكى، تەقلىدنى ھۈنەر قىلغان شائىرلار ماھىيەتتە روھنىڭ ياخشى تەرىپىگە تەقلىد قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ماھارىتى ئاۋامنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، روھنىڭ ياخشى تەرىپىنى خۇرسەن قىلالمايدۇ. شائىرنىڭ تەقلىدى تەرسا ھەم تۇراقسىز خاراكتېر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭغا بولغان تەقلىد قولايدۇر.

گىلاۋكون: بۇنىسى ئېنىق.

سوقرات: بۇ يەرگە كەلگەندە، شائىرلارنى رەسساملار بىلەن بىر يەرگە قويساق ناھايىتى ئادىل بولغان بولىمىز. رەسساملارغا ئوخشاشلا، شائىرلار ئىجادىيەتنىڭ ھەقىقەتتى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار روھنىڭ چاكىنا قىسىملىرى بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن شائىرلارنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىدارە قىلىنىغان دۆلەتكە كىرگۈزمەسلىككە ھەقلىقمىز. چۈنكى شائىرلار روھنىڭ چاكىنا تەرەپلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە تەربىيەلەپ، ئەقلىي تەرەپلەرنى ناكار قىلىدۇ. بۇنى ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ناچار ئادەملەرگە بەرسە ياخشى ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىققىنىغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئوخشاشلا شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، شائىرلار ھەقىقەتتىن يىراق ئوبرازلارنى يارىتىپ، چوڭ ـ كىچىكنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدىغان، ئوخشاش بىر نەرسىنى بىردەم چوڭ، بىردەم كىچىك دەيدىغان غەيرىي ئەقلىي تەرەپلەرنى پەرۋىش قىلىپ، ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىدە يامان سىياسىي تۈزۈمنى تۇرغۇزىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: بىز تېخى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ جىنايىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلمىدۇق، شېئىر ئەڭ دۇرۇس ئادەملەرنىمۇ چە-

رىتەلەيدۇ. بۇ جەھەتتە، ئۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق.
سوقرات: ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلسا، ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىكەن.
گىلاۋكون: گېپىمگە قۇلاق سال، بىز ھومېر ۋە باشقا تىراگېدىيە شائىرلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىنى تىڭشىساق ئۇلارنىڭ لەۋزىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن نالە ـ پەريادلىرى، مەيدىسىگە ئۇرۇپ يىغلاشلىرى ئارىمىزدىكى ئەڭ دۇرۇس ئادەملەرنىمۇ مەپتۇن قىلىۋالىدۇ، ئۇلار قەھرىمانلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، سېھىرلىنىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، بىزنى شۇ دەرىجىدە تەسىرلەندۈرگەن شائىرلارنى مۇنەۋۋەر شائىرلار ئىكەن، دەپ ماختاپ كېتىمىز.
گىلاۋكون: شۇنداق، بۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن.
سوقرات: ساڭىمۇ ئايانكى، ئۆزىمىزمۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالىغىنىمىزدىن پەخىرلىنىپ، بۇنى ھەقىقىي بىر ئەركەكنىڭ پەزىلىتى، دەپ قارايمىز، تىياتىرخانىلاردىكى ھېلىقىدەك قىلىقلارنى خوتۇن كىشىنىڭ قىلىقى دەيمىز.
گىلاۋكون: شۇنداق، بۇنىسى ماڭا ئايان.
سوقرات: بىز سەھنىدىكى شۇ خىل خاراكتېر ئىگىلىرىنى كۆرۈپ (بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشىمىزدىن خىجىل بولىمىز) ماختاپ كەتكەن ۋاقتىمىزدا، سەن بۇ ماختاشلارنى توغرا، دەپ قارامسەن؟ بىزنىڭ بۇخىل خاراكتېر ئىگىلىرىدىن يىرگەنمەي، ياخشى كۆرۈشىمىز ئورۇنلۇق بولامدۇ؟
گىلاۋكون: راستىنى ئېيتقاندا، ئورۇنسىزدەك قىلىدۇ.
سوقرات: بۇ مەسىلىنى مۇنداق ئويلىساڭ، تېخىمۇ شۇنداق.
گىلاۋكون: قانداق ئويلىسام؟
سوقرات: مۇنداقمۇ ئويلاپ باققىن. سەھنىدە داستان ئوقۇۋاتقان شائىر روھىمىزدىكى يىغا ـ زار ۋە ئۆزىنى قويۇۋېتىشكە ئاران تۇرغان تەرەپنى (بۇ تەرەپنى بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا مەجبۇرىي

بېسىۋالاتتۇق) قانائەتلەندۈرىدۇ. تەبىئىتىمىزدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر تەرەپلەر ئەقىل ۋە ئادەت تەربىيەسىگە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن يىغىغا بولغان نازارەتنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ. سەۋەب شۇكى، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئازابلىرىنى كۆرگەندە، باشقىلارنى مەدھىيەلەپ، ھېسداشلىق قىلغاندا (ئۆزىنىڭ پەزىلىتىنى نامايان قىلىۋاتقان ۋە دەھشەتلىك ئازابلىرىنى كۆرسىتىۋاتقان ئادەمنى دېمەكچى) ھېچقانداق نومۇس ھېس قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشۇ دۇرۇس ئادەملەرنىڭ روھىدىكى ئەقلىي تەرەپلەر بۇ خىل خۇشاللىققا ئېرىشىشنى ياخشى، دەپ قاراپ، شېئىرغا قارشى تۇرۇش تۈپەيلى ئۇ خىل خۇشاللىقتىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى، باشقىلار ئۈچۈن ھاياجانلىنىش ھامان ئۆزىمىزنىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر قىلماي قالمايدۇ، دەل مۇشۇ جەرياندا يېتىلدۈرگەن ھېسداشلىقىمىز ئۆزىمىز بىۋاسىتە ئازابقا دۇچ كەلگەندە، كونترول قىلغۇسىز ھالدا پارتلاپ چىقىدۇ.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا بولدى.

سوقرات: ھېسداشلىق قىلىشقا ئائىت بۇ دەلىلىمىز كومېدىيەنىڭ كۈلدۈرۈشىگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ گەرچە ئۆزۈڭ ھەزىل گەپلەرنى قىلىشتىن خىجىل بولساڭمۇ، ئەمما، كومېدىيە ئويۇنلىرىنى كۆرگىنىڭدە ياكى لەتىپە ئاڭلىغىنىڭدا، چاكىنىلىقنى ئۇنتۇپ، خۇشاللىق ھېس قىلىسەن، يەنىلا بۇ باشقىلارنىڭ ئازابىغا ھېسداشلىق قىلىش بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ سەن ئەقلىي جەھەتتە، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە كۈلكىلىك بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈڭنى بىسىپ ھەزىلكەشلىك قىلماسلىقىڭ مۇمكىن، لېكىن تىياتىرخانىلاردا ئويۇن كۆرگەن چېغىڭدا، ئۆزۈڭنى قويۇۋېتىسەندە، روھىڭدىكى ھېسسىياتلىق تەرەپلەر قېلىنلىشىدۇ، ئاخىر ئۆزۈڭمۇ سەزمىگەن ھالدا چاقچاقچى بولۇپ قالىسەن.

گىلاۋكون: ئېنىق شۇنداق.

سوقرات: شېئىر مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە، روھتىكى ھەرخىل

ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە شادلىق ـ قايغۇلارغا تەقلىد قىلغاندا، بىزگە بېرىدىغان تەسىرىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ (ئۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ پائالىيىتىمىز بىلەن بىرگە مەۋجۇت). بىز ئۇنداق ھېسسىياتلاردىن خالىي بولۇشقا ئورۇنساقمۇ، شېئىر ئۇلار-نى قايتىدىن پەرۋىش قىلىدۇ. بىز ھېسسىياتىمىزنى باشقۇرۇپ، گۈزەل ۋە بەختلىك ياشايلى دېگىنىمىزدە، شېئىر ھېسسىياتىمىز-نى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، بىزگە ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ.

گىلاۋكون: قوشۇلىمەن.

سوقرات: شۇڭا، گىلاۋكون، سەن ھومېرنى ماختاپ، ھومېر گىرېتسىيەنىڭ پېداگوكى، تۇرمۇش ۋە تەلىم ـ تەربىيە جەھەتتە، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى بويىچە ياشىشىمىز كېرەك دېگەنلەرنى كۆرسەك، ھۆرمەت قىلىپ قويغىن، چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەلۇماتى شۇنچىلىك. سەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھومېر بۈيۈك شائىر ۋە تۇنجى تىراگېدىيەچى، دەپ قويغىن، لېكىن بىلىپ قالغىنكى، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىن ئىلاھلار ۋە ياخشى ئادەملەرنى مەدھىيەلەي-دىغان قەسىدىلەرگە ئورۇن بېرىلسە بولىدۇ. ئەگەر چەكتىن ئاشۇ-رۇۋېتىپ، شېرىن ـ شېكەر لىرىكىلار ۋە ئېپوسلارغا دۆلىتىمىز-دىن ئورۇن بەرسەك، ياخشىلىق يولى دەپ قارالغان قانۇن ۋە ئەق-لىي پىرىنسىپنىڭ ئورنىغا خۇشاللىق ۋە ئازاب دېگەندەك نەرسە-لەر چىقىۋېلىپ، سىلەرگە ھۆكۈمران بولۇۋالىدۇ.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: ئەمدى شېئىرىيەت ھەققىدىكى تەلقىنىنى ۋە سەۋەبلەر ھەققىدىكى بايانلارنى مۇشۇ يەردە تامام قىلايلى. دېمەكچىمىزكى، شېئىرنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەنە شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنى دۆلە-تىمىزدىن ساقىت قىلىش تامامەن يوللۇقتۇر، دەلىللەر بىزگە شۇ-نى ئۇقتۇردى، ناۋادا شېئىر بىزنى ئاددىي ۋە قوپال دەپ ئەيىبلە-سە، شېئىرغا بىزنىڭ دەيدىغان گېپىمىز شۇكى، پەلسەپە بىلەن شېئىرنىڭ ئەزەلدىن توغىمىنى يوق. مەسىلەن، «ئىگىسىگە قاۋىغان

ئىت»، «ئەقىلسىزلەر ئارىسىدىكى ئۇلۇغ زات»، «ئاقىللارغا ھاكىم نادانلار»، «قەلەندەر مۇتەپەككۇرلار»① دېگەندەك نۇرغۇن ئېپىتېملار بۇنىڭغا دەلىل. ئەمما، بىز يەنە شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ياخشى ئىدارە قىلىنغان ئەلدە، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن يېزىلغان شېئىر ۋە دىراممىلار ئۆزىنىڭ دۆلەت ئۈچۈن لازىم ئىكەنلىكىنى دەلىللىيەلىسە، شېئىرنىڭ ئەنە شۇ ئەلگە قايتىپ كېلىشىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمىز. ئۇنىڭ بىزگە بولغان جەلپكارلىقىنى ئۆزىمىزمۇ ھېس قىلىپ تۇرىمىز. ۋاھالەنكى، ھەقىقەت دەپ قارالغان نەرسىدىن يۈز ئۆرۈش گۇناھتۇر. دوستۇم، ھومېرنىڭ شېئىرلىرىنى ئاڭلىغان ۋاقىتىڭدا، سەن شېئىرنىڭ سېھرىلىشىگە ئۇچرىمىدىڭمۇ؟

گىلاۋكون: شۇ قەدەر ئۇچرىدىم.

سوقرات: مەيلى لىرىكىلىق شېئىر بولسۇن ياكى باشقا تۈردىكى شېئىر بولسۇن ئۆزىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئاساسقا ئىگە قىلسا، ئۇ بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە ھەقلىق رەۋىشتە قايتىپ كەلسە بولامدۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، بولىدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، بىز ئۆزى شېئىر توقۇمىسىمۇ، شېئىرنى سۆيىدىغان ئىخلاسمەنلەرنىڭ قايپىيەسىز تۈز گەپلەر بىلەن شېئىرنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ باشقۇرۇلۇشى ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىسا، ئۇلارنىمۇ سۆرگۈندىن خالاس قىلىمىز. ئۇلار شېئىرنىڭ شېرىن ۋە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرەلىسە سەممىيەت بىلەن ئاڭلايمىز ھەم بۇ ئارقىلىق شېئىرنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىنى چۈشىنىۋالىمىز.

گىلاۋكون: ئۇ قانداقسىگە پايدىلىق بولمىسۇن؟

سوقرات: ئەمما، قەدىرلىك دوستۇم، ئەگەر ئۇلار شېئىرنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمىسا، بىز خۇددى بىر - بىرىنى سۆيۈپ، بۇ سۆيگۈنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن خەيرلىك بولمايدىغانلىقىنى

---

① بۇ سۆزلەرنىڭ مەنبەلىرى ئېنىق ئەمەس. بىرىنچى، ئۈچىنچى جۈملىلەردە شائىرلار مەسخىرە قىلىنغان. ئىككىنچى، تۆتىنچى جۈملىدە پەيلاسوپ مەسخىرە قىلىنغان.

بايقاپ قالغان ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك، ھەر قانچە قىيىن بولغاندىمۇ زوقىمىزدىن يانمىمىز. گەرچە ياخشى تۇزۇمنىڭ تەربىيەسى ئارقىسىدا، شېئىرغا بولغان قىزغىنلىقنى يېتىلدۈرگەن بولساقمۇ، ئۇلارنىڭ شېئىرنىڭ ياخشى ۋە چىن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردىغان دەلىللىرىنى ئاڭلاشنى خالىساقمۇ، ئەمما، شېئىر ئۆزىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمىسا، بىز ئۆزىمىزنى شېئىرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن ئاگاھلاندۇرىمىز ھەمدە ئاۋامغا ئوخشاش ساددا ھاياجان ئىچىگە پېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىمىز. بىز شۇنى تونۇپ يەتتۇقكى، شېئىرغا ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بېرىدىغان جىددىي بىر شەيئى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدۇ. بىز شېئىرىيەت ئىخلاسمەنلىرىنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمىزكى، ئەگەر ئۇ ئۆز قەلبىنىڭ ئارامسىز بولۇشىدىن ساقلانماقچى بولسا بىزنىڭ شېئىردىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدىكى تەۋسىيەلىرىمىزگە قۇلاق سالسۇن!

گىلاۋكون: سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلىمەن.

سوقرات: قەدىرلىك گىلاۋكون، بۇ مەيدان كۆرەش ناھايىتى مۇھىمكى، ئۇنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن كۆپ يۇقىرى، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان ھالقا، ھەرگىزمۇ شان ـ شەرەپ، بايلىق، ھوقۇق، شېئىر دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ئادالەت ۋە گۈزەللىكنى كۆرىدىغان كۆزىمىزنى خىرەلەشتۇرۇۋالماسلىقىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: بايىقى ئىسپات يوللىرىمىز بويىچە بولغاندا، مەن سېنىڭ خۇلاسەڭنى ياقلايمەن، مېنىڭچە، باشقىلارمۇ ياقلايدۇ.

سوقرات: بىراق، سەنمۇ بىلىسەنكى، بىز توغرىلىقنىڭ ئەڭ زور ھەققى ۋە مۇكاپاتى توغرىسىدا خۇلاسە چىقارمىدۇق.

گىلاۋكون: ئەگەر بايىقىدىنمۇ زور نەرسە بار دېسەڭ، ئۇ بىر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز نەرسە بولسا كېرەك.

سوقرات: قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قانداقمۇ زور نەرسىگە ئېـ

رىشكىلى بولسۇن! بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى جاھاننىڭ ئۆمرىگە سېلىشتۇرغاندا، قانچىلىك نەرسە ئىدى.

گىلاۋكون: شۇنداق، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ھېچقانداق چوڭ نەرسە بارلىققا كەلمەيدۇ.

سوقرات: سېنىڭچە، ئەبەدىي نەرسە ئومۇمىي زامان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماي، قىسقا بىر ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولارمۇ؟

گىلاۋكون: ياق، ئۇ ئومۇمىي زامان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. بىراق، ئەبەدىي نەرسە دېگىنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

سوقرات: سەن روھىمىزنىڭ ھېچبىر زامان يوقالمايدىغانلىقىنى سەزمىدىڭمۇ؟

گىلاۋكون: [سوقراتقا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ] ۋاي، خۇدايىم، راستىنلا بىلمەيدىكەنمەن، سەن روھ ئۆلمەيدۇ دېمەكچىمۇ؟

سوقرات: مەن شۇنداق دېمەكچى، سەنمۇ شۇنداق دېيىشىڭ كېرەك، شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش تەس ئەمەستۇ!

گىلاۋكون: ئۇ ماڭا نىسبەتەن تەس. ئەمما، سېنىڭ قولاي ئۇسۇللار بىلەن ئىسپاتلىشىڭنى ئاڭلاپ باقسام دەيمەن.

سوقرات: ئۇنداقتا، گېپىمگە قۇلاق سال!

گىلاۋكون: قۇلىقىم سەندە.

سوقرات: سەن ياخشى ۋە يامان دېگەن ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلامسەن؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: سېنىڭ بۇ ئۇقۇملار ھەققىدىكى چۈشەنچەڭ مېنىڭكىگە ئوخشاشمىدۇ؟

گىلاۋكون: قانداق چۈشەنچىنى دەيسەن؟

سوقرات: بۇزغۇنچى ۋە ۋەيران قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياماندۇر. قوغدىغۇچى ۋە پايدا كەلتۈرگۈچى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىدۇر.

گىلاۋكون: قوشۇلىمەن.

سوقرات: سىنىڭچە، ھەربىر نەرسە ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە يامان-لىق ئامىللىرى يوق بولامدۇ؟ مەسىلەن، كۆز ئۈچۈن كۆز ئاغرىقى، بەدەن ئۈچۈن كېسەللىك، ئاشلىق ئۈچۈن چىرىش، دەرەخ ئۈچۈن قۇرۇش، تۆمۈر ئۈچۈن داتلىشىش دېگەندەك. ھەر بىر شەيئىنىڭ تەبىئىتىدىن كېلىدىغان ياخشىلىق ياكى يامانلىق بار ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: بار.

سوقرات: بىر شەيئىدە يامانلىق ئامىللىرى كۆرۈلگەندىن كې-يىن، ئۇ شەيئىي بارغانسېرى بەتتەرلىشىپ، ئاخىرى ھالاك بول-دۇ، ئەمەسمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: بىر شەيئىنى بەربات قىلغان نەرسە دەل شۇ شەيئىنىڭ تەبىئىتىدىكى قۇسۇر ۋە يامانلىقتۇر. بۇ شەيئىنى شۇ يامانلىقتىن ئۆزگە نەرسە ھالاك قىلالمايدۇ. چۈنكى ياخشى نەرسە ھېچبىر شەي-ئىنى خاراب قىلمايدۇ، ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس نېيترال ھالەتمۇ شەيئىلەرنى خاراب قىلمايدۇ.

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: ئەگەر بىز ئۆزىدىكى يامان تەرەپ ئارقىلىق ۋەيران بولمايدىغان شەيئىنى بايقىساق، بىز ئۇخىل خۇسۇسىيەتتىكى شەي-ئىنىڭ ۋەيران بولمايدىغانلىقىنى بىلىمىز، شۇنداققۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق بولسا كېرەك.

سوقرات: ئۇنداقتا روھنى يامانلاشتۇرىدىغان نەرسە يوقمىدۇ؟

گىلاۋكون: بار، باشتا ئېيتقىنىمىزدەك ئەگرىلىك، ئۆزىنى تو-تۇۋالالماسلىق، قورقۇنچاقلىق، نادانلىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى روھنى يامانلاشتۇرىدۇ.

سوقرات: ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بىرى روھنى يىمىرىپ تاشلاپ ئۇنى يوق قىلامدۇ؟ ئەمما، دىققەت قىلىشىڭ لازىمكى، ئادىل بول-مىغان بىر ئادەمنىڭ ناچار ئىش قىلىپ تۇتۇلۇپ قېلىشى ئادالەت-

سىزلىكنىڭ زەرىبىسىدىن ئەمەس (ئادالەتسىزلىك روھتىكى ئىللەتتۇر). بەدەننى زەئىپلەشتۈرۈپ، ۋەيران قىلىدىغىنى بەدەننىڭ ئۆزىدىكى ئىللەت (كېسەللىك) تۇر، كۆرسەتكەن مىساللىرىمىزدىن مەلۇمكى، بىر شەيئىنى تۈگەتكەن نەرسە دەل شۇ شەيئىنىڭ تەبىئىتىدىكى يامانلىقنىڭ ئۆزىدۇر. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئەمدى بىز شۇ تەقلىدتە روھ ھەققىدە توختىلايلى. ئادالەتسىزلىك ۋە باشقا ئىچكى ئىللەتلەر ئىچكى ۋە سىرتقى يوللار بىلەن روھنى بەربات قىلىپ ۋە ئۆلتۈرۈپ تەندىن ئايرىۋېتەمدۇ؟

گىلاۋكون: ئۇنداق قىلالمايدۇ.

سوقرات: بىر شەيئى ئۆزىدىكى ئىللەت تۈپەيلى ئەمەس، باشقا شەيئىلەردىكى ئىللەتلەر تۈپەيلى بەربات بولىدۇ دېيىش ئەقىلگە ياتتۇر.

گىلاۋكون: ئۇغۇ شۇنداق.

سوقرات: دىققەت قىلغىنكى گىلاۋكون، بىز ئادەمنىڭ تېنى يېمەكلىك تۈپەيلى (كۆكەرگەن ياكى چىرىگەن) بەربات بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى توغرا، دەپ ئېيتالمايمىز، گەرچە يېمەكلىكتىكى ناچارلىق ئادەمنىڭ بەدىنىدە كېسەللىك پەيدا قىلسىمۇ، بۇ يەنىلا تەننىڭ ئۆزىدىكى بۇزۇلۇش تەبىئىتى ئارقىلىق بولىدۇ. شۇڭا بىز تەبىئىي سىرتقى بىر شەيئىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خاراب بولدى، دېيەلمەيمىز.

گىلاۋكون: گېپىڭ ناھايىتى توغرا.

سوقرات: ئوخشاشلا، تەندىكى ئىللەت روھتىكى ئىللەتنى پەيدا قىلالمايدۇ، دېيىلسە، بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. روھ ئۆزىدىن سىرتقى ئىللەت تۈپەيلى ھالاك بولمايدۇ. يەنى بىر شەيئى باشقا بىر شەيئىنىڭ يامانلىقى تۈپەيلى ھالاك بولمايدۇ.

گىلاۋكون: بۇ سۆزلىرىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن.

سوقرات: شۇڭا، بىز تۆۋەندىكىدەك قاراشنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ، رەددىيە بېرىشىمىز كېرەك: كېزىك ياكى باشقا كېسەل-

لىكلەر، پىچاق تىقىش، بەدەننى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىش روھنى بەربات قىلىدۇ، دېگەندەك گەپلەرنىڭ ئاساسى يوق ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بەزىلەر روھ تەننىڭ ئەرزىيەتلىرى تۈپەيلى ئادالەتسىز ھەم رەزىل بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن گەپنى ئىسپاتلاپ، بىزنى ئىشەندۈرەلمىسە، ئۇ باشقا گەپ، بىز روھ ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىغا يولۇققاندا ھالاك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزلەرنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايمىز.

گىلاۋكون: سەكراتتىكى ئادەمنىڭ روھى ئەجەل تۈپەيلى ئادالەتسىز بولۇپ كېتىدۇ، دېگەندەك گەپلەرنى ئىسپاتلىيالايدىغان ئادەم ھەرگىز چىقمايدۇ.

سوقرات: ئەگەر بىراۋ روھ ئۆلمەيدۇ دېگەن ھۆكۈمگە جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئۆلۈۋاتقان ئادەمنىڭ روھى تېخىمۇ رەزىل ۋە ئادالەتسىز بولىدۇ، دەپ تۇرۇۋالسا، بىزنىڭ دەيدىغىنىمىز مۇنداق بولىدۇ: سىزنىڭ گېپىڭىز راست بولىدىغان بولسا، خۇددى كېسەللىك ئۆلۈمگە ئېلىپ بارغاندەك، ئادالەتسىزلىك ئادالەتسىز ئادەمنىڭ ھالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر ئادالەتسىزلىك ئادالەتسىز ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدىغان بولسا، ئادالەتسىزلىكنى يوقتۇرۇۋالغان ئادەممۇ ئادالەتسىزلىك تۈپەيلى ئۆلىدۇ، ئەڭ ئادالەتسىز ئادەم ئەڭ تېز ئۆلىدۇ، سەل ـ پەل ئادالەتسىز ئادەم ئالدىرىماي ئۆلىدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتىن ئالغاندا، ئادالەتسىز ئادەم ئادالەتسىزلىك تۈپەيلى ئەمەس، بەلكى ناچار ئىشلارنى قىلىپ باشقىلارنىڭ جازالىشىدىن ئۆلىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق. ئادالەتسىزلىك ئادالەتسىز ئىنسانىنىڭ بېشىغا چىقىدىغان ئىش بولسا، ئۇ ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق بولمىغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇ ھالدا يامانلىقنى يوقاتقۇچى نەرسىگە ئايلانغان بولاتتى. مەن ئۇنى ئادالەتسىز كىشىنى تېخىمۇ ياشىنىتىپ، باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان نەرسە دەپ قاراشنى

ياخشى كۆرىمەن. ئادالەتسىزلىك ئادالەتسىز ئىنسانغا ھاياتلىق ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە تېخى ئۇنى ئۆلۈمدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

سوقرات: ناھايىتى توغرا دېدىڭ. روھنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىللەت روھنى ئۆلتۈرەلمىگەن ئىكەن. باشقا نەرسىلەرگە زامىن بولىدىغان ئىللەت روھنى تېخىمۇ ئۆلتۈرەلمەيدۇ. ھەرقانداق ئىللەت ۋە يامانلىق پەقەت ئۆزىگە تېگىشلىك نەرسىلەرنىلا ئۆلتۈرىدۇ.

گىلاۋكون: دەرۋەقە، باشقا ئىللەتلەر روھنى ئۆلتۈرەلمىگۈدەك.

سوقرات: ھەرقانداق ئىللەت (خاس ياكى باشقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) روھنى ئۆلتۈرەلمىگەن ئىكەن، روھ ئەبەدىي ئۆلمەس نەرسە بولۇپ چىقىدۇ. روھ ئەبەدىي مەۋجۇت، روھ ئۆلمەيدۇ.

گىلاۋكون: روھ ئۆلمەيدۇ.

سوقرات: بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلىسەك، روھنىڭ كېمەيمەيدىغانلىقىنى ھەم كۆپەيمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئەگەر ئەبەدىي نەرسە كۆپىيىدىغان ئىش بولسا، يوقىلىدىغان شەيئى يوقالمايدىغان شەيئىگە ئايلىنىدىغان ئىش بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە شەيئى يوقالمايدىغان بولىدۇ.

گىلاۋكون: توغرا.

سوقرات: بىز روھ ئەڭ چىن مەنىدىن ئېيتقاندا، كۆپ خىللىق، ئوخشىماسلىق ۋە زىددىيەت بىلەن تولغان دېگەندەك قاراشنى ياقلىماسلىقىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: بۇ گەپنى قانداق چۈشەنسەم بولار؟

سوقرات: ئەگەر بىر شەيئى كۆپ خىل تەركىبلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ تەركىبلەر ياخشى تەشكىللەنمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەبەدىي شەيئى بولالىشى ناتايىن.

گىلاۋكون: ئۇنداق بولالىشى قىيىن.

سوقرات: دەلىللەر بىزنى روھنىڭ ئۆلمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرماي قالمايدۇ، ئەمما، بىز روھنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىلىش ئۈچۈن، روھنى تەن ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىللەتلىرى بىلەن

ئايرىلاشتۇرۇپ كۆزەتسەك بولمايدۇ. بىز ئەقلىمىزنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۇنىڭ ساپ ھالىتىنى ئىنچىكە كۆزىتىشىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا سەن ئۇنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى بايقاپ، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىيالايسەن، گەرچە بىز روھنىڭ ھەقىقىي ھالى ھەققىدە توختالغان بولساقمۇ، لېكىن، بىزنىڭ روھنى كۆرۈپ يېتىشىمىز دېڭىز ئىلاھى گىلاۋكوس (GlauKos) نىڭ سۈرىتىنى كۆرگەندەك ئاسان ئىش ئەمەس. دېڭىز ئىلاھىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئاسان بولغىنى بىلەن لېكىن، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتىش ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى، دېڭىز ئىلاھىنىڭ جىسمى پۈتۈن دېڭىزغا تاراپ كەتكەن بولۇپ، قۇلۇلە، دېڭىز ئۆتلىرى ۋە تاش دېگەندەك نەرسىلەر ئۇنى قاپلىۋالغان، نەتىجىدە دېڭىز ئىلاھى ئۆز قىياپىتىنى يوقىتىپ، غەلىتە مەخلۇققا ئوخشاپ قالغان. مانا بۇ روھنىڭ نۇرغۇن ئىللەتلەر تەرىپىدىن خاراب بولۇشىنىڭ كۆرۈنۈشى، شۇڭا، گىلاۋكون، بىز نەزىرىمىزنى باشقا تەرەپكە بۇرىشىمىز كېرەك.

گىلاۋكون: قايسى تەرەپكە؟

سوقرات: ئەقىل سۆيەرلىك تەرىپىگە، پەرەز قىلساق، روھ مۇقەددەس، ئۆلمەس، ئەبەدىي شەيئى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى ئارقىلىق، ئۇلار بىلەن دائىمىي مۇلاقەتتە بولۇپ، ئۇلارغا بولغان چۈشىنىشى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ. يەنە پەرەز قىلىپ كۆرەيلى، ئۇ مۇشۇنداق كۈچىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ، ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان تاش ۋە قۇلۇلىلەرنى ئىرغىتىپ تاشلىسا، قانداق بىر شەكىلگە كىرەر؟ (ئۇ كىشىلەر خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىغان پانىي نەرسىلەر بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ، بەدەنلىرىنى ياۋايى نەرسىلەر بىلەن بۇلغىغان) شۇندىلا كىشىلەر روھنىڭ شەكلىنىڭ مۇرەككەپ ياكى ئاددىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە، بىزنىڭ روھنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدىكى تەسىرات شە-

كىملىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىمىز روشەن ھالدا ئادا بولدى.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: بىز دەلىللەشنىڭ ھەممە تەلەپلىرىنى ئورۇنلىدۇق. ھېسىئود ۋە ھومېرلاردەك ئادالەتتىن ھىمايە ۋە ئىلتىپاتلارنى كۈت-مىدۇق. بىراق، بىز ئادالەتنىڭ روھ ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئىكەن-لىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتۇق. ئىنسان مەيلى گۇگېس (Gyges) نىڭ خاسىيەتلىك ئۈزۈكى بولسۇن، خادىس (Hades) نىڭ غايىب دوپ-پىسى بولسۇن، چوقۇم ئادىل بولۇشى كېرەك.

گىلاۋكون: ناھايىتى توغرا.

سوقرات: شۇڭا، گىلاۋكون، بىز ئادالەت ۋە باشقا پەزىلەتلەرگە ھەرخىل ئىلتىپاتلارنى بەخش ئېتىپ ئۇنى ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمدە ئىنسانلار ۋە ئىلاھلارغا ئېرىشتۈرسەك، بۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلار چىقارمۇ؟

گىلاۋكون: چىقمايدۇ.

سوقرات: ئۇنداقتا، مۇنازىرىدە مەندىن ئۆتنە ئالغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرەمسەن؟

گىلاۋكون: قايسى نەرسىلەرنى؟

سوقرات: مەن سىلەرنىڭ ئادالەتلىك كىشىنى ئادالەتسىز دەپ، ئادالەتسىز كىشىنى ئادىل دەپ پەرەز قىلىشىڭلارغا قوشۇلغان ئى-دىم. چۈنكى، سىلەر ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ پەرقىنى ئايرىش ئۈچۈن شۇنداق پەرەز قىلىپ تۇرايلى دېگەن ئىدىڭلار. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئېسىمدە يوق دېسەم ئادىل بولمىغان بولىمەن.

سوقرات: ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ پەرقىنى ئايرىپ بول-غاندىن كېيىن، بىز ئادالەتنىڭ شان ـ شەرىپىنى ئىلاھ ۋە ئادەم-لەرنىڭ ئادالەتنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ ئەكېلىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئادالەت ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ شان ـ شەرىپىگە ئىگە بولۇشى كې-رەك، ئادالەتلىك كىشى ئېرىشىشكە تېگىشلىك ئىمتىيازلار ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتىشى كېرەك. چۈنكى، بىز ئادالەتنىڭ ئۆزىنى ئىزدىگەن

ئادەملەرگە ياخشىلىق ۋە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئادا-لەتنىڭ ئادەم ئالدىمايدىغانلىقىنى دەلىللىگەن ئىدۇق.

گىلاۋكون: شۇنداق، بۇ ھەققانىي تەلەپتۇر.

سوقرات: ئىلاھلار ئەمەلىيەتتە، ئادالەتلىك كىشى بىلەن ئادا-لەتسىز كىشىنىڭ تەبىئىتىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، مانا بۇ سەن قايتۇ-رۇشقا تېگىشلىك ئامانەت.

گىلاۋكون: بىز ئۇنى قايتۇرىمىز.

سوقرات: ئىلاھلارنى ئالدىغىلى بولمىغان ئىكەن، بەزىلەر ئىلاھلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىدۇ، يەنە بەزىلەر ئىلاھلارنىڭ نەپ-رىتىگە ئېرىشىدۇ، بىز بۇ ھەقتە باشتىلا بىرلىككە كەلگەن.

گىلاۋكون: شۇنداق.

سوقرات: ئىلاھتىن كەلگەن ھەممە نەرسە ئىمكانقەدەر ئىلاھلار سۆيگەن ئادەملەرگە بەخت كەلتۈرىدۇ، ناۋادا ئۇ بۇرۇنقى ئۆمرىدە كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلمىغان بولسىلا، بىز بۇنىڭغا بىردەك ئى-شىنىشىمىز كېرەك. شۇنداقمۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە، ئىشىنىشىمىز كېرەك.

سوقرات: ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئادالەتلىك بىر ئىنسان نامراتلىق، كېسەللىك ۋە ئاللىقانداق بەختسىزلىككە ئۇچرىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ قىسمەتنىڭ ھامان (مەيلى تىرىك ياكى ئۆلگەن بولسۇن) ئۇ كىشىگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئىسپاتلانماي قالمايدۇ، چۈنكى، قىزغىنلىق بىلەن ئادالەت ئىزدەيدىغان كىشى ئىلاھىي پەزىلەتلەر ئىچىدە ياشىغان بولىدۇ، بۇنداق كىشىنى ئىلاھلار ھەرگىز نائۈمىدتە قويمايدۇ.

گىلاۋكون: ئىلاھقا يېقىن ئادەمنى ئىلاھلارمۇ تاشلىۋەتمەيدۇ.

سوقرات: بىز ئادالەتسىز كىشىگە قارىتا يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىنى ئويلايمىزغۇ؟

گىلاۋكون: ئەلۋەتتە.

سوقرات: دېمەك، بۇلار ئىلاھ ئادالەت ئىگىلىرىگە قايتۇرغان مۇكاپات بولىدۇ.

گىلاۋكون: مەنمۇ شۇنداق قارايمەن.

سوقرات: ئادالەتلىك كىشى كىشىلىك دۇنيادىن نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ ئەھۋالنىڭ راستى مۇنداق بولامدۇ ـ يوق؟ ھىيلىگەر، ئادالەتسىز ئادەم بەئەينى مۇسابىقىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بولۇشىغا يۈگۈرۈپ، كېيىنكى يېرىمىدا بولالماي قالغان تەنھەرىكەتچىگە ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئۇلار ئاخىرقى نۇقتىدا، ھېرىپ قىلىپ، كۈلكىلىك ئاقمۇەتكە قالىدۇ ـ دە، ھەرگىز مۇكاپات ئالالمايدۇ. ھەقىقىي تەنھەرىكەتچى ئاخىرقى نۇقتىغىچە ئوبدان يۈگۈرۈپ، مۇكاپات ۋە گۈلتاجغا نائىل بولىدۇ. ئادالەت ئەھلىنىڭ كەلگۈسىمۇ شۇنداق بولىدۇغۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

گىلاۋكون: ھەقىقەتەن شۇنداق.

سوقرات: بۇرۇن سىلەر ئادالەتسىز كىشىلەرگە ئېيتقان پايدىنى ئەمدى ئادالەتلىك كىشىلەرگە قايتۇرۇپ بەرسەك بولامدۇ؟ مېنىڭچە، ئادالەتلىك كىشىلەر يېشىغا يەتكەندە، خالىسا، دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قول تىقسا بولىدۇ، خالىغان ئادىمى بىلەن توي قىلسا بولىدۇ، خالىغان ئادىمى بىلەن قۇدا بولسا بولىدۇ. ئۇ ئادالەتلىك كىشىلەردە بولىدىغان (سىلەر ئادالەتسىز كىشىلەردە بولىدۇ دېگەن) ياخشى تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشسە بولىدۇ. ئادالەتسىز كىشىلەرنىڭ ئادالەتسىزلىكى باشتا كىشىلەرگە بىلىنمىگەندەك قىلغىنى بىلەن ھامان كىشىلەرگە پاش بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ياشانغان مەزگىللىرىدە مازاقلىنىپ، پاجىئەلىك كۈنلەرگە قالىدۇ، ۋەتەنداشلىرى ۋە ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ نەپرىتىگە قالىدۇ. ئۇلار جازالىنىدۇ، قامچىلىنىدۇ، سوتلىنىدۇ، مۆھۈرلىنىدۇ. ئۇلار ئاخىرى ئۇچرايدىغان قىسمەتلەرنى سەن دېدىڭ. ئەمدى مەن دېسەم سەۋر بىلەن ئاڭلىيالامسەن؟

گىلاۋكون: ئاڭلايمەن، توغرا سۆزلەرنى نېمىشقا ئاڭلىماسمەن؟

سوقرات: مانا بۇلار ئادالەتلىك كىشى ھايات ۋاقتىدا ئىلاھ ۋە

ئادەملەردىن ئىبرىشكەن مۇكاپاتلاردۇر (ئادالەتنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن مۇرۇۋۋەتلەر بۇنىڭ سىرتىدا).

گىلاۋكون: بۇلار ھەقىقەتەن گۈزەل ھەم ئىشەنچلىك مۇكاپاتلار.

سوقرات: ئۇ نەرسىلەر ئادالەتلىك ۋە ئادالەتسىز كىشىلەرنى ئۆلگەندىن كېيىن ساقلاۋاتقان نەرسىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھېچ-قانچە نەرسە ئەمەس، سىلەر بۇ ئىككى خىل ئادەملەر ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، بۇ ھېكايىدىن ھەر كىم ئۆزىگە لايىق جاۋابلارنى تاپالايدۇ.

گىلاۋكون: قېنى، سۆزلىگىن، بىزگە بۇنى ئاڭلاشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق يوق.

سوقرات: مېنىڭ ھېكايەم ئودىسئوس (Odysseus)نىڭ ئالكى-نوس (Alkinoos) قا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىسىدەك ئۇنچە ئۇزۇن ئەمەس. ئەمما، بۇمۇ باتۇرلۇققا دائىر ھېكايىدۇر. بۇ باتۇرنىڭ ئىسمى ئېر (Er) بولۇپ پامپىلىيە (Pamphilia) لىك ئارمېنيۇس (Armenios) نىڭ ئوغلىدۇر. بۇ يىگىت بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، جەسىتى ئون كۈندىن كېيىن ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىنىدى، ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمى، ئۇ ئۆلۈپ ئون ئىككىنچى كۈنى ئۆتكۈ-زۈلدى. ئۇ يىقىلىش ئالدىدىكى ئوتۇننىڭ ئۈستىدە تىرىلدى ـ دە، ئۇ دۇنيادا (باقىي دۇنيا) كۆرگەنلىرىنى كىشىلەرگە ئېيتىپ بەر-دى. ئۇنىڭ جېنى تېنىدىن ئاجراپ، بىر توپ ئەرۋاھلار بىلەن بىل-لە سەپەر قىپتۇ. ئۇلار سىرلىق بىر يەرگە كېلىپ قارىسا، يانمۇيان ئىككى ئۆڭكۈر تۇرغۇدەك، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاسماندا ھەم ياند-مۇيان ئىككى ئۆڭكۈر بار ئىكەن. يەر بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا سوتچىلار ئولتۇرارمىش، ئۇلار ئادالەتلىك دەپ قارار قىلغان ئادەم-نى مەيدىسىگە ئادالەت بەلگىسىنى تاقىغان ھالدا ئوڭ تەرەپتىن ئەرشكە كۆتۈرۈلۈشكە بۇيرۇيدىكەن. ئادالەتسىز دەپ ھۆكۈملەنگەن كىشىنى بولسا بۇرۇنقى گۇناھلىرى پۈتۈلگەن نامىنى دۈمبىسىگە چاپلىغان ھالدا سول تەرەپتىن جەھەننەمگە چۈشۈشكە بۇيرۇيدى-

كەن. نۆۋەت ئېرغا كەلگەندە، سوتچى ئۇنىڭغا ئىنسانلارغا خەۋەر يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى بېرىپتۇ، ئۇنى دۇنيادىكى ئىشلارنى تەپسىدلىي كۆزىتىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ قارىسا، ئەرۋاھلار ھەر تەرەپكە مېڭىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرشتىكى ئۆڭكۈرگە، بەزىلىرى يەردىكى ئۆڭكۈرگە يۈزلىنىپتۇ. بەزى ئەرۋاھلار يەردىكى يەنە بىر ئۆڭكۈردىن توپا باسقان، ۋەيرانە ھالدا چىقىۋاتقۇدەك، بەزى ئەرۋاھلار ئەرشتىكى ئۆڭكۈردىن چىرايى پاك ھالدا چۈشۈۋاتقۇدەك. يېتىپ كېلىشكەن بۇ ئەرۋاھلار قارىماققا ئۇزۇن يوللاردىن كەلگەن بولۇپ، چىملىقلارغا بارگاھ تىكىشىپ، تەنتەنە قىلىدىغاندەك تۇرۇشاتتى. تونۇشلار بىر - بىرىدىن ھال سورىشاتتى. يەردىكىلەر ۋە ئەرشتىكىلەر بىر - بىرىنىڭ ھالىنى قىزىقىپ سورىشاتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىشەتتى. يەر ئاستىدىن چىققانلار ئۆزلىرىنىڭ بىر قېتىملىق سەپىرى (مىڭ يىللىق مۇساپە) داۋامىدا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى سۆزلەيتتى. ئۇلار ھەم سۆزلەيتتى ھەم ئاھ ئۇراتتى. ئەرشتىن چۈشكەنلەر ئۆزلىرى كۆرگەن گۈزەللىك ۋە بەخت - سائادەتلەردىن گەپ ئاچاتتى. گىلاۋكون، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ ئولتۇرساق، جىق ۋاقىت كېتىدۇ. قىسقىسىنى دېگەندە، ئېرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ھاياتلىقتا قىلغان ئەسكىلىكلەرگە ئون ھەسسە جازا بېرىلىدىكەن. ئۇلار يۈز يىلدا بىر قېتىم جازالىنىدىغان بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىنى يۈز يىل دېگەندە، جەمئىي ئون قېتىم جازالىنىدىكەن. مەسىلەن، بىر ئادەم نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن بولسا ياكى ئۇرۇشلاردا دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قۇل بولۇشىغا سەۋەبچى بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئون ھەسسە جازاغا تارتىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ياخشى بولۇپ، ئادىل ۋە تەقۋادار بولغان بولسا ئون ھەسسە ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئېر يەنە تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلىگەن بولۇپ، بىز بۇ ھېكايىنى بولدى قىلىپ تۇرايلى، ئېرنىڭ دېيىشىچە، ئىلاھلارغا

ئىخلاس قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلىگەنلەرنىڭ مەرتىۋىسى تېخىمۇ چوڭ بولىدىكەن. ئىلاھلارغا بىھۆرمەتلىك قىلغانلار ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلارنىڭ جازاسى تېخىمۇ چوڭ بولىدىكەن. ئۇنىڭ كىشىلەرگە دەپ بېرىشىچە، بەزىلەر ئاردىيائوس (Ardiaios) نەدە، دەپ سوراپ يۈرەرمىش، ئۇ مىڭ يىل بۇرۇنقى پامپىلىيە شەھىرىنىڭ زوراۋانى ئىكەن. ئېيتىلىشىچە، ئاردىيائوس ئۆزىنىڭ قېرى دادىسى ۋە ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىكەن، ئۇ يەنە نۇرغۇن قىلمىشلارنى ئۆتكۈزگەن ئىكەن. كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەنلەرگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئۇ بۇ يەرگە كەلمىدى ھەم كېلەلمەيدۇ. چۈنكى، بىز ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىشلارنى كۆردۇق. بىز گۇناھلىرىمىزدىن ساقىت بولۇپ، ئۆڭكۈردىن چىقاي-لى، دەپ تۇرساق ئۇ ۋە ئۇنىڭدەك نۇرغۇن زوراۋانلارنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى شەخسىي تۇرمۇشىدا كەبىرە ـ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلار. ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنسىمۇ يول بېرىلمەيدۇ. گۇناھىدىن ئۆتكىلى بولمايدىغانلار ياكى جازاسى ئاخىرلاشمىغانلار ئۆڭكۈردىن چىقماقچى بولسا، ئۆڭ-كۈر ئۇلارغا ۋارقىرايدۇ. ئۆڭكۈردە سۇر تەلەت ئادەملەر چارلاپ يۈرگەن بولىدۇ. ئۇلار ئۆڭكۈرنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇ ئادەملەرنى تۇتۇپ، ئېلىپ كېتىدۇ. ئاردىيا ئۇستەك ئادەملەرنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ، تېرىسىنى تەتۈر سويىدۇ، سۆرەيدۇ ھەم قامچىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق جازالىنىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھەتتا، ئۇنىڭ تارتاروس (Tartaros) ئاتلىق زىندانغا تاشلىنىدىغانلىقىنى ئەتراپتىكىلەرگە سۆزلەپ ئۆتىدۇ.» ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار گەرچە ھەرخىل قورقۇنچلۇق ئىشلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا ئۆڭكۈرنىڭ ۋارقىرىشى ئىكەن. ئۆڭكۈر ۋارقىرىماي قالسا، ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلار ئىكەن. ھۆكۈم ۋە جازا ئەنە شۇنداق ئىكەن، ئەمما، ئادالەتلىك كىـ

شىگە بېرىلگەن ئىنئاملار تامامەن ئۇلارنىڭ ئەكسىچە بولىدىكەن.
تۇركۇملەپ يېتىپ كېلىشكەن كىشىلەر چىملىقتا يەتتە كۈن تۇر-
غاندىن كېيىن، سەككىزىنچى كۈنى سەپىرىنى داۋام قىلىدىكەن،
ئۇلار تۆت كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، تۈپتۈز نۇر تۈۋرۈكىنى
كۆرىدىكەن. بۇ نۇر تۈۋرۈك ئاسمان ـ زېمىننى بىر ـ بىرىگە تۇ-
تاشتۇرىدىكەن، ئۇنىڭ رەڭگى ھەسەن ـ ھۈسەندەك كۆرۈنسىمۇ،
ئەمما، ئۇنىڭدىنمۇ ساپ ۋە سۈزۈك ئىكەن. ئۇلار يەنە بىر كۈن
ماڭغاندىن كېيىن، نۇر تۈۋرۈكى بار يەرنىڭ ئۆزىگە يېتىپ بارىدى-
كەن. ئۇ يەردە ئاسماندىن چۈشكەن نۇرنىڭ چېكى كۆرۈنىدىكەن.
نۇر تۈۋرۈكى قەۋەت ـ قەۋەت ئاسماننىڭ تۈگۈنى بولۇپ، بەئەينى
پاراخوتنىڭ ياكورىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ ئايلىنىپ تۇرغان قا-
چىسىمان كېمىرلەرنى باغلاپ تۇراتتى. شارسىمان ئاسمان جىسىم-
لىرىنى ئايلاندۇرىدىغان مۇقەررەرلىك ئۇرچۇقى نۇر تۈۋرۈكىنىڭ
ئۇچىغا ئورۇنلاشقان بولىدۇ. نۇر تۈۋرۈكى ۋە ئۇنىڭ ئۈستى تەرەپ
ئىلمىكى تۆمۈردىن ياسالغان، كېمىر (ئەگمە) بولسا تۆمۈر ۋە باشقا
مېتاللاردىن ياسالغان. ئەگمىنىڭ سۈپەتلىرى مۇنداق: ئۇنىڭ شەك-
لى يېرىم چەمبەرگە ئوخشايتتى. ئېرىنىڭ تەسۋىرلىشىچە، ئەڭ تې-
شىدىكىسى ئىچى كاۋاك قاچىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا دەستى-
لىگەن ئىككىنچى قاچا بىرىنچىسىدىن كىچىك ... شۇنداق قىلىپ،
سەككىز قاچا ئۆز ئارا دەستىلەنگەن بولۇپ، سەككىزىنچىسىنىڭ
دائىرىسى ھەممىدىن كىچىك ئىدى. بۇ سەككىز قاچا شۇنداق
سىممېتىرىك كەلگەنكى، نۇر تۈۋرۈكى قارىماققا بىر پۈتۈن چەم-
بەردەكلا كۆرۈنەتتى. نۇر تۈۋرۈكى ئىچىدىكى سەككىزىنچى قاچى-
نىڭ مەركىزىدىن ئۆتەتتى. قاچا گىرۋىكىنىڭ كەڭلىكىدىن ئال-
غاندا، ئەڭ تېشىدىكى قاچىنىڭ گىرۋىكىدىكى ئەڭ كەڭ، ئاندىن
قالسا، ئالتىنچىسى، ئاندىن، تۆتىنچىسى، سەككىزىنچىسى، يەت-
تىنچىسى، بەشىنچىسى، ئۈچىنچىسى ئىدى، ئەڭ تار بولغىنى
ئىككىنچىسى ئىدى. ئەڭ سىرتىدىكى قاچىنىڭ گىرۋىكى رەڭدار

ئىدى، يەتتىنچىسى ناھايىتى يورۇق ئىدى، سەككىزىنچىسى بولسا
يەتتىنچىسىنىڭ يورۇقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، رەڭگى ئوخشاش كۆ-
رۈنەتتى. ئىككىنچىسى بىلەن بەشىنچىسىنىڭ رەڭگىمۇ ئۆزئارا
ئوخشاش ئىدى، ئەمما ئاۋۋالقى ئىككىسىدىن سىرىقراق ئىدى.
ئۈچىنچىسىنىڭ رەڭگى ئەڭ ئاق، تۆتىنچىسىنىڭ قىزغۇچ، ئال-
تىنچىسىنىڭ ئاقراق ئىدى. ئايلانغاندا، پۈتۈن سىستېما بىردەك
ھەرىكەت قىلاتتى. ئەمما، ھەرىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا، يەتتىن-
چىسىنىڭ ھەرىكىتى ئاستا بولۇپ، باشقىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە
قارشى يۆنىلىشتە ئىدى. سەككىزىنچىسى ئەڭ تېز پىرقىرايتتى.
يەتتىنچىسى، ئالتىنچىسى ۋە بەشىنچىسى بىرلىكتە پىرقىرايتتى.
ئۇلارنىڭ سۈرئىتى سەككىزىنچىسىدىن ئاستىراق ئىدى. ئەسلىي
ئورنىغا قايتىش ھادىسىسى تۆتىنچىسىدىن كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭ سۈر-
ئىتى بايىقىلاردىن ئاستىراق، ئۈچىنچىسىنىڭ سۈرئىتى تۆتىنچى
ئورۇندا، ئىككىنچىسىنىڭ سۈرئىتى بەشىنچى ئورۇندا تۇراتتى.
پۈتۈن سىستېما مۇقەررەرلىك ئىلكىدە ئايلىناتتى. ھەربىر قاچى-
نىڭ گىرۋىكىدە بىر ئالۋاستى بار بولۇپ، پىرقىراش داۋامىدا
ئاۋاز چىقىراتتى ـ دە، جەمئىي سەككىز خىل ئاۋازدىن گارمونىيە
ھاسىل بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچ ئىلاھە بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن
باراۋەر نىسبەتتە ئارىلىق ساقلاپ، چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئول-
تۇراتتى. ئۇلار مۇقەررەرلىك قىزلىرى، يەنى تەقدىر ئىلاھەلىرى
ئىدى. ئۇلار ئاق كۆڭلەك كىيىپ، چاچلىرىغا لېنتا چىگىۋالغان
ئىدى. ئۇلار تەقدىر ئىلاھى لاخشىس (Lakhesis)، ھاياتلىق يىپىنى
ئېگىرگۈچى كىلوسو (klotho)، يولىدىن قايتماس ئاتروپوس
(Atropos)لاردىن ئىبارەت بولۇپ، دېگىز ئالۋاستىلىرى بىلەن
خور ئېيتاتتى. لاخشىس ئۆتمۈشنى قوشاققا قاتاتتى، كىلوسو ھا-
زىرنى قوشاققا قاتاتتى. ئاتروپوس كەلگۈسىنى كۈيلەيتتى. كىلوسو
ئوڭ قولىدا ئۇرچۇقنى پات ـ پات ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. ئاتروپوس
سول قولى بىلەن ئىچىدىكى قاچىنى ئايلاندۇرۇپ قوياتتى، لاخشىس

ئىككى قولىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ، ئىچىدىكى ۋە تېشىدىكى قاچىلارنى ئايلاندۇرۇپ قوياتتى.① ئېر قاتارلىق ئەرۋاھلار لاخشىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، بۇ چاغدا بىر ئىلاھ چىقىپ، ئۇلارنى سەپكە ئايرىپتۇ. ئۇ لاخشىسىنىڭ تىزىدىن چەك تارتقۇنى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى تارتىپ، ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ جاكارلاپتۇ: «مۇقەررەرلىك قىزى لاخشىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىڭلار، ئەي پانىيەت ئەرۋاھلىرى سىلەرنىڭ يەنە بىر ھايات ـ مامات چاقىڭلار ئايلىنىشقا باشلىدى. سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلارنى ئىلاھلار بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى، ئۆز تەقدىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار تاللايسىلەر. بىرىنچى نومۇرنى كىم تارتسا شۇ ئۆز تۇرمۇشىنى تاللايدۇ. پەزىلەتنى ئۆزۈڭلارنىڭ زوقى بويىچە ئالساڭلار بولىدۇ. سىلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى پەزىلىتىڭلار ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىشىڭلارغا باغلىق. سەۋەنلىككە ھەر كىم ئۆزى مەسئۇل

① ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەپلاتون تەسۋىرلىگەن يۇقىرىقى قۇرۇلمىنى ئېنىقراق تەسەۋۋۇر قىلىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەكىلنى كۆرسىتىمىز:
(1) قاچا دەستىسىنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈنۈشى
(2) ئۇرچۇقنىڭ كۆرۈنۈشى







چەمبەردىكى رەقەملەر: 1. تۇرغۇن يۇلتۇز، 2. سانۇرن، 3. يۇپىتېر، 4. مارس، 5. مېركۇرىي، 6. ۋېنېرا، 7. قۇياش، 8. ئاي.

بولۇپ، ئۇ ئىلاھ بىلەن ئالاقىسىز.» ئىلاھ سۆزىنى تۈگىتىپ چەكلەرنى ئەرۋاھلارنىڭ ئارىسىغا چېچىپتۇ. ئەرۋاھلار چەكلەرنى تېرىپتۇ. ئېرنىڭ چەك ئېلىشىغا يول قويۇلماپتۇ. ئەرۋاھلار ئۆزىگە چىققان نومۇرلارنى كۆرۈپتۇ. ئىلاھ ھەرخىل تۇرمۇش شەكلىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، تۇرمۇش شەكلىنىڭ سانى ئەرۋاھلارنىڭ سانىدىن خېلىلا كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭدا ھايۋانلارنىڭ، ئىنسانلارنىڭ، زوراۋان مۇستەبىتلەرنىڭ تۈرلۈك تۇرمۇش شەكىللىرى بولۇپ، مۇستەبىتلەرنىڭ تەختتە ئولتۇرۇپ، بىر ئۆمۈر شۇنداق ئۆتكەنلىرىمۇ بار ئىكەن، بىر مەزگىلدىن كېيىن تەختتىن چۈشۈپ، قەلەندەر بولۇپ كەتكەنلىرى ياكى سۈرگۈن بولغانلىرى بار ئىكەن، يەنە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ شۆھرەتلىك تۇرمۇشىمۇ بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ساھىبجامال‌لاردىن ئىكەن، بەزىلىرى كۈچتۈڭگۈر، بەزىلىرى باتۇر، بەزىلىرى ئېسىل نەسەبلىك، بەزىلىرى ئەجدادىنىڭ سائادىتىگە ۋارىس ئىدى. يەنە يامان نامى پۇر كەتكەن ئەر ـ ئاياللار تۇرمۇشىمۇ بار ئىدى. روھقا كەلسەك، ئۇنى تاللىغىلى بولمايتتى. چۈنكى، تۇرمۇش شەكلى خاراكتېرىدىن دېرەك بېرەتتى. باشقا ئائىلىلار بولسا تۇرمۇش ھەققىدىكى تاللاشلارغا ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بايلىق ۋە نامراتلىق، ساقلىق ۋە كېسەللىك ئوخشىمىغان دەرىجىدە گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى. قەدىرلىك گىلاۋكون، ئاشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزى تولىمۇ خەۋپلىكتەك تۇيۇلىدۇ، مانا بۇ ياخشى ۋە يامان تۇرمۇش شەكلىنى ئېنىق ئايرىشنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، مۇمكىنقەدەر ئەڭ توغرا تۇرمۇشنى تاللاشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان سەۋەبلەردۇر. بىز ئۆز مۇھاكىمىمىز ئاستىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ توغرا تۇرمۇشقا بولغان تەسىرىنى باھالىشىمىز لازىم. گۈزەللىك، نامراتلىق، بايلىق ياكى گۈزەللىك بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ھەرخىل ئادەتلەر كېلىپ چىقىش جەھەتتىكى سالاھىيەت، ئىجتىمائىي ئورۇن، كەسپىي ئورۇن، جىسمانىي ساپا، پىكىر ساپا، شۇنىڭدەك

باشقا تۇغما ۋە ئىجتىمائىي ھالەتلەرنىڭ يامانلىق ۋە توغرىلىققا
نىسبەتەن كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى مۆلچەرلىشىمىز كېرەك.
بۇلارنى ياخشى ھەل قىلىش ئارقىسىدا، روھنىڭ ماھىيىتىنى ئىن-
گىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، روھنى چاكىنىلاشتۇرىدىغان تۇرمۇش-
نى يامان دەپ قاراپ، روھنى ھەققانىي قىلىدىغان تۇرمۇشنى ياخ-
شى دەپ قاراپ، ياخشى بىلەن يامانى ئايرىيالايدىغان ئەقىلگە ئىگە
بولغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزگىسىنى ئويلاش ئارتۇقچىكى، ياخ-
شى - يامانى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمدە ئوخشاشلا
مۇھىم ئىكەنلىكىنى مۇزاكىرىمىز داۋامىدا چۈشىنىپ يەتتۇق. ئا-
دەم ئۇ دۇنياغا ئېتىقاد بىلەن ئۇزاش كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئۇ
يەردىمۇ بايلىق ۋە ھەشەمەتنىڭ ئازدۇرۇشىدىن نېرى بولالايدۇ،
مۇستەبىتنىڭ زۇلۇمىغا مەھكۇم بولۇشتىن ساقىت بولالايدۇ. رادى-
كال ئېغىشلاردىن ساقلىنىپ مۆتىدىل تۇرمۇشتا ئۆتەلەيدۇ، مانا بۇ
ئىنسان تۇرمۇشىدىكى سائادەتنىڭ كاپالىتى.

ئېرنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئىلاھ تۇرمۇش شەكلىنى تاللىتىشتىن
بۇرۇن، كۆپچىلىككە مۇنداق دەپتۇ: «ئاخىرقى تاللىغۇچى بولۇشنىڭ
كارايىتى چاغلىق، ئەگەر تاللاش ئاقىلانە بولسا، تۇرمۇش تىرىش-
چانلىق بىلەن بولسا، ئادەم يەنىلا ئۆزى رازى بولىدىغان تۇرمۇشقا
ئېرىشەلەيدۇ. تۇنجى تاللىغۇچى ئېھتىياتچان بولسۇن، ئاخىرقى
تاللىغۇچى مەيۇسلەنمىسۇن.» ئىلاھ سۆزىنى تۈگىتىپ، بىرىنچى
نومۇرلۇق ئەرۋاھنى تاللاشقا چاقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەڭ
چوڭ مۇستەبىتنىڭ تۇرمۇشىنى تاللاپتۇ. ئۆزىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى
ۋە كالتە پەملىكى تۈپەيلى، ئەتراپلىق ئويلىمايلا ئاشۇ تاللاشنى
قىپتۇ. بۇ خىل تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ بالىسىنىمۇ يەۋېتىشتەك رە-
ھىمسىز قىسمەتنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئوبدان
ئويلانغاندىن كېيىن، ئۆكۈنۈپتۇ ۋە مەيدىسىنى مۇشتلاپ، يىغلاپ
كېتىپتۇ. ئۇ ئىلاھنىڭ بەختسىزلىك ئۆزۈڭدىن دەپ ئاگاھلاندۇ-
رۇشلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، تەقدىر ۋە ئىلاھتىن رەنجىپ، ئەيىبنى

ئۆزىدىن ئىزدەشنى ئويلاپ قويماپتۇ. ئۇ ئەرشنى ئايلىنىپ كەلگەن ئەرۋاھ بولۇپ، بۇرۇن نىزام بويىچە ياشىغان ئىكەن، ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئادىتى پەلسەپىنى تەھسىل قىلىشتىن كەلگەن بولماستىن پەقەت ئۆرپ ـ ئادەت يۈزىسىدىنلا شەكىللەنگەن ئىكەن. ئەمما، بۇنداق ئاداشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرشنى ئايلىنىپ كەلگەنلەر بولۇپ، مۇشەققەت قوينىدا تاۋلانمىغانلار ئىدى. يەر ئاستىدىن كەلگەن ئەرۋاھلار ھەرخىل كۈلپەتلەرنى يەتكۈچە تارتقان بولغاچقا، تاللاشقا كەلگەندە يەڭگىلتەكلىك قىلمايتتى. چەك تارتىشتىكى تاسادىپىيلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نۇرغۇن ئەرۋاھلارنىڭ ياخشى ـ يامان ھەققىدىكى تاللىشى ئالمىشىپ قالغاندەك ئەھۋال يۈز بەردى. ئىشەنچىمىز باركى، كىشىلىك دۇنيادا ئەقىل ـ پاراسەتنى دوست تۇتقانلار ھەممىدىن كېيىن تاللاشقا قالغاندىمۇ (ئەگەر شۇ ھېكايە ئىشەنچلىكلا بولسا) خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، يېڭى بىر تەقدىرگە يۈزلەنگەندىمۇ تۇيۇق يولغا ئەمەس، بەلكى، داغدام جەننەت يولىغا مۇيەسسەر بولايدۇ.

ئېرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، روھلارنىڭ تۇرمۇش تاللىشى غەلىتە، بىچارە ھەم كۈلكىلىك بولۇپ، تاماشا قىلىشقا ئەرزىيدىكەن. ئۇلارنىڭ تاللاشلىرى بۇرۇنقى ئۆمرىدىكى ئادەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىكەن. مەسىلەن، ئورپىيۇس (Orpheus) نىڭ روھى ئاق قۇنىڭ ھاياتىنى تاللىۋاپتۇ. ئۇ شاراب ئىلاھىغا چوقۇنغۇچى ئاياللارنىڭ قولىدا ئۆلگەن بولغاچقا، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىپ ئاياللاردىن تۇغۇلۇشنى خالىماپتۇ. بىتەلەي ناخشىچى ساموروس (Thamuras) بۇلبۇلنىڭ تۇرمۇشىنى تاللىۋاپتۇ. ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى تاللىغان ئاق قۇ ۋە بۇلبۇل قاتارلىق كۈيچى قۇشلارمۇ بار ئىكەن. يىگىرمىنچى نومۇرلۇق روھ شىرنىڭ تۇرمۇشىنى تاللىۋاپتۇ، بۇ روھ تېلامون (Telamon) نىڭ ئوغلى ئاياس (Aias) نىڭ روھى ئىمىش. ئۇ ئاكىللىسنىڭ قورالىنىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سوتنى ئۇنتۇيالمىغاچقا، ئادەم بولۇپ تۆرىلىشنى خالى-

ماپتۇ. ئاگامېمنونمۇ ئۆزى تارتقان كۆلپەتلەر تۈپەيلى ئىنسانلاردىن سەسكىنىپ، بۈركۈت بولۇشنى تاللىۋاپتۇ. تاللاش نۆۋىتى ئاتالانتا (Atalanta) غا كەلگەندە ئۇ شەرەپ قۇچار تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى تاللىۋاپتۇ. ئەمدىكى نۆۋەت پانوپېئۇس (Panopeus) نىڭ ئوغلى ئېپېيوس (Epeios) قا كەپتۇ ـ دە، ئۇ ئاجايىپ ماھارەت ئىگىسى بولغان بىر ئايالنىڭ تۇرمۇشىنى تاللاپتۇ. يىراق بىر جايدا ھەزىلكەش سېرىشتەس (Thersites) ئۆزىگە مايمۇننىڭ جىسمىنى سەپلەۋاتقۇدەك. ئەڭ ئاخىرقى تاللاش نۆۋىتى ئودىسسا (Odysseus) غا كەپتۇ. ئۇ ئالدىنقى ئۆمرىدىكى ئازابلىرىنى ئۇنتۇماي، غايىلىرىدىن ۋاز كەچكەن ئىدى، ئۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ئاددىي كىشىنىڭ تۇرمۇشىنى ياقتۇرۇپ، ناھايىتى تەسلىكتە بىر ئۆلگىنى تېپىپتۇ. ئۇ بىر بۇلۇڭدا ھېچكىمنىڭ نەزىرىگە چۈشمىگەن ھايات ئىكەن. ئودىسسا تاللاپ بولۇپ، تۇنجى تاللاش پۇرسىتى ماڭا كەلگەن تەقدىردىمۇ ھازىرقى تاللىشىم بويىچە ئىش كۆرەتتىم، دەپتۇ، شۇنىڭدەك ھايۋانلار ئادەم بولماقچى بوپتۇ، بىر تۈرلۈك ھايۋان يەنە بىر تۈردىكى ھايۋاننىڭ تۇرمۇش شەكلىنى تاللاپتۇ. ئادالەتسىزلەر ياۋايى ھايۋان بولۇشنى تاللاپتۇ، ئادالەتلىكلەر مۇلايىم ھايۋان بولۇشنى تاللاپتۇ. يەنە گادىرماش تاللاشلارمۇ بوپتۇ.

روھلار تاللاشنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن لاخېسىسنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. لاخېسىس ھەربىر روھقا بىردىن نازارەتچى ئىلاھ ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمرىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. نازارەتچى ئىلاھلار ئىلاھلارنى كىلوسونىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇرچۇقنىڭ ئايلىنىشىدا تاللانغان تەقدىرنى تەستىقلىتىپتۇ. روھلار ئاتروپوسسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپ، تەقدىرنى يانغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، روھلار كەيىنگە قارىماي، مۇقەررەرلىك تەختىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ، ئۆتۈپ بولغان روھلار باشقىسىنى ساقلايدىكەن. ھەممىسى ئۆتۈپ بولغاندىن

كېيىن، بىرلىكتە يولغا چىقىدىكەن. ئۇلار لەسى (Lethe) نىڭ دالاسىغا بېرىپتۇ. ئۇ يەر ناھايىتى دىمىق يەر بولۇپ، تاپتاقىر يەر ئىكەن. كەچتە ئامېلىس (Ameles) دېگەن ئۇنتۇش دەرياسىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلاردا سۇ ئالغۇدەك نەرسىمۇ يوق ئىكەن، بەلگىلىمە بويىچە مەلۇم مىقداردا سۇ ئىچىش كېرەك ئىكەن. بەزى ھاماقەتلەر ئارتۇق ئىچىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا، گۈلدۈرماما ياڭراپ، يەر ـ جاھان لەرزىگە كېلىپ، روھلار يۇلتۇزلاردەك ھەر تەرەپكە تاراپتۇ ۋە يېڭى ھاياتىنى باشلاپتۇ. ئېر سۇ ئىچىشتىن ساقلىنىپتۇ. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ تېنىگە قانداق قايتىپ كەلگىنىنى بىلمەيدىكەن. قارىسا، تاڭ يورۇغىدەك، ئۆزى بىر دۆۋە ئوتۇننىڭ ئۈستىدە يېتىپتۇ.

گىلاۋكون: مەزكۇر ھېكايە ئەنە شۇنداق داۋام قىلغانىكەن، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىشەنسەڭ، ئۇ بىزنى قۇتقۇزىدۇ. نەتىجىدە بىز بۇ ھاياتتا ئۆزىمىزنى بۇلغىماي، ئۇنتۇش دەرياسىدىن بىخەتەر ئۆتەلەيمىز، كۆپچىلىك ئىشەنگەيكى، روھ ئۆلمەيدۇ، ئۇ ياخشى ۋە يامانغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. بىز داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، پاراسەت ۋە ھەققانىيەت ئىزدەيلى. شۇنىڭدىلا ئۆزىمىز ھەم ئىلاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشەلەيمىز، بۇ دۇنيادىكى ۋە ئۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق. بۇ ھاياتىمىز ۋە كېيىنكى مىڭ يىللىق ھايات سەپىرىمىزدە ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

بۇ كىتاب سودا نەشرىياتى 1986 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىلى 3 - ئاي بېيجىڭ 12 - قېتىملىق باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据商务印书馆 1986 年 8 月第 1 版，2011 年 3 月北京第 12 次印刷本翻译出版。

出 版 人：唐　辉
　　　　　阿迪力·穆罕默德
策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：阿迪力·穆罕默德
特约编辑：牙力坤·肉孜
责任校对：克尤木·吐尔逊
封面设计：努尔买买提·艾买尔
制　　版：阿依努沙·吾布力

ئوزتۇغ كىتابخانىسى
OZTUGH
乌孜图格书店 0991-2500

外国名家名著丛书

**理想国**（维吾尔文）

柏拉图　著

阿不都卡德尔·加拉里丁　译

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32 开本　16.125 印张
2013 年 8 月第 1 版　2015 年 7 月第 2 次印刷

ISBN978 - 7 - 5466 - 1203 - 4（民文）　定价：56.00 元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
خەتتات: مۇھەممەتئابدۇللا نۇرمۇھەممەت



## ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمە ئەسەرلىرى

غايىۋى دۆلەت
پاراسەتلىك ھايات
ئۆلۈم رەزىل ئەمەس
غەربنىڭ تەپەككۇرى
ھۆكۈمدارلار دەستۇرى
زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ
ئەپلاتون پاراگلىرى — سوقراتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

ISBN 978-7-5466-1203-4
9 787546 612034 >
定价：56.00元